# يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار
# ھەققىدە تەتقىقات



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات

مىللەتلەر نەشرىياتى



ISBN 978-7-105-11623-2
9 787105 116232 >
定价：40.00元

شاڭ يەنبىن

# يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت نۇردۇن
ئەبەي ئىمىن
مۇھەممەدجان ھوشۇر

تەرجىمىسىنى بېكىتكۈچى: ئابلەت نۇردۇن

مىللەتلەر نەشرىياتى

2 . ئوردا ئەمەلدارلىرى ...... 103
3 . يەرلىك مەمۇريي ئەمەلدارلار ...... 114
3§ . يوەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى ...... 117
1 . ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى موڭغۇل «جاساق قانۇنى» ...... 118
2 . ئۇيغۇرلار يۇرتىدا ئەزەلدىن بار بولغان مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ بەلگىلىمىلەر ...... 124
**ئۈچىنچى باب يوەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈم، يانچىلىق تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇش** ...... 140
1§ . يوەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى فېئوداللىق يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش شەكلى ...... 140
1 . ھۆكۈمەت يەرلىرى ...... 140
2 . پۇقرالار يەرلىرى ...... 144
3 . ئىبادەتخانا يەرلىرى ...... 145
2§ . يوەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەر توختامى ھەققىدە تەتقىقات ...... 148
1 . يەر سېتىش سەۋەبلىرى ...... 150
2 . يەر توختامىنىڭ يېزىلىش شەكلى ۋە يەر ئېلىپ ـ سېتىش جەريانى ...... 152
3 . يەر ئېلىپ ـ سېتىشتىكى تۆلەش ۋاستىلىرى ۋە يەر باھاسى ...... 159
4 . يەر توختامىنىڭ تۈزۈلىشى ۋە يەر ئېلىپ ـ سېتىشنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى ...... 160
5 . يەر توختاملىرىدىكى «ئىنجۇ» مەسىلىسى ...... 163
3§ . يوەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىجارىكەشلىك ...... 172
4§ . يوەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى



باج ـ سېلىق تۈزۈمى ...... 185
1 . qalan بېجى ۋە yasaq بېجى ...... 185
2 . بور بېجى ...... 194
3 . ئۆتەك سېلىقى ۋە ھاشار سېلىقى ...... 197
5§ . يوەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى نېسىگە مال ئېلىش، قەرز ئېلىش ۋە جازانىخورلۇق تۈزۈمى...... 202
1 . نېسىگە مال ئېلىش، قەرز ئېلىش توختامىنىڭ تۈرلىرى ...... 203
2 . ئۇيغۇرلار رايونىدىكى شەخسلەرنىڭ جازانىخورلۇق پائالىيىتى ...... 206
3 . ئۇيغۇرلار رايونىدا جازانىخورلۇق ئەۋج ئېلىشنىڭ سەۋەبلىرى ...... 216
4 . جازانىخورلۇقنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ...... 223
6§ . يوەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يانچىلىق تۈزۈمى ...... 225
1 . يانچى ئاتالمىسى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى ...... 225
2 . يانچىلىقنىڭ مەنبەسى ...... 231
7§ . يوەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇش ...... 244
بىرىنچى دېھقانچىلىق ...... 244
ئىككىنچى چارۋىچىلىق ...... 259
ئۈچىنچى سودا ـ سانائەت ...... 261
تۆتىنچى، پۇل ...... 268
**تۆتىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈشى ۋە خەنزۇلىشىشى** ...... 283
1§ . ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈشى ۋە ئۇلارنىڭ تارقىلىشى ...... 283
بىرىنچى، ئىچكىرىگە كۆچۈشنىڭ سەۋەبى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى

........................................ 284
ئىككىنچى ، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارقىلىش
ئەھۋالى ........................................ 287
§2 . ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ
خەنزۇلىشىشى ........................................ 296
بىرىنچى ، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلاردىكى
خەنزۇشۇناسلىق ........................................ 298
ئىككىنچى ، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلاردىكى
كۇڭزىچىلىق ........................................ 302
ئۈچىنچى ، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ
خەنزۇلىششىنىڭ ئىپادىلىرى ........................................ 307
تۆتىنچى ، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات ـ
سەنئەت پائالىيەتلىرى ........................................ 318
**بەشىنچى باب يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قارا دىۋان
ۋازارىتى ۋە ھەرقايسى ۋاقىتلىق ۋازارەتلەردىكى ئۇيغۇر
ئەمەلدارلار ........................................ 330**
§1 . موڭغۇل دۆلىتى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر
ئەمەلدارلار ........................................ 330
§2 . يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى قارا دىۋان
ۋازارىتىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ........................................ 335
§3 . يۈەن سۇلالىسى ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىدىكى
ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ........................................ 349
**ئالتىنچى باب يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرىگە كۆچكەن
ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ھەققىدە تەتقىقات ........................................ 365**
§1 . ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ھەققىدە
مۇھاكىمە ........................................ 365
§2 . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر
ئەمەلدارلار ھەققىدە مۇھاكىمە ........................................ 399
§3 . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ





سىياسىي ساپاسى ۋە سىياسىي ئەمەلىيىتى ........................................ 414
§4 . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر
ئەمەلدارلارنىڭ يەرلىكنى ئىدارە قىلىشى ھەققىدە
بايان ........................................ 433
**يەتتىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىر جەمەتى ھەققىدە
تەتقىقات ........................................ 456**
§1 . يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ
باشلىرىدىكى قوچولۇق شېئىر جەمەتى ........................................ 456
§2 . شېئىر چاڭشۇنىڭ كورىيىگە بېرىپ ماكانلىششى ۋە ئۇنىڭ
مىڭ سۇلالىسىگە يەتتە قېتىم ئەلچىلىككە كېلىشى ........................................ 459
§3 . شېئىر سى ۋە ئۇنىڭ كورىيىگە ئىككى قېتىم ئەلچىلىككە
بېرىشى ........................................ 470
قوشۇمچە (1)
يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ئۇزۇمى ۋە ئۇزۇم
ھارىقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ھەمدە ئۇنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە
تارقىلىشى توغرىسىدا بايان ........................................ 480
قوشۇمچە (2)
«جىشۇن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنجياڭ تەزكىرىسى» دىن يۈەن
سۇلالىسى دەۋرىدىكى جېنجياڭ يولىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارغا
نەزەر ........................................ 509
قوشۇمچە (3)
چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى
توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ........................................ 524
قوشۇمچە (4)
يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىقۇت دېگەن ئەمەل
نامىغا ئېنىقلىما ........................................ 559

# كىرىش سۆز

## چېن دېجى

يېقىنقى 20 يىل ئىلىمىزنىڭ غەربىي شىمال مىللەتلىرى تارىخى تەتقىقاتىدا زور يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلگەن مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە تەتقىقاتچىلار قوشۇنى زورايدى، ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ سانى كۆپەيدى، تېخىمۇ قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. يۇقىرىدىكى تەرەققىياتلار بۇ پەننىڭ خەلقئارادا ئۇزاقتىن بۇيان ئارقىدا قېلىش ھالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنىلا ئېلىپ ئېيتساق، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا غەربىي شىمال تارىخىنى تەتقىق قىلغان ئالىملار خەنزۇچە ماتېرىياللار بىلەنلا چەكلىنىپ قالغاچقا، كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتالمىدى، غەربلىك شەرقشۇناسلار خەنزۇچە يازما ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىپلا قالماي، باشقا شەرق تىللىرىدىكى ماتېرىياللار (بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى يىغىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بەردى، ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى مەملىكىتىمىزدىكىلەرنىڭكىدىن مول بولدى. ئالدىنقى ئەسىر (19 ـ ئەسىر) نىڭ ئاخىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ (20 ـ ئەسىرنىڭ) باشلىرىدا كۆپلىگەن تۇركچە مەڭگۈ تاشلار ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشى قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا ئېلىپ كىردى، گېرمانىيە، رۇسىيە، فرانسىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىكى

ئالىملار بۇ مەڭگۈ تاشلار ۋە ۋەسىقىلەرنى بەس - بەستە يەشتى ۋە تەرجىمە قىلدى ھەمدە مۇشۇ بىباھا، يېڭى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تارىخى ۋە دىن - مەدەنىيەت تارىخى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. شۇڭلاشقا، مۇشۇ يېڭى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش - بارالماسلىق ئىلىم سەۋىيىسىنى سىناشنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى بولۇپ قالدى. بۇ دەۋر بۆلگۈچ تەرەققىيات مەزگىلىدە، ئېلىمىز ئىلىم ساھەسى يەنە بىر قەدەم ئارقىدا قالدى. 50 - يىللارغا كەلگەندىلا فېڭ جياشېڭ ئەپەندى تۇنجى بولۇپ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلدى. فېڭ جياشېڭ ئەپەندىنىڭ يول ئېچىش تۆھپىسى ھەقىقەتەن زور، ئەپسۇسكى ئەينى چاغدا ئۇ يالغۇز تەتقىقات ئېلىپ بارغاچقا، بىر كىشىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىشلەنگەن خىزمەت ھامان چەكلىك بولدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ خىل تەتقىقات ئون نەچچە يىل ئۈزۈلۈپ قېلىپ، چەت ئەللەر بىلەن بولغان پەرق تېخىمۇ چوڭىيىپ كەتتى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇ خىل ۋەزىيەتتە تېز سۈرئەتتە بۇرۇلۇش بولدى، بولۇپمۇ بىلىمى مول بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ياش ئالىملار ئىلىم - پەننىڭ يېڭى باھارىنى كۈتۈۋېلىپ، چەكسىز قىزغىنلىق ۋە غەيرەت - شىجائەت بىلەن ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىگە كىرىشتى، تېخىمۇ كۆپ ياش ئالىملار ناھايىتى تېزلا ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، خېلى كۈچلۈك بىر تەتقىقاتچىلار قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىغا ئائىت ئىلمىي ئەسەرلەر يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىندى، بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەڭگۈ تاشلار، يەككە ۋەسىقىلەرنى يەشكەن ئەسەرلەر،



ياكى ئۇلارنى توپلاپ ئىزاھ ئىشلىگەن ئەسەرلەر قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىق قىلىنغان مەخسۇس تېمىدىكى ماقالىلەر ياكى ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ئەسەرلەر بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەر چەت ئەللىك نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدىن قېلىشمايدۇ، بۇ ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ دۇنيانىڭ ئىلغار تەتقىقات سەۋىيىسىگە يېتىشىش ئىقتىدارى ۋە تىرىشچانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. يولداش شاڭ يەنبىننىڭ مەزكۇر ئەسىرى دەل مۇشۇ نىشانغا يېتىشكە تىرىشقان بىر ياخشى ئەسەردۇر.

يولداش شاڭ يەنبىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا كۆپ يىل ئوقۇغان، خىزمەت قىلغان، غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى توغرىسىدا بەزى مەخسۇس تېمىدىكى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇ ئۆزى تاماملىغان تەتقىقات تېمىسى «غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى كىيىم - كېچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ھەققىدە نۇقتىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان. شۇ جەرياندا قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ۋەسىقىلەر بىلەن نىسبەتەن پىششىق تونۇشقان. ئۇ نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۆزىنىڭ سەۋىيىسى ۋە تەتقىقات شارائىتىغا تايىنىپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيە تېمىسى قىلىپ تاللىغان. ئۇيغۇرلار (畏兀儿) قەدىمكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن شەكىللەنگەن ھەرقايسى تارماق كۈچلەر ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ مۇقىم «قوچو ئۇيغۇرلىرى» نىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەرجىمە نامى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي رايونلىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قىلىشقا باب كېلىدىغان، يىپەك يولىنىڭ ئىككى غول لىنىيىسى (بوستانلىق

يولى ۋە يايلاق يولى ) نىڭ تۈگۈنى بولۇپ ، قەدىمدىن بۇيان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىدىغان تايانچ بازىسى ، شۇنداقلا ، باشقا قۇدرەتلىك كۈچلەر ئۆزئارا تالىشىدىغان رايون ئىدى . بۇ خىل جۇغراپىيىۋى شارائىت ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بۇ رايوندا ماكانلاشقان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيەت قىياپىتى ھەمدە مىللىي خاراكتېرىدە غايەت زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان . موڭغۇللار يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن چاغلاردا ، ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىقى ۋە سودىسى گۈللەنگەن ، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان مىللەت بولۇپ قالغانىدى . موڭغۇللار ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن «ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت تىلى (موڭغۇل تىلى ) نى خاتىرىلەش» نى يولغا قويىدى ، ئۇيغۇرلارنىڭ سەرخىللىرى تەبىئىيلا ساۋاتسىزلىق ۋە مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان ھالەتتىن ئەمدىلا قۇتۇلغان كۆچمەن چارۋىچى موڭغۇللارنىڭ ئەڭ ياخشى «باخشى» لىرى بولۇپ قالدى ، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئىدىقۇتى قوۋمىلىرىنى باشلاپ موڭغۇللارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىتائەت قىلىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ سەرخىللىرىنى يات مىللەتنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشتۇردى . شۇنىڭدەك ئۇلار موڭغۇللارنىڭ باشقا بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىشەنچلىك ھەم قابىل ياردەمچىلىرىدىن بولۇپ قالدى . يەنە بىر جەھەتتىن ، بۈيۈك موڭغۇل دۆلىتىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ پۈتكۈل جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇرلارنى ئۆز تالانتىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇش مۇھىتى بىلەن تەمىن ئەتتى . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنى تارىختا ئۇيغۇرلار ئەڭ زور رول ئوينىغان ، ئەڭ شانلىق دەۋر دېيىشكە بولىدۇ . شۇ سەۋەبتىن ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقات ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر تەتقىقات تېمىسى ھېسابلىنىدۇ .



مەزكۇر تەتقىقات مۇنداق ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : بىرى ، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ، يەنە بىرى سىرتقا كۆچكەن ، ئاساسلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ، جياڭنەنگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان ئۇيغۇرلار ۋە ئىدىقۇتقا ئەگىشىپ گەنسۇغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار . يولداش شاڭ يەنبىن دەسلەپتە ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلماقچى بولغانىدى . بىراق ، ئىلگىرى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي رايونىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماتېرىياللارنى كۆپرەك ئىگىلىگەنلىكتىن ھەم ئالدىنقىلار نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ، تولۇقلاشقا تېگىشلىك جايلار كۆپ بولغاچقا ، ھەر ئىككى جەھەتتىن تەتقىق قىلىشقا بەل باغلىدى . ئۇ ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىش ئاساسىدا تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىشتا قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تولۇق پايدىلىنىپ ، بۇ سىياسىي - ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە ، بولۇپمۇ ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار تەتقىق قىلىنغان ئەسەرلەر توپلاملىرى ، يەرلىك تەزكىرە ماتېرىياللىرىنى كۆپلەپ يىغىپ ، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارقىلىشى ، ئەمەل تۇتۇش ئەھۋالى ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدى . مەن ئۇنىڭ تەتقىقات پىلانىغا قوشۇلدۇم . تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي رايونىدىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتقا كەلسەك ، تىخونوفنىڭ «10 — 14 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى» (1966 — يىل ) ۋە گابائىننىڭ «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» (1973 - يىل ) دىن ئىبارەت ئىككى تەتقىقات ئەسىرى نەشر قىلىنغىلى 20 نەچچە يىل بولدى ، بۇ

ئارىلىقتا يەنە بەزى يېڭى ماتېرىياللار تېپىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىلىم ساھەسىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. مۇشۇ ئاساستا دەلىللەش ئارقىلىق يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق دەپ بېكىتىلگەن ۋەسىقىلەر ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك، ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزۈلسە، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرىسىدا تېخىمۇ توغرا تونۇشقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقاتقا كەلسەك، چېن يۈەن ئەپەندىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىدا نەشر قىلىنغان مەشھۇر ئەسىرى «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىششى ھەققىدە مۇھاكىمە» دە بارلىق رەڭدار كۆزلۈكلەر ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. لېكىن «خەنزۇلاشقان» زاتلار بىلەنلا چەكلەنگەن، يەنى 10 نەچچە نەپەر ئۇيغۇر توغرىسىدىلا توختالغان. ياڭ جىجيۇ ئەپەندىنىڭ يېڭى ئېلان قىلغان «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىششى ۋە كۆڭزىچىلىق» ناملىق ئەسىرىنى چېن يۈەننىڭ ئەسىرىگە سېلىشتۇرغاندا نۇرغۇنلىغان يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن چېن يۈەن ئەپەندىنىڭ ئەسىرى بىلەن ئوخشاش تېمىدىكى ئەسەر بولغاچقا، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى يېتەرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن. ماتېرىيال نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئالدىنقىلار ئەسەرلەر توپلىمىرىنى يىغىشقا كۆپرەك ئېتىبار بېرىپ، يەرلىك تەزكىرىلەردىن پايدىلىنىشقا كۈچ سەرپ قىلمىغانلىقتىن تەتقىقات چولتا بولۇپ قالغان. تارىخىي پاكىتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالدىنقىلار خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى بەكرەك تەكىتلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۆھپىسىگە ئېتىبار بەرمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى ئەسەرلەردە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى رەڭدار كۆزلۈك ئەمەلدارلارغا ناتوغرا باھا بېرىلىپ، كىشىگە رەڭدار كۆزلۈكلەر (ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز



ئىچىگە ئالىدۇ) ناچار ئەمەلدارلار دېگەن تەسىرنى بېرىپ قويغان، بۇ ئادىللىق ئەمەس. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەزكۇر تەتقىقات تېمىسىنىڭ ئىككىلا قىسمى توغرىسىدا ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئەرزىيدۇ، بەلكى ئالدىنقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

ھالبۇكى، بۇ خىل تەتقىقات خىزمىتىگە كۆپ ۋاقىت كېتەتتى، دېسسېرتاتسىيىنىڭ مۇقىم پۈتتۈرۈش چېكى بېكىتىلگەن بولۇپ، ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يولداش شاڭ يەنبىن بۇ قىيىنچىلىقنى بىلەتتى، ئەمما تەتقىقاتقا كىرىشىپلا قەتئىي بوشاشماي داۋاملاشتۇردى. ئۇ تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە كۇتۇپخانىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر بۆلۈمىدە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ باش چۆكۈرۈپ تەتقىقات ئېلىپ باردى، نەنجىڭنىڭ ھاۋاسى ياز كۈنلىرى ناھايىتى ئىسسىق، پاشا كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ پۇت- قوللىرىنى چېقىپ ئىششىتىۋېتەتتى، لېكىن ئۇ پەۋقۇلئاددە شىجائەت بىلەن ۋاقىتتىن ۋاقىت چىقىرىپ، ئاخىر دېسسېرتاتسىيىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تاپشۇردى. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلار رايونىنى تەتقىق قىلىشتا، ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ بارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرىنى دېگۈدەك ئوقۇپ چىقتى، 113 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىدىن پايدىلىنىپ، ئەمەل تۈزۈمى، قانۇن، يەر، باج- سېلىق تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قاتارلىق كۆپ تەرەپتىن تەپسىلىي تەھلىل يۈرگۈزدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يەر توختامى، قەرز توختامى، سىنىپىي مۇناسىۋەت قاتارلىق مەسىلىلەردىكى تەتقىقاتىدا ناھايىتى يېڭىچە كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىشتا، ماتېرىياللارنى تولۇق يىغىش، رەتلەش ئاساسلىق خىزمەت ھېسابلىناتتى، يىغقان ماتېرىياللار ئىچىدە ئالدىنقىلاردىن قالغان بەزى ماتېرىياللارمۇ بار ئىدى،

ئەمما ئۇ ئاساسلىقى يەرلىك تەزكىرىلەردىن ئالدىنقىلار پايدىلانمىغان ماتېرىياللارنى تاپتى ، ئالايلۇق 6 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەنسەپتىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ئىچىدىكى ئىش - ئىزلىرى دەلىللەنگەنلىرىدىن جەمئىي 100 گە يېقىن ئەمەلدارنىڭ ماتېرىيالىنى يىغدى . بۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى ئۇيغۇر ( 回鹘 ) لىقىلا خاتىرىلەنگەن ، مۇسۇلمان ياكى ئۇيغۇر ( 畏兀 ) لىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەنلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىنى بىردەك ئالمىدى ، بۇ ئۇنىڭ ئەستايىدىل ئىلىم تەھسىل قىلىش پوزىتسىيىسىنى چۈشەندۈرىدۇ . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن ئەمەل تۇتقانلار كۆپ بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا توختالغاندا ، ئۇ ئىشەنچكە نائىل بولۇش ۋە تۆھپىكار جەمەتتىن بولۇشتىن باشقا ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ نىسبەتەن يۇقىرىلىقى يەنى ھەم موڭغۇل تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە پۇختا ، ھەم خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولغانلىقى ، موڭغۇللار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى رولىنى ئوينىغانلىقىنى كۆرسەتتى . بۇ تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن توغرا تەھلىلدۇر . يىغىپ ئېيتقاندا ، مۇئەللىپ بۇ تەتقىقاتنى ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن تاماملاپ ، بىر لاياقەتلىك دىسسېرتاتسىيە تاپشۇردى .

نۆۋەتتە ، يولداش شاڭ يەنبىننىڭ بۇ دىسسېرتاتسىيىسى تەكشۈرۈپ تۈزىتىلدى ، پات ئارىدا نەشر قىلىنىدۇ . بىز ئېلىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە غەربىي شىمال مىللەتلىرى تارىخى تەتقىقاتى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بىر يېڭى نەتىجە قوشۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە ، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك . ئېلىمىز ئالىملىرى ئىچىدە شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان تۈرلۈك قەدىمكى تىل -



يېزىقلاردا يېزىلغان ماتېرىياللارنى بىۋاسىتە تەتقىق قىلالايدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇل يېزىقى قاتارلىق نۇرغۇن يېزىقلارغا تەسىر كۆرسەتكەچكە ، بىلىدىغانلار بىر قەدەر كۆپ ، ئەمما قەدىمكى تىللار بىلەن ھازىرقى تىللارنىڭ پەرقى بار ، تەتقىقاتىمىزنى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى دېگىلى بولمايدۇ ، ئالايلۇق مەزكۇر كىتابتا پايدىلىنىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپ قىسمىدىن پايدىلىنىشتا يەنىلا چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەرجىمە يەشمىلىرىدىن پايدىلىنىلدى . يولداش شاڭ يەنبىننىڭ سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ، تىل - يېزىق جەھەتتە يەنىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، بۇ ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى يازما ماتېرىياللىرىنى بىۋاسىتە تەتقىق قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن . بۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پېشىۋا ئالىملار ئوتتۇرىغا قويغان تىرىشىش نىشانى ، ھازىر تېخىمۇ كۆپ تەتقىقاتچىلار بۇ نىشانغا يېتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى .

**1998 - يىل 12 - ئاي نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى**

# بىرىنچى باب تارىخي ماتېرىياللار ، ۋەسىقىلەر ۋە تەتقىقات ئەھۋالى

## §1 . تارىخي ماتېرىياللار

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخي ماتېرىياللىرى ۋە خەنزۇچە خاتىرىلەر بىر قەدەر كەمچىل بولغاچقا ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەتلەر مۇھىم تارىخي ماتېرىيال مەنبەسى بولالايدۇ . نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرى تەتقىق قىلىنغان خەنزۇچە ماتېرىياللار بىر قەدەر تولۇق ، تۆۋەندە ئۇلارنى ئايرىم- ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز .

### بىرىنچى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارىخي ماتېرىياللار ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق قوۋملار ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشتىن بۇرۇن ئەڭ كەڭ ئىشلەتكەن ، ۋەسىقىلەر بىر قەدەر كۆپ خاتىرىلەنگەن يېزىق بولۇپ ، 13 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە ئالتۇن ئوردا خانلىقى ، تېمۇرىلەر ئىمپېرىيىسى ۋە چاغاتاي خانلىقلىرىدا ھۆكۈمەت يېزىقى سۈپىتىدە قوللىنىلغان . ئۇيغۇرلار بۇ خىل يېزىقنى سوغدى

يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىغان بولۇپ ، كېيىنچە موڭغۇللار ۋە مانجۇلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ، تەدرىجىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق هازىرقى زاماندىكى موڭغۇل ۋە مانجۇ يېزىقلىرىغا ئۆزگەرگەن .

يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارىخىي ماتېرىياللارنى غەيرى دىنىي (ئىجتىمائىي ) هۆججەتلەر ۋە مەڭگۇتاش ۋەسىقىلىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ . مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار بۇ ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى كەڭ تۈردە تەتقىق قىلدى ۋە كۆپلىگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى .

### 1) ئالدىنقىلارنىڭ يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارىخىي ماتېرىياللار توغرىسىدىكى تەتقىقاتى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ، چەت ئەللەرنىڭ ئارخېئولوگىيە ۋە ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ۋە گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلىرىغا كېلىپ قېزىش ئېلىپ باردى . بۇلارنىڭ ئىچىدە ، مەشهۇر ئالىملاردىن گرۈنۋېدېل (Grünwedel) ، لېكوك (LeCoq) ، كېلېمېنتىز (kπemeнμ ) روبوروۋسكىي (PoбopoBcki й) ، ئولدېنبۇرگ (OπЪдeHбуPrα ) قاتارلىقلار بار . ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم هالدا تۇرپاننىڭ ئىدىقۇت قەدىمىي شەهىرى ۋە كۇچا ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن يۇەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دەهرىي هۆججەتلەرنى توپلاپ چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭدىن سىرت ، چاررۇسىيەنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى كروتوۋمۇ شىنجاڭدىن بىر قىسىم هۆججەتلەرنى ئېلىپ كەتتى . بۇ هۆججەتلەر ئادەم ئېلىپ سېتىش توختامى ، ئىجارە توختامى



ۋە يەر ئال ـــ سات توختامى ، باج ـ سېلىق ، هاشار هەمدە ئىقتىسادقا ئائىت تۈرلۈك خاتىرە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . بۇلار يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ، دىنىي ، مەدەنىيەت ئەهۋالىنى تەتقىق قىلىشتا ناهايىتى مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە . شۇڭلاشقا ، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئىزچىل هالدا مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئالىملارنىڭ رەتلەپ شەرھ بېرىشى هەمدە تەتقىق قىلىشىدىكى مۇهىم نۇقتا بولۇپ قالدى . ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نەتىجىلىرى تۆۋەندىكى ئىككى جەهەتتە ئىپادىلىنىدۇ : بىرى ، هەرقايسى دۆلەتلەردە ئېقىپ يۈرگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى يىغىش ، بولۇپمۇ تېخى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنمىغان غەيرى دىنىي (ئىجتىمائىي ) هۆججەتلەرنى نۇقتىلىق ئىزدەش ؛ يەنە بىرى ، ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان هۆججەتلەرنىڭ يەشمىسى ، شەرهى ۋە تەرجىمىلىرىنى قايتا تەكشۈرۈش .

هەممىدىن ئاۋۋال قەدىمكى ئۇيغۇرچە دەهرىي هۆججەتلەرنى تەتقىق قىلغان كىشى رۇسىيىلىك مەشهۇر تۈركولوگ رادلوف (1837 ـ 1918 ، Radloff ) . ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مالوف (C.E. МалоВ ) 1928 ـ يىلى تولۇقلانغان «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر توپلىمى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدۇردى . بۇ كىتابقا چەت ئەللەردە ئېقىپ يۈرگەن 128 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقە كىرگۈزۈلگەن ، ئۇنىڭ ئىچىدە قانۇن هۆججەتلىرى ، بۇددا دىنى ئۇزۇندىلىرى ، مانى دىنى ۋە خرىستىئان دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەر بار .

مالوف 1904 ـ يىلدىن 1909 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا رادلوفنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈركولوگىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى «قەدىمكى تۈرك

ۋەسىقىلىرى» بولۇپ ، بۇ كىتابتا يەر ئىجارىگە بېرىش ـ ئىجارىگە ئېلىش ، نەرسىلەر (تەكلىك ، پاختا ، رەخت ، ئۆسۈملۈك مېيى ) نى قەرز ئېلىش ، قۇل ـ دېدەك سېتىش توختامى قاتارلىقلارغا ئائىت ھۆججەتلەر ۋە مانى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ تىلاۋەتنامىلىرى ، خرىستىئان دىنىدىكى «ئىلمىي نۇجۇمچىلارنىڭ ئىبادەتلىرى» ھەمدە بۇددا دىنىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئۆزۈندىلىرى بار .

مۇشۇ ئەسىر (20 ـ ئەسىر ) نىڭ 40 ـ يىللىرىدا بېرنىشتام ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە قانۇن ۋەسىقىلىرى» («تارىخىي ماتېرىيالشۇناسلىق مەسىلىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 15 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن ، لېنىنگراد ، 1940 ـ يىل ) دېگەن ماقالىسىدە : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى تارىخىي ماتېرىياللار قاتارىدا كۆرۈش كېرەك» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ ئۆزىنىڭ «قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر تارىخىدىن تېزىسلار» (ئالمۇتا ، 1951 ـ يىل ) دېگەن ئەسىرىنىڭ سەككىزىنچى بابىنى ئاساسىي جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ يېزىپ چىققان . ئۇ بۇ كىتابىدا ئاساسلىقى موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ، ئەمەل تۈزۈمى ، يەر تۈزۈمى ، دېھقانچىلىقى ، چارۋىچىلىقى ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ، سودا ئىشلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغان . كېيىنرەك ، تىخونوفلار ( Д.И.Тихонов) قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن پايدىلىنىپ ، 10 — 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىپ ، زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . كېيىنرەكنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلىرىدىن «13 — 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تۈزۈمى» («سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر



ئاكادېمىيىسى قىرغىزىستان شۆبىسىنىڭ ئاخباراتى» غا بېسىلغان ، فرونزى ، 1950 ـ يىل ) ، «13 — 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى قۇل مەسىلىسى توغرىسىدا» ، («سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى قىرغىزىستان شۆبىسى تىل ، ئەدەبىيات ، تارىخ تەتقىقات ئورنى ئەسەرلىرى توپلىمى» غا بېسىلغان ، 3 ـ توم ، فرونزى ) قاتارلىقلار بار . تىخونوفنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلىرىدىن : «ئۇيغۇر ئېلىدىكى باج ـ سېلىقلار ۋە باج سېلىقلارنىڭناملىرى» («سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى مەجمۇئەسى» گە بېسىلغان ، 16 ـ توم ، 1958 ـ يىلى ) «13 — 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ فېئوداللىق يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى» («قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق بۆلۈمى ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن ، 1 ـ توم ، 1959 ـ يىلى ) ، «10 — 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى» (موسكۋلـ لېنىنگراد ، 1966 ـ يىلى ) قاتارلىقلار بار .

ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە مالياۋكىنىنىڭ «13 ـ ئەسىردىكى تۇرپان ئۇيغۇر خانلىقى» (Труды института истории» غا بېسىلغان ، 15 ـ توم ، 1962 ـ يىل ) دېگەن ماقالىسى بار . « археолотии этнотрафии

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگى تېنىشېف بىلەن مەملىكىتىمىز ئالىمى فېڭ جياشېڭ ئەپەندى بىرلىكتە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «بىنتۇڭنىڭ ئۆزىنى سېتىش ھۆججىتىدىن ئۈچ خىل» («ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 1958 ـ يىللىق ئىككىنچى سانىغا بېسىلغان ) نى ئېلان قىلدى ، ماقالىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى قۇل ئېلىپ ـ

سېتىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئىلىم ساھەسىدە مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر تەتقىق قىلىنغان بىر نەچچە پارچە پايدىلىنىش كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. دېمترىيېۋا قاتارلىق كىشىلەر بىرلىكتە «ئاسىيا مىللەتلىرى تەتقىقات يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان تۈركچە قولىيازما ۋەسىقىلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (بىرىنچى بۆلۈم، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1965 ـ يىل، ئىككىنچى بۆلۈم، موسكۋا، 1975 ـ يىل) نى تۈزدى. 70 ـ يىللاردىن بۇيان، تۇگۇشېۋا قەدىمكى ئۇيغۇرچە دىنىي ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، جەمئىيەت ئىقتىسادىغا ئائىت ماقالىلەرنى يازدى. مەسىلەن: «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى لېنىنگراد شۆبىسىدە ساقلىنىۋاتقان ھۆججەتلەر ئىچىدىكى 8 — 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر ۋەسىقىلەر» («ئاسىيا ـ ئافرىقا مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان) دېگەن ماقالىدە سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى لېنىنگراد شۆبىسىدە ساقلىنىۋاتقان 50 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ئوخشاشلا ياپونىيىلىك ئالىملارنىڭمۇ قىزىقىشىنى قوزغىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا مورى ماسائو ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «ئۈزۈمزارلىقنى سانقانلىق ھەققىدىكى بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەت» («شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1960 ـ يىللىق 42 ~ 44 ـ سانلىرىغا بېسىلغان)، «قەرز بېرىشكە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەت» («غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تەتقىقاتى» نىڭ 1961 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلغان) قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. يامادا



نوبۇئومۇ «قول ۋە ئاسراندى ئوغۇل توغرىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەت» («ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى تىل فاكۇلتېتىنىڭ تەتقىقات ژۇرنىلى» 1972 ـ يىل مارت)، «ئۈچ پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە قول سېتىش توختامى» («ياپونىيە تارىخ تەتقىقاتى» غا بېسىلغان، 1968 ـ يىل، 27) ھەمدە «ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئېلىپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئېلىم ـ بېرىم ھۆججىتى» («غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» نىڭ 4 ـ سانىغا بېسىلغان) قاتارلىقلارنى ئېلان قىلدى. بۇ ئىقتىسادقا دائىر ھۆججەتلەر يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى، يەر تۈزۈمى، ھاشار تۈزۈمى، ئېلىم ـ بېرىم مۇناسىۋىتى ھەمدە كۈندىلىك تۇرمۇش ئەھۋالىنى ھەقىقىي تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

ۋېنگرىيىلىك تۈركولوگ لىگېتىنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا چېتىلىدىغان ماقالىلىرىدىن «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ترانسكرىپسىيە» («ئورال ـ ئالتاي ئىلمىي ژۇرنىلى» 1961 ـ يىللىق 33 ـ سانىغا بېسىلغان)، «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقە توغرىسىدا» («شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» 1973 ـ يىل، 27 ـ توم. بىرىنچى سانىغا بېسىلغان) قاتارلىقلار بار.

گېرمانىيىلىك گرۈنۋېدېل بىلەن لېكوك مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە 84 پارچە ۋەسىقىنى ئېلىپ كەتكەن. لېكوكنىڭ مۇھىم تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار» (بۇداپېشت، 1918 ـ يىل) ۋە «ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر توغرىسىدا» («شەرق تىللىرى تەتقىقات دوكلاتى» غا بېسىلغان، 1919 ـ

يىل ) قاتارلىقلار بار . گېرمانىيىدە ئېلان قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر تەتقىق قىلىنغان ئەسەرلەردىن مۇللېر (F.W.K.Müller ) نىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر » ، 4 توم (بېرلىن ، 1908 — 1931 - يىللار ) ، بانگ بىلەن گابائىننىڭ «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى » ، 6 توم قاتارلىقلار بار . گېرمانىيىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلغان داڭلىق ئالىملارنىڭ بىرى پېتېر زىمېنىڭ (P.zieme ) «مورتۇقتىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يەر توختامى » ( «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى » نىڭ 11 - توم 1 - سانىغا بېسىلغان ، 1974 - يىل ) ، «قەدىمكى ئۇيغۇرچە قەرز ئېلىش - بېرىش توختامى » ( «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى » غا بېسىلغان ، 7 - سان ، 1980 - يىل ) ، «ئىدىقۇت خانلىقىدىكى سودا — سېتىقتا ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر » ( «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى » غا بېسىلغان ، 4 - سان ، 1976 - يىل ) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار .

گابائىن 1973 - يىلى «9 — 13 - ئەسىرلەردىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى » ( Das Leben im Uigurischen konigreich von Qoc o im 9-13 Jahrhun—dert » ۋېيسبادېن ، 1973 — يىل ) دېگەن كىتابنى نەشر قىلدۇردى ، ئۇ مەزكۇر كىتابىدا تۇرپاندىن تېپىلغان كۆپ مىقداردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن پايدىلىنىپ ، 9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى شەرھلەپ بەرگەن .

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن كىشى ئامېرىكىلىق كلارك



(Clark ) بولۇپ ، ئۇ 1975 - يىلى «13 — 14 - ئەسىرلەردىكى شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە غەيرى دىنىي (ئىجتىمائىي ھۆججەتلەر ) ۋەسىقىلەرگە كىرىش » دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ پۈتتۈردى . كلارك كۆپلىگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ، تىل ئالاھىدىلىكى ، تارىخىي ماتېرىياللىقى ۋە ھۆججەتلەردە تىلغا ئېلىنغان شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق چىقارغان خۇلاسىسىدە ، ئۆزى تەتقىق قىلغان 141 پارچە ۋەسىقىنىڭ 110 پارچىسىنىڭ 13 — 14 - ئەسىرلەرگە تەۋە يادىكارلىق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى .

ئالسېن (T.T.Allsen ) يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىر قەدەر جانلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئالىم . ئۇ 1978 - يىلى يازدا ئۆتكۈزۈلگەن «10 — 14 - ئەسىرلەردىكى شەرقىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى مۇھاكىمە يىغىنى » غا «13 - ئەسىردىكى يۈەن سۇلالىسى ۋە تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار » ( The Yuan dynasty and the Uighurs of Turfan in the 13th century » ) ناملىق ماقالىسىنى سۇندى . ئۇنىڭ بۇ ماقالىسى روسسابى (Morris Rossabi) باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «10 — 14 - ئەسىرلەردىكى جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى » ( The middle kingdom Its neighbors, 10th — 14th centuries » ، كالفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1983 - يىل ) غا بېسىلغان .

## 2 ) تارىخىي ماتېرىياللار

1 . قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر

لى جىڭۋېي ئەپەندىنىڭ «تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە

ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي هۆججەتلەردىن تاللانما» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى) دېگەن ئەسەرگە 19 - ئەسىردىن بۇيان مەملىكىتىمىز ئىچى - سىرتىدىكى ئالىملار ئېلان قىلغان 200 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي هۆججەتلەردىن تاللاپ چىققان 108 پارچە هۆججەت كىرگۈزۈلگەن، بۇلارنىڭ مۇهىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى شۇ يەردىكى، تۇرپاندىن تېپىلغان، لېكىن چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي هۆججەتلەر تۇنجى قېتىم توپلىنىپ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ تىلشۇناسلىق ساهەسى ۋە تارىخشۇناسلىق ساهەسىگە نىسبەتەن ناهايىتى مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە.

مەملىكىتىمىزنىڭ هەرقايسى جايلىرىدىكى كۇتۇپخانا، مۇزېي، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدىمۇ بىر تۈركۈم يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي هۆججەتلەر ساقلانغان، ئۇلار:

(1) «ئاتى ( 阿体 ) نىڭ قۇل (شەنبىن) سېتىپ قۇل سېتىۋالغۇچىغا يېزىپ بەرگەن ۋاقىتلىق تىل خېتى»

بۇ بىر پارچە ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرما قىلىپ يېزىلغان توختام هۆججىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14cm كەڭلىكى 20cm. بۇ هۆججەتنى غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1953 - يىلى قىشتا شىنجاڭ تۇرپاندىن يىغىۋالغان. 1958 - يىلى، فېڭ جياشېڭ ئەپەندى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى تېنىشېف هەمكارلىشىپ تەتقىق قىلغان.

(2) «ئاتىنىڭ ( 阿体 ) قۇل سېتىۋالغۇچىغا يېزىپ بەرگەن رەسمىي تىلخېتى»

بۇ تىلخەتنىڭ كەڭلىكى 46cm ئۇزۇنلۇقى 26cm بولۇپ،



تىل خەتنىڭ ئارقا تەرەپ ئوڭ ئاستى بۇرجىكىگە 善文武元契耳 石稷 دېگەن يەتتە خەنزۇچە خەت يېزىلغان، ئەسلىي نۇسخىسىنى غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1953 - يىلى قىشتا تۇرپاندىن يىغىۋالغان. 1958 - يىلى فېڭ جياشېڭ ئەپەندى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئالىم تېنىشېف هەمكارلىشىپ تەتقىق قىلغان («ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1958 - يىل 2 - سانىغا بېسىلغان).

(3) «شۆساي تايشىنىڭ قۇل سېتىۋالغاندىن كېيىن يېزىپ بەرگەن رەسمىي تىل خېتى»

هازىر بېيجىڭ تارىخ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەسلىي هۆججەتنىڭ كەڭلىكى 39cm، ئۇزۇنلۇقى 43cm بولۇپ، بىر بەت، جەمئىي 19 قۇر خەت بار، ئۇيغۇرچە تېز يازما شەكلىدە يېزىلغان. بۇ ۋەسىقىنى غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1953 - يىلى قىشتا تۇرپاندىن يىغىۋالغان، 1958 - يىلى فېڭ جياشېڭ ئەپەندى بىلەن تېنىشېف هەمكارلىشىپ تەتقىق قىلغان. 1978 - يىلى، گېڭ شىمىن ئەپەندى بۇ هۆججەتنى قايتا تەتقىق قىلىپ، فېڭ جياشېڭنىڭ ترانسكرىپسىيەلەش ۋە تەرجىمە قىلىش، ئىزاهلاش قاتارلىق جەهەتلەردىكى بىر قىسىم خاتالىقلىرىنى توغرىلىدى (گېڭ شىمىن: «ئىككى پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە توختامنىڭ يېشىمىسى» گە قارالسۇن، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1978 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان).

(4) «تىكۈي تايسىنىڭ قۇل سېتىش تىل خېتى»

بۇ هۆججەتنى 1953 - يىلى قىشتا غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپاندىن يىغىۋالغان. ئەسلىي هۆججەتنىڭ ئېگىزلىكى 13cm، كەڭلىكى 11cm، بىر

ۋاراق ئىككى بەت، جەمئىي ئون قۇر، ئالدىنقى بېتىدە توققۇز قۇر، كېيىنكى بېتىدە 1 قۇر خەت بار، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تېز يازما شەكلىدە يېزىلغان. 1960 ـ يىلى، فېڭ جياشېڭ ئەپەندى «ئىككى خىل قەدىمكى ئۇيغۇرچە توختام» («مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» نىڭ 1960 ـ يىللىق 6 ـ سانىغا بېسىلغان) دېگەن ماقالىسىدە، بۇ ۋەسىقىنى ترانسكرىپسىيىلىدى، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى ۋە ئىزاھلىدى. 1978 ـ يىلى، گېڭ شىمىن ئەپەندى «ئىككى پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە توختامنىڭ يەشمىسى» دېگەن ماقالىسىدە بۇ ھۆججەتنى قايتىدىن تەتقىق قىلدى.

(5) «ئوتاچى تايىسى بىلەن ساۋۇساي ئوتتۇرىسىدىكى تىلخەت»

بۇ ھۆججەتنى غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1953 ـ يىلى تۇرپاندىن يىغىۋالغان. بۇ ھۆججەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: سەككىز قۇر قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت، ئالتە قۇر خەنزۇچە خەت بار. 1960 ـ يىلى فېڭ جياشېڭ ئەپەندى «ئىككى خىل قەدىمكى ئۇيغۇرچە توختام» دېگەن ماقالىسىدە بۇ ھۆججەتنى تەتقىق قىلدى.

(6) تۆت پارچە «يەم ـ بوغۇز ئالۋىڭى يارلىقى»

بۇ تۆت پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقە 1974 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ بېزەكلىك مىڭئۆيىدىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەسلىي ۋەسىقىنىڭ ئېگىزلىكى 13cm—12cm، كەڭلىكى 9—8cm. يىل دەۋرى ئۇزۇن بولغانلىقتىن خەتلىرى ئۆڭۈپ تونۇغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەن. ھەر بىر پارچە ھۆججەتكە بىردىن ـ ئىككىنچە تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك تامغا بېسىلغان، ھۆججەتلەرنىڭ



ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تېز يازما شەكلىدە يېزىلغان. خەت شەكلىدىن قارىغاندا، بۇ ھۆججەتلەر يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. 1980 ـ يىلى گېڭ شىمىن ئەپەندى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 5 ـ سانىدا «بىر نەچچە پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىنىڭ يەشمىسى» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ، بۇ تۆت پارچە ئۇيغۇرچە ۋەسىقىنى تەتقىق قىلدى.

2. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددىزم ۋەسىقىلىرى

ئاۋرېل ستەيىن (Aurel Stein) مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۈنخۇاڭدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن بىر تۈركۈم ۋەسىقىلەرنى بۇلاپ ئېلىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر جىلدلىق ئۇيغۇرچە شېئىرلار توپلىمى بار بولۇپ، جەمئىي 948 كۇپلېت شېئىر بار. ھازىر بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيى («British museum») دا ساقلانماقتا، نومۇرى [108] or8212، شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 193mm كەڭلىكى 147mm بولۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئۇسلۇبىدا تۈپلەنگەن. قەغىزى ئاق ھەم نېپىز بولۇپ، ياخشى ساقلانغان. بىرىنچى كۇپلېت شېئىرنىڭ كەينىدىن بۇددىزمغا ئائىت پەلسەپىۋى نەسىر بېرىلگەن، تېمىسى «ئەقىل ئىدراك ئۆگىتىش» (نېمىسچە Das die bewsstseims natur lehrende buch غا ئاساسەن قايتا تەرجىمە قىلىنغان) بولۇپ، ئاخىرقى خاتىمىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ۋاپشى باخشى (vapshi Baqshi) ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئەسىرى ئىكەن.

تۈركىيىلىك ئالىم ئارات (R.R. Arat) 1965 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ستەيىن بۇلاپ ئېلىپ كەتكەن شېئىرلارنى تەتقىق قىلغان مەخسۇس ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى، شېئىرلار توپلىمىدىكى بىرىنچى كۇپلېتنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن بۇددىزم مەزمۇنىدىكى

پەلسەپىۋى نەسىر 1940 ـ يىلىلا ئېلان قىلىنغان ئىدى .

پېللىئوت رەتلىگەن 4521 ـ نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقە (Pelliot—Uigur1254 ) دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ھۆججەت بولۇپ ، ھازىر پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانا (Bibliotheque Nationale[Paris] ) دا ساقلىنىۋاتىدۇ . بۇنىڭدا ئىككى نەپەر بۇددا ئەۋلىياسى سادापرارۇدىتا (Sādprarudita ) ۋە تاتاگاتۇ (Dharmodgata ) بۇدساۋۋا (Bodhisa ttva ) لار توغرىلىق ھېكايە بار . بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى «پارامىتا قىسسىلىرى» (Pranjna paramita ) دا كۆرۈلىدۇ . يېزىق ئۇسلۇبىدىن بۇ ھۆججەتنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ .

1968 ـ يىلى سىناشى تېكىن (sinasi Tekin) ستەيىن نومۇر سالغان [108]or8212 ۋە PeLLiot—Uigur4521 نومۇرلۇق ئىككى پارچە ۋەسىقە توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى تاماملاپ ، «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددىزم ۋەسىقىلىرى» (بۇ ماقالە «ئاسىيا تەتقىقاتى»غا بېسىلغان ، 69 ـ توم ، ۋېيسبادىن )نى ئېلان قىلدى .

3 . ئۇيغۇرچە مەڭگۈ تاش ۋەسىقىلىرى

(1 ) «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇجۇ يولى دارۇغاچىنىڭ نەسەب ئابىدىسى»

بۇ ئابىدە 1962 ـ يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن شەھىرىدە بايقالغان ، ھازىر جيۇچۈەن شەھەرلىك مەدەنىيەت سارىيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ . بۇ ئابىدىنىڭ ئېگىزلىكى 2. 36m ، كەڭلىكى تەخمىنەن 0. 91m ، كېيىن شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبلىك ، بۇ ئابىدە ئىككىگە پارچىلىۋېتىلگەن بولۇپ ، ھەر بىر پارچىسىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 0. 45m كېلىدۇ ، ئابىدە تېكىستى قەدىمكى خەنزۇچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە



يېزىقلىرىدا يېزىلغان بولۇپ ، جەمئىي 23 قۇر خەنزۇچە خەت ، 32 قۇر ئۇيغۇرچە خەت بار . بۇ ئابىدە يۈەن شۈندىنىڭ 21 ـ يىلى (1361 ـ يىلى ) تىكلەنگەن . بۇ ئابىدىنى بىر تاڭغۇت دەرۋىش تىكلىگەن . 1944 ـ يىلى شياڭ دا ئەپەندى «غەربكە يۈرۈش قىلىش خاتىرىسى» دېگەن ماقالىسىدە بۇ ئابىدىنى توغرا ھەم تەپسىلىي شەرھىلىگەن . 1979 ـ يىلى ، گېڭ شىمىن ئەپەندى « ‹بۈيۈك يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇجۇ يولى ئىككى دارۇغاچىنىڭ نەسەب ئابىدىسى › نىڭ ئۇيغۇرچە قىسمىنىڭ يەشمىسى» («مىللەتلەر تەتقىقاتى» ، 1979 ـ يىللىق 1 ـ سان ) دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى .

(2 ) «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قايتا تۈزۈلگەن ۋېنشۇ ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى»

ھازىر گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۈەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 15 كىلومېتىر كېلىدىغان ۋېنشۇشەن تاش ئۆڭكۈرىدە ساقلىنىۋاتىدۇ . بۇ ئابىدىنىڭ ئېگىزلىكى 1. 24m ، كەڭلىكى 0. 74m كېلىدۇ . ئابىدىنىڭ ئاستى ۋە ئۈستى قىسمى ئۆچۈپ كەتكەن . ئالدى يۈزىدە جەمئىي 26 قۇر خەنزۇچە خەت بار بولۇپ ، نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان ، ھەربىر قۇردا 52 تال خەت بار . كەينى يۈزىدە 26 قۇر قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت بار بولۇپ ، قاپىيە شەكلىدە يېزىلغان ، بۇ ئابىدىنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە قىسمىنىڭ ئاخىرىغا يېزىلغان «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسى تەيدىڭنىڭ 3 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شاھزادە نەنداشى تىكلىدى» دېگەنلەرگە ئاساسلىنىپ ، بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ مىلادىيە 1326 ـ يىلى تىكلەنگەنلىكىنى ، تىكلىگۈچىنىڭ شاھزادە نەنداشى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ . بۇ ئابىدە «قايتا تۈزۈلگەن سۇجۇ يېڭى تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنمىغان . جاڭ ۋېي ئۆزىنىڭ «لۇڭيۇ تاش پۈتۈكلىرى» دە تۇنجى قېتىم بۇ

ئابىدىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە قىسمىنى تىلغا ئالغان ، بىراق ئۇ بۇ يېزىقنى موڭغۇل يېزىقى دەپ خاتا تونۇۋالغان ، 1986 ـ يىلى گېڭ شىمىن ئەپەندى جاڭ باۋيۈ بىلەن ھەمكارلىشىپ بۇ ئابىدىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە قىسمىنى تەتقىق قىلىپ ، «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ‹قايتىدىن تۈزۈلگەن ۋېنشۇ ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى › نىڭ دەسلەپكى يەشمىسى» («ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1986 ـ يىل 2 ـ سان ) نى ئېلان قىلدى .

(3) «قوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»

بۇ ئابىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخى توغرىسىدىكى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر جۇملىسىگە كىرىدۇ . بۇ بىر تارىخىي قىسسە بولۇپ ، بارچۇق ئارتتېكىن ئىدىقۇتتىن باشلاپ ئاسايىش تېكىن ئۇيغۇر ئىدىقۇتقىچە بولغان قوچو خانلىرىنىڭ نەسەبى خاتىرىلەنگەن ، 1933 ـ يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا 30 چاقىرىم كېلىدىغان شىبېيگۇ جىلغىسى ئەتراپىدىن تېپىلغان ، ھازىر گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ . بۇ تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ كەڭلىكى 173cm ، قېلىنلىقى 47cm ، ئېگىزلىكى 182cm بولۇپ ، ئابىدە تېكىستى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىلغان . خەنزۇچە بۆلىكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە شىڭشۇ خەت شەكلىدە يېزىلغان ، جەمئىي 36 قۇر ، ھەر قۇردا 90 خەت بار (ھازىر پەقەت ئاستىنقى يېرىمىدا 40 لا خەت ساقلىنىپ قالغان ) . ئابىدىدىكى خەنزۇچە تېكىستنىڭ مەزمۇنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەسەرلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ ، ئەمما ماۋزۇسى ۋە خاتىرىلىنىشى ئوخشىمايدۇ . يۇجى «داۋيۈەن ئۇزۇندىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ مەڭگۈ تاشنى «قوچو خانلىرىنىڭ مەڭگۈ



تېشى» دەپ ئاتىغان ، «ۋۇۋېي ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» دەپ خاتىرىلەنگەن .

بۇ ئابىدىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستى خەنزۇچە تېكىستكە ئوخشاش ئۈستىدىن ـ ئاستىغا تىك يېزىلماستىن ، ئاۋال تاشنىڭ يۈزىنى ئون كاتەكچىگە بۆلۈپ ، ھەر بىر كاتەكچىنىڭ ئىچىگە ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە سولدىن ئوڭغا تىك ھالەتتە يېزىلغان . ئۇيغۇرچە ئابىدە تېكىستىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمى 61 كۇپلېت شېئىردىن تەركىب تاپقان . بۇ شېئىرلار ئاساسەن تۆت قۇر بويىچە تىزىلغان ، ھەمدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلارنىڭ باش قاپىيە شەكلىدە يېزىلغان . ئابىدىدىكى خەت شەكلى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە . «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستىنى يازغۇچى kiki qorsa i čqu ، ئۇنىڭدىكى Kiki بولسا ئۇنىڭ دىنىي ئىسمى ، qorsa i čqu ئەسلى ئىسمى ، ئىدىقۇت خان ئوردىسىدىكى بىر خىل ئىچكى ئىشلار ئەمەل نامى . 1964 ـ يىلى ، خۋاڭ ۋېنبى ئەپەندى مەزكۇر ئابىدىنىڭ خەنزۇچە قىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە سېلىشتۇرۇپ تۈزەتتى ھەمدە تۇنجى قېتىم مەزكۇر ئابىدىنىڭ ساقلىنىپ قالغان ئۇيغۇرچە قىسمىنىڭ رەسىمىنى ئېلان قىلدى . 1980 ـ يىلى گېڭ شىمىن ئەپەندى ئابىدىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە قىسمىنى تۇنجى قېتىم تەتقىق قىلىپ ، «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ‹ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى › توغرىسىدا تەتقىقات» («ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1980 ـ يىلى 4 ـ سان ) دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى . 1984 ـ يىلى قاھار بارات بىلەن ليۇ يىڭشېڭ «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسىنى سېلىشتۇرۇپ تۈزىتىش ۋە بۇ ھەقتە تەتقىقات» دېگەن

ماقالىنى يېزىپ (نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ مەخسۇس سانى «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمال مىللەتلىرى تارىخىغا دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى» 8 ـ سانىغا بېسىلغان ) مەزكۇر ئابىدىنىڭ ئۇيغۇرچە قىسمىنى قايتا تەتقىق قىلدى .

## 2 . خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئائىت خاتىرىلەر ئىنتايىن پارچە ـ پۇرات بولۇپ ، رەسمىي تارىخ ، ئەسەرلەر توپلىمى ، خاتىرە ، يەرلىك تەزكىرە ، تاش پۈتۈك ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرايدۇ ، تۆۋەندە ئۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم تونۇشتۇرىمىز .

(1) ئاساسىي تارىخىي ماتېرىياللار (رەسمىي تارىخ ، ئەسەرلەر توپلىمى )

1 . مىڭ سۇڭلىيەن قاتارلىقلار تۈزگەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» . بۇ يۈەن سۇلالىسى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ . مەزكۇر كىتابنىڭ 124 ، 125 ، 126 ، 128 ، 130 ، 131 ، 133 ، 134 ، 135 ، 137 ، 141 ، 144 ، 145 ، 193 ، 195 ـ جىلدلىرىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تابىن ، قارايىغاچ بۇيرۇق ، تاتاتۇڭا ، بۇرۇلقايا ، لىيەن شىشيەن ، ئىلقايا ، ئارغۇن سالى ، ئەلئېتمىش ، بايجان ، ھېسامىدىن ، تولوشگان ، سانجىس ، شايبان ، تاڭ رېنزۇ ، كارو ناداس ، سەۋىنچ توخرىن ، تېكەچۇق ، ئۆگرۈنچ قايا ، ئېلى قايا ، تۆرۈ قايا ، چاغان تېمۇر ، سەۋىنچ قايا ، دارما ،



داۋتۇڭ ، لىيەن خۈيشەن قايا ، قارا بۇقا ، بايان بۇقا تېكىن ، چولپان سالى ، پولو تۆمۈر ، بۇرى ياتۇن قاتارلىق 30 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ تەرجىمىھالى بولۇپ ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەل تۇتۇش پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ ، ئۇنىڭدىن باشقا «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دىكى ھەرقايىسى پادىشاھلار ھەققىدىكى خاتىرىلەردە ئۇيغۇرلار رايونىغا ئائىت ئەھۋاللار پارچە ـ پۇرات خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ .

2 . «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى» ، تولۇق ئاتىلىشى «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسىنىڭ مۇقەددەس قانۇن ـ تۈزۈملىرى» جەمئىي 60 جىلد . مەزكۇر كىتابنىڭ بىر قىسمى يۈەن سۇلالىسىنىڭ يارلىق ھۆججەتلىرى توپلىمى بولۇپ ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايىسى قاتلاملىرىنى كونكرېت ، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ ، ئۇيغۇرلار رايونىغا چېتىلىدىغان ماتېرىياللاردىن «ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە ئىشلىرىنىڭ تەرتىپى» («يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى» 30 جىلد ، «شىغاۋۇل پىرقىسى Ⅲ . يوسۇن تۈزۈمى Ⅲ . دەپنە يوسۇنى» ) ، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەل كېڭىشى» (دادېنىڭ بەشىنچى يىلى ) ، «قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئەل كېڭىشى» (خۇاڭچىڭنىڭ ئىككىنچى يىلى ) («يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى . زىندان پىرقىسى جىلدى (15) . شىكايەت» ) . بۇ تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئەرز ـ شىكايەت تەرتىپى ۋە دەپنە ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ .

3 . «ئومۇمىي تۈزۈملەردىن ئۆرنەكلەر» جەمئىي 22 جىلد ،

هۆكۈمەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى»گە ئوخشاشلا يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن ـ پەرمان، ھۆججەتلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى. بۇ كىتابنىڭ 4 ـ جىلدى «تۈتۈن پەرمانى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي ـ بىساتلىرى. تۈتۈن پەرمانىنىڭ ئۆلچىمى» ئۇيغۇرلار رايونىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەت ۋە قانۇن مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

4. سۇ تيەنجۈ تۈزگەن «يۈەن سۇلالىسى داڭلىق ۋەزىرلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن قىسقىچە بايان»، جەمئىي 15 جىلد. بۇ كىتابنىڭ 7 ـ جىلدى «ۋازارەت مۇئەككىلى ليەن شىشيەن» ئۇيغۇر ليەن شىشيەننىڭ ئەمەل تۇتۇش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال، مەزكۇر كىتابتىن باشقا سۇ تيەنجۈ يەنە «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى» ۋە «زىشى يازمىلىرى»نى تۈزگەن، «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى»غا «خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى ـ شېنداۋنىڭ ئابىدىسى» («بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى» 59 ـ جىلدى) كىرگۈزۈلگەن، «زىشى يازمىلىرى»غا «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەرھۇم كېڭەشبەگ، دانىشمەن ئۆلىمالار كامالەتخانىسىنىڭ ئۆلىماسى، فەنياڭ تۆرىسى مەرتىۋىسى بېرىلگەن ۋۇگۇڭ تۆرىنىڭ ئابىدىسى» (ئون بەشىنچى جىلد)، «قوچولۇق شىيې جەمەتىگە بېغىشلانغان سەنجىتاڭ خاتىرىسىنىڭ داۋامى» (30 ـ جىلد)، «ياڭجۇ يولىدىكى شۆتيەن خاتىرىسى» (ئىككىنچى جىلد) قاتارلىق ئابىدە تېكىستلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

5. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يوللىغ چۇسەي يازغان



«غەربكە ساياھەت خاتىرىسى». يوللىغ چۇسەي 1218 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ پەرمانى بىلەن قۇرۇلۇن دەرياسى (كەلۇرەن دەرياسى) بويىدىكى ئوردىغا كەلگەن، كېيىنكى يىلى باھاردا چىڭگىزخاننىڭ چوڭ قوشۇنىغا ئەگىشىپ غەربكە يۈرۈش قىلغان، 1225 ـ يىلى شەرققە قايتىپ كەتكۈچە، غەربىي يۇرتتا 7 يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ قالغان. بۇ كىتابتا مۇئەللىپنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ھەققىي خاتىرىلەنگەچكە، قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللار ساقلانغان. ئۇنىڭدا ھازىرقى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئەھۋالى، قۇز ئوردۇ (ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى توقماق شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بۇرانا قەدىمكى شەھىرى)، تالاس (قازاقىستاننىڭ جامبۇل شەھىرى)، پاپ (نەمەنگاننىڭ غەربىدىكى pap دېگەن يەر)، كاسان (بۈگۈنكى نەمەنگاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى Kasan دېگەن يەر)، كايبادام (بۈگۈنكى لېنىنئابادتىكى kaibadam)، ئوترار (ھازىرقى قازاقىستاندىكى زىمور) قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن، مۇئەللىپ ئۆزى دائىم تۇرىدىغان سەمەرقەنت ۋە بۇخارانى پاساھەتلىك، ئىنچىكە خاتىرىلەپ، ماۋەرائۇننەھر رايونىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە گۈزەل مەنزىرىلىرىنى جانلىق سۈرەتلىگەن.

6. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن لى جىچاڭ يازغان «ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە زىيارىتى». ئەۋلىيا چيۇ چۇجى چىڭگىزخاننىڭ پەرمانى بويىچە، شىنجى يىلى (1221 ـ يىلى) باھارنىڭ ئىككىنچى ئېيىدا شۇەندېدىن ئايرىلىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالى بىلەن غەربكە ئىلگىرىلەپ، ئىككىنچى يىلى ماۋەرائۇننەھر رايونىغا يېتىپ كەلگەن، گۈيۋېي يىلى (1223 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا شۇەندېغا قايتىپ كەلگەن، لى جىچاڭ ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ شاگىرتى بولۇپ، ئۇستازىغا ئەگىشىپ غەربكە ساياھەتكە بارغان،

ئۆزى تاغ ــ داۋانلاردىن ئېشىپ ، مول تەسىراتقا ئېرىشىپ ، مىلادىيە 1228 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مەزكۇر كىتابنى يېزىپ تاماملىغان ، بۇ كىتاب 13 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىگىلىكى ، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ، دىنىي مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ ، باشقا تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ بۇ جەھەتتىكى كەمچىلىكىنى تولۇقلىدى .

7 . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يوللىغ چۇسەي يازغان «جەنرەن ئىستىقامەتچىسى ئەسەرلىرى توپلىمى» .

يوللىغ چۇسەي غەربىي يۇرتتا ئالتە يىل تۇرغان ، خېلى كۆپ شېئىرلارنى يېزىپ ، غەربىي يۇرتنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى مەدھىيىلىگەن . مەسىلەن : «رېنۋۇ يىلىدىكى غەربىي يۇرت ۋە ماۋەرائۇننەھردىكى باھار سەيلىسىدىن ئون نەزمە» (تۆتىنچى جىلد ) «غەربىي يۇرت كىشىلىرى ئەجدادلىرىنىڭ ھاراق ئېچىتىش ئويۇنىغا ئاتاپ تامغا ئويۇلغان خاتىرە» (تۆتىنچى جىلد ) ۋە «غەربىي يۇرت ۋە ماۋەرائۇننەھردىكى ئون كۇي» (ئالتىنچى جىلد ) قاتارلىقلار ، بۇ شېئىرلار بىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشى توغرىسىدا يېتەرلىك تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ .

8 . جېڭ يۈەنيۇ يازغان «چياۋۇۋ توپلىمى» جەمئىي 13 جىلد . مەزكۇر كىتابقا «يىڭجاڭ يولىنىڭ سابىق باش بۇغى داۋتۇڭنى سىغىنىش ئابىدىسى» (بىرىنچى جىلد ) «دېڭىز ـ ترانسپورت نويان مەھكىمىسى خېتاڭ تۆرە بېگىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» (ئون بىرىنچى جىلد ) ھەم «جياڭشى ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى ئوڭ ، سول مەھكىمىسىنىڭ كاتاۋۇلى قوچولۇق پوداشلىغا ئاتاپ تىكلەنگەن قەبرە ئابىدىسى» (ئون ئىككىنچى جىلد ) كىرگۈزۈلگەن ، بۇ ئابىدىلەر ئۇيغۇرلاردىن قاسان ،



داۋتۇڭ ، پوداشلىنىڭ ئەمەل تۇتۇش ئەھۋالى ۋە پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە .

9 . «شېنجەي توپلىمى» 15 جىلد ، ليۇ يۆشېن تۈزگەن . مەزكۇر كىتابتىمۇ ئۇيغۇرلارغا دائىر نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللار ساقلانغان ، ئالايلۇق «شىچۇاڭ دورغىسىنى ئاستانىگە ئۇزىتىشقا بېغىشلاپ» (ئىككىنچى جىلد ) ، «جياڭشىنىڭ مۇشاۋىرى تۆرە بەگ ليەن شىشيەن بىلەن يېزىشقان مەكتۇپلار» (تۆتىنچى جىلد ) ، «ئۈچ پەيت ئالتە ئاي خاتىرىسى» (ئالتىنچى جىلد ) ، «كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى» (ئالتىنچى جىلد ) قاتارلىقلارنىڭ تۆمۈر بۇقانىڭ مىللەت تەۋەلىكى ۋە بۇ بىر بۆلەك ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلىشىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن قىممىتى بار .

10 . «ۋەنجەي توپلىمى» ئون جىلد ، گۇڭ شىتەي تۈزگەن . ئۇنىڭ ئىچىدىكى «ئوڭ قول ۋەزىر قۇتلۇق بۇقانى ئاستانىگە ئۇزىتىشقا بېغىشلاپ» (ئالتىنچى جىلد ) ، «باش خوجىدار شىڭتۇڭنىڭ شىمالدىن قايتقانلىقىغا ئاتاپ» (ئالتىنچى جىلد ) ۋە «تەپتىشبەگ خۋا جۇنمېينىڭ ئېيتقانلىرى» (سەككىزىنچى جىلد ) ئىچكىرىگە كۆچۈپ ئەمەل تۇتقان ئۇيغۇر قۇتلۇق بۇقانى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ، ئۇنىڭدىن باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇ توغرۇلۇق مەلۇمات يوق .

11 . يۇ جىنىڭ «داۋيۈەن ئۇزۇندىلىرى» دىكى «جىڭجۇ يولىنىڭ دارۇغاچى لۇ مىڭشەننىڭ تۆھپە ئابىدىسى» (43 ـ جىلد ) . «دىيانەتلىك تۆرە شىرى قارانىڭ تۆھپە ئابىدىسى» (42 ـ جىلد ) ، جېڭ يۈنىڭ «شىشەن توپلىمى» دىكى «شيۇنىڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى ئېسەن تويىن تۆرىنى سىغىنىش ئابىدىسى» (ئالتىنچى جىلد ) ؛ پۇداۋيۈەننىڭ «بىكارچىلىقتا يازغان قولىيازمىلار» دىكى «سابىق كۇڭزىچى ، شىلاڭ يېزىسىنىڭ

دورغىسى يانلى تۆمۈرنى سىغىنىشقا بېغىشلاپ» (ئون ئالتىنچى جىلد) قاتارلىق ئابىدىلەر لۇ مىڭشەن، شىرى قارا، ئېسەن تويىن، يانلى تۆمۈر قاتارلىقلارنىڭ تۆھپىسى ۋە ئەمەل تۇتۇش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

12. «كورىيە تارىخى» 139 جىلد، چاۋشيەن لى جەمەتى خاندانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن جېڭ لىنجى تۈزگەن، 1451 ـ يىلى تاماملانغان، مەزكۇر كىتابتا جۇڭگونىڭ «رەسمىي تارىخ» لىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئۇسلۇبى ئۆرنەك قىلىنىپ، چاۋشيەن تارىخىدىكى كورىيە خاندانلىقىنىڭ 474 يىللىق تارىخى خاتىرىلەنگەن، كىتابنىڭ 112 ـ جىلدىدىكى «شيې سۈنىڭ تەرجىمىھالى» دا شيې بەيلياۋسۈننىڭ كورىيىگە كىرىپ ئولتۇراقلىشىش جەريانى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ كورىيە بىلەن يۈەن، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئوينىغان رولىنى تەتقىق قىلىشنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

13. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى نەسەب جەدۋىلى» چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن چيەن داشىن (1728 ـ 1804) تۈزگەن. مۇئەللىپ ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەتى ۋە جەمەت ئەزالىرىنىڭ ئاساسلىق ئەمەللىرى توغرىسىدا نەسەب بويىچە بىر ـ بىرلەپ توختالغان بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ.

14. «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە قارلۇقلارغا ئائىت ماتېرىياللار كاتالوگى»، چېن گاۋخۇا رەتلەپ تۈزگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار بىر قەدەر پارچە ـ پۇرات ھەم بەزى توپلاملارنىڭ قىممىتى بولسىمۇ تېپىش قىيىن بولغانلىقتىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ



يىلى بۇ ماتېرىياللار توپلىمىنى نەشر قىلدى. بۇ كىتاب تارىخى ماتېرىياللار يىلنامىسى، شەخسلەر تەرجىمىھالى، پارچە ـ پۇرات ساقلىنىپ قالغان ماتېرىياللار، باشقا مۇندەرىجە ئىندېكسى قاتارلىق تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى»، «چىڭگىزخاننىڭ زەپەرنامىسى»، «ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە زىيارىتى»، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى»، «ئومۇمىي تۈزۈملەردىن ئۆرنەكلەر»، «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى»، «گېڭشىن يىلى تۈزۈلگەن غەيرىي رەسمىي تارىخ»، «سۇڭ شۆجەي ئەسەرلەر توپلىمى»، «چيۇجيەن توپلىمى»، «شۆلۇ توپلىمى»، «گۇيجەي ئەسەرلەر توپلىمى»، «دايۈەن ئۈزۈندىلىرى»، «شىتيەن توپلىمى»، «جىن خۇخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى»، «زىشى يازمىلىرى»، «سۈن فۇجەي ئەسەرلەر توپلىمى»، «جۇڭئەن توپلىمى»، «جىجېڭ توپلىمى»، «گۇيتاڭدىكى پارچە - پۇرات قولىيازمىلار»، «ۋېي تەيپۇ ئەسەرلىرى توپلىمى»، «سۇڭ ۋېنشيەن ھەزرىتىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى»، «لۇڭشى تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى»، «چىيەنيەنتاڭدىكى تاش ـ پۈتۈك يازمىلىرىغا ئىلاۋە»، «چاڭشيەنجېن تاش ئابىدىسى»، «كورىيە تارىخى»، «چياڭدۇڭ يازمىلىرى»، «تۆرە بەگ ۋۇ ۋېنجېڭنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» قاتارلىقلار جەمئىي 28 خىل تارىخىي كىتابتىكى مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىيال كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممىتى يۇقىرى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ توپلىمىدۇر.

## (2) تاش پۈتۈك ماتېرىياللىرى

تاش پۈتۈك ئابىدىلىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي

ماتېرىياللار خەزىنىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللار ساقلانغان. ياڭ شىيۈەن تۈزگەن «جۇرۇڭ تاش پۈتۈك خاتىرىسى» گە شىيى جېدۇڭنىڭ «كۆڭزى تەلىماتىنى پىششىقلاش خاتىرىسى»، رۈەن يۈەننىڭ «جېجياڭ - جياڭسۇ تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى» دىكى «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۈەن يۈەنشى قاتارلىقلارنىڭ تۆكيۈەنگۈەنگە ئويغان نەزمىلىرى» ۋە «فۇجيەن تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى» دىكى «شىپ يۈلىنىڭ رۇيشياڭيەندە يازغان نەزمىلىرى» كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئىشەنچلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خۇاڭ رۈينىڭ «تەيجۇ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەن «تەيجۇ يولىدىكى قايتىدىن تۈزۈلگەن تيەنجى ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى» دە پادىشاھ شۈندى زامانىسىدا دىۋان ۋازارىتىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان تېلى تۆمۈرنىڭ قوچولۇق ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ ھەقتە مەلۇمات يوق. چيەن داشىننىڭ «چيەنيەنتاڭدىكى تاش پۈتۈك يازمىلىرىغا ئىلاۋە» ۋە «فۇجيەن تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى» دىمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا «جېدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ھۆدەيچىسى تارماشىرىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» (19 - جىلد) ۋە «ساداقەتمەن تۆرە باۋگىنى سېغىنىش ئابىدىسى» ساقلانغان. بۇ ماتېرىياللارمۇ ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەل تۇتۇش پائالىيىتى ۋە تۆھپىلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ..

## (3) يەرلىك تەزكىرە ماتېرىياللىرى

يەرلىك تەزكىرىلەرمۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى



ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ بىرى؛ لېكىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىدىن چەتتە قالغان. دۆلىتىمىزدە ھازىر ساقلىنىۋاتقان يەرلىك تەزكىرىلەر ئىنتايىن كۆپ، مۇئەللىپ تۆۋەندە مۇشۇ كىتابتا ئاساسلىق نەقىل ئېلىنغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەرلىك تەزكىرىلەرنى تونۇشتۇرىدۇ.

1. «جېجياڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن كۇنشەن ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ئالتە جىلد بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ياڭ خۇي تۈزگەن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۇنشەن ئايمىقىنىڭ مەركىزى ھازىرقى جياڭسۇدىكى تەيساڭ. بۇ كىتابنىڭ 2 - جىلدى «مەشھۇر ئەمەلدار» دا ئۇيغۇر بازىلانىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن خاتىرىلەر بار.

2. «جىشۈن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنجياڭ تەزكىرىسى» 21 جىلد، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يۈ شىلۇ تۈزگەن. بۇ كىتابنىڭ 3 - جىلدى «ئۆرپ - ئادەت. نوپۇس»، 16 - جىلدى «ئاسىيلارنى قەتلى قىلىش»، 17 - جىلدى «مەھكىمىلەر» دە چەت جايدا ئولتۇراقلاشقان ياكى جېنجياڭدا ئەمەل تۇتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى، ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى ئايرىم ئايرىم ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان بولۇپ باشقا تارىخىي كىتابلاردىكى كەملىكنى تولۇقلايدۇ.

3. «شىجىن تەزكىرىسى» يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شيۇڭ مىڭشاڭ تۈزگەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ ئاستانىسى (ھازىرقى بېيجىڭ) بۇرۇن «شىجىن» دەپ ئاتىلاتتى، شۇڭلاشقا بۇ كىتاب ھازىرقى بېيجىڭ رايونىنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر بۇرۇن خاتىرىلەنگەن مەخسۇس تەزكىرە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ «مەشھۇر ئەمەلدارلار» قىسمىدا ليەن شىشيەن، ئېلى قايا قاتارلىق ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتېرىياللار ساقلانغان. ئەپسۇسكى مەزكۇر كىتابنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى يوقاپ كەتكەن، نۆۋەتتە بېيجىڭ

كۆتۈپخانىسىدىكى شەن بېنزۇ ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقاتى ئاساسىدا «يۈگۈلي قامۇسى» قاتارلىق قەدىمكى كىتابلاردىن بۇ كىتابنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىنى رەتلەپ «شىجىن تەزكىرىسىنىڭ يوقىلىپ كەتكەن توپلىمى» دېگەن نام بىلەن رەتلەپ چىقتى، بۇ توپلام 1983 — يىلى بېيجىڭ قەدىمقى كىتابلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

## 3. باشقا تارىخىي ماتېرىياللار

1. «تارىخىي جاھانكۇشاي»

13 ـ ئەسىردىكى پارس تارىخشۇناسى ئالائىدىن ئاتامەلىك جۇۋەينى يازغان «تارىخىي جاھانكۇشاي» نىڭ بىرىنچى تومى 41 باب، ئۇنىڭ ئىچىدە 5 ـ بابتىن 7 ـ بابقىچە ئۇيغۇرلار تارىخى خاتىرىلەنگەن بولۇپ مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

2. «جامىئۇل تەۋارىخ»

14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پارس تارىخشۇناسى راشىددىن تۈزگەن «جامىئۇل تەۋارىخ» نىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئولتۇراق رايونى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «جامىئۇل تەۋارىخ» نىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ ئىتائەت قىلغانلىقى ۋە چىڭگىزخاننىڭ ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئىدىقۇتقا كۆرسەتكەن مېھىر ـ شەپقەتلىرى خاتىرىلەنگەن.

## §2. ۋەسىقىلەر ۋە تەتقىقات ئەھۋالى

يۈەن سۇلالىسى دەۋرى مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك تارىخىي تەرەققىياتىدىكى بىر مۇھىم باسقۇچ بولغانلىقتىن، مەملىكىتىمىز ئالىملىرى خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ



پائالىيىتىگە ئەھمىيەت بەرگەن ھەم تەتقىقاتنى باشلىغانىدى. ئەمما بۇ خىل تەتقىقات كۆپرەك بەزى تارىخىي پاكىتلارنى دەلىللەش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تۆھپىسىنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن، ئەلۋەتتە بۇمۇ تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان خىزمەت. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈشى، تارقىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ خەنزۇلىششىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش روشەنكى ئىنتايىن يېتەرسىز، بولۇپمۇ يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى يەرلىك تەزكىرىلەردىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماتېرىياللارنى قېزىش خېلىلا يېتەرسىز. چەت ئەل ئالىملىرىدىن ئۇمېمۇرا خىروشى، مونار، فوخبىي، يامادا نوبۇئو، زېمې قاتارلىقلار تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىن پايدىلىنىپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسى توغرىسىدا ئىزدىنىپ كۆپلىگەن نەتىجىگە ئېرىشتى، ئەمما ئۇلار خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ۋە چۈشىنىش جەھەتتە نۇرغۇنلىغان ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىدى، شۇڭلاشقا ئومۇملاشتۇرغاندا نۆۋەتتە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك، ئۇنىۋېرسال تەتقىقات يېتەرسىز دېيىشكە بولىدۇ.

1

ئېلىمىزنىڭ داڭلىق ئالىمى ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى (1877 ـ 1927) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسىگە ئائىت نۇرغۇن قىممەتلىك تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى، ئۇ «ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە زىيارىتىگە ئىلاۋە»، «چىڭگىزخاننىڭ زەپەرنامىسىگە ئىلاۋە»،

«قەدىمقى غەربكە سەپەر خاتىرىسىنى سېلىشتۇرۇش خاتىرىسى» قاتارلىق كىتابلاردا ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخىي پاكىتلارنى شەرھلىدى، تولۇقلىدى ۋە تۈزەتتى.

چېن يۈەن ئەپەندى ئاساسلىقى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئەسەرلەر توپلىمىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى توغرىسىدا تەتقىقات» نى يازدى، مەزكۇر ئەسەر دەسلەپتە مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ئېلان قىلىندى، كېيىن بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «لىيۈن كۆتۈپخانىسىدىكى قولىيازمىلار» غا كىرگۈزۈلدى، چېن يۈەن ئەپەندى 100 نەچچە نەپەر رەڭدار كۆزلۈكلەرنىڭ خەنزۇلىشىش ئىش - ئىزلىرىنى مىسال كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئىچىدە 30 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ خەنزۇلىشىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈردى ۋە تەتقىق قىلدى.

خەن رۇلىن ئەپەندى 1940 - يىلى غەربىي جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى «جۇڭگو مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنى مەجمۇئەسى» نىڭ بىرىنچى تومىدا «تۈركلەرنىڭ ئەمەلناملىرىغا ئىنچىكىلىمە» نى ئېلان قىلدى، بۇ ماقالىدە پايدىلىنىلغان ماتېرىيال مول، تەھلىل ئەتراپلىق بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەل تۈزۈمىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئازادلىقتىن كېيىن مەملىكىتىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخى تەتقىقاتىدا يېڭى يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى، بۇ ئالدى بىلەن خەنزۇچە ماتېرىياللارنى رەتلەش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يۈەن سۇلالىسى تارىخى تەتقىقات كافېدراسى مەسئۇل بولۇپ تۈزگەن «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخىغا ئائىت پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» (قەدىمكى



زامان قىسمى، ئالتىنچى قىسىم) غا ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماتېرىياللار كىرگۈزۈلدى ھەم تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن ئالىملار ئىلمىي كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. چېن دېجى ئەپەندى «13 - ئەسىردىن بۇرۇنقى كېرەي خانىدانلىقى» («يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماقالىلار توپلىمى» ئۈچىنچى قىسىم، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1986 - يىل نەشرى) دېگەن ماقالىسىدا كېرەيلەرنىڭ تارىخىنى بايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر خانىدانلىقىنىڭ تارىخى ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن كېرەيلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بايان قىلغان. لىيۇ يىڭشېڭ ئەپەندى «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە چاغاتاي خانىدانلىقىنىڭ تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» (نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى) دېگەن ئەسىرىدە، پارسچە ۋە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ - دەلىللەپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ تارىخىي ھەققىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ تارىخى توغرىسىدىمۇ مۇناسىپ ئىزدەنگەن. ئۇ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر يەر ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى» («غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 1992 - يىللىق 4 — سان) ناملىق ماقالىسىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر يەر - جاي ناملىرىغا ئىنچىكىلىمە بەرگەن. چېڭ سۇلو مەملىكىتىمىزدە رادلوف ئېلان قىلغان ماقالىلەردىن پايدىلىنىپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي ئەھۋالى توغرىسىدا ئەڭ بۇرۇن تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇ «سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى يېزا ئىگىلىك فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ بىر نەچچە ئالاھىدىلىكى» («سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى» شاڭخەي قەدىمقى كىتابلار نەشرىياتى، 1982 - يىل نەشرى) دېگەن ماقالىسىدا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يانچىلىق تۈزۈمى، يەر ئىجارىگە بېرىش تۈزۈمى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغان. جاڭ چېڭجىنىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالى» («مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1983- يىللىق 5 - سان) ناملىق ماقالىسىمۇ بىر مۇھىم ماقالە، مۇئەللىپ يامادا نوبۇئۇ، ئۇمېمۇرا خىروشىلارنىڭ تەتقىقاتى ئاساسىدا 20 نەچچە پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە غەيرى دىنىي ھۆججەتتىن پايدىلىنىپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە سىنىپىي مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇرلار ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، سودا ئالاھىدىلىكىنى، ياللانما دېھقان ۋە بالا بېقىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغان. ليۇ يىڭشېڭنىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادى توغرىسىدا تەتقىقات» («ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 - يىللىق 4 - سان) دېگەن ماقالىسىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قانداشلىق جەمەت مۇناسىۋىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرى رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ ئەھۋالى، قۇللارنى ئېلىپ - سېتىش ۋە جىسمانىي بېقىندىلىق، يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان. گو پىڭلياڭ «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى توغرىسىدىكى يۈزەكى قاراشلىرىم» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1990 - يىللىق 2 - سان) دېگەن ماقالىسىدا قەدىمكى



ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەت ۋە بىر قىسىم خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسى، ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئەھۋالى ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرىنى بايان قىلغان. چېن گاۋخۇا ئەپەندى ئۇزاق مەزگىل خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى غەربىي يۇرتقا ئائىت خاتىرىلەرنى بېرىلىپ تەتقىق قىلدى، ئۇ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ رايونلىرى بىلەن بولغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى» («شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1977 — يىل نەشرى) دېگەن ماقالىسىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەرب بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلار رايونىغا كىرىشى، خەنزۇ خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا كۆچۈشىدەك كەڭ كۆلەملىك ئاھالە كۆچۈش ھەرىكىتى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. چېڭ سۇلوڭنىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ يازما تارىخىغا قوشقان تۆھپىسى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» («تارىخ ئوقۇتۇشى»، 1964 - يىللىق 3 - سان) ناملىق يەنە بىر ماقالىسى بىلەن بەي گاڭنىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تۆھپىسى توغرىسىدا يۈزەكى تەھلىل» («شۈجۈ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1978 - يىللىق 3 - سان) دېگەن ماقالىسىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا كىرىپ ئەمەل تۇتقان ئۇيغۇر ئەدىبلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىقتىساد مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى بايان قىلىنغان. جاڭ چېڭجىنىڭ «ئالمالىق، پولاد، ئېمىل قاتارلىق ئۈچ شەھەرنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇلار توغرىسىدا ئىزدىنىش» («جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى» غا كىرگۈزۈلگەن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر

نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى ) دېگەن ماقالىسىدا ئۈچ شەھەرنىڭ ئورنى ۋە موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى غەربىي شىمال رايونىنىڭ ۋەزىيىتىدىكى مۇھىملىقىغا قارىتا مۇھىم تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل ئېلىپ بېرىلغان . گېڭ شىمىن جاڭ گۇاڭدا ئەپەندى بىلەن بىرلىشىپ يازغان «سۈلمى ھەققىدە» («تارىخ تەتقىقاتى» 1980 ـــ يىللىق 2 ـ سان ) دە يېڭىدىن تېپىلغان بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىگە ئاساسلىنىپ ھەم ئۇنى ئىسلام تارىخىي ماتېرىياللىرى ۋە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا بىرلەشتۈرۈپ ، ئالدىنقىلار ئورنىنى ئېنىقلىيالمىغان «سۈلمى» نىڭ ئەمەلىيەتتە قاراشەھەرنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى . ياۋ دالى «موڭغۇل ـ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ۋەسىقىلىرىدىكى (ئىنجۇ ) مەسىلىسى» («نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1991 ـ يىللىق 2 ـ سان ) ناملىق ماقالىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەت ۋە پارسچە مەنبەلەردىكى خاتىرىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ، غەربىي يۇرت رايونىدىكى «ئىنجۇ» نىڭ مەنبەسىنى تەكشۈردى . ھەمدە «ئىنجۇ» نىڭ موڭغۇللارنىڭ «قۇبى» «ئانچۇ» تۈزۈمىنىڭ غەربىي يۇرت رايونلىرىدا ئەمەلىيلىشىشى ئىكەنلىكىدەك تارىخىي پاكىتنى ئايدىڭلاشتۇردى . چېن گاۋخۇا ئەپەندى «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدا يۈزەكى مۇھاكىمە» («شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ماقالىلار توپلىمى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1982 ـ يىل نەشرى ) دېگەن ماقالىسىدە خەنزۇچە تارىخى ماتېرىياللاردىن نەقىل ئېلىپ تابىن ، شېڭ شىمىڭلارنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى . ليۇ يىڭشېڭ ئەپەندى «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي شىمال رايونلىرىدىكى بۇددا دىنى» («يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەتقىقات مەجمۇئەسى» ، 6 ـ قىسىم ) ۋە «موڭغۇل ـ يۈەن



سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا خرىستىئان دىنىنىڭ تارقىلىشى» («يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەتقىقات مەجمۇئەسى» ، 7 ـ قىسىم ) ناملىق ئىككى پارچە ماقالىسىدە ئايرىم ـ ئايرىم يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بۇددىستلار ئىچىدىكى مەشھۇر شەخسلەر ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردىكى بۇددا دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەر ھەم نېستورىيان دىنىنىڭ (تاڭ دەۋرىدىكى يازما ھۆججەتلەردە يەنە نېستورى دىنى دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان ) ئۇيغۇرلار رايونىدا تارقىلىش ئەھۋالىنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلغان .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن قارىغاندا ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى مول ، ئەمما يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئوينىغان رولى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى يوق دېيەرلىك ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر ، ئائىلۇق ، جەمئىيەت ، ئىقتىساد ، سىياسىي تۈزۈم ، مەدەنىيەت ، دىن ، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارقىلىشى ، ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ پائالىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېلىمىز ئالىملىرى تەتقىقات ئېلىپ بارمىغان ياكى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلمىغان . شۇڭا مەخسۇس تېما تەتقىقاتى ئاساسىدا ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى يورۇتۇش ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ يۈەن سۇلالىسى جەمئىيىتىدىكى رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك .

## 2

چەت ئەل ئالىملىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتقا كىرىشكىلى ئۇزۇن بولدى .

ياپونىيىلىك ئالىم ئابې تاكېئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (سۇڭ سۇيىڭ قاتارلىقلار خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى) دېگەن كىتابى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخى تەتقىق قىلىنغان مۇھىم ئەسەردۇر.

ئامېرىكىلىق ئالىم ئالسېن «13 - ئەسىردىكى يۈەن سۇلالىسى ۋە تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار» دېگەن ماقالىسىدا، ئاساسلىقى جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھانكۇشاي» (پارسچە باسما) دېگەن ئەسىرىگە ئاساسلىنىپ، چاغاتاينىڭ سۇيۇرغال زېمىنى توغرىسىدا توختالغان ئىككى ئابزاس سۆزىدە چاغاتاينىڭ سۇيۇرغال زېمىنى ئۇيغۇرلار رايونىدىن ماۋەرائۇننەھر رايونىغىچە سوزۇلغان دەپ ئۇيغۇرلار رايونىنى چاغاتاي سۇيۇرغاللىقىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋەتكەن. ئالسېن تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 1304 — 1305 - يىللىرى موڭغۇل خانلىرى كېڭىشىشتىن بۇرۇن، قارا قوچونى دۇۋا ئىگىلىۋالغان دەپ كۆرسەتكەن، مۇشۇنداق بولغاندا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن «بۈيۈك جېڭشى قامۇسى» دا ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ نېمە ئۈچۈن چاغاتاي خاندىن كېيىنكى خان دۇلاي تۆمۈرنىڭ سەلتەنىتىگە مەنسۇپ قىلىنغانلىق مەسىلىسىنى بىر قەدەر ياخشى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ماقالىدا يەنە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللارغا ئۆتىگەن مەجبۇرىيىتى ۋە باج - سېلىق، ئولپان تاپشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەخسۇس تېمىلارمۇ تەتقىق قىلىنغان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى تىخونوف «10 — 14 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى» (« бщественны йгурского государств - X Ⅵ BB» ، دېگەن كىتابىدا ر.رەخمەت ئارات، رادلوف، (M - Л, 1966Г مالوفلار ئېلان قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنى تەتقىقات



ماتېرىيالى قىلىپ، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ يەر تۈزۈمى، سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي ئىگىلىك مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلغان، ئەمما، مۇئەللىپ ئاساسلانغان خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئەمەس، بەلكى بىچۇرىن قىسقارتىپ پىششىقلىغان ماتېرىياللار بولغاچقا، ئۇ پەرەز، ھۆكۈملىرىدە خاتالىقتىن ساقلىنالمىغان. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا 10 — 14 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم پايدىلىنىش كىتابى ھېسابلىنىدۇ.

فېدېراتىپ گېرمانىيە ميۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى فوخبېي تۇرپاندىن تېپىلغان موڭغۇل يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى بېرىلىپ تەتقىق قىلغان، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە موڭغۇلچە ھۆججەتلەردىكى باج - سېلىق توغرىسىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەتنى كۆچلۈك تەكىتلىگەن. فوخبېي تۇرپان مورتۇقتىن تېپىلغان 92 — نومۇرلۇق (TM92) ھۆججەت توغرىسىدا «1369 - يىلىدىكى بىر پارچە موڭغۇلچە ئالاھىدە ئىمتىيازنامە»، «تۇرپاندىن تېپىلغان بىر پارچە موڭغۇل يېزىقىدىكى ئالاھىدە ئىجازەتنامىنىڭ كەمتۈك ۋارىقى (TM92)» ۋە «يەنە مورتۇقتىن تېپىلغان 92 - نومۇرلۇق تۇرپان ھۆججىتى توغرىسىدا» قاتارلىق ئۈچ پارچە ماقالىسىنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلدى. (بۇ ماقالىلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئورال - ئالتاي يىللىق ژۇرنىلى» نىڭ ئومۇمىي 47 - سانىغا، 1975 - يىل؛ «كانادا موڭغۇل ئوبزورى» نىڭ 1977 - يىللىق 3 - سانىغا بېسىلغان).

## § 3 . مەزكۇر تەتقىقات تېمىسىنىڭ ئەھمىيىتى

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ۋاقىتتىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار رايونلىرى ۋە ھەر قايسى كۆچمەن چارۋىچى قوۋملار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇساپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قىرغىزلار ئۇيغۇر شەھىرى (ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قارا بالغاسۇن قەدىمي شەھىرى) گە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ قاغانىنى ئۆلتۈرۈپ، قاغان ئوردىسىغا ئوت قويۇۋەتكەنلىكتىن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى پىتراپ كېتىپ غەربكە كۆچكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى قوچو رايونىدا ماكانلاشقان. موڭغۇللارنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلىشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئەل بولغان، شۇڭلاشقا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى موڭغۇل، تۈرك، خەنزۇلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، بۇ توغرىسىدا بىر قەدەر چوڭقۇر سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر.

يەنە بىر جەھەتتىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈزلۈكسىز ھالدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كىرىپ ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ، تەدرىجىي ھالدا خەنزۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، خەنزۇلارغا يېڭى قان قوشتى. ئۇنداقتا



ئىچكىرىگە كۆچكەن بۇ ئۇيغۇرلار قانداق تارقالغان؟ ئۇلار خەنزۇلار رايونىدا قانداق پائالىيەت قىلغان؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن خەنزۇلىشىپ كەتكەن؟ بۇ ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى قانداق تۆھپىلەرنى قوشقان؟ بۇ كىتابتا مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە قانات يايدۇرۇلىدۇ.

## § 4 . بىر نەچچە چۈشەندۈرۈش

بىرىنچى، كىتابتا تەتقىق قىلىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى ئاساسلىقى يۈەن شىزۇ دەۋرىدىن كېيىنكى مەزگىللەر بىلەن چەكلىنىدۇ. ئەمما يېزىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، بەزى ۋاقىتتا يەنە ئالدىنقى تۆت قاغان دەۋرىدىكى بەزى تارىخىي مەسىلىلەرگىمۇ چېتىلىدۇ.

ئىككىنچى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇقۇمى، بۈگۈنكى تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار «بەش شەھەر»① نى مەركەز قىلىپ ئولتۇراقلاشقان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋەسىقىلەردىكى قوچولۇقلار ۋە بېشبالىقلارنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى شۈبھىسىز، قۇمۇللۇقلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولمىغان ئايرىم بىر توپ ئىدى. ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرمۇ ئۇيغۇرلارغا تەۋە ئەمەس، قەدىمقى

---

① «بەش شەھەر» — بېشبالىق، قارا قوچو، جانبالىق، يېڭىبالىق، سۇلمى (Solmilsulmi) دىن ئىبارەت، بەش شەھەرنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا لىيۇ يىڭشېڭنىڭ «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» نىڭ 1992 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلغان «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت يەر ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ).

دەۋردىكى خەنزۇچە يازما تارىخىي كىتابلاردا ئۇلار تۇغۇلغان جايغا ئاساسەن ئاتالغان، ئالايلۇق ئودۇنلۇق (شىنجاڭدىكى خوتەن) قەشقەر (هازىرقى شىنجاڭدىكى قەشقەر) لىك دېگەندەك .

ئۈچىنچى، كىتابتا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمىنى تەتقىق قىلىشتا ئاساسلىقى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغان، بۇ ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئالىملىرى تۇرپان رايونىدىن بايقىغان تېپىلمىلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىلگىرىكىلەر تەرجىمە قىلىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان. شۇنىڭدەك، ئايرىم - ئايرىم هالدا رۇس تىلى، نېمىس تىلى، ياپون تىلى، ئىنگلىز تىلى، فرانسۇز تىلى، تۈرك تىلى ۋە خەنزۇتىلى قاتارلىق كۆپ خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ دەۋرىگە ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق كۆپ قىسمىنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرى (يەنى موڭغۇل - يۈەن سۇلالىسى دەۋرى) گە تەۋە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھۆججەتنىڭ دەۋرىنى بېكىتىش ئۆلچىمى قىلىشقا بولىدۇ.

1. ھۆججەتنىڭ يېزىلىش شەكلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆپىنچىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېز يازما شەكلىدە يېزىلغان، s بىلەن z، t ۋە d ھەرپلىرىنىڭ سۆزلەر ئارىسىدا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلىشى دائىم كۆرۈلىدۇ[1].

① گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر نەچچە پارچە ھۆججەتنىڭ يەشمىسى» «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، (1980 - يىللىق 5 - سان)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە توختامنىڭ يەشمىسى» «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (1978 - يىللىق 2 - سان).



2. ھۆججەتلەردە «yastuq» («锭»)، «čao» («钞»)، «baqīr» («باقىر» 分 ياكى 文)، «satīr» («سەر» 两) قاتارلىق يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۇل بىرلىكلىرى ئۇچرايدۇ[1].

3. «ulugh suü»[2] («يەنى موڭغۇل ئىمپېراتورى»)، «ogoday» («ئۆگۆداي»)، «daruɤa» («داروغا») قاتارلىق يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە خاس ئىسىملار ئۇچرايدۇ.

4. ھۆججەتلەردە «yasa» («جاساق») قا ئوخشاش موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۈزۈم نامىمۇ ئۇچرايدۇ.

5. ھۆججەتلەردە ئاھاڭ تەرجىمىسى بىلەن يېزىلغان «Taydu» («دادۇ» (چوڭ ئاستانە)) قاتارلىقلارغا ئوخشاش يەر نامىلىرى ئۇچرايدۇ.

مۇئەللىپ ئاخىرىدا نەقىل ئالغان 113 پارچە ھۆججەتنى

① موڭغۇل تىلىدا ياستۇق «سۈكې» («Suke») دېيىلىدۇ. ئەسلىي مەنىسى پالتا، شەكلى كۈمۈش ياستۇقنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ، شۇڭلاشقا مۇشۇنداق ئاتالغان (يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» 279 پاراگرافتا بۇ سۆز كۈمۈش ياستۇقنى كۆرسىتىدۇ)، ئۇيغۇرلار ياستۇقنى Yastuq دەپ پارسلار بالىش دەپ ئاتايدۇ. يەنە موڭغۇل تىلىدا سەر «سىجىر» («Sijir»)، تىيىن «باقىر» («baqir») دېيىلىدۇ («خەنزۇچە - بەدەۋىچە تەرجىمە ئىسىملىرىغا قاراڭ»)، بۇ ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن. بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا، مائېداناغۇنورى: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۇل بىرلىكلىرى» («يۈەن سۇلالىسى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات») (19 ~ 39 - بەتلەر)؛ چېن دېجى: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۇل قانۇنى» («نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 - يىللىق 4 - سان) لارغا قاراڭ.

② ulugh suü تۈرك تىلىدىكى سۆز، «زور قوشۇن» دېگەن مەنىدە. فېڭ جياشېڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە توختام» («تارىخ تەتقىقاتى» نىڭ 1954 - يىللىق 1 - سانىغا قاراڭ) ناملىق ماقالىسىدە، رادلوف «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» («uig.urische sprachdenkm äler» لېنىنگراد (1928 - يىل) 78 ھۆججەتنىڭ 134 - بېتى، 115 - ھۆججەتنىڭ 210 - بېتى؛ 216 - ھۆججەتنىڭ 211 — 212 - بەتلىرىدە بىردەك «ulugh suü» زور قوشۇن دەپ چۈشەندۈرگەن. لىگېتى: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر پارچە ئۇيغۇرچە ھۆججەت» نىڭ 1 ~ 18 - بەتلىرىدە جۇ تاڭگۇەندىكى مۇنار قوپۇرۇپ كىچىك خەت بىلەن يېزىق ئويۇلغان تۆھپە پەزىلەت خاتىرىسى ۋە «يەتتە يۇلتۇز نومى» نىڭ كەمتۈك ۋارىقىغا ئاساسلىنىپ ulugh suü نىڭ موڭغۇل پادىشاھىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. گېڭ شىمىننىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە توختام» («مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (1978 — يىللىق 2 - سان) دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرك تىلىدىكى ulugh suü («زور قوشۇن») دېگەن سۆز بىلەن يۈەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىنى ئاتىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

جەدۋەللەشتۈرۈپ ، ھۆججەتلەرنىڭ رەت نومۇرى ، ئەسلىدىكى نومۇرى ، ھۆججەت نامى ، يىغىپ ساقلىغۇچى ، تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ .

تۆتىنچى ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات ناھايىتى چوڭ بىر تېما . قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ھەر بىر ھۆججەت ياكى ھۆججەتتىكى مەزمۇنلارغا چېتىلىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم جەھەتتىكى ئاتالغۇلارغا قارىتا مەخسۇس تېما سۈپىتىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارسا بولىدۇ ، بىلىم سەۋىيىسى ۋە تۈركىي تىللار بىلىملىرىنىڭ يېتەرسىز بولۇشىدەك چەكلىمىلىك سەۋەبىدىن ، مۇئەللىپ بۇ توغرىسىدا تېخىمۇ تەپسىلىي ، چوڭقۇر ئىزدىنەلمىدى . بۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش . تېخىمۇ ئىنچىكە ، چوڭقۇر تەتقىقات بۈگۈندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغۇسى .



## قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنىڭ قىسقىچە جەدۋىلى

| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت ئىسمى | تېپىلغان ئورۇن ، ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات (بىرەدەك قىستۇرتىلىپ يېزىلدى) |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| 1 | TI(M221) | بېرىنچى قېتىملىق پرۇسسىيە خان جەمەتى تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئۈمىكى Grünwedel | باج كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈنۈش ھۆججىتى | 1903 ـ يىلى تۇرپان سورتۇقتىن تېپىلغان | usp,No,22PP.28—32 Arat.1937 PP.101—112 يۈەن دىڭ 1988 يۈەن دىڭ 1992.4 يامادا نوبۇئو 1965 PP.202—204zime. 1980PP, 227—228 |
| 2 | TIID.373a | لېكوك گرۈنۋېدېل | تىلخەت | تۇرپان ئىدىقۇت شەھىرىدىن تېپىلغان ، بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | usp,No,83P.138 يۈەن دىڭ u.1992 39 ـ 40 ـ بەتلەر |
| 3 | Usp,No.49 | كلېمېنتس روبوروۋسكى | تېمۇرنىڭ ئاقچا ئۆتنە ئېلىش توختامى | تۇرپان ئىدىقۇت شەھىرىدىن تېپىلغان . ھازىر پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتىدۇ | يۈەن دىڭ 4.1992 40 ـ 41 ـ بەتلەر usp,PP.84—85 |
| 4 | TID.187(M206) | گرۈنۋېدېل | ئاياللارنى ئېلىپ سېتىش توختامى | 1903 ـ يىلى تۇرپاندىن تېپىلغان . ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | Usp.pp.21—23 MaπOB,1951 PP.211—214 يۈەن دىڭ 1.1987 |

| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن، ۋاقىت | ماتېرىيال چىققان ئورۇن ۋە تەتقىقات (قىستارتىلىپ يېزىلدى) |
|---|---|---|---|---|---|
| 5 | Usp.NNo.56 | كلېمېنتس روبوروۋسكى | دېرەك ئېلىپ سېتىش ھۆججىتى | 1985 ـ يىلى تۇرپاندىن تېپىلغان، ھازىر پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتىدۇ | يۈەن دىڭ 1987.1 53 ـ 54 ـ بەتلەر Usp,pp.98−99 |
| 6 | 3Kr.38 | كروتوف | دېرەك ئېلىپ سېتىش توختامى | ئۇرۇمچىدىن تېپىلغان | USP.No.110 P.206Vamada,1972 PP.208−212 |
| 7 | 3Kr.34 | كروتوف | دېرەك ئېلىپ سېتىش ھۆججىتى | ئۇرۇمچىدىن تېپىلغان | Usp,No.114pp.208−209 يۈەن دىڭ 1987.1 57 ~ 58 ـ بەتلەر |
| 8 | TIID.373 | پرۇسسىيە خان جەمەتى تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى | دېرەك ئېلىپ سېتىش ھۆججىتى | ئىدىقۇت شەھىرىدىن تېپىلغان، ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP,No.61PP.209−210 يۈەن دىڭ 1.1987 58 ـ 60 ـ بەتلەر |
| 9 | Usp.No.57 | كلېمېنتس روبوروۋسكى | ئۈزۈم سېتىش توختامى | تۇرپاندىن تېپىلغان، ھازىر پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتىدۇ | يۈەن دىڭ 1987.1 60 ~ 62 ـ بەتلەر USP.PP.100−101 |
| 10 | Usp.No51 | كلېمېنتس روبوروۋسكى | ئوغلىنى سېتىش توختامى | تۇرپاندىن تېپىلغان، ھازىر پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتىدۇ | يۈەن دىڭ 1987.1 62 ~ 64 ـ بەتلەر USP.PP.86−88 |
| 11 | T II C igtimNo. 7 | لېكوك | قۇلغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى تەقسىملەش ھۆججىتى | تۇرپاندىن تېپىلغان، ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | Usp,No.73 pp.125−129 يۈەن دىڭ 64 ~ 66 ـ بەتلەر |



| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت نامى | بايقالغان ئورۇن، ۋاقىت | ماتېرىيالنىڭ چىققان ئورۇن ۋە تەتقىقات (قىستارتىلىپ يېزىلىشى) |
|---|---|---|---|---|---|
| 12 | USP.No28 | گرۈنۋېدېل | شېرىكلىشىپ يەر تېرىش توختامى | 1903 ـ يىلى تۇرپاندىن تېپىلغان | USP, PP. 41 − 42MaπOB,1951 PP.216−217ziene.1980 PP.227−228 يۈەن دىڭ 1.1987 66 ـ 67 ـ بەتلەر |
| 13 | TID. 176 (m232) USP. No2 | گرۈنۋېدېل | يەر ئىجارىگە بېرىش توختامى | 1903 ـ يىلى تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان | USP. PP. 2 − 3LeCopo1918 يۈەن دىڭ 1.1987 67 ـ 69 ـ بەتلەر |
| 14 | TI (M237) USP.No.11 | گرۈنۋېدېل | يەر ئىجارىگە بېرىش توختامى | 1903 ـ يىلى تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان | گرۈنۋېدېل 1905 USP.PP.11−12 يۈەن دىڭ 1.1987 69 ـ 70 ـ بەتلەر |
| 15 | TI(M78)USP. No.19 | گرۈنۋېدېل | ئۈزۈملۈكنى ئىجارىگە بېرىش توختامى | 1903 ـ يىلى تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان | گرۈنۋېدېل 1905 USP.PP.25−26 MaπOB,1951P.214 يۈەن دىڭ 2.1987 64 ـ 65 ـ بەتلەر |
| 16 | TI (M227) USP.No.6 | گرۈنۋېدېل | ئۈزۈملۈكنى ئىجارىگە بېرىش توختامى | 1903 ـ يىلى تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان | گرۈنۋېدېل 1905 USP,P.6 يۈەندىڭ 2.1987 65 ـ 66 ـ بەتلەر |

| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات، (بىردەك قىسقارتىلىپ يېزىلىشى) |
|---|---|---|---|---|---|
| 17 | 3Kr.36 | كروتوف | ئۈزۈملۈكنى ئېلىپ سېتىش توختامى | ئۈرۈمچىدىن تېپىلغان | USP.No.109P.205<br>يۈەن دىڭ 2.1987<br>66 - 68 - بەتلەر |
| 18 | TID. 168 (M224) | گرۈنۋېدېل | ئۈزۈملۈكنى ئېلىپ سېتىش توختامى | 1903 — يىلى تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان | گرۈنۋېدېل 1905<br>USP.PP.14—16MaπOB, 1951<br>يۈەن دىڭ 1.1987<br>69 - 70 - بەتلەر |
| 19 | 3Kr.41 | كروتوف | يەر ئېلىپ سېتىش توختامى | ئۈرۈمچىدىن تېپىلغان. لېنىنگرادتىكى مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP, No. 107PP. 202 — 203<br>يۈەن دىڭ 1987 - يىلى<br>70 - 73 - بەتلەر |
| 20 | 3Kr.39 | كروتوف | يەر ئېلىپ سېتىش سېتىۋېلىش توختامى | ئۈرۈمچىدىن تېپىلغان، لېنىنگراد ئاسىيا مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.108 PP.204—205<br>يۈەن دىڭ 1987 . 2<br>73 - 75 - بەتلەر |
| 21 | TID. 176 (M238) USP. No15 | گرۈنۋېدېل | يەر ئېلىپ سېتىش توختامى | 1903 — يىلى تۇرپاندىن تېپىلغان | گرۈنۋېدېل 1905<br>USP,No.15<br>يۈەن دىڭ 1987 - يىلى 2<br>75 - 77 - بەتلەر |
| 22 | TI (M225) USP.No.12 | گرۈنۋېدېل | يەر ھەققىنى قايتۇرۇش توختامى | 1903 — يىلى تۇرپان ئىدىقۇتتىن تېپىلغان | گرۈنۋېدېل 1905<br>USP,No,12.<br>يۈەن دىڭ 2.1987<br>77 - 79 - بەتلەر |



| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات، (بىردەك قىسقارتىلىپ يېزىلىشى) |
|---|---|---|---|---|---|
| 23 | USP.No.38 | گرۈنۋېدېل | باج تاپشۇرۇش ھۆججىتى | تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان | USP,No.38PP,55—56<br>56 - 57 - بەتلەر<br>يۈەن دىڭ 1989 . 1<br>56 - 57 - بەتلەر |
| 24 | USP.No.33 | گرۈنۋېدېل | باج تاپشۇرۇش ھۆججىتى | 1903 — يىلى تۇرپان ئىدىقۇت شەھرىدىن تېپىلغان | گرۈنۋېدېل 1905<br>USP,No.33PP.50—51<br>يۈەن دىڭ 1989 . 1<br>57 - 58 - بەتلەر |
| 25 | TIID.360 | لېكوك | ئۆلپان يىغىش ھۆججىتى | ئىدىقۇت قەدىمكى شەھرىدىن تېپىلغان ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.91PP.153—155<br>يۈەن دىڭ 1989 . 1<br>59 - 61 - بەتلەر |
| 26 | USP.No.25 | گرۈنۋېدېل | ئەمگەك ۋە باج سېلىق ئالۋىڭى ھۆججىتى | 1903 — تۇرپان ئىدىقۇتتا بايقالغان | گرۈنۋېدېل 1905<br>USP.No.25PP.34—35<br>يۈەن دىڭ 1989 .1<br>62 - 63 - بەتلەر |
| 27 | USP.No.93 | لېكوك | ئىشلەمچى ياللاش ھۆججىتى | تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان | USP.No.93P.150<br>يۈەن دىڭ 1989 .1<br>63 - بەت |
| 28 | TIID.238a | لېكوك | 首思 تاپشۇرۇش ھۆججىتى | ئىدىقۇت شەھرىدىن تېپىلغان ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.75P.129<br>يۈەن دىڭ 1989 . 1<br>63 - 64 - بەتلەر |

| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات ، (قىسقارتىلىپ يېزىلىشى ) |
|---|---|---|---|---|---|
| 29 | USP.No.54 | كلېمېنتس روبوروۋسكى | ئات سېلىقى يىغىش ھۆججىتى | تۇرپاندىن تېپىلغان ھازىر پېتىربۇرگدا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No,54P.93<br>يۇەن دىڭ 1981 . 1<br>64 ـ 65 ـ بەتلەر |
| 30 | 3Kr.29a | كروتوف | ئەمگەك ھاشار ـ سېلىق ھۆججىتى | ئۈرۈمچىدىن تېپىلغان لېنىنگراد ئاسىيا مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.123P.214<br>يۇەن دىڭ 1989 ـ يىلى<br>65 ـ 66 ـ بەتلەر |
| 31 | 3Kr.29b | كروتوف | باج يىغىش ھۆججىتى | ئۈرۈمچىدىن تېپىلغان ، ھازىر لېنىنگراد ئاسىيا مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.123P。214<br>يۇەن دىڭ 1989 . 1<br>66 ـ 67 ـ بەتلەر |
| 32 | USP.No53 | كلېمېنتس | تۆت پارچە (A,B, C,D ) سېلىق يىغىش ھۆججىتى | تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان ھازىر پېتىربۇرگدا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.53PP.90—92<br>يۇەن دىڭ 1989 . 1<br>67 ـ 70 ـ بەتلەر |
| 33 | 3Kr.316 | كروتوف | سېلىق تۆلەش ھۆججىتى | ئۈرۈمچىدىن تېپىلغان | USP.No.125P.125<br>يۇەن دىڭ 1989 . 1<br>70 ـ 72 ـ بەتلەر |
| 34 | TID. 200 (M223) USP. No.21 | گرۈنۋېدېل | سېلىقنى كەچۈرۈم قىلىش ھۆججىتى | 1903 ـ يىلى تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان | Arat,1937P.107<br>USP, PP, 27—27<br>يۇەن دىڭ 1982<br>36 ـ بەتلەر |



| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات ، (بىردەك قىسقارتىلىپ يېزىلىشى) |
|---|---|---|---|---|---|
| 35 | TIID.205b | گرۈنۋېدېل لېكوك | ئىبادەتخانىنىڭ سېلىقىنى كەچۈرۈم قىلىش يارلىقى | 1905 ـ 1907 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇرپاننىڭ مۇرتۇقتىن تېپىلغان . ھازىر دېموكراتىك گېرمانىيە ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP, No, 88PP. 143 — 148<br>يۇەن دىڭ 1989 . 2<br>58 ـ 62 ـ بەتلەر<br>ياڭ فۇشۆ 1992 . 1<br>zieme.1981PP.237—263 |
| 36 | TI (M220) USP.No14 | گرۈنۋېدېل | مال ـ مۈلۈك ئۆتنە ئېلىش ، باج ـ سېلىق ئورنىغا ئىشلەپ بېرىش ھۆججىتى | 1903 ـ يىلى تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان | USP.No.14PP.16—18<br>يۇەن دىڭ 1989 . 2<br>62 ـ 64 ـ بەتلەر |
| 37 | TIINrw.4 | گرۈنۋېدېل | ئىنئانە سېلىقى ۋە ھاشار توغرىسىدىكى كېلىشىمنامە | تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.77PP.130—132<br>يۇەن دىڭ 1989 . 2<br>65 ـ 67 ـ بەتلەر |

| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات، (بىردەك قىسقارتىلىپ يېزىلىشى) |
|---|---|---|---|---|---|
| 38 | بىنتۇك 16.3 | جۇڭگو — شىۋېتسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى | بىنتۇك (ئەنبەن) نىڭ ئۆزىنى سېتىش توختامىنىڭ ئۈچىنچى خېتى | 1953 — يىلى تۇرپاننىڭ ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان | فېڭ جياشېڭ 1958 113 - 116 - بەتلەر lieeti1973PP,1—18 گېڭ شىمىن 1978 45 - 49 - بەتلەر |
| 39 | يەم — بوغۇز يارلىقى No.1 | تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى | يەم - بوغۇز سېلىقى تۆلەش يارلىقى (1) | 1974 - يىلى 10 — ئايدا تۇرپان بېزەكلىكىدىن تېپىلغان ھازىر تۇرپان شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | گېڭ شىمىن 1980 83 — بەت قۇربان ۋەلى 1984 105 - 106 - بەتلەر |
| 40 | | تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى | (2) يەم - بوغۇز سېلىقى تۆلەش يارلىقى (2) | 1974 - يىلى 10 — ئايدا تۇرپان بېزەكلىكتە تېپىلغان ھازىر تۇرپان شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | گېڭ شىمىن 1980 83 - 84 - بەتلەر قۇربان ۋەلى 1984 105 - بەت |
| 41 | | تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقۇرۇش ئورنى | يەم - بوغۇز سېلىقى تۆلەش يارلىقى (3) | 1974 - يىلى 10 — ئايدا تۇرپان بېزەكلىكتىن تېپىلغان ھازىر تۇرپان مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | گېڭ شىمىن 1980 84 — بەت قۇربان ۋەلى 1984 106 - بەت |



| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات، (بىردەك قىسقارتىلىپ يېزىلىشى) |
|---|---|---|---|---|---|
| 42 | | تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى | يەم - بوغۇز سېلىقى تۆلەش يارلىقى (4) | 1974 - يىلى 10 — ئاي تۇرپان بېزەكلىكىدىن تېپىلغان ھازىر تۇرپان شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. | گېڭ شىمىن 1980 84 - بەت قۇربان ۋەلى 1984، 106 - بەت |
| 43 | | تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى | يەم - بوغۇز سېلىقى تۆلەش يارلىقى (5) | 1974 - يىلى 10 — ئاي تۇرپان بېزەكلىكتىن تېپىلغان ھازىر تۇرپان شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | قۇربان ۋەلى 1984، 106 - بەت |
| 44 | SJO170[0.7] | ئولدېنبۇرگ | ئوغلىنى سېتىش توختامى | 1914 - 1915 - يىللىرى (3) بېزەكلىك مىڭ ئۆيدىن تېپىلغان ھازىر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | MaπOB,1932No.2 PP.129—149 ئېكامى ناسىئو 1938 PP,149—152 يامادا نوبۇئو 1972 PP,165—267 |
| 45 | TIM95(D181) | گرۈنۋېدېل | ئوغلىنى سېتىش توختامى | ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان ھازىر گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ | يامادا نوبۇئو 1972 (a) PP.190—196 ئۇمېمۇرا خىروشى 1977 PP.492—494 يۈەن دىڭ 1990 ▮ 2 54 - 56 - بەتلەر |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 46 | TIIIM205<br>(u3908) | لېكوك | تېرىلغۇ يەر سېتىش توختامى | تۇرپاننىڭ مۇرتۇقتىن تېپىلغان ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | zieme.1974PP.295—305<br>يۇن دىك 1990. 2<br>56 ـ 59 ـ بەتلەر |
| 47 | Ot.Ry1414a | ياپونىيە ئوتانى تەكشۈرۈش ئەترىتى | يەر ئېلىپ سېتىش توختامى | تۇرپاندىن تېپىلغان ھازىر لۇۋېنگو ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | يامادا نوبۇئو 1961<br>PP.209—212<br>يۇن دىك 1990. 2<br>59 ـ 62 ـ بەتلەر |
| 48 | ئىستانبۇل ئۇنىۋېرستىتى<br>No.35 | | ئۆزۈملۈكنى ئېلىپ سېتىش توختامى | تۇرپاندىن تېپىلغان ھازىر ئىستانبۇل ئۇنىۋېرستېتى مەركىزى كۇتۇپخانا كۆرگەزمىخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | Arat.1965PP.263—272<br>يامادا نوبۇئو 1968.<br>PP.18—21<br>يۇن دىك 1990. 2<br>62 ـ 64 ـ بەتلەر |
| 49 | TIINr13 | گرۈنۋېدېل<br>لېكوك | يەر ئىجارىگە بېرىش توختامى | تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No,87P.142<br>يۇن دىك 1990. 2<br>zieme.1980PP.232—233 |
| 50 | TID. 135<br>(M205) | گرۈنۋېدېل | | 1903 ـ يىلى تۇرپاننىڭ ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.32PP.48—49<br>يۇن دىك 1990. 2<br>66 ـ 67 ـ بەتلەر |



| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات، (بىردەك قىسقارتىلىپ يېزىلىشى) |
|---|---|---|---|---|---|
| 51 | TID. 51 (M. 222) USP. No18 | گرۈنۋېدېل | ئاقچا ئۆتنە ئېلىش توختامى | 1903 ـ يىلى تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمى شەھىرىدىن تېپىلغان | USP,No,18PP.24—25<br>ياماتاشىدا 1965<br>PP.191—192<br>لى جىڭۋېي 1991. 2<br>32 ـ 43 ـ بەتلەر<br>LeCop,194 |
| 52 | USP.No.52 | كلېمېنتىس روبوروۋسكى | ئاقچا ئۆتنە ئېلىش توختامى | 1898 ـ يىلى تۇرپاندىن تېپىلغان ھازىر پېتىربۇرگدا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP,No.52PP.89—90<br>لى جىڭۋېي 1991. 2<br>34 ـ 35 ـ بەتلەر |
| 53 | USP.No.52 | يوقىرىدىكىگە ئوخشاش | ئاقچا ئۆتنە ئېلىش توختامى | 1898 ـ يىلى تۇرپاندىن تېپىلغان پېتىربۇرگدا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.47PP.82—83<br>لى جىڭۋېي 1991. 2 |
| 54 | 3kr.336 | كروتوف | ئاقچا ئۆتنە ئېلىش توختامى | ئۈرۈمچىدىن تېپىلغان لېنىنگراد ئاسىيا مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.113P.208<br>لى جىڭۋېي 2. 1991<br>36 ـ 37 ـ بەتلەر |
| 55 | USP.No.48 | كلېمېنتىس روبوروۋسكى | كېيىن تولۇقلانغان ئاقچا ئۆتنە ئېلىش توختامى | 1898 ـ يىلى تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان | USP.No.48PP.83—84 |
| 56 | TI (M234)<br>USP.No10 | گرۈنۋېدېل | بۆز ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | 1903 ـ يىلى تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان | USP.No.10,PP,10—13<br>لى جىڭۋېي 1991. 2<br>38 ـ 39 ـ بەتلەر |

| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات، (بىردەك قىسقارتىلىپ يېزىلىشى) |
|---|---|---|---|---|---|
| 57 | TI (M212) USP.No.29 | گرۈنۋېدېل | بۆز ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | 1903 ـ يىلى تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان | USP.No.29PP,42—43 يامادا نوبۇئو 1965 PP.185—187 لى جىڭۋېي 1991. 2 40 ـ 41 ـ بەتلەر |
| 58 | USP.No.34 | گرۈنۋېدېل | بۆز ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | 1903 ـ يىلى تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان | USP.No.34PP,51—52 لى جىڭۋېي 1991. 2 41 ـ 43 ـ بەتلەر |
| 59 | TIID149a | لېكوك | بۆز ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان. ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.67PP.120—121 لى جىڭۋېي 1991. 2 43 ـ 44 ـ بەتلەر |
| 60 | TIITOyOPUS PNo.85 | گرۈنۋېدېل | بۆز ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | 1898 ـ يىلى تۇرپاندىن تېپىلغان پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No,85P.140 لى جىڭۋېي 1991. 2 44 ـ 45 ـ بەتلەر |
| 61 | TI229USP. No5 | گرۈنۋېدېل | كۆن ۋە يىپەك ئۆتنە ئېلىپ كېيىن تولۇقلاپ بېرىلگەن توختامى | 1903 ـ يىلى تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان | USP.No.5PP.7—8 لى جىڭۋېي 1991. 2 45 ـ 46 ـ بەتلەر |
| 62 | TI (M233) USP.No.20 | گرۈنۋېدېل | كۆنچۈت ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش | USP.No.20PP.26—27 لى جىڭۋېي 1991. 2 48 ـ 49 ـ بەتلەر |



| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات، (بىردەك قىسقارتىلىپ يېزىلىشى) |
|---|---|---|---|---|---|
| 63 | USPNo.37 | گرۈنۋېدېل | كۆنچۈت ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى | USP.PP.54—55 |
| 64 | TI (M215) USP.No.27 | گرۈنۋېدېل | كۆنچۈت ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش | USP.PP.40—41MaπOB. 1951 PP.215—216 |
| 65 | TID. 176 (M226) USP. No.7 | گرۈنۋېدېل | كۆنچۈت ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش | USP. PP. 7 — 8MaπOB, 1951 PP,215—216 |
| 66 | | ياپونىيە ئوتانى تەكشۈرۈش ئەترىتى | تېرىق ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | 1902 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن تېپىلغان، ھازىر ياپونىيە جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | يامادا نوبۇئو 1961 PP.212—214 يامادا نوبۇئو 1965 PP.77—78 |
| 67 | TID. 176 (M230) USP. No.3 | گرۈنۋېدېل | ھاراق ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | 1903 ـ يىلى تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان | USP.PP.1—2 |

| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات، (بىردەك قىسقارتىلىپ يېزىلىشى) |
|---|---|---|---|---|---|
| 68 | TI (M235) USP.No.3 | گرۈنۋېدېل | ئېشەك ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش | USP.OO.3—4 يامادا نوبۇئو 1965 P.161 |

| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات |
|---|---|---|---|---|---|
| 69 | TIICigtim(2) | لېكوك گرۈنۋېدېل | كىگىز ئىجارىگە ئېلىش ھۆججىتى | تۇرپاندىن تېپىلغان ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.63PP.115−116<br>يامادا نوبۇئو 1965<br>PP.188−190<br>يۈەن دىڭ 1991 . 2<br>57 ـ 58 ـ بەتلەر |
| 70 | TID. 176 (M236) USP. No.8 | گرۈنۋېدېل | نېسىگە مال ئېلىش ھۆججىتى | 1903 ـ يىلى تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان | USP.P.8 |
| 71 | USP.No.17 | گرۈنۋېدېل | بىر پارچە يەر خېتىنى ئىزدەش ھۆججىتى | ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى | USP.PP.25−26<br>TyrylleBa,1983<br>PP.209−220<br>يۈەن دىڭ 1992 .1<br>48 ـ 50 ـ بەتلەر |
| 72 | TIUSP.No.24 | گرۈنۋېدېل | ئۆزۈملۈكنى ئېلىپ سېتىش توغرىسىدىكى بىر پارچە تىلخەت | يوقىرىدىكىگە ئوخشاش | USP.OO.33−34<br>TyrylleBa.1983<br>PP.209−220<br>يۈەن دىڭ 1992 . 1<br>50 ـ 52 ـ بەتلەر |
| 73 | T II .CigtimNo. (1) | لېكوك | سېلىق تاپشۇرۇش ھۆججىتى | تۇرپان چىقتىمدىن تېپىلغان | USP.No.69.PP.121−122<br>يۈەن دىڭ 1992 . 1<br>52 ـ 53 ـ بەتلەر |
| 74 | TII.5.18 | لېكوك | مۇلازىمنىڭ سېلىقنى كەچۈرۈم قىلىش ھۆججىتى | تۇرپان رايوندىن تېپىلغان بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.71PP.123−124<br>Arab,1964PP.69−70 |



| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات |
|---|---|---|---|---|---|
| 75 | TIID.321 | لېكوك | 33 ـ بەت | ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان . بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.68P.121 |
| 76 | TIICigtiMNo.5 | گرۈنۋېدېل لېكوك | ۋەسىيەت ھۆججىتى | تۇرپان چىقتىمدىن تېپىلغان بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.78PP.133−135<br>Arat.1964PP,62−63<br>ئۇمېمۇرا خىروشى 1977<br>P.487 |
| 77 | Ramsteldt2 | نامەلۇم | ۋەسىيەت ھۆججىتى (2) | تۇرپاندىن تېپىلغان | Ramstedt,1940P.7<br>يامادا نوبۇئو 1972<br>PP.250−252<br>ئۇمېمۇرا خىروشى 1977<br>PP.477−479<br>يۈەندىڭ 1992 . 1<br>58 ـ 60 ـ بەتلەر |
| 78 | 14146 | ياپونىيە ئوتانى تەكشۈرۈش ئەترىتى | قاراچۇقنىڭ ۋەسىيەتنامىسى | تۇرپاندىن تېپىلغان ھازىر ياپونىيە لۇڭكۇ ئۇنىۋېرستىتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | خاندا تورۇ يامادا نوبۇئو<br>1962.PP.171−206<br>يۈەن دىڭ 1992 . 2<br>46 ـ 48 ـ بەتلەر |
| 79 | 3rr.40 | كروتوف | مال ـ مۈلۈكنى مىراس قىلىشقا ۋەسىيەت قىلىش ھۆججىتى | ئۈرۈمچىدىن تېپىلغان لېنىنگراد ئاسىيا مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.127P.216<br>يۈەن دىڭ 1992 . 2<br>48 ـ 50 ـ بەتلەر |
| 80 | USP.No.98 | ئولدېنبۇرگ | ئوغۇلنى بېقىۋېلىش توختامى | تۇرپاندىن تېپىلغان | USP.No.98PP.169−171<br>يامادا نوبۇئو 1972<br>PP.236−241 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 81 | 3kr.35 | كروتوف | نىكاھ مەسىلىسى توغرىسىدىكى توختام | ئۈرۈمچىدىن تېپىلغان لېنىنگراد ئاسىيا مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP. No. 115PP. 210 — 211<br>ئۆمېمۇرا خىروشى 1977<br>P.489Arat.1963<br>P.153 |

| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | هۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات ، |
|---|---|---|---|---|---|
| 82 | 3kr.376 | كروتوف | تالاش ــ تارتىشنى ھەل قىلىش كېڭەشنامىسى | ئۈرۈمچىدىن تېپىلغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP. No. 116PP. 211 — 212<br>ئۆمېمۇرا خىروشى 1977<br>PP.483—484 |
| 83 | Tll388 | گرۈنۋېدېل لېكوك | بىر پارچە سودا توختامى | تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.62PP.114—115<br>يۈەن دىڭ 1992 . 3<br>74 ـ 75 ـ بەتلەر |
| 84 | TllD.43 | لېكوك | ئىشلەمچى ياللاش توختامى | تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.70PP.122—123<br>ئوچىدا گىنفۇ 1965<br>PP.183—184<br>يامادا نوبۇئو 1971<br>PP.494—497 |
| 85 | 3kr.31c | كروتوف | مۈلۈك قەرزىنى ئىنقلاش كېڭەشنامىسى | ئۈرۈمچىدىن تېپىلغان ھازىر لېنىنگراد مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.111P.249<br>يۈەن دىڭ 1992 . 2<br>77 ـ 79 ـ بەتلەر |



| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 86 | 3kr,31c | كروتوف | ئاقچا ئېلىپ مال بىلەن تەڭلەش توختامى | ئۈرۈمچىدىن تېپىلغان | USP. No. 126PP. 215 — 216 |
| 87 | TI(M224) | گرۈنۋېدېل | تىلخەت (1) | 1903 ــ يىلى تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.40PP.57—58<br>Arat.1964PP.65—66<br>يامادا نوبۇئو 1964<br>THXOHOB1966<br>PP。65—66 |

| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | هۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات |
|---|---|---|---|---|---|
| 88 | TI | گرۈنۋېدېل | تىلخەت (2) | تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان | USP.No.41PP.58—59<br>يامادا نوبۇئو 1964P. . 89 |
| 89 | USP.No.39 | گرۈنۋېدېل | ئۈچ پارچە كىرىم ـ چىقىم ھۆججىتى | 1903 ــ يىلى تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان | USP.PP.56—57 |
| 90 | Ot.Ry543 | ياپونىيە ئوتانى تەكشۈرۈش ئەترىتى | | شىنجاڭ تەۋەسىدىن تېپىلغان ياپونىيە لوۋېنگو ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | خانېدا تورۇ 1916<br>PP.272—276<br>مورى ماسائو 1960<br>PP.22—56<br>يۈەن دىڭ 1994 . 2<br>37 ـ 39 ـ بەتلەر |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 91 | STKrIV | كروتوف | يەر سېتىش ــ سېتىۋېلىش ھۆججىتى | ئۈرۈمچىدىن تېپىلغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقشۇناسلىق ئورنى لېنىنگراد شۆبە ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | MaπOB. 1951PP. 204 — 207 يۈەن دىڭ 1994 . 2 39 ـ 42 ـ بەتلەر |
| 92 | Or.8212 | ستەيىن | يەر سېتىش ــ سېتىۋېلىش توختامى | تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان . ھازىر لوندون بىرتانىيە كۇتۇپخانىسى ستەيىن ئالاھىدە ساقلاش بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتىدۇ | Hamilton. 1969PP. 26 — 52 يۈەن دىڭ 1994 . 2 42 ـ 44 ـ بەتلەر |
| 93 | TIM.100 | گرۈنۋېدېل | تۆمۈر بۇقانىڭ يەر ئىجارە بېرىش توختامى | تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | zime . 1980 PP.222 — 225USP.PP.11 —12 |

| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات |
|---|---|---|---|---|---|
| 94 | TIM109 | گرۈنۋېدېل | يەر ئىجارە ئېلىش ھۆججىتى | تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن بايقالغان ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ | zime 1980 PP.237—238 |



| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 95 | TIITOyopohneNr | لېكوك | يەر ئىجارىگە بېرىش توختامى | تۇرپان تۇيۇقتىن تېپىلغان ، ھازىر بېرلىن دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | zime,1980P.238 يامادانوبۇئو 1965 P.144يۈەن دىڭ 1994.2 48 ـ 49 ـ بەتلەر |
| 96 | TIM. 73 (U5279) | گرۈنۋېدېل | يەر ئىجارىگە ئېلىش توختامى | تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن بېرلىن دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | zime,1980P.235 يۈەن دىڭ 1994 . 2 49 ـ 50 ـ بەتلەر |
| 97 | TIID.1496 | لېكوك | يەر ئىجارىگە ئېلىش ھۆججىتى | تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان ھازىر بېرلىن دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | USP.No.86 يامادانوبۇئو 1965 PP.143—144zime,1980 PP,228—230 |
| 98 | SJM17 | نامەلۇم | ئاشلىق ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | تېپىلغان جايى ئېنىق ئەمەس ھازىر لېنىنگراد ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ قولىيازما بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتىدۇ | MaπOB, 1927PP, 389 — 391 ياماتاشىدا 1965 PP,179—187 يۈەن دىڭ 1994 52 ـ 53 ـ بەتلەر |

| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات |
|---|---|---|---|---|---|
| 99 | Istabul | نامەلۇم | يىمتۇنىڭ بۇغداي ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | چىققان جايى ئېنىق ئەمەس، ئەسلى ھۆججەت تۈركىيە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرستىتى مەركىزى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | 1968 يامادا نوبۇئو PP,21—24 |
| 100 | ohneNr (b) VohneNY(c)V | نامەلۇم | بۇغداي ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | ئەسلى ھۆججەت بېرلىن كۇتۇپخانىسى ئالاھىدە ساقلاش بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتىدۇ | zime.1980PP,273—275 يۈەن دىڭ 1994 . 2 55 ـ 56 ـ بەتلەر |
| 101 | TM.83 | نامەلۇم | تېرىق ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | ئەسلى ھۆججەت بېرلىن كۇتۇپخانىسىنىڭ ئالاھىدە ساقلاش بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتىدۇ | يامادا نوبۇئو 1976 PP,45—47 |
| 102 | ot,Ry2733 | ياپونىيە ئوتانى تەكشۈرۈش ئەترىتى | ھۆكۈمەتتىن رەخت ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان ياپونىيە رىياكوكو ئۇنىۋېرستىتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | يامادا نوبۇئو 1976 PP.45—47 |
| 103 | ot. Ry. 2149a, otRy.1108 | ياپونىيە ئوتانى تەكشۈرۈش ئەترىتى | مال ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى | شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان ياپونىيە رىياكوكو ئۇنىۋېرستىتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | خانىدا تورۇ، يامادا نوبۇئو 1961 ـ يىلى نەشرى 137 يامادا نوبۇئو 1961 PP.216—217 |
| 104 | SSOL73(1.0) | ئولدېنبۇرگ | كالا ئىجارىگە ئېلىش ھۆججىتى | تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ھازىر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ لېنىنگراد شۆبە ئورنىنىڭ قولىيازما بۆلۈمىدە | MaπOB. 1932PP. 143 — 244 يامادا نوبۇئو 390—PP.307 MaπOB.1927No2 PP.391—394 |
| 105 | SJM16 | ئولدېنبۇرگ | قول ئېلىپ سېتىش توختامى | شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان، ھازىر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى لېنىنگراد شۆبە ئورنىنىڭ قولىيازما بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتىدۇ | يامادا نوبۇئو 1972 PP.213—216 |
| كىتاب نومۇرى | ئەسلىدىكى رەت نومۇرى | يىغىپ ساقلىغۇچى | ھۆججەت نامى | تېپىلغان ئورۇن ۋاقىت | ماتېرىيال تېپىلغان ئورۇن ۋە تەتقىقات |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 106 | ohneNr (b) rohneNr(c)r | گېرمانىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى | قۇل ئېلىپ سېتىش ھۆججىتى | تۇرپاندىن تېپىلغان ھازىر بېرلىن كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | zime.1977.No1.PP.149—154 يۈەن دىڭ 1994 غەرب 2 4 - 6 - بەتلەر |
| 107 | TI.580 | گرۈنۋېدېل | قۇل ئېلىپ سېتىش توختامى | تۇرپاندىن تېپىلغان ھازىر بېرلىن كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | 1997PP.154—156 · zime |
| 108 | OHO155(0.8) | ئولدېنبۇرگ | | شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى لېنىنگراد شۆبە ئورنىنىڭ قوليازما بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتىدۇ | MaπOB. 1932PP. 138 — 140 يامادا نوبۇئو 1972 PP.241—242 يۈەن دىڭ 1994، غەرب 2 8 - 10 - بەتلەر |
| 109 | SJOI73(0,6) | ئولدېنبۇرگ | ئوغلىنى سېتىش توختامى | شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان ئەسلى ھۆججەت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى لېنىنگراد شۆبە ئورنىنىڭ قولىيازما بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتىدۇ | MaπOB. 1932PP. 130 — 135 يامادا نوبۇئو 1972 PP,500—502 يۈەن دىڭ 1994 غەرب 2 10 - 13 - بەتلەر |
| 110 | فېڭ جياشېڭ يەر ھۆججىتى (A) | غەربىي — شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش | يەر سېتىۋېلىش توختامى | 1929 — يىلى شىنجاڭنىڭ كۇچا رايونىدىن تېپىلغان. ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | فېڭ جياشېڭ 1954. 126 - 127 - بەتلەر |
| 111 | بىنتۇڭ No.1 | جۇڭگو — شۋېتسىيە غەربىي — شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى | بىنتۇڭ (شەنبىن) نىڭ ئۆزىنى سېتىش ھۆججىتىنىڭ بىرى | 1953 — يىلى تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى ھازىر شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | فېڭ جياشېڭ 1953 109 - 111 - بەتلەر Te,1960 - фəH PP,143—144 |
| 112 | بىنتۇڭ No.2 | جۇڭگو — شۋېتسىيە غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى | بىنتۇڭ (شەنبىن) نىڭ ئۆزىنى سېتىش ھۆججىتىنىڭ بىرى | 1953 — يىلى تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھەردىن تېپىلغان ھازىر شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ | فېڭ جياشېڭ 1958 111 - 113 - بەتلەر Te,1960 - фəH PP,144—146 يامادا نوبۇئو 1972 PP,217—219 |
| 113 | فېڭ جياشېڭ يەر ھۆججىتى | جۇڭگو — ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئورنى | كەمتۈك توختام | 1951 — يىلى ئارخېئولوگىيە ئورنى شىنجاڭدىن سېتىۋالغان | فېڭ جياشېڭ 1954 115 - 131 - بەتلەر |

# ئىككىنچى باب يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ھەققىدە تەتقىقات

## § 1 . يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقى

ئۇيغۇرلار رايونى يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بىر ئالاھىدە مەمۇرىي رايون . ئۇنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىگە كەلسەك ، بىر تەرەپتىن چىڭگىزخان قۇرغان موڭغۇل دۆلىتىنىڭ تۈزۈلمىسىنى قوللانغان ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، يۈەن سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىدا مەمۇرىي ئورگانلارنى تەسىس قىلىپ ، ئۇلارنى ئۇنۇملۇك باشقۇرغان . شۇنىڭدەك ئىدىقۇت باشچىلىقىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان . شۇڭلاشقا ، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىدە ئۈچىنى بىر گەۋدىلەشتۈرگەن مەمۇرىي تۈزۈلمە ئالاھىدىلىكى ناھايىتى قويۇق .

بىز بۇ يەردە بۈيۈك موڭغۇل دۆلىتى ۋە يۈەن سۇلالىسى خان ئوردىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش جەريانى ۋە ئىدىقۇت يەرلىك ھاكىمىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنلىكىدەك تارىخىي



پاكىتنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا يورۇتۇپ بېرىمىز .

### 1 . بۈيۈك موڭغۇل دۆلىتى ۋە يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى سىياسەت ـ تەدبىرلىرى

موڭغۇل قوشۇنى ئىستېلاسىنىڭ تاماملىنىشىغا ئەگىشىپ ، موڭغۇللار ئاۋۋال چىڭگىزخان بۈيۈك موڭغۇل دۆلىتىنى قۇرغاندا قېرىنداشلىرى بىلەن كېڭىشىپ بېكىتكەن «دۇنيانى بويسۇندۇرۇپ ، زېمىننى بۆلۈشۈپ ، بايلىقلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش »① پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ ، يەر ـ زېمىن ۋە ئاھالىلەرنى پەرزەنتلىرى ، ئىنىلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە سۈيۈرغال قىلىپ بەرگەن . ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمەلدارلارنى بېكىتىپ مەسئۇلىيەتنى ئايرىپ ، مۇكەممەل يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلارنى تەسىس قىلغان . بۈيۈك موڭغۇل دۆلىتى ۋە يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانىمۇ سۈيۈرغال بېرىش ، ئەمەلدار تەيىنلەش ، ئۆتەڭ تەسىس قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن .

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ تۈزۈلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن چىڭگىزخان قۇرغان بۈيۈك موڭغۇل دۆلىتىنىڭ تۈزۈلمىسى بىلەن ئوخشاش ئىدى . موڭغۇل دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى چىڭگىزخاننىڭ «ئالتۇن ئۇرۇقى» بولۇپ ، بارلىق موڭغۇل پۇقرالىرى ئۇلارنىڭ قۇللىرى ئىدى . چىڭگىزخان ئائىلە مال ـ مۈلكىنى تەقسىم قىلىش تۈزۈمىگە ئاساسەن پۇقرالارنى ئوغۇللىرى ، ئىنىلىرىغا

① «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى» 9 ـ جىلد ، «مەنسەپ تۇتۇق قىسمى» ، «دارۇغاچىلارنى تاشلاپ قويۇشنى ئۆزگەرتىش» .

تەقسىم قىلىپ بەرگەن .① موڭغۇل دۆلىتىنىڭ شىمالىي جۇڭگوغا هۆكۈمرانلىق قىلىش شەكلى يايلاق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەسلىدىكى هۆكۈمرانلىق تۈزۈلمىسىنىڭ ئۇلار بويسۇندۇرغان مۇقىم ئولتۇراقلىشىدىغان دېهقانچىلىق رايونلىرىدا داۋاملاشتۇرۇلۇشى ئىدى . خەنزۇلار رايونى نوپۇسىنىڭ بىر قىسمى بىۋاستە ئۇلۇغ قاغانغا تەۋە بولغان ؛ يەنە بىر قىسمىنى ئۇلۇغ قاغان هەرقايسى خانلارغا ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ۋە تۆهپىكار ۋەزىرلەرگە بۆلۈپ بەرگەن » .② بۇ دەل بارتولد كۆرسەتكەن بارلىق كۆچمەن - چارۋىچى ئىمپېرىيەلەرنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى ئىدى : «ئۇرۇقداشلىق كۆز قارىشى خۇسۇسىي قانۇن ساهەسىدىن دۆلەت قانۇنى ساهەسىگە يۆتكىلىدۇ . دۆلەت پۈتكۈل خان جەمەتىنىڭ ئورتاق مال — مۈلكى دەپ قارىلىدۇ . شۇڭلاشقا دۆلەت نۇرغۇنلىغان سۇيۇرغاللىققا ئايرىلىدۇ . بەزى ۋاقىتتا كۈچلۈك بېقىندىلار ئىمپېرىيە ئىمپېراتورىنىڭ هۆكۈمرانلىق هوقۇقىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمايدۇ . »③ مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى داۋاملىق تەتقىق قىلغاندا ، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئەهۋالى ئومۇمىي جەهەتتىن مۇشۇنداق .

موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا هۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش تارىخى بىلگە تەمۈر (Bilge tämür) غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ شاۋ كېمىنى ئۆلتۈرگەن ۋاقتى يەنى 1209 - يىلىدىن باشلانغان . بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئىدىقۇت چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن .

①خەن رۇلىن باش مۇهەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن : «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 1 - قىسىم ، خەلق نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى ، 86 - بەت .

② «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى . جۇڭگو تارىخى» ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ «يۈەن سۇلالىسى» قىسمى (خەن رۇلىن ، چېن دېجى ، چيۇ شۇسېن ، ياۋ دالى قاتارلىقلار يېزىپ چىققان) ، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى ، 24 - بەت .

③بارتولد : «موڭغۇللار ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» ، «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 1 - توم ، 330 - بەت .



1211 - يىلى بارچۇق (Barǰuq) ئارت تېكىن ئولپان بۇيۇملىرىنى ئېلىپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كەلگەن ، چىڭگىزخان قىزى ئىل خاتۇنىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان هەم «بەشىنچى ئوغۇللۇق ئىمتىيازىدىن بەهرىمەن بولۇشقا ئىجازەت بېرىپ ، ئۇنى خانزادىلەر بىلەن تەڭ كۆرگەن ، ئۇنىڭ ئىلگە باشقا ئەللەردىن پەرقلىق مۇئامىلە قىلغان »① مۇشۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلار رايونى موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى هۆكۈمرانلىرىنىڭ سۇيۇرغال يېرىگە ئايلانغان بولۇپ ، «ئىدىقۇت» يۈەن سۇلالىسى پادىشاهى تەرىپىدىن سۇيۇرغال مەرتىۋە بېرىلگەن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ هۆكۈمدارى ئىدى . ئۇ يۈەن سۇلالىسى خان ئوردىسىنىڭ بېقىندى ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرىغا رەنە تاپشۇرۇش ، ئولپان تاپشۇرۇش ، هەربىي يۈرۈشكە چىقىش قاتارلىق بېقىندى ئەللىك مەجبۇرىيەتنى ئۆتىگەن . بىراق ئۆزىنىڭ زېمىنى ۋە پۇقرالىرىغا قارىتا مەلۇم دەرىجىدىكى ئىگىلىك هوقۇقىغا ئىگە بولغان . دۆلەت پۈتكۈل خان جەمەتىنىڭ ئورتاق مۈلكى دېگەن كۆز قاراشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇيغۇرلار رايونى تەبىئىي هالدا موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى هېسابلىناتتى . شۇڭلاشقا يەرلىك ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسى پادىشاهىنى تۈرك تىلىدىكى «زور قوشۇن» دېگەن سۆز بىلەن ئاتايتتى . كۆپلىگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى هەق تەلەپ توختاملىرىدىكى گۇناهىنى تونۇش ئىبارىلىرىدە بىردەك ulugh suü هەممىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان . هۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 48 - نومۇرلۇق هۆججەت ئۆزۈملۈكنى ئېلىپ سېتىش هەققىدىكى بىر پارچە توختام بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئەگەر كىمدە - كىم نوپۇزىغا تايىنىپ جېدەل - ماجىرا تۇغدۇرىدىكەن ، پادىشاهقا بىر ياستۇق ئالتۇن تاپشۇرۇش

①جاۋ مېڭفۇ : «ئارغۇن سالىنىڭ تۆهپە ئابىدىسى» ، «سۇڭشۆجەي ئەسەرلەر توپلىمى» 7 - جىلد .

جازاسىغا تارتىلىدۇ[1] دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 82 - نومۇرلۇق ھۆججەت بىر پارچە «جېدەل - ماجىرانى ھەل قىلىش توختامى» بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئەگەر كىمدە-كىم جېدەل - ماجىرا تۇغدۇرىدىكەن، پادىشاھقا ئىككى ياستۇق ئالتۇن تاپشۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ»[2] دېيىلگەن. بۇ موڭغۇل پادىشاھىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدە ئەڭ يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئاساسلانغاندا، بارلىق يەر، يۇقرالارنى يېقىن تۇغقانلار ئارىسىدا تەقسىملەش كېرەك ئىدى. تەبىئىيكى ئۇيغۇرلار رايونىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى. 48 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «مەن تارپىش (Tarpiš) ئاقچىغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن ئاتام ماڭا بۆلۈپ بەرگەن Taysang غا جايلاشقان، 16 ئادەم تېرىيدىغان ئۈزۈملۈكنى buqaäsäh گە 100 ياستۇق ئاقچىغا سېتىپ بەردىم.»[3]

80 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇن يۇقىرىدىكى نەقىل بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش، بۇ ھۆججەتتە: «مېنىڭ بىر قانچە ئوغلۇم بار، مەن بۇ ئوغۇللىرىمغا تەڭ ئۈلۈشتە مىراس بۆلۈپ بېرىمەن»[4] دېيىلگەن. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار رايونىدا ئاتىسى بالىسىغا مىراس تەقسىم قىلىپ بېرىش ھادىسىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەرگىز تاسادىپىي ئىش ئەمەس. موڭغۇللارنىڭ ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىگە ئاساسلانغاندا، بالاغەتكە

① Arat: 1965, “Among the Uigur documents” Ural AItaische Jahrbucher, Bd. 36, pp. 263 —272

② رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 116 - ۋەسىقە، 211 - 212 - بەتلەر.

③ يۈەن دىڭ: «قەدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىن تاللانما»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1990 - يىللىق 2 - سانىغا قاراڭ.

④ رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 98 ۋەسىقە، 169 - 171 - بەتلەر.



يەتكەن ئوغۇل تويى قىلغاندىن كېيىن، بىر ئۈلۈش ئائىلە مۈلكىنى ئېلىپ، ئاتىسىنىڭ ئائىلىسىدىن ئايرىلىدۇ، يەنى ئاتا- ئانىسىنىڭ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل تۇتۇن بولىدۇ.[1] موڭغۇل جەمئىيىتىدىكى بۇ خىل مال - مۈلۈكنى ئايرىش تۈزۈمى ئۇيغۇرلار رايونىغا تەسىر كۆرسەتكەن. يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان ھۆججەتلەردىكى ulus qopi نى رادلوف «Erbanthel» (مىراس ئۈلۈشى) دەپ تەرجىمە قىلغان. qopi سۆزى ناھايىتى تەبىئىيلا بىزگە شۇ دەۋردىكى موڭغۇل تىلىدىكى «قوبى» سۆزىنى ئەسلىتىدۇ، «قوبى» نىڭ تەرجىمىسى «ئۈلۈش» بولۇپ، ئەڭ ئومۇملاشقان مەنىدە باراۋەر سالاھىيەتلىكلەر ئارىسىدىكى مال - مۈلۈك (مەسىلەن، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى، ئەسىرگە چۈشكەن ئاھالە) نى تەقسىم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، ئائىلە مال - مۈلكىنى تەقسىم قىلىش مەنىسىدىن پەقەت ئۆز جەمەتىنىڭ ئەزالىرىغا تەقسىم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. موڭغۇل تىلىنىڭ يېقىنقى زامان ئوردوس شىۋىسىدە بالاغەتكە يېتىپ توي قىلغان ئوغۇللار ئائىلە ئايرىغاندا ئېلىپ ماڭىدىغان ئائىلە مۈلكى (ئاساسلىق مال - چارۋىلاردىن تەركىب تاپىدۇ، يەنە بېقىندى نوپۇسىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) «ئېمچۈ قوبى»[2] (« emchü qubi») ياكى «ئېمچۈ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى بايقاش تەس ئەمەسكى، «ئۈلۈشلۈك ئاھالە»، «ئۈلۈشلۈك يەر» نىڭ ئوبيېكتى قاغاننىڭ بىۋاستە يېقىن تۇغقانلىرى دائىرىسىدىلا چەكلىنىدۇ. قوبى بىر خىل ئىنتايىن مۇھىم موڭغۇلچە ئۇقۇم بولۇش سۈپىتى بىلەن، موڭغۇل - يۈەن

① شۈرمان: «13 - ئەسىردىكى موڭغۇللارنىڭ باج - سېلىق تۈزۈمى» ياۋدالى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان. «جۇڭگو يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا دائىر تەتقىقات ئۇچۇرلىرى» نىڭ 1985 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان.

② موراكامى شويانوكى: «موڭغۇل خاندانلىقىنىڭ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى»، «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى»، 44 - توم (3)، 1961 - يىل خەن شىشيەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان.

سۇلالىسى دەۋرىدىكى پارسچە ۋەسىقىلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي يۇرت يازما يادىكارلىقلىرىدىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. مىراق بۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ساقىت قىلىنغان①. مېنىڭ قارىشىمچە موڭغۇلچە ھۆججەتلەردىكى qopi موڭغۇل تىلىدىكى qubi نىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى، چۈنكى ئىككىسىنىڭ مەنىسى ئوخشاش، بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، qopi نىڭ تەقسىم قىلىش دائىرىسى بىۋاستە يېقىن تۇغقانلىرى يەنى ئاتىسى ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىش بىلەن چەكلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، qopiئوغلى ئاتىسىدىن ئايرىلغان ۋاقىتتا ئاتىسى ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىدىغان مال-مۈلۈك ۋە مال-مۈلۈكنىڭ ئۈلۈشىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى نۇقتىدىن موڭغۇل جەمئىيىتىدىكى ئائىلە مۈلكىنى سۇيۇرغال قىلىش تۈزۈمىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا تارقالغانلىقىنىڭ ئىزناسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يەككە ئائىلىلەر يەنىلا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى بىرلىكى، ئائىلە باشلىقىنىڭ مال-مۈلۈكلەرنى تەقسىملەيدىغان مۇتلەق ھوقۇقى بار، نەسەب ئەرلەرنى ئاساس قىلىپ ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى زاماندا تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مال-مۈلۈك قەرز ئېلىش توختامىدا مۇنداق خاتىرىلەر بار: «ئەگەر مەن (مال-مۈلۈكنى) قايتۇرۇۋېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەم، ئىنىم كۈسۈك (küsük) ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قانۇنلۇق ھالدا قايتۇرۇۋالسا

① كلارك: «13 — 14-ئەسىرلەردىكى شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر تەتقىقاتىغا كىرىش»، برۇمىنتون ئۇنىۋېرسىتېتى، 1975-يىل نەشرى، 152-بەت؛ دېفېر (Doerfer): «يېڭى پارس تىلىدىكى تۈرك، موڭغۇل تىلى تەركىبلىرى»، 1-توم، ۋېيسبادېن، 1963-يىل نەشرى، 422 — 423-بەتلەر.



بولىدۇ». ① ئاكىسىنىڭ قەرزىنى ئىنىسى قايتۇرۇۋېلىش خەلق ئارىسىدىكى قويۇق قانداشلىق ئۇقۇمىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۇرگەن.

ئۇيغۇر ئەرلىرى دېھقانچىلىق، تىرىقچىلىق ئەمگىكىدە ياراتقان قىممەت ئائىلە ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولغاچقا، ئەرلەرنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان، ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە ئائىلىدىكى ئورنى كۈندىن-كۈنگە تۆۋەنلىگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قوچو شەھرىدە دائىم قىز بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە: «قوچو شەھرىدىكىلەرنىڭ ئاياللىرى، ناۋادا قىز پەرزەنت تۇغسا، ھەممىسى سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن» ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇناسىۋەت تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدىغان بۇ خىل قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەت قانۇنىدا چەكلەنگەن. جىيۈەننىڭ 13-يىلى (1276-يىل) تۇرمىشا ئىسىملىك بىر كىشى قىز بوۋاقنى سۇغا تاشلاۋاتقاندا، سۇئان قايا باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن نەق مەيداندا تۇتۇلغان، ئۇلار ئۇنى موڭغۇل ئوردىسىغا جازالاشقا ئەۋەتىپ بەرگەن. پادىشاھ يۈەن شىزۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قىز بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈشنى چەكلەش ئادەت قانۇنىنى قوغداش ئۈچۈن، «بۇنىڭدىن كېيىن، قىز پەرزەنتلەرنى سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ ئائىلە مۈلكىنىڭ يېرىمى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. تۇنجى قېتىم پاش قىلىنغانلار ناۋادا قول بولۇپ قالسا، ھۆر پۇقرا بولىدۇ. ناۋادا يەنە قىز بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈش جىنايىتى سادىر قىلسا پۇقرالارنى باشقۇرىدىغان

① رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 7-ۋەسىقە، 7-بەت.

ئەمەلدارلارغىمۇ گۇناھ ئارتىلىدۇ» دەپ پەرمان جاكارلىغان[1] .

ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق مۇلۇك كۆز قارىشى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولغان . ئائىلە باشلىقى ئۆلگەندىن كېيىن ، ئائىلە مال ـ مۈلكىنى تالىشىش كۆرەشلىرى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرغان . يۈەن شىزۇنىڭ جىيۈەن 9 ـ يىلى (1272 ـ يىل ) دىكى خان يارلىقىدا ئېنىق قىلىپ : «ئىدىقۇت جەمەتى ، ئۇيغۇرلار يۇرتىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاتىسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالىشىپ جېدەل ـ ماجىرا تۇغدۇرغان ئەھۋاللار دائىم سادىر بولىدىكەن . بۇنىڭدىن كېيىن ، ئاتا بولغۇچىلار ھايات چېغىدا مال ـ مۈلكىنى ئوغۇللىرىغا تەقسىملەپ بەرسۇن ، ئوغۇللار ئاتىسىنىڭ ئاتىغىنىنى ئالسۇن ، ئاتىسىنىڭ گېپىنى يېرىمسۇن» دېيىلگەن .

بۇ يۈەن شىزۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەر ئائىلە باشلىقلىرىدىن ھايات ۋاقتىدا ئوغۇللىرىنىڭ مىراس ئۈلۈشىنى بەلگىلەپ بېرىشىنى ، ئوغۇللاردىن ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى چۈشەندۇرىدۇ . يارلىقتا : «ئاتىسى قازا قىلغاندىن كېيىن ئوغۇللار مىراس بۆلۈشمىگەي ، بىر يىلدىن كېيىن ئاتىسىنىڭ پۇل ـ پۇچەك ، مال ـ مۈلكىنى يىل بويىچە بۆلۈشكەي» دەپ تەلەپ قىلغان . بۇ يەردە ئۇيغۇرلاردىن ئەر ئائىلە باشلىقى قازا قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن ، ئەسلىدە بۆلۈپ بېرىلگەن مىراسقا ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلىشى تەلەپ قىلىنغان .

موڭغۇل — يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئەمەلدار تەسىس قىلىپ مەسئۇلىيەت

①② «ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە مال ـ مۈلكى» ، «ئومۇمىي تۈزۈملەردىن ئۆرنەكلەر» 4 ـ جىلد ، جېجياڭ قەدىمىي كىتابلار نەشرىياتى نەشر قىلغان سىلىشتۇرما نۇسخا ، 55 ـ بەت .



ئايرىش ۋە ئۆتەڭ قۇرۇش قاتارلىق ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ .

ئۇيغۇرلار رايونى موڭغۇللارنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەندىن كېيىن ، موڭغۇل قاغانىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى زېمىنى بولۇپ قالغان . چىڭگىزخان ئىدىقۇتنىڭ ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالغان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قوچو ، قومۇل ۋە باشقا شەھەرلەردە دارۇغاچ تەسىس قىلغان ، بۇ ۋەزىپىنى ئۇستىگە ئالغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار ئىدى .[1] موڭغۇل دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يارغۇچى (خەنزۇچە تەرجىمىسى زالىم ھەكەم ) دۆلەتنىڭ جىنايى جازا ئىشلىرىنى باشقۇرغان ، زالىم ھەكەم ئورگىنىدا ، يارغۇچىغا ياردەملىشىپ ھۆججەت تەييارلاش ، مالىيە بېجىنى ھېسابلاش ، نوپۇس تىزىملىكىنى ئېنىقلاش ئىشلىرىنى قىلىدىغانلار بىتىكچى [2] دەپ ئاتالغان . بۇ خىل «زالىم ھەكىم تۈزۈمى» ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويۇلغان . تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە «جىيۈەننىڭ 11 ـ يىلى (1274 ـ يىلى ) نىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر زالىم ھەكەم تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، 3 ـ دەرىجىلىك ئەمەل ئىدى .»[3]

ئىككىنچىدىن ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «چېگرا رايونلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ ، سىياسەت ـ پەرمانلارنى چېگرا رايونلارغىچە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا مۇكەممەل ئۆتەڭ (تۈر ) تۈزۈمىنى ئورناتقان .»[4] 13 ـــ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۇگۈنكى شىنجاڭ بىلەن

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 124 ـ جىلد «قارا يىغاچ بۇيرۇقنىڭ تەرجىمىھالى» ، 143 ـ جىلد «شەيبانىنىڭ تەرجىمىھالى» ، ليۇمىنجۇڭ : «قاسابۇقا جاۋشيەنىنىڭ ئابىدىسى» ، «جۇڭئېن توپلىمى» ، 4 ـ جىلد .

②بىتىكچى (bitka ci) ، بۇ سۆز موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ «پۈتۈكچى 书史 » دېگەن مەنىدە .

③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 89 ـ جىلد ، «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى» .

④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ، قوشۇن تەزكىرىسى» (4) ، ئۆتەڭ .

مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكىرى رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئىشلىرى ئاساسلىقى شىمالىي يولدا ئېلىپ بېرىلغان. يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىدىن چىقىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قارا قۇرۇمدىن ئۆتۈپ، غەربتە ئالتۇنتاغ (ھازىرقى شىنجاڭدىكى ئالتاي تېغى) دىن چىقىپ جەنۇبقا مېڭىپ بەشبالىق، قارا قوچولاردىن ئۆتۈپ ئۇنىڭدىن كېيىن جوغاي تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ ئالمالىق (بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى قورغاس ناھىيىسى ئەتراپى) قىچە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ يەردىن شىمالغا ياكى جەنۇبقا ماڭسا ياۋروپاغىچە يېتىپ بارغىلى بولاتتى. 13 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا چۈەنجېن مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى چيۇ چۇجى مۇشۇ يولنى بويلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكەن. شۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل كېيىن، چاڭ دې شيەنزۇڭ مۆڭكۈنىڭ پەرمانىغا بىنائەن پارسقا بېرىشتىمۇ مۇشۇ يولدىن ئۆتكەن.① يەنە شۇ مەزگىلدە فرانسىيىلىك مىسسىئونېر روبروك (Guillaume de Rubruquis) فرانسىيە پادىشاھىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قارا قۇرۇم شەھىرىنىڭ يېنىدىكى مۆڭكۈ قاغان قارارگاھىغا كېلىشتىمۇ مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان.②

قۇبىلاي تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، جوغاي تاغلىرى رايونىدا كۆپ قېتىم ئۆتەڭ (تۇر) قۇرغان. ئۇ باشقۇرغان يول لىنىيىسى ئىككى بولۇپ، بىرى تەيخې چوققىسى (ھازىرقى شەنشىدىكى سۇيشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقى) دىن باشلىنىپ بەشبالىققىچە يېتىپ بارىدۇ. يەنە بىرى لوپ (بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى لوپنۇر) دىن باشلىنىپ، چەرچەندىن ئۆتۈپ،

① ۋاڭ خۇي: «چيۈجيەن توپلىمى»، 94 - جىلد.
② [ئامېرىكا] روكىيى 柔克义 تەرجىمىسىگە ئىزاھ يازغان، خې گاۋچى تەرجىمە قىلغان: «رۇبرۇكنىڭ شەرققە سەپەر خاتىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1985 - يىل نەشرى.



ئۇدۇندىن ياركەن (بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى يەركەن) قاتارلىق جايلارغىچە يېتىپ بارىدۇ. ئالدىنقى يول لىنىيىسى بىلەن شىمالىي يول ئۆزئارا تۇتىشىدۇ. كېيىنكى يول لىنىيىسى تارىختىكى جەنۇبىي يولنى كۆرسىتىدۇ. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جەنۇبىي يولدىكى ئۆتەڭلەرنى تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، تارىم دەرياسىدىن پايدىلىنىپ ئۆتەڭ قۇرۇشنىڭ تېخىمۇ قولايلىق ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن جىيۈەننىڭ 11 - يىلى (1274 - يىل) يەنە قايتىدىن پەرمان چۈشۈرۈپ «ئۇدۇن، يەركەن ئىككى جايدا 30 دەريا ئۆتكىكى تەسىس قىلغان». شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە شاجۇنىڭ شىمالىدا دەريا ئۆتكىكى ۋە قۇرۇقلۇق ئۆتكىنى تەسىس قىلغان.① بۇ دەريا ئۆتەڭلىرى سۇلى دەرياسى سۇ يولىغا جايلاشقان بولۇشى كېرەك. جىيۈەننىڭ 19 - يىلى (1282 - يىل) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە (1285 - يىلدىن 1287 - يىلغىچە)، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ لوپ، چەرچەن، كېتەك قاتارلىق جايلاردا ئۆتەڭ تەسىس قىلغان. بۇ ئۆتەڭلەر خېشى ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى ۋە كۈئېنلۈن (قاراقۇرۇم) تېغىنىڭ شىمالىنى بويلاپ پامىرغا يېتىپ بارىدىغان قاتناش لىنىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ماركوپولو شەرققە سەپەر قىلغاندا ۋە ئاتاقلىق ئۇيغۇر نېستورى دىنى مۇخلىسى راببان سامۇئا غەربكە سەپەر قىلغاندا مۇشۇ يولدا ماڭغان. شەرق - غەرب ئەلچىلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق سەپەر قىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا ئۆتەڭلەرنى تەسىس قىلىشتىن ئايرىلالمايدۇ.

جىيۈەننىڭ 18 - يىلى (1281 - يىلى)، يۈەن سۇلالىسى

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 12 - 13 - 14 - جىلدلار «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە».

ھۆكۈمىتى تەيخې چوققىسىدىن بەشبالىققىچە بولغان لىنىيىنى بويلاپ 30 جايغا يېڭى ئۆتەڭ تەسىس قىلغان.① جىيۈەنىنىڭ 22 - يىلى (1285 - يىل ) بەشبالىقتا ئۆتەڭ تەسىس قىلغان.② بۇ ئۆتەڭلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى چوغاي تاغلىرى رايونى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەملىكىتىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربتىكى باشقا رايونلارنىڭ قاتنىشىغا پايدىلىق بولغان.

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتىكى ئۆتەڭ ئالاقىسىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. ئۆتەڭ تەسىس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆتەڭ ئاھالىسىگە ئىمزا قويۇپ تارقىتىلغان ئۆتەڭ ئاھالىسى ئۈستىگە ئالىدىغان مەلۇم مىقداردىكى ئۆتەڭ ئالۋان - سېلىقى سالغان بولۇپ، ئۆتكۈنچى ئەلچىلەرنى تۇرالغۇ، ئات ۋە زۆرۈرلىكلەر بىلەن تەمىنلىگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى ئۆتەڭ يوللىرى زىيادە ئېچىۋېتىلگەنلىكتىن ئۆتەڭ ئاھالىلىرى يۈكىنى كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. جىيۈەنىنىڭ 17 - يىلى (1280 - يىل )، قوچو (قارا قوچونى كۆرسىتىدۇ ) دىن يوللانغان مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا: «ئاھالىلەر ئۇياق - بۇياققا ماڭغان ئەلچىلەرنىڭ سەپەر جابدۇملىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن قاتتىق قىيىنچىلىقتا قالغان». ئۇلار «مال - مۈلۈكنى كۆپەيتىپ، پۇقرالارنى ئارام ئالدۇرۇشنى»③ ئۆتۈنگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى قارا قوچو قاتارلىق جايلاردىكى ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈپ كېتىپ تۇرىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ بولغان. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 64 - جىلد، «جۇغراپىيە تەزكىرىسى».
② «بۈيۈك جىڭشى قامۇسى. ئۆتەڭ»، «يۇڭلې قامۇسى» 19418 - جىلدقا قاراڭ.
③ «يۇڭلې قامۇسى»، 19417 - جىلد، «ئۆتەڭ (2)».



ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، نەچچە تۈمەن ياستۇق پۇلنى ياردەمگە بەرگەن.

جىيۈەنىنىڭ 15 - يىلى (1278 - يىل ) 10 - ئايدا «بەشبالىق، رىخوس ( 日忽思 ) قاتارلىق جايلاردىكى ئاچ قالغان خەلققە ئىككى مىڭ بەش يۈز ياستۇق ئاقچا قۇتقۇزۇش بەرگەن.»① جىيۈەنىنىڭ 17 - يىلى (1280 - يىل ) بىرىنچى ئايدا «12 مىڭ 500 ياستۇق ئاقچا ئىئانە قىلىنغان»② ؛ شۇ يىلى 7 - ئايدا «تۇكۇمىر قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەھىرىنى بۇلاپ - تالىغاندىن كېيىن، قوچو خەلقى ئاچارچىلىقتا قالغان، ئەمەلدارلارغا ئۆتەڭ ئاتلىرىنىڭ خىراجىتىنى ئۇلارغا بېرىشكە پەرمان چۈشۈرگەن، يەنە ئۇلارنىڭ ئۈچ يىللىق سېلىقىنى كەچۈرۈم قىلغان».③ يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئۆتەڭ يوللىرىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىدى. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ ئۆتەڭ يوللىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار رايونى بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتتى. ھەم ئارقا - ئارقىدىن بىۋاسىتە ھەربىي ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ، غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇرلار (رايونى ) نىڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق يۈەن سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا مۇكەممەل مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىشىغا ئاساس سالدى.

## 2. موڭغۇل - يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى مەمۇرىي قۇرۇلۇشلىرى

موڭغۇل — يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 10 - جىلد، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (7 )».
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 11 - جىلد، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (8 )».
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 11 - جىلد، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (8 )».

مەمۇري قۇرۇلۇشلىرى باشقا ئىستىلا قىلىنغان رايونلاردىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش . دەسلەپكى مەزگىلدە يەرلىك كۆچلەرنى ئۆزگە تارتىپ ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ، ئۇيغۇرلار رايونىغا بولغان ۋاستىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلىدى . قۇبلاي تەختكە چىققاندىن كېيىن ، تەدرىجىي ھالدا ئەمەلدار تەيىن قىلىپ ، مەسئۇلىيەتنى ئايرىپ ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن فېئودال ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىنى ئورناتتى .

مىلادىيە 1206 — يىلى ، تېمۇرچىن رەسمىي قاغان ئاتالغاندىن كېيىن ، ئاۋۋال ئۆز جەمەتىدىكىلەرگە سۇيۇرغاللىق بۆلۈپ بەرگەن . ئۇنىڭدىن كېيىن ، تۆھپىكار ۋەزىرلەر ـ ئاقسۆڭەكلەرگە «سۇيۇرغال بېرىش» (soyurqal ئىنئام قىلىش دېگەن مەنىدە ) تەك سۇيۇرغاللىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ 95 نەپەر مىڭبېگى تەيىنلىگەن . بۇ خىل سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن . ئۇيغۇر ئاھالىلىرى «ئونلۇق (onluq ) قا يەنى 10 ئەر ئورتاق تەشكىل قىلغان بىر مۇستەقىل ھەربىي ئىشلار ئورگىنىغا ئاساسەن ئايرىلغان . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «يۈزلۈك» ، «مىڭلىق» مۇ مەۋجۇت بولغان . مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئۇ يەنىلا «ھەربىي» ۋە «مەمۇري» فۇنكسىيىسىگە ئىگە بولغان . تەھلىلىمىزنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، غەربىي يۇرتتىكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى «ئونلۇق» ، «يۈزلۈك» تۈزۈمىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتسەك ئانچە ئارتۇقچە بولماس .

مىلادىيە 4 ~ 5 ـ ئەسىرلەردىكى قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە «يۈزلۈك» ، «ئونلۇق» توغرىسىدا خاتىرىلەر ساقلانغان . فرانسىيە ئالىمى بويېر (A.M.Boyer ) ئېلان قىلغان 42 — نومۇرلۇق ھۆججەتتە خاتىرىلىنىشىچە «دىرىبىلگەنىڭ



يۈزلۈكىدە بىر تۆگە بار ، ئونبېشى جوتونىڭ ئۈچ تۆگىسى بار»① ئىكەن .

بۇ غەربىي يۇرتتىكى «ئونلۇق» ، «يۈزلۈك» تۈزۈمى مەنبەسىنىڭ خېلى بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا سۈرۈلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ ، بىراق ماتېرىيالنىڭ چەكلىمىلىكى سەۋەبىدىن نۆۋەتتە ئۇنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلالمىدۇق . شەرقىي جىن سۇلالىسى شيەنخېنىڭ ئىككىنچى يىلى (327 ـ يىل ) ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقىدىكى جاڭ جۈن قوچو ۋىلايىتىنى قۇرغاندىن تارتىپ ، قوچو ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئالدىنقى چىن ، كېيىنكى لياڭ ، غەربىي لياڭ ، شىمالىي لياڭ ۋە لىبي چۇ ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت بەش ھاكىمىيەت دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولۇپ ، باشتىن ـ ئاخىر لياڭجۇ ياكى شاجۇنىڭ قارمىقىدا بولغان . تاڭ چاڭرۇ ئەپەندى تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەتلەرگە ئاساسلىنىپ ، قوچو ۋىلايىتى دەۋرىدىكى مەمۇري تۈزۈم توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ، مۇنداق يەكۈن چىقارغان : «قوچو ۋىلايىتىنىڭ مەمۇري تۈزۈمى يىراق قەدىمكى دەۋردە خەن ، ۋېي سۇلالىلىرىنىڭ تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلغان ، يېقىنقى دەۋردە جىن ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ ، يېزا تەشكىلىدىن تارتىپ ۋىلايەت ۋە ھەربىي مەھكىمە ئورگىنىغىچە پۈتۈنلەي ئىچكىرى رايونلاردىكى ۋىلايەت ـ ناھىيىلەرنىڭكى بىلەن بىردەك بولغان»② بۇ خىل ئەھۋالنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . چۈنكى غەربىي رايون ئىزچىل ھالدا ھەرقايسى مىللەتلەر تالىشىدىغان جاي بولغاچقا ،

①لىن مېيسۇن : «قۇم دېڭىزىدىكى قەدىمكى يازمىلار» ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى ، 1988 ـ يىل ، 157 — 158 ـ بەتلەر .

②تاڭ چاڭرۇ : «تۇرپان ۋەسىقىلىرىدە كۆرۈلىدىغان قوچونىڭ ۋىلايەت ـ ناھىيە مەمۇري تۈزۈمى» ، بۇ ئەسەر ئەسلىدە «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1978 ـ يىللىق 6 ـ سانىغا بېسىلغان ، كېيىن تاڭ چاڭرۇنىڭ جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1989 ـ يىل نەشر قىلغان «شيەنجۇ قولىيازمىلىرى» نىڭ 341 ـ 361 ـ بەتلىرىگە كىرگۈزۈلگەن .

ئۇزاق مەزگىل ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن بۆلۈنمە ھاكىمىيەتنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس . بۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي تۈزۈمى ئاساسلىقى كۈچلۈك تاشقى كۈچنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ ، تەبىئىيكى موڭغۇل - يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ شۇنداق بولغان . ئۇيغۇرلار رايونىدا پەيدا بولغان «مىڭبېگى (ming bägi ) ، «يۈزبېگى» (yüz bägi ) بۇنىڭ دەلىلىدۇر .[1] ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ھەقىقەتەن «ئونلۇق» تۈزۈمى مەۋجۇت بولغان . قىسقىچە جەدۋەلدىكى 11- نومۇرلۇق ھۆججەت بىر پارچە ئېتىز سېتىش توختامى بولۇپ ، ئۇنىڭ 4 ~ 11 - قۇرلىرىدا ئۇچرىغان (ئونلۇقلار ) onluqlar سۆزى ئالايلۇق «Mänuruɣum tuɣmišim onluqum yüzlüm » («مېنىڭ ئۇرۇغۇم ، مېنىڭ ئونلۇقلىرىم ، يۈزلۈكلىرىم» )[2] ئۇچرايدۇ . onluqlar ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بىر خىل ئاساسىي قاتلام تەشكىلىدەك قىلىدۇ . قەدىمكى ئۇيغۇرلار شىمالىي چۆللۈك ئېگىزلىكىدىكى ۋاقتىدىلا ئون ئادەمنى بىرلىك قىلغان ئىجتىمائىي تەشكىلى بار ئىدى . مىلادىيە 762 - يىلى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىدە مانى دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن ، پادىشاھ (قاغان ) ھەر ئون ئادەم ئارىسىدىن بىرسىنى سەردار قىلىپ تەيىنلەشكە يارلىق چۈشۈرگەن ، پادىشاھ (قاغان ) ئۇنى ياخشى خىزمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان .[3] بۇ خىل «ئونلۇق تۈزۈم» يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا داۋاملىق قوللىنىلغان بولۇپ ، ئەڭ كىچىك ھەربىي ۋە مەمۇرىي بىرلىك

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 116 - ۋەسىقە ، 211 — 212 - بەتلەر .

② مەزكۇر ھۆججەتنى رۇسىيىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى HKpoTOB ئۇرۇمچىدە قولغا چۈشۈرگەن ، ھازىر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى لېنىنگراد شۆبە بۆلۈمىنىڭ قولىيازما ساقلاش ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ ؛ Малов:, « Памятники древтюркской писвменностi» Москва - Ленинград,1951, стр.204— 205.

③ گابائىن : «قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» ، زورۇشەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا 31 - 35 - بەتلەر .



ئىدى .

يېزا جامەسى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يېزا ۋە شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىي قاتلام ئورگىنى بولۇپ ، جىيۈەننىڭ ئالتىنچى يىلى (1269- يىلى ) دىن باشلاپ ، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېزا (كەنت ) تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈپ ، ھەرقايسى جايلاردا تەبىئىي كەنتلەرنى بىرلىك قىلغان جامە ھاسىل قىلغان . ئومۇمەن 50 ئائىلىنى بىر جامە قىلىپ قۇرغان ، ئەمما ھەرقانداق رەڭدار كۆزلۈكنىڭ جامەگە كىرىشىگە يول قويمىغان . ئىنتايىن مەنىلىكى شۇكى ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىدىن يىراق بولغان ئۇيغۇرلار رايونىدا جامە تۈزۈمىگە ئوخشاش تەشكىلاتلار پەيدا بولغان . قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە «il budun » دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تەشكىلات بار بولۇپ ، بۇ سۆزنىڭ ئۇدۇل تەرجىمىسى «جەمەت ۋە خەلق» دېگەنلىك بولىدۇ ، il ئۇرۇق ئاقساقىلى ۋە مەمۇرىي سەردارنى كۆرسەتسە ، budun ئىقتىسادنى باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ ئورتاق گەۋدىسىنى كۆرسىتىدۇ[1] .

يېزا جامەسىنىڭ رولى ۋە ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئۇيغۇرلار رايونىدا خېلى يېتەرلىك ئىپادىلەنگەن . يېزا جامەسى شەخسلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۈزۈملۈكنى سېتىۋېتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان . «ئارا تېمۈر (Ara tämür) تورى (Turi ) غا ‹سېنىڭ ئۈزۈملۈكۈڭ يېزا جامەسى تەرىپىدىن (ilbudun ) ئىنال قۇس (inal quc ) قا مەجبۇرىي سېتىپ بېرىلدى › دەپ ئۇقتۇرغان »[2] . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېزا جامەسىنىڭ باج-

① گابائىن : «قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» ، زو رۇشەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، 35 - بەت .

② رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 24 - ۋەسىقە ، 33 — 34 - بەتلەر .

سېلىق تاپشۇرۇش ، هاشارغا چىقىش مەجبۇرىيىتى بولغان . يۈەن سۇلالىسى هۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا il budun نى باج يىغىش بىرلىكى قىلغانلىقى بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر . رادلوف ئېلان قىلغان 77 - نومۇرلۇق هۆججەتتە خاتىرىلىنىشىچە : «يېزا جامەسى تېرىيدىغان يەرلەرگە يەرگە ئاساسەن باج تاپشۇرىدۇ » . يېزا جامەسى دېهقانلىرى پومېشچىكلارغا ئالۋان - ياساق تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيدۇ . يەنە بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە هۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن : باشقا - باشقا جەمەتتىن كەلگەن بىر توپ دېهقان پومېشچىكلارغا «بىزنىڭ بۇ يەردىكى باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار تورى ئۈزۈمچى دېهقان بولۇش سۈپىتى بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىلسە ، قارا تويىن ئىسىملىك ئادەم قايتۇرۇپ بېرىلسە ، دەپ تەلەپ سۇندى » . بۇنىڭدىن تورى ۋە قار تويىنىنىڭ يېزا جامەسى دېهقانلىرى ئىكەنلىكى ، بىراق ئۇلار ئەسلىدىنلا يەنە هۆكۈمەتنىڭ ئاددىي پۇقرالىرى بولۇپ ، قانۇن - نىزامغا ئاساسەن باج تاپشۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ئۇيغۇر يېزا جامەسى هەرخىل سالاهىيەتتىكى ئادەملەردىن تەركىب تاپقان : قۇلمۇ يېزا جامە ئەزالىرىنىڭ بىرى ① ، جامە باشلىقلىقىنى باي ئائىلىلەر ئۈستىگە ئالىدۇ . ئۇيغۇر باشقايا (basqaya ) ئىلگىرى مەخسۇس il (جامە ئاقساقىلى ) نىڭ مال - چارۋىلىرىنى باققان .②

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جامە تۈزۈمىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا ئورنىتىلىشى يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي هۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايونلارغا بولغان هۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام هۇجەيرىسىگىچە سىڭىپ كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ .

يۈەن سۇلالىسى هۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىنى ئۈنۈملۈك

① رادلوف : « قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 14 - ۋەسىقە ، 16 — 18 - بەتلەر .
② گاباين : «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» دە il «ئۇرۇق جەمەت» دېگەنلىك بولۇشى مەمۇرىيەتنى باشقۇرىدىغان «ئالىي باشلىق» بولۇشىمۇ مۇمكىن ، دەپ يازغان



باشقۇرۇش ئۈچۈن ، جېيۈەننىڭ 15 - يىلى (1278 - يىلى) 8 - ئايدا ، قارا قوچودا جازا كۆزىتىش جۇجۇقىنى تەسىس قىلغان . 18 - يىلى (1281 - يىل ) 5 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرغان .① 19 - يىلى (1282 - يىلى ) 3 - ئايدا ، «بېشبالىق تۇتۇق بېگى ئاشقا باش تەپتىشبېگلىككە تەيىنلىنىپ ، تەپتىشبەگ مەهكىمىسىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغان »② . يۈەن سۇلالىسى هۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر جازا كۆزىتىش جۇجۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، خېشى ۋاقىتلىق تەپتىشبېگى مەهكىمىسىنى تەسىس قىلىشى ئۇيغۇرلار رايونى ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك . جېيۈەننىڭ 12 - يىلى (1275 - يىلى ) دىن كېيىن ، غەربىي شىمالدىكى خانلار ئۈزلۈكسىز بېسىپ كىرگەچكە ، ئۇيغۇر قوۋملىرى پاراكەندىچىلىككە ئۇچراپ پىتىراپ كەتكەن . زور بىر تۈركۈمى ئىچكىرىگە كۆچۈپ خېشى قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن . ئىدىقۇتمۇ يۇڭچاڭ (هازىرقى گەنسۇدىكى يۇڭچاڭ ) غا كۆچۈپ كەلگەن . يۈەن سۇلالىسى هۆكۈمىتى خېشى قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر قوۋملىرىنى باشقۇرۇشنى كۆچەيتىش ئۈچۈن قارا قوچوغا تەسىس قىلىنغان جازا كۆزىتىش جۇجۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، يۇڭچاڭدا خېشى ۋاقىتلىق تەپتىشبېگى مەهكىمىسى تەسىس قىلغان .

خېشى ۋاقىتلىق تەپتىشبېگى مەهكىمىسى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل كۆزەتچى ئورگان بولغاچقا ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ هوقۇق مەركەزلەشكەن هۆكۈمرانلىقىدىكى كۆزىتىش تۈزۈمى بىلەن ماسلاشمىغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئەينى دەۋردە لۇڭشى رايونىدا تەپتىشبېگى مەهكىمىسىگە قاراشلىق گۇڭچاڭ جازا كۆزىتىش جۇجۇقى تەسىس

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 11 - جىلد ، «شىزۇ هەققىدە خاتىرە (8 ) » .
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 12 - جىلد «شىزۇ هەققىدە خاتىرە (9 ) » .

قىلىنغان . شۇڭلاشقا خېشى ۋاقىتلىق تەپتىشبېگى مەھكىمىسى بىر ۋاقىتلىق ئورگاندىنلا ئىبارەت خالاس . جىيۈەنىنىڭ 20 ـ يىلى (1283 ـ يىلى ) 1 ـ ئايدا ، گۇڭچاڭ جازا كۆزىتىش جۇجۇقى خېشىدىكى گەنجۇغا يۆتكەلگەن ھەم خېشى ـ لۇڭشى شىمالىي يولى جازا كۆزىتىش جۇجۇقىغا ئۆزگەرتىلگەن ، شۇ يىلى 3 ـ ئايدا «خېشى ۋاقىتلىق تەپتىشبېگى مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان »① خېشى ـ لۇڭشى رايونىنى نازارەت قىلىدىغان جازا كۆزىتىش جۇجۇقى خېشى ۋاقىتلىق تەپتىشبېگى مەھكىمىسىنىڭ ئورنىنى ئالغان .

ئۇنىڭدىن باشقا ، يۈەن سۇلالىسى غەربىي قىسمىدىكى ئۇدۇن ، كۇسەن قاتارلىق جايلاردا ھۆدەيچى مەھكىمىسى ، ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى ، باش ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى قاتارلىق ئورگانلارنى تەسىس قىلغان . يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىدا قەغەز پۇل تارقىتىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن جىيۈەن يىللىرىدا ئۇيغۇرلار رايونىدا مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلغان . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە ، جىيۈەنىنىڭ 17 ـ يىلى (1280 ـ يىلى ) «ئۇيغۇرلار رايونىدا تېزا باشقۇرۇش مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان »② ، جىيۈەنىنىڭ 20 ـ يىلى (1283 ـ يىلى ) «ئۇيغۇرلار رايونىدىكى تۆت جايدا ئۆتەڭ ۋە تېزا خەزىنىسى تەسىس قىلىنغان »③ ، تېزا باشقۇرۇش مەھكىمىسى پۇلنىڭ بېسىلىشى ۋە تارقىتىلىشىغا ، تېزا خەزىنىسى پۇلنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان . خەنزۇچە تارىخنامىلەردە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تېزىنى ئۇيغۇرلار رايونى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ خىراجىتى قىلغانلىقى

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 12 ـ جىلد ، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (9 ) » .
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 11 ـ جىلد «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» .
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 63 ـ جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» .



ھەققىدە نۇرغۇن خاتىرىلەر بار .

جىيۈەنىنىڭ 15 ـ يىلى (1278 ـ يىلى ) 1 ـ ئايدا «ئالاۋۇدۇن ئۇدۇنغا ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا ، ئۇ يەردىكىلەرگە 3000 دادەن گۈرۈچ ، 30 ياستۇق پۇل بەرگەن» . كېيىنكى يىلى 2 ـ ئايدا ، «ئۇدۇن دىيارىدىكى موڭغۇل قوشۇنىنىڭ خىراجىتى ، خەنزۇ قوشۇنى ، يېڭى بەيئەتچى قوشۇن قاتارلىقلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن ئات ، كالا ، قوي ۋە ئات ، ئېشەك پۇلى ھەدىيە قىلغان »① . جىيۈەنىنىڭ 17 - يىلى (1280 ـ يىلى ) 1 ـ ئايدا «تۇمەنبېشى چى گۇڭجى بېشبالىققا بېرىپ ، 12 مىڭ 500 ياستۇق پۇل ھەدىيە قىلىشقا بۇيرۇلغان »② ، جىيۈەنىنىڭ 22 ـ يىلى (1285 ـ يىلى ) بېشبالىق ئۆتىڭگە «600 ياستۇق پۇل بېرىپ ، كېيىن خىراجەت قىلىشقا ھاردۇق خىراجىتى يەتكۈزۈش بەلگىلەنگەن »③ ، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا «قارا قوچودىكى پۇقرالار ئاچارچىلىقتا قالغان ، ھەربىر تۈتۈنگە ئىككى تۇياق كالا ، ئىككى دادەن ئۇرۇق بېرىلگەن ، يەنە 16 مىڭ 400 ياستۇق پۇل ، 60 مىڭ 400 دادەن تېرىقنى تۆت ئايلىق ئوزۇق قىلىشقا بېرىپ ، ئۇلارنى قۇتقۇزغان »④ . قارىغاندا ئەينى ۋاقىتتا قوچودا ئاشلىق كەمچىل بولغان ، پۇل ھەدىيە قىلىپ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمىغان ، شۇنىڭ بىلەن تېرىق تارقىتىپ بېرىپ پۇقرالارنى قۇتقۇزغان . يۇقىرىدىكى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ تىكلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ .

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 10 ـ جىلد «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» .
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 11 ـ جىلد «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» .
③ «بۈيۈك جۇڭشى قامۇسى . ئۆتەڭ» ، «يۇڭلې قامۇسى» 19418 ـ جىلدقا قاراڭ . «ھاردۇق خىراجىتى يەتكۈزۈشنى بەلگىلەش» ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە خىراجىتى ئاجرىتىپ قەرز بېرىپ ياكى ئۆسۈم ئېلىش تىجارىتى قىلىپ ، ئۆسۈم پۇلى بىلەن كۈندىلىك چىقىمنى قامدىشىنى كۆرسىتىپ كېرەك .
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 13 ـ جىلد ، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» .

## 3 . ئىدىقۇت يەرلىك ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ھوقۇقى

ئىدىقۇت يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارىنىڭ نامى . ① ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئۇنىڭ مۇشۇ رايوندا يۈز بەرگەن جېدەل ـ ماجىرا ۋە كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بار بولىدۇ . نۆۋەتتە كۆرگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا ، ئۇيغۇر بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئاتىسى ئۇسەن تېمۇر ئەڭ ئاۋۋال ئىدىقۇت دەپ ئاتالغان . 1211 ـ يىلى بارچۇق ئارت تېكىن چىڭگىزخاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن كۆپ مىقداردىكى يەرلىك مەھسۇلاتلار ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ، جاۋاھىراتلارنى ئېلىپ موڭغۇل ئوردىسىغا سالامغا بارغان . ئۇ ئۆزلۈكىدىن بەيئەت قىلغانلىقتىن چىڭگىزخان قىزى ئىل خاتۇننى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا بەشىنچى ئوغلى قاتارىدا مۇئامىلە قىلغان . ئىدىقۇت ئۇيغۇرلار زېمىنىنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇپ ئۆزىگە قاراشلىق رايون ، بېقىندى ئاھالىلەرگە قارىتا ئەڭ ئالىي ھوقۇققا ئىگە بولغان ، ئىدىقۇت توققۇز باش ۋەزىر ، باش تۇتۇق ، ئەدلىيە ئەمەلدارى ۋە ھەر دەرىجىلىك چوڭ ـ كىچىك بەگلەرنى تەيىنلەپ ، دۆلەت ئىشلىرى ۋە يەرلىك مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرغان . يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلار يۈەن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ بېقىندىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن چوقۇم باج تاپشۇرۇش ، ئولپان تاپشۇرۇش ، ھەربىي يۇرۇشكە قاتنىشىش قاتارلىق بېقىندى ئەللىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىم . ئىدىقۇت يەرلىك ھاكىمىيىتىنى يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي

① ئىدىقۇت Iduq—qut يەنى «قۇتخان» ، راشىدىن : «جامىئۇت تاۋارىخ» خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا ، 1 ـ توم ، 1 ـ كىتاب 242 ـ بەتكە قاراڭ .



ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىدا تەسىس قىلغان ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە ئورگان ، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ۋاكالەتچىسى دېيىشكە بولىدۇ . شۇڭلاشقا ، ئۇلار بىۋاستە يۈەن سۇلالىسى خان ئوردىسىنىڭ ئوتتۇغاتىنى ۋە تەڭشىشىنى قوبۇل قىلىدۇ . قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىن موڭغۇل قاغانىنىڭ قۇدرەتلىك ھەم ھەيۋەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تەسىرى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەنلىكىنى بىلەلەيمىز . بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن :

پادىشاھقا ھۆرمەتلىك ulugh süuü—käbišatun yastuq بەش ياستۇق ئالتۇن aqai [ni] tigit—lär—käbirar altun yastuq ۋە (ھۆرمەتلىك ) qïzghut ötünüp شاھزادە ، تېكىنلەرگە بىر ياستۇق ئالتۇن idiuqut—qa bir altun yastuq kögürüp ئىدىقۇتقا بىر ياستۇق ئالتۇن تاپشۇرسۇن ① .

يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان ھۆججەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تارىخىي پاكىتتىن قارىغاندا ، ئۇيغۇر ئىدىقۇتنىڭ قوبۇل قىلىدىغان كاپالەت جەرىمانىسىنىڭ سانى موڭغۇل قاغانى suü نىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەن بولۇپ ، خان ئوردىسىدىكى خانزادىلەر بىلەن ئوخشاش بولغان يەنى ئىدىقۇت ۋە ھەرقايسى خانزادىلەرگە تاپشۇرىدىغان جازا پۇلىنىڭ سوممىسى ئوخشاشلا بىر ياستۇق ئالتۇن بولغان . بىراق ھۆججەتتە خانزادىلەرگە قارىتا (ھۆرمەتلىك ) ئاتالغۇسىنى قوللانغان . ئىدىقۇتقا قارىتا «تۆلەم تاپشۇرۇش» ، «تۆلەم بېرىش» يەنى «Kögür» نى ئىشلەتكەن ، بۇ روشەن پەرق ئىدىقۇتنىڭ ئالتۇن ئۇرۇقتىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . ئىدىقۇت ئوردا تەيىنلىگەن ئەمەلدار بولۇش سۈپىتى بىلەن يۈەن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 115 ـ ۋەسىقە ، 210 ـ 211 ـ بەتلەر .

بويسۇنغان . براق ئۇيغۇرلار رايوندىكى جېدەل- ماجىرانى ئايرىيدىغان ھەق تەلەپ ئەرز ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان . بىر پارچە ھۆججەتنىڭ بېشىدىلا مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «yduqut tängrikänimiz—Ka » (مۇقەددەس ئىدىقۇت تەڭرىخانىمىزغا )»[1] بۇ يەردە يەنى ئىدىقۇت بىلەن[2] (تەڭرىخان ) «tängrikän بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىلىشتىن ئىبارەت ئىنتايىن قىزىقارلىق بىر ھادىسە كۆرۈلگەن . مورىياسۇ تاكائو «تەڭرىخان » بەلكىم ئىدىقۇتنىڭ مەنە تەرجىمىسى بولسا كېرەك[3] دەپ چۈشەندۈرگەن . بۇ خىل چۈشەندۈرۈشنىڭ بۇ سۆزنى تەھلىل قىلىشىمىزغا ياردىمى تېگىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ يەنە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىدىقۇتقا بولغان چوقۇنۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . ئىدىقۇتنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاساسلىقى سىرتتا پىتراپ يۈرگەن پۇقرالارنى جەم قىلىش ھەم موڭغۇللارغا ئوخشاش ئۆز قوۋمىنىڭ قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىش بولۇپ ، ئىچكى سىياسەت جەھەتتىن نىسبەتەن مۇستەقىللىقتا ئىگە .[4] دادىي يەتتىنچى يىلى (1303 - يىلى ) چاغاتاي خانلىقى ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى ئىدىقۇتنىمۇ ئالماشتۇردى . بۇ نۇقتىنى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . بىر پارچە ھۆججەتتە : «ئېسەن بۇقا

①رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 40 - ۋەسىقە ، 57 - 58 - بەتلەر .
② «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دا «تەڭرى » 天 خەنزۇچە « 腾格里 » ( Tenggeri » ) دەپ يېزىلغان . پاسىبا يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە «تەڭرى » « 天 » ، «dengri » دېيىلگەن ، داۋبۇ : «ئۇيغۇر يېزىقى شەكلىدىكى موڭغۇل يېزىقى ‹يۈنەن بېگى ساقلىغان نوم پۈتۈكى ، توغرىسىدا مۇھاكىمە» ، «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1981 - يىللىق 3 - سان ، 199 - 200 - بەتلەرگە قاراڭ .
③مورىياسۇتاكائو : «باڭخاڭ ھۆججەتلىرى» 45 - بېتى ، «دۇنخۇاڭ ۋە ئۇيغۇرخانلىقى» 63 — بېتىگە قاراڭ . «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ناملىق ماقالىدە مۇرىياسۇتاكائو tangri نى «تەڭرىخان» دەپ تەرجىمە قىلغان» ، ياماگۇچى مىزۇكى : «دۇنخۇاڭدىكى غۇزچە ۋەسىقىلەر » ، توكيو ، 1985 - يىل نەشرى ، 22 - 31 - بەتلەرگە قاراڭ .
④ئابى تاكېئو : «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ، سۇڭ سۇيىڭ قاتارلىقلار خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى ، 53 - بەت



دەۋرىدە ، كۈنچۈك ئىدىقۇت (KünCüK idiqut ) باش بولغان »[1] دەپ خاتىرىلەنگەن . بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان كۈنچۈك ئىدىقۇت يۈەن سۇلالىسى ئوتتۇغات نامى بەرگەن نۇرىن تېكىن بولماستىن ، بەلكى چاغاتاي خانلىقى تەيىنلىگەن ئىدىقۇتتۇر . بېرلىن گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدىكى TM214 نومۇرلۇق تۇرپاندىن چىققان ھۆججەتتە باش ۋەزىر مەنسىپىدىكى ئىدىقۇتنىڭ ئىسمى كۆزگە چېلىقىدۇ : «خاندىن يارلىق كەلگەندە ، باش ۋەزىر ئىدىقۇت بەگ تېمۈر (Bäg Tämür ) ، ئوڭ قول ۋەزىر قۇبا (Quba ) ، سول قول ۋەزىر باي قايا (Bai Qaya ) قاتارلىق ئەمەلدارلار پەرمانبەردار بولىدى »[2] بۇ ماتېرىياللار ئۇيغۇرلار رايونى چاغاتاي خانلىقى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان بولسىمۇ ، يەرلىك تۈزۈملىرىدە يەنىلا خەنزۇلار رايونىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىدىقۇت ھاكىمىيىتى ھەرگىزمۇ بىر مۇستەقىل سىياسىي گەۋدە بولماستىن ، بەلكى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىغا مەخسۇس تەسىس قىلغان يەرلىك ھاكىمىيەتتۇر ، دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغىلى بولىدۇ . يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىنى باشقۇرۇشىدىكى روشەن ئالاھىدىلىكى يەرلىك كۈچلەردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك پايدىلىنىپ ، ئىدىقۇتنى ئوردا ئەمەلدارىغا ئايلاندۇرۇپ ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بۇ رايونلارغا بولغان بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ، بىز يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمى ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ بۇ

①رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 22 - ۋەسىقە ، 28 - 32 - بەتلەر .
② رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 22 - ۋەسىقە ، 28 - 32 - بەتلەر .

رايونلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىق شەكلىگە قارىتا مۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىز : موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىدە ، بارلىق موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچى ئاھالىسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئالتۇن ئۇرۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئائىلە مۈلكىگە ئوخشاش تەقسىملەش ئاساسىي پرىنسىپىغا ئاساسەن ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىتائەت قىلغان ئۇيغۇرلار موڭغۇل قاغانىنىڭ پۇقراسى بولىدۇ ، ئىدىقۇت يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئەمەلدار بولۇش سۈپىتىدە شۇ جاينىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ، يېزا جامەسى تۈزۈمى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى قاتلام تەشكىلاتى بولىدۇ . ئەگەردە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھەرقايسى مەمۇرىي قاتلاملارنى چىقىش قىلىپ تەكشۈرسەك يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىق تۈزۈلمىسى باشلىنىشىدىنلا خالىي بولغىلى بولمايدىغان يەرلىكلىشىش يۆزلىنىشىگە ئىگە بولغان . ئىدىقۇت ياكى بەيئەت قىلغۇچىلار ئۆز تەسىر دائىرىسىدە قوللانغان ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ، مەمۇرىي تۈزۈم ئاساسىي جەھەتتىن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى ياكى قوچو ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تۈزۈملەرگە ۋارىسلىق قىلغان . بىراق ئىدىقۇتنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەمۇرىي قاتلامدىن تەكشۈرسەك ئۇلار يەنە قاغانغا بىۋاستە مەسئۇل بولىدىغان زالىم ھەكەم ۋە بىتىكچىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا موڭغۇل ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلار رايونىدا تەسىس قىلغان دارۇغاچىلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلار رايونىغا قاراتقان نازارىتىنى خەلقنى بىۋاستە باشقۇرىدىغان ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتكىچە ئىزچىللاشتۇرىدۇ . بۇنىڭدىن موڭغۇل – يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرى بويسۇندۇرغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قاراتقان ۋاستىلىك ھەربىي ، مەمۇرىي



ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يۇقىرىدىن – تۆۋەنگىچە يۈرگۈزۈلىدىغان مۇشۇغۇلچە تۈزۈم بىلەن تۆۋەندىن – يۇقىرىغا يەتكۈزۈلىدىغان يەرلىك تۈزۈملەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا سىڭىشىپ بىرىكىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .

## §2 . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئومۇمىي سىستېمىسى قانداق؟ ئۇنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى قانداق؟ بۇ بىر يۈرۈش ئەمەلدارلىق تۈزۈمىمۇ ياكى ئىككى يۈرۈش ئەمەلدارلىق تۈزۈمىمۇ؟ ئۇنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش ، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ، تۆھپە باھالاش تۈزۈمى قانداق؟ بۇ مەسىلىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى ، مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى قاتارلىق كۆپ جەھەتكە چېتىلىدۇ . قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەڭگۈتاشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى خېلى سىستېمىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ . بۇ پاراگرافتا ئاساسلىقى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنى ئاساس قىلىپ ، ئۇنى خەنزۇچە ماتېرىياللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى مۇھاكىمە قىلىمىز .

### 1 . ئەمەلدار ۋە ئەمەلدار ئاتالغۇسىغا ئېنىقلىما

تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرلارغا ئائىت غەيرىي دىنىي ھۆججەتلەر ، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردە پادىشاھنىڭ خان ، ئىلىكخان ، تەگىنخان ۋە ئىدىقۇت دېگەن ناملىرى ،

ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئايغۇچى (ayğuči ) ، باش
تۇتۇق بەگ ، تارخان ، تېكىن دېگەن ئەمەل نامىلىرى ، كەسپىي
ئاتالغۇلاردىن بىتىكچى (bitikči ) ، باخشى (baqši ) قاتارلىق
كۆپلىگەن ئۇيغۇرچە ئەمەل ـ مەنسەپ نامىلىرى ساقلانغان .
«ئىدىقۇت» « 益都忽 » دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئېلىنغاندىن
سىرت يەنە ، « 邑都忽 » مۇ دېيىلىدۇ ، ھەممىسى idi qut نىڭ
ئاھاڭ تەرجىمىسى . «ئىدىقۇت» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى
توغرىسىدا ، ئىلىم ساھەسىدە ھەرخىل چۈشەندۈرۈشلەر مەۋجۇت .
بەزىلەر «قۇتخان» دېگەن مەنىدە دېسە ، يەنە بەزىلەر «مۇقەددەس
ھۆكۈمدار» دېگەن مەنىدە دەپ قارىماقتا . قەدىمكى ئۇيغۇرچە
ھۆججەتلەردىكى «ئۇلۇغ پادىشاھىمىز ئىدىقۇتقا»① دەپ قەسەم
بەرگەن خاتىرىلەر «ئىدىقۇت» نىڭ «خان ، پادىشاھ» دېگەن
مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . بىراق ئىدىقۇت
ئۇيغۇر خانلىقى يۈەن سۇلالىسىگە بېقىندى بولۇپ قالغان
مەزگىللەردە ئىدىقۇتنىڭ ئورنى ئەڭ يۇقىرى ئەمەس ئىدى . بىر
پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتتە : ھەر قانداق توختامغا
خىلاپلىق قىلغۇچىلار ulugh süü (موڭغۇل پادىشاھى ) ، Tegits
موڭغۇل شاھزادىلىرى ، ئىدىقۇتقا تۆلەم تۆلىشى كېرەك ،② دەپ
تەكىتلەنگەن . بۇنىڭدىن موڭغۇل پادىشاھى ۋە Tegits نىڭ
«ئىدىقۇت» قا قارىغاندا تېخىمۇ زور ھوقۇقى بولىدىغانلىقىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . بۇ يەردە ئىدىقۇت بىلەن suü
ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بىر ئاز چۈشەنچە بېرىش زۆرۈر .
ۋېنگرىيە ئالىمى لىگېتى ulughsuü سۆزىنىڭ موڭغۇل

①گابائىن : «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» ، زو رۇشەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان ، تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر ئىشخانىسى تەھرىرلىگەن ، 1989 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى ، 45 ـ بەت .
②يۇقىرىقى كىتاب ، 46 ـ بەت .



پادىشاھىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى دەلىللىدى .① يۈەن سۇلالىسى
دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە توختام ھۆججەتلىرىدە ، ئۇيغۇرلار
موڭغۇل پادىشاھىنى تۈرك تىلىدىكى «زور قوشۇن» سۆزى بىلەن
ئاتىغان . «بىنتۇڭنىڭ ئۆزىنى سېتىش توختامىنىڭ ھۆججىتى»②
دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : ulughsuü—qa buyanī—tägzün (
[تەڭرى] موڭغۇل خان ئالىيلىرىغا بەخت ـ سائادەت ئاتا
قىلسۇن ) . بەخت تىلەش تەكەللۇپ سۆزىدىن تاشقىرى ، يەنە جازا
قوبۇل قىلىش تەكەللۇپ سۆزىدە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئالىي
ھۆكۈمرانىنىڭ سىماسى ئەكس ئېتىدۇ : «ulugh suü—qa bir
altun yastuq » موڭغۇل پادىشاھ ئالىيلىرىغا بىر ياستۇق ئالتۇن
[تاپشۇردۇم]③ . قىسقىچە جەدۋەلدىكى 76 ـ نومۇرلۇق
ھۆججەتتىمۇ : «ناۋادا كىمدە كىم مال ـ مۈلۈك ۋەجىدىن دەتالاش
قىلسا ، موڭغۇل پادىشاھىغا بىر ياستۇق ئالتۇن (— ulugh suü
qa bir altun yastuq )تاپشۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ③ دەپ
بەلگىلەنگەن . ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدىكى ھۆكۈمران
موڭغۇل پادىشاھى ئىدى . 1209 ـ يىلى بارچۇق ئارت تېكىن

①گېڭ شىمىن : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە توختامنىڭ يەشمىسى» ، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1978 ـ يىللىق 2 ـ سان .
②③ بۇ ھۆججەتنى 1953 ـ يىلى غەربىي شىمال مەدەنىيەت ـ يادىكارلىقلىرى تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونىدىن تاپقان . شۇنىڭدىن كېيىن فېڭ جياشېڭ مەزكۇر ھۆججەتنىڭ يېشىمىنى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى توختامنىڭ ئىككى خىلى» دېگەن نامدا «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1960 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئېلان قىلغان ، ياپونىيە ئالىمى يامادا نوبۇئونىڭ «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىنتۇڭ (شەنبىن ) نىڭ ئۆزىنى سېتىش توختامىنىڭ ئىككى خىلى» ناملىق ماقالىسى «شەرقىي ئوكيان تارىخ تەتقىقاتى» نىڭ 1968 ـ يىل نەشر قىلىنغان 27 ـ تومىنىڭ 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ، ۋېنگرىيە ئالىمى لىگېتىنىڭ « يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پارچە ھۆججەت توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى «شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1973 ـ يىلى نەشر قىلىنغان 27 ـ تومىنىڭ 1 ـ قىسمىدا ئېلان قىلىنغان ، نەقىل ئېلىنغان بۇ ھۆججەت : «بىنتۇڭنىڭ ئۆزىنى سېتىش توختامىنىڭ ئۈچىنچى خىلى» نىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ ئېگىزلىكى 39cm ، كەڭلىكى 48.2cm كېلىدۇ ، ھازىر بېيجىڭدىكى جۇڭگو تارىخ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ . ھۆججەتتىكى s بىلەن x پەرقلەنمەيدىغانلىقى d بىلەن t ، s بىلەن z سۆزلەر ئارىسىدا ئالماشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىدىغانلىقى ھۆججەتنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ .
③مەزكۇر ھۆججەتنى Le Coq ئېلىمىزنىڭ تۇرپاندىكي چىقىمىدىن قولغا چۈشۈرگەن . ھازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ . ساقلىنىش نومۇرى : T Ⅱ.Cigtim15 . رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 78 ـ ۋەسىقە ، 133 ـ ، 135 ـ بەتلەر .

لەشكەرلىرىنى باشلاپ قارا قىتانلارنىڭ شاۋكېمىنى ئۆلتۈرۈپ موڭغۇللارغا بەيئەت قىلغان[1] . 1211 ـ يىلى بارچۇق ئارت تېكىن قىممەت باھالىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ ، موڭغۇل ئوردىسىغا سالامغا كەلگەن . ئۇ ئۆزلۈكىدىن بەيئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ، چىڭگىزخان قىزى ئىل خاتۇننى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان ھەم «بەشىنچى ئوغۇللۇق» تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇشقا رۇخسەت قىلغان . «ئۇنى ھەرقايسى خانزادىلەر بىلەن تەڭ كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئىلگە باشقا ئەللەردىن پەرقلىق مۇئامىلە قىلغان»[2] . بۇ موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ مۇستەھكەملەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ .

«ئىدىقۇت» لۇق مەنسىپىدە دەرىجە پەرقى مەۋجۇتمۇ ؟ بۇنى جەزملەشتۈرۈش قىيىن . بىراق موڭغۇللار دەۋرىدىكى خەت ـ چەكلەردە كۇچۇك ئىدىقۇت كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان . بۇنىڭدىن ئىدىقۇتنىڭ بىرىنەچچە دەرىجىسى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ھەتتا بەزىدە بۇ نامنىڭ توغرىدىن توغرا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .[3] ئىدىقۇت جەمەتى تېلى (تۆلۆس) قەبىلىلىرى ئىچىدىكى بۆگۈ ئۇرۇقى[4] دىن بولۇپ ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى يازما ھۆججەتلەر ، ئالايلۇق يۈجىنىڭ «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» ، خۇاڭ جىننىڭ «ئىناجىن تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ۋە جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانكۇشاي»

①جۇۋەينى : «تارىخى جاھانكۇشاي» ، خې گاۋچى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، 1 ـ قىسىم ، 49 ـ ، 50 ـ بەتلەر ، راشىدىن «جامىئۇل تاۋارىخ» ، يۈي داجۈن ، جۇ جيەنچى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، 1 ـ توم 2 ـ كىتاب ، 226 ـ بەت .

② جاۋ مېڭيى : «ئارغۇن سالىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «سۇڭ شۆجەي ئەسەرلەر توپلىمى» ، 7 ـ جىلد .

③رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 16 ـ ۋەسىقە ، 22 ـ بەت ؛ گابائىن : «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» ، زو رۇشەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، 46 ـ بەت .

④لىيۇ يىڭشېڭ : «موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ھەققىدە تەتقىقات» ، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 4 ـ توپلام ، 196 ـ بەت .



قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سۇلالە ئالماشقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىياللار[1] خاتىرىلەنگەن . يۈەن ۋېنزۇڭ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردىن ئىلگىرىكى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇتىغا ۋارىسلىق قىلىش تەرتىپىدىن قارىغاندا ، ئىدىقۇتلۇق ئورنىغا كۆپىنچە چوڭ خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغۇلنىڭ ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق قىلغان . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى . قارا يىغاچ بۇيرۇقنىڭ تەرجىمىھالى» غا ئاساسلانغاندا ، بارچۇق ئارت تېكىندىن بۇرۇنقى ئىدىقۇتلۇقنى ئۈستىگە ئالغىنى ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇسەن تېمۇر ئىدى . بۇ خىل بالىسى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان تۈزۈم ئۇدا داۋاملىشىپ كەلگەن . جىجېڭنىڭ 13 ـ يىلى (1353 ـ يىل) 6 ـ ئايدا «ئىدىقۇت قوچو خانى يوللۇغ تېمۇر نەنياڭ ۋىلايىتىدىكى ئوغلى ساڭگاشىنىڭ قوچو خانى بولۇشى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن» .[2] بۇداشىل تېمۇر بۇقانىڭ ئوغلى بولۇپ ، قوچو خانلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان[3] بۇداشىلىنىڭ ئوغلى قاسان ئىدىقۇت قوچو خانلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان . مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇنىڭ 3 ـ يىلى يەنى يۈەن سۇلالىسى جىجېڭنىڭ 30 ـ يىلى (1370 ـ يىلى) «ئۇ بارلىق قوۋملىرى بىلەن تەسلىم بولغان»[4] . قاسان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى قوچو خانىدۇر . ئۇنداقتا «قوچو خانى» بىلەن «ئىدىقۇت» ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداق مۇناسىۋەت ؟ بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشكە

①ئابې تاكېئو : «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى ھەققىدە تەتقىقات» ، سۇڭ سۇيىڭ قاتارلىقلار خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، 3 ـ باب ، 2 ـ پاراگراف ، «بۆگۈخان رىۋايىتى ۋە ئاتىمىز خانلىقى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1985 ـ يىل نەشرى ، 128 ~ 148 ـ بەتلەر .

② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 43 ـ جىلد ، «شۇندى ھەققىدە خاتىرە» .

③سۇڭ ليەن : «مەرھۇم خۇەيېۇن سانغۇنى قوچو خانى بويۇرغا مەھكىمىسىنىڭ ياندىش بېگى قاسان تۆرىنىڭ قەبرە خاتىرىسى» ، «سۇڭ ۋېنشيەن تۆرە ئەسەرلىرى توپلىمى» 15 ـ جىلد .

④ «مىڭ تەيزۇنىڭ ئوردا خاتىرىسى» ، 55 ـ جىلد ، [مىڭ سۇلالىسى دەۋرى] بې شېڭ : «شۇيدۇڭ كۇندىلىك خاتىرىلىرى»27 ـ جىلد ، «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» (يۈەن ، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تارىخ ماتېرىياللار قوليازمىسىنىڭ باسما نۇسخىلىرى) ، 1980 ـ يىل نەشرى ، 264 ـ ، 265 ـ بەتلەر .

ئەرزىيدۇ . تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا رېنزۇڭنىڭ يەنيۇ ئۈچىنچى يىلى (1316 - يىلى ) يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى قوچو خانى مەرتىۋىسىنى تەسىس قىلغان ھەم ئالتۇن مۆھۈر تارقاتقان . شۇنىڭدىن كېيىن «ئۇنىڭ خانلىق مۆھۈرى ئىچكىرىدىكى ۋىلايەتلەردىمۇ ئۆتىدىغان بولغان» ئىدىقۇتنىڭ مۆھۈرى «ئۇيغۇرلار رايونىدىلا ئۆتەتتى» . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 195 ـ جىلد «بايان بۇقا تېكىننىڭ تەرجىمىھالى» غا ئاساسلانغاندا ، ئۇنىڭ بوۋىسى شۆشۆ تېكىن «كوراگان تۇتۇق ، قارا دىۋانىنىڭ باش ۋەزىرى بولغان ، قوچو خانى مەرتىۋىسى بېرىلگەن» ، شۆشۆ تېكىن تەخمىنەن جىيۈەننىڭ 20 - يىلىدىن 30 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا غەربىي جەنۇبتا پائالىيەت ئېلىپ بارغان . ئۇنىڭ جىيۈەننىڭ ئاخىرلىرىدا قوچوغا قايتىپ كېلىپ ، قۇچقاردىن كېيىن ئىدىقۇتلۇققا ۋارىسلىق قىلغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن . يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان تارىخى ماتېرىيالدىكى شۆشۆ تېكىن قوچو خانى مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى دېگىنى ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىدىقۇتلۇققا ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . بۇنىڭدىن قارىغاندا ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىدىقۇتلۇققا ۋارىسلىق قىلىشتا قوچو خانى دېگەن نامغا ئېرىشىشتىن سىرت يەنە «خان مۆھۈرى» ئىنئام قىلىنغان . بۇ يۈەن سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن ئىدىقۇت يەرلىك ھاكىمىيىتىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ .

khanghan (قاغان ) «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئابىدە تېكىستىدە كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان : « (147 - قۇر ) ھۆرمەتلىك قاغاننىڭ



ئىلتىپاتى بىلەن (148 - قۇر) ···قۇتلۇق » ① . يى لىنجىن ئەپەندى مۇنداق كۆرسەتكەن «قا » (qa) ( qan) (خان يەنى پادىشاھ ) نىڭ ئېنىقسىز شەكلى ، «قاغان» سۆزى سىيانپىي تىلىدىن كەلگەن .② «سۇڭنامە» 96 - جىلد «تۇيغۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە « 外可寒 » ۋە « 阿干 » دېيىلىدىغان ئىككى شەرقىي سىيانپىي تىلىدىكى ماتېرىيال ساقلانغان ، بۇنىڭدىن بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي شەرقىي غۇزلار ئەۋلادلىرىنىڭ تىلى ئىكەنلىكىنى ، كېيىن تۈرك تىلىغا كىرگەنلىكىنى ، تۈركلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ سۆزنى داۋاملىق قوللانغانلىقىنى ھەمدە موڭغۇل ئىگىزلىكىدە ئومۇملاشقانلىقىنى بىلەلەيمىز . سەي مېيبياۋ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە ئابىدىلەر توپلىمى خاتىرىسى» نىڭ ئىزاھاتىدا «قاغان» نىڭ مەنبەسى تۈرك تىلى ۋە موڭغۇل تىلىدىكى «پادىشاھ» ئاتالغۇسىدۇر③ ، بىراق khaghan بىلەن Qan نىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ ، khaghan ئالىي سەردار دېگەن مەنىدە ، Qan «كىچىك قاغان» نى كۆرسىتىدۇ دەپ كۆرسەتكەن . بۇ ھەقتە خەن رۇلىن ئەپەندى ناھايىتى تەپسىلىي تەھلىل يۈرگۈزگەن بولۇپ④ ، بۇ يەردە قايتا تىلغا ئالمايمىز . شۇڭلاشقا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا قوللىنىلغان «خان» ئاتالغۇسىنىڭ ئورنى «قاغان» دىن تۆۋەنرەك

①گېڭ شىمىن : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى ھەققىدە تەتقىقات» ، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980 - يىللىق 3 - سان ؛ قاھار بارات ، لىيۇ يىڭشېڭ : «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئابىدە تېكىستىنى سېلىشتۇرۇپ تۈزىتىش ۋە بۇ ھەقتە تەتقىقات» ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەتقىقات مەجمۇئەسى» ، 8 - قىسىم ، بۇ مەڭگۈ تاش ھازىر گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ .

②يى لىنجىن : « «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى ، نىڭ يېڭى تەرجىمە ئىزاھاتىغا باھا» ، «جۇڭگو تارىخى تەتقىقاتى» ، 1983 - يىللىق 3 - سان .

③سەي مېيبياۋ : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە ئابىدىلەر توپلىمى خاتىرىسى» ، ئىلىم پەن نەشرىياتى 1955 - يىل نەشرى .

④خەن رۇلىن : «تۈركلەرنىڭ ئەمەلناملىرىغا ئېنىقلىما» «خەن رۇلىن ئەسەرلىرى توپلىمى» جياڭسۇ قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى ، 1991 - يىل نەشرى ، 511 - بەت .

بولۇپ ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى يۈەن سۇلالىسى خان جەمەتىنىڭ «نويۇن» ئاتالغۇسى بىلەن باراۋەر .

Ong سۆزىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى بەگ ( 王 ) دېگەنلىك بولۇپ ، «Ong» ئاتالغۇسى توغرىسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» نىڭ 152 - ، 155 - ، 192 - ، 198 - ، 224 - ، 225 - قۇرلىرىدا مۇنداق خاتىرىلەر بار :

152 - قۇر : ئۇنىڭغا ئالتۇن مۆھۈر (ۋە ) قوچو خانى (kao cang onh ) دېگەن نام بېرىلگەن .

198 - قۇر : يېنىدا ئىدىقۇت ۋە خاننىڭ (Ong ) ئالتۇن مۆھۈرى بارلىرىدىن باشقىلىرى

224 - قۇر : ئۇنىڭ ئالتۇن مۆھۈرى ۋە قوچو خانلىق نامىنى

225 — قۇر : قەدىرلىك ئىنىم سەڭگى تىكىنگە ئۆتۈنۈپ بەردىم .

يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىگە ئاساسلانغاندا : «خان» مەرتىۋە نامى بولۇپ ، دائىم ئوتۇغات بېرىشتە ئىشلىتىلىدۇ . ئىنتايىن قىزىقارلىقى شۇكى ، بىز يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ماتېرىياللارنى ئاختۇرغىنىمىزدا «خان» نىڭ تۈرك تىلىدىكى «ilik » ياكى «ilek » ئاتالغۇسى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز . مۇشۇ كىتابتىكى ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 35 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە : «Qadir bilgätängri ilik » («قادىر بىلگە تەڭرى خان ئالىيلىرى» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ ) دەپ خاتىرىلەنگەن . ilik ئەمەل نامى بولۇپ ، 9 — 11 - ئەسىرلەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىسى ھۆججەتلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ . 111 - قۇردا «كۈن ، قىيا ، تاغلانى ، ياغاچچى بولمىش



بۇ تۆتى خان جەمەتى «دىن ( tört ilik ) » [1] دېيىلگەن . گېرمانىيىلىك تۈركولوگ گابائىن : ilik سۆزى il بىلەن lik نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن بولۇپ ، «قەبىلىنى يېتەكلەيدىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ ساپ تۈركچە سۆز ۋە تۈركچە ئۇقۇم . قەبىلە ( il ياكى el ) تۈرك قوۋملىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . ilik ئەمەل نامىنىڭ مەنىسى باشقىلارنى ئەمەس ، بەلكى بارلىق قەبىلىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان سەردارنى بىلدۈرىدۇ [2] ، دەپ كۆرسەتكەن . گابائىننىڭ تەھلىلى ئاساسسىز ئەمەس . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ توختام ھۆججەتلىرى ئىچىدە ilik بىلەن پادىشاھ ئاتالغۇسىنى بىلدۈرىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ ، خەنزۇچە كىتابلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمدارى «خان» دېيىلىدۇ . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 32 - جىلد «ۋېنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە «(1328 — يىلى ) قوچو خانى تېمۇر بۇقا زوراغاللىق مەھكىمىسىنىڭ بېگى بولدى» دەپ خاتىرىلەنگەن . لى جىچاڭنىڭ ھەمساۋاق شاگىرتى يول يۈرۈپ بېشبالىق شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە «ئۇيغۇر خانىنىڭ قوۋملىرى ئۇنىڭغا ئۈزۈم ھارىقى تۇتقان .» [3]

«تېكىن» ( Tägin ) ، بۇ ئەمەل نامى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىدا داۋاملىق قوللىنىلغان . «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە قىسمىنىڭ 4 - ، 5 - ، 81 - ، 93 - ، 146 - ، 171 - ، 178 — ، 188 - ، 225 - قۇرلىرىدىمۇ بۇ ئەمەل نامى تىلغا

[1] گېڭ شىمىن : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مان دىنى ئىبادەتخانىسى ھۆججىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1978 - يىللىق 4 - سان .

[2] گابائىن يازغان ، گېڭ شىمىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان : «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى» (مىلادىيە 850 — 1250 - يىللار ) ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1980 - يىللىق 2 - سان .

[3] «ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە زىيارىتى» ، 1 - قىسىم ، 26 - 32 - بەتلەر .

ئېلىنغان . بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «يەر پۇلىنى تۆلەش توختامى» دا «ئوغۇل tägin »[1] تىلغا ئېلىنغان . ئۇنىڭدىن باشقا خەنزۇچە كىتابلاردىمۇ كۆپلىگەن خاتىرىلەر بار ، ئالايلۇق جىيۇەننىڭ 31 ـ يىلى (1294 ـ يىلى ) «قومۇللۇق تېكىن تېرىمغا 50 سەر ئالتۇن ، 450 سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىنغان»[2] . بۇ يەردىكى «تېكىن تېرىم (tägin terim )»[3] قومۇل (هازىرقى شىنجاڭ قومۇل ) نىڭ سەردارىنىڭ نامى . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە يازما ھۆججەتلەردە ، دائىم ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىنىدۇ . خۇاڭ جىننىڭ «ئىنانجىن تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە ، ئۇيغۇر ئىنانجىنىنىڭ «ئەجدادلىرى مۇشۇ ئەلنىڭ خانى بولغان» ، كېيىن «ئىدىقۇت جەمەتى» بۇ ئەلنى باشقۇرغان ، «ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەر بىلەن نىكاھلانغاچقا بۇ ئەلنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان» . ئىنانجىنىنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد بوۋىسى «تېكىن بىلگە قۇت» tägin bilge qut «پاراسەتلىك ، بەخت ـ سائادەتلىك ۋەزىر» دېگەن مەنىدە بولغان . ئۇنداقتا تېكىنىنىڭ مەنىسى نېمە؟ تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە بۇ مەسىلە ھەققىدە مۇنازىرە قانات يايدۇرۇلغان . راشىددىننىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» تا : «چىڭگىزخان زامانىسىدا ئۇنغۇتلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى ئالاقۇش تېكىن قۇرى (alaqus tägin quri ) ، بۇ يەردىكى ئالاقۇش ئىسىم ، تېكىن بولسا نام»[4] دەپ خاتىرىلەنگەن . گابائىن :

①رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 12 ـ ۋەسىقە ، 12 ـ 14 ـ بەتلەر .
②«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 18 ـ جىلد ، «چېڭزۇڭ ھەققىدە خاتىرە (1 )» .
③« 的斤 » تۈرك تىلىدىكى «tägin » نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ، شاھزادە ( 亲王 ) دېگەن مەنىدە ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈرك ، ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ئىنىلىرى ، ئوغۇللىرى شۇنداق ئاتالغان . « 帖林 » تۈرك تىلىدىكى terim ، خان جەمەتى ئەزالىرىنىڭ ئاتىلىشى ، ئاياللارغا ئىشلىتىلىدۇ . كلاۋسون : «13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈركىي تىللارنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى» ، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1972 ـ يىل نەشرى ، 549 ـ بەت .
④راشىددىن : «جامىئۇل تەۋارىخ» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا ، 1 ـ توم ، كىتاب نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى ، 230 ـ بەت .



«قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا تېكىن tägin پادىشاھ ۋە ئاياللارنىڭ ئالىيجانابلىق ھۆرمەت نامى»[1] دەپ قارىغان . فرانسىيىلىك ئالىم چاۋاننېس ، پېللىئوت ، خامىلتونلار «Tägin » نى قاغاننىڭ ئىنىسى ياكى ئوغلىنى كۆرسىتىدۇ ، دەپ كۆرسەتكەن .[2] «تېكىن» توغرىسىدا «جۇنامە» ، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ، «سۈينامە» ، «قانۇنلار قامۇسى» ، «يېڭى تاڭنامە . تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە قاغاننىڭ ئىنىلىرى ، ئوغۇللىرى «تېكىن» دېيىلىدۇ دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن . بۇ ھەقتە خەن رۇلىن ئەپەندىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بارغان . ئۇ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى . ئەمەلدارلار تەزكىرىسى» دىكى «تىۋېن 惕稳 » ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان «تېكىن 的斤 » لارنىڭ ھەممىسى «تېكىن» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى[3] دەيدۇ . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىن قارىغاندا ، tägin خېلى يۇقىرى ھوقۇققا ئىگە بولغان ، «ئەگەردە كىمدە كىم جېدەل ـ ماجىرا تۇغدۇرسا ، tägin گە بىر ياستۇق كۈمۈش تەڭگە تاپشۇرغان» .[4]

### ئىككىنچى ئوردا ئەمەلدارلىرى

«ئاداي» ، (aday ) . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 134 ـ جىلد «سانجىسنىڭ تەرجىمھالى» دا ، «سانجىس ، ئۇيغۇر ، شۇ دۆلەتنىڭ ئاداي تۇتۇقى توخسىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى» دەپ خاتىرىلەنگەن . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىنتۇڭنىڭ ئۆزىنى

①گابائىن : «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» زو رۇشەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، 47 ـ بەت .
②چاۋاننېس ، پېللىئوت : «مانى دىنىنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشى ھەققىدە» ، 266 ـ بەتتىكى ئىزاھات ؛ پېللىئوت : «ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىرىگە ئائىت توققۇز ئىزاھات» ، « 通抱 » 26 ـ توم ، 255 ـ بەت ؛ خامىلتون : «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1986 ـ يىل نەشرى ، 172 ـ بەت .
③خەن رۇلىن : «تۈركلەرنىڭ ئەمەل نامىلىرىغا ئېنىقلىما» ، «خەن رۇلىن ئەسەرلىرى توپلىمى» ، جياڭسۇ قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى ، 1991 ـ يىل نەشرى .
④رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 82 ـ ۋەسىقە ، 138 ـ بەت .

سېپتىش تىل خېتىنىڭ 8 - قۇرىدا (ئاداي تۇتۇڭ) «aday tutung» دېگەن بىر سۆز بار. ئوۋياڭ شۇەننىڭ «قوچولۇق شىيې جەمەتىنىڭ تەزكىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە، سانجىسىنىڭ دادىسى، بوۋىسى، ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ ھەممىسى ئاداي تۇتۇڭ دېگەن ئۇتۇغات نامىغا ۋارىسلىق قىلغان، دېيىلگەن. ئۇنىڭدا «تۇنيۇقۇقتىن كىجىپۇرغىچە مەزكۇر دۆلەتنىڭ تارخانلىقىغا ۋارىسلىق قىلدى، ئۇلارغا ئاداي تۇتۇقلۇق نامى بېرىلدى. قىتان پادىشاھى خەلپەت بەگ، باش ۋەزىرلىك نامى بېرىپ، غەزىنە ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى، شۇڭا پۇقرالار ئۇنى غەزىنىچى چىلشۇ دەپ ئاتايدىغان بولدى»[1] دېيىلگەن. گېڭ شىمىن ئەپەندى بۇ يەردىكى aday قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەمەل نامى بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ[2]، بۇنداق قاراش توغرا. بۇ ئەمەل نامى ئېھتىمال atay دىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. atay ئادەتتە ئۇلۇغ بوۋىسى، ئاتىسى ياكى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەرلەرنى ئاتاشتا ئىشلىتىلىدىغان ھۆرمەت نامى.

«بۇيرۇق» (buyruq). بۇ سۆز خەنزۇچىغا تاڭ دەۋرىدە «梅录»[3]، بەش سۇلالە دەۋرىدە «密录»، «媚录» دەپ ئاھاڭ تەرجىمە قىلىنغان بولسا، موڭغۇل - يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە «怀录»، «卜欲录»، «不亦鲁黑» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دا buyruq bag (بۇيرۇق بەگ) دېگەن نام ئۇچرايدۇ[4]. تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مانى مۇرتلىرىنىڭ

①ئوۋياڭ شۇەن: «گۇيجەي توپلىمى» 11 - جىلد، «قوچولۇق شىيې جەمەتىنىڭ تەزكىرىسى».
②گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى توغرىسىدا تەتقىقات»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1980 - يىللىق 3 - سانىغا بېسىلغان.
③ «يېڭى تاڭنامە»، 217 - جىلد، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭ.
④خەن رۇلىن: «موڭغۇللار ۋە تۈركلەرنىڭ مەڭگۈ تاشلىرى» «تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1 - قىسمى، 429 - بەت.



تىلاۋەتنامىسى» A نىڭ 15 - قۇرىدا ich buyruq sanqün (ئىچ بۇيرۇق سانغۇن) 内梅录将军 دېگەن نام ئۇچرايدۇ[1]. بۇ يەردىكى «بۇيرۇق» (buyruq) نىڭ لەشكىرى ئىشلارغا مەسئۇل ۋەزىر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» 74 — جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۈزۈلمىسى ھەققىدە «بۇ دۆلەتتە ۋەزىرنى بۇيرۇق تۇتۇق (媚禄都督) دەپ ئاتايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان P3272 - نومۇرلۇق «توشقان يىلى (مىلادىيە 967 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى گەنجۇدا پۈتۈلگەن ۋەسىقە» دە «باش ۋەزىر بۇيرۇق»[2] دېگەن سۆزلەر بار. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان S6551 نومۇرلۇق خەنزۇچە ۋەسىقىدە قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەمەل ناملىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ «بۇيرۇق» دېگەن ئەمەل نامى ئېنىق كۆرسىتىلگەن[3]. خاملتون «媚禄»، «密六» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى ئەسلىي سۆزى bïruq بولۇشى كېرەك، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا بۇ سۆز buyruq (ۋەزىر) دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، ئۇنىڭ مەنىسى «پادىشاھنىڭ پەرمانبەردارى» دېگەنلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇ bïruq بىلەن buyruq نى پەرقلەندۈرۈش كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەن.[4] شۇڭا يۇقىرىدا ئېيتىلغان «媚录»، «密六»، «密录» لارنى buyruq نىڭ ئاھاڭ

①خانېدا تورو: «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە مانى مۇرتلىرىنىڭ تىلاۋەتنامىسىنىڭ ئەسلىي تېكىستىدىن پارچىلار»، «دوكتور خانېدا تورونىڭ تارىخ ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمى»، 2 - قىسىم، كيوتو، 1958 - يىل نەشرى، 328 - 333 - بەتلەر.
②چېبىن زولۇڭنىڭ 1979 — يىلى تەيبېيدە نەشر قىلىنغان «دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئۇچېرىكلار» دېگەن ئەسىرىنىڭ 278 - بېتىگە قاراڭ.
③جاڭ گۇاڭدانىڭ شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى 1995 - يىلى نەشر قىلغان، «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى توغرىسىدا تۇنجى كىتاب» نىڭ 230 - 231 - بەتلىرىگە قاراڭ.
④خاملتون: «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار»، گېڭ شېڭ خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، 162 - بەت.

تەرجىمىسى دەپ قاراشقا ، ئۇنىڭ مەنىسىنى باش ۋەزىر ، ئەمىرلەشكەر دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە buyruq (بۇيرۇق ) سۆزى ھەمىشە bäg (بەگ ) سۆزى بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەن ، بۇ ئەمەلنىڭ لەشكەرگە باشچىلىق قىلىپ ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا يەنە باج يىغىشقا مەسئۇل بولۇش قاتارلىق كۆپلىگەن ئالاھىدە ئىمتىيازلىرى بولغان . مەزكۇر كىتابنىڭ قىسقىچە جەدۋىلىدىكى 25 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ 27 - قۇرىدا ئوتچى (otči) buyruq bägi لىككە تەيىنلىگەندە ، مەن ئىككى پاتمان بۇغداي ئۈنى ، ئىككى پاتمان گۆش سوۋغا بەردىم »① دەپ خاتىرىلەنگەن .

ئىلچى (ilči ) «ئەلچى » دېگەن مەنىدە ② بولۇپ ، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ③ . ئىلچى (ilči ) نىڭ ئىجتىمائىي ئورنى بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى ، بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە قەسەمنامىدە «yduqut tängrikä nimizkä ,ülči tümänilči bägärkä » (ئىدىقۇت تەڭرى خانىمىزغا ، ئۈلچى تۈمەن ئىلچى ۋە بەگكە ) دېگەن سۆزلەر خاتىرىلەنگەن . بۇ مىسالدا (ilči ) نىڭ ئورنى ئىدىقۇتتىنلا كېيىن تۇرىدۇ .④ بۇنىڭدىن باشقا (ilči ) يەنە ھەرخىل باج - سېلىقلارنى تەقسىملەش ۋە باج يىغىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى . قىسقىچە جەدۋەلدىكى 23 — ۋەسىقىنىڭ 11 - قۇرىدا «تۈتۈن (tütün ) بېجىنى تاپشۇرغان چاغدا ، مەن يەنە ئىلچىغا (ilČi ) بىر پارچە بۆز بەردىم » ⑤ دەپ خاتىرىلەنگەن .

①رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر » ، 153 - ، 155 - بەتلەر .
②خامىلتوننىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابنىڭ 156 - بېتىگە قاراڭ .
③گابائىن : «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى » ، زو رۇشەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، 33 - بەت .
④گابائىن : «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى » ، زو رۇشەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، 45 - بەت .
⑤رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر » ، 38 - ۋەسىقە ، 55 - ، 56 - بەتلەر .



ئىنەچى (inäči ) ، بۇ نام «كىتابلار جەۋھىرى » دە خاتىرىلەنگەن . كېيىنكى جۇ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇن ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 952 - يىلى ) 3 - ئايدا «ئۇيغۇر ئەلچىلىرىدىن باي ئىنەچى ، چۇگدىل قاتارلىق 12 ئادەم خانلىقىمىزغا ئەلچىلىككە كېلىپ ، 3 كاللەك قاشتېشى ، 12 تۇپ مارجان دەرىخى ، 50 جىڭ كەھرىۋا ، بۇلغۇن تېرىسى ، چەكمەن ، ئۇچلۇق ئۆتۈك قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلدى » ① دەپ خاتىرىلەنگەن . رادلوف ۋە گابائىنلار بىردەك باي ئىنەچى « 每与难支 » دېگەن سۆزنى تۈرك تىلىدىكى «bayinäči » دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ . تۇرپاندىن تېپىلغان ئىبادەتخانا تۈۋرۈكىگە ئويۇلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىدىمۇ «inäči » كۆپ تىلغا ئېلىنغان . مەسىلەن : «külüg inäči » (مەشھۇر ئىنەچى ) ؛ « Qöčo balig bägi alb tutu inäČi » (قوچو بالىق بېگى ئالپ تۇتۇ ئىنەچى )② دېگەندەك . بۇنىڭغا ئاساسەن ئىنەچىنى بىرخىل ئەمەل نامى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ . ئىنەچىنىڭ ھوقۇقىغا كەلسەك قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىكى خاتىرىلەر بىزنى پارچە - پۇرات ئۇچۇر بىلەنلا تەمىنلەيدۇ . مەزكۇر ۋەسىقىدە «مەھكىمىنىڭ ماجىرانى تېزدىن ھەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ، ئەگەر سىلەر (مەھكىمىنى دېمەكچى ) ئىنەچىدىن يېرىم ياستۇق كۈمۈشكە ئېرىشىش ھۆكۈمىنى چىقارساڭلار بىز دەرھال كېتىمىز »③ دەپ خاتىرىلەنگەن . بۇنىڭغا ئاساسەن ئىنەچى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى مالىيىگە مەسئۇل ئەمەلدار

①[شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى] ۋاڭ چىنروننىڭ «كىتابلار جەۋھىرى » دېگەن ئەسىرىنىڭ 972 - جىلدىدىكى «يات قوۋملار قىسمى . ئوردىغا تارتۇق قىلىش » نىڭ (جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى فوتو نەشرى ) نىڭ 11425 - بېتىگە قاراڭ
②لى جىڭۋېينىڭ : «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى » نىڭ 1992 - يىللىق 4 - سانىغا بېسىلغان «تۇرپاندىن تېپىلغان B4672 - نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىبادەتخانا تۈۋرۈكىگە ئويۇلغان ۋەسىقە توغرىسىدا تەتقىقات » ناملىق ماقالىسىنىڭ 78 ~ 80 - بەتلىرىگە قاراڭ .
③ رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر » ، 116 - ۋەسىقە ، 211 - ، 212 - بەتلەر قاراڭ .

بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ .

«بىتىكچى» ، موڭغۇل تىلىدىكى bitikchi نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ ، «مىرزا ، كاتىپ» دېگەن مەنالارنى بىلدۈرىدۇ . موڭغۇل ئىمپېرىيىسى مەزگىلىدە ، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ھەم ئىچكى قىسمىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن ، بىتىكچى (پۈتۈكچى ) ۋەزىپىسىنى تەسىس قىلغان . ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھۆججەتلەرنى باشقۇرۇش ، قاغاننىڭ پەرمانلىرىنى تەييارلاش ئىدى . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە موڭغۇل بىتىكچى (پۈتۈكچى ) ۋە مۇسۇلمان بىتىكچى (پۈتۈكچى ) دىن ئىبارەت ئىككى خىل پۈتۈكچى بولغان . ئۇيغۇرلار بىرقەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە بولغاچقا ، ئىچكىرىگە كۆچكەندىن كېيىن خېلى كۆپ كىشىلەر بىتىكچى (پۈتۈكچى ) ۋەزىپىسىگە قويۇلغان ، بۇ ھەقتە كېيىنكى قىسىمدا تەپسىلىي توختىلىمەن . ئۇيغۇر ئېلىدە پۈتۈكچى بولغان - بولمىغانلىقى ھەققىدە خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا مەلۇمات يوق . گېرمانىيىلىك تۈركولوگ گاباﺋىن قوچو ئۇيغۇرلىرى (يەنى ئۇيغۇرلار رايونى )نىڭ ئەمەلناملىرى توغرىسىدا توختالغاندا ، bitigči ياكى bitkäči (كۆچۈرۈپ يازغۇچى ، كۆچۈرگۈچى ) نىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن .① «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكستىنىڭ 162- قۇرىدا «يارغۇچى (زالىم ھەكەم ) ، بىتىكچىلەرنىڭ ھەممىسى تەل بولدى »② دەپ خاتىرىلەنگەن ، ئۇيغۇرلار رايونىدا مەخسۇس

①گاباﺋىن : «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» (زۇ رۇشەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان ) 48 - بەت .

②قاھار بارات ، ليۇ يىڭشېڭ : «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستى ئۈستىدە تەتقىقات» . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمال مىللەتلىرى تارىخىغا ئائىت تەتقىقات مەجمۇئەسى» (نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى مەخسۇس سانى ) ، ئومۇمىي 8 - سان ، 1984 - يىل .



يېزىقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پۈتۈكچى (مىرزا ، كاتىپ ) ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغان ، بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىدە «پۈتۈكچى بارچۇق تۇرمىش تۇتۇنىنىڭ سۆزلەپ بەرگىنى بويىچە بۇ بىتىمنى يازدى »① دېگەن سۆز بار . ئۇيغۇرلار رايونىدىكى پۈتۈكچىنىڭ ۋەزىپە مۇددىتىنىڭ قانچىلىكلىكى ۋە مۇددەت توشقاندا نەگە بارىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىدىغان ماتېرىيال يوق .

ئايغۇچى (ayɣuči ) . بۇ نام 9 — 11 - ئەسىرلەرگە تەۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە مانى ئىبادەتخانىسى ۋەسىقىلىرىدە كۆرۈلىدۇ . گېڭ شىمىن ئەپەندى بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ ، ئۇ بۇ سۆزنى «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 36 - ، 202 - جىلدلىرىدىكى « 爱护赤 » ، « 爱吾赤 » دېگەن سۆزلەرنىڭ باشقىچە يېزىلىشى دەپ قارايدۇ .② گېرمانىيىلىك ئالىم گاباﺋىن ayğuci ياكى ayɣuči نى سانسكرىت يېزىقىدىكى mantri (پادىشاھنىڭ مۇشاۋۇرى ) ③ دىن كەلگەن دەپ قارايدۇ . خېلى كۆپ ئۇيغۇرلار بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ، مەسىلەن : توخرىن بۇ ئەلنىڭ «ئۇلۇغ ئايغۇچىسى » (ulugh αyɣuč ) بولغان ، بۇنى ۋەزىر دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ . ④ ئۇيغۇر تولىش ئاتا - بوۋىسىنىڭ «باسخود» لۇق مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغان . ئۇنىڭ

①رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 4 - ۋەسىقە ، 16 - ، 18 - بەتلەر

②گېڭ شىمىننىڭ «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1978 - يىللىق 4 - سانىغا بېسىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىسى ۋەسىقىسىنىڭ دەسلەپكى يەشمىسى» ئىزاھاتىغا قاراڭ

③گاباﺋىن خانىم : «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» ، زو رۇشەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، 74 - ، 84 - بەتلەر .

④ خۇاڭ جىن يازغان : «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 24 - جىلدى «ئىنانجىن تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» نىڭ تۆت قىسىم مەجمۇئە نۇسخىسىنىڭ 420 - بېتىگە ، يەنە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 134 - جىلد «شياۋيۈنشى توخرىننىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ ؛ «ئۇلۇغ ئايغۇچى» دېگەن نامنىڭ چۈشەندۈرۈشى توغرىسىدا ، يەنە ليۇ يىڭشېڭنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 4 - سانىغا بېسىلغان «موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى توغرىسىدا تەتقىقات» نىڭ 214 - بېتىدىكى 84 - ئىزاھاتتىن پايدىلانسىمۇ بولىدۇ .

ئاتىسى تىكەچۇقمۇ «ئەۋسات ئايغۇچى» لىق مەنسىپىدە ئولتۇرغان ①. تۇرپاندىن تېپىلغان بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىدىمۇ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئىدىقۇتتىن كېيىنلا تۇرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ، بۇ ۋەسىقىدە «ئەگەر كىمدە كىم جېدەل - ماجىرا تېرىسا، پادىشاھقا 5 ياستۇق ئالتۇن، ئىدىقۇتقا بىر ياستۇق ئالتۇن، قوچو بالىقنىڭ ئايغۇچىسىغا بىر ياستۇق كۈمۈش تاپشۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ» ② دەپ خاتىرىلەنگەن. مۇئەللىپ بۇ يەردە ئايغۇچى (αγγuči) ئىدىقۇتنىڭ ئەڭ مۇھىم مۇشاۋۇرى بولۇشى ئېھتىماللىقىغا يېقىن دەپ قارايدۇ.

سانغۇن (Saghun). بۇ ئەمەل نامىنى ئىلگىرىكىلەر كۆپ تەتقىق قىلغان. ③ ئۇ خەنزۇچىدىكى «جياڭجۈن» (将军) سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل ئىدى. بۇ نام 10 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەمەل تۈزۈمىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىمۇ بۇ سۆز ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «(؟) يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، مەن بۆزگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىپ، چىمغاكتىن سىتىۋالغان بىر

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 133 - جىلد «تولىش ئەمەلدارنىڭ تەرجىمىھالى» گە قاراڭ.

② رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» نىڭ 210 — 211 - بېتىگە (115 - ۋەسىقىگە) قاراڭ.

③ چاۋاننېس پېللىئوت: «مانى دىنىنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشى ھەققىدە» نىڭ 266 - بېتىگە قاراڭ.

« 相温 » بىلەن « 萨温 » (saghun) ئوخشاشمايدۇ، مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «« 相温 »» (سانغۇن) قارلۇقلارنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئەمەل نامى دېگەن. يەنە «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 170 - ، 171 - بەتلىرىگە قاراڭ. « 萨温 » (سانغۇن) دېگەن بۇ ئاتالغۇ 10 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەل تۈزۈمىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ، قارلۇقلارنىڭ بەيئەت قىلغانلىقىنىڭ ئىنكاسى بولۇشى كېرەك. يەنە جاڭ گۇاڭدانىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسىرىگە قاراڭ، ئەمەلىيەتتە 1915 - يىلى گېرمانىيىلىك ئالىم مۇللېر (F.W.K. Müller) ئېلان قىلغان «تۇرپاندىن تېپىلغان ئىبادەتخانا تۆۋرۈكىگە ئويۇلغان IB4672 نومۇرلۇق ئۇيغۇرچە ۋەسىقە (مىلادىيە 8 - ئەسىردىكى بۇيۇم)» دا «kulug sanghun» (داڭدار سانغۇن)، «arslan sanghun» (ئارسلان سانغۇن) دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ.



دادەن ئۇرۇق چېچىلىدىغان يەرنى ئالپتاش (Alptas) سانغۇنغا سېتىپ بەردىم.» ①

«باش ۋەزىر». ئۇيغۇرلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ياشىغان دەۋرلەردىلا، تۈركلەرنىڭ كونا تۈزۈمىنى قوللانغان بولۇپ، بىر قانچە نەپەر ئىچكى - تاشقى ۋەزىر بولغان. ② «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇتلۇق بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا «ئىچكى - تاشقى باش ۋەزىرلەر» ③ كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان. قوچو ئۇيغۇرلىرىمۇ بۇ ئەمەلنى داۋاملىق ئىشلەتكەن. تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان قوچو ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدىكى مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىقتىسادىغا ئائىت بىر پارچە ھۆججەتتە «بەخت - سائادەتلىك ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىشىك ئاغىلىرى، ئېل ئۈگەلىرى بولمىش ۋەزىرلەرنىڭ مۇبارەك مۆھۈرلىرى» ④ دېگەن ئىبارىلەر بار. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى دەۋرگە ئائىت ئىبادەتخانا تۆۋرۈكىگە يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئابىدىنىڭ 15 - قۇرىدا «il ügäsi /elügäsi» ⑤ دېگەن بىر سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇدۇل تەرجىمىسى «دۆلەتنىڭ شان - شەرىپى»، «ۋەزىر» دېگەنلىك بولىدۇ، مۇئەللىپنىڭ دەلىللىشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ سۆزلەر «باش ۋەزىر» «ئىچكى ۋەزىر» دېگەن

① بۇ ۋەسىقىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ھازىر لوندوندىكى بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرق ئەسەرلىرى ئالاھىدە بۆلۈمىدە ساقلانماقتا. ئۇنىڭ نومۇرى or8212 بولۇپ چوڭلۇقى 33cm×32cm كېلىدۇ، يەنە خاملتوننىڭ «Un acte ou ï gour de vente de terrain provenant de Yar Khoto", Turcica, Parid 1969.pp.26 — 52, incl.2psl.» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ.

② «يېڭى تاڭنامە»، 217 - جىلد، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭ.

③ چېڭ سۇلو: «خەنزۇچە (توققۇز ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى) دىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت بايانلار»، لىن گەن تۈزگەن «تۈرك ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» نىڭ 2 - قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1987 - يىل نەشرى، 707 - ، 711 - بەتلەر

④ گېڭ شىمىننىڭ «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1978 - يىللىق سانىغا بېسىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىسىغا ئائىت ۋەسىقىنىڭ دەسلەپكى يەشمىسى» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

⑤ لى جىڭۋېي: «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 1992 - يىللىق 4 - سانى «تۇرپاندىن تېپىلغان IB4672 نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىنىڭ يەشمىسى».

مەنىسىنى بىلدۈرىدىكەن .① «il ügäi/eügäsi» خەنزۇچىغا « 颉于迦思 » ② دەپ يېزىلغان بولۇپ ، باش ۋەزىر دېگەن مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە el ügäsi (باش ۋەزىر ) دېگەن مەنسەپ يەنىلا ساقلاپ قېلىنغان .

bäg تۈركچە نام ، خەن رۇلىن ئەپەندى دەلىللەپ «bäg سۆزى هازىر خەنزۇچىدە 伯克 ياكى 白克 دېگەن سۆز بولۇپ ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ سۆز 别 خېتى ، 伯 ، 卑 خېتى ، 毕 دەپ ئېلىنغان③ دەيدۇ . بەگ (bäg) دېگەن بۇ ئاتالغۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە هۆججەتلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ . «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستىنىڭ 227 – قۇرىدا ۋە رادلوف ئېلان قىلغان 85 – نومۇرلۇق هۆججەتتە bäg (بەگ ) نىڭ پائالىيىتى تىلغا ئېلىنغان ، ھەمدە كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغۇچىغا شەھەر بېگىگە (baliq bäginqä) بىر تۇياق كالا تاپشۇرۇش جازاسى بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن .④ قىسقىچە جەدۋەلدىكى 8 – نومۇرلۇق ۋەسىقە بىر پارچە ئادەم ئېلىپ – سېتىش توختامى بولۇپ ، ئۇنىڭ 17 – قۇرىدا ئاسارى ئىسىملىك يۈز بېگى (yüz begi) نىڭ توختام – پۈتۈكلەرنى يازىدىغان كىشى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان . بۇنىڭدىن باشقا يەنە

① F.W.KMüllwe"Zwei pfahin Schrifqdten aus den tunrfan funden". Abhandlungen derK Öniglichen preussischen AKA demie der Wissens chafen 1915 phil — hist, Klasse (Berlih 1915).s.34.

② گابائىن : «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» ، زو رۇشەن تەرجىمە قىلغان ، 48 – بەت .

③ خەن رۇلىننىڭ جياڭسۇ قەدىمقى كىتابلار نەشرىياتى 1991 – يىلى نەشر قىلغان «خەن رۇلىن ئەسەرلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن «تۈزكلەرنىڭ ئەمەل نەملىرىغا ئېنىقلىما» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ .

④ Ramstedt: "Four Uigurian Documents", in C.G. Mannerheim, Across Asia from West to East in 1906 — 1908, Ⅱ.Helsinki, 1940, pp.1 — 12 يۈەن دىڭنىڭ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى» نىڭ 1992 – يىللىق 1 – سانىغا بېسىلغان ، «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي – ئىقتىسادىي هۆججەتلەردىن تاللانما (6 )» نىڭ ، 58 – ، 60 – بەتلەرگە قاراڭ .



بىر قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىدە مىڭ بېگى ( « ming begi» )① تىلغا ئېلىنغان . مۇشۇلاردىن قارىغاندا ، بەگنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا ناھايىتى چوڭ هوقۇقى بولۇپ ، ئۇلار دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ، باج – سېلىق يىغىش ، هاشار ئەمگەكلىرىگە مەسئۇل بولغان ، ھەتتا كىشىلەر يەر ياكى قۇللىرىنى ساتىدىغان چاغدا ، بەگ ۋە باشقا هوقۇقدارلارغا كاپالەت بەرگەن .

تارخان (Tarqan) ، تۈرك ۋە موڭغۇل مىللەتلىرى بۇ مەنسەپ نامىنى ئۇزاق مەزگىل ئىشلەتكەن . تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈركلەردىكى تارخان (Tarqan) «مەخسۇس قوشۇنلارنى باشقۇرىدىغان» ھەربىي مەنسەپ نامى ئىدى . شەرقىي تۈركلەر ، غەربىي تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارمۇ بۇ ئەمەل نامىنى ئىشلەتكەن . سۇڭ ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بۇ ئەمەل نامى پەقەت مىراسلا قالىدىغان قۇرۇق ئۇنۋان بولۇپ قالغان .② موڭغۇل خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بېلگە تۆمۈر (Bilgä Tämür) دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇيغۇر ئۆتكەن ، ئېيتىشلارچە ئۇ تۇنيۇقۇقنىڭ ئەۋلادى ئىكەن ، تارىخ كىتابلىرىدا ئۇ «16 يېشىدا تارخانلىقنى ۋارىسلىق قىلغان» دەپ خاتىرىلەنگەن .③ تۇنيۇقۇق تۈرك قاغانى قۇتلۇق قۇرغان كېيىنكى كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ مۇهىم ۋەزىرى بولۇپ ، ئاپا تارخانلىق ئەمىلى بىلەن قوشۇنلارغا باش بولغان . ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بۇ مەنسەپكە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش ئىدى . بەشبالىقلىق (Besh baliq) ئارىق قايا بالىلىق چاغلىرىدا دېھقانچىلىق قىلغان ، كېيىن دۆلەتكە تۆھپە يارىتىشقا

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 166 – ۋەسىقە ، 211 – 212 – بەتلەر .

② خەن رۇلىن : «موڭغۇل تارخانلىرى ھەققىدە» ، «چيوڭلۇ توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن ، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1982 – يىل نەشرى ، 20 – بەت .

③ ئۇۋياڭ شۈەن : «گۈيجەي توپلىمى» ، 11 – جىلد ، «قوچو لۇق شيې جەمەتىنىڭ تەزكىرىسى» ؛ خۇاڭ جىن : «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 15 – جىلد «قارابۇقىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 124 – جىلد «يورۇن تېمۇرنىڭ تەرجىمىھالى» .

بەل باغلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «بەشبالىقتا ئىلىم ئۆگىنىشكە بېرىپ، بىر ئايدىلا ئۇستازىنىڭ بىلىمىنى ئۆگىنىپ بولغان. ھەتتا ئۇنىڭ تاغىسى شىرادەي تارخان ئەجەپلەنگەن ھالدا ئائىلىمىزدىن مۇشۇ چوڭ ئەمەلدار بولىدۇ دېگەن»[1]. ئارىق قايا دېھقان بالىسى ئىدى، ئۇنىڭ تاغىسىمۇ مەرتىۋىلىك ئادەم ئەمەس ئىدى. بۇ كىشىنىڭ تارخان دېگەن ئەمەل نامى بولسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغدا قۇرۇق نام ئىدى. 9 — 11 - ئەسىرلەرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە «tas syyt bars taraqan» ۋە «quamar bars tarqan» دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ، گېڭ شىمىن ئەپەندى بۇ ئىككى ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى ئەمەل نامىنى تەتقىق قىلغان، ئۇ ئالدىنقىسىنىڭ دەرىجىسى كېيىنكىسىگە قارىغاندا يۇقىرى، ئەمما ئۇنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى تازا ئېنىق ئەمەس،[2] دەپ قارايدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە كىتابلاردىمۇ ئوخشاشلا تارخان دېگەن ئەمەل نامى ئۇچرايدۇ، مەسىلەن: «tayïnčaɣ tarqan»[3]، بۇنى ۋەسىقە مەزمۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلساق، بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەل ئەمەستەك قىلىدۇ.

**ئۈچىنچى، يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار**

موڭغۇل - يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ھەرقايسى جايلارغا دارۇغاچ قويۇپ يەرلىككە ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

دارۇغاچ موڭغۇلچە daruqači (قوغدىغۇچى) دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، تۈرك تىلىدىكى باسقاق (basqaq) دېگەن سۆز بىلەن تەڭ كېلىدۇ، بۇ موڭغۇللار ۋە يۈەن

①ياۋسۈي: «خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتى ۋەزىرىنىڭ ئابىدىسى»، «بۇيۇك - سۇلالە يازمىلىرى»، 59 - جىلد.
②گېڭ شىمىننىڭ «ئارخېئولوگىيە مەجمۇئەسى»نىڭ 1978 - يىللىق 4 - سانىغا بېسىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى ئىبادەتخانىسى ۋەسىقىسىنىڭ دەسلەپكى يەشمىسى» ناملىق ئەسىرى.
③رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 69 - ۋەسىقە، 121 -، 122 - بەتلەر.



سۇلالىسىنىڭ ئەمەل نامى بولۇپ، يەرلىكتىكى، قوشۇندىكى، مەھكىمىدىكى ئەڭ چوڭ نازارەتچى ئەمەلدار ئىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىغا دارۇغاچىلارنى ئاساسەن موڭغۇل، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى تەيىنلەپ ئەۋەتكەن. قىسقىچە جەدۋەلدىكى 44 - نومۇرلۇق ۋەسىقە «ھىسو تۇتۇقنىڭ ئوغلىنى سېتىش توختامى» بولۇپ، ئۇنىڭدا يامبى بالىقتا تۇرۇشلۇق دارۇغا (taruɣa)[1] تىلغا ئېلىنغان. قىسقىچە جەدۋەلدىكى 82 - نومۇرلۇق ۋەسىقىدىمۇ «لۈكچۈننى قاراۋۇللار (taruɣa) مۇداپىئە قىلىدۇ»[2] دەپ خاتىرىلەنگەن. لى جىڭۋېي ئەپەندى ئۇنى «دارۇغاچ» دەپ تەرجىمە قىلغان، بۇ خاتا، «قاراۋۇل» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك. يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا «دارۇغاچ» قويغانلىقى توغرىسىدا خەنزۇچە كىتابلاردا مۇنداق خاتىرىلەر بار: «كېيىنكى 6 - يىلى (1224 — يىلى) خاقان غەربكە قىلغان يۈرۈشىدىن قايتقاندا ئېچىلغان بوز يەرلەرنى، ئاۋامنىڭ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدى. قارايىغاچ بۇيرۇقنى سورۇشتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭغا يۇلتۇز ئىنال تۇتۇقلۇق مۆھۈرىنى بەردى، قوشۇمچە بىرباليق (ھازىرقى مورى بازىرىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ) نىڭ دارۇغاچىلىقىغا تەيىنلىدى»[3]. مۇشۇنىڭدىن، موڭغۇل ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلار رايونىغا «دارۇغاچ» ئەۋەتىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

ančasi (تەپتىش) يەرلىك تەپتىش ئورگىنىنىڭ باشلىقى

①يۈەن دىڭنىڭ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1990 - يىللىق 2 — سانىغا بېسىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىن تاللانما (1) غا تولۇقلىما» ناملىق ئەسىرى.
②رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 115 - ۋەسىقە، 210 -، 211 - بەتلەر.
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 124 - جىلد «قارايىغاچ بۇيرۇقنىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ.

بولۇپ، قوشۇمچە دېھقانچىلىق، سۇچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل. بۇ ئەمەلنى يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان ئىدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 10 ـ جىلد «نەسەبىي تۆرىلەر» دە: «جىيۈەنننىڭ 15 ـ يىلى (1278 ـ يىلى) 8 ـ ئاينىڭ جىماۋ كۈنى ئۇيغۇرلار رايونىدا تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلدى.» ئىككىنچى يىلى «ئۇيغۇرلارنى يەرنىڭ مو سانىغا قاراپ باج تاپشۇرۇشقا بۇيرىدى... ھەمدە تەپتىش مەھكىمىسىگە كىرىشكە بۇيرىدى، بىر نەپەر نائىپ ئەلچى، بىر نەپەر ئىش بېجىرگۈچى كۆپەيتىپ، دېھقانچىلىق، سۇچىلىق ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرۇشقا بۇيرىدى»[1] دەپ خاتىرىلەنگەن. بىنتۇڭنىڭ ئۆزىنى سېتىش مەزمۇنىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىدە تەپتىشنىڭ كېيىنكە كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان lar قوشۇمچىسى قوشۇلغان بولۇپ، ئۇ نائىپ ئەلچى، ئىش بېجىرگۈچى قاتارلىق يامۇل ئەمەلدارلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۇ ئىشلىتىش مەسىلىسى بەك مۇھىم بولغاچقا، دېھقانلار سۇچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان تەپتىشكە بەخت ـ سائادەت تىلەپ: «(تەڭرىنىڭ) (موڭغۇل) پادىشاھ ئالىيلىرىغا بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىشىنى، ئاندىن (پادىشاھنىڭ) قېرىنداشلىرىغا، شاھزادىلەرگە، بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيمىز، يەنە تەڭرىدىن قوچودىكى ئەمەلدارلارغا ئەنچاسلار (ančaci lar) غا بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيمىز[2]» دېگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، باخشى (baqši)، ئىشى (iši) لارنىڭمۇ بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئورنى بار ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، بىز موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىدە

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 10 ـ جىلد، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (7)» گە قاراڭ.
② گېڭ شىمىنىنىڭ «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1978 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە توختامنىڭ يەشمىسى» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.



ئەينى چاغدا خەنزۇلار رايونى ۋە موڭغۇل ئېگىزلىكىدە كەڭ يولغا قويۇلغان بەزى ئەمەل ناملىرى قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئەمەل تۈزۈمىنى ئاساس قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەمەلدارنىڭ ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلۇش، خىزمەت نەتىجىسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋاللىرى ھەققىدە ماتېرىيال كەمچىل بولغاچقا، نۆۋەتتە ئۇنى تەپسىلىي دەلىللىيەلمەيمىز.

## §3. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇن - تۈزۈمى

ياۋ دالى ئەپەندى يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈستىدە توختالغاندا، «توغرىسىنى ئېيتقاندا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىنايى ئىشلار سىستېمىسى باشتىن ـ ئاخىر بىرلىككە كەلگەن، مۇكەممەل بىر ئورگانىك گەۋدە بولۇپ شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ موڭغۇل قانۇنى، خەنزۇ قانۇنى ھەمدە قىسمەن ئۇيغۇر قانۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ مەنبەلىك بىرلەشمە گەۋدىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. مۇشۇ ئالاھىدىلىكنى چىقىش قىلغاندا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان ھەر مىللەت ئاھالىلىرى، ھەتتا چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا «يەرلىك قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش»[2] تەك ئەدلىيە سىياستى يولغا قويۇلغان. ئۇيغۇرلار يۈەن

① ياۋدالى: «يۈەن سۇلالىسى جىنايى ئىشلار قانۇن سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى»، 3 ـ قىسىم، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1986 ـ يىل نەشرى.
② «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى»، 18 ـ جىلد، «خەنزۇلار ۋارىسلىق قىلماسلىق» نىڭ «كونا نىزام» غا قاراڭ.

سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، قانۇن ـ تۈزۈمدە موڭغۇللارنىڭ «جاساق» قانۇنىنى داۋاملىق يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەزكۇر رايوننىڭ مەمۇرىي ئىشلىرى ۋە ھەرقايسى قوۋملار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىشتا مەزكۇر رايوننىڭ ئەنئەنىۋى ئادەت قانۇنىنى تەتبىقلىغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم سىستېمىسىنى تەھلىل قىلىش ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بىلىشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەتراپتىكى رايونلاردا يولغا قويغان ئەدلىيە سىياسىتىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغىمۇ پايدىلىق.

**بىرىنچى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى موڭغۇل «جاساق» قانۇنى**

«جاساق» قەبىلە دەۋرىدىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كەلگەن بىر قانچە ئادەت قانۇنى ھەمدە چىڭگىزخان دەۋرىدىن باشلاپ ئۈزلۈكسىز جاكارلىنىپ كەلگەن موڭغۇل قانۇن ـ پەرمانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «جاساق» موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، «قانۇن ـ پەرمان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. موڭغۇللار ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، جاساق قانۇنىنى ئۇيغۇرلار رايونىغا كۆچۈرۈپ كەلگەن، بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە كۆپلەپ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. 44 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقە بىر پارچە «ئادەم ئېلىپ ـ سېتىش توختامى» بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئەگەر كىمدە ـ كىم توختامغا خىلاپلىق قىلسا، شۇ جاساق قانۇنىنىڭ جازاسىغا تارتىلىدۇ[①]» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئىلگىرىكىلەر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق،

①لى جىڭۋېينىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشر قىلغان «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر توغرىسىدا تەتقىقات» نىڭ 53 ~ 50 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.



yasa جاساقنىڭ تۈركىيچە ئاتىلىشى دەپ قارىغان.[①] چىڭگىزخان ئېلان قىلغان جاساقنىڭ مەزمۇنى توغرۇلۇق جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ھەرخىل تىلدىكى تارىخ كىتابلىرىدا پارچە ـ پۇرات خاتىرىلەر بار.[②] قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنى كۆپىنچە ئىقتىسادىي جەھەتكە چېتىلغاچقا، نۆۋەتتە بۇ ۋەسىقىلەردىكى قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ جاساق قانۇنىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا ئامالسىزمىز، ئەمما جاساق قانۇنىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدەك بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. قىسقىچە جەدۋەلدىكى 85 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقە «مال ـ مۈلۈك ھەرزىنى تۆگىتىش توغرىسىدىكى توختام[③]» بولۇپ، ئۇنىڭدا: ئۆزمىش يوغرىل ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى باسا توگەللىل ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىم ـ بېرىم مۇناسىۋىتى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۆزمىش توغرىل ئېنىق خەت پۈتۈپ «بۇنىڭدىن كېيىن چوڭ ئوغلۇمنى پەش قىلىپ ئىنىم باسا توغرىل بىلەن جىدەللەشسەم، مەن (ئۆزمىش توغرىل) جاساق قانۇنىنىڭ جازاسىغا

①شۇرمان سۆز بىرىكمىسى povelice jaze چىڭگىزخاننىڭ «بۈيۈك جاساق» قانۇنىنى كۆرسىتىدۇ، ناھايىتى ئېنىقكى navelikoj poshlina (چوڭ ئادەت قانۇنىنىڭ ئاساسى) ۋە povelicej jaze دىن ئىبارەت ئىككى سۆز بىرىكمىسى مۇقەررەركى بىرلا ئوبيېكتىنى، «بۈيۈك جاساق» نى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. poshlina تۈركچىدىكى yasa دېگەن سۆزنى تەرجىمە قىلىشقا ئىشلىتىلگەن. yasa ياكى yasaq سۆزى تۈركچىدىكى poshlina بىلەن (رۇسچىدا pashinan лОЩДИНБ) تەرجىمىسى بولۇپ «قەدىمكى ئادەت»، «قەدىمكى ئىستىل» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ) ئوخشاش بولۇپ، موڭغۇل دەۋرىدە ئىككى خىل مەنىنى بىلدۈرگەن. ئۇ بەزىدە ئالىملار تەرىپىدىن «قانۇن» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. تۈرك، موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا yasaq — yasa نى يېزىقتا ئېلىنغان ياكى ئېلىنمىغان ئادەت قانۇنى دەپ تەرجىمە قىلىش تېخىمۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇرماننىڭ «13 ـ ئەسىردىكى موڭغۇللارنىڭ ئالۋان ـ ياساق تۈزۈمى (2)»، ياۋ دالى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، «جۇڭگونىڭ يۈەن سۇلالىسى تارىخى تەتقىقات ئۇچۇرلىرى» نىڭ 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان 17 ـ بەت.

② «بۈيۈك جاساق» نىڭ ئەسلىي تېكىستى يوقاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ پارچىلىرىنى «تارىخى جاھانكۇشاي» ۋە «جامىئۇل تەۋارىخ» قاتارلىق كىتابلاردىن كۆرگىلى بولىدۇ. يازانوۋسكىينىڭ «موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئادەت قانۇنى» نىڭ 57 ~ 70 ـ بەتلىرىگە، ۋېرنادىسكىينىڭ «چىڭگىزخان جاساق قانۇنىنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسى» (ۋاڭ شىجۇڭ، يۈي داجۈنلەر خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان) گە، بېرزىننىڭ «چىڭگىزخاننىڭ ‹بۈيۈك جاساق قانۇنى›»، فەن شىشيەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، «موڭغۇل تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»، ئومۇمىي 18 ـ سان، 1981 ـ يىل 5 ـ ئاي) لاردىن پايدىلىنىڭ.

③رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» 117 ـ ۋەسىقە، 206 ـ، 207 ـ بەتلەر.

ئۇچرىغايمەن »دەپ خاتىرىلەنگەن .

موڭغۇل جاساق قانۇنىنىڭ تەسىرى نىكاھ جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ . «جاساق» قانۇنىدا «بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش» تەك نىكاھ مۇناسىۋىتى ئېتىراپ قىلىنىغاچقا ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە «a دىن w غىچە بولغان ھايات خوتۇنلىرىم »[①] دەپ خاتىرىلەنگەن ، بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسىمىدىمۇ بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ .

بۇنىڭدىن باشقا ، موڭغۇللارنىڭ «جاساق» قانۇنىدا يەنە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئاسراندى ئوغۇللۇق بولۇش تۈزۈمى قوغدالغان . «ئاسراندى ئوغۇللۇق بولۇش» ياكى «ساختا ئوغۇللۇق بولۇش» شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن قەدىمكى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا سىڭىشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى .[②] تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە بولۇپمۇ بەش سۇلالە دەۋرىدە ئاسراندى ئوغۇللۇق بولۇش ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلانغان . بۇ ئادەت يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان . كىرەيلەرنىڭ خانى دەسلەپتە موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ خانى تېمۇرچىننى ئوغۇل قىلىپ تاللىغان .[③] مانا بۇ ئىككى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئۆزئارا ئاتا ـ بالا بولۇشقانلىقىنىڭ مىسالى ، ئەمەلىيەتتە فېئوداللىق جەمئىيەتتە ، يۆلەنچۈكى يوق ئاجىزلار ھوقۇق ـ مەنسەپكە ئېرىشىش ۋە

①ئۇمېمۇرا خىروشى : «توختامغا خىلاپلىق قىلىپ جەرىمانە تۆلىگەن ئىبارىلەر بار قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ، قاچان ، قەيەردە پۈتۈلگەن» ، «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 58 ـ توم ، 3 ـ 4 ـ سانلىرى 1977 ـ يىل ؛ يۈەن دىڭ : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىن تاللانما (6 ) » ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان ، 58 ـ ، 60 ـ بەتلەر .

②ۋېي لياڭتاۋنىڭ «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان «ئاسراندى ئوغۇل ، بالا پادىشاھ» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ .

③ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى نەشر قىلغان «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ 126 ـ پاراگرافقا قاراڭ .



تۇرمۇشتا چىقىش يولى تېپىش ئۈچۈن ، باشقىلارنى ئاتا دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئىدى . ئۆزئارا ئاتا ـ بالا بولۇش دىپلوماتىيە سۆزى بولۇپ ، ھەم سالاھىيەتنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى ئىپادىلىگەن ھەم مۇناسىۋەتنىڭ قويۇقلۇقىنى بىلدۈرگەن . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئورتاق ئەر ئەجدادىنى ھېسابلاشنى مەركەز قىلغان قانداشلىق جەمەت مۇناسىۋىتى قويۇق ساقلانغان بولغاچقا ، ئەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ، شۇڭا ئوغلى يوق ياكى ئوغلى بولسىمۇ «ۋارىسلىق قىلىش» تەك ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ دەپ قارايدىغان ئائىلىلەر ھەمىشە بىر ئوغۇل بېقىۋالاتتى ، بۇ خىل ئىجتىمائىي ئادەتنىڭ ئەجەپلەنگۈچىلىكى يوق . نۆۋەتتىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە دەھرىي ۋەسىقىلەردە ئەكس ئەتكەن ئەھۋالدىن قارىغاندىمۇ ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىدا «ئوغۇل بېقىۋېلىش» تۈزۈمى ۋە «ئوغۇل بېقىۋېلىش قانۇنى» ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغان ۋە خېلى ئومۇملاشقان .

مەزكۇر كىتابقا بېرىلگەن قىسقىچە جەدۋەلدىكى 80ـ نومۇرلۇق ۋەسىقە دەل ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇل بېقىۋېلىش تۈزۈمى» ۋە «ئوغۇل بېقىۋېلىش قانۇنى» نى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ماتېرىيال[①] بولۇپ ، ئۇ بىزگە تۆۋەندىكى بەزى مەسىلىلەرنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ .

1 . ئۇيغۇرلار رايونىدا ھەقىقەتەن ئوغۇل بېقىۋېلىش قانۇنى (oɤul törüsi) مەۋجۇت بولغان . بۇ ۋەسىقىدە ئاۋۋال «ئۇ (سۇتباق sutbaq )نىڭ ۋارىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، مەن ئۆزەمنىڭ تۇرمىش (turmis) ئاتلىق ئوغلۇمنى سۇتباققا قانۇنلۇق

①رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 98 ـ ۋەسىقە ، 169 ـ ، 171 ـ بەتلەر .

هـالـدا ئـوغـۇل (oɤul) قـىـلـىپ بېقىۋېلىشقا بەردىم» دەپ كۆرسىتىلگەن .

2 . ئـوغۇل بېقىۋالغۇچى «ئوغۇل بېقىۋېلىش قانۇنى» غا ئـاسـاسـەن ئـاسـرانـدى ئـوغـلـىـغـا قـارىـتـا ھەرخىل بېقىش مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشى كېرەك .

(1) ئاسراندى ئـوغلـىغـا تـاماق بـەرگـەن . مـەسـىـلـەن : 《bu ogul sut baq—nIg turmišašin yip》 (مـەن سۈتباقنىڭ تۇرمۇش ئېشىنى يەپ) .

(2) ئـاسـرانـدى ئـوغـۇلـنـى ئۆز ئوغلى دەپ قارىغان . مەسىلەن : «män sutbaq yämäbu turmïšatliɤ oɤul — nIözüm» (مەن سۈتباق بۇ تۇرمىش ئاتلىق ئوغۇلنى — tin toɤmIš—ča » ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرىمەن) .

(3) ئەگەر بالا بېقىۋالغۇچى كېيىن يەنە پەرزەنتلىك بولسا ئاسراندى ئوغلىغا ئۆز ئوغلى بىلەن ئوخشاش ئۈلۈشتىكى مىراس بۆلـۈپ بـېـرەتتى (ئەسلىي تېكىستنىڭ 14 ـ قۇردىن 18 ـ قۇرىغىچە قارالسۇن) .

(4) ئـوغـۇل بـېـقـىۋالغۇچى ئاسراندى ئوغلىنى ئۆيلەپ قـوياتتـى (ئەسـلـىي تـېكـىستنىڭ 26 ـ قۇرىغا قارالسۇن ) «qiz alip birip » (ئۇنىڭغا قىز ئېلىپ بەرگەن) .

قـىـسـقـىسى ، ئوغۇل بېقىۋالغان كىشى ئاسراندى ئوغلىغا ئوغۇل بېقىۋېلىش قانۇنى بـويىـچە مـۇئامـىـلە قىلىـشى كېرەك» ئىدى ( « oɤul törüsinčätutup» ) .

3 . ئـاسـرانـدى ئـوغـلـىمۇ ئوخشاشلا «ئوغۇل بېقىۋېلىش قـانـۇنـى» غـا رىـئـايە قىلىپ ، بېقىۋالغۇچى ئۈچۈن ھەرخىل مـەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش كېرەك ئىدى . ئاسراندى ئوغۇل ئۆگەي ئاتىسىغا ئىش قىلىشىپ بېرەتتى . ھەم ئوغۇللۇق مىزانى بويىچە قىزغىنلىق ھەم سادىقلىق بىلەن خوجايىنىنى كۈتەتتى .



مەسىلەن : «anImIšiš—In qIlIoɤul törüsi birläölkinčäkönibI» «šIɤ tapinzun » ( «[سۈتباق] ئورۇنلاشتۇرغان ئىشنى قىلىپ ، «ئـوغـۇل بـېـقـىۋېلىش قانۇنى» غا بىنائەن ئۆمۈر بويى ئۇنى [سۈتباقنى] كۈتسۇن . » )

ۋەسـىـقـىنىڭ ئاخىرىدا ئىككى تەرەپ «ئوغۇل بېقىۋېلىش قانۇنىغا »خىلاپلىق قىلسا ئۇچرايدىغان جازا ئېنىق بەلگىلەنگەن . ئـەگـەر بـېقىۋالغۇچى تەرەپ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىسا (ۋەسىقىنىڭ 20 ～ 23 ـ قۇرلىرى : ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى ، تۇرار جايى بىلەن كارى بولمىسا ، ياخشى مۇئامىلە قىلمىسا ، يەنى پـەسـكـەش ئـادەمـگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلىدە بولسا) ، ئاسراندى ئوغۇل خوجايىنىدىن ئايرىلىپ ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرسە بولاتتى . ئەكسىچە ئەگەر ئاسراندى ئوغۇل خوجايىنغا ئاسىيلىق قىلسا ئوخشاشلا يوسۇنىنىڭ ① (törü yarɤu yosunIbirlä) جازاسىغا ئۇچرايتتى .

يـۇقـىـرىـدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىيالدىن قارىغاندا ، «ئوغۇل بېقىۋېلىش قانۇنى» نىڭ كونكرېت مەزمۇنى بېقىۋېلىشقا بەرگۈچى ، بېقىۋالغۇچى ۋە ئاسراندى ئوغۇلدىن ئىبارەت ئۈچ تـەرەپ تـوغـرىـسىدىكى بەلـگـىـلـىمـىدىن تـەشكـىل تـاپقـاندەك قىلىدۇ .

بۇ يەردە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە كۆرۈلگەن ئوغۇل بېقىۋېلىش قانۇنى ، دۆلەت قانۇنى (il törü — si) ۋە موڭغۇل جـاسـاق قـانـۇنـىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلمىز . قىسقىچە جەدۋەلدىكى 80- نومۇرلۇق ۋەسىقىنىڭ 3 ـ قۇرىدا ئۆز ئاتىسىنىڭ «دۆلەت قانۇنىغا» بىنائەن تۇرمىشنى سۈتباققا ئوغۇل

① «يوسۇن» موڭغۇلچە yosun دېگەن سۆز بولۇپ ، خەنزۇچىدە « 礼 ». « 理 » دېگەن خەت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە « 体例 » دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ ، قانۇن ـ تۈزۈم ، ئادەت قانۇنى دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ .

قىلىپ بېقىۋېلىشقا بەرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن . بۇنىڭدىن دۆلەت قانۇنىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدۇ . بەختكە يارىشا 44 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقىمۇ بالا بېقىۋېلىشقا دائىر مەزمۇنلارغا چېتىشلىق ، بۇلار بىزنىڭ دۆلەت قانۇنىنىڭ خاراكتېرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەهلىل قىلىشىمىزنى بەزى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىدى . ئۇنىڭدا قايسۇنىڭ ئۆز ئوغلىنى چىنسوغا ئاسراندى ئوغۇل قىلىۋېلىشقا سېتىپ بەرگەنلىكى ، ئەگەر چىنسونىڭ ئاكا ـ ئۇكا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئاسراندى ئوغۇلنى ئىگىلىۋالسا ، جاساق قانۇنىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقى[①] يېزىلغان . بۇنىڭغا ئاساسەن ، جاڭ چېڭجى ئۆزىنىڭ ئىلمىي ماقالىسىدە ، 80 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقىدىكى دۆلەت قانۇنىنىڭ 44 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقىدىكى موڭغۇل جاساق قانۇنى ئىكەنلىكىنى كېسىپلا ئېيتقان .[②] ئۇيغۇرلار موڭغۇل خانلىقىنىڭ بېقىندىسى بولغاچقا ، موڭغۇللارنىڭ جاسىقىنى دۆلەت قانۇنى سۈپىتىدە قارىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس ، ئۇنداقتا ئوغۇل بېقىۋېلىش قانۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل جاساق قانۇنىغا قىلغان مۇھىم تولۇقلىمىسى بولۇشى كېرەك . ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بالا بېقىۋېلىشنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە سىنىپى ئالاھىدىلىكلىرىنى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر پاراگرافىدا ئايرىم بايان قىلىمىز .

**ئىككىنچى ، ئۇيغۇرلار يۇرتىدا ئەزەلدىن بار بولغان مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ بەلگىلىمىلەر**

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار يۇرتىدىكى ئەدلىيە ،

① ئۇمېمۇرا خىروشى : «توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جەرىمانە تۆلىشى خاتىرىلەنگەن مەھكىمە هۆججىتى بېسىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقە» ، «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 58 ـ تومى ، 1977 ـ يىل نەشرى 481 ـ ، 489 ـ بەتلەر .

②جاڭ چېڭجىنىڭ «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىللىق 5 ـ سانىغا بېسىلغان «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى»دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ .



مەمۇرىي جەھەتلەردىكى قانۇن ـ پەرمانلار خەنزۇچە تارىخنامىلەردە تەپسىلىي خاتىرىلەنمىگەن . قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، ئۇنىڭ ئىزناسىنى تەخمىنەن سىزىپ چىققىلى بولىدۇ .

موڭغۇللار ئۇيغۇرلار رايونىدا هۆكۈمرانلىق تەرتىپى ئورناتقاندىن كېيىن ، ئۇيغۇرلار رايونىدا ئەدلىيە ، مەمۇرىي ، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان يارغۇچى ① تەسىس قىلغان . ئامېرىكىلىق ئالىم ئالسېن ئۆز تەتقىقاتىدا : «قۇبلاينىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا قارىتا مەمۇرى باشقۇرۇشنى يولغا قويغانلىقى ھەققىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرە يۈەن سۇلالىسىنىڭ 11 ـ يىلى (1274 ـ يىلى ) ئۇيغۇرلار يۇرتىدا يارغۇ تەسىس قىلغانلىقىدىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن[②] » دەپ كۆرسىتىدۇ . كېيىنكى يىلى ، يۈەن سۇلالىسى هۆكۈمىتى «ئۇيغۇرلار يۇرتىدا ئەتىياز ۋە يازدا بوغاز ياۋايى هايۋانلارنى ئوۋلاشقا بولمايدۇ[③] » دەپ پەرمان چۈشۈرگەن . بۇ موڭغۇل ـ يۈەن سۇلالىسى هۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىغا ئەۋەتكەن يارغۇچى (jarghuchi ) ۋە دارۇغاچىلارنىڭ ئەمەلىي هوقۇقىنى ئىگىلەپلا قالماستىن ، يەنە مەركىزىي هۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن موڭغۇل قانۇنى بويىچە ئۇيغۇر رايونىنى ئىدارە قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . لېكىن شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، موڭغۇل قانۇنى ئىنتايىن چۇۋالچاق بولۇپ ، جىنايى

① «يارغۇچى» موڭغۇلچە jarghuchi سۆزىنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ ، زالىم ھەكەم دېگەن مەنىدە . موڭغۇل خانلىقى دەۋرىدە ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ئاددى ئىدى ، خاقان ئوردىسىدا يارغۇچى تەسىس قىلىنغان بولۇپ ئەدلىيە ، جىنايى ئىشلار ، مالىيە قاتارلىقلارنى بىر تەرەپ قىلاتتى . «ئىدىقۇت ـ قوچو خانلىرىنىڭ تۆهپىلىرى» دېگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشنىڭ 162 ـ قۇرىغا : «زالىم ھەكەم» (yarɣu Či) بىتىكچى (bitg äCci) لارنىڭ ھەممىسى تەل بولدى ، دەپ خاتىرىلەنگەن . قاهار بارات ، ليۇ يىڭشېڭلار يازغان «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەتقىقات مەجمۇئەسى» نىڭ 8 ـ سانىغا كىرگۈزۈلگەن «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆهپە مەڭگۈ تېشىنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ماقالىگە قاراڭ .

②ئالسېننىڭ «13 ـ ئەسىردىكى يۈەن سۇلالىسى ۋە تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ (Thomas.T.Allsen:"The Yuan dynastg amd the Uighurs of Turfan in the 13th centurg". Morris rossabi ed . Tn china Among equuals " The middle king dem and Its Neighors loth —14th Comturies".Universitg of califor — nia press 1983.pp 243~280)

③«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 8 ـ جىلد ، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» گە قاراڭ .

ئىشلار قانۇنغا ئازراقمۇ چېتىشلىقى بولمايلا قالماستىن، ئۇنىڭ دائىرىسىمۇ ھەقىقىي بىر مەمۇرىي قانۇن، ھەق تەلەپ قانۇنى ۋە مالىيە قانۇنى قاتارلىق قانۇنلاردىن كۆپ كىچىك ئىدى، شۇڭا ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا قىلچە ماسلىشالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر ئىدى، مۇشۇ ئالدىنقى شەرتنى ۋە «ھەر قايسى جايلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئادەت قانۇنى بار ئىدى» دېگەن پرىنسىپنى نەزەردە تۇتقاندا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر قانۇنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن - تۈزۈم سىستېمىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىكى «مىللىي ئادەت قانۇنى» غا دائىر بەزى مەزمۇنلار يەنىلا خېلىلا مۇھىم تارىخىي مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ھەق تەلەپ دەۋالىرى ۋە ماجىرالارنى ھەمىشە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىر تەرەپ قىلاتتى. بۇ نۇقتا خېلى كۆپ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھەق تەلەپ توختامنامىلىرىدە كۆرۈلىدۇ. قىسقىچە جەدۋەلدىكى 44 - نومۇرلۇق ۋەسىقىدە «ئەگەر كىمكى توختامنى ئىجرا قىلمىسا، ئۇنىڭغا ئوگدايخانغا ئىككى تۇياق ئاق تۆگە ھەدىيە قىلىش، يېڭى بالىق شەھىرىنىڭ تۇرغاقىغا مىنىدىغان ئات - ئۇلاغ بولۇپ بېرىش جازاسى بېرىلىدۇ[1] » دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان

①لى جىڭۋېي ئەپەندى «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابىنىڭ 52 - بېتىدە turɤaq نى دارۇغاچ دەپ تەرجىمە قىلغان، بۇ تازا مۇۋاپىق ئەمەس، ئۇنى تۇرغاق (秃鲁花) دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك. بۇ سۆزنى يەنە «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دېگەن مەڭگۈ تاشنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستىنىڭ 17 - قۇرىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى كېيىنكى قاراۋۇل دېگەنلىك بولىدۇ. خەنزۇچە يازما خاتىرىلەردە تورغاق (秃鲁花) بارىمتاي «质子» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بۇ ۋەسىقىدىكى ۋە ئابىدە تېكىستىدىكى «تۇرغاق» موڭغۇل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، موڭغۇل ھەربىي تۈزۈمىدىكى تۇرغاق قوشۇنىنىڭ مەنىسىنى كۆچەيتكەن.



تۇرغاق يەرلىك كۈچلەرنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپلا قالماي، يەنە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئىدى. ئۇيغۇرلار رايونىدا يازما قانۇن بولمىسىمۇ، لېكىن مىللىي ئادەت قانۇنى بار ئىدى، بۇ نۇقتىدا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئورتاق تونۇشقا كېلىپ بولغان. تىخونوف «قوچو ئۇيغۇرلىرىدا يازما قانۇن ۋە مەخسۇس سوتچى يوق ئىدى، قارارلار ئىدىقۇتنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، ھەمدە خەلق تۇرمۇشىدا غايەت زور رول ئوينايدىغان ئادەت قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر نەزەرگە ئېلىنغان ھالدا چىقىرىلاتتى»[1] دەيدۇ. گېرمانىيىلىك تۈركولوگ گابائىن خانىم «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۈزۈمى يېزىقتا ئېلىنمىغان، ئادەت قانۇنى töYü بىلەن مۇناسىۋەتلىك[2] » دەپ قارايدۇ. كۆپلىگەن پاكىتلار موڭغۇل جاساق قانۇنىدىن باشقا، يەرلىكتە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ قوللىنىشىغا ماس كېلىدىغان بىر يۈرۈش ئادەت قانۇنىنىڭ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**بىرىنچى، ئادەت قانۇنىدىكى ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئائىت بەلگىلىمە**

مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى دېيىش كېرەك. باشقا ئادەتتىكى ھەق تەلەپ قانۇنلىرىغا ئوخشاش، ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى بىر خىل سەۋەب بولماستىن، بەلكى بىر خىل نەتىجە، مەۋجۇت ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەشكىلدىن ئېرىشىلگەن قانۇنىي يەكۈن. «بۇ خىل ئىقتىسادىي تەشكىل ئىشلەپچىقىرىش

①تىخونوفنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسىرى، جى زېڭلۇ خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان، «غەربىي - شىمال تارىخىي ماتېرىياللىرى» نىڭ 1983 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان، (ئومۇمىي 9 - سان ) 22 - بەت.

②گابائىن: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيە 850 ~ 1250 - يىللار)»، گېڭ شىمىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1980 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان

ۋاستىلىرنى يەنى يەر - زېمىن ، خام ئەشيا ، قورال - سايمان قاتارلىقلارغا خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ .»[1] خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بولمىسا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ ، قانۇنىي بەلگىلىمىنىڭ بولۇشىنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق . شۈبھىسىزكى ، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەشكىلدىن ئېرىشىلگەن بىر خىل قانۇنىي يەكۈن . 78 - نومۇرلۇق ۋەسىقە «قاراچوق (Qaračoq) نىڭ ۋەسىيەتنامىسى» بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوغلىغا قالدۇرغان نەرسىلىرىدىن قارىغاندا ھەممىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىكەنلىكى مەلۇم ، مەسىلەن ، كۆرپە (tösäk) ، كىگىز (kiyiz) ، ياغاق ياغىچىدا ياسالغان ئاياق (yaɣaq ayaq) ، لېگەن (täpsi) ، سوغا (könäk) ، قوشۇق (qašuq) ، تۇۋاقلىق ئىدىش (qapliɣ idiš) قاتارلىق نەرسىلەر[2] ، بۇلاردىن قارىغاندا ، قاراچوقنىڭ ئوغلىغا قالدۇرغان نەرسىلىرى قانداقتۇر قىممەتلىك نەرسىلەر بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ يەنىلا ۋەسىيەت قالدۇرۇش شەكلى بىلەن بۇ ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرغانلىقىنى بىر خىل كۆز قاراش ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە تەسىرىدىن بولغان دېمەي بولمايدۇ . 79 - نومۇرلۇق ۋەسىقىمۇ ۋەسىيەت مەزمۇنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماتېرىيال بولۇپ ، ئالدىنقى ۋەسىقىدىكى قاراچوققا سېلىشتۇرغاندا 79 - ۋەسىقىدىكى خوجايىن ئېرىيۇسۇنمىشنىڭ ئوغلىغا قالدۇرغان مال — مۈلكىنىڭ قىممىتى كۆپ يۇقىرى . مەسىلەن ئۇنىڭدا

[1] خەلق نەشرىياتى 1972 - يىلى نەشر قىلغان «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» ئىككىنچى تومنىڭ 393 - بېتىگە قاراڭ .
[2] خانېدائاكىرا ، يامادا نوبۇئو : «رىياكوكۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار كاتالوگى» ، 4 - قىسىم ، كيوتو ، 1961 - يىل نەشرى 171 ~ 206 - بەتلەر .



«يىپەك (Yipäk) ، تاۋار (tørqu) ، ئالتۇن (altun) ، قانپۇ[1] (quanbu) » لار بار . بۇ يەردە ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئاھالىلىرى نېمىشقا ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇش شەكلى بىلەن مال - مۈلۈكنى ئوغلى ياكى خوتۇنىغا قالدۇرىدۇ ؟[2] دېگەن مەسىلىگە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . كۆپچىلىككە مەلۇم ، ۋەسىيەتنامە ھەق تەلەپ قانۇنى كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇئەييەن قانۇنىي كۈچكە ئىگە . ئۇ ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغان ۋەسىيىتى بولۇپلا قالماي ، يەنە خۇسۇسىي مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يۆتكىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇيغۇرلار رايونىدىكى مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى مەسىلىسىنىڭ موڭغۇللار تۈزۈمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان - ئۇچرىمىغانلىقى توغرىسىدا ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ . ئەنئەنىۋى مال — مۈلۈك تەقسىملەش ئادىتىگە ئاساسلانغاندا ، «جاساق» قانۇنىدا ئادەت قانۇنىنىڭ تەلىپى ئېتىراپ قىلىنغاندەك قىلىدۇ . ئائىلە باشلىقى ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ مىراسى ئوغۇللىرىغا تۆۋەندىكىدەك بۆلۈپ بېرىلەتتى : چوڭ ئوغۇلنىڭ ئېرىشىدىغىنى مۇناسىپ ھالدا باشقا ئوغۇللىرىنىڭكىدىن كۆپ بولاتتى ، كەنجى ئوغۇل ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇرالغۇسى (كالا - قوي ، ھېسابات دەپتىرى ۋە باشقا قوشۇمچە نەرسىلەر )گە ئېرىشەتتى ، ئوغۇللارنىڭ چوڭ - كىچىكلىك رەت تەرتىپى ئۇلارنى تۇغقان ئانىسىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئائىلىسىدە تۇتقان ئورنىنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە بېكىتىلەتتى . كېنىزەك (قۇل ) لەردىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەرمۇ قانۇنلۇق بولۇپ ، ئاتىسىنىڭ مىراسىغا ئېرىشىشكە

[1] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 127 - ۋەسىقە .
[2] يۈەن دىڭ : « قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر تاللانما (6 ) «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1992 - يىللىق 1 - سانى 55 ~ 58 - بەتلەر .

تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بولمىسا بولمايتتى.[1] ئۇيغۇر ئاھالىلىرى «جاساق» قانۇنىنى دۆلەت قانۇنى دەپ قارىغان ئىكەن، مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە جەزمەن ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. 76 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقە تۇشەك (Tusăk) خوتۇنىغا قالدۇرغان ۋەسىيەت بولۇپ، ئۇنىڭدا «بۇندىن كېيىن باشقا ئەرگە تەگمە، مېنىڭ مال ـ مۈلۈكىمنى ئوبدان باشقۇر، ئوغلۇم ئالتىمىش قايا (AltmĪsqaya) نى ئوبدان بېقىپ تەربىيىلە، باشقا ئوغۇللۇرۇم، قۇساڭ (qusang)، ئاسان قايا (Asan qaya) لار: ئۆگەي ئانا، بىزگە تېگىشلىكنى بىز ئالىمىز دېسە، ئالغىلى قويما، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولما، ئەگەر كىمكى جېدەل چىقارسا، ئۇنىڭغا پادىشاھقا بىر ياستۇق ئالتۇن، تېكىنلەرنىڭ ھەربىرىگە بىر ياستۇقتىن كۈمۈش، خان ئوردىسىغا بىر ياستۇق كۈمۈش ۋە بىر ئات تاپشۇرۇش جازاسى بېرىلسۇن»[2] دېيىلگەن. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ۋەسىقىدىن ئۇيغۇرلار رايونىدا مىراسنى تەقسىم قىلىش تۈزۈمىنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغانلىقىنى، ھەمدە ۋەسىيەتنامىنىڭ مىراسنى تەقسىم قىلىشتا مۇھىم قانۇني ئاساس بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، تالاش ـ تارتىشنى ئازايتىشتا ئاكتىپ رول ئوينىغانلىقىنى ئاسانلا بىلەلەيمىز. يەنە بىر جەھەتتىن، قانۇندا مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكى ۋە قوغدالغانلىقى خۇسۇسى مال ـ

---

[1] ۋېرنادسكىي: «چىڭگىزخان جاساق قانۇنىنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسى»، ئەسلىدە «خارۋارد ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» غا بېسىلغان، 3 ـ توم 1938 ـ يىل نەشرى، 337 ـ، 360 ـ بەتلەر؛ ۋاڭ شىجۈڭ، يۈي داجۈنلەر خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان «موڭغۇل تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» نىڭ 1981 ـ 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[2] رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 83 ـ ۋەسىقە 138 ـ بەت (83 ـ ۋەسىقىگە) ؛ لى جىڭۋېينىڭ «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابىنىڭ 293 ـ، 296 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.



مۈلۈكنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكى مۇئەييەن دەرىجىدە ئېتىراپ قىلىنغانلىقىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ.

**ئىككىنچى، ئادەت قانۇنىدىكى نىكاھ مۇناسىۋىتىگە ئائىت بەلگىلىمىلەر**

تۇرلۇك ئالامەتلەردىن ئۇيغۇرلار رايونىدا ئانچە مۇكەممەللەشمىگەن نىكاھ تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى ھەمدە قانۇن تەرىپىدىن قوغدالغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. 11 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقە بىر جۈپ قىز ـ يىگىت قۇلنىڭ ئۆز ئىختىيارى بويىچە قوشۇلغاندىن (نىكاھلانغاندىن) كېيىن جازاغا تارتىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماتېرىيال. ۋەسىقىدە: «ئوتۇز (Otuz) نىڭ بالىتور ئاتلىق تۆمۈرچى قۇلى بىلەن تويىن چوق (ToyĪncoq) نىڭ توقۇمىچى دېدىكى ئايلىك (AĪlik) خوجايىنلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ توي قىلغاچقا، ئۇلارغا ئەمگەككە سېلىنىش جازاسى بېرىلدى»[1] دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ۋەسىقىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەھۋاللارمۇ قۇل بىلەن دېدەك توي قىلسا ئاۋۋال خوجايىنىنىڭ ماقۇللىقىنى (رازىلىقىنى) ئېلىشى كېرەكلىكىنى، بولمىسا جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار رايونىدا يەنە نىكاھ سودىسىمۇ مەۋجۇت ئىدى. 81 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقىدە ئايان بولغان پاكىتلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭدا «قۇتلۇغ (qutluɤ) ئادار (adar) قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىش ئۈچۈن، ئىككى ياستۇق، 20 سەر كۈمۈش تۆلىدى، ھەمدە ئادار قىزغا كىيىم ـ كېچەك ئالدى، ئەگەر كېيىن بۇ ئىش توغرىسىدا (جېدەل ـ ماجىرا) يۈز بەرسە، ئۇلارغا خانغا 5 ياستۇق ئالتۇن سوۋغا قىلىش، تېكىنلەرنىڭ ھەربىرىگە بىر ياستۇق ئالتۇن، ئىدىقۇتقا

---

[1] رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 73 ـ ۋەسىقە، 125 ~ 129 ـ بەتلەر.

بىر ياستۇق ئالتۇن، قوچو بالىقتىكى مەلۇم ۋەزىرگە بىر ياستۇق كۈمۈش تۆلەش جازاسى بېرىلىدۇ[1] » دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ئەرلەرنى ھېسابلاش بىرلىكى قىلغان بولغاچقا، خوتۇن ئېلىش ـ تالاق قىلىش ئىشلىرىدا ئەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ھەتتا ئاكا ـ ئۇكىلىرىنىڭمۇ ناھايىتى چوڭ پىكىر قىلىش ھوقۇقى بولاتتى. جىيۈەننىڭ 9 ـ يىلى (1272 ـ يىلى) يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى شىزۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى قوچقارغا «ئەر كىشى خوتۇنىنى تالاق قىلماقچى بولسا، ئەر تەرەپ تىل خەت يېزىپ بېرىدىكەن، ئەرنىڭ بوۋىسى، مومىسى ۋە ئاكا ـ ئىنىلىرى: بىز قوشۇلماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ باشقا ئەرگە تېگىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دېيىشىدىكەن، بۇنىڭغا يول قويۇلمىسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن.[2] بۇ ماتېرىيالدا دەل مۇشۇ خىل ئەھۋال ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، خېلى كۆپ ئۇيغۇرلار مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا كۆچۈپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، لېكىن نىكاھ ئادىتىدە يەنىلا شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردە ئەزەلدىن بار بولغان «ئېرى ئۆلسە خوتۇنىنى ئاكا ـ ئىنىلىرى ئالىدىغان» ئەنئەنىنى ساقلاپ قالغان. ئوگداي دەۋرىدە ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۇيغۇر ۋەزىر گۆلجىسنىڭ كەچۈرمىشلىرى دەل بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ. ئۇنىڭ يۇرتداشلىرى جۈۋەينىگە مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەرگەن: گۆلجىسنىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ئۆگەي ئانىسىدىن باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقىنى يوق،

①رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 115 ـ ۋەسىقە، 210 ـ، 211 ـ بەتلەر.
②«ئومۇمىي تۈزۈملەردىن ئۆرنەكلەر»، 4 ـ جىلد «ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىكى خوسۇسىي ئىشلار»، جېجياڭ قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى، 55 ـ بەت.



ئۆگەي ئانىسى نامرات ھەم ئاجىز بولغاچقا، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۆگەي ئانىسى باشقا ئەرگە تەگمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن گۆلجىس ئىدىقۇت ئوردىسىغا بېرىپ بۇ ئىشنى پاش قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئوغلى ئاتىسىدىن تۇل قالغان ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشقا ھوقۇقلۇق بولغاچقا، ئىدىقۇتمۇ ئاخىرى مۇشۇ كونا ئادەت بويىچە ھۆكۈم چىقاردى. كېيىن گۆلجىس قارارىنى ئۆزگەرتىپ ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ، بەزى مال ـ مۈلۈكىنىلا ئالدى، ئۆگەي ئانىسى شۇ چاغدىلا باشقا ئەرگە تېگەلىدى[1].

موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلار رايونىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يەرلىكتە ئەسلىدە بار بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئاساسەن ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەت قانۇنىنىڭ موڭغۇللارنىڭ جاساق قانۇنىنىڭ روھىغا ماس كېلىدىغان قىسمىنى قوغدىغان، زىت كېلىدىغانلىرىنى ئىنكار قىلغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قوچو شەھىرىدە قىز بوۋاقلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش ۋەقەسى دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇ ھەقتە تارىخ ماتېرىياللىرىدا «قوچو شەھىرىدىكى كىشىلەر ئەگەر قىز تۇغۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ بوۋاقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ[2] » دەپ خاتىرىلەنگەن. مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان بۇ خىل قىلمىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەت قانۇنىدا چەكلەنگەن. جىيۈەننىڭ

①جۈۋەينى: «تارىخى جاھانكۇشاي»، خې گاۋجى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخا، 586 ـ بەت
②«ئومۇمىي تۈزۈملەردىن ئۆرنەكلەر»، 4 ـ جىلد، «قىزى كۆپ بولسا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش»، خۇاڭ شىچيەن سېلىشتۇرغان نۇسخا، جېجياڭ قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى، 63 ـ، 64 ـ بەتلەر.

13 - يىلى (1276 - يىلى ) تۇرمىشا دېگەن بىر ئادەم قىز بوۋاقنى سۇغا تاشلىغان ۋاقىتتا ، شۇئان قايا قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن نەق مەيداندا تۇتۇۋېلىنغان ، بۇ ئىش توغرىسىدىكى ئەرزنىڭ ئاخىرى موڭغۇل ئوردىسىغىچە بارغان . يۈەن شىزۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قىز بوۋاقلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈشنى چەكلەيدىغان ئادەت قانۇننى قوغداش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن ، يارلىقتا : «قىز بالىنى سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ يېرىم بىساتى مۇسادىرە قىلىنىپ قوشۇنغا ئىشلىتىلسۇن ، شۇنداق ئىشنى تۇنجى بولۇپ مەلۇم قىلغۇچى ئەگەر قۇل بولسا ، قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنىپ هۆر پۇقرا بولسۇن . ناۋادا يەنە قىز تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەرسە باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلار ، جىنايەت سادىر قىلغۇچىنى جازالىسۇن »[①] دەپ يارلىق چۈشۈرگەن .

ئۇيغۇرلارنىڭ قانداشلىق قارىشى بويىچە ، قىز بالا ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن ، ئېرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تاكاللىشىپ قالسا ، قىزنىڭ ئائىلىسى يەنىلا ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغۇچى سالاهىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ قۇدىسى بىلەن سۆزلىشىپ بۇ ئىشنى هەل قىلاتتى . بۇ هەقتە قۇبلاي جىيۈەننىڭ 9 - يىلى (1272 - يىلى ) «قىز بالا ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئەگەر ئاشۇ قىز بالا ئۆلۈپ - تارتىپ قالسا مېنىڭ قىزىم نېمىشقا ئۆلۈپ قالىدۇ دەپ دەۋا قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن ، هەمدە تەهدىت تەلەپپۇزىدا «يارلىققا قارىتا باشقىچە قاراشتا بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ هەممىسى گۇناهكار بولىدۇ »[②]

---

① «ئومۇمىي تۈزۈملەردىن ئۆرنەكلەر » ، 4 - جىلد ، «قىز كۆپ بولسا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش» ، خۇاڭ شىچيەن سېلىشتۇرغان نۇسخا ، جېجياڭ قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى ، 1986 - يىل نەشرى ، 63 - ، 64 - بەتلەر .

② «ئومۇمىي تۈزۈملەردىن ئۆرنەكلەر » ، 4 - جىلد ، «ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىكى خۇسۇسىي ئىشلار » ، خۇاڭ شىچيەن سېلىشتۇرغان نۇسخا ، جېجياڭ قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى ، 1986 - يىل نەشرى ، 55 - بەت .



دېگەن . شۈبهىسىزكى ، موڭغۇللار ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئادەت قانۇنىغا قارىتا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقان .

**ئۈچىنچى ، ئادەت قانۇنىدىكى باشقا ئىقتىسادىي توختاملارغا ئائىت بەلگىلىمىلەر**

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى هەرخىل ئىقتىسادىي توختاملار مۇئەييەن قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان . هەر خىل ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى قوغداش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار هەر خىل توختاملارنى ئىمزالىغان . مەسىلەن : يەر ئېلىپ - سېتىش توختامى ، سودا توختامى ، ئىشلەمچى ياللاش توختامى قاتارلىقلار . ئۇنىڭ ئۈستىگە توختاملاردا دائىم il törüsi (دۆلەت قانۇنى ) دېگەن بىر سۆز ئىشلىتىلگەن ، تارىخ ماتېرىياللىرى كەمچىل بولغاچقا ، نۆۋەتتە بىز ئۇيغۇرلار رايونىدىكى هەرخىل ئىقتىسادىي توختاملارغا ئائىت قانۇن - بەلگىلىمىلەر توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالمايمىز .

**تۆتىنچى ، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش**

قانۇن هۆكۈمران سىنىپلار ئىرادىسىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن روشەن سىنىپىيلىققا ئىگە . يۈەن سۇلالىسى قانۇنىدا بۇ ئورتاقلىق بولغاندىن سىرت ، يەنە بىر روشەن ئالاهىدىلىك مەۋجۇت ئىدى ، ئۇ بولسىمۇ مىللىي ئېهتىيات سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئېهتىياجى تۈپەيلى ، يۈەن سۇلالىسىدىكى موڭغۇللار ، غەربىي يۇرتلۇقلار كۆپلىگەن قانۇنىي ئىمتىياز ۋە ئېتىبارلاردىن بەهرىمان بولغان ، ئۇيغۇرلارمۇ غەربىي يۇرتلۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ، ئەلۋەتتە .

خەنزۇلار زېمىنىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ۋە تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىدېئولوگىيىسىدىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن، بۇلار يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان. خەنزۇلار زېمىنىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۆچەيتىش ئۈچۈن يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇرلار ۋە قومۇللۇقلار ئارىسىدا دەۋا - دەستۇر ئىشلىرى يۈز بېرىپ قالسا، ئەرزنى ھاۋالە قىلىپ كەلگەن كاتتىۋاشلار ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىكتە بىر تەرەپ قىلسۇن، ئەگەر ئۇيغۇرلار ۋە قومۇللۇقلارنىڭ ئاقساقاللىرى بىر تەرەپ قىلالمىسا، باسقاق بېگى بىر تەرەپ قىلسۇن[①] » دەپ بەلگىلىمە چىقارغان. بۇ بەلگىلىمىنىڭ كۆپ قېتىم تەكىتلىنىشى بىر جەھەتتىن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئارىلاش ئولتۇراقلىشىش ھادىسىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇيغۇرلار بىلەن قومۇللۇقلار جىنايەت ئۆتكۈزسە، ئۇلارنى سوراق قىلىش ھوقۇقىنىڭ تەۋەلىكىگە روشەن ئېنىقلىما بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

جىيۈەنىنىڭ 17 - يىلىغا (1280 - يىلى) كەلگەندە «قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئىككىنچى دەرىجىلىك تەرتىپدار ۋەزىپىگە قويۇلدى، ئۇ كونا ئايماق شەھەرلەر ۋە خەنزۇلار زېمىنىدا ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلارنى

① «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى»، «زىندان پىرقىسى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقلى بولمىسا باسقاق بەگ ھۆكۈم قىلىدۇ.»



باشقۇرۇپ ئۇلارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى سورىدى.»[①] يەنە دادېنىڭ 8 - يىلى (1304 - يىلى) «ئۇيغۇرلار ۋە قومۇللۇقلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىنى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى سورايدىغان بولدى؛ مىللەتلەر ئارا يۈز بەرگەن دەۋا - دەستۇر ئىشلىرى مەخسۇس مەھكىمە تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولدى.»[②] يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئادەتتىكى جېدەل - ماجىرالارنى شۇ مىللەتلەرنىڭ ئاقساقاللىرى بىر تەرەپ قىلىش تۈزۈمى قوللىنىلغان، تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، جياڭنەن (چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى) قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار ۋە قومۇللۇقلارنىڭ ئاقساقاللىرى دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىنى كېلىشىپ سورىغان.[③]

«كېلىشىش تۈزۈمى» يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە خاس بىر خىل تۈزۈم. ئەينى دەۋردە مىللەتلەر بويىچە ئايرىلغان نوپۇسلاردىن ئاساسلىق مۇسۇلمانلار، ئۇيغۇرلار، قومۇللۇقلار قاتارلىقلار بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە تەۋە سۇيۇرغال يېرى ۋە تۈتۈنى بار ئىدى. بۇ خىل تۈتۈنلەر خۇسۇسىي تۈتۈن دەپ ئاتىلاتتى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش ئوبيېكتى ئاۋام - پۇقرالار بولۇپ، قىسمەن باشقۇرۇش ھوقۇقىلا بولاتتى، بەزىدە ھەتتا پەقەتلا ئارىلاشمايتتى. بۇنداق بولغاندا ھەرخىل سىستېمىدىكى تۈتۈنلەر ئوتتۇرىسىدا ماجىرا تۇغۇلغاندا ھۆكۈم چىقىرىشتا ھەمىشە مەسىلە كۆرۈلەتتى. ئاۋام - پۇقرالارغا

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 89 - جىلد، «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى (5)»گە قاراڭ.
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 21 - جىلد، «چېڭزۇڭ ھەققىدە خاتىرە (4)» گە قاراڭ.
③ «يۈەن سۇلالىسى قانۇنلىرى. زىندان پىرقىسى»، 53 - جىلد، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ سوراق قىلىشى»، يەن سۇنرېن، تىيەنجوڭ چىيەنئىرلار تەكشۈرۈپ بېكىتكەن «يۈەن سۇلالىسى قانۇنلىرى زىندان پىرقىسى»، 2 - قىسىم، 44 — 45 - بەتلەر.

كىرمەيدىغان ھەرخىل سىستېمىدىكى تۈتۈنلەر ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئەمەسلىكىدىن پايدىلىنىپ، ھەمىشە ھۆكۈمگە بويسۇنمايتتى. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن «كېلىشىش تۈزۈمى» يولغا قويۇلغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇناسىۋەتلىك يازما ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا «كېلىشىش تۈزۈمى» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1. زور جىنايى ئىشلار دېلوسى مەيلى قايسى خىل تۈتۈنلەرگە چېتىلسۇن، ھەممىسىنى بىردەك يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلار سوت قىلىپ، مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

2. ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى ۋە بارلىق ھەق تەلەپ دېلولىرىنى ھەرقايسى سىستېمىلارنىڭ باشقۇرۇش ئورگانلىرى سوت قىلىدۇ، ئەگەر باشقا تۈتۈنلەر بىلەن ئاۋام - پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى ئەرز - شىكايەتلەر بولسا، يەرلىك مەمۇرىي ئورگان باشقا تۈتۈننىڭ باشقۇرۇش ئورگىنىغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ ۋاقىت بەلگىلەپ، بىرلىكتە سوت قىلىدۇ.

3. كېلىشتۇرۇشكە ئۈچ قېتىم چاقىرتىسمۇ كەلمىسە، يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلار ئۆز ئالدىغا سوت قىلىدۇ.

«كېلىشىش تۈزۈمى» نى يولغا قويۇشتىكى تۈپ مەقسەت زور دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى مەركەزنىڭ كونتروللۇقىدىكى يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلارغا بېرىش، شۇنىڭدەك خۇسۇسىي تۈتۈن، تۈرلۈك نوپۇسلارنى باشقۇرۇش سىستېمىلىرىنى ئەرز - شىكايەت ئۆز پۇقرالىرىغا چېتىلغاندا مۇئەييەن پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىشتۇر، بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇش ھاكىممۇتلەقلىقنى كۈچەيتىپلا قالماستىن،



بەلكى يەنە موڭغۇل، رەڭدار كۆزلۈك ئاقسۆڭەكلەرنىڭمۇ ئانچە نارازىلىقىنى قوزغىمىغان.① بۇ قانۇن - تۈزۈملەر ۋە ئۇنىڭ ئەرز شىكايەت تەرتىپى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇندا رەڭدار كۆزلۈكلەرگە بەرگەن تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن.

①چېن گاۋخۇا: «يۈەن سۇلالىسىنىڭ سوت ئورگانلىرى ۋە سوت قىلىش تەرتىپى»، «شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى»، 66 - قىسىم، كيوتو، 1994 - يىل نەشرى.

# ئۈچىنچى باب ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈم ، يانچىلىق تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇش

## §1 . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى فېئوداللىق يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش شەكلى

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەرلەر چوڭ جەھەتتىن ھۆكۈمەت يەرلىرى ، پۇقرالار يەرلىرى ۋە ئىبادەتخانا يەرلىرى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنەتتى .

### 1 . ھۆكۈمەت يەرلىرى

ھۆكۈمەت يەرلىرى ئىچىدە موڭغۇل بەگلىرىنىڭ ئۈلۈشلۈك يېرى بار بولۇپ ، بۇ يەرلەرنىڭ كىرىمىنىڭ ھەممىسى موڭغۇل بەگلىرىگە تەۋە ئىدى . بۇ يەرلەر ئاق قالسا قالاتتىكى ، باشقىلارنىڭ ئېچىپ پايدىلىنىشىغا يول قويۇلمايتتى .

رامستېد مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر پارچە موڭغۇلچە ھۆججەتنى ئېلان قىلغان ، دەلىللەشكە ئاساسلانغاندا بۇ ھۆججەت يۈەن چىڭزۇڭ دەۋرىدە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىنى قايتا بىۋاستە كونترول قىلمايدىغان بولغاندىن كېيىن پۈتۈلگەن بولۇپ ، چاغاتايدىن كېيىنكى خان ئۇيغۇر ئىدىقۇتقا چۈشۈرگەن بىر پارچە يارلىق ئىكەن . ئۇنىڭدا خاتىرلىنىشىچە : «ئولجاي تېمۇر قاراقوچو ئىدىقۇتى چىن تېمۇرگە يارلىق



چۈشۈرۈپ ، ھەممىگە قادىر دارۇغاچ نويان بولۇنقاي ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى…… كاساڭ قاراقوچونى سۈچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن . » ھەم «كاساڭنىڭ بەگ - تۆرىلەرنىڭ ئۆلۈشلۈك يېرىنى قوغداشقا ، ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا سۇ ئىشلىتىشىگە يول قويماسلىقىغا ، ئەگەر باشقىلار ئۆز ئالدىغا سۇ ئىشلەتسە ، ھەم بەگ - تۆرىلەرگە قاراشلىق ئۈلۈشلۈك يەردىن پايدىلانسا ، جازاغا تارتىشقا» ① پەرمان چۈشۈرگەن .

بۇ موڭغۇلچە ۋەسىقىدىن ئىدىقۇتنىڭ موڭغۇل بەگلىرىنىڭ قوچو (ھازىرقى تۇرپان ) دىكى يەرلىرىنى قوغداشقا مەسئۇل ئىكەنلىكى ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا يەنە سۇ ئىشلىتىشنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار بارلىقى ، ئۇلارنىڭ بىر جەھەتتىن ئىدىقۇت يەرلىك ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن سۈچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئۆتىسە ، يەنە بىر جەھەتتىن دائىم بەگلەرنىڭ ئۈلۈشلۈك يەرلىرىنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغانلىقىنى بىلىمىز .

موڭغۇل بەگلىرىنىڭ ئۈلۈشلۈك يەرلىرىدىن باشقا ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بوز يەر ئېچىشمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . بوز يەر ئېچىش ئەمەلىيەتتە فېئودال ھۆكۈمەت بىۋاستە تەشكىللىگەن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بولۇپ ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى دائىم يۈرگۈزۈلىدىغان بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ھېسابلىنىدۇ . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ، ئۇيغۇرلار رايونىدا ئاساسلىقى بېشبالىقتىلا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلەتتى ، ئۇنىڭدىن باشقا قومۇل ، ئودۇنمۇ مۇھىم بوز يەر ئېچىش ئورنى ئىدى .

جىيۈەننىڭ 18 - يىلى (1281 - يىل ) يۈەن سۇلالىسى

① رامستېد (G.J Ramstedt ) : «تۇرپان ئىدىقۇت شەھرىدىن تېپىلغان موڭغۇلچە خەت» . «پرۇسسىيە خان جەمەتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى يىغىن دوكلاتى» ، 32 - سان ، بېرلىن ، 1909 - يىل نەشرى .

ئۇردىسى «نويان چى گۇڭجى ۋە تەپتىشبېگى ليۇ ئېنگە سۇجۇدا بوز يەر ئېچىۋاتقان خەنزۇ لەشكەرلىرىدىن مىڭنى بېشبالىققا بوز يەر ئېچىشقا يۆتكەشكە بۇيرىدى .»[1] جىيۇەننىڭ 19 - يىلى (1282 - يىلى) ، «(لى جىنگە) يولۋاس شەكىللىك تەمتەك تارتۇق قىلىپ ، خۇەيىيۈەننى ئۇلۇغ سانغۇنلىققا تەيىنلەپ ، غەربىي يۇرتتىكى بېشبالىقتا بوز يەر ئېچىشنى بۇيرىدى .»[2]

جىيۇەننىڭ 20 - يىلى (1283 - يىلى) «بېشبالىقتىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى قوشۇنغا قۇياق بېرىلدى .»[3] جىيۇەننىڭ 23 ـ يىلى (1286 - يىلى) «1000 مۇھاپىزەتچى لەشكەر بېشبالىقتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەۋەتىلدى ، ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ ، ئۇلار بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى .»[4] يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان ماتېرىيالدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ، لەشكەرلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشىنى ئاساس قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . بوز يەر ئاچقۇچى لەشكەرلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ئاساسلىقى خەنزۇ لەشكەرلەر ۋە يېڭىدىن ئەل بولغان لەشكەرلەر بولۇپ ، ئۇلار قوشۇننى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن مەخسۇس تەمىنلەش ئۈچۈن تېرىقچىلىق قىلاتتى . بېشبالىق يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ ، غەربىي شىمالدىكى مۇھىم شەھەر ئىدى . ئۇ شەرقتە قومۇلدىكى باركۆلدىن باشلىنىپ ، غەربتە ئىلى دەرياسى ۋادىسىغىچە سوزۇلغان ، شىمالى ئالتاي ، چۆچەكلەرگىچە تۇتاشقان بولۇپ ، تۇرپان ئويمانلىقىنى بىۋاستە باشقۇراتتى . بېشبالىق ھەقىقەتەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى سىياسىي ، ھەربىي ئىشلار مەركىزى

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 11 - جىلد ، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (8)» .
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 154 - جىلد ، «لى جىنىنىڭ تەرجىمىھالى» .
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 12 - جىلد ، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» (9)» .
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 14 - جىلد ، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (11)» .



ئىدى . بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ نەتىجىسى شۇكى ، قاقاس يەرلەر كۆپلەپ ئېچىلغاچقا تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كېڭىيىپ چېگرا رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن . بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق لەشكەرلەر ۋە خەلقنىڭ ئاشلىق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە ئېشىنچا ئاشلىق بىلەن يەرلىك نامرات ئاھالىلەرگە ياردەم بەرگەن . مەسىلەن ، جىيۇەننىڭ 25 - يىلى (1288 - يىلى) «قومۇلدىكى خەلق قەھەتچىلىككە ئۇچرىغاندا ، ئايىياچقا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەرنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقىدىن ياردەم بېرىشكە پەرمان چۈشۈرۈلدى .»[1] پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى خەلقنى تەشكىللەپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ ، ئۇنىڭ تەشكىلىي شەكلى قويۇق ھەربىي خاراكتېرگە ئىگە .

چېگرا رايونلاردىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان پۇقرالارنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن يەرسىز پۇقرالار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىلىرىمۇ بار ئىدى . بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان پۇقرالارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ، مەسىلەن : تېرىلغۇ يەر ، تېرىقچىلىقتا ئىشلىتىدىغان كالا ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىقلارنى ھۆكۈمەت تەمىنلەيتتى . جىيۇەننىڭ 17 - يىلى (1280 - يىلى) «خېشى تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش خۇسۇسىدا پەرمان چۈشۈرۈلدى»[2] ، جىيۇەننىڭ 23 - يىلى (1286 - يىلى) «قومۇلدىكى نامرات پۇقرالار ۋە قاراقوچودىكى پۇقرالارغا كالا ۋە ئۇرۇق ، 16 مىڭ 200 ياستۇق پۇل ئىنئام قىلىندى»[3] .

جىيۇەننىڭ 29 - يىلى (1292 - يىلى) «كۇسەن تارىم ،

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 15 - جىلد ، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (12)» .
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 11 - جىلد ، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (8)» .
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 14 - جىلد ، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (8)» .

قارلۇقتىكى 670 تۈتۈنلۈك پۇقراغا دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۇرۇق بېرىلىپ، يەر تېرىپ جېنىنى بېقىشقا بۇيرۇلدى.»①

يۇقىرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە قارلۇقلارنى تەشكىللەپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ كۆلىمى ۋە تەشكىللىكلىكى ئىلگىرىكى ھەر قانداق بىر سۇلالە دەۋرىدىكىدىن ئېشىپ كەتكەن.

## 2. پۇقرالار يەرلىرى

ئۇيغۇرلار رايونىدا كۆپلىگەن خۇسۇسىي يەرلەر بار بولۇپ، بۇ نۇقتا توغرىسىدا مۇشۇ بابنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يەر توختامى دېگەن پاراگرافىدا تەھلىل يۈرگۈزۈلىدۇ، بۇ يەردە بۇ ھەقتە توختالمايمىز. يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆرسىتىشكە تېگىشلىكى شۇكى بۇ يەردە ئېيتىلغان «خۇسۇسىي يەر» ئۇقۇمى شەخسلەر ئىگىلىگەن يەرلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالماستىن، يەنە باي سودىگەرلەر ھەتتاكى زوراۋانلىقتا تايىنىپ قوشۇۋېلىنغان يەرلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

يەر سېتىش توختامىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن يېڭى يەر ئىگىلىگۈچىلەرنىڭ «يەرگە بولغان باشقۇرۇش ھوقۇقى مىڭ يىل ياكى ئون مىڭ يىل ساقلىنىپ قالغان»② . بۇ شەك شۈبھىسىزكى خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىك شەكلىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 17 ـ جىلد، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (14)».
② رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 13 ـ ۋەسىقە 10 ـ قۇر، 16 ـ ۋەسىقە 11 ـ قۇر.



## 3. ئىبادەتخانا يەرلىرى

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى ئاساس قىلغان. بىراق ئىسلام دىنى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىن ئۇلار ئارىسىغا تارقىلىپ كىرىپ، كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان. غەربتىكى ئۇدۇن، كاشغەر قاتارلىق رايونلاردا ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. نېستورى دىنىنىڭ تەسىرى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. ئالمالىق قاتارلىق جايلاردىمۇ ئىسلام دىنى ئاساسلىق دىن ئىدى. نېستورى دىنى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئىبادەتخانىلارنىڭ يەر ئىگىلەش ئەھۋالى ئىنتايىن ئومۇملاشقان. ئىبادەتخانىغا قاراشلىق يەرلەر نامدا فېئودال دۆلەتكە مەنسۇپ ئىدى، ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن يەردىن باشقا، ئىبادەتخانا بۇرۇنقى دەۋرلەردىن ئىگىلىگەن يەرلەرمۇ بار بولۇپ، بۇ يەرلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئىبادەتخانىغا تەۋە ئىدى. يېڭىدىن قوشۇۋېلىنغان يەرلەر ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇراتتى. شۇڭلاشقا ئىبادەتخانىغا قاراشلىق يەرلەر ماھىيەتتە خۇسۇسىي يەر ئىدى. يۈەنجېننىڭ تۇنجى يىلى (1295 ـ يىل) كەبىسە 4 ـ ئايدا، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرگە قارىتا چاقىرىلغان ھۆكۈمەت ئەمر ـ پەرمانلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە: «تىبەتلەر، خەنزۇلار، ئۇيغۇرلار، يۈننەندىكى يەرلەر، راھىب، ئېركۈن، موللىلار، دانىشمەنلەرنىڭ يۈەنجېننىڭ تۇنجى يىلى 2 ـ ئايدىن بۇرۇن، باج تاپشۇرماسلىقتا تېگىشلىك يەرلىرى بولسا، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش، بۇنىڭدىن كېيىن ئىگىلىگەن يەرلەرگە يەرگە قاراپ باج تاپشۇرۇشنى

① «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى»، 24 ـ جىلد، «نوپۇس پىرقىسى» 10 ـ جىلد، «راھىب ـ تويىنلاردىن ئېلىنىدىغان باج. راھىب ـ تويىنلارنىڭ ئىجارە ھەققى، باج ـ سېلىق تاپشۇرۇش مىزانى».

ئۇقتۇرغان »① . بۇ تارىخىي ماتېرىيال تىبەتلەر ، خەنزۇلار رايونى ، ئۇيغۇرلار رايونى ۋە يۇننەنىكى ھەرقايسى دىنىي ئىبادەتخانىنىڭ يەرلىرىگە قارىتا يۈەنجىيىننىڭ تۈنجى يىلى 2 ـ ئاينى چەك . قىلىپ ، بۇرۇنقى يەرلەرنىڭ بىجىنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى ، يېڭىدىن ئىگىلىگەن يەرلەرگە باج تاپشۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . «بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىگىلىۋالغان ياكى زورلۇق بىلەن ئېرىشكەن يەرلەر» توغرىسىدىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا ، ئىبادەتخانىلار دائىم سېتىۋېلىش ياكى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق يەرلىرىنى كېڭەيتكەن . ھۆكۈمەتمۇ بۇنىڭغا ئانچە چەكلىمە قويمىغان . مۇشۇ كىتابتا بېرىلگەن قىسقىچە جەدۋەلدىكى 35 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت «ئىبادەتخانىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى ئۇيغۇرچە يارلىق»① ، مۇھاكىمىمىزگە پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن ، تۆۋەندىكىدەك نەقلىنى كەلتۈرىمىز :

«قوي يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مورتۇق ئىبادەتخانىسىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ، مۇقەددەس ، تەلەيلىك

① بۇ ھۆججەتنى 1905 — 1907 ـ يىللاردىكى گېرمانىيە 3 ـ قېتىملىق غەربىي يۇرت تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپان مۇرتۇق جىلغىسىدىكى مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى (بېزەكلىك مىڭ ئۆيى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ) تىن تاپقان . ھازىر گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى Zantra linstituts für Alte Ges chi shhe) und Archao logie der wis—sens chaf ten der DOR ,Berlin ) دا ساقلىنىۋاتىدۇ . رەت نومۇرى (US317) T Ⅲ M205 ، ئۇزۇنلۇقى 78.2cm ، كەڭلىكى 27.5cm . ھازىر 48 قۇر خەت ساقلانغان ، 3 ـ قۇردىن 5 ـ قۇرغىچە بولغان مەزمۇنلار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندىن باشقا ، قالغان قىسىملىرى ناھايىتى ياخشى ساقلانغان . رۇسىيىلىك تۈركولوگ رادلوف بۇنى يەشكەن . بۇ نەتىجىنى ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى مالوف رەتلەپ 1928 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» دە ئېلان قىلغان .
. materiahen nach dem tode des”uigurische spra chdenkmaler“ (W.RADLOff:
yerfassers mit Erg äzungen VQS. Nalov herausgegehen, leningrad, 1928,NO.88 SS
. 143—148.238—239)

ئۇنىڭدىن كېيىن تىخونوف : « 10 — 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تۈزۈمى» دېگەن كىتابىدا بۇ ھۆججەتتىن نەقىل ئالغان ھەمدە ترانسىپكسىيىسىنى ۋە رۇسچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن .
(THXOHOB: 《хоВЯйсtзonoъшественныйстрон у н гурскогоупарствах — X вв》.
мокв a-Jlенинтрап1966.CTP.255—259) گېرمانىيىلىك ئالىم پېتىرزېمى بۇ ھۆججەتنى تەتقىق قىلغان . «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى» ، 8 ـ توم ، 1981 ـ يىل نەشرگە بېسىلغان «بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەت» كە قاراڭ .
] “uigurische steuerbe freiung surkunden für bud hische kl ō ster” Z: eme:)
( Altorientalis che Forschungen[ Ⅷ. Berlin 1981.S.237～263



قادىر (qad Ïr ) خانى ئىبادەتخانىنىڭ ...... قايتىدىن...... سېتىۋالدىغان (؟) ...... ئىبادەتخانىدا تۇرىدىغان ھۆرمەتكە سازاۋەر يابۇنسۇ شىلاۋانتى (Yabunsu S̄ Ïlavanti) ۋە باشىن شىلاۋاتانتى (ba s̆In) s̆Ilvant Ï نىڭ شاگىرتى① ئىگىلىگەن يەرلەر ۋە ئۈزۈملۈكنىڭ مەجبۇرىي ھاشىرى ، ئالبان (alban ) سېلىقى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئەمگەك ئالۋىڭى مۇشۇ يارلىق چىقىرىلغاندىن تارتىپ ، ئۇزۇن مەزگىلگىچە كەچۈرۈم قىلىنىدۇ... مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبلىرى ئۈزۈملۈك ۋە يەرلەرنى ئىگىلىسە بولىدۇ ، دۆلەت ئۇلاردىن ئالۋان ـ سېلىق ، ھەدىيە بۇيۇمى ، پاختا رەخت ، يەر ئىجارىسى ئالمايدۇ . . .» يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان ھۆججەت ، ئەينى ۋاقىتتا ئىبادەتخانىلارنىڭ ھەقىقەتەن كۆپلىگەن ئۈزۈملۈك ۋە يەرلەرنى ئىگىلىگەنلىكىنى ھەتتا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئۈزۈملۈكلەرنى تېرىشقا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىشتىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ . ئۈزۈملۈك ۋە يەرگە دائىر قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە ، يەر دائىم ئۈزۈملۈكنىڭ كەينىگە قويۇلغان بولۇپ ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھۆججەت بىلەن بىردەك ئىدى .

① قەدىمكى ئۇيغۇرچە t Ï tsu بولۇپ ، رادلوف «شاگىرت» دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلغان ، گەرچە «شاگىرت» ئادەتتىكى ۋەسىقىلەردە titsi دەپ يېزىلسىمۇ ، بىراق بۇ ھۆججەتتىكى titsu ئالدىنقىسى بىلەن ئوخشاش ئەمەس . لى جىڭۋېي ئەپەندى «t Ï tsu » نى «ھەزرەتلىرى» دەپ تەرجىمە قىلغان («قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىن تاللانما (4)» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 ـ يىللىق 2 ـ سان 59 ـ بەتتىكى ئىزاھ (6) قا قاراڭ ) ؛ ياڭ فۇشۆ titsu نى «شاگىرت» دەپ تەرجىمە قىلغان («قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىبادەتخانا ئىقتىسادىغا ئائىت ھۆججەت» ، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» نىڭ 1992 ـ يىل 1 ـ سانىغا بېسىلغان ) ؛ مېنىڭچە titsu نىڭ بۇ ھۆججەتتىكى تەرجىمىسى « 梯己 » دېگەنلىك بولىدۇ . « 梯己 » نىڭ موڭغۇل تىلىدىكى مۇقىم شەكلى emchu . « 梯己 » ئۆزى ، ئۆز بەدىنى دېگەنلىكتۇر ؛ سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا ئۆتكەن جىڭ سىشاۋنىڭ «قەلب تارىخى 心史 »دا «يۈەن سۇلالىسى كىشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ نەرسىلىرىنى 梯己物 دەپ ئاتىغان» دېيىلگەن . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ياڭ يۈ «تاغدىكى يېڭى پاراڭلار» دا «بەدەن ، ھازىر 梯己 دېيىلىدۇ» دېگەن ، « 梯己 » سۆزى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆججەتلەردە دائىم كۆرۈلىدۇ . ئەينى يىللاردا خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشقان ھۆججەت توپلىمى « 事文类 礼金钱 » (تەيدىڭ يىللىرىدىكى نۇسخا ) غا كىرگۈزۈلگەن «يەر سېتىش توختامىنىڭ شەكلى» مۇشۇنداق (بۇ كىتابنى ياپونىيە كلاسسىك تەتقىقات جەمئىيىتى باسقان : «يەر سېتىش توختامىنىڭ شەكلى» 21 ـ جىلد «ئاممۇۋى ، خۇسۇسىي زۆرۈر توختام شەكىللىرى» گە قاراڭ ) . شى يىكۈي «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەر توختاملىرى» ناملىق ماقالىسىدە ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى فۇجيەن ئۆلكىسى چۈەنجۇ ۋىلايىتىنىڭ يەر ھۆججىتىنى تونۇشتۇرغان .

ئــــبادەتخانىنىڭ يەرلىرى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن بولغاچقا ، ئادەتتە بىجىنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىيىن بەھرىمەن بولاتتى . شۇڭلاشقا يەرلەر دىنىي كۈچلەرنىڭ كۈچلۈك ئىقتىسادىي تۈۋرۈكى بولۇپ قالغان .

## § 2 . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەر توختامى ھەققىدە تەتقىقات

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەر توختامى بىر خىل يەر ئېلىپ – سېتىش ھۆججىتى بولۇپ ، بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ساقلانغانلىرى ئىنتايىن ئاز ، بىراق قىممەتلىك يېرى شۇكى ، بۇ يەر توختاملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۇيغۇرلار ئۆز يېزىقى بىلەن خاتىرىلەپ قالدۇرغان بولۇپ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى . بۇ ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ، بىز ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەر ئېلىپ – سېتىش جەريانى ۋە يەر ئېلىپ – سېتىشنىڭ سەۋەبى جەھەتلەردىكى ئىنچىكە مەسىلىلەر بىلەن تونۇشالايمىز ۋە بۇ مەسىلىلەرنى چۈشىنەلەيمىز . ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەرلەرگە ئاساسلىقى ئۈزۈم ، پاختا قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىلغاچقا ، بەزى يەر ئېلىپ – سېتىش توختاملىرىدىمۇ ئۈزۈملۈكلەرنى ئېلىپ – سېتىش توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، بۇ ھەقتىمۇ مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز .

بايان قىلىشقا قۇلايلىق بولۇش ئۈچۈن ، بىز ئاۋۋال نەقىل كەلتۈرۈلگەن بارلىق يەر توختاملىرى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى .



### يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەر توختامى قىسقىچە جەدۋىلى

| يەر سېتىش سەۋەبى | يەرنىڭ باھاسى | مو سانى | سېتىۋالغۇچىنىڭ ئىسىم – فامىلىسى | ساتقۇچىنىڭ ئىسىم – فامىلىسى | يەر ئورنى | ۋاقتى | ھۆججەتنىڭ جەدۋەلدىكى رەت نومۇرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوبىروت قىلىنىدىغان كۈمۈشكە ئېھتىياجلىق | 15 ياستۇق كۈمۈش | ئۈزۈملۈك | بىلسا توغرىل | ئۆزمىش توغرىل | نامەلۇم | چاشقان يىلى 3 – ئاينىڭ 6 – كۈنى | 17 |
| ئوبىروت قىلىنىدىغان بۆزگە ئېھتىياجلىق | 102 پارچە بۆز | ئالتە ئادىم تېرىيدىغان ئۈزۈملۈك | سورتا | سادا | سۆگۈ دەرياسىنىڭ بويىدا | توخۇ يىلى 1 – ئاينىڭ 6 – كۈنى | 18 |
| ئوبىروت قىلىنىدىغان بۆزگە ئېھتىياجلىق | 70 پارچە ھۆكۈمەت مۆھۈرى بېسىلغان پۇل | نامەلۇم | ئەنچۈك | ئۆزمىش توغرىل ۋە تۆكەل | چۈكۈ دەرياسىنىڭ بويىدا | كالا يىلى 11 – ئاينىڭ 20 – كۈنى | 19 |
| ئوبىروت قىلىنىدىغان بۆزگە ئېھتىياجلىق | 23 پارچە بۆز | نامەلۇم | بىلسا توغرىل | ئۆزمىش توغرىل ۋە تۆكەل | تىگۈ دەرياسىنىڭ بويىدا | توشقان يىلى 11 – ئاينىڭ 7 – كۈنى | 20 |
| ئوبىروت قىلىنىدىغان ياستۇق پۇل | 20 ياستۇق جۈگنۈك يارمىقى | 7 كۈرە ئۇرۇق تېرىلىدىغان يەر | تۆرمىش | تورى تېمۇر | تۆپۈقنىڭ شەرقىدىكى چاڭگۈر جىلغىسى ئېغىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا | يولۋاس يىلى 4 – ئاينىڭ 20 – كۈنى | 21 |
| نامەلۇم | 600 ياستۇق پۇل | بىرنەچچە پارچە يەر | ئىچىبۇقا يالىق | تاردىش | قوچو | قوي يىلى 1 – ئاينىڭ 18 – كۈنى | 22 |
| ئوبىروت قىلىنىدىغان قانپۇغا ئېھتىياجلىق | 3250 پارچە قانپۇ | 7 شىڭ ئاشلىق تېرىلىدىغان يەر | قوتادمىش | يارىپ ياتا ئەدگۈ | دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىغا جايلاشقان | قوي يىلى 1 – ئاينىڭ 23 – كۈنى | 46 |
| ئوبىروت قىلىنىدىغان پۇلغا ئېھتىياجلىق | 325 پارچە قانپۇ | 3 دادىنلىك يەر | قۇتلۇق تاش | قارايان ئىگى يۇرت | قىزقىتارگى | قوي يىلى 1 – ئاينىڭ 1 – كۈنى | 47 |

ئــۇيــغۇرلار رايونىدا خۇسۇسىي يەر مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى بولغانمۇ – يوق ؟ بۇ بىز يەر ئېلىپ – سېتىش توختامىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ ئاۋۋال يولۇقىدىغان مەسىلە . بۇ خىل تۈزۈم جەزمەن

مەۋجۇت بولغان بولۇشى كېرەك . كۆپچىلىككە مەلۇمكى خۇسۇسىي يەر مۇلۇكچىلىكىنىڭ تىكلىنىشى يەرنى ئەركىن ئېلىپ - سېتىشنى بەلگە قىلىدۇ . «پۇتۇنلەي ئەركىن يەر ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى قىلچىمۇ توسالغۇسىز ۋە قىلچىمۇ چەكلىمىسىز ھالدا يەر ئىگىلەش مۇمكىنچىلىكىدىن دېرەك بېرىپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە ئۆتۈنۈپ بېرىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارلىقىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ . »① بۇ «يەر ئىگىلىرى يەرنى خۇددى تاۋار ئىگىلىرى ئۆزىنىڭ تاۋارلىرىنى بىر تەرەپ قىلغانغا ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىدۇ »② دېگەندىن ئىبارەت . مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا ، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردا يەر ئېلىپ - سېتىش توختامىنىڭ پەيدا بولۇشى مەزكۇر رايوندا خۇسۇسىي يەر مۇلۇكچىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسى ئىدى . كۆپلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەر توختامى ئەينى ۋاقىتتا خەلق ئارىسىدىكى خۇسۇسىي يەرلەرنى ئېلىپ - سېتىشقا ، گۆرۈگە قويۇشقا ، ھەتتا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ، بۇ ئەمەلىيەتتە ، يەر ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ مەڭگۈلۈك يۆتكىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ .

## 1 . يەر سېتىش سەۋەبلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ يەر توختامىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇندىن قارىغاندا ، يەر سېتىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك سەۋەبى بار :

1 ) تۇرمۇش ناھايىتى جاپالىق بولۇپ ، قىيىنچىلىق دەستىدىن يەرنى ساتقان . مۇشۇ كىتابتا بېرىلگەن قىسقىچە

① «ماركس - ئېنگلس تاللانما ئەسەرلىرى» ، 4 - جىلد ، خەلق نەشرىياتى 1992 - يىل نەشرى ، 163 - بەت .
② «كاپىتال» ، 3 - توم ، خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى ، 196 - بەت .



جەدۋەلدىكى 50 - نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەت يەرنى گۆرۈگە قويۇش توختامى بولۇپ ، بۇنىڭدا يەر ئىگىسى «تاشىق ( ta s Iq) قەرزىنىڭ كۆپلۈكى ، كۇنسىرى ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ، 3 ئادەم تېرىيدىغان يەرنى توغرىلىغا سېتىپ بەردى »① دەپ ئېنىق خاتىرىلىگەن .

تاشىققا ئوخشاش ، يەرنى گۆرۈگە قويغۇچىلار ياكى ساتقۇچىلار ئادەتتە ئازغىنە يېرى بار ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار بولۇپ ، ئۇلار ئاساسىي تۇرمۇشىنى قامداشقا ئامالسىز قېلىپ ، يەرلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان .

2 ) «ئوبوروت قىلىنىدىغان كۇمۇش پۇل» كەم بولغاچقا ياكى «ئوبوروت قىلىنىدىغان بۆزگە ئېھتىياجلىق» بولغاچقا ، ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان يەرلىرىنى ياكى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇملۇك يەرلىرىنى سېتىپ پۇلغا ئالماشتۇرغان . مۇشۇ تۈردىكى يەر ھۆججەتلىرى بىر قەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ . نېمىشقا مۇشۇنداق ھادىسە يۈز بېرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ . ھەممىگە مەلۇمكى ، ئۇيغۇرلار تارىختا سودىغا ماھىرلىقى بىلەن نام چىقارغان مىللەت . ئۇلار سودىگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن ، يەرلىرىنى سېتىپ سودا كاپىتالىغا ئىگە بولغان ياكى يەر سودىسى كۆلىمىنى كېڭەيتكەن ، بۇنى بېيىشنىڭ بىر خىل يولى دېيىشكە بولىدۇ . بىزنىڭ بۇ يەكۇنىمىزنى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلىرىمۇ دەلىللىدى . يەر توختامى جەدۋىلىدىكى 17 - ، 19 - ، 20 - نومۇرلۇق ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى «يەر ئېلىپ - سېتىش توختامى» ، ئىنتايىن قىزىقارلىقى شۇكى ، بۇ ئۈچ پارچە يەر توختامىدا يەر ساتقۇچى ئىككى كىشى ئۇزمىش توغرىل ۋە تۇكەل ئىككى پارچە توختامدىكى سېتىۋالغۇچى باسا توغرىل ، يەر سېتىش سەۋەبى شۇكى ، ئۇلار ئاساسلىقى ئوبوروت

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 32 - ۋەسىقە ، 48 - ، 49 - بەتلەر .

قىلىنىدىغان بۆز ۋە كۆمۈشكە ئېھتىياجلىق بولغان. ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ يەر ئېلىپ - سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى مەقسىتى نېمە؟ ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 85 - نومۇرلۇق تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتتە ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇ ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «توڭگۇز يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، مەن ئۆزمىش توغرىل ئىنىم باسا توغرىل بىلەن ئورتاق بىر سودا قىلدۇق. قىتاي، يالۋاچ، تۇرمىشنىڭ ئالدىدا پۇتتۇشتۇق. ئارىمىزدىكى مال - مۈلۈك ۋە قەرز ئىشلىرىمىز پۇتۇنلەي پاكىز ھېسابلىنىپ بولدى. مەن ئۆزمىش توغرىل ئۆكتەملىك قىلىپ باسا توغرىل بىلەن جېدەل - ماجىرا تۇغدۇرسام، قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىغايمەن.»[1] بۇ ئۆزمىش توغرىل بىلەن باسا توغرىلنىڭ يەر ئېلىپ - سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى مەقسىتى سودا ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، قېرىنداشلار ئارىسىدىكى قەرز مۇناسىۋىتى ئېنىق ئايرىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 2. يەر توختامىنىڭ يېزىلىش شەكلى ۋە يەر ئېلىپ - سېتىش جەريانى

مۇلاھىزە قىلىشقا پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن، بىز ئاۋۋال يەر توختامى جەدۋىلىدىكى 19 - نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسى بىلەن تونۇشىمىز.

«كالا يىلى ئون بىرىنچى ئاينىڭ يىگىرمىنچى كۈنى، بىزگە (يەنى) ئۆزمىش توغرىل (ۋە) تۆكەل (ئىككىمىز) گە ئىشلىتىش ئۈچۈن بۆز كېرەك بولۇپ، چۆكۈ (ئۆستەڭ يېنىدىكى) يېرىمىزنى ئەنچۈك ئاكىغا مۇۋاپىق - لايىقىدا

[1] رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 111 - ۋەسىقە، 249 - بەت.



ساتتۇق. باھاسى...... بۆزنى (مۇنداق پۈتۈشتۇق): (يەنى) لۈكچۈننىڭ بازىرىدا ئۆتىدىغان، ئىمزالىق (ۋە) تامغىلىق يۈز يەتمىش توپ قېلىن بۆزگە توختاتتۇق. بۇ يۈز يەتمىش توپ قېلىن بۆزنى ھۆججەت يېزىلغان كۈنى مەن ئەنچۈك ساق بەردىم. بىز ئۆزمىش (ۋە) تۆكەل بىرى كەم ئەمەس ساق ئالدۇق. بۈگۈندىن باشلاپ بۇ يەر مىڭ كۈن تۈمەن يىلغا قەدەر ئەنچۈك ئاكىنىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن، خالىسا ئۆزى تۇتسۇن؛ خالىمىسا، باشقا كىشىگە ئۆتكۈزۈپ ساتسۇن. بىز ئىككىيلەننىڭ ئاكىمىز، ئىنىمىز، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز، يەنە باشقا ھەرقانداق كىشى دەتالاش قىلمىسۇن. (يەرنى) سورىمىسۇن، تەلەپ قىلمىسۇن. (سورىسا،) تەلەپ قىلسا، سۆزلىرى ئاقمىسۇن. ئەگەر ھوقۇقدار (بەگ ئەمەلدارلارنىڭ) كۈچىگە تايىنىپ (يەرنى) قايتۇرۇپ سېتىۋالاي دېسە، مۇشۇ ئۆستەڭ بويىدىن بۇ يەردەك ئىككى (پارچە) يەر تەييارلاپ بېرىپ (ئاندىن) قايتۇرۇپ سېتىۋالسۇن، (يەرنى) قايتۇرۇپ سېتىۋالغۇچى كىشى زىيان تارتسۇن، ئەنچۈك ئاكا زىيان تارتمىسۇن. بۇ يەرنىڭ پاسىلىنى شەرق تەرەپتىن بەكى، باچاقلارنىڭ ئۆستىڭى، جەنۇب تەرەپتىن تۇرمۇش تۇتۇڭنىڭ يېرى، غەرب تەرەپتىن يول، شىمال تەرەپتىن بەكى (ۋە) باچاقنىڭ يەرلىرى ئايرىيدۇ. بەكى (ۋە) باچاقلارنىڭ ھارۋا يولى بۇ يەرنىڭ ئايىغىدىكى ئېتىزنىڭ ئىچىدىدۇر. بۇ يەرنىڭ ھېچقانداق باج - سېلىقى يوق. گۇۋاھچى تارلىق تۇتۇڭ، گۇۋاھچى تۈزۈك، گۇۋاھچى تۆمۈرچى ئىلچۈك، بۇ تامغا بىز ئۆزمىش (ۋە) تۆكەل ئىككىيلەننىڭدۇر. مەن چىكۈي تۇڭ سوراپ يازدىم. (بۇ) چۆكۈ (ئۆستەڭ يېنىدىكى) يەرنىڭ خېتىدۇر.»[1] بۇ ھۆججەت ئۇيغۇرلارنىڭ يەر توختامىنىڭ شەكلىنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشىمىزنى مۇھىم پايدىلىنىش

[1] رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 107 - ۋەسىقە، 203 - ، 202 - بەتلەر.

ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ .

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەر توختامىنىڭ يېزىلىش شەكلى ئىچكىرى رايونلارنىڭكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش . توختامنىڭ بېشىدىلا ، توختاملاشقان ۋاقىت (12 مۆچەل يىلنامىسىنى ئىشلەتكەن ) ساتقۇچىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ، يەر سېتىش سەۋەبى ، يەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق يېزىلغان ھەم ساتقۇچىنىڭ رازىلىقى بىلەن ساتقانلىقى يېزىلغان ، ئارقىدىنلا يەرنىڭ نەرخى ، سېتىلغان ئورنى ۋە چېگرا پاسىلى ، سېتىۋالغۇچىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ئېنىق يېزىلغان . ھەم قارشى تەرەپكە مەسئۇل بولىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن . بەزىلىرىدە ھەتتا ساتقۇچى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ دەتالاش قىلماسلىقى ، ئەگەر دەتالاش قىلسا جازالىنىشقا رازى ئىكەنلىكى ياكى يەرنى ئىككى ھەسسە باھاسى بويىچە سېتىۋالىدىغانلىقى يېزىلغان . ئەڭ ئاخىرىدا توختاملاشقۇچىلار ، شاھىدلار ئىمزا قويۇپ ، قول باسقان . بۇ خىل يېزىلىش شەكلى بىلەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىچكىرى رايونلاردىكى يەر توختامىنىڭ يېزىلىش شەكلىنىڭ پەرقى ئانچە چوڭ ئەمەس .

يەرنى ئېلىپ ـ سېتىش جەريانىدا ، سېتىۋالغۇچى تەرەپ مەلۇم مىقداردىكى ئالدىن بېكىتىش پۇلىنى تۆلەيدۇ . قېپقالغان قىسمىنى كېيىن تۆلەيدۇ . ئەگەر سېتىۋالغۇچى تەرەپ ئالدىن بېكىتىلگەن قەرەلدە پۇلنى تاپشۇرۇپ بولالمىسا ، ساتقۇچى تەرەپ يەرنى قايتۇرۇۋالسا بولىدۇ . ئىمزا قويۇپ قول باسقاندا ، دائىم «گۇۋاھچىلار» نى ۋاستىچى قىلىدۇ . تۆۋەندىكى بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە توختامدا بۇخىل ئەھۋال ئەكس ئەتتۈرۈلگەن : «قوي يىلى بىرىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى ، بىز ئىنچ بۇقا ، ئارۇغ ئىككىيلەن تەرىبش ئاپام··· ئەرگەن (دېگەن يەردە ) ھۆججەت بەرگەن ئىدۇق . قوچودىكى تايساڭ ئۇزۇملۇكى (ۋە )



بالىق (شەھەر ) ئۇزۇملۇكىنىڭ سىرتىدىكى نەچچە بۆلەك يەرنىڭ باھاسى (بولغان ) ئالتە يۈز ياستۇق چاۋ (پۇل ) ئىچىدىن يۈز ياستۇق بېرىپ ، قالغان بەش يۈز ياستۇق چاۋ (پۇل ) قېپقالدى . بۇ چاۋ (پۇل ) نى ئوغۇل تىگىن يەڭگىمىزگە ياز (ياكى ) كۈزدە كىم كەلسە ، (شۇنىڭدىن ) يەتكۈزۈپ بېرىمىز . يەتكۈزۈپ بېرەلمىسەك ، بۇ ھۆججەتنى كىم ئېلىپ كەلسە ، ھېچقانداق باھانە ـ سەۋەب كۆرسەتمەستىن تولۇق بېرىمىز . بۇ ھۆججەتتىكى چاۋ (پۇلنى ) نى بەرگۈچە بىز ئىنچ بۇقا (ۋە ) ئارۇغ يا ئۇنداق يا مۇنداق بولۇپ قالساق ، (بۇ ئۇزۇملۇكنى ) ئالغۇچى ، ئورتاق قەرزدار (ۋە ) كېپىل بولغۇچى ، (يەنى ) مەن ئىنچ بۇقىنىڭ ئىنىسى ئەسەن ، مەن ئارۇغنىڭ ئوغلى قارا تۇغما ئىككىيلەن بۇ ھۆججەتتىكى چاۋ (پۇل )نى ھۆججەتتىكى بويىچە ، ھېچقانداق سەۋەب كۆرسەتمەستىن ، دەتالاش قىلماستىن تولۇق بېرىمىز » .

ئۇيغۇرلارنىڭ يەر ئېلىپ ـ سېتىش جەريانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن ئازراق پەرقى بار . يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەرلەرنى ئېلىپ ـ سېتىش ، گۆرۈگە قويۇشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ پەرمان چىقارغان . ئۇنىڭ ئىچىدە يۈەن شىزۇنىڭ جىيۈەن 6 ـ يىلى (1269 ـ يىل ) جاكارلانغان پەرمان ئەڭ بۇرۇن ئېلان قىلىنغان پەرماندۇر ، كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قاتار ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشلار ئېلىپ بېرىلغان . بۇ پەرماندا ئاساسلىق يەر ئېلىپ ـ سېتىش جەريانىدىكى ئاساسىي پرىنسىپ ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار سۆزلەنگەن . بۇنىڭدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەر ئېلىپ ـ سېتىش جەريانىنىڭ چوڭ جەھەتتىن ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . (1 ) مەلۇم قىلىپ ئىسپات ئېلىش ؛ (2 ) ھېساب تۈرغۇزۇپ تەستىقتىن ئۆتكۈزۈش يەنى يەر ساتقۇچى ئاۋۋال يېقىن

قولۇم — قوشنىلىرىدىن سېتىۋېلىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سوراش كېرەك ؛ (3) توختاملىشىپ باج تاپشۇرۇش . بۇ ئۈچ خىل سېتىش باسقۇچى ئۇيغۇرلار رايونىدا ئانچە تولۇق ئەكس ئەتمىگەن . تۈرلۈك ئىزنالار ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەر ئېلىپ - سېتىش پائالىيىتى ئاساسىي قاتلام تەشكىللىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 72 - نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتتە ئۇزۇمزارلىقنى ئېلىپ - سېتىشتا ئائىت مەلۇمات ساقلانغان . ئەلى تېمۇر توغرىلغا ئۆزىنىڭ ئۇزۇملۇكىنى يېزا جامائەسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئىنال خوجىغا سېتىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتقان .① بۇ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يېزا جامائەسى تەشكىلاتلىرىنىڭ يەر ئېلىپ - سېتىش ۋە ئىجارىگە بېرىش ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇ . يەنە بەزى ھۆججەتلەردە يەرنى ياكى ئۇزۇملۇكنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ساتقانلىقى ئېنىق خاتىرىلەنگەن . بۇ بەلكىم «ھېساب تۇرغۇزۇپ ، تەستىقتىن ئۆتكۈزۈش» تەرتىپىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئاجىز ئىنكاسى بولسا كېرەك . بىراق مۇبادا بىز بۇ خىل يەرنى تۇغقانلىرىغا سېتىشتەك ئايرىم ئەھۋاللارنى يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەر سېتىش تۈزۈمىدىكى «تۇغقانلىرى ، قوشنىلىرىدىن پىكىر ئېلىش» تەرتىپىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يۈرگۈزۈلگەنلىكىنىڭ ئاساسى دەپ قارىساق ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يەرنى تۇغقانلىرىغا سېتىپ بەرمىگەنلىكىدىن ئىبارەت ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسىنى قانداق چۈشىنىمىز ؟ مېنىڭ قارىشىمچە ، ئۇيغۇرلار ئاساسەن بىر رايوندا ئولتۇراقلاشقان ، تۇغقان ، قوشنا ئەمەسلىرى يوق ، سىرتتىن كەلگەن ئاھالىلەر بۇ يەردە پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ ، يەر - زېمىن سېتىۋېلىشتىن ئېغىز ئېچىش

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 24 - ۋەسىقە ، 33 - ، 34 - بەتلەر .



تېخىمۇ قىيىن ، شۇڭلاشقا «تۇغقانلار ، قوشنىلاردىن پىكىر ئېلىش» رەسمىيىتىنى ئۆتەش قىيىن . قىسقىچە جەدۋەلدىكى 19 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ 21 - قۇرىدا ئېنىق قىلىپ «بۇ يەرگە بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق باج تاپشۇرۇلمايدۇ» دەپ يېزىلغان .① بۇنىڭدىن «توختاملىشىپ ، باج تاپشۇرۇش» رەسمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا كۈچلۈك ھاياتى كۈچىنى نامايان قىلالمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى سۇلالىلەردە ئېلىپ - سېتىلغان يەرلەرگە قارىتا ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇرۇش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ ، مەخپىي ئېلىپ - سېتىشقاچقا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەخسىي مەنپەئەتىنى دەپ ھەرخىل يامان ۋاستىلەرنى قوللانغاچقا چەكلىگىلى بولمىغان ، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا بۇنداق بولماسلىقى مۇمكىنمۇ ؟

بۇ يەردە يەنە تەكىتلەپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى ، ئۇيغۇرلارنىڭ يەر توختامىدا يەر ئېلىپ - سېتىش توختامىدىن باشقا يەنە ئاز مىقداردا يەر گۆرۈگە قويۇش توختامىمۇ بار . ئىككىسىنىڭ مۇئەييەن پەرقى بار . يەر ساتقۇچى ئاساسلىقى يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلەي يۆتكىلىشىنى تەكىتلىسە ، يەر گۆرۈگە قويغۇچى ئەسلىدىكى يەر ئىگىسى مۇئەييەن ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ ۋە تۆلەش ۋاستىسىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن يەرنى قايتۇرۇۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن . بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئۇيغۇرلار رايونىدا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان .

ئۇنداقتا ، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەر سېتىش توختامى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ؟ تۆۋەندىكى يەر توختامى جەدۋىلىدە بېرىلگەن ئىككى پارچە ھۆججەتنىكى خاتىرىلەرنى كۆرۈپ باقايلى !

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 107 - ۋەسىقە ، 202 - ، 203 - بەتلەر .

17 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت (11 ـ قۇردىن 14 ـ قۇرغىچە) : «بۇ پاسىل ئىچىدىكى ئۈزۈملۈك مەڭگۈ باسا توغرىلىنىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن، خالىسا ئۆزى تۇتسۇن، خالىمىسا، باشقا كىشىگە ساتسۇن.»[1]

46 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت (9 ـ قۇردىن 11 ـ قۇرغىچە) : «ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرلەر مەڭگۈ قۇتادمىشنىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن، خالىسا ئۆزى تۇتسۇن، خالىمىسا، باشقىلارغا ساتسۇن، ئەگەر قايتۇرۇۋالماقچى بولسا، چوقۇم دەريا بويىدىكى يەرنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر يەر بېرىپ قايتۇرۇۋالسۇن.»[2]

يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى ئۈچ جەھەتتىكى مەسىلىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ : (1) يەر باشقىلارغا مەڭگۈلۈك سېتىپ بېرىلىدۇ، يەنى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى پۈتۈنلەي يۆتكىلىدۇ، بۇ سېتىش توختامىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت؛ (2) يەرنى داۋاملىق ئۆتكۈزۈپ ساتقىلى بولىدۇ؛ (3) ئەگەر يەرنى قايتۇرۇۋالماقچى بولسا، ئەسلىدىكى يەر ياكى ئۈزۈملۈك باھاسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر باھا بىلەن قايتۇرۇۋالسا بولىدۇ.

بۇنىڭدىن، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەر توختامىنىڭ ئوتتۇرا تۈزۈلەڭلىكتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ «ئۆلۈك توختام» (يەر سېتىۋالغان توختام ئۆلۈك توختام دېيىلىدۇ)مۇ، «ئىجارىدىكى توختام» (مەلۇم مۇددەت ئىچىدە قايتىدىن ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋالىدىغان توختام) مۇ ئەمەس، بەلكى «ئۆلۈك» بىلەن «ئىجرا» ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن يەر

[1] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 109 ـ ۋەسىقە، 206 ـ، 205 ـ بەتلەر.
[2] يۈەن دىڭ : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىن تاللانما (1) نىڭ داۋامى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990 ـ يىل 2 ـ سانى، 56 ـ، 59 ـ بەتلەر.



توختامىدۇر.

### 3. يەر ئېلىپ ـ سېتىشتىكى تۆلەش ۋاستىلىرى ۋە يەر باھاسى

يۇقىرىدىكى يەر توختامى جەدۋىلىدىن ئۇيغۇرلار رايونىدا يەر ئېلىپ ـ سېتىشتىكى تۆلەش ۋاستىلىرىنىڭ چوڭ جەھەتتىن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. (1) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھەرقايسى جايلاردا ئوبوروت قىلىنىدىغان ياستۇق پۇل؛ (2) پۇل سۈپىتىدە ئوبوروت ۋاستىسى قىلىنغان بۆز ياكى قانپۇ؛ (3) جايلاردا ئوبوروت قىلىنىدىغان كۈمۈش. قەغەز پۇل ۋە بۆزنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ئىقتىسادىي تۇرمۇش دېگەن پاراگرافتا مۇھاكىمە قىلىمىز. تۆۋەندە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەر باھاسى مەسىلىسىنى تەھلىل قىلىمىز.

يەر توختامى جەدۋىلىدىكى 21 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «توغرىل تېمۇر 20 ياستۇق جۇڭتۇڭ يارمىقىغا 7 كۈرە ئۇرۇق تېرىغىلى بولىدىغان يەرنى سېتىۋالدى[1]». يەر توختامى جەدۋەلدىكى 92 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «ئادىل تارخان مۆھۈر بېسىلغان 100 قانپۇ سېتىش باھاسى بويىچە، بىر شىڭ يەرنى ئالىپ تاشقا مۇۋاپىق ھالدا سېتىپ بەردى»[2]. 91 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن «سودو (索都) دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر پارچە يەرنىڭ باھاسى 30 توپ يىرىك بۆزگە توختىدى»[3]. ئۇيغۇرلار

[1] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 15 ـ ۋەسىقە، 17 ـ، 20 ـ بەتلەر.
[2] Hamilton :" Un acɣe Ou Ïgour de vente de terrain provenanɣ de yar — khoto", . Turcica. 9691. pp. 26~52
[3] يۈەن دىڭ : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ھەققىدە تەتقىقات»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 ـ يىللىق 2 ـ سانى، 39 ـ، 42 ـ بەتلەر.

رايوندا كۆپىنچە «شىڭ» ( « siq » ) ، «كۇرە» ( «k uri» ) ، «شىڭ» ( « sing » ) قاتارلىقلار يېر مو سانىنى ھېسابلاش بىرلىكى قىلىنغان . ئالايلۇق بىر شىڭ ئۇرۇق تېرىغىلى بولىدىغان يەرنى «بىر شىڭ يەر» دەپ ئاتىغان[①] . بىر كۇرە ئۇرۇق تېرىغىلى بولىدىغان يەرنى «بىر كۇرى يەر» دەپ ئاتىغان . ئەگەر 7 كۇرە يەرنىڭ سېتىلىش باھاسىنى 20 ياستۇق جۇڭتۇڭ يارمىقىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا ، ھەر كۇرە (ئىككى مو ) يەر 2.8 ياستۇق جۇڭتۇڭ يارمىقىغا سېتىلغان . بۇ كىتابتا بېرىلگەن يەر توختامى جەدۋىلىدىكى 46 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە يەتتە شىڭ ئاشلىق تېرىغىلى بولىدىغان يەرنى 3250 توپ قامدۇ (قانپۇ ) غا سانتقان . ھەر شىڭ يەرنىڭ سېتىلىش باھاسى 464.28 توپ قامدۇ (قانپۇ ) بولغان . بۇ يەر توختامى جەدۋىلىدىكى 92 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە خاتىرىلەنگەن يەر باھاسىدىن تۆت ھەسسە يۇقىرى . يەر باھاسىدىكى پەرقىنىڭ بۇنداق چوڭ بولۇشىنىڭ جەزمەن باشقا سەۋەبلىرى بار . ماتېرىيال كەمچىل بولغاچقا ، نۆۋەتتە بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھلىل يۈرگۈزەلمەيمىز .

## 4 . يەر توختامىنىڭ تۈزۈملىششى ۋەيەر ئېلىپ - سېتىشنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى

توختام كىشىلەر ئالاقە جەريانىدا پۈتۈشكەن ئىشەنچلىك ھۆججەت ، ئۇنى كىشىلەر ئارا ئالماشتۇرۇش جەريانىدىكى خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلار ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت دېيىشكىمۇ بولىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى ئىندىۋىدىئاللاشتۇرغىلى ھەم يازما شەكىل ئارقىلىق

① «شىڭ» تۈرك تىلىدا « siq » دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خەت خەنزۇ تىلىدىكى «شىڭ» دىن كەلگەن بولۇپ ، بىر خىل ھەجىم بىرلىكى ، بەزى ۋاقىتلاردا كۆلەم بىرلىكى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ . ھازىر شىنجاڭنىڭ مىچۈەن ناھىيىسىدە «شىڭ» ، «كۇرە» قاتارلىقلارنى يەرنىڭ كۆلىمىنى بىلدۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغانلار بار ، «بىر كۇرە يەر» «ئىككى موغا» تەڭ ، مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا بىر شىڭ يەر 20 موغا تەڭ بولۇشى كېرەك .



مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ . بۇ خىل يازما «توختام» ئەڭ ئاخىرىدا قانۇنىي شەكىل ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئەرز قىلىشنىڭ ئاساسىي ھەم مەلۇم دەۋردىكى خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەر توختاملىرى مۇشۇنداق قانۇنىي خاراكتېرگە ئىگە بولغان . ئاۋۋال يەر سېتىۋالغان ۋە ساتقان ئىككى تەرەپنىڭ شاھىدى يەر باھاسىنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن ، كېلىشىم ھاسىل قىلىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز تۇرانە يەر پۇلىنى تۆلەيدۇ ، ئەڭ ئاخىرىدا سېتىۋالغۇچى ۋە ساتقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ گۇۋاھچىلىرى ئىمزا قويۇپ ، قول باسىدۇ ، ئاخىرىدا توختامغا خىلاپلىق قىلىش جەرىمانىسىنىڭ سوممىسى بېكىتىلىدۇ . بۇ ئىدىقۇت يەرلىك ھاكىمىيىتىنىڭ يەر ئېلىپ - سېتىشنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە يەر ئېلىپ - سېتىشنىڭ تەدرىجىي تۈزۈملىششكە يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ .

يەرنى سېتىش ، گۆرگە قويۇش يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ يۆتكىلىشىدۇر . ئادەتتە ، بۇ يۆتكىلىش ئاساسلىقى زومىگەرلەر ۋە بايلارنىڭ يەرلەرنى قوشۇۋېلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ . بۇ نۇقتا قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن . يەر توختامى قىسقىچە جەدۋىلىدىكى 17 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە «ئۈزمىش توغرىل ئۇبوروت قىلىنىدىغان كۆمۈشكە ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن ، ئۈزۈملۈكنى باسا توغرىلغا قانۇنلۇق ھالدا سېتىپ بەردى . سېتىلغان بۇ ئۈزۈملۈكنىڭ شەرقىي تەرىپى باسا توغرىلنىڭ ئۈزۈملۈكى بىلەن تۇتىشىدۇ» دېيىلگەن . بۇ ئەھۋال باسا توغرىلنىڭ ئۈزۈملۈكى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ ، ئەمما ئۇ يەنە نېمىشقا داۋاملىق يەر سېتىۋالىدۇ . بۇ شەك - شۈبھىسىزكى ئەينى ۋاقىتتا يەر قوشۇۋېلىش

دولقۇنىنىڭ ناھايىتى ئەۋج ئالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. باسا توغرىلىغا ئوخشاش چوڭ يەر ئىگىلىرى چەكلىمىسىز ھالدا داۋاملىق يەر سېتىۋالالايدۇ، ئەگەر مۇشۇ ھالەت بويىچە تەرەققىي قىلسا، يەرلەر تەبىئىي ھالدا ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلىشىدۇ. ئەلۋەتتە يەر ساتقۇچىلار ئىچىدىمۇ ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار ياكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەت تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغان ئوتتۇرا ـ كىچىك پومېشچىكلارمۇ ئاز ئەمەس، شۇڭلاشقا يەر سېتىشنىڭ ئەۋج ئېلىشى ئەمەلىيەتتە يەر قوشۇۋېلىشنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر ئەۋلاد موڭغۇل ھۆكۈمرانلار بىر مۇنچە سىياسەت پەرمانلارنى جاكارلاپ يەر ئېلىپ ـ سېتىش ۋە ئىجارىگە بېرىشنى باشقۇرۇشنى ھەرقايسى ھالقىلاردىن كۈچەيتكەن. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەر سودىسى ناھايىتى ئەركىن بولغان، سېتىۋالغۇچى ۋە ساتقۇچى ئىككى تەرەپ كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ۋاستىچى كاپالەت بەرسىلا سودىدا پۈتۈشكەن، بۇ خىل ئەھۋال تەبىئىيكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەر قوشۇۋېلىشنى يەنىمۇ تېزلەتكەن. يەر قوشۇۋېلىش ھادىسىسىنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ پومېشچىكلار سىنىپى دائىم ئۆزگىرىشچان ھالەتتە تۇرىدىغان بولغان، بەزى پومېشچىكلار ئۆزلىرى قوشۇۋېلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان، ئوتتۇرا، كىچىك پومېشچىكلارنىڭ چوڭ پومېشچىكقا ئايلىنىشى، باي دېھقانلارنىڭ پومېشچىكقا ئايلىنىش ھادىسىلىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى. مەسىلەن، بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يەر ئېلىپ ـ سېتىش ھۆججىتىدە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «يولۋاس يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، مەن تۆلەك تەمۇر پۇلغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغانلىقتىن بەش يەردىكى ئېتىزىمنى 20 ياستۇق جۇڭتۇڭ باۋ چاۋ نەرخىدە تاشقىقا سېتىپ



بەردىم؛ توختامدا ئېنىق يېزىلدى، پۇلنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يەردىن خالىغانچە پايدىلانسۇن»①. يەر سېتىۋالغۇچى تاشقىنىڭ ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەش يەردىكى ئېتىزنى تېرىپ كېتىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى تۆۋەن، روشەنكى ئۇ بۇ يەرنى ئىجارىگە بېرىدۇ ياكى باشقىلارغا سېتىپ بېرىدۇ. تاشقىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بەش يەردىكى ئېتىزنى سېتىۋېلىشىدىن قارىغاندا، ئۇ ئەسلىدىنلا پومېشچىك ياكى سودىگەر، يېرى قوشۇۋېلىنغان تۆلەك تەمۇر ئېھتىمال ۋەيران بولغان پومېشچىك بولسا كېرەك.

## 5. يەر توختاملىرىدىكى «ئىنجۇ» مەسىلىسى

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ۋەسىقىلىرىدىكى «ئىنجۇ» مەسىلىسى توغرىسىدا ياۋ دالى ئەپەندى مەخسۇس ماقالە يېزىپ ئىزدەنگەن.② ماقالە قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بىز بۇ مەسىلىنى ياۋ دالىنىڭ ماقالىسى ئاساسىدا بايان قىلىمىز.

«ئىنجۇ» (因朱) قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىكى in Ču نىڭ بۇرۇنقى تەرجىمىسى. ئۇ ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، يەنە ئىلخانلار خاندانلىقى تېررىتورىيىسى، يەنى ھازىرقى ئەزەربەيجان ۋە ئىران رايونىدىمۇ مەۋجۇت بولغان. پارس تارىخشۇناسى راشىدىدىن ۋە ۋاسساف ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «جامىئۇل تەۋارىخ» ۋە «يەرلەرنى بۆلۈشۈش ۋە ئەسىرلىك كۆچۈش» دېگەن ئەسەرلىرىدە يۇقىرىدا

① رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 15 ـ ۋەسىقە، 20 ـ بەت.
② ياۋ دالى: «موڭغۇل ـ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ۋەسىقىلىرىدىكى ‹ئىنجۇ› مەسىلىسى»، «نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991 ـ يىللىق 2 ـ سان.

بايان قىلىنغان رايون دائىرىسىدىكى «ئىنجۇ»[1] غا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي پاكىتلارنى تەكرار تىلغا ئالغان . ماۋەرائۇننەھر رايونىدىمۇ ، ئوخشاشلا «ئىنجۇ»[2] يېرى مەۋجۇت بولغان . جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى «ئىنجۇ» مەسىلىسى توغرىسىدا كەڭ دائىرىلىك تەتقىقات ئېلىپ باردى . ياپونىيىلىك ئالىم مۇرانو شونى «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ ئىزاھلىق تەرجىمىسىدە : «inju » دېگەن بۇ سۆز ئېمچۇ (emchü ) سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇشى كېرەك . »[3] دەپ كۆرسەتكەن . گېرمانىيىلىك ئالىم دېفېرنىڭ مۇرانو شونىنىڭ ئىلمىي ماقالىسىدىن كېيىنرەك يېزىلغان «يېڭى پارس تىلىدىكى تۈرك ، موڭغۇل تىلى تەركىبلىرى» 2 - توم ۋە كلاۋسوننىڭ (Clauson ) «13 - ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈركىي تىللارنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى» گە ئاساسلانغاندا ، inju ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى باشقا تىلدىن كىرگەن سۆز بولۇش سۈپىتى بىلەن 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا imjuwa شەكلى بىلەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەردە كۆرۈلگەن بولۇپ ، «سەردار جەمەتىگە مەنسۇپ قوۋملار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . 10 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى خوتەن ساك

① «جامىئۇل تەۋارىخ» نىڭ كىرىش سۆز ۋە ھىلاكۇنىڭ تەرجىمىھالى قىسمىنىڭ پارسچە ئەسلىي تېكىستىنى ئەڭ بۇرۇن باسقان ھەم تەرجىمە ئىزاھاتى ئىشلىگەن كاتىمېل "incu" نىڭ مەنىسىگە دىققەت قىلغان ھەمدە enjon — inju — inju تەك ۋارىيانتلىرىنى ئېنىقلىغان ھەمدە بۇنىڭ بۈيۈك قاغان ۋە خانلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى ئىكەنلىكى ، ئەرەب تىلىدىكى «khass» قا تەڭداش ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن ، شۇنىڭدەك ، «ئىنجۇ» نى پارس تىلىغا موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن سۆز دەپ قارىغان . تەپسىلاتىنى كاتىمېلنىڭ ئىزاھلىق تەرجىمىسى «ئىراندىكى موڭغۇللارنىڭ تارىخى» ، پارىژ ، 1836 - يىل نەشرى ، 130 - ، 131 - بەتلەردىن كۆرۈڭ .

② بۇخارا شەيخى شافىد بۇ خارزى (1261 - يىلى قازا قىلغان ) نىڭ ۋارىسى يەھيا ( YAHYA ) 1261 - يىلى بىر ۋەخپە ھۆججىتىگە قول قويغان ، مەزكۇر ھۆججەتتە يەھيا بۇخارا شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى ئۆزىگە قاراشلىق قورغاندىكى ئېتىزلارنى ۋە مېۋىلىكلەرنى ۋەخپە مۈلكى قىلىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ كىرىمى بىلەن شافىدى قەبرىستانلىقى ۋە بۇ قەبرىستانلىقتىكى خانىقا (KHANIHA ) نى تەمىنلەيدىغانلىقىنى جاكارلىغان ، ھۆججەتتە يەرنىڭ ياسىلىشى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەندە بۇ يەر بىلەن قوشنا «ئىنجۇ» يەرلىرىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان . چېخاۋىچ : «14 - ئەسىردىكى بۇخارا ھۆججەتلىرى» تاشكەنت ، 1965 - يىل نەشرى ، 146 - ، 151 - بەتلەرگە قاراڭ .

③ مۇرانو شونىنىڭ قارىشىچە : «تۈرك تىلىدىكى CINCU , INJU موڭغۇل تىلىدىكى emculomci دىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، بۇنىڭ مەنىسى «ئۆزىگە تەۋە قىلغان» ، «ئەمرىگە ئالغان» دېگەنلىك بولىدۇ . «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ ئىزاھلىق تەرجىمىسى 1 - قىسىم 48 - بەت ، 2 - قىسىم 414 - بەتكە قاراڭ .



تىلىدىكى ھۆججەتلەردە ، بىز يەنە ئۇنىڭ injuwa ۋە imju شەكىللىرىدە ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرىمىز . تەرجىمىسى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى ئاقساقالنىڭ ئۆز قوۋمى دېگەنلىك بولىدۇ .[1] «ئىنجۇ» نى «ئېمچۇ» نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى دېگەن كۆز قاراشنى قۇۋۋەتلەيدىغانلاردىن يەنە تىخونوفمۇ بار ، ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن : «بۇ خىل in c ü نىڭ پەيدا بولۇشى موڭغۇللار ئىستىلاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . » ئۇ يەنە ۋىلادىمىر سوفنىڭ ( BragumupuoB) «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دىكى ئېمچۇ (emchü ) دېگەن سۆزنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىكى in cü نىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى دەپ قارىغان . بىراق ئۇ بۇ كۆز قارىشىنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئىسپاتلىمىغان .[2] ياۋ دالى ئەپەندى ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ ، گېرمانىيىلىك ئالىم دېفېرنىڭ تەتقىقاتى ئاساسىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىدا پەيدا بولغان «ئىنجۇ» سۆزىنى ئەتراپلىق ۋە تەپسىلىي دەلىللىگەندىن كېيىن : «غەربىي يۇرت ھۆججەتلىرىدىكى ئىنجۇ ، تۈرك تىلىدىكى in cü دىن كەلگەن ، موڭغۇل تىلىدىكى inje بىلەن مۇناسىۋەتسىز ، پارس تىلىدىكى injü غا كەلسەك ، بۇ تۈرك تىلىدىن كىرگەن سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ ، ئۇ موڭغۇللار ئىستىلاسىغا ئەگىشىپ ، پېرسىيىگە كىرگەن . موڭغۇللار دەۋرىگە كەلگەندە in cü ئاندىن موڭغۇل تىلىدىكى qubi (قۇبى ) نىڭ ئورنىنى ئالغان» دەپ كۆرسەتكەن . ئۇ يەنە : «موڭغۇل - يۈەن

① دېفېر : «يېڭى پارس تىلىدىكى تۈرك ، موڭغۇل تىلى تەركىبلىرى» 2 - توم ، ۋېيسبادېن 1963 — 1975 - يىللار ، 220 - بەت ؛ كلاۋسون : «13 - ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈركىي تىللارنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى» ، 173 - بەت ؛ ياۋ دالىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى : «موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچى دۆلىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ھەققىدە تەتقىقات - يۈەن سۇلالىسى سىياسىي تۈزۈم تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىڭ بىرى» ، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ، 1986 - يىل ، شاپىگراف باسما ، 8 - بەت .

② Д.Н.ТДxohobB<Xo3oHHcTBO H OOUIECTBEHHBIHrocyHapcTBa x—xivBB
>, 1966,M—π,AHCCCP,cTP.162—163.

سۇلالىسى دەۋرىدىكى in cü دېگەن سۆز تۈركچە ياكى تۈرك تىلىدىن كەلگەن سۆزلۈك، بۇ سۆز موڭغۇللارنىڭ بىر خىل تۈزۈمىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ»[1] دېگەن. بۇ ھەقتە شۇرمان (Shurman) مۇنداق بايان قىلغان: «بۇ مەزگىلدە پارس تىلىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدىكى موڭغۇللارنىڭ تۈزۈمىگە مۇناسىۋەتلىك سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۈرك تىلىدىكى سۆزلەر بولۇپ، موڭغۇل تىلىدىكى سۆزلەر ئەمەس ئىدى... موڭغۇللارنىڭ تۈزۈمىگە مۇناسىۋەتلىك ئاشۇ سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى مەسىلىسىنى ئويلاشقاندا، چوقۇم يۇقىرىدىكى ئىككى تەرەپلىمىلىكنى ئەستە ساقلىشىمىز لازىم؛ شەرقتە ئىشلىتىلگەن موڭغۇل تىلىدىكى ئاتالغۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۈرك تىلىدىكى مۇناسىپ ئاتالغۇلىرى غەربتە ئىشلىتىلىدۇ»[2].

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىكى «ئىنجۇ» يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلغان مەزگىلىگە تەۋە ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى موڭغۇل تىلىدىكى قوبىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇنداقتا قوبى سۆزىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان مەنىسى نېمە؟ چىڭگىزخان دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، ئۆز جەمەتىدىكىلەرگە (سۇيۇرغال يەر) بۆلۈپ بەرگەن، «ئۈلۈشلۈك يەر»، «ئۈلۈشلۈك ئاھالە»، ھەممىسى «قوبى» دەپ ئاتالغان. بىراق ئاھالە ۋە يەرلەرنى بۆلۈپ بېرىش بۈيۈك قاغانىنىڭ

[1] ياۋ دالى: «موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ۋەسىقىلىرىدىكى (ئىنجۇ) مەسىلىسى». «نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1991 ـ يىللىق، 2 ـ سان، 147 ـ، 148 ـ بەتلەر؛ ياۋ دالىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى: «موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچى دۆلىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ھەققىدە تەتقىقات — موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سىياسىي تۈزۈم تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ بىرى»، 3 ـ باب 5 ـ پاراگراف، 1986 ـ يىل شاپىگراف نۇسخىسى 64 ـ، 68 ـ بەتلەر.

[2] شۇرمان، F.H: «13 ـ ئەسىردىكى موڭغۇللارنىڭ باج ـ سېلىق تۈزۈمى»، «خارۋارد ئاسىيا تەتقىقاتى»، ئومۇمىي 19 سان، 1956 ـ يىل، ياۋ دالى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان «جۇڭگو يۈەن سۇلالىسى تارىخى تەتقىقاتى ئۇچۇرلىرى» نىڭ، 1984 ـ يىل 2 ـ سانىغا بېسىلغان.



بىۋاستە تۇغقانلىرى دائىرىسىدىلا چەكلەنگەن. مۇشۇ ئارقىلىق موڭغۇل ئېگىزلىكىنى مەركەز قىلىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يادرو قىلغان يايلاق ھاكىمىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ھەقتە بارتولد ئىنتايىن ئېنىق قىلىپ «ئۇرۇق ـ جەمەت كۆز قارىشى خۇسۇسىي قانۇن ساھەسىدىن دۆلەت قانۇنى ساھەسىگە يۆتكەلگەن. دۆلەت پۈتكۈل خان جەمەتىنىڭ مال ـ مۈلكى دەپ قارالغان، شۇڭلاشقا ئۇنى نۇرغۇن سۇيۇرغالغا بۆلگەن»[1] دەپ كۆرسەتكەن. يۇقىرىدىكى تەھلىلدىن كۆچمەن چارۋىچىلىق سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ موڭغۇل ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«قوبى» نىڭ ئومۇملاشقان مەنىسى باراۋەر سالاھىيەتتىكىلەر ئارىسىدىكى مال ـ مۈلۈك تەقسىم قىلىش ئۇقۇمىغا ماس كېلىدۇ، ئائىلە مۈلكىنى تەقسىم قىلىش ئەھمىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق — تۇغقانلىرىغىلا تەقسىم قىلىپ بېرىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا تەقسىملەنگەن «ئۈلۈشلۈك يەر»، «ئۈلۈشلۈك ئاھالە» نىڭ ھەممىسى «قوبى» دېيىلىدۇ. بىراق «قوبى» سۆزى پارسچە ھۆججەتلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. غەربىي يۇرتتا «قوبى» نىڭ مۇناسىپ تەرجىمىسى، ئەھمىيىتى ۋە مەنىسى بۇ سۆز بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان مەخسۇس قوللىنىلىدىغان سۆز تۈرك تىلىدىكى in ci، پارس تىلىدىكى injü سۆزىدۇر.[2]

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە قانۇن

[1] بارتولد: «موڭغۇللار ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان»، «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى»، 1 ـ توم 330 ـ بەت.

[2] ياۋ دالى: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ۋەسىقىلىرىدىكى ‹ئىنجۇ› مەسىلىسى»، «نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1991 ـ يىللىق 2 ـ سان.

هۆججەتلىردە كۆرۈلىدىغان qa (تەرجىمىسى : «ئىنجۇ ئۇزۇمىلۇكى تەرەپتىكى پۇقرالىرى ئارىسىدا » ) دېگەن كۆز ـ قاراشتىن بىلىشكە بولىدۇكى ، بۇ دەۋردە تۈرك تىلىدىكى «incü » نىڭ مەلۇم شەكىلدىكى يەر مۈلۈكچىلىكى ۋە بۇ يەرنى تېرىيدىغان بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى بىلدۈردۇ① . يەنە بىر قىسىم قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىقتىسادىي هۆججەتلەردە «ئۇلۇشلۇك يەر » گە مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرمۇ كۆرۈلدى . مەسىلەن : هۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 71 ـ نومۇرلۇق هۆججەتتە : «سىلەردە راهىب قۇرى تايىشى تورىغا بۆلۈپ بەرگەن بىر پارچە يەرنىڭ توختامى بار »② دەپ خاتىرىلەنگەن . مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ، ئۇيغۇرلار رايونىدىمۇ تۇغقانلار ئارىسىدا ئائىلە مۈلكىنى تەقسىملەش تۈزۈمى مەۋجۇت بولغان . نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە هۆججەت ماتېرىياللىرى يەكۈنىمىزنى دەلىللىدى . يەر توختامى جەدۋىلىدىكى 48 ـ نومۇرلۇق هۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «تارپىش ياستۇق پۇلغا ئېهتىياجلىق بولغانلىقتىن ، ئاتىسى بۆلۈپ بەرگەن ئۈزۈملۈكنى ئۈدىچ بۇقا بىلەن هەسەن ئىككىيلەنگە سېتىپ بەردى »③ . هۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 80 ـ نومۇرلۇق هۆججەتتە يەنە مۇنداق دېيىلگەن : «مېنىڭ بىر قانچە ئوغلۇم بار ، مەن بۇ ئوغۇللىرىمغا تەڭ ئۈلۈشلۈك مىراس بۆلۈپ بەرمەكچىمەن »④ . ئېنىقكى ، ئائىلە مۈلكىنى بۆلۈپ بېرىش

---

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر » ، 27 ـ ۋەسىقە ، 32 ـ بەت ؛ كلارك : «13 — 14 — ئەسىرلەردىكى شەرق تۈركىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەهرىي هۆججەتلىرى تەتقىقاتىغا كىرىش » (Introduction to the uyghur ciril DOcuments of East Turkestan“ 13th — 14th.c. phil.diss.Blooming ton. 1975.1 ” 429 ـ ، 430 ـ بەتلەر ، 439 ـ ، 441 ـ بەتلەر )

② رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر » ، 17 ـ ۋەسىقە ، 25 ـ ، 26 ـ بەتلەر ، oq سۆزىنى تۇگۇشىۋا «ئۇلۇش ، مىراس ئۇلۇشى » دەپ تەرجىمە قىلغان .

③ يۈەن دىڭ : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىلىقىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي هۆججەتلەردىن تاللانما (1) نىڭ داۋامى » . «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى » ، 1990 ـ يىللىق 2 ـ سان ، 62 ـ ، 64 ـ بەتلەر .

④ رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر » ، 98 ـ ۋەسىقە ، 169 ـ ، 171 ـ بەتلەر .



تۈزۈمى ئۇيغۇرلار رايونىدا نىهايىتى ئومۇملاشقان .

ئۇنداقتا ، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىنجۇ قانداق تەرەققىي قىلغان هەم جەمئىيەتتە قانداق رول ئوينىغان ؟ تىخونوف : «ئۇيغۇر خاندانلىقىدا ئىنجۇ دېگەن سۆز مۇئەييەن كۆلەمدىكى يەرنى كۆرسىتىپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە بېقىندى ئورۇندىكى كىشىلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ ، ئۇ فېئوداللار ۋە بېقىندى پۇقرالار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت . »① يەنى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى «ئىنجۇ » ئادەتتىكى مەنىدىكى فېئوداللىق يەر ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىدۇر ، دەپ كۆرسىتىدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇنداقمۇ ئەمەس ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا مۇهاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ .

رادلوف ئېلان قىلغان 22 ـ نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇرچە هۆججەت (يەنى هۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 1 ـ نومۇرلۇق هۆججەت ) «باجنى كەچۈرۈم قىلىش ئىلتىماسى » بولۇپ ، ئۇنىڭدا كۆپلىگەن «ئىنجۇ » يېرىنىڭ كېلىش مەنبەسى خاتىرىلەنگەن ، پەقەت چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ، «ئىنجۇ » يېرىدىكى ئەمگەكچىلەردىن ئېلىنىدىغان قالان (qalan ) بېجى كەچۈرۈم قىلىنغانلىقى توغرىسىدىلا توختالغان ، مۇشۇ ئارقىلىق بېقىندى ئاهالىلەرنىڭ ئىگىلىرى مۇئەييەن ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەتنى ئۆتەيدىغانلىقىنى دەلىللىدى .

هۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 34 ـ نومۇرلۇق هۆججەتتە «ئىنجۇ » ئاهالىلىرى ئارىسىدىن ئادەم تاللاپ ئۈزۈم تېرىشقا ئەۋەتىش ئەهۋالى كونكرېت تىلغا ئېلىنغان . بۇنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى ، ئۇنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى مۇنداق : «قوي يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ، كەرەي... يىقارا (yiqara ) ، مىڭقارا (m Ïngqara ) ئىككەيلەننىڭ

---

① ЙJY Игурскго государства -XX IV вв», 1966, М — Л, АН СССР, стр. 162 - 163

كۆچى بولمىغاچقا ، (ئۇلار ) ئىنجۇ ئۇزۇملۇكى تەرەپتىكى ھەر قايسى ئىنجۇ ئاھالىلىرىدىن بىر نەپەر كۆچلۈك ئادەم ئەۋەتىپ كۆڭۈل بۆلۈشنى (تەلەپ قىلدى ) ، شۇڭلاشقا بىز تۇرمىش تەمۇر ( Turm Ïst ämür) ، تۆكەل قارا كەرەي (tok äl qara k är ä) ۋە كۆچ تەمۇر (kü ct ämür ) قاتارلىق ئەمەلدارلار ئالتۇن قارا (altun qara ) غا دۆلەت تەرەپتىن قالان بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقى بەردۇق (ئاخىرى قىسقارتىلدى ) . »[①] بۇ ھۆججەت «ئىنجۇ» يېرىدە ئەمگەك قىلىدىغان بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ «ئىنجۇ» يەر ئىگىلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغانلىقىنى ، پرىنسىپ جەھەتتە دۆلەت ئالىدىغان ھەرخىل باج - سېلىقلارنى تاپشۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ .

36 — نومۇرلۇق ھۆججەتتە خاتىرىلىنىشىچە ، مەلۇم يېزا جامەسىنىڭ ئاھالىسى بۆزگە ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن ئىل قوچا (il qocha ) دىن 150 پارچە بۆز ئۆتنە ئالغان ، شۇڭلاشقا ئۇلار باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان توغرىلنى بۇداشىلىغا بەرگەن ، ھەم بۇرۇن بەرگەن (بىر نەپەر ) باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان قارا توييننى قايتۇرۇپ كەلگەن . شۇ كۈندىن باشلاپ ، توغرىل ئۈستىگە ئالغان قالان بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان[②] . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ، ھۆججەتتىكى توغرىلنىڭ ئۈزۈم تېرىغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى «ئىنجۇ» ئاھالىسىنىڭ سېلىقتىن كەچۈرۈم قىلىش دائىرىسى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش . تىخونوف يۇقىرىدىكى ھۆججەتتىكى تېرىقچىلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىش ھادىسىسىنى مۇنداق تەھلىل قىلغان : «يېزا جامەسى چوقۇم ئادەم ئەۋەتىشى

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 21 - ۋەسىقە ، 27 - ، 28 - بەتلەر .
② رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 14 - ۋەسىقە ، 16 - ، 18 - بەتلەر .



كېرەك ، ئۈزۈم تېرىغۇچىلارنىڭ ئەمگىكىگە ھەق بېرىلمەيدۇ . بۇنىڭدىن بۇنىڭ ھاشار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . بىراق يېزا جامەسىنىڭ قارىشىچە ، پۈتۈن يېزا جامەسى ھاشار مەجبۇرىيىتى ئۆتەشكە سېلىشتۇرغاندا ، بىر نەپەر ئۈزۈم تېرىغۇچىنى ئەۋەتىپ باج تاپشۇرۇش پۈتۈن يېزا جامەسىگە نىسبەتەن سەل پايدىلىق ، باشقا ئەھۋاللارغا ئوخشاش ، بىر نەپەر يېزا جامەسى ئەزاسى il qocha نىڭ ئورنىغا ئەمگەك قىلىشقا ئەۋەتىلىدۇ ، بۇ يېزا جامەسى يەنە بىر نەپەر ئۈزۈم تېرىغۇچىنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئالدىنقىسى قايتىپ كېلەلەيدۇ . بۇ يېزا جامەسى تاپشۇرىدىغان بارلىق نەرسىنى توغرىل ئۈستىگە ئالغان ، بۇ ئالدىنقى نەقىل ئېلىنغان ھۆججەتتە مەخسۇس ئىسىم in cü نى ئىشلىتىپ بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتتۇر . »[①] مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ، بوداشىل باشقۇرغان ئۈزۈملۈك ئېھتىمال ھەقىقەتەن il qocha نىڭ «ئىنجۇ» ئىگىلىكى بولۇشى مۇمكىن دەپ يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ . بىراق ھازىرغىچە بىزدە ۋە ئۇنىڭ سالاھىيىتى ھەم «ئىنجۇ» ئىگىلىكىنىڭ ھەقىقىي كېلىش مەنبەسىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان ماتېرىيال يوق ، شۇڭلاشقا ھازىر يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ «ئىنجۇ» تۈزۈمى تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈشكە ئامالسىزمىز . ھازىر بار بولغان پارچە - پۇرات ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تەھلىل يۈرگۈزگەندە ، فېئوداللىق يەر مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ . ئەكسىچە ، ھەرخىل ئالامەتلەردىن ئايانكى ، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىنجۇ بىلەن ئىلخانىلار خانلىقى ، ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى ئىنجۇ شەكلىدە ئانچە چوڭ پەرق يوق . ئۇنىڭ ئەكس ئەتتۇرگىنى

① X Ⅳ - Д.И.ТиХОНОВ: «ХОЗя Йственны йстро йJY Йгурскго государства X вв», ] 1966, M — Л, AH CCCP, стр. 162 - 163

ئوخشاش بىر خىل موڭغۇلچە تۈزۈمنىڭ ئوخشىمىغان ئىستېلا رايونلىرىغا تارقىلىش جەريانىدا يۈز بەرگەن ئوخشىمىغان ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت، خالاس.

## § 3 . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىجارىكەشلىك

ئىجارە مۇناسىۋىتى دېگىنىمىز، پومېشچىكلار پۇقرالارغا يەر ئىجارىگە بېرىپ ئىجارە ھەققى ئالىدىغان بىرخىل يەر باشقۇرۇش تۈزۈمى بولۇپ، ئۇ يەر ئىگىلىگۈچىلەر بىلەن يەر باشقۇرغۇچىلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. موڭغۇل - يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى يەر ئىجارىگە بېرىش توختام مۇناسىۋىتى ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپان قاتارلىق رايونلاردىن چىققان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يەر ئىجارىگە بېرىش ھۆججەتلىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يەر ئىجارىگە بېرىش مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەر ئىجارىگە بېرىش توختام ھۆججەتلىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يەر ئىجارىگە بېرىش مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇھاكىمە قىلىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، بىز ئاۋۋال يەر ئىجارىگە بېرىش مۇناسىۋىتى مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنىڭ قىسقىچە جەدۋىلىنى كۆرۈپ باقايلى.



### يەر ئىجارە بېرىش توختامىنىڭ قىسقىچە جەدۋىلى

| سىلىق تۆلىگۈچى | ئەمگەك كۈچى ۋە ئۇرۇقنى چىقارغۇچى | يەر ئىجارە بېرىش شەكلى | ئىجارە يەرنىڭ كۆلىمى | ئىجارىگە ئالغۇچىنىڭ ئىسمى (يەر ئىجارە بېرىش مۇددىتى) | ھۆججەت نامى | ھۆججەت نومۇرى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| سىلىقنى تەڭ تۆلەيدۇ | ئۇرۇقنى ئىككىسى تەڭ چىقىرىدۇ | نامەلۇم | بېرىم شىڭ ئۇرۇق تېرىلىدىغان يەر | ئىلچى (ilci) زىرائەت تېرىيدىغان يەرگە ئېھتىياجلىق ئىجارىگە بەرگۈچى: قايمىتۇ | يەرنى شېرىكلىشىپ تېرىش توختامى | 12 |
| تەمۈر سىلىق تۆلەيدۇ | نامەلۇم | 10 تەڭ (tāng) كېۋەز ئىجارە مۇددىتى 2 - ئايدىن كۈزنىڭ باشلىرىغىچە | ئۈزۈملۈك | باي تېمۈر: ئىجارىگە بەرگۈچى: تەمۈر | يەر ئىجارىگە بېرىش توختامى | 13 |
| تېمۈر بۇقا زىرائەت بېجىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. سودا بېجىنى ئىككىسى تەڭ تۆلەيدۇ | نامەلۇم | نامەلۇم | ئىككى شىڭ ئۇرۇق چاچىدىغان يەر | تېمۈر بۇقا زىرائەت تېرىيدىغان يەرگە ئېھتىياجلىق ئىجارىگە بەرگۈچى: قايمىتۇ | يەر ئىجارىگە بېرىش توختامى | 14 |
| مىسىر سىلىق تۆلەيدۇ | نامەلۇم | نامەلۇم | ئۈزۈملۈك | قىيمىتۇ ئۈزۈملۈككە ئېھتىياجلىق ئىجارىگە بەرگۈچى: مىسىر | ئۈزۈملۈكنى ئىجارىگە بېرىش توختامى | 15 |
| نامەلۇم | نامەلۇم | 60 تەمبىن (tāmbin) شاراب | ئۈزۈملۈك | ئاراتېمۈر ئىجارىگە بەرگۈچى: تورى | ئۈزۈملۈكنى ئىجارىگە بېرىش توختامى | 16 |
| نامەلۇم | نامەلۇم | ئىجارە ھەققى 12 ياستۇق پۇل | زىرائەت تېرىيدىغان يەر | ئالمىخان، راھنسۇن ئوبوروت قىلىنىدىغان پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغاچقا، يېرىنى ئارتمىشقا ئىجارىگە بەرگەن | ئالمىخاننىڭ تېرىلغۇ يەرنى ئىجارىگە بېرىش توختامى | 49 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| نامەلۇم | نامەلۇم | يەرنى رىنگە قويۇش شەرتى: بىرىم ھېتىر بىيەك، بىرىم قۇمرا شاراب، ئىككى شىلىڭ ئۈرۈق، تېرىيدىغان يەر، بىر قارا پەلتۇ قاتارلىقلار | ئۈچ ئادىم تېرىيدىغان ئۈزۈملۈك | * ئىجارىگە بەرگۈچى تاشىك يەرنى ئىجارىگە ئالغۇچى توغرىل | يەرنى رىنگە قويۇپ قەرزنى كېمەيتىش توختامى | 50 |
| سىلىقنى ئىككى تەرەپ تەڭ تۆلەيدۇ | ئۈرۈقنى ئىككى تەرەپ تەڭ ئۈستىگە ئالىدۇ، ھوسۇلنى تەڭ بۆلۈشىدۇ | نامەلۇم | زىرائەت تېرىيدىغان يەر | تېمۇر بۇقا ئىجارىگە بەرگۈچى قايىمتۇ | تېمۇر بۇقىنىڭ يەر ئىجارىگە بېرىش توختامى | 93 |
| تىرىك توغرىل $\frac{2}{3}$ قىسىم يەر بېجىنى، بۇدار $\frac{1}{3}$ قىسىم يەر بېجىنى ئۈستىگە ئالىدۇ | ناۋادا ئۈچ دادىندىن ئارتۇق ئارپا ئۈرۈقى كەتسە، ئۈرۈقنى ئىككى تەرەپ تەڭ چىقىرىدۇ | ئىككى شىلىڭ 4 كۈرە ئارپا | ئارپا تېرىيدىغان يەر | تىرىك توغرىل ئىجارىگە بەرگۈچى: بۇدار | تىرىك توغرىلنىڭ يەر ئىجارىگە بېرىش توختامى | 94 |
| نامەلۇم | نامەلۇم | ئىجارە ھەققى: قوچۇ رايوندا ئۆتىدىغان 40 پارچە قانپۇ | تېرىلغۇ يەر | نامەلۇم | يەر ئىجارە بېرىش توختامى | 95 |
| تەمۈچ سىلىق تاپشۇرىدۇ | نامەلۇم | نامەلۇم | ئۈزۈملۈك | تېمۇر | ئۈزۈملۈكنى ئىجارىگە ئېلىش توختامى | 96 |
| ئىجارىگە بەرگۈچى باج تۆلەيدۇ | نامەلۇم | نامەلۇم | ئىجارە ھەققى 50 قانپۇ | قايىمش ئىجارىگە بەرگۈچى: نامەلۇم | قايىمشنىڭ يەر ئىجارىگە ئېلىش توختامى | 97 |

يۇقىرىقى جەدۋەل ئارقىلىق تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىنى ئاسانلا بايقىۋالالايمىز :

1 . يەر ئىجارىگە بەرگۈچىلەر ۋە يەر (ياكى ئۈزۈملۈك ) ئىجارىگە ئالغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتى ئانچە ئېنىق ئەمەس ؛ 2 . يەر ئىجارىگە بېرىشنىڭ مەقسىتى ئوخشاش ئەمەس ، ياكى پۇل ئۈچۈن ، ياكى مەي ، پاختا قاتارلىق نەرسىلەر ئۈچۈن ئىجارىگە



بەرگەن . يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەر ئىجارە مۇناسىۋىتىدە ئىنتايىن مۇرەككەپ ھالەت شەكىللەنگەن .

كۆرسىتىشكە تېگىشلىكى شۇكى ، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەر ئىجارە مۇناسىۋىتى ھەرگىزمۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە پەيدا بولغان ئەمەس . تۇرپاندىكى يەر ئىجارىگە بېرىش توختام ھۆججەتلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ بالدۇر تېپىلغىنى قوچو يەنچاڭنىڭ 24 - يىلى (584 - يىل ) نىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۈچ پارچە يەر ئىجارىگە بېرىش توختامىدۇر[①] . خەن گوپەن ئەپەندى دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت يەر ئىجارىگە بېرىش توختاملىرىنى تولۇق تەتقىق قىلغاندىن كېيىن مۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان : تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئاساسلىقى ئىككى خىل يەر ئىجارىگە بېرىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولغان ، بىر خىلى «نامرات دېھقانلار ئامالسىزلىقتىن يەرنى ئىجارىگە بەرگەن ، يەنى رەنە قويغان . يەنە بىر خىلى يېرى ئاز ئاھالىلەر ئامالسىزلىقتىن ئىجارىگە ئالغان . بۇنىڭ ئىچىدە ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىشى بىر قەدەر ئومۇملاشقان »[②] يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەر ئىجارىگە بېرىش مۇناسىۋىتى ئالدىنقى دەۋرلەرگە ۋارىسلىق قىلغان ، بىراق يەنە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە .

ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان چۆللۈكلەر ، بوستانلىقلار ، تاغلاردىكى قار - مۇز سۇلىرى ۋە سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنىڭ مۇكەممەللىك دەرىجىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى

① خۇ رۇلېي : «شىنجاڭدىن تېپىلغان ھۆججەتلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى يەر ئىجارە توختامى مۇناسىۋىتى» ، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، 1978 - يىللىق 6 - سان .

② خەن گوپەن : «دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەتلەر ئاساسىدا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەر تۈزۈمىدىكى بىر قانچە مەسىلە ھەققىدە يۈزەكى تەھلىل» ، «تارىخ تەتقىقاتى» ، 1962 - يىللىق 4 - سان .

چەكسىز كېڭەيتكىلى بولمايتتى. مۇشۇنداق ئىنتايىن چەكلىك تېرىلغۇ يەرلەرمۇ، ئاز ساندىكى پومېشچىكلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان. ئۇلار يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئاكتىپ قوغدىغۇچىلىرى ئىدى. يەرلەرنى قوشۇۋېلىشنىڭ كۆنسېرى ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئورنى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغان. بەزى پومېشچىكلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ قوشۇۋېلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئوتتۇرا، كىچىك پومېشچىكلار چوڭ پومېشچىك بولۇپ قالىدىغان، باي دېھقانلار بىر سەكرەپلا پومېشچىك بولىدىغان ھادىسىلەرمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى. بىر پارچە يەر ئېلىپ - سېتىش توختامىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «يولۋاس يىلى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، مەن تۆلەك تەمۈر پۇلغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاچقا، بەش جايدىكى تېرىلغۇ يېرىمنى 20 ياستۇق جۇڭتۇڭ باۋچاۋ نەرخىدە تاشققا سېتىپ بەردىم». توختامدا ئېنىق قىلىپ، «پۇل تۆلەپ بولغاندىن كېيىن، يەردىن چىققان ھوسۇلدىن خالىغانچە پايدىلانسۇن»[1] دېيىلگەن. يەر سېتىۋالغۇچى تاشقىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆچمە تايىنىپ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەش جايدىكى تېرىلغۇ يەرنى تېرىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك، ناھايىتى ئېنىقكى ئۇ بۇ يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىش ئۈچۈن سېتىۋالغان. تاشقىنىڭ بىردىنلا بەش جايدىكى تېرىلغۇ يەرنى سېتىۋالالىشىدىن تەھلىل يۈرگۈزگەندە، ئۇ ئەسلىدىنلا پومېشچىك ياكى سودىگەر، يېرى قوشۇۋېلىنغان تۆلەك تەمۈر ئېھتىمال ۋەيران بولغان پومېشچىك بولسا كېرەك.

پومېشچىكلارنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كۆپ خىل سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىر پارچە يەر ئىگىسىنىڭ نامىنى

① رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 15 - ۋەسىقە، 20 - بەت.



ئۆزگەرتىش توختامىدا، تاشىق ئىسىملىك بىر پومېشچىك (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تاشىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلىيالمىدۇق) «شەھەردىكى تۇرمۇش چىقىمىنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلغان»، ھەتتا «داۋاملىق باياشات تۇرمۇش كەچۈرگۈدەك ھالى قالمىغان». ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن سېتىۋالغۇچى ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلەپ بېرىش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ «3 ئادەم تېرىيدىغان ئۈزۈملۈكى» نى ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بولغان، نەتىجىدە تولۇ ئىسىملىك بىر پومېشچىك ئۇنىڭ شەرتىگە قوشۇلغان. ئىككىيلەن ئارىسىدا يەر سودىسى پۈتكەن. تاشىق توختامدا ئۆزىنىڭ قەرزىنى بىر - بىرلەپ ساناپ كۆرسىتىپ، ئەگەر 3 يىل ئىچىدە تولۇ تۆلىگەن بارلىق پۇلنى قايتۇرۇپ بېرەلىسە، قائىدە بويىچە يەرنى قايتۇرۇۋالسا بولىدىغانلىقى، ئەكسىچە بولغاندا، بۇ بىر پارچە ئۈزۈملۈكنىڭ تولۇنىڭ قانۇنلۇق مال - مۈلكى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.[1] بۇ توختامنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلغاندا، تاشىق بىلەن تولۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغىنى يەر سودىسى ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز. تاشىق ئۆزىنىڭ يېرىنى رەنىگە قويۇش شەرتى بىلەن مەلۇم مىقداردىكى پۇلغا ئېرىشكەن. تولۇ ئۈچ يىل ئىچىدە تاشقىنىڭ يېرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، يۈزەكى جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ رەنىگە قويۇپ پۇل قەرز ئېلىش سودىسىدا ئۆسۈم ئېنىق دېيىلمىگەن. بىراق رەنىگە قويۇلغان ئېتىزنىڭ ئۈچ يىللىق ھوسۇلى ئەمەلىيەتتە تاشقىنىڭ تۆلىگەن ئۆسۈمى ھېسابلىنىدۇ.

بىر پارچە ئىشلەمچى ياللاش توختامىدا تىلغا ئېلىنىشىچە، ئاراتەمۈر (Ara—tāmür) تولۇنى چوشقا يىلى ۋە توخۇ يىلى

① رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 32 - ۋەسىقە، 49 - بەت.

ئۇزۇملۇكنى ئاغدۇرۇپ بىرىشكە ياللىغان، ھەم تولۇغا 60 تامبىن (بىر خىل چوڭ كۈپ) مۇپەسسەللەس بەرمەكچى بولغان[1]. بۇ ھۆججەتنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، تولۇننىڭ ئارا تەمۇرگە ياللانغانلىقىنى، ئۇ 2 يىل ئىشلەپ بەرسە 60 تامبىن مۇسەللەسكە ئېرىشىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ يەر ئىگىسىنىڭ ياللانما دېھقانغا بەرگەن ماددىي بۇيۇم شەكلىدىكى ئىش ھەققى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئەگەر تولۇ ئېرىشكەن ماددىي بۇيۇم ئىش ھەققى مۇسەللەسكىلا تايانسا تۇرمۇشنى قامدىشى ئىنتايىن قىيىن، ئۇ چوقۇم كۆپ قىسىم مۇسەللەسنى سېتىپ، باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە ئالماشتۇرۇشى كېرەك. تولۇ بىر قېتىمدا 2 يىللىق ئىش ھەققىنى ئالغان، بۇ ياللىغۇچى ئارا تېمۇرنىڭ ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى كېيىنكە سوزغىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. گەرچە ئۇيغۇرلار رايونىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ قەغەز پۇلى بىر مەھەل ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا ماددىي بۇيۇم ئالماشتۇرۇش ئىدى. شۇڭلاشقا، ياللىغۇچى ئارا تېمۇر پۇل بىلەن ياللانما دېھقاننىڭ ئىش ھەققىنى تۆلىيەلمىگەن. تولۇ چوقۇم ماددىي بۇيۇم ئىش ھەققىنى بازاردا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە ئالماشتۇرۇشى كېرەك، بۇ ئالاھىدىلىك ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان رايونىدا كۆپلىگەن ياللانما دېھقانلارنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقىنى بەلگىلىگەن.

ئۇنداقتا يەر ئىگىسى بىلەن يەر ئىجارىگە ئالغۇچى ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟

يەر ئىگىسى بىلەن يەر ئىجارىگە ئالغۇچى «شېرىكلىشىپ تېرىش» نى يولغا قويغان. «شېرىكلىشىپ تېرىش» بىر خىل

① رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 6 ـ ۋەسىقە، 6 ـ بەت.



بۆلۈشۈپ ئۈستىگە ئېلىش تۈزۈمىدىكى يەر ئىجارىگە بېرىش شەكلىدۇر. ئالايلۇق ئۇرۇق، سايمانلارنى تولۇقلاپ سېتىۋېلىش، رېمونت قىلىش، قوش كالىسىنى بېقىش قاتارلىقلارنى دائىم يەر ئىگىسى ۋە ئىجارىكەش دېھقانلار ئايرىم ـ ئايرىم ئۈستىگە ئالغان. يەر ئىگىسى قايىمتۇنىڭ ئىجارىكەش دېھقان ئىلچىگە يەر ئىجارىگە بېرىش ھۆججىتىدە مۇنداق بەلگىلەنگەن: «يەرگە قانچىلىك ئۇرۇق ئىشلىتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئىككى تەرەپ تەڭ ئۈستىمىزگە ئالىمىز. ھوسۇلنىمۇ بىز ئىككى تەرەپ تەڭ بۆلۈشىمىز. ئىجارىگە ئالغۇچى تەرەپ تېرىقچىلىق ئۈچۈن چىقارغان بارلىق چىقىمنى ئىجارىگە بەرگەن تەرەپ بىلەن ئىجارىگە ئالغۇچى تەرەپ تەڭ ئۈستىگە ئالىدۇ»[1].

قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ خىل يەر ئىجارىگە بېرىش شەكلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تاكى ئازادلىق ھارپىسىغىچە مۇكەممەل ساقلىنىپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆلۈشۈپ ئۈستىگە ئېلىش تۈزۈمىدىكى يەر ئىجارىگە بېرىش شەكلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەندىزىسى بولۇپ قالغان. تۆۋەندىكى جەدۋەلدە ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى ئازادلىق ھارپىسىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم رايونىدىكى بۆلۈشۈپ ئۈستىگە ئېلىش تۈزۈمىدىكى يەر ئىجارىگە بېرىش شەكلىنىڭ بەزى كونكرېت ئەھۋاللىرى[2] بولۇپ، ئۇ موڭغۇل ـ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەر ئىجارىگە بېرىش مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

① رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 28 ـ ۋەسىقە، 42 ـ بەت

② بۇ جەدۋەلدە نەقىل ئېلىنغان ماتېرىياللار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن: «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېزا جەمئىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1953 ـ يىل نەشرى؛ ۋاڭ خۈەن: «يەر ئىسلاھاتىدىن بۇرۇنقى شىنجاڭدىكى يەر ئىگىلەش مۇناسىۋىتى ۋە يانچىلىق تۈزۈمى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، (1986 ـ يىل 6 ـ سان) دىن ئېلىندى.

| شىرىكلىشىپ تېرىشتىكى ئىجارە بۆلۈشۈش نىسبىتى | شىرىكلىشىپ تېرىش شەكلى | رايون |
|---|---|---|
| ئاشلىق ۋە قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى تەڭ تەقسىم قىلىشىدۇ | (1) يەرىنچىك ئۇرۇق چىقىرىدۇ. قالغان قىسمىنى ئىجارىكەش ئۈستىگە ئالىدۇ. (2) يەرىنچىك ئۇرۇقنىڭ $\frac{2}{3}$ ياكى $\frac{1}{3}$ نى چىقىرىدۇ. | ئۇنسۇ ناھىيە ئۈچىنچى رايون تۆتىنچى يېزا ئىككىنچى مەھۇرىي كەنت |
| مەھسۇلات تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ | يەرىنچىك يەر، قوش كالىسى، سايمان، ئۇرۇق چىقىرىدۇ، ئىجارىكەش كۈچىنى چىقىرىدۇ | گۇما ناھىيىسىنىڭ ئاشا كەنتى |
| مەھسۇلات تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ | يەرىنچىك سۇ چىقىرىدۇ، قالغان قىسمىنى ئىجارىكەش ئۈستىگە ئالىدۇ | پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ مولىك كەنتى |
| يەرىنچىك ھوسۇلنىڭ $\frac{2}{3}$ نى ئالىدۇ | يەرىنچىك كالا، ئۇرۇق، ئوغۇت چىقىرىدۇ، قالغان قىسمىنى ئىجارىكەش ئۈستىگە ئالىدۇ. | كېرىيە ناھىيىسى |
| ئاشلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلار تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ | يەرىنچىك ئۇرۇق چىقىرىدۇ. قالغان قىسمىنى ئىجارىكەش ئۈستىگە ئالىدۇ | لوپ ناھىيىسى |
| يەرىنچىك مەھسۇلاتنىڭ $\frac{1}{2}$ نى ياكى $\frac{2}{3}$ نى ئالىدۇ. | يەرىنچىك كالا، ئۇرۇق چىقىرىدۇ، قالغان قىسمىنى ئىجارىكەش ئۈستىگە ئالىدۇ. | گۇما ناھىيىسى 5 ـ رايون 3 ـ يېزا |
| ئاشلىق ۋە رەسمىي قوشۇمچە مەھسۇلاتلار تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ | يەرىنچىك ئۇرۇق، ئۇلاق چىقىرىدۇ، قالغان قىسمىنى ئىجارىكەش ئۈستىگە ئالىدۇ | ئاقسۇ 2 ـ رايون 3 ـ يېزا |

يۇقىرىقى جەدۋەلدىن «شېرىكلىشىپ تېرىش تۈزۈمى» دە مۇئەييەن ئېكسپلاتاتسىيە تەركىبلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقىيالايمىز . يەرىنچىكلار ئۇرۇق ، ئۇلاق ياكى سۇ چىقىرىپلا ، چىققان ھوسۇلنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىگە ئېرىشكەن ، مۇشۇنىڭدىن ئىجارىكەش دېھقاننىڭ ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچراش دەرىجىسىنى بىلىشكە بولىدۇ . بىز بۇ خىل تونۇشقا ئاساسلىنىپ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يەر ئىگىلىرى ئاھالىلەرگە يەر ياكى ئۈزۈملۈكنى ئىجارىگە بېرىشتە پايدىغا ئېرىشىشنى ئاساسي



مەقسەت قىلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايمىز .

ئەمەلىيەتتە يەر ئىگىسى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى بارلىق چىقىمنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ، ئىجارىكەش ھېچقانداق نەرسە چىقارمايدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت . بىر پارچە يەرنى ئىجارىگە بېرىش توختامىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «ئات يىلى ، ئىجارىكەش قىيىمتۇ (Qiyumtu) مىسىر (Misir) نىڭ قوچودىكى ئۈزۈملۈكىنى ئىجارىگە ئالدى ، بارلىق تېرىقچىلىق چىقىمىنى ۋە باجىنى يەر ئىگىسى مىسىر ئۈستىگە ئالىدۇ .»[1] بۇنىڭدىن قارىغاندا ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ھەر خىل چىقىملارنى ئۈستىگە ئېلىش شەرتى كىشىلەرنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىنى ئۆلچەشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئەمەس . بۇ ئۈچ خىل توختام تۈرىنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھادىسىسى ئىجارىگە بېرىلگەن يەرلەرنىڭ مۇنبەت ياكى ئۈنۈمسىزلىك دەرىجىسىدە ھەقىقەتەن پەرق بارلىقىنى ، مۇنبەت يەرلەر (ياكى سۇغىرىش شارائىتى بىر ئاز ياخشى يەرلەر) ، مەبلەغ ئاز سېلىنىپ ، مەھسۇلات كۆپ چىقىرىدىغان يەرلەرنى ئىجارىگە بەرگەندە ئىجارىكەشنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى چىقىمىنى ئۈستىگە ئېلىش تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ، ئەكسىچە بولغاندا يەر ئىگىسى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ .

ئىجارىكەش دېھقان باي تەمۈرنىڭ (Bay—tämür) ئۈزۈملۈك ئىگىسى تەمىچى (Tämiči) نىڭ ئۈزۈملۈكىنى ئىجارىگە ئالغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر پارچە توختامدا ، بۇ بىر پارچە يەرنىڭ بارلىق چىقىمى ۋە بېجىنى يەر ئىگىسى تەمىچى ئۈستىگە ئالىدۇ ، ئىجارىكەش دېھقان باي تەمۈر بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز[2] دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان . بۇ ئۇيغۇرلار

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 26 ـ ۋەسىقە ، 26 ـ بەت .
② رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 2 ـ ۋەسىقە ، 3 ـ بەت .

رايوندا يەر بېجىنى چېچىشتا ھەقىقەتەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا خاتىرىلەنگەندەك ، مو سانى پويىچە ئېلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . گەرچە مەمۇرىي ئورگانلار يەر بېجى مەسئۇلىيىتىنى بېكىتكەندە يەرگە قاراپ يەر ئىگىلىگۈچىلەرنىڭ باج تاپشۇرۇشىنى بەلگىلىسىمۇ ، بىراق بۇ دېھقانلارنىڭ باشقا باج تاپشۇرۇش مەسئۇلىيىتى يوقلۇقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ .

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەر ئىجارىگە بېرىش مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك تونۇشقا ئىگە بولالايمىز : يەرنى ئىجارىگە بەرگۈچى ياكى يەرنى رەنىگە قويغۇچى جەزمەن چوڭ يەر ئىگىلىرى بولۇشى ناتايىن ، يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ سەۋەبى شۇكى ، خىراجەت كەمچىل ياكى پايدا يوق دېيەرلىك . ھالبۇكى باشقىلارنىڭ يېرىنى ياكى ئۈزۈملۈكىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلەتكۈچىلەر ئېنىقكى قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئەمگەكچىلەردۇر . بۇ خىل يەر ئىجارىگە بېرىش مۇناسىۋىتى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى چۈشىنىشىمىزدە يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە . بىز ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان خۇسۇسىي يەر مۈلۈكچىلىكىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەندە ، مۇنداق بىر نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم . يەنى يېزا جامائەسى ۋە دۆلەت خۇسۇسىيلار ئىگىلىگەن يەرگە نىسبەتەن ، ئىجارىگە بەرگەن يەرلەرنىمۇ قايتۇرىۋېلىش ياكى شەكلىنى ئۆزگەرتىپ سېتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان . 72 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن : «تولۇ ئۆزىنىڭ ئۈلۈشلۈك يېرىنى ئارا تەمۇرگە ئىجارىگە بەرگەن ، بىراق يېزا جامەسى باشقا بىر ئۈزۈملۈكنى بۇ يەرگە ئالماشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلغان .»[1] بۇ

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 24 ـ ۋەسىقە ، 33 — 34 ـ بەتلەر .



خىل ئەھۋالنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قۇرغاق ، سۇ كەمچىل بولۇشتەك تەبىئىي مۇھىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەرلەرنى سۇغىرىش يەرلەرنى ئېچىشتىنمۇ مۇھىم . سۇ مەنبەسىنىڭ كونترول قىلىنىشى ۋە باشقۇرۇلۇشى مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ، شۇڭلاشقا ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جىيۈەننىڭ 15 ـ يىلى (1278 ـ يىل ) ، «ئۇيغۇرلار رايونىدا زىندان ئەدلىيە مەھكىمىسى تەسىس قىلىش» قا يارلىق چۈشۈرگەن ، كېيىن يەنە «بىردىن نائىب ئەلچى ، ياندىش بەگ ئەۋەتىپ ، دېھقانچىلىق ، سۇ ئىنشائات ئىشلىرىنى باشقۇرغان»[1] . ھۆججەتلەردە مەخسۇس سۇ باشقۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان ئەمەلدارلارنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان . ئالايلۇق ئوكان كاقۇچ دەريا سۈيىنى تەقسىملىگۈچى ، سودايچى باشقۇرغۇچى .[2] يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سۇ مەنبەسىنى كونترول قىلىشى ، يەرنى كونترول قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ ، چۈنكى سۇغىرىدىغان سۇ يوق يەرلەرنى تېرىغىلى بولمايتتى . شۇڭلاشقا ، يەرنى ساتقاندا يەرنىڭ سۇ ئىشلىتىش ھوقۇقىمۇ يۆتكىلىدۇ . بۇ نۇقتا يەر ئېلىپ ـ سېتىش توختاملىرىدا ئېنىق يېزىلغان . مەسىلەن : ئازادلىقتىن كېيىن مەملىكىتىمىزدىن تېپىلغان بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يەر ئېلىپ ـ سېتىش ھۆججىتىدە مۇنۇلار تىلغا ئېلىنغان : پومېشچىك تۇرمىش تېكىن خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى ) دا ئوبوروت قىلىنىدىغان پۇل ياكى قوچونىڭ يەرلىك پۇلىغا ئېھتىياجلىق بولغاچقا ، ئۆزىنىڭ يېرىنى 80 ياستۇق جۇڭتۇڭ يارمىقى نەرخىدە فاسود ئىسىملىك ئادەمگە سېتىپ بەرگەن .

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 10 ـ جىلد ، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (7 )» .
② تىخونوف : «10 — 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى» ، موسكۋا ـ لېنىنگراد ، 1966 ـ يىل نەشرى ، 255 ـ بەت .

ئىككى تەرەپنىڭ ئىلىم ـ بىرىم ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، ھۆججەتتە ئېنىق قىلىپ: «بۈگۈندىن باشلاپ، بۇ ئۈزۈملۈك يەر، سۇ، ئۆي، قورۇ فاسودىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتتى»[①] دېيىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان سۇ، ئەمەلىيەتتە سۇ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلار رايونىدا يەر ئىجارىگە بېرىشتىن باشقا، ئات ـ ئۇلاقلارنى ئىجارىگە بېرىشمۇ بولغان، ھەم بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان رايونىدىكى بىر خىل گۈللەنگەن كەسىپكە ئايلانغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتتە قالانقۇچ ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ يىراق سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ، ئۇلاغقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغانلىقى، شۇڭلاشقا 29 توپ بۆز نەرخىدە قىپرىدۇنىڭ ئېشىكىنى ئىجارىگە ئالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. توختامدا ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا ئېشەكنى قايتۇرۇپ بېرىش بەلگىلىنىپلا قالماستىن، يول ئۈستىدىكى ئۇزۇقلۇقىنىڭ تۈرى، قېتىم سانى، مىقدارى، ھەتتاكى يول شارائىتى ناچار بولغان ئەھۋالدا ئېشەكنىڭ ھەر كۈنلۈك دەم ئېلىش قېتىم سانىمۇ بەلگىلەنگەن.[②]

يۇقىرىقى توشۇيدىغان ئات ـ ئۇلاغنى ئىجارىگە بېرىش يەر ئىجارە بېرىشكە ئوخشىمايدۇ. ئۇلاغنىڭ ئىجارىگە بېرىلگەندىن كېيىنكى ئىشلىتىلىش، بېقىلىش، قايتۇرۇپ بېرىش ئەھۋاللىرى بىر قەدەر تەپسىلىي بەلگىلەنگەن. ئات ـ ئۇلاغنى ئىجارىگە بېرىش ئەھۋالى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىجارىكەشلىكنىڭ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

① فېڭ جياشېڭ: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە توختامنىڭ ئىككى خىلى»، «تارىخ تەتقىقاتى»، 1954 ـ يىللىق 1 ـ سان.
② رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 3 ـ ۋەسىقە، 4 ـ بەت.



## § 4. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى باج ـ سېلىق تۈزۈمى

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى باج ـ سېلىق تۈزۈمى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىستېلاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن باج ناملىرىدىن: قالان (qalan)، تۈتۈن (tütün)، ئالۋان (alban)، ياساق (yasaq)، قۇرۇت (qurut)، قۇبچۇر (qubchur) قاتارلىقلار بار. باج ناملىرى كۆپ بولسىمۇ چوڭ جەھەتتىن يەر بېجى، چارۋا بېجى، سودا بېجى، نوپۇس بېجى قاتارلىق تۆت تۈرگە بۆلۈنەتتى.

### 1. qalan بېجى ۋە yasaq بېجى

يەر بېجى شەخسلەر بىلەن زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاساسىدا تىكلەنگەن. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلار رايونىدا سۈيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يۈرگۈزگەچكە، خان جەمەتىنىڭ ھەربىر ئەزاسى بىر ئۈلۈشتىن «ئىنجۇ» يېرىگە ئىگە بولغان، ھەرقايسى ئۈلۈشلۈك يەرنىڭ پۇقرالىرى ئۆزىنىڭ خوجىسىغا «سېلىق (差发)» تاپشۇراتتى. «سېلىق (差发)» ھەرخىل بۇيۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، مەسىلەن: كالا، ئات، قوي، هارۋا، قورال ـ ياراق ۋە هاشار شەكلىدىكى ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەش، قوي يۇڭى ۋە كالا سۈتى دېگەندەك، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى «سېلىق (差发)» خاراكتېرىنى ئالغانىدى. ھەم شۇنداقلا «سېلىق» يەنە

«دائىملىق ئولپان» ۋە «قەرەلسىز تەلەپ» تىن تەركىب تاپقانىدى . بۇرۇنقى مەزگىلدە موڭغۇل جەمئىيىتىدىكى «دائىملىق ئولپان» رەسمىي ھالدىكى ئۆزگەرمەيدىغان ئەمەلىي ماددىي سېلىقلارنى تۆلەش ۋە ھاشار سېلىقى ( 力役 ) نى ئۈستىگە ئېلىشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ ، مەلۇم بىر ئادەم ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھ (ئائىلىۋىي قوۋم ) نىڭ خوجىسى بىلەن بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنىڭ سىمۋولى ۋە ئەمەلگە ئېشىشى ئىدى . «دائىملىق ئولپان» موڭغۇل تىلىدا alba—alban دېيىلىدۇ . «قەرەلسىز تەلەپ» سۇيۇرغال خوجىلىرىنىڭ مەلۇم ئالاھىدە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىگە قاراشلىق ئاھالىلەردىن ۋاقىتلىق سېلىق يىغىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ ، بۇ ئادەتتە qubchirin qubchiri دېيىلىدۇ .[1] موڭغۇللار ئىستېلاسىنىڭ تاماملىنىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئالۋان ـ ياساق تۈزۈمى (alban,qubchiri ) نى ئىستېلا قىلىنغان بارلىق ھۆكۈمرانلىق رايونلىرىغا ئەكىرگەن . ھەرقايسى ئۇلۇسلارنىڭ تىلى ئوخشىمىغاچقا ، موڭغۇلچىدىكى بۇ ئىككى مەخسۇس ئىسىمنىڭ مۇناسىۋەتلىك تىللاردىكى ئاتىلىشىمۇ پەرقلىنىدۇ . پارسچە ۋەسىقىلەردە بۇ ئىككى ئىسىم ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «قالان» (تۈرك تىلىدىن كىرگەن سۆز ) ۋە «قۇبچۇر» (ئەسلىي موڭغۇل تىلىدىكى تۈرك تىلىدىن كىرگەن سۆز ) دېيىلگەن . ئۇيغۇرلار رايونىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا qalan ۋە qubchur دەپ ئاتالغان .

qalan سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن : ھۆججەتلەر جەدىۋىلىدىكى 23 ـ نومۇرلۇق

① F.H شۇرمان : «13 ـ ئەسىردىكى موڭغۇللارنىڭ باج ـ سېلىق تۈزۈمى» ، «خارۋارد ئاسيا تەتقىقاتى» ، 1956 ـ يىل 19 ـ سانى ، ياۋ دالى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان «جۇڭگو يۈەن سۇلالىسى تارىخى تەتقىقاتى ئۇچۇرلىرى» نىڭ 1984 ـ يىللىق 2 ـ سانى (ئومۇمىي 9 ـ سان ) غا بېسىلغان .



ھۆججەت «باج تۆلەپ ئولپان تاپشۇرۇش تىزىملىكى» بولۇپ ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن : «مەن تەمۇر بۇقا (tämür buqa) qalan بېجىنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن ، بىر توپ بۆز (böz) تۆلىدىم .»[1] ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 24 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە : «مەن qalan بېجىنى تۆلەش ئۈچۈن ، يېرىم توپ بۆز تاپشۇردۇم ھەم خانغا بىر ئات تۆلەپ بەردىم»[2] دېيىلگەن . بۇ qalan سۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلارغا ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيەت مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ . بۇ سۆز ئولپان سېلىق ۋە ھاشاردىن ئىبارەت ئىككى خىل چوڭقۇر قاتلاملىق مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 1 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «ئوگداي خان . . .مەزگىلى ، تولۇغان qalan بېجىنى يىغقان . بىراق زېمىندار قورۇق خوجايىنلىرىدىن qalan بېجىنى ئالمىغان »[3] . بۇ ھۆججەتتە يەنە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «تۇغلۇق تەمۇر ئىلتىماسنامە تاپشۇرۇپ ، بۇنىڭدىن بۇرۇنقى مۇشۇ خانلار دەۋرىدىن تارتىپ بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز تېرىغان قورۇقلارنىڭ باشقا alban بېجى ۋە yasaq بېجىنى تاپشۇرمايمىز . ھەر قايسى خانلىرىمىز ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقارغانىدۇق··· ئەگەر ھەر بىرىمىزدىن ئىككى ئۇلۇشلۇك alban بېجى تاپشۇرۇۋالار دېسە ، بىز تۇرمۇش كەچۈرەلمەيمىز»[4] . ھۆججەتنىڭ مەنىسى مۇنداق ، خۇسۇسىيلار تەۋەلىكىدىكى قورۇقلارنىڭ ئىگىلىرى ئەسلىدە بىر تەرەپكىلا alban ۋە yasaq مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ، بۇ شۈبھىسىزكى فېئودال

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 38 ـ ۋەسىقە ، 55 ـ ، 56 ـ بەتلەر .
② رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 33 ـ ۋەسىقە ، 50 ـ ، 51 ـ بەتلەر .
③ رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 22 ـ ۋەسىقە ، 28 ـ ، 32 ـ بەتلەر .
④ رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 22 ـ ۋەسىقە ، 28 ـ ، 32 ـ بەتلەر .

خوجىلارغا قارىتا ئىپىتىلغان . بىراق يېقىنقى يىللاردىن بىرى ئۇلار يەنە خانغا قالان بېجى تاپشۇرۇشقا مەجبۇربولغان ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خانغا ئۆزلىرىنىڭ يۈكىنىڭ ئېغىرلاپ كەتكەنلىكىدىن شىكايەت قىلغان . بۇ ئوخشاش تۈردىكى ھۆججەتلەر ئىچىدە ئالۋان سۆزى كۆرۈلگەن بىردىنبىر ھۆججەت . ئۇنداقتا «ئالۋان» بىلەن «قالان» ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇقەررەر باغلىنىش مەۋجۇت ؟ ئامېرىكىلىق ئالىم شۇرماننىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ، تۈرك تىلىدىكى قالان ۋە موڭغۇل تىلىدىكى ئالباننىڭ كۆرسىتىدىغىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش.[1] ئۇ «دائىملىق ئولپان» (رەسمىي ئۆزگەرمەيدىغان ئەمەلىي ماددىي سېلىقلار ۋە ھاشار ئەمگىكى ) نى كۆرسىتىدۇ . ۋىلادىمىر سوف ئالۋاننىڭ مەنىسى ھەققىدە توختىلىپ : ئالۋان بېقىندى پۇقرالار خوجىسىغا قارىتا ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنىڭ بىرى . بۇ خىل فېئودالىق مەجبۇرىيەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە : «ئاددىي پۇقرالار ئۈستىگە ئالىدىغان ئالۋان ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ فېئودال خوجىسى بىلەن بولغان تۆۋەندىكى مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : (1) چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى تاپشۇرىدىغان ئەمەلىي بۇيۇم بېجى ؛ (2) خوجىسىنىڭ قورۇقىدا مەجبۇرىيەت ئۆتەش ؛ ئاساسلىقى يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى (تېزەك ) نى يىغىش قاتارلىقلار ؛ (3) خوجىسىنىڭ قوشۇنى ئىچىدە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش ۋە شىكارغا چىقىش ؛ (4) ئۆتەڭ ئۈچۈن چارلاشقا چىقىش ، ئۆتەڭنى ئات بىلەن تەمىنلەش ۋە خوجىسىغا چاپارمەن (پوچتا ئۆتەڭلىرىدىكى خەت - چەك توشۇشنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئەلچى ) بولۇش ، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ؛ (5)

[1] شۇرمان : «13 - ئەسىردىكى موڭغۇللارنىڭ باج - سېلىق تۈزۈمى» (2 - قىسمى ) ، ياۋ دالى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان «جۇڭگو يۈەن سۇلالىسى تارىخ تەتقىقاتى ئۇچۇرى» نىڭ 1985 - يىللىق 1 - سان (جەمئىي 10 سان ) غا بېسىلغان .



شاھىد ۋە قەسەم بەرگۈچىلىك سالاھىيىتى بىلەن سوتتىكى ئەرزىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش»[1] دەپ كۆرسەتكەن . ئۇنداقتا قالان بېجىدىكى فېئودالىق مەجبۇرىيەتلەر قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ؟ بىرىنچى «ئېجىلغا بۆز تۆلەش»[2] ، ئىككىنچى «بۈيۈك قاغانغا ئات تاپشۇرۇش»[3] . ئۇنىڭدىن باشقا قالان يەنە ھاشار ئەمگىكى يۈكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 37 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ 14 - ، 15 - قۇرلىرىدا مۇنداق خاتىرىلەر بار : «بىز قالان بېجى (بەلگىلەنگەن ماددىي بۇيۇم )نى تاپشۇرمايدىغانلار ئەمەلدارلار ئائىلىسىگە بېرىپ (ئىش قىلىدىغان ) ئەمگەك مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق . »[4] بۇنىڭدىن قالان ۋە ئالۋان ئۈچۈن ئۈستىگە ئالىدىغان بارلىق فېئودالىق مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ئوخشاشلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

ئىنتايىن مەنىلىك يېرى شۇكى ، بۇ خىل قالان بېجى ئوخشاشلا پېرسىيە رايونىدىمۇ يولغا قويۇلغان . راشىددىننىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» تا ، غازان خاننىڭ دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ھاشىرىنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا چۈشۈرگەن پەرمانى ساقلانغان :

«چىڭگىزخاننىڭ بۈيۈك جاساقلىرىنىڭ مەقستى (مۇسۇلمان ) قازىلار ، دانىشمەنلەر (پەيلاسوپلار ) ۋە Alites (شىئە مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى ) دىن qalan ۋە qubchur ئالماسلىق··· ئۇلاردىن mal ۋە qubchur يىغىلمايدۇ . ھەم ئۇلاردىن ئۆتەڭدە ئىشلىتىدىغان ئات ۋە تەمىنات ( 首思 )

[1] ۋىلادىمىرسوف : «موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم تارىخى» ، ليۇ رۇڭجۈن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى ، 1980 - يىل نەشرى 257 - بەت .
[2] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 38 - ۋەسىقە ، 55 - ، 56 - بەتلەر .
[3] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 33 - ۋەسىقە ، 50 - ، 51 - بەتلەر .
[4] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 77 - ۋەسىقە ، 130 - ، 132 - بەتلەر .

ئىـپـلـىـنـمـايـدۇ » .[1] يۇقىرىدىكى پەرماندا ، غازان خان دىنىي ئۆلىمالارنىڭ mal ۋە qubchur تاپشۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى بىكار قىلغان . غازان خان مەزگىلىدىكى mal ۋە qubchur ئەسلىدە بار بـولـغـان qalan ۋە qubchur دىـن تـەرەقـقـىـي قـىـلـغان[2] .
ئېتىمولوگىيە مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، qalan بىلەن alban زىچ باغلىنىشلىق . بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، 11 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا alban سۆزى تىلغا ئېلىنمىغان ، مۇشۇنىڭغا قاراپ بۇ سۆز تـۈركـىـي تىلىدىن كەلگەن سۆز ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ . مۇنداق يـەكـۈن چىقىرىشىمىزغا بـولـىدىغاندەك تۈرىدۇ ، تۈرك تىلىدىكى qalan ۋە موڭغۇل تىلىدىكى alban سۆزى «لياۋ سـۇلالـىـسـى تـارىخى . مەنسەپدارلار تەزكىرىسى» دىكى ئالۋان (alwan) سۆزىدىن كېلىپ چىققان . كېيىن alban شەكلى بىلەن شىمالدىكى موڭغۇللار ئارىسىغا كىرىپ كەلگەن . qalan سۆزى غـەربىي لياۋ سۇلالىسى خان جەمەتى ئارقىلىق قىتان تىلىدىن ئـۇيـغـۇر تـىـلـىغا كىرگەن . ھەر ئىككىلىسى ئالتاي تىلىدىكى «بەرمەك» نىڭ سۆز يىلتىزىدىن تۈرلىنىپ چىققان .
قـەدىـمـكـى ئـۇيـغـۇرچـە ھۆججەتلەردە يەنە yasaq سۆزى

① راشىددىن : «جامىئۇل تەۋارىخ . غازانخان ھەققىدە قىسسە» نىڭ باسما نۇسخىسى ، بۇ قىسىمنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىنى «جامىئۇل تەۋارىخ» ، 3 - توم ، موسكۋا - لېنىنگراد 1946 - يىل نەشرى ، 235 - بەتتىن كۆرۈڭ . « 首思 » موڭغۇل تىلىدىكى s igüeün ياكى sigüeü نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ، تەمىنات دېگەن مەنىدە . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن — تـۈزۈمـلىرى» ، «ئومۇمىي تۈزۈملەردىن ئۆرنەكلەر» ، «يۈڭلې قامۇسى» ، «بۈيۈك جىڭشى قامۇسى» قاتارلىق يازما ماتېرىياللاردىن كۆرۈڭ . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتەڭدىكى ئەمەلدارلار ئەلچىلەرنى يېمەك - ئـىـچمەك بىلەن تـەمىنلەش « 首思 » دەپ ئاتالغان . « 首思 » نى ياكى ئۆتەڭ بېشى ئۇستىگە ئالىدۇ ، ئۇنى ياللاش ۋە سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ ياكى ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرى ئـۆتـەڭـلـەرگـە تـارقـىـتـىـپ بېرىدۇ . فاڭ لىنگۈي : «يۈەن ، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى ئەلنەغمىلەردىكى موڭغۇلچە سۆزلەر» ، خەنزۇچە بۈيۈك لۇغەت نـەشـرىياتى ، شـاڭخـەي ، 1991 - يـىـل نەشرى ، 280 - ، 284 - بەتلەر .
② H.F شۇرمان «13 - ئەسىردىكى موڭغۇللارنىڭ ھاشار تۈزۈمى» (1 - قىسىم ) ، «خارۋارد ئاسىيا تەتقىقاتى» ، 1956- يىلى 19 - سان ، ياۋ دالى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان «موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى تارىخى تەتقىقاتى ئۇچۇرلىرى» ، 1984 - يىللىق 2 - سان (ئومۇمىي 9 - سان ) غا بېسىلغان .



ئۇچرايدۇ . مەسىلەن : ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 1 - نومۇرلۇق ھۆججەت (38 - ، 43 - قۇرلىرى ) كە «تۇغلۇق تېمۇر خاندىن بۇرۇن ، بىز قېرىنداشلار تېرىقچىلىق قىلىدىغان كۆكتاتلىققا ، بـاشـقـا alban بـېـجـى ۋە yasaq بـېـجـى تاپشۇرمايتتۇق .»[1] تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە ، yasaq بېجى كەڭ مەنىدىن ھەر خـىـل تۈردىكى رەسمىيلەشكەن باج - سېلىقنى كۆرسىتىدۇ .[2] ئالتۇن ئوردا خاندانلىقىنىڭ پەرمانىدىن yasaq بېجىنىڭ ھەقىقەتەن بـىـر خـىـل ئـاسـاسلىق دۆلەت بېجى ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز ، رۇسـىـيـلـىك ئالىم بېرزىن بۇ ئاتالغۇنىڭ نېگىزلىك مەنىسىنى ئىنتايىن توغرا يەشكەن . ئۇنىڭ قارىشىچە yasaq بېجى ئىستېلا قىلىنغان ئاھالىلەردىن يىغىلىدىغان باج بـولـۇپ ، ھـوسـۇلنىـڭ 10% باج ھېسابىدا يىغىۋېلىنىدۇ[3] . شۇڭلاشقا بىز ئۇيغۇرلار رايونىدا yasaq بېجىنىڭ يىغىلىش ئەھۋالى ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇشى كېرەك دەپ ھۆكۈم چىقىرالايمىز . بـىـر پـارچـە قـەدىمكـى ئـۇيـغـۇرچـە ھـۆججەتتە qubchur ، yasaq ئـىـكـكـى سـۆزنىڭ ئورتاق ئىشلىتىلگەنلىك ھـادىـسـىسىنى بايقىدۇق ، بۇ ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگـەن : «مـــەن تـــاچـــادان ( Tachadan) ، تايىچاغقا ( Tay Ïchaɤ ) شۇنداق دەيمەنكى : سېنىڭ qubchur ئاشلىقىڭدىن ئۈچ كۈرەنى شامىش تايىسماغا ( šamis Tayi šma ) بەردىم . مەن ھازىر خان ئۈچۈن yasaq يىغىۋاتىمەن »[4] qubchur ۋە yasaq نىڭ ئوخشاش

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 22 - ۋەسىقە ، 28 - ، 33 - بەتلەر .
② F.H شۇرمان : «13 - ئەسىردىكى موڭغۇللارنىڭ باج - سېلىق تۈزۈمى» (1 - قىسىم ) غا قاراڭ ، «خارۋارد ئاسىيا تەتقىقاتى» 1956 - يىللىق 19 - سانى ، ياۋ دالى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان «جۇڭگو يۈەن سۇلالىسى تارىخى تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» ، 1984 - يىل 2 - سانى (ئومۇمىي 9 سان ) غا بېسىلغان .
③ ТиХОНОВ: «ФоЭ ИстобщеСТВеННЫ ИСТРО ИУ ИгурскдарсТВа Х XIV В - » м-л , 1966) , СТР.105.(
④ رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 69 - ۋەسىقە ، 121 - بەت .

بىر پارچە ھۆججەتتە كۆرۈلۈشى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم مۇقەررەر باغلىنىش بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . ئۇنداقتا qubchur نىڭ مەنىسى زادى نېمە؟ 13 - ئەسىردىكى پارس رايونىدا ئۇ بىر خىل پۇلنى بەزىدە ماددىي بۇيۇم بېجىنى كۆرسەتتى .② قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىكى qubchur بېجى ئوخشاشلا پۇل ياكى چارۋا - مال ، ماددىي بۇيۇم قاتارلىقلار بىلەن تۆلىنەتتى . ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 29 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە ئېنىق كۆرسىتىپ : «چو بايغىمىشنىڭ ئېتىغا 5 يارماق ، توغرىلنىڭ ئېتىغا 5 يارماق ، كورچىچكىنىڭ ئېتىغا 5 يارماق ، ئىگەنچۈقنىڭ ئېتىغا 5 يارماق ، تەمىۇر ئاساغ ( tamlr äsaɤ) نىڭ ئېتىغا 5 يارماق ، ئىرگەنچۈقنىڭ ئېتىغا 5 يارماق ، ئىباقنىڭ ئېتىغا 5 يارماق تۆلەيسىلەر ، ھەر قايسىڭلار بېجى ئۈچۈن پۇل چىقىرىڭلار »③ دېيىلگەن . بۇ ھۆججەت ئەكس ئەتتۇرگەن مەزمۇندىن قارىغاندا ، يەتتە ئادەمنىڭ ئېتىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 5 يارماق كۈمۈش qubchur تاپشۇرۇلغان ، بۇ چارۋا - ماللارنىڭ تۇياق سانىغا قاراپ يىغىلىدىغان بىر خىل باج ، بىراق بەزى ۋاقىتلاردا ماددىي بۇيۇم ياكى پۇل يىغىش ئاساس قىلىنىدۇ : ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 32 - نومۇرلۇق ھۆججەت تۆت پارچە باج تاپشۇرۇش تىزىملىكى بولۇپ

① كۆچمەن - چارۋىچى موڭغۇل قەبىلىلىرى ئۆز پۇقرالىرىدىن يىغقان «باج - سېلىق» نى Qubchiri دەپ ئاتىغان ، يەنى qubchir نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى ، پېللىئوت : تۈرك - پارس تىلىدىكى سۆز qubchur موڭغۇل تىلىدىكى qubchir غا تەڭداش كېلىدۇ دەپ كۆرسەتكەن . پېللىئوتنىڭ ماقالىسى « 通报 » 1944 - يىللىق ئومۇمىي 37 - سان ، 153 - ، 165 - بەتلەر ، بۇ سۆز خەنزۇ تىلىدا «سېلىق» ، تۈرك تىلىدا «خىراج» (kharaj ) دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ ، قاراڭ : شۇرمان : «13 - ئەسىردىكى موڭغۇللارنىڭ باج - سېلىق تۈزۈمى» ، ياۋ دالى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان ، «جۇڭگو يۈەن سۇلالىسى تارىخى تەتقىقات ئۇچۇرلىرى» ، 1984 - يىللىق 2 - سان (ئومۇمىي 9 - سان ) ، 10 - ، 22 - بەتلەر .

② راشىددىن : «جامىئۇل تەۋارىخ» (3 - توم ) ، يۈي داجۈن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان ، سودا نەشرىياتى 1992 - يىل نەشرى ، 447 - ، 448 - بەتلەر ، جۇۋەينى : «تارىخى جاھانكۈشاي» ، خې گاۋجى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان ، 1 - قىسىم ، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى ، 1980 - يىل نەشرى .

③ رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 54 - ۋەسىقە ، 93 - بەت .



ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈچ يارماق تەڭگە qubchur تاپشۇرىدىغانلىقى بۇيرۇلغان .① يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ماتېرىياللاردىن ئۇيغۇرلار رايونىدىكى qubchur بېجى بىلەن 13 - ، 14 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىدا يولغا قويۇلغان qubchur بېجى ئوخشاشلىقى يەنى ، پۇل ياكى ماددىي بۇيۇم بىلەن تاپشۇرۇلىدىغان باج سېلىقنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايقايمىز . شۇرمان بۇنى تەتقىق قىلىپ : تۈرك تىلىدىكى yasaq سۆزى qubchiri ۋە qubchur لار بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلگەن② دەپ قارىغان . شۇرماننىڭ يەكۈنىدە بىر تەرەپلىمىلىك بار ، چۈنكى qubchur ۋە ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى yasaq ئەمەلىيەتتە يەر ۋە چارۋا - مال قاتارلىق مال - مۈلۈككە ئاساسەن شەخسلەردىن يىغىۋېلىنىدىغان باج — سېلىقنى كۆرسىتىدۇ ، موڭغۇللار ئىستېلاسىنىڭ تاماملىنىشىغا ئەگىشىپ ، دەسلەپتە قېلىپلاشمىغان قەرەلسىز تەلەپلەرمۇ قېلىپلاشقان باجغا ئۆزگەرگەن . بىراق ئاۋۋالقىدەكلا ، چارۋا — مال ، توقۇلما بۇيۇم تۈرىدىكى تۇتۇن بېجى ئىدى . يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئىككى تۈرلۈك باجنىڭ تىل ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكىدەك جەدۋەللەشتۇردۇق :

| 汉语 | 差 | 发 |
|---|---|---|
| ھازىرقى ئۇيغۇرچە | سېلىق | ئالۋان |
| قەدىمكى موڭغۇلچە | alban | qubchiri |
| پارس تىلىغا كىرگەن سۆز | qalan | qubchur |

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 53 - ۋەسىقە ، 90 - ، 92 - بەتلەر .

② F.H شۇرمان : «13 - ئەسىردىكى موڭغۇللارنىڭ باج - سېلىق تۈزۈمى» (1 - قىسىم ) ، «خارۋارد ئاسىيا تەتقىقاتى» ، 1956 - يىل 19 - سان ، ياۋدالى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان «جۇڭگو يۈەن سۇلالىسى تارىخى تەتقىقاتى ئۇچۇرلىرى» 1984 - يىللىق 2 - سانى ( ئومۇمىي 9 - سان ) غا بېسىلغان .

| قەدىمكى تۈركچە | qalan | yasaq |
| --- | --- | --- |

يۇقىرىقى تەھلىلدىن، بىز تۆۋەندىكىدەك تونۇشقا كېلىمىز: ئۇيغۇرلار رايونىدا يۈرگۈزۈلگەن qalan ۋە yasaq بېجى موڭغۇللارنىڭكىگە ئوخشاش دائىملىق ئولپان، ئالۋان (alban) ۋە قەرەلسىز تەلەپ قۇبچۇر (qubchur) تۈزۈمىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدۇر.

## 2. بور بېجى

بىزگە مەلۇمكى، باج دۆلەتنىڭ ئالاقىدار فۇنكسىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، شەخسلەر ياكى مال - مۈلۈك ئۈستىگە چۈشكەن مۇددەتلىك ياكى مۇددەتسىز مەجبۇرىيەتتىن ئىبارەت. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىدا «مو سانىغا قاراپ باج ئېلىش»① سىياسىتىنى يۈرگۈزگەندىن تاشقىرى، كەڭ پۇقرالار زېمىندارلار ۋە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە مۇقىم دائىملىق ئولپان تاپشۇراتتى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىشلەپچىقىرىلغان بور (ئۈزۈم شارابى)، پاختا، كۈنجۈت، قوي يۇڭى قاتارلىق بۇيۇملار بىردەك ئولپان تاپشۇرۇش ئوبيېكتى ھېسابلىناتتى.

بور ئىجارە بېجى ھېسابىدا بولغىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان بولۇپ، تۇرپان ئاستانىدىكى 152 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان ئىككى پارچە «ئىجارە ھەققىنى كۆتۈرۈۋېتىشنى ئۆتۈنۈش ئىلتىجانامىسى»، ئاستانە 155 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان «يەنشۇ 2 - يىلى (625 - يىلى) جاڭ شىئېرنىڭ ئىجارىگە مەي

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 10 - جىلد، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (7)».



تاپشۇرۇش خاتىرىسى»، ئاستانە 138 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان ئىككى پارچە يەنشۇ 13 - يىلى (636 - يىلى) جاۋسى ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبىنىڭ «راھىب بولۇپ ئىجارە مەي تاپشۇرۇش خاتىرىسى» دە مۇشۇنىڭغا ئائىت مەزمۇنلار بار. بۇنىڭدىن ئىجارە مەينىڭ قوچو دۆلەت خەزىنىسىنىڭ بىر مۇھىم باج كىرىمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاستانە 320 - نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان «قوچولۇق جاڭ ۋۇشۇن قاتارلىقلارنىڭ ئۈزۈملۈكىنىڭ مو سانى بويىچە ئىجارە مەي تاپشۇرۇش تىزىملىكى» ۋە ئاستانە 24 - نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان «قوچو خەزىنىسىگە تىزىملىتىپ كىرگۈزۈلگەن مەينىڭ پاتمان سانى بويىچە يوللانغان مەلۇماتنامە» قوچو دۆلەت خەزىنىسىگە باج ھېسابىدا بور يىغىلىدىغانلىقى ھەم زور مىقداردا ساقلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تاڭ تەيزۇڭ قوچوغا يارلىق چۈشۈرۈپ، قوچونىڭ «مال - چارۋىلىرى، مېۋىلىكلىرىدىن باج ئېلىنسۇن» دېگەن، «مېۋىلىك» بېجى ئىجارە بورنى كۆرسىتىدۇ.①

يۈەن سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىنمۇ بور يەنىلا ھۆكۈمرانلارنىڭ نەزىرىدە مۇھىم باجلارنىڭ بىرى ھېسابلانغان. ئۇيغۇر خانلىقى بور ئېچىتىدىغانلاردىن باج يىغىپلا قالماي، يەنە ئازراق بور يىغىپ، يۈەن سۇلالىسى خان جەمەتىگە تەقدىم قىلاتتى. شۇڭلاشقا قارا قوچو رايونىنىڭ بور تاپشۇرغانلىقىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار تۈرلۈك كىتابلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

جىشۇننىڭ تۇنجى يىلى (1330 - يىلى) 3 - ئايدا «تىبەت، قارا قوچو بور تەقدىم قىلدى».②

① تاڭ چاڭرۇ: «يېڭىدىن تېپىلغان تۇرپان ھۆججەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش»، «شەنجۇ قولىيازمىلىرى» (جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1989 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 319 - ، 320 - بەتلەر) گە بېسىلغان.

② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 34 - جىلد، «ۋېنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە (2)».

جىجىڭنىڭ 7 ـ يىلى (1347 ـ يىلى ) ، «تىبەتتە ئوغرى قاراقچىلار قوزغىلىپ ، 200 نەچچە جايدا قارارگاھ تىكتى ، قارا قوچونى ئىشغال قىلىۋېلىپ ، خانغا تەقدىم قىلىدىغان بورنى بۇلاپ ، ئەلچىنى ئۆلتۈردى »① . «چىڭزۇڭ ، شيەنزۇڭ ھەققىدە مۇھىم خاتىرىلەر » گە ئاساسلانغاندا ، جىدانىڭ ئۆتتىنچى يىلى (1311 ـــ يىلى ) ، قارا قوچو ئاھالىلىرى ئوردىغا تەقدىم قىلىدىغان بورلار ئۆتەڭلەر ئارقىلىق ئىچكىرىگە يەتكۈزۈلگەن . يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا ، بور تاپشۇرۇش ئولپان مەجبۇرىيىتى توشۇشقا ئۆزى مەسئۇل بولۇش كېرەك .② ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۆزۈملۈكى بار ئاھالىلەر يەنە يەرلىك ھۆكۈمرانلارغا بور بېجى تاپشۇرۇش كېرەك ئىدى . ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 74 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن : «ھازىر بىز 10 patman③ شاراب (bor) تاپشۇرايلى ، Asan ۋە Atsar لار تاپشۇرىدىغان 10 patman بورنى كەچۈرۈم قىلىڭ »④ مالوف ئېلان قىلغان بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتتە : «بەگكە تاپشۇرىدىغان بىر قومرا مەي تېخى يەتكۈزۈلمىگەچكە »⑤ دېگەن بىر جۈملە سۆز بار . بۇنىڭدىن بور

---

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى » ، 41 ـ جىلد ، «شۈندى ھەققىدە خاتىرە (4 ) .

② «يۈڭلې قامۇسى » ، 19421 ـ جىلد .

③ patman ئەسلى قەدىمكى ئىراندا ئىشلىتىلگەن ئۆلچەم بىرلىكى . مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن كىشى : «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى »نى تۈزگەندە بۇ سۆزنى «پاتمان 把 » دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى ، «تارازا » ياكى «جىڭ » دەپ مەنا تەرجىمىسى قىلغان . بۇ ئۆلچەم بىرلىكى شىنجاڭدا تاكى مىنگو يىللىرىغىچە ئىشلىتىلگەن . پاتمان ئىشلىتىشتە بەزىدە 0.615 كىلوگرامغا باراۋەر كەلسە ، بەزىدە 382.08 كىلوگرامغا باراۋەر كېلەتتى . ئۇنىڭ سۈندۇرۇپ ھېسابلاش بىرلىكى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرىنى جى داچۈن : «ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى ئۆلچەم تۈزۈمى ھەققىدە ئىزدىنىش » ، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى » ، (1991 ـ يىللىق 1 ـ سان ) دىن كۆرۈڭ .

④ رادلوف : قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر » ، 71 ـ ۋەسىقە ، 123 ~ 124 ـ بەتلەر .

⑤ C.E.MaлOB: «ПамятникидревнетюркскNHиCBMEHHOCTи» М, 1951 ـ ,л СТР .204 — 207 . Bäg خەنزۇچە مەنبەلەردە «بەگ 伯克 » دېيىلگەن ھەم خەنزۇ تىلىغا باشقا تىلدىن كىرگەن سۆز دەپ ھېسابلىنىپ «خەنزۇ تىلىغا باشقا تىلدىن كىرگەن سۆزلەر لۇغىتى » گە كىرگۈزۈلگەن ، بۇ كىتابتا «بەگ 伯克 » سۆزنى تۈرك تىلى (ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرتىلى ) دىن كەلگەن دەپ كۆرسەتكەن ، جاناستۇ ( 照那其图 ) نىڭ «مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلغان : «ئىچكى موڭغۇل كىيۇ ئوتتۇرا خوشۇنىدىن تېپىلغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۆزەتچىلىك ئابىدىسى ھەققىدە مۇھاكىمە ـ قوشۇمچە ياڭجۇ ئىبادەتخانىسى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان كۆزەتچىلىك ئابىدىسى » گە قاراڭ .



بېجىنىڭ ئىدىقۇت ھۆكۈمىتى مالىيە كىرىمىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

## 3 . ئۆتەڭ سېلىقى ۋە ھاشار سېلىقى

ھاشار ئەسلىدە ئەمگەك كۈچلىرىنى ھەقسىز ئىشلىتىشكە قارىتا ئېيتىلغان ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھاشار ئەمگەك ھاشىرى ۋە كەسىپ ھاشىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ئارىلاش سېلىق » دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ يەردە بىز يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئۆتەڭ سېلىقى ۋە ھاشار سېلىقىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىن بايان قىلىمىز .

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «چېگرا رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇش ، ئەمىر ـ پەرمانلارنى يەتكۈزۈش » ئۈچۈن ، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسى ئىچىدە مۇكەممەل ئۆتەڭ تۈزۈمىنى تىكلىدى .① چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندىلا ، ئۇلار يول بويلىرىدا ئۆتەڭلەرنى قۇرغان . ئوگداي تەختكە چىققاندىن كېيىن ، ئۆتەڭ ئارقىلىق يەتكۈزۈش تۈزۈمىنى تىكلىدى . «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى » دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ، غەربىي يۇرت سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن چاغاتاي (ئالمالىق ئەتراپىدا تۇرۇپ ، ئۇيغۇرلار رايونىدىن ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى قوغدايدۇ ) غا ئوگداي ئۆتەڭ تەسىس قىلىشنى ئۇقتۇرغان ، چاغاتاي مۇنداق جاۋاب قايتۇرغان : «ئۆتەڭلەر مېنىڭ زېمىنىمدىن باشلاپ ، سېنىڭ ئۆتەڭلىرىڭگە تۇتىشىدۇ ، باتۇغا ئۆز يېرىدىن باشلاپ ئۆتەڭ قۇرۇپ ، مەن قۇرغان ئۆتەڭلەرگە

---

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى » ، 101 ـ جىلد ، «لەشكىرىي ئىشلار تەزكىرىسى (4) . ئۆتەڭلەر » .

تۇتاشتۇرۇشقا نەسھەت قىلايلى» . شۇنىڭ بىلەن قاراقۇرۇمدىن ئامۇ دەرياسى ۋە باتۇنىڭ سۇيۇرغالى-قىپچاق يايلىقىغىچە بولغان جايلارغا ئۆتەڭ تەسىس قىلىنغان . موڭغۇللارنىڭ ئىراننى ئىستېلا قىلىشىغا ئەگىشىپ ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىدە ئۆتەڭ تەسىس قىلىنغان .① خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ، جىيۈەننىڭ 11 - يىلى (1274 - يىلى ) يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «ئۇدۇن ، يەركەن ئىككى شەھەرگە 13 سۇ ئۆتىڭى تەسىس قىلغان . جىيۈەننىڭ 19 - يىلى (1282 - يىل ) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل (1285 - 1287 - يىللار ) دا يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ لوپ ، جىبىلقۇي ، كەتەك قاتارلىق جايلاردا ئۆتەڭ تەسىس قىلغان . جىيۈەننىڭ 18 - يىلى (1281 - يىلى ) يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى تەيجى داۋىنىدىن (ھازىرقى شەنشىنىڭ شىمالىي قىسمى ) دىن بېشبالىققىچە بولغان لىنىيىدە 30 جايغا يىڭى ئۆتەڭ تەسىس قىلغان . بۇنداق بولغاندا يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي مەركىزى بىلەن ئۇيغۇرلار رايونىنى تېخىمۇ زىچ تۇتاشتۇرغىلى بولىدۇ . شۇنىسى ئېنىقكى ، بۇ ئۆتەڭلەرنى ئەلۋەتتە ئادەتتىكى پۇقرالار ئىشلىتەلمەيتتى ، يەنى خانلار ، ۋەزىرلەر ، بېرىپ - كېلىپ تۇرىدىغان ئەمەلدارلار ۋە موڭغۇل ئوردىسى بىلەن ئالاقىسى بار ئاز ساندىكى سودىگەرلەرلا ئىشلىتەلەيتتى . شۇڭلاشقا ، كۆپلىگەن ئۆتەڭلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى ، شۈبھىسىزكى يەرلىك ئۆتەڭ ئاھالىلىرىنى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق دەرىجىدە قۇللۇققا مەھكۇم قىلغان . تەمىنات ، ئاتچى ۋە يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەش

① جۇۋەينى : «تارىخى جاھانكۇشاي» (خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا ) ، 2 - قىسىم ؛ چېن دېجى : «لىيۇيۇ» ، تەن چىشياڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن : «جۇڭگو تارىخىدىكى جۇغراپىيىشۇناس تەرجىمھالى (2 ) ، شەندۇڭ مائارىپ نەشرىياتى ، 1990 - يىل نەشرى ، 235 - ، 242 - بەتلەر ؛ ۋاڭ گوۋېي : «لىيۇيۇنىڭ غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسىنىڭ سېلىشتۇرما خاتىرىسى» ، ۋاڭ گوۋېيدىن مىراس قالغان ئەسەرلەر» ، 13 - قىسىم .



قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆتەڭ ئاھالىلىرى چوقۇم ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك فېئوداللىق مەجبۇرىيەت ئىدى .

«首思 » (تەمىنات ) موڭغۇل تىلىدىكى sigüsün نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ ، ئەسلى مەنىسى «شەربەت» ، كېيىن ئۆتەڭلەردىكى ئاھالىلەر ئۈستىگە ئالىدىغان كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئەلچىلەرنى تەمىنلەيدىغان نورمىلىق يېمەك - ئىچمەك ، چىراغ يېغى ، ئوتۇن ، كۆمۈر قاتارلىقلارنى كۆرسەتكەن ، ئەينى ۋاقىتتا «نورمىلىق تەمىنات» ① دەپ تەرجىمە قىلىنغان . ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 25 - نومۇرلۇق ھۆججەت يەرلىك خەلقنىڭ 首思 (تەمىنات ) بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر پارچە ماتېرىيال . بۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن : «مەن بۇساچى (busa či) ئىككى پاتمان ئۇن ، ئىككى پاتمان گۆش ، بىر تۇياق ئۆلتۈرۈلىدىغان ئات ، بىر كۇرە پۇرچاق ، بەش باغلام قۇرۇق ئوت ، بىر چىراغ ياغ ، ئۈچ باغلام ئوتۇن ئولپان تۆلىدىم .» شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لۈكچۈن (lükl čüng) دىن كەلگەن ئاچارياغا يېرىم توپ بۆز بەردىم . يەنە باشقا ئىككى مۇلازىمغا ئۈچ پاتمان گۆش ۋە ئۇن بەردىم . ھەم بىر كۇپ ھاراق ، بىر چىراغلىق ياغ بەردىم» .② بۇساچى تەمىنلىگەن ئۇن ، گۆش ، ئوتۇن ، كۆمۈر ، چىراغ يېغى ، ھاراق قاتارلىق بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى 首思 نىڭ مەزمۇنى بولۇشى كېرەك .

ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇيغۇر ئۆتەڭ ئاھالىلىرى ئۆتەڭدىن ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئەمەلدارلارنى ئۇسسۇزلۇق شاراب بىلەن تەمىنلەيتتى . ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 28 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇشۇنىڭغا

① ئەلچىلەرنىڭ نورمىسى ھەربىر كىشىگە كۈندە بىر جىڭ گۆش ، بىر جىڭ ئۇن ، بىر جىڭ گۈرۈچ ، بىر قۇمرا مەي بېرىشنى كۆرسىتىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا يەنە ماي ، تۇز ، ئىناۋەتلىك پۇل ، (قىشلىق ) كۆمۈر قاتارلىقلارمۇ بار .

② رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 91- ۋەسىقە ، 153 ~ 155 - بەتلەر .

ئائىت مۇنداق ئېنىق خاتىرە بار «ئىت يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بىكۇش بۇقا (Biku sbuqa) نى il ci (تۈرك تىلىدىكى ئەلچى دېگەن مەنىدە) نى هاراق بىلەن تەمىنلەشكە بۇيرىدى.»[1] تېخىمۇ ئېغىرى ئۆتەڭ ئاھالىلىرى ئۆتەڭنى ئۆتەڭ ئېتى بىلەن تەمىنلەيتتى. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە «ئورتا، دارۇغاچىلار، مۇسۇلمانلار، ئۇيغۇرلار ھەم سىرتتىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئىچىدىكى ئېتى كۆپلىرىنىڭ ئېتىدىن ئۈچتىن ئىككىسى ئېلىناتتى. خەنزۇلاردىن نەچچىسى بولسا شۇنچىسى ئېلىناتتى»[2]. قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە مۇشۇنىڭغا ئائىت ئۇچۇرلار ساقلانغان بولۇپ، ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 27 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: ماسمابار (Masmabar) نىڭ بىر تۇياق ئېغىر يۈك كۆتۈرەلەيدىغان ئېتى Tayaqi دىن كەلگەن ئەلچىگە بېرىلدى.[3] يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە يەرلىك ھۆكۈمرانلار ئۇيغۇر ئۆتەڭ ئاھالىلىرىدىن ئات يىغىپلا قالماستىن، ھەتتا يەم ـ خەشەك، تەمىنات يىغقان. تۆۋەندە نەقىل كەلتۈرۈلگەن تۆت پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يەم ـ خەشەك يىغىش يارلىقى[4] بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

39 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە:

1. كالا يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ (كۈنى).

2. ئىغدۇ (iɤdu) ئەلچىسىگە بېرىلگەن؟ ئات.

① رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 75 ـ ۋەسىقە، 129 ـ بەت.

② «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئات باشقۇرۇش خاتىرىلىرى. ئاتنى يۆيۈش»، گۇاڭشاڭ كۇتۇپخانىسى مەجمۇئە نۇسخىسى.

③ رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 93 ـ ۋەسىقە، 156 ـ بەت.

④ گېڭ شىمىن: «بىر نەچچە پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتنىڭ يەشمىسى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1980 ـ يىل 5 ـ سان 83 ـ، 84 ـ بەتلەر؛ قۇربان ۋەلى: «تۇرپاندىن تېپىلغان بەش پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەت»، جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى تەتقىقات جەمئىيىتى تۈزگەن: «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى تەتقىقاتى». جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى 1984 ـ يىللىق نەشرى.



3. بېرگۈ (bergu) يىگىرمە باغلام ئوت ـ چۆپ (ۋە) ئىككى تاغار بوغۇز تاپشۇرسۇن.

بۆگەن سالى (Bögan sali) ئون باغلام ئوت ـ چۆپ تاپشۇرىدۇ. يارلىق تامام.

40 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە:

1. كالا يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى.

ئىغدۇ ئەلچىسىگە بېرىلگەن ئۇلاق (ulaɤ) ئات (at)

3. بوگان سالى بىر تاغار بوغۇز تاپشۇرىدۇ.

4. . . . يارلىق تامام.

41 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە:

1. كالا يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ (كۈنى).

2. بۆگەن سالى ئات ـ ئۇلاق ئۈچۈن ئون باغلام ئوت ـ چۆپ تاپشۇردى.

3. (بەش تاغار بوغۇز). يارلىق تامام.

42 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە:

1. كالا يىلى 12 ـ ئاي . . .

2. . . . ئەلچىگە بېرىلگەن (ئات).

3. بىر تاغار بوغۇز تاپشۇرسۇن يارلىق تامام.

4. كالا يىلى 12 ـ (10) ئاينىڭ 3 ـ كۈنى.

5. . . . .ئەلچى قودۇر (qodur) غا بېرىلگەن ئات.

6. ئوت ـ چۆپ تاپشۇرۇش . . . يارلىق تامام.

بۇ خەت سانى ئاز تۆت پارچە يەم ـ خەشەك سېلىقى پەرماندىن قىسقىغىنە بىر، ئىككى ئاي ئىچىدە بۆگەن سالى ئىسىملىك ئۇيغۇر ئۆتەڭ ئاھالىسىنىڭ چېگرىدىن كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن تۆت، بەش قېتىم ئات يەم ـ خەشىكى، جەمئىي 21 باغلام ئوت ـ چۆپ ۋە 6 تاغار بوغۇز تاپشۇرغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خىل ئاساسسىز

سىلىق ۋاقىتلىق ئالۋانغا كىرىدۇ ، تۆۋەن قاتلام پۇقرالار قارشى تۇرۇشقا پېتىنالمايدۇ . ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئۆتەك ئاھالىلىرى ئۇچرىغان ئېكىسپىلاتاتسىيە ۋە ھاشارنىڭ مۇشەققىتىنى مۇشۇنىڭدىن بىلەلەيمىز . جىيۇەننىڭ ئىككىنچى يىلى (1285 ـ يىلى) بېشبالىق ئۆتىكى ھۆكۈمەت باھاسىدا شۇ يىللىق تەمىنات ئۈچۈن قوي ۋە مەي تەييارلىغان ھەم كېيىنكى خىراجەتكە ئىشلىتىشكە توشۇش پۇلى بەرگەن ، ئېھتىمال بۇ ئۇيغۇرلار رايونىغا بېرىلگەن ئالاھىدە ئېتىبار بولسا كېرەك .① ئەمەلىيەتتە بۇ ھېچنېمىگە دال بولالمايتتى . «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاشار ـ سىلىقى ئۆتەڭنىڭكىدىن ئېغىر ئىدى»② .

## § 5 . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى نېسىگە مال ئېلىش ، قەرز ئېلىش ۋە جازانىخورلۇق تۈزۈمى

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىدا شەخسلەرنىڭ نېسىگە مال ئېلىش ، قەرز ئېلىش ۋە جازانىخورلۇق پائالىيەتلىرى ئىنتايىن جانلانغان . بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي فورماتسىيىسىنىڭ بىنورمال تەرەققىي قىلىشىنى بەلگىلىگەن ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەن . بۇ يەردە بىز قەدىمكى ئۇيغۇرچە قەرز ئېلىش ھۆججەتلىرىگە ئاساسلىنىپ ، مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە كىتابلاردىكى خاتىرىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى نېسىگە مال ئېلىش توختامىنىڭ تۈرلىرى ، شەخسلەر جازانىخورلۇق تۈرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر

① «بۈيۈك جۇڭگو قامۇسى . ئۆتەڭلەر» ، «يوڭلې قامۇسى» 19418 ـ جىلد .
② خۇاڭ جىن : «ئەلنى ئەمىن تاپقۇزغۇچى سادامەن لياڭ تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 42 ـ جىلد ، تۆت يۈرۈش مەجمۇئە باسما نۇسخىسى .



جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز .

### 1 . نېسىگە مال ئېلىش ، قەرز ئېلىش توختامىنىڭ تۈرلىرى

سودا بىلەن ئىناۋەت ئىنتايىن زىچ باغلىنىشلىققا ئىگە . ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ، ئىناۋەت نىسى سودىدا ئىپادىلىنەتتى . ھازىر ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە قەرز ئېلىش ھۆججەتلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ، ھۆججەتلەرنى تۆۋەندىكىدەك ئايرىشقا بولىدۇ : كۈمۈش قەرز ئېلىش ھۆججىتى ، بۆز قەرز ئېلىش ھۆججىتى ، بۇغداي قەرز ئېلىش ھۆججىتى ، ئاشلىق قەرز ئېلىش ھۆججىتى ، كىگىز قەرز ئېلىش ھۆججىتى ۋە چارۋا ـ مال قەرز ئېلىش ھۆججىتى قاتارلىقلار . بۇ قەرز ئېلىش ھۆججەتلىرىنىڭ مەزمۇنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ ، بىراق ئۇنىڭ يېزىلىش قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ، ھۆججەتنىڭ باشلىنىشىدا توختام تۈزۈلگەن ۋاقىت يېزىلىدۇ ، كۆپىنچە قەدىمكى زاماندىكى غەربىي شىمالدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر مەسىلەن ، تۈرك ، تىبەت ، موڭغۇللاردا دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئون ئىككى مۆچەل (چاشقان ، كالا ، يولۋاس ، توشقان ، ئەجدىھار ، يىلان ، ئات ، قوي ، مايمۇن ، توخۇ ، ئىت ، توڭگۇزنى كۆرسىتىدۇ) ئارقىلىق يىللارنى خاتىرىلىگەن . ئارقىدىنلا قەرز بەرگۈچى ئىككى تەرەپنىڭ ئىسمى ۋە قەرز ئېلىش سەۋەبى ، قەرز ئالغان پۇل ـ بۇيۇملار ۋە ئۇلارنىڭ سانى يېزىلىدۇ ، ئارقىدىن قەرز قايتۇرۇش مۇددىتى ، ئۆسۈم سانى ۋە كاپالەت يېزىلىدۇ ، ئەڭ ئاخىرىدا شاھىد ، قەرز ئالغۇچى ، قەرز ئىگىسى ۋە توختام تۈزگۈچى ئىمزا قويۇپ بارمىقىنى باسىدۇ .

توختاملاردا ، ئەگەر مۇددىتى ئۆتۈپ كېتىپ تاپشۇرمىسا ، چوقۇم جەرىمانە تۆلەيدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن .

(1) كۆمۈش قەرز ئېلىش توختامى :

كۆپىنچە ھۆججەتلەردە كۆمۈش قەرز ئالغۇچىنىڭ مەقسىتى چۈشەندۈرۈلمىگەن . قەرز ئېلىنغان كۆمۈشلەر ھۆججەتلەردە ئادەتتە «ئۆسۈم پۇلى» دەپ ئاتالغان . كۆمۈش قەرز ئېلىش ، قەرز قايتۇرۇشتا ، كۆپىنچە ئايلىق ئۆسۈم ھېسابلانغان .

(2) ماددىي بۇيۇم ئۆتنە ئېلىش توختامى :

ماددىي بۇيۇم قەرز ئېلىشتا ئاساسلىقى بۆز ، كۈنجۈت ، قوناق ، شاراب ، بۇغداي ، كىگىز قەرز ئېلىنىدۇ ، توشۇش سايمانلىرى ياكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بولغان ئېشەك ، كالىلارمۇ ئۆتنە ئېلىنىدىغان بۇيۇملار قاتارىغا كىرىدۇ . قوناق ، كۈنجۈت ، بۇغدايغا ئوخشاش نەرسىلەر كۆپىنچىسى ئەتىيازدا قەرز ئېلىنىپ كۈزدە قايتۇرۇلىدۇ . ئۆسۈمى كۆپ بولغاندا % 10 بولىدۇ . ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پۇل تېخى ئومۇملاشقان ئوبوروت ۋاستىسىغا ئايلانمىغانلىقتىن ، جازانىخورلار ماددىي بۇيۇملارنى قەرز بېرەتتى . ئادەتتىكى ئەھۋالدا نېمە قەرز ئېلىنسا ، شۇ قايتۇرۇلىدۇ . ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدىكى ئەھۋاللارمۇ ئاز ئەمەس ، بەزىدە «رەخت قەرز ئېلىپ ، شاراب قايتۇرۇلاتتى»① ياكى «ئاشلىق ئېلىپ ، شاراب قايتۇرۇلاتتى»② . قائىدە بويىچە بولغاندا ، ئۆسۈمنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە قايتۇرۇش لازىم ، ئەگەر بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە قايتۇرۇلمىسا ، دىرى بىلەن ئۆسۈمى قوشۇلۇپ ئۆسۈم قايتا ھېسابلىنىدۇ . بىر پارچە نېسىگە

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 10 ـ ۋەسىقە ، 10 ـ ، 11 ـ بەتلەر .
② يۈەن دىڭ : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ھەققىدە تەتقىقات» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان ، 52 ~ 53 ـ بەتلەر . :



مال ئېلىش توختامىدا تۇرپاي (Turpai) ئىسىملىك بىر شارابخانا خوجايىنى ھاراق ياسايدىغاندا ماتاغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن قىيۇمتۇ (Qiyumtu) دىن بىر توپ ماتانى نېسىگە ئالغان . بەلگىلەنگەن قايتۇرۇش مۇددىتى باش كۈز ، تۆلەيدىغان ماددىي بۇيۇم مۇسەللەس ئىدى . توختامدا يەنە ، «ئەگەر ۋاقتىدا تاپشۇرالمىسا ، نېسىگە مال ئالغۇچى تۇرپاي ئەل ئارىسىدا ئادەتكە ئايلانغان ئۆسۈمنى تۆلەيدۇ»① دېيىلگەن . بۇ توختامدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، نېسى قىلغان ئىككى تەرەپ نەرسىنى نەرسىگە ئالماشتۇرغان ، بۇ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى . «ئەل ئارىسىدا ئادەتكە ئايلانغان ئۆسۈم» ئۇيغۇرلاردا سودا جەھەتتىكى مۇددەتنى ئۇزارتىپ تۆلەشكە نىسبەتەن ئېنىق بەلگىلىمە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى نېسى قىلىش ، قەرز ئېلىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشى ئىنتايىن ئىختىيارى بولغان بولۇپ ، قەرز بەرگۈچى ۋە قەرز ئالغۇچى ئىككى تەرەپ كېلىشىم تۈزسە ھەم گۇۋاھچى كېپىل بولۇپ ، ئىككى تەرەپ ئىمزا قويۇپ قول باسسىلا كۈچكە ئىگە بولاتتى . ئەگەر ھۆججەت يۈتۈپ كەتسە ، قايتىدىن تولۇقلاپ يازغىلى بولاتتى . ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 55 ـ نومۇرلۇق توختامدا : «ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ھۆججىتى يۈتۈپ كەتكەنلىكتىن ، مەن ئۇنىڭغا قايتىدىن بىر پارچە ھۆججەت يېزىپ بەردىم»② دەپ خاتىرىلەنگەن . مۇشۇنىڭدىن ، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى نېسى قىلىش ، قەرز پۇل ئېلىش مۇناسىۋىتىنىڭ مۇئەييەن تەرتىپكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 10 ـ ۋەسىقە ، 10 ~ 11 ـ بەتلەر .
② رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 48 ـ ۋەسىقە ، 83 ~ 84 ـ بەتلەر .

## 2 . ئۇيغۇرلار رايونىدىكى شەخسلەرنىڭ جازانىخورلۇق پائالىيىتى

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىدا جازانىخورلۇق راسا ئەۋج ئالغان . پايدا كۆپ بولغاچقا ، مەيلى ئىدىقۇتنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى ئەمەلدارلار ياكى ئىبادەتخانىنىڭ راھىبلىرى بولسۇن ، قەرز بېرىپ پايدا ئالمايدىغىنى يوق بولۇپ ، مەخسۇس مۇشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغان .

ئىچكىرىدىكى جازانىخورلۇق ئورگانلىرىدىكى شېرىك (تۈركچە Ortoq ) سودىگەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا ئەل بولغان رەڭدار كۆزلۈك مۇسۇلمانلار ئىدى . خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇ مۇسۇلمانلار « 回回 » ، ئۇيغۇرلار « 回鹘 » ياكى «غەربىي يۇرتلۇق سودىگەرلەر » دەپ ئاتالغان ، ئۇلار «پادىشاھ ، تىكىنلەرنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ھەر قايسى يوللاردا سودا - سېتىق قىلىدىغانلار ئىدى »[1] ، ئۇلار ھەمىشە قولىدىكى ئىنتايىن كۆپ پۇللىرىدىن پايدىلىنىپ جازانىخورلۇق قىلىپ ، ئەمگەكچىلەرنىڭ قان - تەرىنى شورايتتى . شېرىك سودىگەرلەردىن جازانە قەرزنى ئالغان پۇقرالار قەرزنى قايتۇرالمىغاچقا ، پادىشاھ يارلىق چۈشۈرۈپ ، ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىگە ۋاكالىتەن تۆلىتىدىغان غەلىتە ھادىسە كۆرۈلگەن .

يۈەن سۇلالىسى تەيزۇڭنىڭ 12 - يىلى كېڭزى يىلى (1240 — يىلى ) ئەمەلدارلار ، پۇقرالار ئۇيغۇرلاردىن قەرز ئېلىپ ، ھۆكۈمەت قايتۇرىدىغان ئىشلار كۆپىيىپ كەتتى ، بۇ خىل قەرز ئۆسۈمى قوزا ئۆسۈمى دەپ ئاتالدى . بۇ خىل ئەھۋال بەك ئېغىرلاشقاندا ، ھۆكۈمەت ماللىرىدىن قايتۇرۇشقا پەرمان

① «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى » ، 17 - جىلد ، «نوپۇس پىرقىسى (3 ) » .



چۈشۈرۈلۈپ ، 76000 ياستۇق پۇل قايتۇرۇلدى . قەرز ئېلىپ ئۇزاققىچە قايتۇرالمىغانلارغا قەرز ئالغان پۇلنىلا قايتۇرۇشقا پەرمان چۈشۈرۈلدى »[1] «شۇ يىلى (1240 - يىلى ) [ۋاڭ جىن] تەيزۇڭنىڭ ھوزۇرىغا سالامغا كىردى··· ئۇ ئالىيلىرىغا : «دامىڭدا باج - سېلىق يىغىش تەس بولغاچقا ، غەربىي يۇرت سودىگەرلىرىدىن 80 ياستۇق كۈمۈش ، 5 تۈمەن كۈرە ئاشلىق قەرز ئالدۇق ، ئەگەر قەرز ئالمىساق ئاۋام - پۇقرا ئاچارچىلىقتىن ئۆلىدۇ ، دېدى . ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە قەرز ئالغان كۈمۈشنى تۆلەش ئاشلىقنى قايتۇرۇش خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈرۈلدى »[2] .

[تەيزۇڭ] «زامانىسىدا ھاكىمىيەت ئىشلىرى مالىمانلىشىپ باج — سېلىق ھەسسىلەپ ئاشتى ، غەربىي شىماللىق سودىگەرلەردىن پۇل قەرز ئېلىپ باج ھېسابىدا تۆلەندى ، ھەسسىلەپ ئۆسۈم ھېسابلاندى ، بۇ قوزا ئۆسۈم دەپ ئاتالدى ، پۇقرالار قەرزنى قايتۇرالمىدى . شى تيەنزې مەلۇمات سۇنۇپ ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن دىرى ۋە ئۆسۈمىنى تۆلەشنى ئىلتىماس قىلدى . ئارقىدىنلا يىلمۇ - يىل ئاچارچىلىق يۈز بەردى ، قەرز ئېلىپ (باج - سېلىق ھېسابىدا ) تاپشۇرۇلدى ، 13 مىڭ ياستۇق كۈمۈش يىغىلدى . شى تيەنزې ئائىلىسىدىكىلەرنى قايىل قىلىپ ، جەمەتىدىكى ئەمەلدارلارنى باشلاپ قەرزنى قايتۇردى »[3] .

يۇقىرىدىكى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا ، ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ ۋاكالىتەن قايتۇرۇشى ، شۈبھىسىزكى ، شېرىك سودىگەرلەرنىڭ (قەرزنى ) يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى » ، 2 - جىلد ، «تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە » .
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى » ، 152 - جىلد ، «ۋاڭ جىنىنىڭ تەرجىمىھالى » .
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى » ، 155 - جىلد ، «شى تيەنزېنىڭ تەرجىمىھالى » ؛ ۋاڭ خۈي : «چيۇ جيەن ئەپەندى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي توپلىمى » ، 48 - جىلد ، «شى تيەنزې جەمەتىنىڭ تەرجىمىھالى » .

قايتۇرۇۋېلىشىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىگەن ھەم (شېرىكلىشىپ ) جازانىخورلۇق قىلىش پىلئالىيىتىنىڭ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىشىغا تۈرتكە بولغان . بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇرلار رايونىدىمۇ ناھايىتى كۆپ كۆرۈلگەن .

بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتتە مۇنداق يېزىلغان : «مەن قايىسىدۇ (Qays Īdu ) كۈنجۈت مېيىغا ئېھتىياجلىق بولغاچقا ، ئېل تېمۇر (El — tāmūr ) دىن بىر تۇڭ ماي قەرز ئالدىم . كۈزدە ئىككى تۇڭ ماي قايتۇرۇپ بېرىمەن . ئەگەر تۆلەيدىغان مۇددەت ئۆزىراپ كەتسە ، كىشىلەر ئادەتلەنگەن ئۆسۈم بويىچە تۆلەپ بېرىمەن»[1] .ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پۇل تېخى ئومۇملاشقان ئوبوروت ۋاستىسىغا ئايلانمىغاچقا جازانىخورلار ھەمىشە ماددىي بۇيۇملارنى قەرز بەرگەن . كۈنجۈت مېيى ، بۆز قارىلىقلاردىن باشقا ، يەنەھاراق قاتارلىقلارمۇ قەرز بېرىلگەن .[2]

ئۇنداقتا ، ئۇيغۇرلار رايونىدا جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەر قاتلىمى مەۋجۇت بولغانمۇ ـ ئەمەسمۇ ؟ تۆۋەندىكى بىر قانچە پارچە ھۆججەتكە قاراپ باقايلى :

ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 56 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە : «مەن تۇرپاي (Turpai ) شاراب ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ماتاغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن ، قايىمتۇدىن بىر يېرىم توپ ماتا قەرز ئالدىم »[3] دېيىلگەن .

ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 62 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە : «توخۇ يىلى 2 — ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ، مەن سۇرياشىر كۈنجۈتكە ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن قايىمتۇدىن بىر كۈرە كۈنجۈت قەرز

[1] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 7 ـ ۋەسىقە ، 7 ـ بەت .
[2] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 22 ـ ۋەسىقە 27 ـ بەت ، 37 ـ ۋەسىقە 54 ~ 55 ـ بەتلەر ، 29 ـ ۋەسىقە 43 ـ بەت .
[3] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 10 ـ ۋەسىقە ، 10 ـ ، 11 ـ بەتلەر .



ئالدىم . »[1] دېيىلگەن .

ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 64 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە : «مايمۇن يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مەن قۇماشباي (Quma s̆bai ) ئۆسۈمى بار كۈنجۈت مېيىغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن ، قايىمتۇدىن 12 قاچا كۈنجۈت مېيى ئۆتنە ئالدىم »[2] دېيىلگەن .

يۇقىرىقى ئۈچ پارچە ھۆججەت شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ، بىزدە ھازىرغىچە بۇ ئۈچ ھۆججەتتىكى قايىمتۇنىڭ ئوخشاش بىر ئادەم ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم چىقارغۇدەك يېتەرلىك ماتېرىيال بولمىسىمۇ ، ماددىي بۇيۇملاردىن قارىغاندا ، ئاساسلىقى ماتا ، كۈنجۈت مېيى ، دانلىق زىرائەت قاتارلىقلار بار . بۇ قايىمتۇنىڭ نۇرغۇن يېرى ۋە مال ـ مۈلكى بار جازانىخور ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ . ئىنتايىن قىزىقارلىق يېرى شۇكى ، قايىمتۇ يەنە قەرز ئالغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن ھۆججەتتە كۆرۈلگەن : «ئىت يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ، قايىمتۇ ئىلىنجىپتىن ئىككى يېرىم تاغار بۇغداي قەرز ئالغان ، بىراق قايتۇرۇلىدىغان بۇغداينىڭ ھەققىگە 16 ياكى 20 ياشلىق ئايال بېرىلىدىغان بولغان »[3] . بۇ ئەھۋال كىشىنى قاتتىق چۆچۈتىدۇ .

يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى جازانە ئۆسۈمنىڭ ئەھۋالى قانداق ؟ تەھلىل قىلىشقا پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك جەدۋەللەشتۈردۇق .

[1] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 20 ـ ۋەسىقە ، 26 ـ ، 27 ـ بەتلەر .
[2] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 27 ـ ۋەسىقە ، 40 ~ 41 ـ بەتلەر .
[3] ياماداا نوبۇئو : «ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەسىقىلىرى ـقەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەت» ، «غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا تەتقىقاتى» . 1968 ـ يىلى ، ئومۇمىي 20 ـ سان ، 12 ـ ، 24 ـ بەتلەر .

| تۈسۈم | قايتۇرىدىغان قەرز سوممىسى | قەرز قايتۇرۇش مۇددىتى | قەرز ئالغان بۇيۇم ۋە ئۇنىڭ مىقدارى | قەرز بەرگۈچى | قەرز ئالغۇچى | قەرز ئېلىش سەۋەبى | ۋەسىقىنىڭ جەدۋەلدىكى نومۇرى |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| ئايلىق تۆسۈمى 10% | تۆسۈمگە 150 سەر كۆمۈش تۆلەيدۇ | بىرنەچچە ئاي ئىشلىتىلىدۇ | ئالتە سەر كۈمۈش | قاتتوغۇل | يۇلمىش | تۆسۈمى بار كۆمۈشكە ئېھتىياجلىق | 51 |
| ئايلىق تۆسۈمى 10% | ھەرئايدا ھەر بىر سەر كۆمۈشكە بىر يىلىستۇق كۆمۈش تۆسۈم تۆلەيدۇ | بىرنەچچە ئاي ئىشلىتىلىدۇ | ئۈچ سەر كۆمۈش | ئىسرا | يۇلمىش | تۆسۈمى بار كۆمۈشكە ئېھتىياجلىق | 52 |
| ئايلىق تۆسۈمى 10% | ھەرئايدا ھەر بىر سەر كۆمۈشكە بىر يىلىستۇق كۆمۈش تۆسۈم تۆلەيدۇ | نامەلۇم | تۆت سەر كۆمۈش | قىسىنچ | يۇقىرىقىغا ئوخشاش | يۇقىرىقىغا ئوخشاش | 53 |
| نامەلۇم | نامەلۇم | چوشقا يىلى 2 ـ ئايدا قەرز ئالغان، 10 ـ ئايدا قايتۇرىدۇ (سەككىز ئاي) | 10 سەر كۆمۈش | شىنون سالى | قاشتۇ | كۆمۈشكە ئېھتىياجلىق | 54 |
| تۆسۈمى بار بەش سەر كۆمۈش | نامەلۇم | ئىت يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قايتۇرىدۇ | بەش سەر كۆمۈش | قاتۇرمىش | قىيدىر | نامەلۇم | 55 |
| تۆسۈم بار بىراق سوممىسى نامەلۇم | 3تامبىن tambin مەي | ئەجدىھا يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قەرز ئالغان، شۇ يىلى كۈز دىقايتۇرىدۇ | 105 پارچە بۆز | قايىمتۇ | تۇرپاي | بۆزگە ئېھتىياجلىق | 56 |
| پەسىللىك تۆسۈم 100% | تۆت پارچە بۆز قايتۇرىدۇ | يىلان يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەرز ئالغان، كۈزدە قايتۇرىدۇ | 2 پارچە بۆز | يابانتۇ | قىدىر قۇز | بۆزگە ئېھتىياجلىق | 57 |
| پەسىللىك تۆسۈم 100% | ئالتە پارچە بۆز قايتۇرىدۇ | مايمۇن يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قەرز ئالغان، كۈزدە قايتۇرىدۇ | 3 پارچە بۆز تۆتنە بەرگەن | ئاۋقۇ | نامەلۇم | بۆزگە ئېھتىياجلىق | 58 |
| ئايلىق تۆسۈمى نامەلۇم | ئاي بويىچە دىرىغا ئالسىمۇن تۆسۈم تۆلەيدۇ | نامەلۇم | 1000 پارچە قانبۇ تۆتنە بەرگەن | ئايتىتاي | ئابىچ | قانبۇغا ئېھتىياجلىق | 59 |
| يىللىق تۆسۈم 50% | 150 پارچە قانبۇ | توخۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەرز ئالغان، ئىت يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قايتۇرىدۇ | 1000 پارچە قانپو | نامەلۇم | ئىنال بارس | قانبۇغا ئېھتىياجلىق | 60 |
| پەسىللىك | ئىككى كۆرە كۆنجۈت | توخۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قەرز ئالغان، شۇيىلى كۈزدە قايتۇرىدۇ | بىر كۆرە كۆنجۈت | قايىمتۇ | سۇرياشىر | كۆنجۈتكە ئېھتىياجلىق | 62 |
| 100% كە يېقىن تۆسۈم | 22 قاچا ماي | مايمۇن يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قەرز ئالغان، شۇ يىلى كۈزدە قايتۇرىدۇ | بىر كۆرە كۆنجۈت تۆتنە ئالغان | قىيىمتۇ | تولۇ | كۆنجۈتكە ئېھتىياجلىق | 63 |
| 100% كە يېقىن تۆسۈم | ئىككى تۇلۇق كۆنجۈت مىيى | مايمۇن يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قەرز ئالغان، شۇ يىلى كۈزدە قايتۇرىدۇ | 12 قاچا ماي تۆتنە ئالغان | قايىمتۇ | قۇماشباي | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش | 64 |
| پەسىللىك تۆسۈم 100% | ئىككى تۇلۇق كۆنجۈت مىيى | چاشقان يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قەرز ئالغان، شۇ يىلى كۈزدە قايتۇرىدۇ | بىر تۇلۇق كۆنجۈت مىيى تۆتنە ئالغان | بانكەمۇر | قايىسدۇ | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش | 65 |
| تۆسۈم بار | نامەلۇم | يولۋاس يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قەرز ئالغان، باش كۈزدە قايتۇرىدۇ | ئىككى شىك قوناق | قالانقۇچ | ئىگىتمىش | قوناققا ئېھتىياجلىق | 66 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پەسىللىك ئۆسۈم 100% | بىر تولۇم مەي | قوي يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۆتنە ئالغان، بالش كۈزدە قايتۇرىدۇ | يېرىم تولۇم مەي | تولۇ | مىنتەمۇر | مەيگە ئېھتىياجلىق | 67 |
| نامەلۇم | 30 تەمبىت (tambin) مەي | توخۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قەرز ئالغان، بالش كۈزدەقايتۇرىدۇ | ئىككى كۈرە ئاشلىق | باتۇر | تۇغۇز تەمۇر | ئاشلىققا ئېھتىياجلىق | 98 |
| نامەلۇم | 16 ياكى 20 ياشلىق بىر قىز | ئىت يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قەرز ئالغان، 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قايتۇرىدۇ | ئىككى يېرىم تاغار بۇغداي ـ | ئىلىنجىپ | قايمتۇ | بۇغدايغا ئېھتىياجلىق | 99 |
| ئىككى ھەسسە ئۆسۈم تۆلەيدۇ | بۇ بۇغدايلارغا ئىككى ھەسسە ئۆسۈم قوشۇلىدۇ | ئات يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قەرز ئالغان 8 ـ ئايدا قايتۇرىدۇ (؟) | 9 شاڭ 9 كۈرە بۇغداي | كۈنتۇ | بارچۇقمىش | نامەلۇم | 100 |
| نامەلۇم | 105 شاڭ قوناق | قوي يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قەرز ئالغان، كۈزدە ۋاقتىدا قايتۇرىدۇ | بىر شاڭ قوناق | قىيمىتۇ | توكنامە | قوناققا ئېھتىياجلىق | 101 |
| نامەلۇم | 150 | كالا يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەرز ئالغان، X ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قايتۇرىدۇ | 100 (؟) | نامەلۇم | نامەلۇم | نامەلۇم | 103 |

يۇقىرىدىكى جەدۋەلدە مىسال كەلتۈرۈلگەن 21 پارچە ھۆججەتتىن ئۇيغۇرلار رايونىدىكى جازانە ئۆسۈمىنى ھېسابلاش ئۇسۇللىرىدىن ئاساسلىقى «ئايلىق ئۆسۈم» ، «پەسىللىك



ئۆسۈم» ، «يىللىق ئۆسۈم» ۋە «تەكرار ئۆسۈم» دىن ئىبارەت تۆت خىل ئۇسۇل بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

«ئايلىق ئۆسۈم» ئىچكىرى رايونلاردا بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى . مەسىلەن : جەنۇبىي تاڭ پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى «ھەربىي ئەمەلدار ۋۇزۇڭسى مەلۇم مەھكىمىنىڭ بېگىگە 200 مىڭ تىزىق پۇل قەرز قايتۇرغان ، بۇ پۇللار ئايلىق ئۆسۈم بويىچە ھېسابلانغان .»① ئۇيغۇرلار رايونىدا ئاي بويىچە ئۆسۈم ھېسابلاش بىر خىل ئومۇملاشقان ھادىسە بولۇپ ، ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 51 ـ ، 52 ـ ، 53 ـ ، 59 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتلەردە ئاي بويىچە ئۆسۈم ھېسابلانغان ، بىر پارچە نەق پۇل قەرز ئېلىش مەزمۇنىدىكى ھۆججەتتە ئېيتىلىشىچە : «پۇلمىش ( Pulm Ïs) قانئوغۇلدىن ئالتە يامبۇ قەرز ئالغان ، قانچىلىك ۋاقىت قەرز ئېلىشىدىن قەتئىينەزەر ، ھەر ئايدا 150 سەر كۈمۈش ئۆسۈم تۆلىگەن»② . بۇ خىل ئايلىق ئۆسۈمى 15% لىك يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرزنىڭ 7 ئايدىن كېيىنكى ئۆسۈم سوممىسى ئەسلىدىكى نەق پۇل سوممىسىدىن ئېشىپ كېتىدۇ .

ئىككىنچى ، پەسىل ياكى يېرىم يىل بويىچە ھېسابلاش . تۇرغۇنلىغان دېھقانلار سىرىقتال مەزگىلىدە ، چىنىنى بېقىشقا ياكى ئۇرۇق قىلىشقا ئاشلىق قەرز ئالغاچقا پەسىل ياكى يېرىم يىل ۋاقىت بويىچە ئۆسۈم ھېسابلاش ئۇسۇلى بارلىققا كەلگەن . تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە : «ئەتىيازدىن كۈزگىچە ھەر دەننىڭ ئۆسۈمى ئېغىرراق بولغاندا بىر دادەن ، يېنىكرەك بولغاندا بەش كۈرە بولغان ، شۇ يىلى قايتۇرۇلمىسا ، ئۆسۈمىنى دىرىگە ئايلاندۇرۇپ قايتا ھۆججەت يازغان ، كېلەر يىلمۇ قايتۇرالمىسا ،

① شۇي شۇەن : «جىشىن خاتىرىسى» ، 2 ـ جىلد ، «ۋۇزۇڭسى» قىسمى .
② رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 18 ـ ۋەسىقە ، 25 ـ بەت .

يەنە شۇنداق قىلغان ، بىر شىلىڭ ئاشلىق نەچچە ھەسسە كۆپىيىپ كەتكەچكە قايتۇرالمايدىغانلارمۇ كۆپ بولغان .»[1] يەنە «كۈزدە قەرز ئالغۇچىلاردىن ھەسسىلەپ ئۆسۈم ئېلىنغان»[2] «يۈز كۈنگە يەتمىگەن يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە ، ھەسسىلەپ ئۆسۈم ئېلىنغان»[3] «پۇقرالار ئائىلىسىدىكىلەر ئالغان قەرزنى بىر نەچچە ئايغىچە قايتۇرمىسا ، بالىسى ياكى ئانىسىنى گۆرۈگە قويغان .»[4] يۇقىرىقى خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى ئىچكىرى رايونلارنىڭ پەسىللىك ئۆسۈم ئەھۋالى بولسىمۇ ، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ پەسىللىك ئۆسۈمىنى تەھلىل قىلىشىمىزدا ناھايىتى چوڭ ياردىمى تېگىدۇ . يۇقىرىقى جەدۋەل بىلەن بىرلەشتۈرگەندە ، ئۇيغۇرلار رايونى بىلەن ئىچكىرى رايونلارنىڭ ئەھۋالىدا ئانچە چوڭ پەرق يوقلۇقىنى ، پەسىللىك ئۆسۈم ئادەتتە %100 بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

بىر پارچە ھۆججەتتە قۇماشباي ئىسىملىك ئادەمنىڭ قايىمتۇدىن 12 قاچا ماي قەرز ئالغانلىقى ، كۈز پەسلىدىن كېيىن 22 قاچا ماي قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى[5] تىلغا ئېلىنغان ، ئۆسۈمى ئاۋۋالقىدەكلا بىر ھەسسىگە يېقىن بولغان .

ئۈچىنچىسى يىللىق ئۆسۈم ، يىللىق ئۆسۈم تۆۋەن بولغاندا %5 — %7 بولغان ، يۇقىرى بولغاندا «ھەسسىلەپ ئۆسۈم ھېسابلانغان» ، ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بولغان . جازانە ئۆسۈم جەدۋىلىدىكى 60 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن

① «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى» ، 27 - جىلد ، «نوپۇس پىرقىسى (13)» ، يەنە «ئومۇمىي تۈزۈملەردىن ئۆرنەكلەر» ، 18 - جىلد ، «نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ ئۆسۈم ئېلىش» قا قاراڭ .

② ۋۇدىڭ : «ۋۇ زىچېڭنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» ، «ۋۇ ۋېنجېڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» 74 - جىلد .

③ خۇجىيۈەن : «زىشەن توپلىمى» ، 22 - جىلد ، «يۈەن مەكتۇپلىرى» ، 5 - توم ، جياڭسۇ قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى ، 1997 - يىل نەشرى ، 578 - بەت .

④ ياۋ سۈي : «لىيۇياڭ ناھىيىسىدىكى ۋېي يەن تۆرىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» ، «مۇئەن توپلىمى» ، 29 - جىلد .

⑤ رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 27 - ۋەسىقە ، 41 - بەت .



مەزمۇنىدىن قارىغاندا ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا يىللىق ئۆسۈم %50 بولغان ، بۇ خېلى ئەھۋال ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پەقەت بىر ئىسپاتتىنلا ئىبارەت ، مەسىلىنى قانائەتلىنەرلىك چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ ، شۇڭا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

تەكرار ئۆسۈم قەرز پۇل ئالغۇچى مۇددەت توشقاندىن كېيىن ، قەرزنى قايتۇرۇپ بېرەلمىسە ، بىر يىل ۋاقىتنى بىرلىك قىلىپ ، ئۆسۈمنى دىرىگە ئايلاندۇرۇپ قايتىدىن ئۆسۈم تۆلەشنى كۆرسىتىدۇ . جازانە ئۆسۈم جەدۋىلىدىكى 58 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە «ئەگەر كەينىگە سۈرۈپ قايتۇرمىسا ، بىز ئەل ئارىسىدىكى ئادەت بويىچە ئۆسۈم قوشۇپ قايتۇرىمىز»[1] دېيىلگەن . يەنە بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نېسى مال ئېلىش توختامىدا يان تېمۇر تاجار (Tajar) دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىگە ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن ساڭگا ۋە باي تېمۇردىن 55 توپ بۆز نەرخىدىكى بىر تۈركۈم تاجارنى نېسى ئېلىپ ، مۇشۇ ئاينىڭ ئىچىدە تۆلەپ بېرىش بەلگىلەنگەن . ئەگەر مۇددەت ئىچىدە تۆلىيەلمىسە ، توختامدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ھەربىر پارچە بۆزگە بىر پارچە بۆز جەرىمانە قوشۇلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن . بۇنداق مىساللار يەنە كۆپ بولۇپ ، بىر - بىرلەپ مىسال كەلتۈرمىدۇق .

توختامدا مال ئېلىش ۋە نەق پۇلغا سېتىۋېلىش ئارىسىدىكى باھا پەرقى چۈشەندۈرۈلمىگەن ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەبلەغنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنىڭ سودىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخى تونۇپ يەتمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ . توختامدا مۆھلەتتىن ئېشىپ كېتىش جەرىمانە پۇلىنى تۆلەش

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 34 - ۋەسىقە ، 52 - بەت .

مۆھلىتى ۋە پۇل تۆلەش شەرتى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن ، بۇ بەلكىم جەرىمانە پۇل سوممىسى بىر قەدەر يۇقىرى بەلگىلەنگەنلىكتىن نېسى ئالغۇچىلارنىڭ توختامغا خىلاپ ھەرىكەتلىرىنى چەكلىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى % 15 - % 10 ئارىلىقىدا ، پەسىللىك ئۆسۈمى % 100 بولغان ، بۇ ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى «ئەگەر شۇ كۈنى بۇغداينىڭ باھاسى بىر قوئان بولسا يېرىم شىڭ قەرز ئالسا ، كېيىن بىر شىڭ تاپشۇرۇش ، « (يېرىم يىللىق ئۆسۈم % 100 ) «ئەتىيازدىن كۈزگىچە ھەر شىڭ ئاشلىقنىڭ ئۆسۈمى ئېغىر بولغاندا① بىر شىڭ ، يېنىك بولغاندا بەش كۈرە بولغان (يېرىم يىللىق ئۆسۈم % 50 - % 100 بولغان ) »② لىقىدەك ئەھۋال بىلەن ئاساسي جەھەتتىن ئوخشاش بولغان .

## 3 . ئۇيغۇرلار رايونىدا جازانىخورلۇق ئەۋج ئېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى

ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار ئاساسي جەھەتتىن بېكىنمىچىلىك ۋە يېرىم بېكىنمىچىلىك ھالەتتىكى بوستانلىق رايونى بولۇپ ، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ناتورال ئىگىلىك يېتەكچى ئورۇندا تۇراتتى ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 8 - ۋەسىقە ، 8 - بەت .
② «يۇەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى» ، 27 - جىلد «نوپۇس پىرقىسى (13 ) » ، يەنە : «ئومۇمىي تۈزۈملەردىن ئۆرنەكلەر» ، 18 - جىلد ، «نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ ئۆسۈم ئېلىش»گە قاراڭ .



مەزگىل ئىچكىرى رايونلار ناتۇرال ئىگىلىكتىن پۇل ئىگىلىكىگە ئۆتۈۋاتقان مەزگىل بولۇپ ، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىغان . كەڭ دېھقان - چارۋىچىلار گەرچە ناتورال ئىگىلىكنىڭ تار دائىرىسىدە تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ ، بىراق ئۇلار ياكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋالغانلىقى ياكى پۇل بىلەن باج تاپشۇرغانلىقى ، ياكى سودا پائالىيىتى ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ، ئوخشاش بىر بازاردا مۇئەييەن ئالاقە قىلغان . بىراق بوستانلىقنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوبوروت قىلىنىدىغان پۇلنىڭ مىقدارى ئېھتىياجنى ئەسلا قامدىيالمايتتى ، بۇ تەبىئىي رەۋىشتە پۇلنىڭ - يېتىشمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ، مۇشۇ پۇرسەتتە جازانىخورلۇق ئەۋج ئالغان .

ئىككىنچىدىن ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ( 回鹘人 ) تارىختا سودىغا ماھىر مىللەت ئىدى . تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ يىللىرىدىن كېيىن «ئاستانە (چاڭئەن ) دە تۇرىدىغان ئۇيغۇرلار 1000 كىشىدىن كەم بولمىغان ، غۇز سودىگەرلىرى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار ئۇلاردىن بىر ھەسسە كۆپ ئىدى . ئۇلار ساراي - قەسىر ئاچاتتى ، شەھەرلەردە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ ، ساھىبجامالLARنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالاتتى ، پايدىغا ئېرىشەتتى .»① «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر . دېزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە : «دەيزۇڭ (لى يۈي ) زامانىسىدا توققۇز غۇز (سوغدى ) لار دائىم ئۇيغۇرچە ئىسىم قويۇپ ئاستانىدە ماكانلاشتى ، سودا -

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ، 225 - جىلد ، «دەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» .

سېتىق قىلىپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلدى . ئۇيغۇرلار بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كېتتي» دېيىلگەن . «دەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دىكى «سۇتخورلۇق قىلدى» دېگىنى «دېزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دىكى «گۆرۈكەشلىك قىلىپ پايدىغا ئېرىشتى» دېگەن بىلەن بىر گەپ ئىدى . بۇ ئۇيغۇرلار بىلەن توققۇز غۇزلار ئىچىدىكى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىچكىرىدە جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . ئەينى دەۋردە ئىچكىرىدىمۇ نۇرغۇنلىغان ئېسىلزادىلەر ئۇيغۇرلاردىن قەرز ئالغان . تاڭ مۇزۇڭنىڭ چاڭچىڭ 2 - يىلى (822 - يىلى ) 6 — ئايدا ، ئوڭ قول ئەلەمدار سانغۇن لى كەنجىنىڭ ئوغلى ئۇيغۇرلاردىن 11000 قۇئان پۇل قەرز ئېلىپ قايتۇرمىغاچقا ، ئۇيغۇرلار (ئۇنىڭ ) ئۇستىدىن ئەرز قىلغانلىقى ، ئۇنىڭ شۇەنجۇنىڭ ئامباللىقىغا چۈشۈرۈۋېتىلگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلىدۇر . تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلار ۋە توققۇز غۇزلار جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللانغان . نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار لياۋ سۇلالىسىگە كىرىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ ، شاڭجىڭ ئۆلكىسىدىكى يىكۇن ئايمىقى (تەخمىنەن ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئونۇت خوشۇنى ئەتراپىدا ) «ئۇيغۇرلار مەي ئىچىپ ئىچ - پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان» جاي ئىدى .① ئۇيغۇر سودىگەرلەر ناھايىتى كۆپ كەلگەچكە ، لياۋ سۇلالىسى شاڭجىڭ ئۆلكىسى گۇاڭرېن ناھىيىسىنىڭ نەنمېن قوۋۇقىنىڭ شەرقىدە ئۇلارنىڭ يېتىپ - قوپۇشى ئۈچۈن «ئۇيغۇر كورەسى» تەسىس قىلغان . چىڭنىڭ 2 - يىلى (1056 - يىلى ) ، لياۋ سۇلالىسى بىر مەھەل «ئۇيغۇرلارغا كۆمۈر ، مىسلارنى سېتىش» نى

① «لياۋ سۇلالىسى تارىخى . جۇغراپىيە تەزكىرىسى» .
② «لياۋ سۇلالىسى تارىخى . ئوزۇق - تۈلۈك ، مال - مۈلۈك تەزكىرىسى» .



چەكلىگەن② . بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قىتانلار بىلەنمۇ سودا مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ .

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شېرىكلىشىپ ① سودا قىلغانلار ئاساسلىقى چىڭگىزخان دەۋرىدىكى غەربكە يۈرۈش قىلىشتا ئەل بولغان رەڭدار كۆزلۈكلەر ئىچىدىكى ئىسلام دىنى مۇرتلىرى ، يەنى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى مۇسۇلمان ، ئۇيغۇر ياكى غەربىي يۇرت سودىگەرلىرى بولۇپ ، ئۇلار «پادىشاھنىڭ مۇقەددەس پەرمانىغا بىنائەن ھەر قايسى تىكىنلەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەر قايسى جايلاردا سودىگەرچىلىك قىلىدىغانلار ئىدى» ② . يۈەن سۇلالىسى تەيزۇڭنىڭ 12 - يىلىدىكى گېڭزى يىلى (1240 - يىلى ) «ئەمەلدار ، پۇقرالار ئۇيغۇرلاردىن قەرز ئېلىپ ، (قەرزنى قايتۇرالماي ) ھۆكۈمەت قايتۇرىدىغان ئەھۋال يىلمۇ - يىل ئېغىرلاشتى ، بۇ قوزا ئۆسۈم دەپ ئاتالدى» . قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ جازانىخورلۇق پائالىيەتلىرى ئۇيغۇرلارغا تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

ئۈچىنچىدىن ، جازانىخورلۇقنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا ئەۋج ئېلىشى شۇ جايدىكى پاسسىپ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە قالاق ئىقتىسادىي تۈزۈم بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئەمەس . ئۇيغۇرلار تۇرمۇش كەچۈرگەن چۆل - باياۋان ، بوستانلىقلار ئېگىز تاغدىكى قار - سۇلىرىنىڭ ئېرىشى ۋە سۇغىرىش ئىشلىرىنىڭ مۇكەممەللىك دەرىجىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشمۇ تەس ئىدى . ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى يۈەن

① ۋېڭ دۇجيەن : «شېرىك 斡脫 ھەققىدە مۇھاكىمە» يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 29 - سان ، يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ،1941 - يىل نەشرى «شېرىك 斡脫 » موڭغۇل تىلىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى ، «ھەمرا» دېگەن مەنىدە ، «سودىگەر» دەپ تەرجىمە قىلىنىشىمۇ بولىدۇ ، موڭغۇللار دەۋرىدە جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۆكۈمەت سودىگەرلىرىنى كۆرسىتەتتى .
② «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى» ، 17 - جىلد «نوپۇس پىرقىسى3»

سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپ قېتىم پۇل ۋە ئاشلىق ياردەم بېرىشىگە تۇرتكە بولغان. ئادەتتىكى مۆلچەر بىلەن ھېسابلىغاندىمۇ، جىيۇەننىڭ 28 - يىلى (1287 - يىلى) دىن جىيۇەننىڭ 31 - يىلى (1294 - يىلى) غىچە يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى ئۇيغۇرلارغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 158 مىڭ 650 ياستۇق كۈمۈش ئىئانە قىلغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بەش قېتىم پۇل ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە ئومۇملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. بىرى، قەغەز پۇل قانچە كۆپ بېسىلغانسېرى، ئۇنىڭ كۇرسى شۇنچە چۈشكەن. 1309 - يىلدىكى بىر تىزىق جىدا ئاقچىسى 50 يىل ئىلگىرىكى جۇڭتۇڭ ئاقچىسىنىڭ 25 تىن بىرىگە توغرا كەلگەن.[①] ئىككىنچىسى، ئەمەلىيەتتە ئالتۇن - كۈمۈش پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلمىگەن. بىر مەھەل مىس پۇل قويۇلۇپ قەغەز پۇل بىلەن ئورتاق ئىشلىتىلگەن. بىراق مىس پۇل بەك ئاز بولغاچقا «ئانىنىڭ ھوقۇقى ئوغلىغا ئۆتۈش» رولىنى ئوينىيالمىغان ھەم قەغەز پۇلنىڭ پاخاللىشىشىنى توسۇيالمىغان. ئىچكىرىدىكى پۇلنىڭ پاخاللىششى ئۇيغۇرلار رايونىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىغان. بۇ نۇقتىنى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىكى يەر باھاسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىدىن بىلگىلى بولىدۇ.

17 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە: «چاشقان يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈزۈمىش توغرىل ئۈزۈملۈكنى باسا توغرىلغا بىر ياستۇق بەش سەر كۈمۈشكە بەرگەن»[②] دېيىلگەن. 22 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە: «قوي يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈزۈملۈكنىڭ

① «چيۇجيەن ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى»، 90 - جىلد، «پۇقرالارغا پايدىلىق 35 تۈرلۈك ئىش - پۇل قانۇنى ھەققىدە».
② رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 109 - ۋەسىقە، 205 - بەت.



سىرتىدىكى بىر نەچچە پارچە ئۈلۈشلۈك يەرنىڭ باھاسى 600 ياستۇق پۇلغا توختىغان»[①] دەپ خاتىرىلەنگەن.

يانچىلارنى ئېلىپ - سېتىش توختامى توغرىسىدىكى نۇرغۇن ھۆججەتلەر ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنلاردىن قارىغاندا، دەۋر ئوخشىمىغاچقا، يانچىلارنىڭ باھاسىمۇ ئوخشاش بولمىغان.

8 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە: «توخۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، بىر ئائىلە قۇلىنىڭ باھاسى 47 سەر كۈمۈش بولغان.»[②] «توڭگۇز يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى دېدەكنىڭ باھاسى 80 سەر كۈمۈش بولغان.»[③] دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىقى ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەر، يانچى باھاسىدا مۇشۇنداق چوڭ پەرق بولۇشى يەرنىڭ ياخشى - يامانلىقى، كۆلىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، يانچىنىڭ بەدەن ساپاسىنىڭ ياخشى - يامانلىقى قاتارلىق تۈرلۈك ئامىللارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشتىن سىرت، يەنە ئىچكىرى رايونلاردىكى قەغەز پۇل كۇرسىنىڭ چۈشۈشى، پۇل پاخاللىقى، مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. بۇ ئۇيغۇرلار رايونىدا نېمە ئۈچۈن بۆزنى كۆپرەك ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى قىلغانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشى ھېچنېمىگە دال بولالمىغان بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىنى ئەسلا تۈپتىن ھەل قىلالمىغان. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر ئاھالىلىرى كىچىك كۆلەمدىكى

① رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 12 - ۋەسىقە، 12 ~ 14 - بەتلەر.
② رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» 61 - ۋەسىقە، 112 - ، 114 - بەتلەر.
③ رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 114 - ۋەسىقە، 208 - ، 209 - بەتلەر.

ئــشــلــەپچىقىرىشنى نورمال ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ، بايلاردىن نېسىگە مال ئالاتتى .

تۆتىنچىدىن ، سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۇيغۇرلار رايونىدا جازانــىخورلۇقنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ .

بىر قىسىم قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن مــەزمۇندىن قارىغاندا ، قەرز ئېلىشنىڭ بىۋاستە سەۋەبى سودا قــىلىش ئىدى . 83 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە : «ئىت يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كــۈنــى ، مــەن ســاتــى (Sat Ï ) بــىــلــەن يــاراق (Yaraq ) شېرىكلىشىپ ، ئاداق (Adaq ) تىن ئۈچ باغلام مال قەرز ئــالــدۇق ، مــەن ســاتى ئاۋۋال ئېلىپ بېرىپ سودا قىلىمەن ، بېكىتىلگەن سېتىش باھاسى 100 ياستۇق ، ئەگەر 100 ياستۇققا ساتالىساق ، مەن ساتى 50 ياستۇقنى ئاداققا تاپشۇرۇپ بېرىمەن ، ئەگەر 100 ياستۇققا ساتالمىساق ، مەن ئەسلىدىكى مالنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىمەن »[1] دەپ خاتىرىلەنگەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، بىر قىسىم ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگىمۇ دىققەت قىلىشقا ئــەرزــيــدۇ . 51 — ، 52 — ، 53 - نومۇرلۇق ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشىچە ، پۇلمىش (Pulmiš ) ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 13 تەڭگە قەرز ئالغان . ھۆججەتتە پۇل قەرز ئېلىشنىڭ مەقسىتى تــىــلــغــا ئېلىنمىغان بولسىمۇ ، بىراق سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ . مــۇشــۇ مــەزگــىــلــدىكى يەر ۋە ئۈزۈملۈكنى ئېلىپ - سېتىش ھــۆجــجــەتــلــىــرىــنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزمىش توغرىل كۆمۈشكە ئېھتىياجلىق بولغاچقا ، ئۈچ قىتىم يەر ساتقان ، ئۇنىڭ

[1] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» 62 - ۋەسىقە ، 114 - ، 115 - بەتلەر.



ئىچىدىكى ئىككى قېتىم باسا توغرىلغا ساتقانلىقىنى بايقىدۇق .[1] ئۇلار ئىككىيلەننىڭ بىرى چوڭ يەر ئىگىسى ، يەنە بىرى باي سودىگەر بولۇپ ، ئورتاق سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان . 85 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «توڭگۇز يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بىز ئۆزمىش توغرىل بىلەن باسا توغرىل بىرلىكتە سودا - سېتىق قىلدۇق… ئىككىمىزنىڭ مال - مۈلۈك ۋە قەرز ئىشلىرى پۈتۈنلەي ئېنىق بولدى . »[2]

قــايــىــمــتــۇمــۇ جــازانــىخورلۇق پائالىيىتى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللانغۇچى مۇھىم شەخس . 56 - ، 62 - ، 64 - نومۇرلۇق ھــۆجــجــەتلەردە ، ئۇ كۆپ قېتىم بۆز ، كۈنجۈت مېيى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى باشقىلارغا قەرزگە بېرىپ ئۆسۈم ئالغان ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە يانچى سودىسى ۋە ئىجارە بېرىش بىلەن شۇغۇللانغان . 5 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «چاشقان يىلى × ئاينىڭ × كۈنى ، مەن قايىمتۇ بۇلات (Bulat ) تىن 100 پارچە بۆز ئــېــلــىــپ ، باشقىلارنىڭ قــولــىــدىن ســېــتــىــۋالغــان دېــدەك تــۇلات (Tulat ) نى ساتتىم »[3] . 12 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە : «ئىلچى زىرائەت تېرىيدىغان يەرگە ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن ، قــايــىــمــتــۇنىڭ yal turɣan غا جايلاشقان ، يېرىم شىڭ ئۇرۇق تــېــرىــغــىــلــى بــولــىــدىغان ئېتىزنى ئىجارىگە ئالدى »[4] دەپ خــاتــىــرىــلــەنــگــەن . يــۇقــىــرىدا بايان قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئــاســاســلــىــنــىــپ ، قــايىمتۇ بىلەن باسا توغرىلنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى سودىگەرلەر ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايمىز .

[1] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 109 - ۋەسىقە 205 - بەت ، 107 - ۋەسىقە 202 - ، 203 - بەتلەر ، 108 - ۋەسىقە 204 - ، 205 - بەتلەر .
[2] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 111 - ۋەسىقە ، 249 - بەت .
[3] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 56 - ۋەسىقە ، 98 - ، 99 - بەتلەر .
[4] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 28 - ۋەسىقە ، 41 - ، 42 - بەتلەر .

## 4 . جازانخورلۇقنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى

كۆپچىلىككە مەلۇمكى ، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى قۇلدارلىق تۈزۈم بىلەن دەسلەپكى باسقۇچتىكى فېئوداللىق تۈزۈم ئۆزئارا بىرلەشكەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتكە ۋەكىللىك قىلغان . موڭغۇللارنىڭ ھەربىي ئىستىلاسىنىڭ تاماملىنىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇلار بۇ خىل قالدۇق يانچىلىق تۈزۈمىنى ئىستىلا قىلغان جايلارغا ئېلىپ بارغان . نېسىگە مال ئېلىش ، رەنىگە قويۇش پائالىيەتلىرى ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىنتايىن ئەۋج ئالغان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار جازانخورلۇق بىلەن ناھايىتى زىچ باغلىنىشلىق بولغان . جازانخورلۇق . قالدۇق قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولغان دېيىشكە بولىدۇ .

ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، قەرز ئالغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تۈرمۈش تايانچىسى يوق نامرات دېھقانلار ، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ خىل قەرز يولىنىڭ ئۆسۈمى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى . 100 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە خاتىرىلىنىشىچە : «كۇئىنتۇ (Kuintu) بارچۇقمىش (Bar čuqmiš) قا توققۇز شىڭ توققۇز كۇرە بۇغداي ئۆتنە بېرىپ ، ئىككى ھەسسە قىلىپ قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان .»① تۈرمۈش شارائىتى ناچار بولغان ئۇيغۇر ئاھالىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ شۈبھىسىزكى ئىنتايىن كۆپ قەرز ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، بارلىق قەرز ھۆججەتلىرىدە دېگۈدەك كاپالەت

① لى جىڭۋېي : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ھەققىدە تەتقىقات» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1994 - يىللىق 2 - سان 55 - ، 56 - بەتلەر .



تۈرى تۇرغۇزۇلغان بولۇپ ، ئەگەر قەرز ئالغۇچى قەرزنى پاك - پاكىز قايتۇرۇپ بولۇشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە ، قەرز بەرگۈچى توختامدا كۆرسىتىلگەن كېپىل بولغۇچىغا ئاساسلىنىپ ، داۋاملىق قەرزنى سۈرۈشتۈرىدۇ . مۇشۇنداق قىلىپ جازانە كاپىتالى كۆپ مىقداردىكى يەرلەرنى قوشۇۋالغان . دېھقانلار ، قول سانائەتچىلەر ۋە بىر قىسىم ئوتتۇرا - كىچىك سودىگەرلەر جازانخورلۇقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۇچرىغان . جازانە كاپىتالىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، جازانخورلار غايەت زور ئۆسۈمگە تايىنىپ پارازىتلارچە تۇرمۇش كەچۈرگەن ، نامراتلار بولسا يىل بويى نامراتچىلىق ئىچىدە جان - تالاشقان . بۇ خىل جازانە ئېكسپىلاتاتسىيەسى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلغان .

## 6 § . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يانچىلىق تۈزۈمى

### بىرىنچى ، يانچى ئاتالغۇسى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە قول قىلىنغان ، ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان بىر خىل ئەمگەكچىلەر ئۇچرايدۇ . ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا قول (qul) ، قارا باش (qara baš) ، كۆڭ (küng) دەپ ئاتالغان . بۇرۇنقى تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ ، كۆپ قىسمى ئۇلارنى قول دەپ ئاتىغان .① ھەقىقىي ئەھۋال زادى قانداق؟ بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن

① گابائىن : «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» ؛ لى جىڭۋېي : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىن تاللانما» (ئېلان قىلىنمىغان) .

يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . كۆپچىلىككە ئايانكى ، تەخمىنەن لىياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە ، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىمۇ قۇل قىلىنغان ، ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان ئىجتىمائىي قاتلام پەيدا بولغان بولۇپ ، بوخول (bohol ) دەپ ئاتالغان . ئادەتتىكى مەنىسى بويىچە ئالغاندا بوخول سۆزى تۈرك تىلىدىكى qul سۆزىگە باراۋەر كېلىدۇ ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدە ۋە «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دا يېقىن تەرجىمىسى «قۇل» دەپ ئېلىنغان . يى لىنجېن ئەپەندى ئىنچىكە دەلىللەش ئارقىلىق 10 ~ 12 ـ ئەسىرلەردىكى بوخول بىلەن ئۇلارنىڭ خوجايىنى ـ نويان (ئەمەلدار ) ئارىسىدا بىر خىل يانچى شەكىلدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەت بولغان دەپ قارىغان .[1] بۇ بىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى قۇل (qul ) نىڭ خاراكتېرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئاساس سېلىپ بەردى . ئىنتايىن مەنىلىك يېرى شۇكى ، بىز قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن äb či qarabaš دېگەن سۆز بىرىكمىسىنى بايقىدۇق . مەسىلەن : «äbči qarabaš bözči [at](i)ɣ » «بۆز توقۇغۇچى دېدەك» ) .[2] مۇشۇ كىتابتىكى قىسقىچە جەدۋەلدىكى 7 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «تۇڭگۇز يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ، مەن ياپ توغرىل (yap toɣ ril ) ئۆزەمنىڭ پۇسۇن ئىسىملىك قۇلۇم ( äbci qarabaš ) نى 80 سەر كۈمۈشكە inäči غا سېتىپ بەردىم .»[3] بۇ يەردىكى äbči سۆزى äb (ئائىلە ، ئۆي ) دېگەن ئىسىمغا či

① يى لىنجېن : «10 ـ 12 ـ ئەسىرلەردىكى بوخول توغرىسىدا» ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى»نىڭ 3 ـ قىسمىغا بېسىلغان ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1986 ـ يىل نەشرى ، 32 ـ بەت ، يەنە يى لىنجېن ئەپەندىنىڭ «جۇڭگو تارىخ لۇغىتى» (لىياۋ ، شيا ، جىن ، يۈەن سۇلالىلىرى تارىخى قىسمى ) غا يازغان «بوخول» سۆزى قىسمى 198 ـ بەتكە قاراڭ .

② رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 73 ـ ۋەسىقە ، 125 ـ ، 129 ـ بەتلەر .
③ رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 114 ـ ۋەسىقە ، 208 ـ ، 209 ـ بەتلەر .



قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان بولۇپ ، ئۇدۇل تەرجىمىسى «ئائىلىنىڭ» ياكى «ئۆينىڭ» دېگەنلىك بولىدۇ . بۇ خىل ئاتاش qarabašنىڭ يەككە ئائىلىگە تەۋە ئىكەنلىكى ھەم ئۆزىنىڭ خوجايىنىغا بېقىندىغانلىقىنى جانلىق ئىپادىلىگەن . 5 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «قايىمتۇ باشقىلارنىڭ قولىدىن قانۇنلۇق سېتىۋالغان تۇلات ئىسىملىك قۇلنى بۇلاتقا سېتىپ بەرگەن .»[1] ئۇنىڭدىن باشقا ، küng ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يانچىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى ، گېرمانىيىلىك تۈركولوگ گابائىن küng ئايال قۇلنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىغان .[2] تىخونوف تەتقىق قىلىپ مۇنداق دېگەن : «küng بەزىدە ئايالLارنى ، قىزلارنى كۆرسىتىدۇ ، بەزى ۋاقىتتا qarabaš بىلەن ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ» ، ئۇ يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ « küng سۆزى موڭغۇلچە سۆز » دەپ ھۆكۈم چىقارغان .[3] ئۇنداقتا بۇنىڭغا مۇناسىپ موڭغۇلچە سۆز قايسى؟ يېقىندا چېن دېجى ئەپەندىنىڭ خېتىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى küng موڭغۇل تىلىدىكى köün (كۆپلۈك شەكلى köüt ) غا توغرا كېلىدۇ . بۇنىڭ مەنىسى «پەرزەنت ، ئوغۇل بالا ، شاھزادە» دېگەنلىكتۇر ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «گىرىنكو» موڭغۇل تىلىدىكى ger—yin köüt دىن كەلگەن ، بۇ «ئائىلىدە تۇغۇلغان بالا» دېگەنلىك ، يەنى بۇ ئائىلە قۇلى تۇغقان بالا دېگەنلىكتۇر . بۇ يەردە بىز ئەلۋەتتە تومتاقلا qul, qarabaš ,küng قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يانچى دەپ قارىمايمىز ، ھەم ھېچقانداق پەرقلەندۈرمەيمۇ قالمايمىز . ئادەت بويىچە ئېيتقاندا ، qul كۆپىنچە ھاللاردا ئەر يانچىنى كۆرسىتىدۇ .

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 56 ـ ۋەسىقە ، 98 ~ 99 ـ بەتلەر .
② گابائىن : «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» . زو رۇشەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، 37 ـ بەت .
③ تىخونوف : «10 ~ 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تۈزۈمى» ، جى زېڭلۇ خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان ، «غەربىي شىمال تارىخى تەتقىقاتى» غا بېسىلغان، 1989 ـ يىل .

küng ئادەتتە موڭغۇلچە «ئادەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئەمەس ، بەلكى موڭغۇلچىدىكى kö'ün gü'ün بولۇپ ، «ئائىلە قۇلى» ، «شەخسىي قۇل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . qarabaš ئەر ـ ئايال قۇللارغا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ . ئۇلارنىڭ ئورتاقلىق ئىگىسى بىلەن بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىدۇ .

شۇنداق بولسا ، qul,qarabaš,küng بۇلارنىڭ خاراكتېرى قانداق؟ ئۇلار قۇلمۇ ياكى يانچىمۇ؟ بۇنى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ . ۋىلادىمىر سوفنىڭ بوخول (قۇل) نىڭ خاراكتېرى توغرىسىدىكى ئىلمىي بايانلىرىنىڭ تۈرك تىلىدىكى qul,qarabašنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشىمىز ئۈچۈن پايدىسى تېگىدۇ . ئۇ «بوخول قۇل ئەمەس ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەۋە مال ــ مۈلكى بار . ئۇلار مۇئەييەن شەخسىي ئەركىنلىكتىن بەھرىمان بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ خوجايىنىغا تەۋە بولۇشى ناتايىن»[1] دەپ كۆرسەتكەن . ئەمدى بىز ئۇيغۇرلار رايونىدىكى qul ، qarabas نىڭ خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىپ باقايلى .

ئاۋۋال ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خوجايىنى ئۈچۈن ھەر خىل مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەيدۇ . ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 44 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە : «دېسو چانسونىڭ ئائىلە قۇلى بولغانىكەن . سادىقلىق بىلەن بەجانىدىل كۈچ چىقىرىشى لازىم»[2] دەپ بەلگىلەنگەن . 10 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «پۈلمىش كانبۇك دۇدۇتۇڭنىڭ ئائىلە قۇلى بولۇش سۈپىتى

① ۋىلادىمىرسوف : «موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم تارىخى» ، ليۇرۇڭلىڭ خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى ، 1980 ـ يىل نەشرى ، 103 ـ بەت .
② يۈەن دىڭ : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىن تاللانما (1) نىڭ داۋامى» ، قەشقەر پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1990 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان .



بىلەن ئۆزىنىڭ خوجايىنى ئۈچۈن ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش لازىم .»[1] بۇ خاتىرىلەر ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يانچىلارنىڭ ئاساسلىقى ئائىلىگە تەۋە قۇل ئىكەنلىكىدەك مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم .

qul بىلەن qarabašتوي قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى قۇرسا بولىدۇ . 11 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇشۇنىڭغا ئائىت مەخسۇس خاتىرە قالدۇرۇلغان : «يولۋاس يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۆتزىنىڭ تۆمۈرچىلىك قىلىدىغان ئائىلە قۇلى بال··· تۇر (bal······ tur) بىلەن تويىنچۇقنىڭ توقۇمىچىسى (a······ilig) (ئىلىك . . . . . ئا) (F̈ ] abči qarabaš) خوجايىنىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي ئەر ـ خوتۇن بولغان . تويىنچۇق بىلەن ئوتزى ئۇلارنى ئايرىۋەتمىگەن ھەم بۇ ئىككى ئائىلە قۇلىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خوجايىنلىرىغا ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى تاپشۇرىدىغانلىقى ، ئايال قۇل ۋە ئەر قۇلنىڭ تالاش ـ تارتىش قىلىشقا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن» .[2] بۇ ھۆججەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلساق ، ئەينى ۋاقىتتا ئائىلە قۇللىرى توي قىلىپ ئائىلە قۇرسا بولىدىغانلىقىنى بايقايمىز . 80 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتىكى خوجايىن سۈتپاقا ئائىلە قۇلى تۇرمىشنى خوتۇنلۇققا ئالغان[3] لىقى ھەققىدىكى خاتىرە بۇ نۇقتىنى يېتەرلىك دەلىللەيدۇ . يانچى ئىگىسىنىڭ (خوجايىن) ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپ ، ئۆز ئالدىغا توي قىلسا ئاجرىشىپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ ، پەقەت ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىقتىسادىي جازاغا ئۇچرايدۇ . خوجايىن بىلەن ئائىلە قۇلى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل نىسبەتەن ئازادە بېقىندىلىق مۇناسىۋەت

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 51 ـ ۋەسىقە ، 86 ~ 88 ـ بەتلەر .
② رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 73 ـ ۋەسىقە ، 125 ـ ، 129 ـ بەتلەر .
③ رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 98 ـ ۋەسىقە ، 169 ~ 171 ـ بەتلەر .

قۇلغا يەتكىلى بولمايدىغان پەۋقۇلئاددە ئارزۇ ـ ئۈمىد ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇرلار رايوندىكى ئائىلە قۇللىرىنىڭ ئۆز مال ـ مۈلكى بولغان . ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 80 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «تۇرمىش (ئائىلە قۇلى ) مېنىڭ ئۆز ئوغلۇمغا ئوخشاش تەڭ ئۈلۈشتىكى مىراسقا ئېرىشىدۇ .»① 108ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە : «مەن توينافسىلا (Toynaqsila ) نىڭ ئائىلە بىساتىمنى ئوغلۇم ۋە ئائىلە قۇلۇم ئانسو تەڭ ئۈلەشسۇن »② دەپ بەلگىلەنگەن . قۇللارنىڭ ئائىلە مۈلكى توغرىسىدا ئېنىز ئېيتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى ئۇلار ئەسلىدىلا قۇلدارلارنىڭ مال ـ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ .

يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەت ماتېرىياللىرىدىن qul , qaraba s , küng قاتارلىق بېقىندى پۇقرالارنى ئاددىيلا قۇل دەپ ئاتىساق بولمايدىغانلىقىنى بىلىمىز . چۈنكى ئۇلار توي قىلىشقا بولۇپلا قالماستىن ، يەنە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مال ـ مۈلكى بولغان . بۇ ئامىللارغا ئاساسلىنىپ ئۇلار قۇللار تەبىقىسىگە تەۋە ئەمەس ، بىراق ئىپتىدائىي كوممۇنا ئەزالىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، ئۇلار ئالىبۇرۇن ھۆكۈمران سىنىپ كونتروللۇقىدىكى ئىزىلىدىغان ، قۇل قىلىنىدىغان ئەمگەك كۈچلىرىدىن بولۇپ قالغان ، دەپ ھۆكۈم چىقارغىلى بولىدۇ . ماركسىنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا ، قۇللۇق تۈزۈم ۋە يانچىلىق تۈزۈم ئىپتىدائىي كوممۇنانىڭ «مۇقەررەر

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 98 ـ ۋەسىقە ، 169 ـ ، 171 ـ بەتلەر .
② С.Е.Малов : «Уйгурские рукописные документы экспедиции С.Х.Ольденбурга», Записки института востоковедения Академии Наук СССР, стр.138 — 140; Ленинград, 1932г. لى جىڭۋېي : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قۇل ئېلىپ سېتىش ۋە ئادەمنى گۆرۈگە قويۇشقا ئائىت بەش پارچە ھۆججەت» ، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ، 1994 ـ يىللىق 8 ـ ، 10 ـ بەتلەر .



ۋە تېگىشلىك نەتىجىسى»① ، شۇڭلاشقا بىز يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى qul,qaraba s,küng قاتارلىقلارنى قۇللۇق تۈزۈم قالدۇق تۈسىگە ئىگە يانچىلىق شەكلىدىكى جىسمانىي بېقىندىلىق مۇناسىۋەت ، دەپ قارىشىمىز كېرەك .

## 2 . يانچىلىقنىڭ مەنبەسى

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى qul, qaraba s بىلەن 10 ~ 12 — ئەسىرلەردىكى موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى بوخول (قۇل ) نىڭ كېلىش مەنبەسى ئوخشىمايدۇ . qul, qarabas ئادەتتە ئېلىپ ـ سېتىش ، سودا ئارقىلىق قولغا كەلگەن ، بوخول ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلارنىڭ خوتۇن — باللىرى ياكى قوۋم ـ قېرىنداشلىرىدۇر .

ھازىر بىز ئاۋۋال يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يانچىلارنى ئېلىپ ـ سېتىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقايلى ، مۇھاكىمە قىلىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن ، بۇلار تۆۋەندىكىدەك جەدۋەللەشتۈرۈلدى :

### ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يانچىلارنى ئېلىپ ـ سېتىش ئەھۋالى جەدۋىلى

| باھاسى | پېشى | جىنسى | سېتىلغۇچىنىڭ ئىسمى | ھۆججەت نامى | ھۆججەتنىڭ جەدۋەلدىكى رەت نومۇرى |
|---|---|---|---|---|---|

① «ماركس . ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 46 ـ توم ، بىرىنچى قىسىم ، خەلق نەشرىياتى ، 1972 ـ يىللىق نەشرى ، 496 ـ بەت .

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 150 پارچە يىرىك بۆز (bōz) | قۇرامىغا يەتكەن | ئايال | قۇتلۇق | ئايال ئېلىپ سېتىش توختامىنىڭ ھۆججىتى | 4 |
| 100 پارچە يىرىك بۆز | قۇرامىغا يەتكەن | ئايال | تۇلات | دىبەك ئېلىپ سېتىش ھۆججىتى | 5 |
| 80 پارچە يىرىك بۆز | 12 ياش | ئايال | تەككۈن | دىبەك ئېلىپ سېتىش ھۆججىتى | 6 |
| 80 سەر كۈمۈش | قۇرامىغا يەتكەن | ئايال | يۇسۇن | دىبەك ئېلىپ سېتىش ھۆججىتى | 7 |
| 47 سەر كۈمۈش | قۇرامىغا يەتكەن | ئايال | قابىن | دىبەك ئېلىپ سېتىش ھۆججىتى | 8 |
| 60 تال تىللا | قۇرامىغا يەتمىگەن | ئەر | مۇبارەك تايچى | ئۆزىنى سېتىش ھۆججىتى | 9 |
| يىرىم ياستۇق كۈمۈش | قۇرامىغا يەتمىگەن | ئەر | يۇلمىش | ئۆز بالىسىنى سېتىش توختامى | 10 |
| 52 پارچە بۆز | قۇرامىغا يەتكەن | ئايال | ئايسان | قۇل ئېلىپ ـ سېتىش ھۆججىتى | 105 |
| 100 پارچە قانىز ۋە بىر تۇياق ئات | 15 ياش | نامەلۇم | تۇرۇك | قۇل ئېلىپ ـ سېتىش ھۆججىتى | 106 |
| نامەلۇم | قۇرامىغا يەتكەن | ئەر | ئاسىر | قۇل ئېلىپ ـ سېتىش ھۆججىتى | 107 |

يۇقىرىقى 10 پارچە ھۆججەتتىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار رايونىدا ئائىلە قۇلىنى ئېلىپ ـ سېتىش دولقۇنى ئىنتايىن ئەۋج ئالغان بولۇپ، قۇلنىڭ باھاسىمۇ ھەر خىل بولغان. يۇقىرىقى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك، بىر دىبەك يۈز پارچە بۆزگە سېتىۋېتىلگەن.① يەنە بىر قېتىم بىر ئاتا ۋە يېشى چوڭراق ئىككى ئوغۇل ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن، كەنجى ئوغۇل ياكى يېشى كىچىك ئىنىسىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان.② 12 ياشلىق بىر

① رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 56 ـ ۋەسىقە، 98 ـ، 99 ـ بەتلەر.
② رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 56 ـ ۋەسىقە، 98 ـ، 99 ـ بەتلەر.



دىبەك 80 پارچە يىرىك بۆزگە سېتىۋېتىلگەن.① يەنە بىر دىبەك 47 سەر كۈمۈشكە سېتىۋېتىلگەن؛② يانچىلارنىڭ باھاسىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلىكىنى مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئۇيغۇرلار رايونىدا يانچىلارنى ئېلىپ ـ سېتىش ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل شەكىلدىن تەركىب تاپقان. بىرى، پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلغان يانچى ئېلىپ ـ سېتىش پائالىيىتى ۋە يانچىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى سىنىپىي بۆلۈنۈشنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ كۈنسېرى مۇكەممەللەشكەن. نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە «خالىسا ئۆزى تۇتسۇن، خالىمىسا باشقىلارغا ساتسۇن»③ دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ بەلگىلىمىلەر شۈبھىسىزكى، يەرلىك ئادەت قانۇنلىرى تەرىپىدىن قوغدالغان، شۇڭلاشقا، يانچىلارنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىش ھادىسىسى ئىنتايىن ئومۇملاشقان. مەسىلەن 5 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە: «مەن قايىمتۇ باشقىلارنىڭ قولىدىن قانۇنلۇق سېتىۋالغان دىبەك تۇلاتنى يەنە سېتىۋەتتىم.»④ دېيىلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە قۇل ئېلىپ ـ سېتىش توختاملىرىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بىر ـ بىرلەپ مىسال كەلتۈرمىدۇق.

ئىككىنچىسى، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى قاتمۇ قات باج ـ سېلىقنىڭ دەستىدىن ئىنتايىن جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرگەن، بەزىلەر يانچى بولۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ qul، qarabaš، küng نىڭ كېلىش مەنبەلىرىنىڭ بىرى.

① رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 110 ـ ۋەسىقە، 206 ـ بەت.
② رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 61 ـ ۋەسىقە، 112 ~ 114 ـ بەتلەر.
③ رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 61 ـ ۋەسىقە، 112 ـ بەت.
④ رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 56 ـ ۋەسىقە، 98 ـ، 99 ـ بەتلەر.

9 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : « . . .يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ، (بىز ) قۇتلۇق ـ تەمۇر ، ئەر تۇغمىش ، توقتامىشلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن يارماق كۈمۈش كېرەك بولۇپ ، سەڭەكدەز ئاكىدىن ئاتمىش ئالتۇن ئېلىپ ، مۇيەرەك لوچ ئاتلىق ئوغلۇمنى مەنكى دادىسى قۇتلۇق تەمۇر ، ئاكىسى ئەر تۇغمىش ، ئاكىسى توقتامىش ئۈچەيلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇۋاپىق ، لايىقىدا ساتتۇق . بۇ ئوغۇل مىڭ يىل تۈمەن كۈنگە قەدەر سەڭەكدەز ئاكىنىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن . خالىسا ئۆزى تۇتسۇن ، خالىمىسا باشقا كىشىگە ئۆتكۈزۈپ ساتسۇن . بىزنىڭ ئونلۇقىمىز ، ئەللىكلىكىمىز ، يۈزلۈكىمىز ، بىز قەرز ئالغانلار (ياكى ) ، بىزگە قەرز بەرگەنلەر ، ئاكىمىز ، ئىنىمىز ، مەيلى كىم بولسۇن ، دەتالاش قىلمىسۇن . »[1]

بۇ بالىسىنى سېتىش توختامىدا ، بالىسىنى سېتىش سەۋەبى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ ، بىراق ئوغلىنى سېتىش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى بۇ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئىنتايىن ئېغىر ئائىلە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ . «ئونلۇقىمىز ، ئەللىكلىكىمىز ، يۈزلۈكىمىز » دىن ئىبارەت 10 نى ئاساسىي بىرلىك قىلغان سۆزلەر يەرلىك مەمۇرىي تەشكىلاتلار بولۇشى كېرەك . ھازىر بار ماتېرىياللاردىن مەلۇمكى ، ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ھەققەتەن ئۆزىنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىنى يەنە باشقا بىر جەمەت گۇرۇھىغا قوللۇققا سېتىپ بەرگەن . مەسىلەن : 36 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ 5 ـ قۇرىدىكى qulqara umīn češ imiz türlüg ulus (يانچى قاتارلىق ئىشەنچلىك شېرىكلەر ئوخشىمىغان جەمەتتىن [كېلىپ چىققان] )[2] دېگەن خاتىرىلەر بۇنىڭ

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر » ، 57 ـ ۋەسىقە ، 100 ~ 101 ـ بەتلەر .
② رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر » ، 14 ـ ۋەسىقە ، 16 ـ ، 18 ـ بەتلەر .



دەلىلىدۇر . دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر مەسىلە شۇكى ، يەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىدا بالا بېقىۋېلىش تۈزۈمى مەۋجۇت بولغان . بۇ خىل ئاسراندى ئوغۇل ئەمەلىيەتتە ئائىلە قۇلى قاتلىمىغا كىرىدۇ .

108 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : ئىنىم antso نى toynaq šilawnti تۇغقىنىمىزغا 20 تەڭگە سۈت ھەققى (نەرخىدە ) ، بېقىۋېلىشقا بەردىم .[1]

بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، بالا بېقىۋېلىش دائىم تۇغقانلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان . سۈت ھەققى (süt s ăwin či ) بېقىۋالغۇچى تۆلەشكە تېگىشلىك بەدەل ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسراندى بالىلىرىنىڭ ئائىلە ئەزالىق سالاھىيىتى بولغان ، ھەتتا پەرزەنتىنىڭ ئورنى قولدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولغان .

1953 ـــ يىلى غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 5 پارچە توختامنى تاپقان . ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچە ھۆججەتتە ، دىڭخۇي تايشى ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ يانچىسىنى سايوشىغا (sayo ši ) سېتىپ بەرگەنلىكى ، ئەجدىھا يىلى سايوشى بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن ، بۇ يانچى بۇنىڭدىن كېيىن «سايوشى» غا تەۋە ، «ئەگەر باشقا ھەر قانداق ئادەم دەتالاش قىلسا ، مەن دىڭخۇي مەسئۇل بولىمەن» دېگەنلىكى[2]

① يامادا نوبۇئو : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دېدەك ۋە بالا بېقىۋېلىش مەزمۇنىدىكى ۋەسىقە» ، «ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات بۆلۈمى خاتىرىلىرى» X V I ، 1972 ـ يىل نەشرى ، 165 ـ 267 ـ بەتلەر ؛ لى جىڭۋېي : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قۇل ئېلىپ ـ سېتىش ۋە ئادەم گۆرۈگە قويۇش مەزمۇنىدىكى بەش پارچە ۋەسىقە» ، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ، 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان ، 8 ~ 10 ـ بەتلەر .
② مەزكۇر ۋەسىقىنى ئەسلىدە فېڭ جىياشېڭ ئېلان قىلغان ، ئۇنىڭ يەشمىسى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1960 ـ يىللىق 6 ـ سانىغا بېسىلغان . «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى توختامنىڭ ئىككى خىلى» ۋە جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1985 ـ يىل نەشر قىلغان «فېڭ جىياشېڭ ماقالىلىرى توپلىمى» دىن كۆرۈڭ ، بۇ يەردە گېڭ شىمىن قايتىدىن يەشكەن تېكىستقا ئاساسلىنىلدى ، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1978 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە توختامنىڭ يەشمىسى» غا قاراڭ .

خاتىرىلىگەن . ئېلىپ - سېتىلغان قول قىلچىمۇ ئەركىنلىكى يوق بېقىندى بويۇم بولۇپ ، خوجايىنىنىڭ شەخسىي مال - مۈلكى دەپ قارالغان .

يېزىلغان دەۋرى نامەلۇم يەنە بىر پارچە توختامدا ، يانچىنىڭ ئورنى تېخىمۇ ئېنىق خاتىرىلەنگەن : «مايمۇن يىلى ئون ئىككىنچى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى مەن تەدمىلىگ (ۋە ) قارا بۇقا ئىككەيلەنگە خىراجەت كېرەك بولۇپ ، قۇتلۇق ئىسىملىك ئايال كىشىنى سېتىپ ، (ئۇنىڭ بەدىلىگە ) قۇتلۇق تەمۈردىن يۈز ئەللىك قېلىن بۆز ئالدۇق . بۇ قۇتلۇق ئىسىملىك ئايال كىشى مىڭ يىل تۈمەن كۈنگە قەدەر قۇتلۇق تۆمۈرنىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن . خالىسا ، ئۆزى تۇتسۇن ؛ خالىمىسا ، باشقا كىشىگە ئۆتكۈزۈپ ساتسۇن . تەدمىلىگ ئاكا - ئۇكىلار ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بۇ ئايال توغرىسىدا دە تالاش قىلىش هوقۇقى يوق . »① ئادەم ئېلىپ - سېتىشقا ئىشلىتىلگەن سۆز - ئىبارىلەر نەرسە ئېلىپ - سېتىشقا ئىشلىتىلگەن سۆز - ئىبارىلەردىن پەرقلەنمەيدۇ . بۇ ئەينى دەۋردە جەمئىيەتتىكى سىنىپىي زىددىيەتنىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈرلەشكەنلىكىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىسى هېسابلىنىدۇ .

هازىر ساقلىنىۋاتقان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىنتۇڭ ئىسىملىك بىر يانچىنى ئېلىپ - سېتىش هۆججىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئەرز قىلغان ئەرز هۆججىتى ئارقىلىق ، كىشىلەر يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى يانچىلار ۋە قۇللارنىڭ تۇرمۇش ئەهۋالىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلەيدۇ . بىنتۇڭ (Bintung ) بۇ يانچىنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى ، ئۇنىڭ خەنزۇچە ئىسمى شەنبىن ، ئۇ ئەسلىدە

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 16 - ۋەسىقە ، 22 ~ 23 - بەتلەر .



ساتقۇچى ئاداي تۇتۇڭنىڭ چاكىرى ئىدى . ئاداي قەغەز پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغاچقا ، بىنتۇڭنى خەنزۇچە ئىسمى «تاسان تۇتۇڭ» ، ئۇيغۇرچە ئىسمى شىۋساي تايشى (siwsaiTai si ) بولغان بىرسىگە سېتىپ بەرگەن . دەسلىپىدە 8 ياستۇق پۇل تاپشۇرغان . كېيىن يەنە بىر ياستۇق قوشۇپ بېرىلگەن . شۇڭلاشقا بىنتۇڭنىڭ باهاسى 9 ياستۇق پۇل بولغان . شۇنىڭدىن باشلاپ بىنتۇڭ شىۋساي تايشىغا مەڭگۈلۈك تەۋە بولغان . ئېلىپ - سېتىش توختامىدا شىۋساي خالىسا ئۆزى تۇتسۇن ، خالىمىسا ، باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ ساتسۇن . ئەسلىدىكى خوجايىن ئاداي تۇتۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق — تۇغقانلىرى دەتالاش قىلمىسۇن دەپ بەلگىلەنگەن . دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، ئېلىپ - ساتقۇچى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توختام تۈزۈپلا قالماستىن ، يەنە بىنتۇڭ ۋە ئۇنىڭ يېڭى خوجايىنى شىۋساي تايشى ئوتتۇرىسىدىمۇ توختام تۈزۈلگەن . توختامدا ، مەن شىۋساي تايشى «9 ياستۇق پۇلغا ئىدىقۇتلۇق ئاداي تۇتۇڭنىڭ ئىلكىدىكى بىنتۇڭ ئىسىملىك ، ساۋاتلىق 40 ياشلىق قىتان ئەرنى سېتىۋالدىم» . چوڭ ئوغلۇم (uluɤ oɤul ) سۆپىتىدە ئائىلىدىن خەۋەر ئالىدۇ ، سېتىۋالغۇچى ئەر - خوتۇنلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئەگەر بىنتۇڭ بىلەن شىۋساي تايشىنىڭ ئوغۇللىرى چىقىشالمىسا «بىنتۇڭنى مېنىڭ ئائىلەمدىكى هەر قانداق ئادەمگە سېتىشقا بولمايدۇ ، ئۇنىڭغا ئەركىنلىك بېرىش كېرەك» دېيىلگەن . شۇنداق قىلىپ بىنتۇڭ يېڭى خوجايىنىنىڭ ئائىلىسىدە ئاسراندى ئوغۇللۇق سالاهىيىتى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ ، ئەسلىدىكى خوجايىنى ئاداي تۇتۇڭنىڭ ئائىلىسىدە قول بولغانغا قارىغاندا باياشاتراق ياشىغان . بىراق شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا توختامدا يەنە ، يېڭى خوجايىنى ئەگەر خالىمىسا ، ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان بالىسىنى سېتىۋەتسە بولىدۇ ، بېقىۋالغان ئاتىسىنىڭ

پەرزەنتلىرىنىڭلا بۇنداق قىلىش ھوقۇقى يوق، دېيىلگەن.

«بىنتۇڭنىڭ خوجايىنى ئۈستىدىن قىلغان شىكايەتنامىسى» دىن بىنتۇڭنىڭ كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىنغانلىقى ھەم ئەركىن ئادەمگە ئايلانغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بېقىۋالغان بالىدىن ئەركىن ئادەمگە ئايلىنىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشى، مىڭبېگىنىڭ تامغا بېسىشىغا توغرا كېلىدۇ. ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان، پومېشچىك زومىگەرلەرنىڭ قول قىلىپ ئېزىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ، جاپالىق ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق، ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىنغان پۇلنى قايتۇرۇشقا[1] مەجبۇر بولغان.

نېمە ئۈچۈن دائىم پەرزەنتلىرىنى قۇللۇققا ساتىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر پەيدا بولىدۇ؟ بۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتىكى كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن جاۋاب ئىزدىشىمىز لازىم. موڭغۇل - يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونى ئۇرۇش ئوتى ۋە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا پېتىپ قالغان بولۇپ، ئېغىر ئەسكەر سېلىقى، ئالۋان - ياساق ۋە ھەر خىل باج - سېلىقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇرلار رايونىدا يەرنىڭ مو سانى بويىچە باج ئېلىشقا پەرمان چۈشۈرگەن»[2]. پەقەت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە كۆزگە چېلىقىدىغان تۈرلۈك - تۈمەن باجلارنىڭ نامىلا 23 خىلدىن ئارتۇق ئىدى. قۇبلاي بىلەن ئارىك بۇقا

① تېنىشېۋ، فېڭ جياشېڭ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىنتۇڭ (شەنبىن) نىڭ ئۆزىنى سېتىش ھۆججىتىنىڭ ئۈچىنچى ئىگىسى ئۈستىدىن قىلغان شىكايەتنامە»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1958 - يىللىق 2 - سانى؛ گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە توختامنىڭ يەشمىسى».

② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 10 - جىلد «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (7)».



ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش ئۇرۇشى ۋە قايدۇ توپىلىڭى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى جايلاردا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ھەددى - ھېسابسىز بالايى - ئاپەتكە دۇچار قىلغان. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار قول بولۇپ جاپا - مۇشەققەت تارتىپلا قالماستىن، تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كۆپ قېتىم «ئەمەلدار ئەۋەتىپ ئۇيغۇرلارنى يىغقان»[1]، ياكى «كوراگان (خان كۈيئوغلى) ئىدىقۇتقا تاراپ كەتكەن ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى يىغىش پەرمانىنى چۈشۈرگەن»[2]. لېكىن ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىدە ئۇيغۇرلار رايونى «مىڭ چاقىرىمغىچە خوراز ئۈنى ئاڭلانمايدىغان، دەشت، چۆل - باياۋان» غا ئايلانغانىدى. ئىدىقۇت رايونى كۆپ قېتىم توپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرىغاچقا، شەھەرنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولماي بىر پارچە خارابىلىقلا قالغان. باشقا رايونلار مەسىلەن، بېشبالىق، يارغول قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرمۇ زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان[3] مانا بۇ ئەينى ۋاقىتتا يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشىدۇر. كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن، ئائىلە - مۈلكىنى سېتىۋېتىش (مەسىلەن: ئۈزۈمزارلىق، سۇ، ئۆي قاتارلىقلار)، يەرلىرىنى سېتىۋېتىش، ھەتتا يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز پۇل ئېلىشقا مەجبۇر بولغان. ئاساسىي تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىدىن

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 16 - جىلد، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (13)».

② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 19 - جىلد، «چېڭزۇڭ ھەققىدە خاتىرە (2)».

③ م. كۇرۇتكوۋ: «موڭغۇللارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى»، «موڭغۇل تارىخى تەتقىقاتىغا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»، يېڭىدىن تۈزۈلگەن 37 - قىسىم، 1985 - يىل شاپىگراف باسما، 9 -، 10 - بەتلەر.

مەھرۇم بولغان ئۇيغۇر ئاھالىلىرى فېئوداللارنىڭ «ئىنجۇ»[1] يېرىگە تايىنىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، in cü يېرىنى ئىگىلىگۈچىلەرنىڭ بېقىندى دېھقانلىرىغا ئايلانغان. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تېرىكچىلىك ئۈچۈن، ئۆز تۇغقانلىرىنى قۇللۇققا سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولغان. 108 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە ئېنىقلا: «ئاكام جان بېقىش ئۈچۈنلا ئىنىسىنى باشقىلارغا ئاسراندى ئوغۇللۇققا سېتىپ بەردى» دېيىلگەن. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مىسال ئېلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

نېمە ئۈچۈن ھېچنېمىسى قالمىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاھالىلىرى in cü يېرىگە[2] بېقىنىدۇ؟ بۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك مەسىلە، بىزگە ئايانكى، «ئىنجۇ» يېرى ئەمەلىيەتتە خانىنىڭ ئۆز جەمەتىدىكىلەرگە بۆلۈپ بەرگەن سۇيۇرغال يەر، شۇ سەۋەبتىن بۇ تەسىر دائىرە ئىچىدىكى ئاھالىلەر بۇ سۇيۇرغال يەرنىڭ ئىگىسى (خوجايىنى) نىڭ بىۋاستە بېقىندى ئاھالىسىگە (يانچىسىغا) ئايلانغان. ئۇلار ئەسلىدە ئۆزىنىڭ خوجىسىغىلا مەسئۇل بولاتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ بېقىندىسى يەنى يانچىسىنىڭ «قالان» بېجى كەچۈرۈم قىلىناتتى. ھۆججەتلەر جەدۋىلىدىكى 1 ـــ نومۇرلۇق ھۆججەت «يانچىنىڭ باج كەچۈرۈم قىلىش ئىلتىماسنامىسى» بولۇپ، بۇ ھۆججەت مۇشۇ خىل ئەھۋالنى

① ياۋدالى: «موڭغۇل ـ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ۋەسىقىلىرىدىكى «ئىنجۇ» مەسىلىسى»، «نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991 ـ يىللىق 2 ـ سان، كلارك «13 ~ 14 ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر تەتقىقاتىغا كىرىش»، 429 ـ 430 ـ بەتلەر، 439 ـ 441 ـ بەتلەر.

② in cü يېرى ھۆكۈمرانلارنىڭ تۇغقانلىرىغا قاراشلىق ئۈلۈشلۈك يەرنى كۆرسىتىدۇ، موڭغۇل تىلىدىكى «قوبى» غا تەڭداش كېلىدۇ، موڭغۇللارنىڭ بۈيۈك قاغانى خان جەمەتى ۋە تۇغقانلىرىغا بۆلۈپ بەرگەن ئاھالە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران رايونىدا inju nopus دەپ ئاتالغان. Zeki Velide Toghan: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، ئىستانبول، 1964 ـ يىل نەشرى، 278 ـ 279 ـ بەتلەرگە قاراڭ، ياۋ دالى ئەپەندى موڭغۇل ـ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تۈرك تىلىدىكى «ئىنجۇ» مەلۇم شەكىلدىكى يەر مۈلۈكچىلىكى ۋە مۇشۇ خىل يەرلەردىكى بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ كۆرسەتكەن، ياۋ دالىنىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىسىگە قاراڭ.



ئېنىق ئەكس ئەتتۈرگەن:

«قالان بېجى يىغىشقا كەلگەندە، سۇيۇرغال يەرلەردىكى يانچىلاردىن باج يىغمىغان: ئېسەن بۇقا مەزگىلىدە، ئۇلۇغ ئىدىقۇت قىتاي . . . ئەلچىلەردىن باج ئالغان بولسىمۇ، بىراق سۇيۇرغال يەرلەردىكى يانچىلاردىن قالان بېجى يىغمىغان . . . كۆبەك خان مەزگىلىدە، يابغۇ، بەگلەر قالان بېجى يىغقاندىمۇ، سۇيۇرغال يەرلەردىكى يانچىلاردىن قالان بېجى يىغمىغان.»[1] بۇ ھۆججەتتە چاغاتاي خانلىقى مەزگىلىدە توققۇز نەپەر موڭغۇل باج ئەمەلدارى تۇرپان رايونىدىكى سۇيۇرغال يەرلەردىكى يانچىلاردىن باج ئالمىغانلىق ئەھۋالى بايان قىلىنغان. بىراق كېيىن ئۇلارمۇ خانغا قالان بېجى تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇڭلاشقا بىر يانچى چاغاتاي خان تۇغلۇق تېمۇر (1348 ـ 1363) گە مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يۈكىنىڭ ئېغىرلىقىدىن شىكايەت قىلغان. بۇ ھۆججەت شۈبھىسىزكى: «ئىنجۇ» يېرىدىكى بېقىندى دېھقانلارنىڭ دەسلەپتە ئۆزىنىڭ فېئودال خوجىلىرىنىڭ ئالۋان بېجى ۋە ياساق بېجىنىلا ئۈستىگە ئېلىپ، خانىنىڭ قالان بېجىنى ئۈستىگە ئالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. فېئودال يانچىلارغا بېقىندىغانلارنى قالان بېجىنىڭ ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ۋە كەچۈرۈم قىلىشقا بولغانىكەن، باج، ئالۋان ـ ياساقنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە چىدىيالمىغان ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن فېئوداللارغا بېقىنىپ، ۋاقىتلىق خاتىرجەملىككە ئېرىشمەكنى ئىستىگەن.

يۇقىرىقى بايانلاردىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يانچىلارنىڭ ئاساسلىق ئۈچ كېلىش مەنبەسى بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇلار ئېلىپ ـ سېتىش ئارقىلىق قولغا كەلگەن يانچىلار، ئەركىن

① رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 22 ـ ۋەسىقە، 28 ~ 32 ـ بەتلەر.

پۇقرالار فېئوداللارغا بېقىنىپ، بېقىندى مۇناسىۋەت شەكىللەنگەندىن كېيىن تەدرىجىي ئۆزگەرگەن يانچىلار ۋە ئۆزلۈكىدىن يانچىدارلارغا بېقىنغان يانچىلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يانچىلارنىڭ بىر قانچە كېلىش مەنبەسىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

بىرى، تارتۇق قىلىنغان يانچىلار، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئۇچۇن تۆھپە كۆرسەتكەن ئۇيغۇرلار سۇيۇرغال يەرلەرگە ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يانچىلارغىمۇ ئىگە بولاتتى. مەسىلەن: كۆل بىكەچ چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ ھەربىي يۈرۈشكە قاتنىشىپ تۆھپە كۆرسەتكەنلىكتىن كاتتا ئىنئامغا ئېرىشىپ، «كۈنلۈ شەھىرى (بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى كورلا) نىڭ دارۇغاچىلىقىغا تەيىنلەشنى تەلەپ قىلغان. (خان) ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان، يەنە 200 ئائىلىلىك تېرىقچى دېھقانىنى ھەدىيە قىلغان.»①

ئىككىنچىسى، قەرزدار يانچىلار، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىدا جازانىخورلۇق راسا ئەۋج ئالغان، جازانە ئۆسۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، جۇڭگو تارىخىدا بۇنداق ئەھۋال ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ. خۇددى ئېچكىرىدىكى قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان ئاھالىلەرگە ئوخشاش، ئۇلار «دائىم ئائىلىسى ۋەيران بولۇپ، سەرگەردان بولۇپ كېتەتتى، ھەتتا خوتۇن، بالا-چاقىلىرىنى قەرزگە تۇتۇپ بېرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئەسلى-ۋەسلىدىن ئايرىلاتتى»②، ئاخىرى يانچى بولۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

ئۈچىنچىدىن، يانچىلار نوپۇسىنىڭ تەبىئىي ئېشىشى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يانچىلار سانىنىڭ كۆپىيىشىدىكى يەنە

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 134-جىلد، «شەيياننىڭ تەرجىمىھالى».
② سۇڭ زىجېن: «ھۆدەيچى ياللۇغ تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «يۈەن مەكتۇپلىرى»، 57-جىلد.



بىر ئامىل ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئادەم ئېلىپ-سېتىش توختام ھۆججىتىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ۋارىسلىق قىلىش ئۇيغۇر يانچىلىرىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى. ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئۆزىنى سېتىپ قۇل بولغاندىن كېيىن، «سېتىۋالغۇچىغا مەڭگۈ تەۋە بولغان، خالىمىسا باشقىلارغا سېتىۋەتكەن»① بۇ خىل يانچىلارنى ئېلىپ-سېتىش تۈزۈمى ھەتتا يەرلىك ئادەت قانۇنلىرى تەرىپىدىن قوغدالغان. يۇقىرىقى تېكىستتە نەقىل ئېلىنغان 11-نومۇرلۇق ھۆججەتتە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان بىر تۆمۈرچى قۇل بىلەن بىر توقۇمىچى ئايال توي قىلغانلىقىدەك تارىخىي پاكىت خاتىرىلەنگەن. نىكاھلىنىش ئۇلارنىڭ جىسمانىي بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئۇلار يەنىلا ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆزلىرىنىڭ خوجايىنلىرىغا بېقىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى شۈبھىسىزكى مۇستەقىل سالاھىيىتى يوق ھەم يەككە ئائىلىگە قاراشلىق بېقىندى نوپۇسقا ئايلىنىدۇ.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تاكى ئازادلىق ھارپىسىغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، قاراقاش، لوپ قاتارلىق جايلاردا يەنىلا يانچىلىق تۈزۈمى مەۋجۇت بولغان، ھەتتا «قۇل» دېگەن بۇ سۆزمۇ داۋاملىق قوللىنىلغان ياكى 1949-يىلىغىچە داۋاملاشقان. قاراقاش ناھىيىسىنىڭ شاھىبرىق يېزىسىدىكى 15 ئائىلە «خوجا» (ئاقسۆڭەك، يانچىدارمۇ دېيىلىدۇ) نىڭ 19 نەپەر «قۇل» ى بولغان. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتناشمايتتى. پەقەت خوجا ئائىلىسىدىلا ئۆششاق-چۈششەك ئىشلارنى قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەئەللۇق خۇسۇسىي مۈلكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ

① رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 110-ۋەسىقە، 206-بەت.

ئائىلىسى بار ئىدى.① بۇ دەۋردىكى يانچىلىق تۇزۇمىنى يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ناھايىتى چوڭ پەرق بولىسىمۇ، بىز بۇنىڭلىق بىلەن يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ يانچىلىق تۇزۇمىنى زورمۇ زور سېلىشتۇرمايمىز. بىراق بىر نۇقتىنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا جامەسىدىكى يانچىلىق تۇزۇمى يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردىكى يانچىلىق تۇزۇمىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدۇر. بۇ قالاق فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۇزۇمىنىڭ مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغانلىقىدەك پاكىت ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى، بولۇپمۇ يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يانچىلىق تۇزۇمىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىشىمىزنى مىللەتشۇناسلىق جەھەتتىكى ئىنتايىن مول خام ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى.

## §7 . يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇش

موڭغۇل يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ئۇيغۇرلار تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ماتېرىياللارنىڭ پارچە - پۇراتلىقىدىن ئاغرىناتتى. ئۇيغۇرلارغا ئائىت كۆپلىگەن ئىقتىسادىي ھۆججەتلەرنىڭ بايقىلىشى ۋە تەرجىمە قىلىنىشى تەتقىقاتىمىزغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. بۇ پاراگرافتا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان موڭغۇل يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە

① جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى تەشۋىقات بۆلۈمى تەتقىقات ئىشخانىسى: «قاراقاش ناھىيىسى شاھ ئېرىق يېزىسىدىكى يانچىلىق تۇزۇمى»، «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېزا جەمئىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1953 - يىل، 3 -، 25 - بەتلەر.



ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۇرمۇشى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز.

## بىرىنچى دېھقانچىلىق

### (1) دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى

يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى قاراقوچو (بۈگۈنكى تۇرپان) ۋە بېشبالىق (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جىمسار) نى مەركەز قىلغان شەرقىي رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان. بۇ جايلار ئەسلىدە قوچو ئۇيغۇرلىرى ياشىغان زېمىن بولۇپ، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار يۇرتى، بۇ جاينىڭ ئاھالىسى ئۇيغۇرلار دەپ ئاتالغان.① بۇ جايلارنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، بۇغداي يىلدا ئىككى قېتىم پىشاتتى.② بۇ جايلاردا كېۋەز تېرىش تارىخى جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن كېيىن ئەمەس ئىدى. «لياڭنامە» 54 - جىلد «قوچو تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «قوچودا ئوت - چۆپلەر كۆپ، ئوت - چۆپلەر خۇددى غوزەككە ئوخشايدۇ، غوزەكتىن ئىنچىكە زەر يىپ توقۇيدۇ، بۇ ئاق پىلە دېيىلىدۇ، بۇ ئەلدىكىلەر بۇنىڭدىن كاناپ

① شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكىلەر ئەسلىدە پامىر ئۇيغۇرلىرى بولۇپ، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ رايوندىكىلەر ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن)لۇقلار، قەشقەر (ھازىرقى قەشقەر) لىكلەر دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ شەرقىدە يەنە قومۇل دېگەن بىر جاي بار، بۇ جاينىڭ ئاھالىسى قومۇللۇقلار دېيىلگەن. ئادەتتە تۇرلۇك ئەسەرلەردە 畏兀儿 بىلەن 维吾尔族 تەڭداش مەنىدە قوللىنىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. ئۇيغۇرلار (畏兀儿) ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ (维吾尔族) نىڭ بىر تەركىبىي قىسمى خالاس. بۇ توغرىسىدا، چېن گاۋخۇا ئەپەندى بۇرۇنلا تەھلىل يۈرگۈزگەن، «يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇلار رايونىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى»، «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1977 - يىل نەشرى، گە قاراڭ. قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا، ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، 152 -، 153 - بەتلەرگە، خۇاتاۋ: «10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربىي قىسىم تېررىتورىيىسى»، «تارىخ جۇغراپىيە»، 10 - سان، 1992 - يىل نەشرىگە قاراڭ.

② يې لۇڭلى: «قىتان دۆلىتىنىڭ تەزكىرىسى»، 26 - جىلد، «قوچو ئېلى»، جياجىڭيەن قاتارلىقلار سېلىشتۇرغان نۇسخا، شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

توقۇلىدۇ . كاناپ يۇمشاق ئاپئاق بولۇپ ، بازاردا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ » . «ئاق پىلە» ( 白叠 ) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى pahta (پاختا ) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى . ئالىملارنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى دەلىللىشىگە ئاساسلانغاندا ، تەخمىنەن بۇنىڭدىن 1400— 1500 يىللار ئىلگىرى قوچو رايونىدا پاختا تېرىش ئالىبۇرۇن ئومۇملاشقان .① ئۇنىڭدىن باشقا ، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپاننىڭ قارا غوجا يېزىسىدىكى 9 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر نەچچە پارچە رەڭلىك تام رەسىمىنى تاپقان ، تام رەسىمدە ئېتىزلىقتىن باشقا يەنە ئۈزۈملۈكمۇ سىزىلغان . بۇ قوچو ۋىلايىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۆپ مىقداردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىگىلىگەندىن تاشقىرى ، يەنە ئۈزۈمچىلىك (ئاساسلىقى مۇسەللەس ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ )② بىلەنمۇ شۇغۇللانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا ، بۇ يەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي ، شال ، ئارپا ، كۆممىقوناق ، پۇرچاق قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە پاختا ، ئۈزۈم ، قوغۇن ـ تاۋۇز ، كۈنجۈت قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر بار بولغان .

1 . ئۈزۈم ۋە مۇسەللەس

خەنزۇ تىلىدىكى « 葡萄 » (ئۈزۈم ) دېگەن سۆز پارس تىلىدىكى atab (ئۈزۈم شەربىتى ياكى شاراب ) نىڭ

① سابىت ئەخمەت : «ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى پاختا تېرىقچىلىقى ۋە توقۇمىچىلىقىغا نەزەر» ، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1973 ـ يىللىق 10 ـ سان .

② شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي تۈزگەن : «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى ، 1978 ـ يىللىق نەشرى 30 ~ 31 ـ بەتلەر .



ترانسكرىپسىيىسىدىن كەلگەن .① خەنزۇچە مەنبەلەردىن سىما چيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» دە ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم ھارىقى توغرىسىدا ئەڭ بۇرۇن خاتىرە قالدۇرۇلغان . «تارىخىي خاتىرىلەر» دە : «پەرغانە . . . (لىكلەر ) دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ شال ، بۇغداي تېرىيدىكەن ، ئۈزۈم شارابى چىقىرىدىكەن» دېيىلگەن . يەنە : «پەرغانە ئەتراپلىرىدا ئۈزۈمدىن شاراب چىقىرىدىكەن . بايلار ئون نەچچە مىڭ كۈب شاراب ساقلايدىكەن ، ئۇزاق بولغاندا نەچچە ئون يىل ساقلايدىكەن» ② دېيىلگەن . شۇنىڭدىن كېيىن تۇرپاندا ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەر تارىخنامىلەردە زىكىر قىلىنىپ كەلگەن . «يېڭى تاڭنامە ، جۇغراپىيە تەزكىرىسى» (غەربىي ئايماق قىسمى ) دا «تۇرپان ‹ئۈزۈم › تەقدىم قىلدى» دېيىلگەن . «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇسى» نىڭ 844 ـ جىلد ئوزۇق ـ تۈلۈك قىسمى ھاراق ـ شاراب بۆلۈمىدە «تاڭنامە» دىن نەقىل ئېلىپ : «قوچودىن ئات ، سۇت ،ئۈزۈم ، شاپتۇل چىقىدۇ» دېيىلگەن . تۇرپان ئاستانىدىكى 152 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن ئىككى پارچە «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ئىلتىجانامىسى»چىققان ، ئاستانىدىكى 155 ـ نومۇرلۇق ۋە 320 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن

① يانۇشى خېملۇسكىي يازغان ، گاۋ مىڭكەي خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان : «ئۈزۈم سۆزىنى مىسال قىلىپ قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىدىكى باشقا تىلدىن كىرگەن سۆزلەر مەسىلىسى ھەققىدە ئىزدىنىش» ، «بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1957 ـ يىللىق 1 ـ سان ؛ يى ليەنلياڭ : «يىپەك يولىدىكى مول ھوسۇل — جۇڭگو ـ ئىران مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى» ، جۇ يىلاڭ باش مۇھەررىرلىكىدىكى «جۇڭگو ـ چەت ئەل مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى» كە كىرگۈزۈلگەن ، خېنەن خەلق نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل نەشرى ، 253 ـ بەت جۇ جېنەدى ، يۇ رۇجىلار 葡萄 سۆزىنى پارس تىلىدىكى bupawa دىن كەلگەن دەپ قارىغان ، «شىۋە ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى» ، 5 ـ باب ، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى ؛ لىۋ يىڭشېڭ «ئۇيغۇر مەھكىمىسى سۆزلۈكى» ، «ئۇيغۇر مەھكىمىسى تەرجىمە سۆزلۈكى» دىكى « 花木门 »غا سېلىشتۇرما شەرھ ئىشلەش ئارقىلىق «ئانگۇرى» «ئەنگۇر» پارس تىلىدىكى angur نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ، ئەمەلىيەتتە ئۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىغان ؛ نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى «جۇڭگو تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى» نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن : «پروفېسسور ياڭ جىجيۇنىڭ 80 ياشقا توشقانلىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈزۈلگەن جۇڭگو تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى» ، تيەنجىن قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل نەشرى ، 311 ـ بەتكە قاراڭ .

② «تارىخىي خاتىرىلەر» ، 123 ـ جىلد ، «پەرغانە تەزكىرىسى» .

«يەنشۈ 2 ـ يىلى (625 ـ يىلى ) جاڭ شىئېرنىڭ ئىجارە مەي تاپشۇرۇش خاتىرىسى » ۋە «قوچولۇق جاڭپۇۋشۇن قاتارلىقلارنىڭ ئۈزۈملۈكىنىڭ مو سانى بويىچە ئىجارە مەي تاپشۇرۇش تىزىملىكى » چىققان ، بۇ قوچو دۆلەت خەزىنىسىگە باج ـ سېلىق ھېسابىدا مۇسەللەس يىغىلىدىغانلىقى ۋە زور مىقداردا ساقلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ[1] . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئۈزۈم تېرىش كۆلىمى يەنىمۇ كېڭەيگەن . ئوردىدىكى فېئودال خوجىلار ئىچىدىمۇ ئۈزۈملۈك باشقۇرىدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى ، شەخسلەر ئارىسىدا ئۈزۈملۈك ئېلىپ ـ سېتىش ۋە مۇسەللەس ئىچىتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن . مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئىچىدىكى ئون نەچچە پارچە ھۆججەتتە ئۈزۈم تېرىش ۋە ئۈزۈملۈكنى باشقۇرۇش تىلغا ئېلىنغان .

بىر پارچە ھۆججەتتە مەلۇم ئۈزۈملۈكنىڭ پاسىلى تىلغا ئېلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن : «ئۇنىڭ ئالدى تەرىپى قارا تېمۇرنىڭ ئۈزۈملۈكىنىڭ پاسىلىغىچە ، ئۈستى ، ئاستى تەرەپلىرى دەريا بويىغا تۇتىشىدۇ . تاغقا قارىغان تەرىپى بىر پارچە تاشلىنىپ قالغان ئۈزۈملۈك بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ . »[2] مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شەخسلەر ئۈزۈملۈكىنىڭ پاسىلى ئايرىلغان ھۆججەتتىن يەنە بىر قانچە پارچە بار ،[3] بىر ـ بىرلەپ مىسال كەلتۈرمەيمىز .

① تاڭ چاڭرۇ : «تۇرپاندىن يېڭىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش » ، «شەنجۇ قولىيازمىلىرى » غا كىرگۈزۈلگەن ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1989 ـ يىل نەشرى ، 319 ـ 320 ـ بەتلەر .
② رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر » ، 13 ـ ۋەسىقە ، 15 ـ ، 16 ـ بەتلەر .
③ رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر » ، 30 ـ ۋەسىقە ، 45 ~ 46 ـ بەتلەر .



ئۈزۈم (üzüm ) [1] بىر خىل مېۋە ، قېقىنى يېگىلى ، شاراب ياسىغىلى بولىدۇ . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە مۇسەللەس «بور » (bor ) دېيىلگەن . مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەھسۇلاتلار ئۇيغۇرلار زېمىنىدا ۋە خەنزۇلار رايونىدا تولۇقلىما تاۋار ۋە باج ئورنىدا ئېلىنغان . قادىرنىڭ مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىغا ئىنئام بېرىش ھۆججىتىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «ئىبادەتخانىنىڭ ئۈزۈملۈكىدىن bor بېجى ۋە ئۈزۈم بېجى ئېلىنمايدۇ »[2] . بىر پارچە ياللاش توختامىدا ، ئارا تېمۇر تورىغا ئۈزۈملۈكىنى ئىجارىگە بەرگەندىن كېيىن ، (تورى ) ئىجارە پۇلى ئۈچۈن 60 tāmbin (بىر خىل چوڭ قاچا ) ھاراق قايتۇرىدۇ دېيىلگەن .[3] بورنىڭ ئوبوروت ۋاستىسى قىلىنغانلىقىدىن ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنىنى تولۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . بور ئىچىتىش ھەققىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شيۇڭ مېڭشياڭ «شىجىن تەزكىرىسى . ماددىي مەھسۇلاتلار » قىسمىدا ئىنتايىن تەپسىلىي شەرھ بەرگەن . بور قارا قوچودا كۆپ ئىشلەپچىقىرىلاتتى . راشىددىننىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ » تا بايان قىلىنىشىچە : «قارا قوچو ئۇيغۇر شەھىرى ، ئەسلى شاراب چىقىدىغان جاي ئىدى . »[4] يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە قوسقوي تۈزگەن «تائام تەييارلاش دەستۇرى » يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوردا تائاملىرى توغرىسىدىكى قىممەتلىك يازما ھۆججەت بولۇپ ، جۇڭگو يېمەك

① «ئىدىقۇت مەھكىمىسى تەرجىمە سۆزلۈكى» ۋە «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دە « 花木门 » üzüm ئۈزۈم دەپ خاتىرىلەنگەن ( «بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى قەدىمكى كىتابلارنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان نۇسخىلىرى مەجمۇئەسى» 6 ، 376 ـ ، 426 ـ بەتلەرگە قاراڭ ) «ئۈزۈم» ۋە (قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ) دىكى «ئۈزۈم 与傻 » تۈرك تىلىدىكى üzüm «ئۈزۈم» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى» ؛ ليۇ يىڭشېڭ : «ئۇيغۇر مەھكىمىسى سۆزلۈكى» ۋە ئۇيغۇر مەھكىمىسى تەرجىمە سۆزلۈكى» دىكى « 花木门 » غا سېلىشتۇرما شەرھ» ، «جۇڭگو تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن ، تيەنجىن قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل نەشرى ، 326 ـ بەتكە قاراڭ .
② رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر » ، 88 ـ ۋەسىقە ، 143 ـ ، 148 ـ بەتلەر .
③ رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر » ، 6 ـ ۋەسىقە ، 6 ـ بەت .
④ راشىددىن : «جامىئۇل تەۋارىخ » (رۇسچە تەرجىمىسى ) ، 2 ـ توم 185 ـ بەت .

- ئىچمەك تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە . بۇ كىتابتا مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «تىبەت ، پىڭياڭ ، تەييۇەنلەرنىڭ شارابلىرىنىڭ ھېچقايسىسى قارا قوچودىن چىققىدىغىنىغا يەتمەيدۇ .»[①] يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىشلەپچىقىرىلغان بور يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتكە كۆپ مىقداردا تەقدىم قىلىنغان بولۇپ ، بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەرمۇ تارىخنامىلەردە ئۇزۇلمەي خاتىرىلىنىپ كەلگەن .

تەيدىڭنىڭ تۇنجى يىلى (1324 - يىلى ) 2 - ئايدا «قوچو خانى ئىدىقۇت تېمۇر بۇقا ئەلچى ئەۋەتىپ بور تەقدىم قىلدى »[②] جىشۇننىڭ تۇنجى يىلى (1330 - يىلى ) «تىبەت ، قارا قوچو بور تەقدىم قىلدى »[③] . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ بور ئېچىتىش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش ، شۈبھىسىزكى ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ خەلقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتقان .[④] ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ هاراق ئېچىتىش تېخنىكىسىنىڭ خەنزۇلار رايونىدا قانداق تارقالغانلىقى ۋە ئىچكىرى رايونلارنىڭ ئۈزۈم تېرىش كۆلىمى مەسىلىسىنى ئايرىم مۇھاكىمە قىلىمىز ، بۇ يەردە توختالمايمىز .

ئۈزۈمدىن بور ياساشتىن باشقا يەنە ، مۇراببا (sü čük ) ۋە ئاچچىقسۇ (borvsirk ä )[⑤] ھەم شەربەت (sh ärb ät) ياكى

① قوسقوي : «تائام تەييارلاش دەستۇرى» ، 3 - جىلد ، شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى ، 1990 - يىل نەشرى ، 216 - بەت .
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 29 - جىلد ، «پادىشاھ تەيدىڭ ھەققىدە خاتىرە» .
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 34 - جىلد ، «ۋېنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» .
④ يەن سۇنرېن : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇسەللەس ھەققىدە مۇھاكىمە» ، «موڭغۇل تارىخى ئوچېرىكلىرى» ، بەيلىن كىتابچىلىقى ، 3 ~ 13 - بەتلەر .
⑤ گابائىن : «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» (850 - 1250 - يىللار ) ، زو رۇشەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، تۇرپان يەرلىك تەزكىرە تۈزۈش ئىشخانىسى ، 1989 - يىل نەشرى ، 42 - بەت .



(sharabat )[①] ، ئۈزۈم ئىچىملىكى[②] ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ .

2 . پاختا

پاختا مۇھىم ئىقتىسادىي زىرائەت بولۇپ ، خەنزۇچە «ئاق پىلە» ( 白叠 ) ياكى «تولۇما» دەپ ئاتالغان . يەرلىكلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ يىپ ئىگىرىپ رەخت توقۇغان ، پاختا كىيىملەرنى تىككەن . «لياڭنامە . غەربىي - شىمالدىكى رۇڭ قەبىلىلىرى ھەققىدە قىسسە» دە : «قوچو خانلىقى... ئوت - چۆپ مول ، دەل - دەرەخلەر بولۇق ئۆسىدىغان ئەل ، غوزەككە ئوخشاش بىر خىل ئوت بار ، غوزەكتىن ئىنچىكە زەر يىپ توقۇلىدۇ ، بۇ پاختا دېيىلىدۇ . بۇ ئەلدىكىلەر بۇنىڭدىن ماتا توقۇيدۇ . بۇ خىل ماتا ناھايىتى يۇمشاق ھەم ئاپئاق بولۇپ ، بازاردا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئاق پاختا» ( 白迭 ) سانسكرىت تىلىدىكى «bhardvji» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ، «كېيىنكى خەننامە . غەربىي جەنۇبتىكى يىلار ھەققىدە قىسسە» دە «بودىيې 帛迭 » دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان ، ياۋا پاختا دېگەن مەنىدە ، بۇ خىل ياۋا پاختا دەل ئەرەب كېۋىزى ( Gossypium herbaceum )دۇر . شىنجاڭنىڭ مارالبېشىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت پاختا تېپىلغان . تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ئاساسلانغاندا بۇ ئەرەپ كېۋىزى[③] ئىكەن . ئەرەب كېۋىزى ئەسلىدە

① چېن گاۋخوا : «يەنە شەربەت ۋە شەربەتچى توغرىسىدا » ، «تارىخىي تەتقىقات» ، 1989 - يىللىق 2 - سان .
② «ئائىلىدىكى زۆرۈر ئىشلارنىڭ ئومۇمىي توپلىمى» ئەڭ بۇرۇن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان ، كېيىن قايتا - قايتا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ، ھازىر دائىم ئۇچرايدىغان بولىدىغىنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ جياجىڭ يىللىرىدا بېسىلغان نۇسخا ، بۇ كىتابنىڭ «يېمەك ئىچمەك قىسمى» دىكى «ئىچىملىك» بۆلۈمىدە ئىچىملىك ياساشنىڭ يەتتە خىل ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلغان . ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم ئىچىملىكى ياساش ئۇسۇلىمۇ بار . ئۇنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى مۇنداق : مۇۋاپىق مىقداردىكى تولۇق ئۈزۈمنى سىقىپ سۈزگەندىن كېيىن سۈزۈلدۈرۈلىدۇ . سۇس ئوتتا قاينىتىپ قوچۇپ قويۇلدۇرۇلىدۇ . تەييار بولغاندىن كېيىن پاكىز ساپال قاچىدا ساقلىنىدۇ ، قايناتقاندا مىس ، تۆمۈر قاچىلاردا قايناتماسلىق كېرەك ، پىشىق ئۈزۈمنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ ، شاراپ ئېچىتىشقا بولمايدۇ .
③ سابىت ئەخمەت : «شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى پاختا تېرىقچىلىقى ۋە توقۇمىچىلىقىغا نەزەر» ، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، 1973 - يىللىق 10 - سان .

غەربىي ئاسىيا ياكى ئافرىقىدا تېرىلىدىغان بولۇپ، پارس، ھىندىستان ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىغا تارقالغان. بۇنىڭدىن قوچو رايونىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشى ئىچكىرى رايونلاردىن بىر قانچە يۈز يىل بۇرۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار يەردە ئۆسىدىغىنىنى كەپەز (käpäz)، توقۇلغىنىنى پاختا (butatu ياكى bitatu) دەپ ئاتىغان. پاختىنىڭ سۈپىتى يەنە يىرىك (taz) ۋە يۇمشاق (yum šaq) دەپ ئايرىلغان.[1] بۇ خىل ئايرىش ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ پاختا تېرىش كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى، مەھسۇلات مىقدارىنىڭ كۆپلۈكى، ھەم بىر تەرەپ قىلىش جەريانىنىڭ ئىنتايىن ئىنچىكىلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەسلىدە «غەربىي يۇرتتا ئىشلەپچىقىرىلغان» پاختا «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان. . .شەنيۇدا تېرىلىپ، ئىنتايىن بۇك ـ باراقسان ئۆسكەن بولۇپ، غەربىي يۇرتنىڭكىدەكلا بولغان.»[2]

گۇەنشىيا رايونىدا پاختا تېرىش كېڭەيتىلگەن، ئىچكىرى رايونغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇر يانلى تېمۇر «يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان بالىلىرىنىمۇ ئىچكىرىدە ئولتۇراقلاشتۇرغان، ھەممە (يەرلىك خەلققە) تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەن، ھازىرغا قەدەر يۇقىرىلار بۇنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ، باي ـ باياشات ياشاۋاتىدۇ.»[3]

### 3. چاي، كۇنجۇت

چاي جۇڭگودىكى ئەڭ ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى ئىچىملىك.

① گابائىن: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»، زو رۇشەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا، 42 ـ بەت.
② مېڭ چى، چاڭ شۈېن: «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلىرى»، 2 ـ جىلد، «كەندىر، پاختىنى ساقلاش توغرىسىدا».
③ پۇ داۋيۈەن: «كۆڭزىچى ئۆلىما لاڭشى يېزىسىنىڭ دورغىسى يانلى تېمۇرنى سېغىنىشقا بېغىشلاپ»، «بىكارچىلىقتا يازغان قولىيازمىلار»، 16 ـ جىلد.



يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، چاي ئىچىش ئاللىبۇرۇن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ، ھەر قايسى تەبىقىلەرنىڭ ئورتاق ھەۋىسى بولۇپ قالغان.[1] ئۇيغۇرلار چاي ئىستېمال قىلامدۇ ـ يوق؟ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر بىزنى بىر قىسىم ۋاستىلىك ئۇچۇرلار بىلەنلا تەمىن ئەتتى. بىر پارچە ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «قاراچۇق ئوغلىغا ئاتاپ بىر چاي قۇتىسى قالدۇرۇپ قويدى.»[2] مۇشۇنداق بىر يېگانە دەلىلگە ئاساسلىنىپلا، ئۇيغۇرلاردا چاي ئىچىش ئادىتىنىڭ بولغان ـ بولمىغانلىقىغا ھۆكۈم چىقىرالمايمىز. بۇ مەسىلە توغرىسىدا قەدىمكى يازما ماتېرىياللاردا بەزى پايدىلىنىشقا بولىدىغان پارچە ـ پۇرات خاتىرىلەرلا قالدۇرۇلغان. ياللۇغ چۇساي گېڭچېن يىلى قىش (1220 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1221 ـ يىلىنىڭ باشلىرى) ۋە شىنچۇ يىلى كەبىسە 12 ـ ئاي (1222 ـ يىلى 1 ـ ئاي) ئىككى قېتىم سەمەرقەندتىن بۇخاراغا كېلىپ ئەمىر لەشكەر پۇچانى زىيارەت قىلغان. ئۇ «غەربىي يۇرتتىكى بۇخارا شەھىرىدە ئەمىر لەشكەر پۇچاغا بېغىشلاپ» ناملىق شېئىرىدا غەربىي يۇرت چېيىنىڭ خۇش پۇراقلىقىنى مەدھىيىلىگەن. چېن دېجۇنىڭ دەلىللىشىچە، ئەمىر لەشكەر پۇچا 1215 ـ يىلى موڭغۇللارنىڭ جىن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلغان قوشۇنىنىڭ ئوڭ قول ئورۇنباسار ئەمىر لەشكىرى پۇچا تېكىن ئىكەن.[3] مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، چاي ھەقىقەتەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا

① چېن گاۋخۇا: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاي ئىچىش ئادىتى»، «تارىخ تەتقىقاتى»، 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان.
② مەزكۇر ھۆججەت تۇرپاندىن تېپىلغان، ئۇزۇنلۇقى 30CM، كەڭلىكى 24CM، ئالدى يۈزىدە يەر ئېلىپ ـ سېتىش مەزمۇنىدىكى 22 قۇر قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت بار. بۇ ھۆججەت ھازىر ياپونىيە رىياكوكۇ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، نومۇرى 1146. خانېدا ئاكىرا، يامادا نوبۇئو: «رىياكوكۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ماتېرىياللار كاتالوگى»، «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، 4 ـ قىسىم، كيوتو، 1961 ـ يىل نەشرى، 4 ـ قىسىم، 171 ـ، 206 ـ بەتلەرگە قاراڭ.
③ چېن دېجى: «ياللۇغ چۇساي»، تەن چىشياڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «جۇڭگو تارىخىدىكى جۇغراپىيونلارنىڭ تەرجىمىھالى»، 2 ـ قىسىم (ئىككى سۇڭ، يۈەن، مىڭ دەۋرى)، شەندۇڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

جۇڭگودىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا تارقالغان .[1] ئۇيغۇرلار «خەنزۇلار رايونى» بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئارىسىدا ماكانلاشقان بولغاچقا، شۈبھىسىزكى چاي بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋەسىقىلەردە : «قومۇل، تۇرپان قاتارلىق رايونلاردىكى ئەلچىلەر بېيجىڭغا بارسا «ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەللىك جىڭ چاي ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىش»[2] بەلگىلەنگەن. ئەمما چاي سېتىۋېلىشنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى چاي ئىچىپ «كۆڭۈل غەشلىكىنى بېسىش» تۇر.[3] بۇنىڭدىن شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇكى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىدا چاي ئىچىش كەڭ ئومۇملاشقان.

ئۇيغۇرلار رايونىدىن كۈنجۈت چىقىدۇ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر بىر قەدەر كۆپ، بىراق خەنزۇچە كىتابلاردىكى خاتىرىلەر بىر قەدەر كەمچىل، كۈنجۈت (künd cit) سۆزى پارس تىلىدىكى künjüt دىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئاساسلىقى كۆك ئارت (ھازىرقى شىنجاڭدىكى پامىر) نىڭ غەربىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىشلەپچىقىرىلغان.[4] ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭدىن بەش مىڭ يىللار بۇرۇن مەملىكىتىمىزنىڭ خەنزۇلار رايونىدا كۈنجۈتتىن پايدىلىنىلغان، ھەم كۈنجۈت مېيىنى كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەلا

① خۇاڭ شىچيەن : «چاينىڭ شىمالىي ئاسىيا ۋە غەربىي يۇرتتا دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تارقىلىشى توغرىسىدا»، «تارىخ تەتقىقاتى»، 1993 - يىللىق 1 - سان.
② «مىڭ سۇلالىسىنىڭ قائىدە - نىزاملىرى»، 102 - جىلد، «قائىدە - يوسۇن قىسمى (61)». ۋاسساللار. بەدەۋىلەردىن ئەمەلدار بولغانلار (2)»، ۋېنيۈەن كۇتۇپخانىسىدىكى تۆت يۈرۈش مەجمۇئە فوتو نۇسخىسى.
③ گۇي ئې : «قومۇلغا كىرگەندىكى ئىشلار»، «پادىشاھنىڭ مۇبارەك پەرمانلىرى توپلىمى»، 181 - جىلد، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشر قىلغان فوتو نۇسخا، 1962 - يىل.
④ لائۇفېر (B.Laufer) : «جۇڭگو - ئىران توپلىمى» (Sino — Iranica")، چىكاگو، 1919 - يىل نەشرى، 329 - ، 333 - بەتلەر، لىن جۇنيىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا، سودا نەشرىياتى، 1964 - يىل نەشرى، 154 - ، 159 - بەتلەر.



سۇپەتلىك بوياق ياسىغان .[1] 9 ~ 11 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىسى ھۆججىتىدە خاتىرىلىنىشىچە : «ھەر ئايدا ھەر قايسى راھىبلار گۇرۇھىغا، راھىب - راھىبەلەرگە سەكسەن دادەن بۇغداي، يەتتە دادەن كۈنجۈت، ئىككى دادەن پۇرچاق، ئۈچ دادەن تېرىقنى يېيىشكە بەرگەن.»[2] رادلوف ئېلان قىلغان 7 - ، 20 - ، 27 - ، 37 - نومۇرلۇق ھۆججەتلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا «كۈنجۈت قەرز ئېلىش خېتى» دۇر، بۇ كۈنجۈتنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا كۆپ تېرىلىدىغان ئىقتىسادىي زىرائەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە بىر قىسىم باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ ناملىرى تىلغا ئېلىنىغان. مەسىلەن، بۇغداي (buɣday)، پۇرچاق (bur caq)، سۇڭ پىياز (songun)، سوكتى (s okti)، قوناق يۇرت ياكى qonaq (ogu، yurt)، تۈكىيۈر (tükiyür)، ئارپا (arpa)، گۈرۈچ (gūrūc)، ئارپىدىن ئىشلەنگەن يېمەكلىك تۇتۇرقان (tuturqan)، پۇرچاق (burcaq)، مېۋىلەردىن ئۈزۈمدىن باشقا يەنە ئۆرۈك (sar Iq orük)، شاپتۇل (tülüg arük)، قوغۇن (qaɣuy)، ئانار (anar)، ياڭاق (qoz)، ئىت بۇرۇن (itburun) قاتارلىقلار بار.[3]

## 2. سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى

① «بۈيۈك بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 9 - قىسىم، 42 - بەت.
② گېڭ شىمىن : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىسى ۋەسىقىسىنىڭ دەسلەپكى يەشمىسى»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1978 - يىل 4 - سان.
③ لى جىڭۋېي : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىن تاللانما»، تېخى ئېلان قىلىنمىغان.

سۇ ئىنشائاتى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ جان تومۇرى . سۇ بولمىسا يېزا ئىگىلىكىنىڭ گۈللەپ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس . قوچو ، بېشبالىق بوستانلىق رايونلىرى بولۇپ ، بۇ رايوندىكى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ چوڭ — كىچىكلىكى ئېگىز تاغدىكى قار - مۇزلارنىڭ ئېرىش مىقدارى ۋە سۇغىرىش ئۆستەڭلىرىنىڭ مۇكەممەللىك دەرىجىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان ، شۇڭلاشقا سۇ ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى . بۇ رايوندىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ ، سۇنى راۋان ئاقتۇرۇپ ، ئېتىزلارنى سۇغارغان . ئۇيغۇرلار رايونىدا : «بۇغداينى بالدۇر پىشۇرۇشتا ، بۇلاق سۈيىدە سۇغىرىشقا تايانغان» ، ئالمالىق (بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى قورغاسنىڭ غەربى ) رايونىدا «دېھقانلار ئۆستەڭ قېزىپ يەر سۇغارغان .»① بۇ يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى قىممەتلىك ئىجادىيىتى . قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىن قارىغاندا يەرلىك ئاھالىلەر سۇ (suw ) ، يەر ئاستى سۈيى (yir suw )گە باشتىن - ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن . 13 ~ 14 - ئەسىرلەرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىبادەتخانا ئىقتىسادىغا ئائىت ھۆججەتتە سۇ مەنبەسىنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان خاتىرىلەر بار . «(46 - قۇردىن باشلانغان ) سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلاردىن ئۆگەن (ögän ) ، كەسگۈچى (käsgüči ) ، سۇچى (suwči ) قاتارلىقلار بار بولۇپ ، ئۇلار ئىبادەتخانىنىڭ ئۇزۇملۇكىگە كىرەلمەيتتى ، ھەم

① لى جىچاڭ : «ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە زىيارىتى» ، 1 - قىسىم ، ليۇ يۇ «غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» .



ئاسقۇ بېجى ۋە ئۇزۇم بېجى ئېلىنمايتتى »① . بۇ بىر جۈملە سۆز ئىبادەتخانىنىڭ يەرلىرىنى سۇغارمىسىمۇ بولامدۇ ؟ دېگەندىن دېرەك بېرەمدۇ ، ئېنىقكى ئۇنداق ئەمەس ، يۇقىرىقى ھۆججەتتىكى خاتىرىدىن قارىغاندا ، ئىبادەتخانا بىر يۈرۈش بىر قەدەر مۇكەممەل سۇ ئىنشائات ئەسلىھەلىرىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغان ، ھەتتا ھۆكۈمەت تەيىنلىگەن سۇ ئىنشائات ئىشلىرىنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارمۇ ئىبادەتخانىغا كېيىنى ئۆتكۈزەلمەيدۇ . قارا قوچودىن يەنە بىر پارچە موڭغۇلچە ھۆججەت② تېپىلغان بولۇپ ، ھۆججەتنىڭ بېشىدىلا «Oljei temur üge [man] » («مەن oljei temur دىن پەرمان» ) دېگەن گەپ بار ، بۇنىڭدىن بۇنىڭ چاغاتاي خان ئۇيغۇر ئىدىقۇتىغا چۈشۈرگەن يارلىق ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ .③ بۇ ھۆججەتتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «ئولجاي تېمۇر قارا قوچو ئىدىقۇتى چىن

① مەزكۇر ۋەسىقىنى 1905 ~ 1907 - يىللار گېرمانىيە غەربىي شىمال تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپاننىڭ مۇرتۇق ئەتراپىدىن تاپقان ، ھازىر گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى (zentralinstituts für alte Geschichte und Arch a ologie der akademie der wissen cha ften der oor, berlin )دا ساقلىنىۋاتىدۇ ، نومۇرى (U5317 ) 205 ،.M ئۇزۇنلۇقى 78.2 سانتىمېتىر ، ئېگىزلىكى 27.5 سانتىمېتىر ، ھازىر 48 قۇر خەت ساقلانغان ، سوۋېت تۈركولوگى رادلوف ئەڭ بۇرۇن يەشكەن ، ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مالوف ئۇنى رەتلەپ « قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر توپلىمى» دا ئېلان قىلغان ، 1928 - . NO 88 ، pp ، 143 - ، 148 - بەتلەر ، ياڭ فۇشۆ : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىبادەتخانا ئىقتىسادىغا دائىر بىر پارچە ھۆججەت» ، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» 1992 - يىللىق 1 - سان .
② رامستېد : «تۇرپاندىكى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان موڭغۇلچە خەت» ، 1909 - يىل ، بېرلىندا نەشر قىلىنغان «پرۇسسىيە خان جەمەتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى يىغىن دوكلاتى» نىڭ 32 - سانىغا بېسىلغان. G.J.Ramstedt: " Mongolische briefr aus Idiaut schahri bei Turfan" , " sitzumgsberichete der h oniglich preussichen AKqdemie der wissenschaft"Nr. 32. berlin, 1909
③ temur — oljei ئولجاي تېمۇر بولۇشى كېرەك ، بۇ ئولجاي تېمۇر «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 53 - جىلدىدىكى مۇسەللەس تەقدىم قىلغان كوراگان بولۇش كېرەك . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 35 - جىلد «ۋېنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» : «خانتىكىن سانجىس ئىرگانبۇ ، قالمى ، كوراگان ئولجاي تېمۇر ئەلچى ئەۋەتىپ مۇسەللەس تەقدىم قىلدى» دېيىلگەن . موڭغۇل تىلىدىكى Uge نىڭ ئەسلىي تەرجىمىسى «سۆز» ، خەنزۇچە تەرجىمىسى «پەرمان 令» ، ئادەتتە خانتىكىنلەرنىڭ پەرمانىنى كۆرسىتىدۇ ، بۈيۈك قاغاننىڭ مۇقەددەس پەرمانىغا ئادەتتە Jarlig ئىشلىتىلىدۇ . مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بۇ موڭغۇلچە ھۆججەت چاغاتاي خانى ئولجاي تېمۇر ئۇيغۇر ئىدىقۇتىغا چۈشۈرگەن پەرمان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ ، بۇ مەسىلىدە ئۇستازىم چېن دېجى ئەپەندىدىن كۆرسەتمە ئالدىم ، بۇ يەردە ئۇنىڭغا تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن ، ھەم ليۇ يىڭشېڭ : «موڭغۇل - يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ھەققىدە تەتقىقات» ، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 4 - سان ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1995 - يىل نەشرى ، 199 - بەتكە قاراڭ .

تېمۇرگە يارلىق چۈشۈرۈپ، ھەممىگە قابىل دارۇغاچ نويان بورۇنقاي ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى… ئاساڭنى قارا قوچونىڭ مىرابلىقىغا تەيىنلىدى. ھەم ئاساڭغا بەگ – تۆرىلەرنىڭ ئۆلۈشلۈك يېرىنى قوغداشقا، ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ ھەر قانداق ئادەمنىڭ شەخسىي سۇ ئىشلىتىشىگە يول قويماسلىقىغا پەرمان چۈشۈرگەن. ئەگەر باشقىلار شەخسىي سۇ ئىشلەتسە، ھەم بەگ – تۆرىلەرگە قاراشلىق ئۆلۈشلۈك يەردىن پايدىلانسا، جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. بۇ موڭغۇلچە ھۆججەتتىن ئىدىقۇتنىڭ قول ئاستىدا سۇ باشقۇرىدىغان ئەمەلدار بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. تۇرپان بوستانلىق بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە پۈتۈنلەي قار سۇلىرى بىلەن سۇغىرىشقا تايىنىدۇ. ئۆستەڭ سۇلىرىنى ئېتىزلىقلىرىغا بىرى ئاۋۋال بىرى كېيىن، بىرى ئاز بىرى كۆپ ئاچسا جىدەل – ماجىرا كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا سۇ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش قاراقوچو يەرلىك ھاكىمىيىتىنىڭ مەمۇرىي فۇنكسىيىلىرىنىڭ بىرى، مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، موڭغۇللار ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت ھاكىمىيىتى تۇرپان رايونىنىڭ سۇغۇرۇش، سۇ ئىشلىتىش ئىشلىرىنى بىر قەدەر مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ ئىنشائات ئىشلىرىنى ياخشىلاش، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەشەببۇسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» 729 – پاراگرافتىكى خاتىرىدە، ئوگداي قاغان: «دالا – قىرلاردا سۇ يوق، يىرتقۇچ ھايۋانلار بار، ئادەم ياشيالمايدۇ. ئاۋام – پۇقرانى تارقاق ماكانلاشتۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چاغاتاي، ئۇيغۇرتاي ئىككىسىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىپ، قارارگاھ تىككۈدەك جاي، قۇدۇق قىزىشنى بىلىدىغانلارنى تېپىش كېرەك» دېگەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشقا پادىشاھلىرىمۇ غوبىنىڭ شىمالىغا



ئۈزلۈكسىز ئەسكەر ئەۋەتىپ قۇدۇق قازدۇرغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە خاتىرىلىنىشىچە «جىيۈەنىنىڭ 25 – يىلى (1288 – يىلى) 6 – ئايىنىڭ دىڭچۇ كۈنى 1500 لەشكەرنى غوبىنىڭ شىمالىغا قۇدۇق قېزىشقا ئەۋەتكەن». «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. يىڭزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە «يەنيۇنىڭ 7 – يىلى جياشېن كۈنى ھارۋىلىقلارنى شىمالنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىپ، ئوڭ، سول قانات قوشۇنلارنى شىمالغا قۇدۇق قېزىشقا يۆتكىدى» دە خاتىرىلەنگەن. بۇلار چۆللۈكنىڭ شىمالى (غوبى) دىكى رايونلاردىكى قۇدۇق قېزىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماتېرىياللار بولسىمۇ، غەربىي شىمال رايونىدىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى توغرىسىدا تەھلىل ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشىمىزدە پايدىلىنىش قىممىتى بار. قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە «قۇدۇقچى (quduqci)»① ۋە نۇرغۇنلىغان ئېرىق – ئۆستەڭ (ōgān) لەرنىڭ كۆرۈلۈشى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ سۇ ئىنشائات ئىشلىرىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## ئىككىنچى چارۋىچىلىق

چارۋىچىلىقمۇ ئۇيغۇرلار رايونىدا مۇھىم ئىقتىسادىي ئورۇندا تۇرىدۇ. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ يەندې قوچوغا ئەلچىلىككە كەلگەندە، بېشبالىقتا «ئاتنىڭ كۆپلۈكىنى، خان ۋە خانىش، ۋەلىئەھدلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئات باقىدىغانلىقىنى، 100 نەچچە چاقىرىم جايدا ئاتلار يايلايدىغانلىقىنى، ئاتلارنى رەڭگىگە

① گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە توختامنىڭ يەشمىسى»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1978 – يىللىق 2 – سان.

قاراپ ئۇيۇرغا ئايرىيدىغانلىقى، سانىنى بىلگىلى بولمايدىغانلىقى»[①] نى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. تاكى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بۇ خىل تەبىئىي شارائىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدا زور ئۆزگىرىش بولمىغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا چېن چېڭ پەرمانغا بىنائەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كېلىپ، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ تەبىئىي شارائىتى توغرىسىدا مۇنداق خاتىرىلەرنى قالدۇرغان: بېشبالىقتا «ئۇجمە، كەندىر ئۆستۇرۇلمەيدىكەن، يەرلەر ئاغدۇرۇلمايدىكەن، بۇغداي تېرىيدىكەن، يۇڭ رەختلەرنى توقۇيدىكەن، قارىغاي، قارا ئارچا، قارىياغاچ، سۆگەت، كىچىك يوپۇرماقلىق چىنار ئۆسىدىكەن، قوي، ئات كۆپ ئىكەن. بۇ جاينىڭ ئاھالىلىرى گۆش يەيدىكەن، قېتىق ئىچىدىكەن، گۇرۇچ ئۇنى ئىستېمال قىلىدىكەن، كۆكتاتنى ئاز يەيدىكەن، شارابنى ئاز ئىچىدىكەن، شەربەت ئىچىدىكەن»[②] جەنۇبىي قىسمىدىكى «تۇرپان شەھىرىنىڭ تۇپرىقى كەندىر، بۇغداي تېرىشقا ماس كېلىدىكەن، شال ئۆسمەيدىكەن، شاپتۇل، ئۆرۈك، چىلان، نەشپۈت ئۆسىدىكەن، ئۈزۈم كۆپ چىقىدىكەن، مال ـ چارۋىلارنى باقىدىكەن، شەھەر ئەتراپىدا ئاھالىلەر، ئولتۇراق ئۆيلەر كۆپ ئىكەن». بۇ خاتىرىدىكى تۇرپان شەھىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنمىگەن. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا بارلىقى ئېنىق، چېن چېڭ يۈەن سۇلالىسى ھالاك بولۇپ، بىر نەچچە ئون يىلدىن كېيىنلا ئەلچىلىككە بارغان، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ چارۋىچىلىق ئەھۋالى ھەققىدىكى خاتىرىلىرى ناھايىتى ئىشەنچلىك، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 49 ـ جىلد، «ۋاڭ يەندېنىڭ قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى».
② چېن چېڭ: «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى»، جۇ لىيەنكۇەن سېلىشتۇرۇپ ئىزاھ ئىشلىگەن)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1991 ـ يىل نەشرى، 102 ـ بەت.



ۋەسىقىلەردە كۆرۈلگەن چارۋا (yilqi) لاردىن ئات (at)، ياۋداق ئات (bir yol ati)، سەپەر ئېتى (mūngūat)، ئايغىر (advir)، بوغاز ئات (boguzluvat)، تۆگە (tāvā)، ئېشەك (āskāk)، كالا (ud)، قوي (qoyn)، ئىت (it) قاتارلىقلار بار[①]. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار رايونىدا بىر يۈرۈش مۇكەممەل مال ـ چارۋىلارنى بېقىش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى بولغان. ئاتنىڭ مەخسۇس بوغۇزى بار بولغان، ئالايلۇق كېپەكنىمۇ مەخسۇس بىر كىشى باشقۇرۇپ، ئاتقا بوغۇز تەييارلىغان. چارۋىچىلارنىڭمۇ ۋەزىپىسى بويىچە ئىش تەقسىماتى ئايرىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە «سۈرگۈنچى» (sūrgūnci)، «قازچى» (qazci) قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن، ئۇلار چارۋىچىلارغا مەخسۇس بوغۇز (yizgū) تەييارلىغان.[②] ئات بىلەن تۆگە ئۇيغۇرلار رايونىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇلار ھەتتا ئۇيغۇر ئاھالىلىرى خان ئوردىسىغا تاپشۇرىدىغان، جەرىمانە ئوبيېكتى بولغان. رادلوف ئېلان قىلغان 33 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقىدە: «ناۋادا توختامغا خىلاپلىق قىلسا، ئوگداي قاغان ئالىيلىرىغا ئىككى تۇياق ئاق تۆگە تەقدىم قىلىدۇ، ئەنبىر شەھىرىنىڭ دارۇغاچىنى مىنىدىغان ئات (Yararuat) بىلەن تەمىنلەيدۇ»[③] دەپ بەلگىلەنگەن. موڭغۇللارنىڭ يۇقىرى تەبىقە ھۆكۈمرانلىرى ۋە خان جەمەتىنىڭ ئاتقا بولغان ئېھتىياجى شۈبھىسىزكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئات باقمىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، چارۋىچىلىقنى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى مۇھىم ئىقتىسادىي تارماقنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغان.

① گابائىن: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»، زو رۇشەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا، 41 ـ بەت.
② گابائىن: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»، زو رۇشەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا، 41 ـ بەت.
③ رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 33 ـ ۋەسىقە، 50 ـ، 51 ـ بەتلەر.

# ئۇچىنچى سودا ـ سانائەت

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى قول سانائەت تارماقلىرى، يۈەن سۇلالىسى خان جەمەتى ۋە يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان. شۇڭلاشقا تۈرى كۆپ ھەم خىللىرى تولۇق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلق ئارىسىدىمۇ قول سانائەتچىلەر بار ئىدى. قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە كۆرۈلگەن ھۈنەرۋەنلەرنىڭ نامى ئون نەچچە خىلدىن ئارتۇق، ئالايلۇق، ياغاچچى، كەگىزچى، ئوتۇنچى، سامسىپەز، تىككۈچى، قۇدۇق قازغۇچى، تامچى، بوزچى دېگەندەك.① بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياغاچچى، تۆمۈرچى، تىككۈچى، تامچى قاتارلىقلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي ئايماق مەزگىلىدىلا بار ئىدى.② بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار رايونىدىكى قول ـ سانائەتنىڭ ئاساسلىقى ئۆي — ئىمارەت، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، چارۋىچىلىق بۇيۇملىرى، ئائىلە جابدۇقلىرى قاتارلىقلارنى ياساشنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى بايقىيالايمىز.

## (1) سىرچىلىق

① گېيىڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە توختامنىڭ يەشمىسى»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1978 ـ يىللىق 2 ـ سان؛ لى جىڭۋېي: «تۇرپاندىن تېپىلغان IB4672 نومۇرلۇق ئىبادەتخانا تۇرۇقىگە ئويۇلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىنىڭ يەشمىسى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان، گابائىن: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»، زو رۇشەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا، 48 ـ بەت.

② ئاستانىدىكى 61 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان: «تاڭ شىئەن قاتارلىق ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تىزىملىكى»، «تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر»، 6 ـ قىسىم، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 466 ـ، 469 ـ بەتلەرگە كىرگۈزۈلگەن، ھەمدە دۇڭ گودۇڭ: «تۇرپان ۋەسىقىلىرىدە كۆرۈلىدىغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇنقى ھۈنەرۋەنلەر» گە قاراڭ، بۇ ماقالە ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى تۈزگەن، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشر قىلغان «دۇنخۇاڭ ـ تۇرپان ۋەسىقىلىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» كە كىرگۈزۈلگەن.



يەنىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتتە «سىر چېلىكى» (sir — konāk) قاتارلىق بۇيۇملارغا ئائىت خاتىرە بار.① بۇ بۇيۇمنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ قولىدىن چىققانلىقى ئېنىق. چۈنكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى مەزگىلىدىلا قوچودا «سىر قاينىتىلغان».② كۆپچىلىككە مەلۇمكى، سىر دەرىخى ئىچكىرى رايونلاردا ئۆسىدۇ، بىراق سىرچىلىق تېخنىكىسى قوچوغا قانداق تارقالغان؟ ماتېرىيال يېتەرسىز بولغاچقا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمىدۇق. بىراق غەربىي يۇرت ۋە قوچو رايونىغا تارقالغانلىقىنى تامامەن جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ياللۇغ چۇسەي 1219 ـ يىلى يازدا پادشاھقا خىزمەت قىلىپ ئاۋامغا شەپقەت يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىنى زىممىسىگە يۈكلەپ، پەرمانغا بىنائەن چىڭگىزخان بىلەن بىرگە غەربكە يۈرۈش قىلغان. 1225 ـ يىلى قىشتا قوچوغا يېتىپ كەلگەن. ئۇ بارغانلىكى يېرىدە جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللار، خەلقنىڭ ئەھۋالى، مەنزىرىلەر، ماددىي — مەھسۇلات قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىپ، يۈكسەك قىممەتكە ئىگە داڭلىق ئەسەر — «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» نى يازغان. بۇ كىتابتا ئۇ: «تاللىق (搏城) ③ دا سىرلانغان قاچىلار كۆپ ئىكەن، ھەممىسى چاڭئەندىكىگە ئوخشايدىكەن»

① خانېدا ئاكىرا، يامادا نوبۇئو: «رىياكوكۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ماتېرىياللار كاتالوگى»، «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، 4 ـ قىسىم، كيوتو، 1961 ـ يىل نەشرى، 171 ـ، 206 ـ بەتلەر.

② «ۋېينامە. قوچو تەزكىرىسى»، تۆت يۈرۈش زاپاس نۇسخا، 717 ـ بەت.

③ بۇ يەردىكى «搏城»، «غەربكە ساياھەت» دە «团八刺» دېيىلگەن. ئاۋستىرالىيە ئالىمى لگورد (rachewiltz, lgor de) «搏» ئەسلى ئىسمىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى Tal نىڭ ترانسكرىپسىيىسى، ئالايلۇق بەلخ (Balkn) دېگەن نام «بەنچېڭ 斑城» دېيىلگەندەك («غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرىگە سىلىشتۇرما ئىزاھ») دەپ قارايدۇ، چېن دېجى ئەپەندى: «ياللۇغ چۇساي»، «جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن جوغراپىئونلارنىڭ تەرجىمھالى»، 2 ـ قىسىم.

دېگەن . بۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر پارچە ماتېرىيال بولۇپ ، تالىكان شەھىرى بەلختىن مەرۋىگىچە بولغان شەرىق ـ غەرب قاتناش يولىغا جايلاشقان بولۇپ ، 9 ـ ئەسىردىكى بىر مۇھىم شەھەر . ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسى ياقۇبى ۋە ئىستەھرىلەر جۇڭگونىڭ فار ـ فۇر قاچىلىرىنىڭ مۇشۇ يەردىن توشۇلىدىغانلىقىنى خاتىرىلىگەن ، بۇ مۇشۇ جاي بولسا كېرەك .

يەنە بىر ئەرەب ئالىمى تۇھايىئان بىن زابىر 930 ـ يىللار ئەتراپىدا يازغان «نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان» («kitab al — khawassal — kabir») دا ، سىرلاپ ياسالغان بۇيۇملارغا ئائىت مۇنداق خاتىرىلەرنى قالدۇرغان : «كۆنگە سۈرتۈپ ياسايدىغان ئات جابدۇقلىرى ، كەمەر ، غىلاپ قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىدىكى ئاسراش خاراكتېرىنى ئالغان سىر ۋە بوياقلار .»① قوچو جۇڭگونىڭ ئىچكىرى رايونلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ ، سىرلانغان قاچىلار ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەنىكەن ، جەزمەن قوچودىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى . شۇڭلاشقا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىر ياساش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەنلىكىنى مۇشۇ پاكىتلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

## (2) كىگىزچىلىك ۋە يىپەك توقۇمىچىلىق

قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە كىگىزگە ئائىت خاتىرىلەر ئىنتايىن كۆپ . قوچودا كىگىزچىلەر بارلىققا كېلىپلا قالماي ، بەلكى يەنە كۆپلىگەن كىگىز بۇيۇملارمۇ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ،

① لى يۆسى : «جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا تارىخى» ، 4 ـ قىسىم ، كامبرىج ، 1980 ـ يىل نەشرى ، 452 ـ بەت .



مەسىلەن : كۆرپە ، گىلەم قاتارلىقلار . كىگىز ياساشقا كۆپ مىقداردا خام ئەشيا كېرەك بولغانلىقتىن ، چارۋا يۇڭى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كەمچىل بولغان . بۇ يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىماي قالمىغان . ئىبادەتخانىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتتە : «بىر قىسىم ئالىي نويۇنلارنىڭ بېجى ۋە تالالىق ماتا ، كۆنجۈت ، پاختا ، بور ھەم چارۋا يۇڭى قاتارلىقلاردىن سېلىق بېجى ئېلىشقا بولمايدۇ»① دېيىلگەن . چارۋا يۇڭى بىلەن بورنى تەڭ ئورۇنغا قويۇشتىن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالالايمىز . ئۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە مەخسۇس كىيىم تىكىشكە ئىشلىتىدىغان كۇكۇ (kūkū) ، يۇڭ رەخت (qars) قاتارلىقلار بار .

يىپەك توقۇمىچىلىق يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قول سانائىتىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى . تۇرپاندىن تېپىلغان خەنزۇچە ھۆججەتلەردىن قارىغاندا ، مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن بۇرۇنلا ، ئىچكىرى رايونلارنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسى قوچو ، كۇسەن (كۇچا) قاتارلىق رايونلارغا تارقالغان .② 9 ~ 10 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەت «شاجۇ ئايمىقىدىكى ساقاش قاتارلىقلارغا يېزىلغان خەت» تە : «سىلەرنىڭ ئۇ جايدا بوياق ماتېرىياللىرى يوق بولسا ، باشقىلارنىڭ قېشىدىن ماڭا ئازراق شايى بويايدىغان (torghu) بوياق ماتېرىياللىرى ئەكىلىپ بەرگىن ، مەن بۇنىڭ ئورنىغا ساڭا بىر پارچە ئېسىل يىپەك سوۋغا

① رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 22 ـ ۋەسىقە ، 28 ـ ، 32 ـ بەتلەر .
② تاڭ چاڭرۇ : «تۇرپان ۋەسىقىلىرىدە كۆرۈلىدىغان يىپەك توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلاردا تارقىلىشى» ، «شەنجۇ قولىيازمىلىرى» ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1989 ـ يىل نەشرى .

قىلمەن »[1] دېيىلگەن . ئەگەر يۇقىرىقى خاتىرىلەر توغرا بولسا ، بىز 9 ~ 10 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلاردا يىپەك توقۇمىچىلىق ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان دەپ هۆكۈم چىقىرالايمىز . ئۇنداقتا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىقىدا قانداق يۈزلىنىش مەيدانغا كەلگەن ؟ بۇرۇنقى تەتقىقاتچىلار بۇ مەسىلىنى ئانچە چوڭقۇر تەتقىق قىلمىغان ، پارچە ـــ پۇرات هۆججەت ماتېرىياللىرىنى كۆرۈش ئارقىلىق ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىقىنىڭ پۈتكۈل قول سانائەتتىكى ئورنىنىڭ يەنىلا يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ، مەيلى يىپەك بۇيۇمنىڭ تۈرلىرى بولسۇن ياكى سۈپىتى بولسۇن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز . شايى ئەينى ۋاقىتتا يەنىلا «تورخۇ» (torghu ) دەپ ئاتالغان . يىپەك «پىششىق يىپەك» ۋە «خام يىپەك» دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلغان . «yipakton» هەمدە يىپەك تون »[2] ئاللىبۇرۇن مەيدانغا كەلگەن .

ئالاهىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، زەر كەشتە توقۇمىچىلىقىمۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەرەققىي قىلغان . ئۇنىڭ ئالاهىدىلىكىنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن كۇڭ چى «جىجېڭ خاتىرىلىرى» دا تەپسىلىي بايان قىلغان : «گۈل ۋە رەڭلىرى گەرچە كەشتىگە يەتمىسىمۇ ، بىراق نەپىس ۋە

[1] مەزكۇر ۋەسىقىنى پېللىئوت ئېلىمىزنىڭ دۇنخۇاڭدىن قولغا چۈشۈرگەن ، هازىر فرانسىيە پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدىكى پېللىئوت ئالاهىدە ساقلاش بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتىدۇ ، ۋەسىقە نومۇرى : pelliot ouigour6 ؛ خاملىتون : «9 ~ 10 ـ ئەسىرلەردىكى دۇنخۇاڭدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازمىلار » (ManuscriOuigours du ixe — xesielede Touen — Houang" , No.3.pp.153 —155 )

[2] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 127 ـ ۋەسىقە ، 216 ـ بەت . « yupaɤr » نى رادلوف يىپەك (هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدا «يىپەك 丝 » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز Yipak تۇر ) دەپ تەرجىمە قىلغان هەمدە بۇ سۆزنىڭ Yibark دەپمۇ ئوقۇلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن . مالوف ئاخىرى Yipak دەپ بېكىتكەن ، هازىر مۇشۇ بويىچە ئالدۇق . torghu (تورخۇ ) شايىنى كۆرسىتىدۇ ، لىيۇ يىڭشېڭ : « ‹ئۇيغۇر مەهكىمىسى سۆزلۈكى› ، ‹ئۇيغۇر مەهكىمىسى تەرجىمە سۆزلۈكى› ، هەققىدە تەتقىقات» ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەتقىقات مەجمۇئەسى» ، 12 ~ 13 ـ سانلىرىغا قاراڭ .



كۆركەملىكتە كەشتىنى بېسىپ چۈشەتتى . »[1] بۇ خىل زەر كەشتە ئىچكىرى رايونلار ۋە ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىنتايىن ئومۇملاشقان . يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىمۇ پايتەختتە مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرگەن هەم باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەن .

تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «جىيۈەننىڭ 13 ـ يىلى (1276 ـ يىلى ) بېشبالىق جۇجۇقى تەسىس قىلىنىپ ...سەردارلار كىيىدىغان ناشىچ قاتارلىق كىمخابلارنى توقۇش ئىشلىرىنى باشقۇردى »[2] . «ناشىچ » دېگەن سۆز پارس تىلىدىكى ، nasich خېتىدىن كەلگەن بولۇپ ، بىر خىل زەر كىمخاب[3] نى كۆرسىتىدۇ . موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇراسىم كىيىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ خىل كىمخابتىن تىكىلەتتى ، شۇڭلاشقا ناشىچ كىيىم (jamaha—yi naslch )[4] دەپ ئاتالغان . ئۇيغۇرلار رايونىدا ، «ناشىچ » ئىشلەپچىقىرىلغانلىقىدا شۈبهە يوق ، ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى شىنجاڭ ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي شەهەر ئەتراپىدىكى تۇز كۆلدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بىر پارچە كۆك گۈل كەشتىلەنگەن يىپەكنى تاپقان ، يىپەككە گۈلنى كەشتىلەشتە ۋايىغا يەتكەن رەڭ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، گۈلنىڭ گۈزەللىكىنى ئاشۇرغان ، تاق ، قوش ھەمرايىپ ئىشلىتىپ ، ئۇزمە يىپ بىلەن ئۆرۈش يىپىنى تېخىمۇ

[1] كۇڭ چى : «جىجېڭ خاتىرىلىرى» ، 1 ـ جىلد «سۇڭ سۇلالىسى كەشتىلىرى» ، شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل نەشرى .

[2] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 85 ـ جىلد ، «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى» .

[3] ستېيىنگاس (F.Steingass ) «پولەكچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت» نىڭ 1401 ـ بېتىدە «nasich بىر خىل زەركەشتىلەنگەن ، يىپەك بۇيۇم» دېيىلگەن ؛ پېللىئوت : « 荨麻林 غا ئېنىقلىما » ، «غەربىي يۇرت ، جەنۇبىي دېڭىز تارىخى ـ جۇغراپىيىسىنى دەلىللەشكە ئائىت ماقالىلەر توپلىمىنىڭ 3 ـ قىسمى» ؛ چېن دېجى ئەپەندى «جۇڭگو تارىخ لۇغىتى» نىڭ لياۋ ، شيا ، جىن ، يۈەن سۇلالىسى تارىخى ئۈچۈن يازغان «ناشىچ» سۆزىگە مۇناسىۋەتلىك قىسمى ، شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى ، 1986 ـ يىل نەشرى ، 251 ـ بەتكە قاراڭ .

[4] خەن رۇلىن : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى 诈马宴 جامايەن توغرىسىدا يېڭى ئىزدىنىش» ، «تارىخ تەتقىقاتى» ، 1981 ـ يىللىق 1 ـ سان .

چىلىك توقۇغان ھەمدە رەسىم سىزىشتىكى ئىنچىكە سىزىش ئۇنۇمىنى گەۋدىلەندۈرگەن، بۇ سۇلۇك سۇلالىسى كەشتىلىرىدە ئاز ئۇچرايدىغان كەشتىلەش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.[1]

## (3) مەدەنچىلىك

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئىسپاتلىدىكى، غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە بېقىنغان قاراشلىق زېمىنلاردا مەدەنچىلىك بولۇپمۇ ھەربىي قورال — ياراق ئىشلەپچىقىرىش ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، ئوقيا باشىقى، پالتا، پىچاق، خەنجەر، دوبۇلغا - ساۋۇت قاتارلىقلار ھەممە يەردىن تېپىلدى.[2] ھازىر ئېلان قىلىنغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر ئىچىدىكى ئىككى پارچە ھۆججەتتە «تۆمۈرچى» دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنغان.[3] بۇ خەنزۇچە كىتابلاردىكى خاتىرىلەر بىلەن ئوخشاش. «جىيۈەننىڭ 19 - يىلى (1282 - يىلى) [5 - ئاينىڭ يىچيۇ كۈنى]، ئەمىر لەشكەر چىگۆگجى: چىچىلىك قوشۇندىن قاچتى، شۇنىڭ بىلەن قوشۇننى چېكىندۈردۈق ھەم بېشبالىقتا مەدەنچىلىك مەيدانى قۇرۇپ، دېھقانچىلىق قوراللىرى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىلھام بەردۇق، دېدى، پادىشاھ قوشۇلدى».[4] بۇ ئارقىلىق يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىدا ھەقىقەتەن مەدەنچىلىك مەۋجۇت بولغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللىگىلى بولىدۇ. تۆمۈر قوراللارنىڭ

① شيانەي: «شىنجاڭدىن يېڭىدىن تېپىلغان قەدىمكى يىپەك بۇيۇم - گۈللۈك دارايى ۋە نەپىس كەشتە»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1963 - يىللىق 1 - سان.
② Я.Н.Сунчмашев: « оружие и конское снаряжение средневековых воинов» ، «ئوتتۇرا ئەسىردىكى لەشكەرلەرنىڭ قوراللىرى ۋە ئات جابدۇقلىرى» « Археология южно йсибири» ، «جەنۇبىي سىبىرىيە ئارخېئولوگىيىسى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 136 -، 137 - بەتلەر، كېمىروۋ، 1977 - يىل نەشرى.
③ رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 107 - ۋەسىقە، 202 ~ 203 - بەتلەر.
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 12 - جىلد، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە».



ئىشلىتىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە ئۆتۈشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

## تۆتىنچى پۇل

پۇل سودا ئىقتىسادىي جانلىنىشىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى پۇل چوڭ جەھەتتىن بۆز (bōz) پۇل، قەغەز پۇل ۋە قۇيما پۇل دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلغان.

قوچو رايونىدا بۆزنىڭ پۇلنىڭ رولىنى ئېلىپ ئوبوروت ساھەسىگە كىرىشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «جۇنامە. قوچو تەزكىرىسى» دە: «ئالۋان - ياساقتا كۈمۈش پۇل ئېلىنىدۇ كۈمۈش پۇلى يوقلار بۆز تاپشۇرىدۇ» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، كۇسەن «ئېلىنىڭ مەركىزىدە بازاردا پۇل ئىشلىتىلمەيدۇ، بۆز ئارقىلىق سودا - سېتىق قىلىشىدۇ».[1] قەشقەرلىك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1070 - يىللىرى يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەردىمۇ يۇقىرىقى ئەھۋاللار چۈشەندۈرۈلگەن: «قامدۇ — kamdu بويى تۆت گەز[2]، ئېنى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر پارچە بۆز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، سودا - سېتىقتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ بۆز كونىرىسا، ھەر يەتتە يىلدا بىر قېتىم يۇيۇپ ئۈستىگە باشقىدىن تامغا بېسىلىدۇ»[3]. موڭغۇل - يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، يىرىك بۆز ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن پۇل

① «سۇلۇك سۇلالىسى تارىخى. كۇسەن تەزكىرىسى»؛ ياڭ فۇشۆ: «قەدىمكى شىنجاڭنىڭ ماددىي بۇيۇم پۇلى - يىرىك بۆز»، «جۇڭگو پۇللىرى»، 1989 - يىللىق 3 - سان.
② گەز (qaz) بۈرۈنقى زاماندا ئىشلىتىلگەن ئۇزۇنلۇق بىرلىكى، 0.71 مېتىرغا باراۋەر.
③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە نەشرى) 1 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى، 546 - بەت.

سۈپىتىدە داۋاملىق ئىشلىتىلگەن . هازىر ئېلان قىلىنغان يەر ، ئادەم ئېلىپ ـ سېتىش ، قەرز پۇل ئېلىش قاتارلىقلارغا ئائىت 40 نەچچە پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە هۆججەتنىڭ ئىچىدە يىرىك بۆز ياكى قانپۇ (qunbo )[1] ئوبوروت ۋاستىسى قىلىنغانلىرى 22 پارچە بولۇپ ، ئومۇمىي سانىنىڭ % 55 نى ئىگىلەيدۇ ؛ كۈمۈش ئوبوروت ۋاستىسى قىلىنغان هۆججەت 14 پارچە بولۇپ ، ئومۇمىي سانىنىڭ % 35 نى ئىگىلەيدۇ . قەغەز پۇل ئوبوروت ۋاستىسى قىلىنغان هۆججەت 4 پارچە بار بولۇپ ، ئومۇمىي سانىنىڭ % 10 نى ئىگىلەيدۇ . ئېنىقكى بۆز ياكى قانپۇ ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ پۇل ساهەسىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان .

تۆۋەندىكى بىر قانچە پارچە هۆججەتكە قاراپ باقايلى :

بىرىنچى : «مەن ئادىغ (adiɣ ) قوچو رايونىدا ئۆتىدىغان تامغىسى بار 100 پارچە بۆزنى ئالغاندىن كېيىن ، بىر شىڭ ئۇرۇق تېرىغىلى بولىدىغان يەرنى قاتاشقا سېتىپ بەردىم . »[2]

ئىككىنچىسى : «توڭگۇز يىلى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ، مەن قۇمتامۇنى (Quqtamuni ) ئالپىش (Alpi s̆ ) تىن 50 پارچە بۆز ئېلىپ يۈنچ ئىسىملىك 13 ياشلىق ئوغلۇمنى ئالپىشقا سېتىپ بەردىم . »[3]

ئۈچىنچىسى : «قالان بېجى تاپشۇرۇش ئۈچۈن ، مەن تېمۇر بۇقىغا بىر پارچە بۆز بەردىم » .[4]

---

[1] «qunbo» خەنزۇ تىلىدىكى « 官布 » سۆزىدىن كەلگەن بولۇشى كېرەك ، كۆپلىگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە qobu سۆزىمۇ ئۇچرايدۇ ، چۈنكى q هەرپىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىلىش ئۇسۇلى ئىككى ئۇلاپ يېزىلىدىغان ( ala )alif غا ناهايىتى يېقىن كېلىدۇ ، a بىلەن n نىڭ شەكلى ئوخشاش ، شۇڭلاشقا quqbu ئېهتىمال quanbu (قانپۇ ) نىڭ خەنزۇ تىلىغا تېخىمۇ يېقىن تەرجىمە يېزىلىشى بولسا كېرەك .

[2] James hamilton: lin acte ouigour de wente de terrain provenant de yav — khoto', Turcica tome1, paris 1969. pp.26 — 52

[3] يۈەن دىڭ : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي هۆججەتلەردىن تاللانما (1 ) نىڭ داۋامى » ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى » ، 1990 ـ يىللىق 2 ـ سان .

[4] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر » ، 38 ـ ۋەسىقە ، 55 ~ 56 ـ بەتلەر .



يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان ماتېرىياللاردىن يىرىك بۆزنىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىلا پۇل سۈپىتىدە ئوبوروت ساهەسىگە كىرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان رايونىدىكى بۆز ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك ئېهتىياجىنى قاندۇرغاندىن تاشقىرى ، ئېشىپ قالغان قىسمى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى . بۇ خىل ئالماشتۇرۇش ئەڭ دەسلەپتە ئاددىي هالدىكى نەرسىنى نەرسىگە ئالماشتۇرۇش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولسا كېرەك . تاۋار ئىگىلىكىنىڭ كۈنسېرى تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، نەرسىنى نەرسىگە ئالماشتۇرۇشنىڭ ئورنىنى مۇقەررەر هالدا ئادەتتىكى قىممەت كاتېگورىيىسىدىكى ئالاهىدە تاۋار ئالغان . بۇ خىل تاۋار ئالماشتۇرۇلىدىغان ۋاستىچى بۇيۇم ئەڭ ئاخىرىدا پۇل شەكلىنى ئالغان . بۇ خىل پۇل شەكلى «زادى قايسى خىلدىكى تاۋارغا يۇكلىنىدۇ ، دەسلەپتە بۇ تاسادىپىي بولىدۇ . بىراق ئومۇملاشتۇرغاندا ، ئىككى خىل ئەهۋال رول ئوينايدۇ . پۇل شەكلى ياكى ئەڭ مۇهىم سىرتتىن كەلگەن ئالماشتۇرىدىغان بۇيۇمدا مۇقىملىشىدۇ ، بۇ بۇيۇملار ئەمەلىيەتتە يەرلىك مەهسۇلاتنىڭ ئالماشتۇرۇش قىسمىنىڭ تەبىئىي شەكلىنىڭ ئىپادىلىنىش هالىتى بولىدۇ ياكى مەزكۇر رايوندا ئۆتىدىغان مال ـ مۈلۈكنىڭ مۇهىم تەركىبىي قىسمى ئالايلۇق مال ـ چارۋىغا ئوخشاش ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇمغا مۇقىملىشىدۇ . »[1]

قىممەت ئۆلچىمى هەم ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى بولغان تاۋارنىڭ بىر خىل تاۋار بولۇشى ناتايىن ، بۇ تاۋار بولۇشىمۇ ،

---

[1] ماركس : «كاپىتال » ، 1 ـ توم ، «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى » ، 23 ـ توم ، خەلق نەشرىياتى ، 1972 ـ نەشرى ، 107 ـ بەت .

ئۇ تاۋار بولىشىمۇ مۇمكىن . قوچو رايونىدا ئىلگىرى ـ كېيىن ئادەتتىكى تەڭ قىممەتلىك بۇيۇم رولىنى ئۆتىگەن تاۋارلاردىن گىلەم ، يىپەك ، پاختا... قاتارلىقلار بار .① سۇڭ ، يۈەن سۇلالىلىرى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلار ئىشلەپچىقىرىش شەكلى جەھەتتە كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا ئۆتۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولۇپ ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە قوشۇمچە چارۋىچىلىق ۋە سودا بىلەن شۇغۇللانغان ، ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىدىن ئارپا ، بۇغداي ، قوناق ، شال ، دادۇر ، كەندىر ، كۇنجۇت ، ئۈزۈم ، پاختا ، ئات ، قوي قاتارلىقلار بار ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر خىل ئېسىل قول سانائەت بۇيۇملىرى بار ئىدى . نېمە ئۈچۈن يىرىك بۆز پۇل سۈپىتىدە بازاردا ئوبوروت قىلىنىدۇ ، چۈنكى يىرىك بۆز باشقا تاۋارلار ئورنىنى ئالالمايدىغان پۇل رولىنى ئۆتەيدىغان نۇرغۇنلىغان ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە ئىدى .

1 . يىرىك بۆز ئەسلىدىلا ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭدىن كىيىم ، كۆرپە تىككىلى بولىدۇ ، ئىسسىقتىن سوغۇقتىن ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ .

2 . يىرىك بۆزنىڭ سوزۇلۇشچانلىقى خېلى يۇقىرى بولۇپ ، ھۆكۈمەت ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ، بىرلىككە كەلگەن قائىدە تۈزسە بولىدۇ ، ھەم ھۆكۈمەتنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپ ، بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم تۈرغۇزسا ، باھانى ھېسابلاشقا قۇلايلىق بولىدۇ .

3 . پۇختا ، چىدامىلىق ، ئوبوروت قىلىش ۋاقتى ئۇزارسا مەينەتلىشىپ ، كونىرىغان بىلەن بىراق يۇيۇپ قايتىدىن ھۆكۈمەت مۆھۈرىنى باسقاندىن كېيىن داۋاملىق ئىشلەتسە بولىۋېرىدۇ .

4 . ھەجىمى كىچىك ، يېنىك ، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك ،

① «تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر» ، 1 ـ قىسىم ، 5 ـ ، 17 ـ ، 18 ـ ، 187 ـ بەتلەر .



بازاردا ئوبوروت قىلىشقا ناھايىتى قۇلايلىق .

5 . ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا ، يىرىك بۆز توقۇش مۇئەييەن ئەمگەككە ئېھتىياجلىق ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا پاختا تېرىش تېخى ئومۇملاشمىغان ئىدى . ھەتتا بىر قىسىم رايونلاردا «خەلق كېۋەز تېرىشنى ھەم ئۇنىڭ پايدىسىنى بىلمەيتتى .» ئۇيغۇر يانلى تېمۇر «تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەندىن كېيىن ھازىرغا قەدەر پۇقرالار شۇنىڭدىن نەپ ئالغان .»① ئېنىقكى ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ كېۋەز تېرىپ رەخت توقۇش تارىخى قوچو رايونىدىن كېيىنرەك . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ پۇل مۇئامىلە بازىرى سىرتتىن كەلگەن بۆز (پاختا رەخت ) نىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىمىغان . يەركەن خانلىقى (1514 ـ 1680 ـ يىللار ) دەۋرىدە ، بىز يىرىك بۆزنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پۇلنىڭ رولىنى ئۆتىگەنلىكىگە ئائىت خاتىرىلەرنى ئۇچراتمىدۇق ، كۆپلىگەن ئالىملار يىرىك بۆزنىڭ تاۋار ئالماشتۇرۇشتا تۇتقان ئالاھىدە ئورنىنى كۆرۈپ يەتكەن بولسىمۇ ، بىراق پۇل يۈكسەكلىكىدە تونۇپ يەتمىگەن② . بۇ كىشىنى ئىنتايىن ئەپسۇسلاندۇرىدۇ .

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىدا ئەسلىدىكى يىرىك بۆز پۇل شەكلى ساقلىنىپ قالغاندىن باشقا ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دائىم تارقىتىدىغان قەغەز پۇل مۇھىم ئورۇندا تۇرغان . چىن دېجى ئەپەندىنىڭ كۆرسىتىشىچە : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قىسقا مەزگىل مىس پۇل ئىشلىتىلگەندىن باشقا ، قەغەز

① پۇ داۋيۈەن : «كۆڭزىچى ئۆلىما لاڭشى يېزىسىنىڭ دورغىسى يانلى تېمۈرنى سېغىنىشقا بېغىشلاپ » ، «بىكارچىلىقتا يازغان قولىيازمىلار» ، 16 ـ جىلد .

② بىرېتشنېيدىر (E.Bretschneider ) : «ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتى» ، 2 ـ توم ، 1888 — يىل نەشرى ، لوندون ، 912 ـ بەت ؛ بارتولد : «موڭغۇللار ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» ، 1 ـ توم ، 1445 ـ بەت ؛ ليۇ زىشياۋ «ئۇيغۇر تارىخى» ، 1 ـ قىسىم ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1985 ـ يىل نەشرى ، 398 ـ بەت .

پۇل پۈتۈن مەملىكەتتە ئۆتىدىغان قانۇنلۇق پۇل بولغان .»[①] ھەممىگە مەلۇمكى ، موڭغۇل -‹ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەيزۇڭنىڭ سەككىزىنچى يىلى (1236 - يىلى ) دىن باشلاپ قەغەز پۇل رەسمىي تارقىتىلغان ، قۇبلاي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلگە كەلگەندە ، پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئەمەلگە ئاشقان . يۈەن شىزۇ جۇڭتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1260 - يىلى ) 7 - ئايدا ، ھەر قايسى جايلاردا يولغا قويۇلۇۋاتقان پۇل قانۇنىدىكى نۇقسانلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن باسما پۇل تارقاتقان . يىپەك ئاساس قىلىنىپ ، 50 سەر كۈمۈش 1000 يىپەك پۇلغا باراۋەر بولۇش بەلگىلەنگەن[②] . شۇ يىلى 10 - ئايدا ، جۇڭتۇڭ يارمىقى تارقىتىلغان . كۈمۈش ئاساس قىلىنىپ ، 10 文 ، 20 文 ، 30 文 ، 50 文 ، 100 文 ، 200 文 ، 300 文 ، 500 文 ، 1 قوئان ، 2 قۇئان قاتارلىق ئون تۈرگە بۆلۈنگەن بولۇپ ، يەنىلا سۇڭ ، جىن سۇلالىلىرىنىڭ كونا تۈزۈمىدىكى پۇل بىرلىكى (قۇئان ، 文 ) نى بىرلىك قىلغان . ئەينى ۋاقىتتا كۈمۈش ئۇزاق مەزگىل قىممەت ئۆلچىمى قىلىنغاچقا ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەر كۈمۈشنى پۇل دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن . 1 قۇئان 1 سەرگە ، 1 100 文 پۇلغا ، 10 文 نى 1 پۇڭغا ، 50 قۇئان 1 ياستۇققا باراۋەر بولغان .

يۈەن سۇلالىسىنىڭ پۇل قانۇنى ئۈچ قېتىملىق ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرگەن : جىيۈەننىڭ 24 - يىلى (1287 - يىلى ) «جىدا يارمىقى» نى تارقاتقان . جىدانىڭ 2 - يىلى (1309 - يىلى ) «جىدا تەڭگىسى» نى تارقاتقان (پەقەت بىر يىلدىن

① چېن دىجى : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۇل قانۇنى» ، «نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1992 - يىللىق 4 - سان .
② «1000» خاتا يېزىلغان بولسا كېرەك ، «100» بولۇشى مۇمكىن . ۋۇ خەن : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۇل قانۇنى» ، «ۋۇ خەننىڭ تارىخشۇناسلىققا ئائىت ماقالىلىرىدىن تاللانما - 2» ، خەلق نەشرىياتى ، 1986 - يىل نەشرى ، 434 - بەت .



كۆپرەك ۋاقىت ئىشلىتىلىپ ، بىكار قىلىنغان ) ، جىجېڭنىڭ 10 - يىلى (1350 - يىلى ) «جىجېڭ يىللىرىدا بېسىلغان جۇڭتۇڭ يارمىقى» نى تارقاتقان . بۇ پۇل قانۇنىنىڭ نۇقسانلىرى كۆپ بولسىمۇ ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە دۆلەت مالىيىسى ، تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان .

ئۇيغۇرلار رايونى موڭغۇل - يۈەن ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قارام رايون بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئوخشاش پۇل قانۇنىنى يۈرگۈزگەن . ھەم مۇشۇنى قىممەت ئۆلچىمى ۋە ئوبوروت ۋاستىسى قىلغان . يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان ، تۇرپان رايونىدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەغەز پۇللار كەينى - كەينىدىن بايقالدى . چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1909 — يىلى ) تۇرپان ئاھالىلىرى تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىققاندا ، ئىككى تىزىق جۇڭتۇڭ يارمىقىنى تاپقان ، ۋاڭ شۈەن «شىنجاڭدىكى قەدىمكى جايلارنى زىيارەت قىلىشتىن خاتىرە»دە ، بۇ توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرغان . 1928 - يىلى خۇاڭ ۋېنبى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا ، تۇرپاندىن جىيۈەن يىللىرىدا ئوبوروت قىلىنغان ئىككى تىزىق يارماقنى تېپىپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» گە كىرگۈزگەن .

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قەغەز پۇلى تارقىتىش ۋە يىغىۋېلىشنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۈچۈن جىيۈەن يىللىرىدا بۇ يەردە مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلغان . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا : «جىيۈەننىڭ 17 - يىلى (1280 - يىلى ) 3 - ئاينىڭ شىنۋېي كۈنى ، ئۇيغۇرلار رايونىدا تىيزا باشقۇرۇش مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان»[①] . جىيۈەننىڭ

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 11 - جىلد ، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (8 ) .

20 ـ يىلى (1283 ـ يىلى ) «ئۇيغۇرلار رايونىدىكى تۆت جايدا ئۆتەڭ ۋە تېيزا خەزىنىسى قۇرۇلغان»[1] تېيزا باشقۇرۇش مەھكىمىسى پۇل بېسىش ۋە تارقىتىش ئىشلىرىنى باشقۇرغان، تېيزا خەزىنىسى پۇلنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەھرىي ھۆججەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان قوچو يەرلىك پۇلنى ئۇيغۇرلارنىڭ تېيزا باشقۇرۇش مەھكىمىسى تارقاتقان .

قەغەز پۇل ئۇيغۇرلار رايونىغا ئاساسلىق ئۈچ خىل يول بىلەن كىرگەن .

بىرىنچىدىن، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا تۇرۇشلۇق قوشۇن ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىغا ئىنئام بېرىشى ئارقىلىق كىرگەن . جىيۈەننىڭ 15 ــ يىلى (1278 ـ يىلى ) 1 ـ ئايدا «ئالاۋۇددۇن ئۇدۇنغا ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، 3000 شىڭ گۈرۈچ، 30 ياستۇق پۇل بېرىلگەن» . كېيىنكى يىلى 2 ـ ئايدا «ئۇدۇن رايونىدىكى موڭغۇل قوشۇنىنىڭ خىراجىتىگە ھەم خەنزۇ قوشۇنى، يېڭىدىن ئەل بولغان قوشۇن قاتارلىقلارغا ئات، كالا، قوي ۋە ئات، ئېشەك پۇلى ھەدىيە قىلىنغان»[2] . جىيۈەننىڭ 17 ـ يىلى (1380 ـ يىلى ) باھار 1 ـ ئايدا (بىڭۋۇ كۈنى ) «تۈمەنبېشى چى گۆڭجىغا بېشبالىققا بېرىپ، 12 مىڭ 500 ياستۇق پۇل ھەدىيە قىلىش پەرمانى چۈشۈرۈلدى»[3] . جىيۈەننىڭ 22 ـ يىلى (1285 ـ يىلى ) بېشبالىق ئۆتىڭى تەسىس قىلىنىپ، 600 ياستۇق پۇل بېرىلىپ، ھاردۇق پۇلى ھېسابىدا، كېيىنكى خىراجەت ئۈچۈن

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 63 ـ جىلد، «جۇغراپىيە تەزكىرىسى (6 )» .
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 10 ـ جىلد، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (7 )» .
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 11 ـ جىلد، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (8 )» .



ئىشلىتىش بەلگىلەندى»[1] .

ئىككىنچىدىن، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پۇل بىلەن ئاچارچىلىقتا قالغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى قۇتقۇزغان . جىيۈەننىڭ 15 ــ يىلى (1278 ـ يىلى ) «بېشبالىق، رىخۇس قاتارلىق جايلاردىكى ئاچارچىلىقتا قالغان پۇقرالارغا 2500 ياستۇق قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىلگەن»[2] . جىيۈەننىڭ 22 ـ يىلى (1285ـ يىلى ) «قارا قوچودىكى پۇقرالار ئاچارچىلىقتا قېلىپ، ھەربىر ئائىلىگە ئىككى تۇياق كالا، ئىككى شىڭ ئۇرۇق بېرىلگەن، يەنە 116 مىڭ 400 ياستۇق پۇل بېرىلگەن»[3] . جىيۈەننىڭ 23 ـ يىلى (1286 ـ يىلى ) «قومۇلدىكى نامرات پۇقرالار ۋە قارا قوچودىكى پۇقرالارغا كالا، ئۇرۇق ھەدىيە قىلىنغان، نەرخى 16 مىڭ 200 ياستۇق پۇلغا يەتكەن»[4] .

ئۈچىنچىدىن، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۈەن سۇلالىسى پۇلىنى ئۇيغۇر بازارلىرىغا سالغان . جىيۈەننىڭ 21 ـ يىلى (1284 ــ يىلى ) مىراخوجا، مىرئەلى قاتارلىقلار بىر تۈمەن ياستۇق پۇلنى بېشبالىق ۋە خېشى، ئۇستۇن ئاستانىدە بازارغا سالغانلىقىنى مەلۇم قىلدى[5] . تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جىيۈەننىڭ 17 ـ يىلىدىن 23 ـ يىلىغىچە يەتتە يىلدا، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بېشبالىق قاتارلىق جايلارغا 41800 ياستۇق پۇل تارقاتقان . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قەغەز پۇلنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىشلىتىلگەنلىكىگە دائىر ئەھۋاللار قەدىمكى ئۇيغۇرچە توختام ھۆججەتلىرىدىمۇ خاتىرىلەنگەن : شىۋساي تايشى 9 ياستۇق پۇلغا

① «بۈيۈك جۇڭگو قامۇسى . ئۆتەڭلەر»، «يۇڭلې قامۇسى»، 19418 ـ جىلد .
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 10 ـ جىلد، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (7 )» .
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 13 ـ جىلد، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (10 )» .
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 14 ـ جىلد، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (11 )» .
⑤ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 13 ـ جىلد، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (10 )» .

قوچولۇق ئاداي تۇتۇڭدىن بىنتۇڭ ئىسىملىك 40 ياشلىق ساۋاتلىق قىتان ئەرنى سېتىۋالغان .[1]

رادلوف ئېلان قىلغان 12 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت «يەر پۇلىنى تۆلەش توختىمى» بولۇپ ، ئۇنىڭدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «قوچودىكى ئۈزۈملۈك شەھىرىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان بىر نەچچە پارچە يەرنىڭ باھاسى ئالتە يۈز ياستۇق پۇل (Alti yūz yas tuq cau ) بولدى .»[2] 87 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت يەر ئىجارىگە بېرىش توختامى بولۇپ ، ئۇنىڭدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «مەن ئارام قارا (Aram qara ) ۋە قىنىسۇن (Qinisun ) ئىككىمىز پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغاچقا ، دەريا بويىدىكى زىرائەت تېرىيدىغان يەرنى ئالتمىشكە (Altimi s ) ئىجارىگە بەردىم . ئىجارە ھەققى 12 سۇرچاۋ بولدى .»[3] مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا پۇل ئۇيغۇرلار رايونىدا ناھايىتى ئومۇملاشقان . ھۆججەتتە ئۇچرىغان «جۇڭتۇڭ يارمىقى» «جۇڭتۇڭ يىللىرىدا تارقىتىلغان ئورتاق ئوبوروت قىلىنىدىغان يارماق» نىڭ قىسقىچە ئاتىلىشىدۇر . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى . ئوزۇق ـ تۈلۈك ، مال ـ مۈلۈك تەزكىرىسى» گە قارىغاندا ، يۈەن شىزۇ جۇڭتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1260 ـــ يىلى ) بىرلىككە كەلگەن ، ھەممە يەردە ئۆتىدىغان «يارماق» بېسىلغان . شۇ يىلى 10 ـ ئايدا يەنە «جۇڭتۇڭ يىللىرىدا تارقىتىلغان ئورتاق ئوبوروت قىلىنىدىغان يارماق» نى تارقاتقان . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە ، كۈيچيۇ كۇنى جۇڭتۇڭ يارمىقى دەسلەپكى قەدەمدە تارقىتىلدى» دېگەن خاتىرىلەر بار ، بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە

[1] گېڭ شىمىن : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە توختامنىڭ يەشمىسى» ، «مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1978 ـ يىللىق 2 ـ سان .
[2] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 12 ـ ۋەسىقە .
[3] رادلوف : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 87 ـ ۋەسىقە .



ھۆججەتلەردىكى «جۇڭتۇڭ يارمىقى» نىڭ «جۇڭتۇڭ يىللىرىدا تارقىتىلغان ئورتاق ئوبوروت قىلىنىدىغان يارماق» نى كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

فېڭ جياشېڭ ئەپەندى تەرجىمە قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يەر ھۆججىتىدىمۇ «جۇڭتۇڭ يارمىقى» ئىشلىتىلگەن ئىسپاتلار بار . «مەن تۇرمىش تىگىن (Turmi stigin ) ئاستانە (ھازىرقى بېيجىڭ )دا ئوبوروت قىلىنىدىغان قەغەز پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن ، قوچو ئەتراپىدىكى مەن ۋە ئىچ كۈيئوغلۇم ئۇ بومىشقا بۆلۈپ بەرگەن تېرىلغۇ يەر ۋە سۇت ساغىدىغان يەرلەرنى ... مەن قانۇنلۇق رەسمىيەت ئارقىلىق ، خاسدوغا سېتىپ بەردىم . باھاسى 80 ياستۇق جۇڭتۇڭ يارمىقى بولدى »[1] . يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلارمۇ ئوخشاشلا قەغەز پۇلنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا ئوبوروت قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى . ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى تۇرپان رايونىدىن بايقىغان «جۇڭتۇڭ يىللىرىدا تارقىتىلغان ئورتاق ئوبوروت قىلىنىدىغان يارماق»[2] ۋە «جىيۈەن يىللىرىدا ئوبوروت قىلىنغان يارماق»[3] بۇنى ئېنىق دەلىللەيدۇ .

قەغەز پۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە پۈتۈن مەملىكەتتە ئوبوروت قىلىنىدىغان قانۇنلۇق پۇل بولۇپ ، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى زورلۇق ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇنى قىممەت ئۆلچىمى ۋە ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى سۈپىتىدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئوبوروت قىلىپ ، تەدرىجىي ھالدا ئاساسلىق پۇلغا ئايلاندۇرغان . ماركس پۇلنىڭ فۇنكسىيىسىنى ناھايىتى مېغىزلىق بايان قىلغان . ئۇ : «دۆلەتنىڭ

[1] فېڭ جياشېڭ : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە توختامنىڭ ئىككى تۈرى» ، «تارىخ تەتقىقاتى ، 1954 ـ يىللىق 1 ـ سان ، «فېڭ جياشېڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1987 ـ يىل نەشرى ، 422 ـ بەت .
[2] جېڭ شياۋشۇ : «يۈەن سۇلالىسى جۇڭتۇڭ يارمىقى» ، «شىنجاڭدىكى قەدىمكى جايلارنى زىيارەت قىلىشتىن خاتىرە» .
[3] خۇاڭ ۋېنبى : «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» ، بېيجىڭ ، 1954 ـ يىل نەشرى ، 47 ~ 48 ـ بەتلەر ، 53 ـ سۈرەت .

بۇ خىل زورلاش ھەرىكىتى بىر دۆلەت دائىرىسى ئىچىدە ياكى دۆلەتنىڭ ئوبوروت ساھەسىدىلا ئۇنۇملۇك بولىدۇ . پۇل مۇشۇ ساھەدىلا ئوبوروت ۋاستىسى ياكى قۇيما پۇل فۇنكسىيىسىنى تولۇق ئۆتىيەلەيدۇ . شۇڭلاشقا قەغەز پۇل ئۆزىنىڭ مېتال گەۋدىسىدىن تاشقى جەھەتتىن ئايرىلالىسىلا ، ئاندىن فۇنكسىيىسى نوقۇل شەكىل جەھەتتىن مەۋجۇت بولالايدۇ .»①

ماركسنىڭ تەھلىلى قەغەز پۇلنىڭ ئوبوروت قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشىنىڭ دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ . خەنزۇچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىكى قەغەز پۇلغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى پۇل تۈزۈمىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يۈرگۈزۈلگەنلىكىدەك تارىخىي پاكىتنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ بەردى .

ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇيغۇرلار رايونىدا يەنە مېتال پۇلمۇ ئوبوروت قىلىنغان . ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار رايونىدا بۇ يەردە قۇيما پۇلنىڭ مەۋجۇت بولغان ياكى بولمىغانلىقى توغرىسىدا ، تارىخىي كىتابلاردا ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان . ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى شىنجاڭدىن ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن مىس پۇلنى تاپقان ، بۇ پۇل يۇمىلاق ، ئوتتۇرىسى تۆت چاسا بولۇپ ، دىئامېتىرى 2 سانتىمېتىر ، تۆشۈكىنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن 0.55 سانتىمېتىر ، ئېغىرلىقى 2.3 گرام كېلىدۇ ، مېتال پۇلدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ھەممە يەردە ئوبوروت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان مۇقەددەس يارلىق»② تىن ئىبارەت . مېتال پۇتۇكتە ئۇچرايدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئىدىقۇت» سۆزى ۋە مېتال پۇتۇكتىكى خەت نۇسخىسىدىن قارىغاندا ، بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن چاسا تۆشۈكلۈك يارماق

---

① ماركس : «كاپىتال» ، «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» ، 23 - توم ، خەلق نەشرىياتى ، 1972 - يىلى نەشرى ، 249 - بەت .
② جياڭ چىشياڭ : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن بىر تال يارماق» ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، 1990 - يىللىق 2 - سان .



يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياكى جىدا يىللىرىدا قۇيۇلغان بولۇشى كېرەك .①

ئالتۇن پۇل ، كۈمۈش پۇللارمۇ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى مۇھىم پۇللارنىڭ بىرى ، جىيۈەننىڭ 31 - يىلى (1294 - يىلى) يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىدىقۇتقا 550 سەر ئالتۇن ، 7500 سەر كۈمۈش ، قومۇلنىڭ تېكىنى تېرىمغا 50 سەر ئالتۇن ، 450 سەر كۈمۈش ھەدىيە قىلغان»② . قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە ، ئالتۇن ياستۇق altun yastuq ؛ كۈمۈش ياستۇق kümüs yastuq دېيىلگەن . چاۋ (Cau) نىڭ baqir ، satir ۋە ③ yastuq دېگەن بىرلىكلىرى بار ، بۇنىڭ ئايرىۋاشلاش مۇناسىۋىتى = 50 satir.

---

① يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىككى قېتىم قۇيما پۇل ئوبوروت قىلىنغان ، بىر قېتىم جىدا يىللىرىدا ، يەنە بىر قېتىم جىجېڭ يىللىرىدا ، بۇ ھەقتە چېن دېجى ئەپەندى ۋە ياپونىيىلىك ئالىم يۈەنتېڭ چيۈسوڭ ئەپەندى تەتقىقات ئېلىپ بارغان (چېن دېجى : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۇللار» ، «نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1992 - يىللىق 4 - سان ؛ يۈەنتېڭ چيۈسوڭ : «جۇڭگونىڭ شىمالدىكى مىللەتلەر قۇرغان خاندانلىقلارنىڭ پۇل تارىخى - يۈەن سۇلالىسىنىڭ پۇل تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ، 59 ~ 83 - بەت ، جاۋخېنىڭ 56 - يىلى) . ئۇيغۇرلار تارىختا ئاز ساندا ئوتتۇرىسى چاسا تۆشۈك مىس يارماق قۇيغان . خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەن چيېنىڭ «ماچيەن 马钱 » ۋە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پۇللىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ «چاسا تۆشۈكلۈك يارمىقى» غا ئوخشىمايدۇ . قاراڭ : «خوتەن ماچيەن 马钱 ھەققىدە» ، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، 1962 - يىللىق 7 - ، 8 - سان ؛ جياڭ چىشياڭ : «ئاتۇشتىن تېپىلغان قاراخانىيلار پۇلى ھەققىدە تەتقىقات» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي دوكلات يىغىنى ماقالىرى توپلىمى» ، 1980 - يىل نەشرى ؛ ۋىتفورگېل ۋە فېڭ جياشېڭ ئەپەندىلەر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ، غەربىي لياۋ سۇلالىسى خەنزۇلارنىڭ پۇلىنىڭ شەكلىگە ئاساسەن بىر خىل چاسا تۆشۈكلۈك مىس پۇل — «سەمەرقەند يارمىقى» («جۇڭگو جەمئىيەت تارىخى - لياۋ سۇلالىسى جەمئىيىتى تارىخى» « History of chinese society — Liao» 64 - بەت) نى قۇيدۇرغان دەپ قارايدۇ ، لېكىن ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرى بىزنى بۇ جەھەتتىكى دەلىل ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىمىدى . شىنجاڭ رايونىدا مىس پۇل قۇيۇلغانلىقىغا ئائىت خەۋەرلەر تۆۋەندىكىچە : (1) ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى شىنجاڭنىڭ بۈگۈر ۋە كۇچا رايونىدىن ۋېي ، جىن ، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە قۇيۇلغان پۇللارنى تاپقان («شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 251 - سۈرەت ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى ، 1985 - يىل نەشرى) ؛ (2) گابائىن : تۈركەش («Turki s») قاغان چاسا تۆشۈكلۈك - يۇمىلاق مىس پۇل قۇيدۇرغان دەپ قارايدۇ (گابائىن : «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» ، زۇ رۇشەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، 40 - بەت) . مەزكۇر تېكىستتە مىسال كەلتۈرۈلگەن مىس پۇلدىكى يېزىقلاردا كۆرۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئىدىقۇت» دېگەن ئەمەل نامىنى تەھلىل قىلساق ، بۇ پۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت يادىكارلىقتەك قىلىدۇ ، يۈەن سۇلالىسى جىدانىڭ 2 - يىلىدىكى «مىس يارماق ئىشلىتىش يارلىقى» («يۈەن مەكتۇپلىرى» ، 9 - جىلد) نىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇرلار يۇرتىدا چاسا تۆشۈكلۈك مىس يارماق قۇيۇلۇشقا باشلىغانلىقى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن .
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 18 - جىلد ، «چېڭزۇڭ ھەققىدە خاتىرە (1)» .
③ «锭» نى ئۇيغۇرلار yastuq دەپ ئاتايدۇ ؛ پارسلار balish دەپ ئاتايدۇ ، سەر ، ئۇيغۇرچىدە satir ، موڭغۇلچىدە «سىجىر» يەنى sijir دېيىلىدۇ ؛ پۇل (分 ۋە 文) ، ئۇيغۇرچىدە baqir ، موڭغۇلچىدە ، باقىر baqir دېيىلىدۇ . مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا ، موڭغۇل تىلىدىكى sijir تۈركچىدىكى satir دىن كەلگەن ، ئۇيغۇرچىدىكى باقىر موڭغۇل تىلىدىكى باقىر (baqir) بىلەن ئوخشاش .

lyastuq، lsatir= baqir10 يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۇل قانۇنىدا 1 ياستۇق 50 سەرگە سۇندۇرۇلغان، ئىككى سەردىن تۆۋەنلىرى بويىچە ھېسابلانغان. شۇڭلاشقا، yastuq = ياستۇق، satir = سەر، باقىر = ① 100 文 بولىدۇ.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە كۈمۈشتىن پۇل قۇيۇلغان – قۇيۇلمىغانلىقى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنمىگەن، لېكىن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار تەتقىقاتىمىزنى بەزى پايدىلىق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى تۇرپان رايونىدىن نۇرغۇن كۈمۈش پۇللارنى تاپتى، بۇ كۈمۈش پۇللار «كۈمۈشتىن ياسالغان، يۇملاق، ئىككى يۈزىگە يېزىق چۈشۈرۈلگەن، بىر يۈزىگە قوش سىزىقلىق چەمبەر، نۇقتىلىق چەمبەر چۈشۈرۈلگەن، چەمبەرنىڭ ئىچىگە يېزىق ۋە گۈل – سىزىقلار چۈشۈرۈلگەن، يەنە بىر يۈزىگە قوش سىزىقلىق چەمبەر، نۇقتىلىق چەمبەر چۈشۈرۈلگەن». خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى دەلىللەش ئارقىلىق، بۇ پۇللار 14 – ئەسىرگە تەئەللۇق، تەخمىنەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىجېڭ يىللىرىدا قۇيۇلغان ② دەپ قارىغان.

يۇقىرىقى تەھلىللەردىن ئۇيغۇرلار رايونىدا يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنلۇق پۇلى — چاۋ (钞) ئوبوروت قىلىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە مەزكۇر رايوندىكى ئەسلىدىكى پۇل — يىرىك بۆزنىڭمۇ ساقلىنىپ قالغانلىقى، ئالتۇن، كۈمۈش، مىسنىڭ يەنىلا پۇل تۆلەش ۋاستىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر بازارلىرىدا ئوبوروت قىلىنغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

---

① چېن گاۋخۇا: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمىنىڭ داۋامى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 – يىل نەشرى.

② خۇاڭ ۋېنبى: «تارىم ئويمانلىقى ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، بېيجىڭ، 1958 – يىل نەشرى، 110 — 111 – بەتلەر.



# تۆتىنچى باب، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈشى ۋە ئۇلارنىڭ خەنزۇلىششى

## § 1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈشى ۋە ئۇلارنىڭ تارقىلىشى

يۈەن سۇلالىسى دەۋرى جۇڭگو تارىخىدىكى كۆپ خىل مەدەنىيەت يۇغۇرۇلۇپ تەڭ مەۋجۇت بولغان بىر جەمئىيەت، يۈەن سۇلالىسى دەۋرى مەدەنىيىتى ھەم ئۆزگىچىلىككە ھەم رەڭدارلىققا ئىگە بولۇپ، جۇڭگودىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن تېرىم مىللەتلىرى يۇغۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي تۈزۈم ئۆزگىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈش پائالىيەتلىرى بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئەڭ رەڭدار بىر سەھىپىسىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈشى ئىچكىرىدىكى بەزى جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ۋەزىيىتىدىكى تۇراقلىق ئەندىزىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، خەنزۇلارنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشىدەك ۋەزىيەتنى مۇئەييەن دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلىدى. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قوشۇلۇش شەك – شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. خۇددى خېن رۇلىن ئەپەندى ئېيتقاندەك، «بىر مىللەت ئەگەر ئەتراپىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار پەن – تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلالمايدىكەن،

ئۇ مۇقەررەر ئارقىدا قالىدۇ .»[1]

## بىرىنچى ، ئىچكىرىگە كۆچۈشنىڭ سەۋەبى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى

1 ) ئايىتقى چىقماس ئۇرۇشلار ۋە ئىجتىمائىي داۋالغۇش ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر .

1259 - يىلى يۈەن شيەنزۇڭ مۆڭكۈخان ئۆلگەندىن كېيىن پارتلىغان ئارىغ بۇقا توپىلىڭى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بالايىئاپەتلىك يىللارنىڭ پەردىسىنى ئاچتى . قۇبلاي قاراقۇرۇمدا ئارىغ بۇقىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ، ئۇيغۇرلار رايونىدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تېز سۈرئەتتە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، قوچقار تېكىننى ئىدىقۇتلۇققا تەيىنلىدى . ئۇزاق ئۆتمەي ئوگداينىڭ نەۋرىسى قايدۇ ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ تەپرىقچىلىك قىلىپ ، چوڭ قۇملۇقنىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمال رايونىدا نەچچە ئون يىل قاغانلىق تەختىنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلدى . جىيۈەننىڭ 12 — يىلى (1275 - يىلى ) دۇۋا قوشۇن چىقىرىپ قوچوغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى .[2] جىيۈەننىڭ 17 - يىلى (1280 - يىلى ) 2 - ئايدا «ئاسىي قوشۇن قارا قوچو قاتارلىق شەھەرلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى ، (شەھەرلەردىكى پۇقرالارغا ) ئاقچا تارقىتىپ بېرىلدى ، ئاۋام ، پۇقرالارنىڭ ئۈچ يىللىق باج - سېلىقى كەچۈرۈم قىلىندى… 10 - ئاينىڭ گۈيسى كۈنى ، قوچودىكى

① خەن رۇلىن : «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 1 - جىلد ، خەلق نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى ، 3 - بەت .
② يۇجى «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» ، «داۋيۈەنشۈناسلىق قەدىمىي خاتىرىلىرى» ، 24 - جىلد .



شەھەرلەرگە سەرگەردان بولۇپ كەتكەن پۇقرالارنى يىغىشقا پەرمان چۈشۈرۈلدى .[1] گەرچە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۈرلۈك ئەمىن تاپقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللانغان بولسىمۇ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈپ كىرىشىنى توسۇيالمىدى . قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىقۇتى قوچقار تېكىننىڭ ئوغلى نورىن تېكىننىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ گەنسۇ يۇڭچاڭغا كۆچۈشى دەل مۇشۇنداق تارىخىي كۆرۈنۈش ئاستىدا يۈز بەرگەن .

2 . موڭغۇل — يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە جياڭنەن رايونىنى ئىستىلا قىلىشىمۇ زور تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرىگە كۆچۈشكە جەلپ قىلدى . ئۇلار ئاساسلىقى موڭغۇل ھاكىمىيىتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا ئەمەل تۇتقانلار ياكى موڭغۇللارنىڭ ھەربىي ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان ئەسكەرلەر ئىچىدىكى كېيىن ئەمەل تۇتۇپ ، ئىچكىرىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ياكى قورغان ، راباتلارغا يېقىن جايدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار ئىدى . ئارغۇن سالىنىڭ بوۋىسى ئاتاي سالى «تەيزۇ غەربىي يۇرتنى تىنچىتىپ قايتقاندا ، بىللە ئەگىشىپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان» [2] ، سارابانىڭ بوۋىسى «يۇرسىمان شيەنزۇڭنىڭ خىزمىتىدە بولغان… كېيىن ئالىي سەركەردە زاخۇرتاي بېشبالىقتا تۇرغاندا ، ئائىلىسىدىكىلەرنى كۆچۈرۈپ پىڭياڭدا تۇرۇپ قالغان»[3] ، قوچولۇق تېكەچۇق ئەلمىساقتىن پەنجكەتتە ياشاپ كەلگەن ، كېيىن ئاستانىگە كۆچۈپ كەلگەن [4] . توروقايا جەمەتى «ئەلمىساقتىن بېشبالىقتا ياشاپ

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 11 - جىلد ، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» .
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 130 - جىلد ، «ئارغۇن سالىنىڭ تەرجىمىھالى» ، «سۇڭشۆجەي ئەسەرلەر توپلىمى» 7 - جىلد .
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 124 - جىلد ، «قارايىغاچ بۇيرۇقنىڭ تەرجىمىھالى» .
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 125 - جىلد ، «تېكەچۇقنىڭ تەرجىمىھالى» .

كەلگەن ، بوۋسى باراقچۇ دەۋرىدە جىبندىڭغا كۆچۈپ بېرىپ ، ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىنىڭ تىنچلاندۇرغۇچىسى بولغان .»[1] سۇ تيەنجۆ ئۆزىنىڭ «زىشى يازمىلىرى» دا «تۆرە (ئىبسەننى دىمەكچى ) نىڭ ئۇلۇغ بوۋىسىدىن بۇرۇنقىلار قوچودا ئەمەل تۇتۇپ كەلگەن ، ئىبسەن دەۋرىدىن باشلاپ ، جۇڭگوغا كىرىپ ، ئائىلىسى بويىچە ئاستانىدە ئولتۇراقلاشقان .[2] كۆچۈپ بارغان بۇ ئۇيغۇرلار ئىچكىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن كېيىن تۇرمۇش قۇرۇپ ، بالىلىق بولغان ، ئۆلگەندىن كېيىن خەنزۇلار زېمىنىغا دەپنە قىلىنغان . ئارغۇن سالى دادىنىڭ 11 - يىلى (1307 - يىلى ) خانبالىققا دەپنە قىلىنغان .[3] لياۋ ياڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ سول قول ئەمىرى ئۇيغۇر ئىلىنجىن جىجېڭنىڭ 7 - يىلى (1347- يىلى ) قازا قىلىپ ، ياندۇرۇقى يىلى (1348 - يىلى ) 3 - ئايدا جىبندىڭنىڭ لۇەنچېڭدىكى ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان .[4] بېشبالىقلىق مىڭسەرىس «ئاستانىنىڭ غەربىدىكى گاۋلياڭ دەرياسىنىڭ بويىدىن جاي سېتىۋېلىپ شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان .»[5] گۇەن يۈنشى (غۇربىتى ) «شىجىن (هازىرقى بېيجىڭ ) دىكى ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان»[6] . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشىدا «تاشمۇ

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 137 - جىلد ، «تولى قايانىڭ تەرجىمىهالى» .
② سۇ تيەنجۆ : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن كېڭەشبېگى ، خانزادىلەر ئۇستازى دانىشمەن ئۆلىمالار كامالەتخانىسىنىڭ ئۆلىماسى فەنياڭ باسقاقى ئارغۇن سالىنىڭ ئابىدىسى» ، «زىشى يازمىلىرى» ، 15 - جىلد .
③ جاۋ مېڭفۇ : «ئارغۇن سالىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «سۇڭشۆجەي ئەسەرلەر توپلىمى» ، 7 - جىلد .
④ خۇاڭ جىن : «لياۋ ياڭ قاتارلىق جايلاردىكى قارا دىۋان ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ سول قول ئەمىرى ئىلىنجىننىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى» ، 24 - جىلد .
⑤ چېڭ جۈفۇ : «ۋۇدۇ پاراسەتلىك ، چېچەن بېگى ۋاڭ شۇدېنىڭ ئابىدىسى» ، «شۆلۇ توپلىمى» 6 - جىلد .
⑥ ئوۋياڭ شۈەن : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن دانىشمەن ئۆلىمالار كامالەتخانىسىنىڭ ئۆلىماسى ، ئىشكئاغا ، يارلىقچى دۆلەت تارىخىنى تۈزگۈچى گۇەن يۈنشى ئابىدىسى» ، «گۈيجەي توپلىمى» ، 9 - جىلد .



چۈشكەن جايىدا ئەزىز » دەيدىغان خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى يوق ئىدى ، بۇ ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ خەنزۇلار زېمىنىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم دەپ بىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

3 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈشىدىكى يەنە بىر مۇھىم تاشقى سەۋەب ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار رايونىنىڭ تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلارنى كۈچلۈك جەلپ قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

جۇڭگو تارىخىدا جۇغراپىيىۋى ۋە تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى باشتىن - ئاخىر نىسبەتەن ئىلغار ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى . 9 — ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش دولقۇنىنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىشىغا ئەگىشىپ ، نۇرغۇن خەنزۇلار غەربىي شىمالغا كۆچۈپ بېرىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرى رايونلارنىڭ مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى .

## ئىككىنچى ، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

شەنشى ، گەنسۇدىكى ئۇيغۇرلار

«قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۇ تېشى» نىڭ خەنزۇچىسى ۋە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى . بارچۇق ئارت تېكىنىنىڭ تەرجىمىهالى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا جىيۈەنىنىڭ 12 - يىلى (1275 - يىلى ) دۇۋا بوسبا 12 تۈمەن لەشكەر بىلەن قوچوغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان . ئىدىقۇت قوچقار تېكىن شەھەرنى

ئالته ئاي چىك ساقلىغان ، شەھەردە ئاشلىق قالمىغاچقا داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشقا ئىلاجىسىز قېلىپ ؛ قەرزنى تارتۇق قىلىش بەدىلىگە دۇۋانى ئەسكەر چېكىندۇرۇشكە ماقۇل كەلتۇرگەن . جىيۈەننىڭ 14 - يىلى (1277 - يىلى ) ئىدىقۇت قوچونى تاشلاپ قومۇلدا ماكانلاشقان .① ئۇزاق ئۆتمەي ، ئاسىي قوشۇن يەنە بېسىپ كەلگەن ، قوچقار تېكىن جەڭدە ئۆلگەن . ئوغلى نۇرىن تېكىن ئىدىقۇتلۇق تەختكە ئولتۇرۇپ ئاھالىسى بىلەن گەنسۇدىكى يۇڭچاڭغا كۆچكەن . «شىنىڭ بېگى شىندۇ ئابىدىسى »دە ئۇنىڭ كۆچۈشى توغرىسىدا «ئىدىقۇت ئوردىغا سالامغا كېلىپ ، جەمەتى بويىچە ئىستائەت قىلدى . نۇرغۇن خەۋپ - خەتەرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ، يۇڭچاڭغا كەلدى ، بۇ جاينىڭ تۇپرىقى مۇنبەت بولغاچقا ، كۆپ يىللار باياشاتچىلىقتا ياشىدى ، تۇپرىقى مۇنبەت دەپ مۇشۇ جايدا ماكانلاشتى »② دەپ خاتىرىلەنگەن . يۇڭچاڭ رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن ئىدىقۇت جەمەتىدىكىلەر خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالغان . يەنە بىر تەرەپتىن ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىشىش خاھىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئۇلار بىلەن ئىدىقۇت رايونى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت پەيدىنپەي ئۈزۈلدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خەنزۇلار رايونىغا يىلتىز تارتىپ ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ، تاكى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىلا فامىلىسىنى «جاڭ » غا ئۆزگەرتتى .③ يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇر كۆچمەنلىرى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ فېڭيۈەنلۇدىكى (شەنشى

① ليۇ يىڭشېڭ : «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى ۋە چاغاتاي خانلىقى تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات » ، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 - يىلى نەشرى ، 168 - بەت .
② جاڭ ۋېي : «لۇڭشى تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى » ، 5 - جىلد «شىنىڭ بېگى شىندۇنىڭ تۆھپە ئابىدىسى » ، مىنگونىڭ 32 - يىلى .
③ جاڭ شۇ : «ياڭسۇتاڭ ئەسەرلەر توپلىمى . شيەنئەنلىك مۇشىنىڭ ئىش - ئىزلىرى ھەققىدە بايان » ؛ ۋاڭ زۇڭۋېي «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىقۇت جەمەتى ۋە ئۇلارنىڭ يۇڭچاڭغا كۆچۈشىنىڭ باش - ئاخىرى » ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ، 1989 - يىللىق 2 - سان . 113 ~ 115 - بەتلەر .



شىئەن ) خەنياڭ ، لىنتوۋ ناھىيىلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى . تارىخىي خاتىرىلەردە «تيەنلىنىڭ 2 - يىلى (1327 - يىلى ) 2 - ئاينىڭ بىڭچېن كۈنى فېڭيۈەننىڭ لىنتوڭ ، شيەنياڭ ناھىيىلىرىدىكى 800 تۈتۈنلۈك ئۇيغۇر ئاھالىسى ئېغىر ئاچارچىلىقتا قالغانلىقىنى مەلۇم قىلدى ، شەنشى ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ۋازارەت شيەنياڭغا 13 مىڭ يارماق قۇتقۇزۇش بەردى ، لىنتوڭغا 5400 دادەن قۇتقۇزۇش بۇغدىيى بەردى ، ئۇيغۇرلارغا 100 نەچچە دادەن قۇتقۇزۇش ئاشلىقى بەردى »① دەپ خاتىرىلەنگەن . بۈگۈنكى شەنشىنىڭ فېڭشياڭدا يەنە نۇرغۇن «قوچو » لۇق (ئۇيغۇرلار ) ئولتۇراقلاشقان ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتمەي تاغ ئىلاھى ، يالامانغا نەزىر - چىراغ بېرىدىغان نۇرغۇن ئىبادەتخانىلارنى بىنا قىلغان② . دادېنىڭ 5 - يىلى بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار نەنياڭدا تېرىقچىلىق قىلىپ③ ، ئىچكىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا تۆھپە قوشقان .

خېنەن ئۆلكىسىدىكى ئۇيغۇرلار

بۇ رايونغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى نەنياڭ ئايمىقى ، شياڭياڭ يولىغا قاراشلىق جايلارغا ماكانلاشقان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمەلدارلار ، ئەسكەرلەر ھەم نۇرغۇن ئاۋام پۇقرالار بار ئىدى . يۈەن چېڭزۇڭنىڭ دادې 5 - يىلى (1301 - يىلى ) 10 - ئايدا يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى نەنياڭ ئايمىقى (ھازىرقى خېنەندىكى نەنياڭ شەھىرى ) دىكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرلەرنى يېڭىدىن نوپۇسقا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىشىغا تارتۇق قىلىپ بېرىش ، يەنە ئۈچ ئاي

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى » ، 33 - جىلد ، «ۋېنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە (2 ) » .
② يۇجى : «شى تاۋغا چۈشۈرۈلگەن ئىككى كۇبلىتلىق شېئىرىي يارلىق » ، «داۋيۈەنشۇناسلىق قەدىمىي خاتىرىلىرى » ، 6 - جىلد .
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى » ، 20 - جىلد ، «چېڭزۇڭ ھەققىدە خاتىرە » (3 ) .

يەتكۈدەك ئاشلىق بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن[1] . بۇ ئۇيغۇرلار 600 تۇتۇنچە ئىدى . يۈەن شىۈەنزۇنىڭ زامانىسىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتىلىغاندا بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئەسكەرلەر شىياڭياڭ (خۇبېيدىكى شىياڭپەن ) نى قوغدىغان ، كېيىن يەنە ئىدىقۇت ئۇلۇغ تۆمۈرنىڭ قوماندانلىقىدا شىياڭياڭ ، نەنياڭ ، دېڭجۇ قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنى باستۇرغان[2] . ئۇنىڭدىن باشقا ، مەزكۇر ئۆلكىلىك ۋازارەتكە قاراشلىق بيەنلياڭ يولى (بۇگۈنكى خېنەننىڭ كەيفېڭ شەھىرى ) ، ئەنچىڭ يولى (بۇگۈنكى ئەنچىڭ شەھىرى ) دىكى سۇسۇڭ ، خۇەينىڭ ئەتراپلىرىدىمۇ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقانىدى .[3] ئىنتايىن قىزىقارلىق يېرى بۈگۈنكى خېنەننىڭ مېيەنچى ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى لىخې كەنتىنىڭ بېيلىڭ دېگەن جايىدىكى ئۇيغۇر قەبرىستانلىقىدا ، مېيەنچىدىكى «ليۇ جەمەتىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» ، «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭچۇن كېڭەشبېگى ليۇ تۆرە يۈجېننىڭ قەبرە جەدۋىلى» ، «ليۇ جەمەتى قەبرىسىنىڭ يۆتكىلىش جەريانى» دىن ئىبارەت ئۈچ قەبرە تېشى ئوڭدىن سولغا تەرتىپ بويىچە تىزىلغان . بۇ ئۈچ قەبرە تېشى مىنگونىڭ ئالتىنچى يىلى (1917-يىلى ) قايتىدىن ئويۇلغان . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «مېيەنچىدىكى لى جەمەتىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» دە : «ليۇ جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئەجدادى ئەسلى غەربىي يۇرتلۇق بولۇپ ، ئۇيغۇرلاردىن ئىدى . ئاتا - بوۋىلىرى بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقىلى ئۇزۇن بولغان ، بۈگۈن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق بەشىنچى ئەجدادىدىن باشلاپ شەجەرىسى بويىچە بۇ ئابىدىنى ئورناتتۇق . بىرىنچى ئەۋلاد ئۇلۇغ

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 20 - جىلد ، «چىڭگىزنىڭ ھەققىدە خاتىرە (3 )» ، 34 - جىلد ، «ۋېنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» .

② جېڭ يۇ : «شيۇنىڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى ئېسەن تويىن تۆرىنى سېغىنىش ئابىدىسى» ، «شىشەن تويلىمى» ، 6 - جىلد .

③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 42 - جىلد ، «شۈندى ھەققىدە خاتىرە (5 )» ، 195 - جىلد ، «ساداقەتمەنلەر (3 )»



بوۋىسى لاچىن قايا يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا يۈڭنىڭ (بۈگۈنكى خېنەننىڭ لونىڭ ناھىيىسى ) ، لىڭباۋ ، شەنشيەن ، مېيەنچى ، يىياڭ قاتارلىق بەش ناھىيىنىڭ دارۇغاچى بولغان ، ئۇ ناھايىتى رەھىمدىل ، ئاق كۆڭۈل بولغاچقا خەلقنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن . ئۇزاق ۋاقىت يۈڭنىڭدا ئولتۇراقلاشقان . ئۇنىڭ تولى قايا ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ سىنەن (بۈگۈنكى گۇيجۇ ) دە ھۆددىچى بولغان ، بەدەۋىلەر ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغان . ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ ، چوڭ ئوغلى ئادمىش قايا ۋېنشياڭ (بۈگۈنكى لىڭباۋ تەۋەسىدە ) ، مېيەنچى ، شىنئەن ، چالىڭ ئايمىقى (بۈگۈنكى خۇنەننىڭ چالىڭ ) دىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە ، بىر ئايماقنىڭ دارۇغاچى بولغان . شۇ چاغلاردا ھۆكۈمەت پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇلارنىڭ مېيەنچىدىكى ئەجدادىنىڭ يېنىغا ئولتۇراقلىشىشىغا رۇخسەت قىلغان . ئىككىنچى ئوغلى سۇلۇد قايا ، ئۈچىنچى ئوغلى سەۋىنچ قايالارمۇ بار ئىدى . ئۇلار ناھايىتى جاسارەتلىك ، خۇش پېئىل چوڭ بولغان بولۇپ ، ئۆيىدە تۇرۇپ ئىستىقامەت قىلغان . ئىككىنچىسى چالىڭ ۋىلايىتىنىڭ تۆرىسىنىڭ قىزىدىن بىر پەرزەنتلىك بولغان بولۇپ ، بۇ بالا چىڭگىزنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ، ئۈچىنچى ئوغلى شىزۇنىڭ خىزمىتىدە بولغان . كەنجى ئوغلى قۇدۇ قايا باشتا جياڭشىنىڭ مۆھۈردارى بولغان ، كېيىن يەنشى ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى بولغان ، كېيىن مىجۇڭ ئايمىقى (سەنشى ئۆلكىسى يۈڭجى ناھىيىسىدىكى شىپۇ ئايمىقى ) غا بارغان . خۇڭۋۇ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا مومىسى ‹ليۇ › نى جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى فامىلە قىلغان . جۇڭ شىن دېگەن كىشى ئىنتايىن مېھىر - شەپقەتلىك ، بىلىملىك كىشى بولۇپ ، خەلقنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ، ئۇنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ ، ئىسمى جۇڭ جىن ، ئۇ ئىنتايىن بىلىملىك كىشى بولۇپ ، سەنئەت ، مۇزىكا ، دەستۇر ،

ئەمەل ـ مەنسەپ، تارىخ قاتارلىق نۇرغۇن ئىلىملەرنى تەتقىق قىلغان. جۇڭ شىن 81 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. ئوغلى جۇڭ جىن ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلغان، جەمەتىنىڭ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، ئانىسىغا ۋاپادارلىق كۆرسەتكەن. يۇڭلېنىڭ 3 ـ يىلى…… كۈزلۈك ھوسۇلنى نازارەت قىلغۇچى ئەمەلدارلىققا تەيىنلەنگەن، بۇ خىزمەتنى بەجانىدىللىق بىلەن ئىشلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئوردا ئۇنىڭ ئىستىداتىغا قايىل بولۇپ، دەسلەپتە ئۇنى خۇگۇاڭغا قاراشلىق چاڭشا ۋىلايىتى شاڭتەن ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلىگەن، كېيىن بېيجىڭدىكى شۇنتيەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق باجۇ ئايمىقى ۋېنئەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا يۆتكىگەن…… يۇڭلېنىڭ 11 ـ يىلى گۇاڭدۇڭنىڭ ئوڭ قول پەرمانبەردارلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن، بويۇندە ۋەزىپىگە ئولتۇرغان، ئايماق ـ راباتلاردىكى ئەمەلدارلارغا ئۈلگە بولۇپ، قالتىس شۆھرەت قازانغان.»

يۇقىرىقى قەبرىنامىدىن مۇنداق بىر نەچچە مەسىلىنى بايقىيالايمىز. (1) لاچىن قايا يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا يۇڭنىڭ (بۈگۈنكى خېنەننىڭ لونىڭ)، لىڭباۋ، شەنشيەن، مىيەنچى، يىياڭ بەش ناھىيىدە دارۇغاچ بولغان. (2) خېنەنگە كىرىپ ئولتۇراقلاشقان ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر تولى قايا خەنزۇلارنىڭ لىيۇ جەمەتى بىلەن نىكاھلانغان، ھازىرغىچە بۇنىڭغا 650 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولغان. 1982 ـ يىلدىكى نوپۇس ستاتىستىكا ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، ھازىر خېنەن ئۆلكىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 720 ئىكەن، كۆپ قىسمى يەنى جەمئىي 131 تۈتۈن، 594 ئادەم مىيەنچى ناھىيىسىدە بولۇپ، خېنەن ئۆلكىسىدىكى ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ 82.5% نى ئىگىلەيدىكەن. باشقىلار پۈتۈن ئۆلكىنىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان. مىيەنچى ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار چېڭگۇەن، چىدى،



رېنسۈن، شىياڭ، ياڭشاۋ قاتارلىق يېزا ـ بازارلارغا تارقالغان، ئاساسلىقى چېڭگۇەن بازىرىدىكى دۇڭخېنەن كەنتى ۋە چىدى يېزىسىنىڭ بېيپۇچى كەنتىگە مەركەزلەشكەن.① ئۇلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خېنەنگە كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

### يۇننەن ئۆلكىسىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار

يۇننەنگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى بۇ جايىنى قوغداشقا يۆتكەلگەن لەشكەرلەرنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدۇر. ئۇيغۇر ئەسكەرلەر يۇننەنگە بىر نەچچە قېتىم كىرگەن: بىرى، جىيۈەننىڭ 22 ـ يىلى (1285 ـ يىل) ئىدىقۇت جەمەتىدىكى شۆشۆ تېكىن باشچىلىقىدىكى قاراجان (Caragian, Qarajang، يەنى دالى، بۇ نام يۇننەننى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلگەن) نى قوغداشقا بارغانلار مىڭ تۈتۈنچە ئىدى②، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە تەخمىنەن 1000 تۈتۈن ئادەم جېڭشياڭغا يۆتكەلگەن، ۋۇزۇڭنىڭ جىدا تۇنجى يىلى (1308 ـ يىلى) ئاندىن يۇننەنگە قايتقان.③ يەنە بىرى، رېنزۇڭنىڭ يەنيۇ 3 ـ يىلى (1316 ـ يىلى) يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋۇ مېڭ ئەسكەرلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ ئۇيغۇرلار ۋە يېڭىدىن ئەل بولغان خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقان بەش مىڭ تۈتۈنچە ئادەمنى ئەۋەتكەن.④ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى نەچچە مىڭ ئۇيغۇرنىڭ يۇننەنگە بارغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار يېتەرسىز، تەپسىلىي توختىلالمىدۇق.

① رېن چۈڭيۈ، لىي خەيچاۋ: «خېنەن ئۆلكىسىدىكى ئۇيغۇرلار»، «جۇڭگونىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى»، 1989 ـ يىللىق 1 ـ سان.
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 13 ـ جىلد، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (1)».
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 22 ـ جىلد، «ۋۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە (1)».
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 100 ـ جىلد، «قوشۇن تەزكىرىسى (3)»، «بوز يەر ئېچىش».

## جياڭسۇ ، جېجياڭغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار

بۇگۇنكى جياڭسۇ ، جېجياڭ رايونى ئېلىمىز تارىخىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان ، مەدەنىيىتى روناق تاپقان جايلارنىڭ بىرى بولۇپ ، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار بۇ رايونغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان . قوچولۇق شىي جىدۇ ئالدى بىلەن لۇڭشىڭ (بۇگۇنكى جياڭشىنىڭ نەنچاڭ ) دا ئولتۇراقلاشقان ، ئاندىن لىياڭ (بۇگۇنكى جياڭسۇنىڭ لىياڭ ) دا ئولتۇراقلاشقان .[1] سەنباۋجۇ پىڭجياڭ (هازىرقى جياڭسۇدىكى سۇجۇ ) دا ئولتۇراقلاشقان .[2] جىنجياڭ يولى (هازىرقى جياڭسۇدىكى جېنجياڭ ) دا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلاردىن 14 ئادەم ئەمەلدار بولغانىدى .[3] يىشۇ ناهىيىسى (هازىرقى جېجياڭدىكى جىنخۇا ) دە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن ئۇيغۇرلاردىن تېمۇر بۇقا ، ئەدگۇ تېمۇر ، مىڭسۇس بۇقا ، ۋولوس ، ئايان بۇقا ، شياۋ يۈنشى تېمۇرلار بار ئىدى .[4] قوچولۇق زوداناشىل جىجېڭنىڭ ئونىنچى يىلى (1350 ـ يىلى ) بۇگۇنكى ۋېنجۇ رايونىدا ئەمەلدار بولغان[5] بۇ ماتېرىياللار ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ جياڭسۇ ، جېجياڭ رايونىدىكى ھەرقايسى جايلاردا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار هازىرقى خۇنەن رايونىغا كۆچكەن . قوچولۇق ئىبنى هاشىر جىيۈەننىڭ 4 ـ يىلى (1338 ـ يىلى ) باۋچىڭ يولى (هازىرقى خۇنەندىكى شاۋياڭ ) نىڭ

① ۋاڭ ۋېي : «ۋېيجەي خاتىرىلىرى» ، «ۋاڭ جۇڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 6 ـ جىلد .
② «يۇڭلې قامۇسى» ، 2368 ـ جىلد ، «سۇجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى . تۆھپىكارلار روېيختى» .
③ يۇشىلۇ : «جىشۇن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنجياڭ تەزكىرىسى» ، 3 ـ جىلد ، «نوپۇس»
④ (مىڭ سۇلالىسى ) جۇ شىيىڭ ، شيۇڭ رېنلىن : «يىۋۇ ناهىيىسى تەزكىرىسى» ، 9 ـ جىلد ، «ۋەزىپە ئۆتىگەن ئەمەلدارلار» .
⑤ (مىڭ سۇلالىسى ) ليۇ فاڭيەن ، لىن جىخېڭ : «ۋېنجۇ ئايمىقى تەزكىرىسى» ، 19 ـ جىلد ، «سىياسەت يۈرگۈزۈش تەزكىرىسى» .



ئاغلاقچىسىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن[1] ، سەۋىنچ قايا جىجېڭنىڭ 11 ـ يىلى (1351 ـ يىلى ) خۇنەننىڭ نائىب ئەمىر لەشكىرى بولغان[2] . شۇنىڭدىن باشلاپ ، ئىچكىرىگە كۆچكەن بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مۇشۇ جايدا ياشاپ كەلمەكتە . 1982 ـ يىلىدىكى مەملىكەت بويىچە 3 ـ قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا ستاتىستىكا قىلىنىشىچە ، هازىر خۇنەن ئۆلكىسىدە 4446 نەپەر ئۇيغۇر بار ئىكەن ، ئۇلار ئاساسلىقى چاڭدې ۋىلايىتىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىكەن ، بولۇپمۇ تاۋيۈەن ناهىيىسىدە ئەڭ كۆپ بولۇپ 3666 نەپەر ئۇيغۇر بار ئىكەن ، بۇ پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ 82.5% نى تەشكىل قىلىدىكەن . ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم هالدا فېڭشۇ ، ئېرلىگاڭ ، زۇجياۋ ، ماۋساجى ، بازىلۇ قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان[3] ، ئۇنىڭدىن باشقا ، بۇگۇنكى جياڭشى ، ئەنخۇي ، فۇجيەن ، گۇاڭدۇڭ ، گۇاڭشى قاتارلىق جايلاردىمۇ ئاز ساندا ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان . ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭرى بولغانلىقتىن ، يۈەن سۇلالىسى هۆكۈمىتى باشقۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن «ئۇيغۇرلار ، قومۇللۇقلارنىڭ ئومۇمىي ئىشى بولسا ، هاۋالە قىلىپ كەلگەن سەردارى سوراقچى بولىدۇ ، پۇقرالار ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنى هاۋالە قىلىپ كەلگەن سەردارى ھەرقايسى جايلاردىكى يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىكتە ھەل قىلىدۇ . ئۇيغۇرلار ، قومۇللۇقلارنىڭ سەردارلىرىنىڭ ئىشى بولسا ، ئەمەلدارلار

① (چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ) جاڭ چېكۈن ، ليۇ يىڭجى قاتارلىقلار : «شياۋياڭ ناهىيىسى تەزكىرىسى» ، 9 ـ جىلد ، «مەشهۇر ئەمەلدارلار» .
② (مىڭ سۇلالىسى دەۋرى ) لۇ جيەن قاتارلىقلار تۈزگەن «باۋچىڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، 4 ـ جىلد ، «ئەمەلدارلار سەركەردىلەر تەزكىرىسى» .
③ جۇلىڭمىڭ : «خۇنەندىكى ئۇيغۇرلار» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان .

قائىدە - تۈزۈم بويىچە ھەل قىلىدۇ»[1] دەپ بەلگىلىمە چىقارغان. بۇ بەلگىلىمىنىڭ چىقىرىلىشى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىشى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ۋەزىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىشىشكە يۈزلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىچكىرىگە كۆچكەن بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسمى ئوتتۇرا - كىچىك ئاقسۆڭەكلەر ئىچكىرىگە كېلىپ يول، ۋىلايەت، ئايماق، ناھىيىلەردە يەرلىك ئەمەلدار بولغان. ۋاقتى توشقاندىن كېيىن كۆپ قىسمى يۇرتىغا قايتمىغان. تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر مۇداپىئەچى ئەسكەرلەرگە ئەگىشىپ، بۇ جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئاددىي پۇقرالار بولۇپ، ئۇلار ھەرقايسى جايلاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، تېرىقچىلىق قىلىپ خەنزۇلارنىڭ ئىلغار تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار يەنە يۇرتىنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى (مەسلەن، ئۈزۈم، پاختا) قاتارلىقلارنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىپ، كەڭ كۆلەمدە يېتىشتۈرۈپ، ئۆزئارا چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان. ئىچكىرىگە كۆچكەن بۇ ئۇيغۇرلار ئىچكىرىدە ماكانلاشقاندىن كېيىن ئۇزاق مەزگىل يەرلىك خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا پايدىلىق شارائىتلارنى ياراتقان.

## § 2 . ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلىشىشى

سان - ساناقسىز پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى «جۇڭگو تارىخى

① «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى»، يېڭى توپلام، «زىندان پىرقىسى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى سەردارى يوقلارنى ئۇيغۇرلار باشقۇرۇش، ئەمەلدارلار سوراقچى بولۇش».



ھەرگىزمۇ خەنزۇلار ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئويىنىغان يالغۇز كىشىلىك تىياتىر بولماستىن جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئورتاق رول ئالغان كۆركەم، رەڭدار كۆپ پەردىلىك تىياتىردۇر.»[1] يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخى كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن ئاستا - ئاستا ئۆچۈپ قالاي دېدى. ئەمەلىيەتتە ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ساقلاپ قالغان ۋە ياراتقان مەدەنىيەت ئاللىقاچان ئەنئەنىۋى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ ئېقىمىغا سىڭىپ كەتتى. ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە روناق تېپىشىغا قوشقان تۆھپىسىنى تەتقىق قىلىش ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بىر تېما ھېسابلىنىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا چېن يۈەن ئەپەندى يازغان «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە مۇھاكىمە»[2] دېگەن ماقالە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرگە پىششىق تونۇش. 80 - يىللارغا كەلگەندە ياڭ جىجيۇ ئەپەندى يەنە «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ۋە كۇڭزىچىلىق» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.[3] ئىككى مۆھتەرەم تارىخشۇناس ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ۋە كۇڭزىچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى ھەققىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئومۇمىي

① چېن دېجى قاتارلىقلار «مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرەيلى»، «خەلق گېزىتى» (چەت ئەل نەشرى)، 1992 - يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى.

② چېن يۈەن: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە مۇھاكىمە»، «لىيۈەن كىتابخانىسى مەجمۇئەسى» گە كىرگۈزۈلگەن، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1982 - يىل 10 - ئاي نەشرى.

③ ياڭ جىجيۇ: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ۋە كۇڭزىچىلىق»، «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى تەتقىقات توپلىمى»، 4 - جىلد، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

جەھەتتىن قارىغاندا ئومۇمىيۈزلۈك ئىزدىنىش يېتەرسىز بولدى . يۈەن سۇلالىسى دەۋرى جۇڭگو تارىخىدىكى كۆپ مىللەت مەدەنىيىتى يۇغۇرۇلۇپ بىللە مەۋجۇت بولغان دەۋر بولۇپ ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ھوقۇق ـ ئىمتىياز پەرقى زور ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى نەتىجىلىرى ۋە يۈزلىنىشى پەرقلىق ئىدى ، غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ نەتىجىلىرىنى دېيەرلىك نامايەن قىلىپ بېرەلمەيدۇ . شۇڭا ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىنى ئايرىم چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . شۇڭا ، بۇ پاراگرافتا چېن يۈەن ، ياڭ جىجيۇ ئەپەندىلەرنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى ئاساسىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرى ۋە يۈەن ، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى يەرلىك تەزكىرە ماتېرىياللىرىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ، كۆڭزىچىلىشىشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتىنى بايان قىلىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ يۈەن سۇلالىسى مەدەنىيىتىدە ھەقىقەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىدەك تارىخىي پاكىتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسپاتلاشقا تىرىشىمىز .

## بىرىنچى ، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلاردىكى خەنزۇشۇناسلىق

ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن خەنزۇشۇناسلىقنى شۇنچە بېرىلىپ تەتقىق قىلىدۇ دېگەن مەسىلە جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلە . «خەنزۇشۇناسلىق» خەنزۇلار دىيارىدا بار بولغان ، بولۇپمۇ ئەھلى ئىلىملەر ياراتقان ئەدەبىيات ـ



سەنئەتنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ كۇڭزىچىلىق ، ئەدەبىيات ۋە گۈزەل سەنئەت قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ① ئۇيغۇرلار ھازىرقى تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان گوبى چۆللۈكىنىڭ شىمالىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇلار گوبى چۆللۈكىنىڭ شىمالىدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغانىدى . تاڭ دەيزۇڭ دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەسكەرلەر چاڭئەندە ئولتۇراقلىشىپ ، خەنزۇچە كىيىملەرنى كىيىپ ، خەنزۇ ئاياللارنى ئەمرىگە ئالغان .② دالىنىڭ 14 ـ يىلى (779 ـ يىلى ) 7 ـ ئاينىڭ «گېڭچېن كۈنى ئاستانىدە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلارغا غۇزچە كىيىنىشكە ، خەنزۇلارنى دورىماسلىققا يارلىق چۈشۈرۈلگەن »③ ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلىشىشىنىڭ خېلىلا بۇرۇنقى ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

جۇڭتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1260 ـ يىلى ) قۇبلاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ھاكىمىيەت تىكلەپ ، خەنزۇلار رايونىنى خەنزۇلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئىدارە قىلدى . خەنزۇ مەدەنىيىتى تەربىيەسىگە ئىگە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار مەسىلەن ، ھېسامىدىن④ ، شەيبان⑤ قاتارلىقلار «شىزۇ (قۇبلاي ) ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ئىشلىدى » . يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ خەنزۇلار مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشىدىغان ئۇيغۇرلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشى شۈبھىسىزكى ئۇلارنىڭ خەنزۇشۇناسلىقنى ئۆگىنىش ،

① شياۋ چىچىڭ : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇشۇناسلىق» ، «خەلقئارالىق جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر توپلىمى» ، 1986 ـ يىلى نەشرى .
② شياڭ دا : «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ، تۇرمۇش . كىتاب ئوقۇش . يېڭى بىلىم ، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى ، 1957 ـ يىل نەشرى .
③ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» ، 225 ـ جىلد ، «دەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» .
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 133 ـ جىلد ، «ھېسامىدىننىڭ تەرجىمىھالى» .
⑤ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 134 ـ جىلد ، «شەيباننىڭ تەرجىمىھالى» .

تەتقىق قىلىشتەك كۈچلۈك ئارزۇسىنى قوزغىدى . چېن يۈەن ئەپەندى بۇنى دەل جايىدا تەھلىل قىلغان ؛ «غەربىي يۇرتلۇقلار جۇڭگوغا كېلىپ بىر ، ئىككى ئەۋلادتىن كېيىن كىتاب ئوقۇشقا باشلىغان . ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەممىسى ئەسكەر ئىدى ، جاھان تىنچىپ ھەربىي كۈچنىڭ ئەھمىيىتى تۆۋەنلىگەچكە ، ئۇلار جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا مەپتۇن بولدى ، بۇ جايىنى شادىمان زېمىن دەپ قاراپ ، قايتقۇسى كەلمىدى . بىلىم ئۆگىنىپ ئەمەلدار بولۇشنىڭلا ئىستىقبالى بار ئىدى » .[1] ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى . يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ ، مەرىپەت بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ھەربىي تۆھپىدىن ئېشىپ كەتتى ، بىلىم ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىق ئىمتىھان تۈزۈمىگە ئېتىبار بەردى ھەم موڭغۇللار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلدار بولۇشىغا ئىلھام بەردى ، بۇ ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىشى ، ئۆگىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەب ھېسابلىنىدۇ .

ئىككىنچىدىن ، ئەمەلدارلىق ئىمتىھان تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، رەڭدار كۆزلۈكلەر ئالاھىدە مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولدى . مۇنۇ مىساللار بۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ : يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ياڭ ۋېيجېن «پۈتكۈل ئەلدە تەڭدىشى يوق ساناقلىقلا كىشىلەرنىڭ بىرى» لۇ دۇنشېڭنى «ئون يېشىڭىزدىلا قەدىمكى شېئىرلارنى يادلاپ ، ھەم ئېلىمدىن خەۋەردار بولغان ئۇيغۇر سىز» دەپ

① چېن يۈەن : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى» ، 2 ـ جىلد 17 ـ بەت .



ماختىغان . لۇ دۇنشېڭ كۇلۇمىسىرەپ «كەمىنىنىڭ قېرىنداشلىرى غەربىي يۇرتتا قالدى ، قانۇن ـ تۈزۈملەرنى پۇختا ئۆگەنگەندە ئەلنى ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ ، تەلىيىمگە جياڭنەنگە كەپتىمەن ، مەن جياڭنەندە تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم»[1] دېگەن ، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئۇيغۇرلار كۆڭزىچىلىقنى ئۆگىنىشتە خەنزۇلار ، جەنۇبلۇقلارغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە ئىدى . يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ موڭغۇللار ۋە رەڭدار كۆزلۈكلەرگە ئېتىبار بېرىشتەك سىياسىتى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، موڭغۇللار ۋە رەڭدار كۆزلۈكلەرنىڭ خەنزۇشۇناسلىقنى ئۆگىنىش ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ قوزغىغان . ما زۇچاڭ : «لى گۇڭمىنىنى ئەمەلدارلىققا ئۇزىتىش» ناملىق ئەسىرىدە : «تەڭرىقۇت قائىدە ـ يوسۇن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتمەكچى بولدى ، لېكىن كۆڭۈلدىكىدەك باشقۇرالايدىغان ئادەم چىقمىدى . يەنىۇ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا پەرمان چۈشۈرۈپ تەشرىپدارلىققا ئۆتكەن 300 كىشىدىن 50 كىشىنى باھاردا ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇپ ، ئۆتكەنلەرنى ئەمەلدارلىققا تەيىنلىدى . ياكى سوفاڭ ، ئۇدۇن ، ئەرەب ، كانگىيە دىيارلىرىدىكى ئوقۇمۇشلۇقلار ئىچىدىكى ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ، قەلىمى كۈچلۈكلەرنى ئوردىغا چاقىرتىپ ، مەھكىمىلەرگە ئەمەلدارلىققا تەيىنلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشنى بۇيرىدى ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشمۇ ھەل بولدى .»[2] دەپ يازغان . گۇ سىلى : «يۈەن سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تاللانما . گۇبى توپلىمىغا مۇقەددىمە» دە : «ئەمەلدارلىق ئىمتىھان تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ،

① ياڭ ۋېيجېن : «لۇ دۇنشېڭنىڭ تەرجىمىھالى» ، «دۇڭ ۋېيزى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 28 ـ جىلد .
② ما زۇچاڭ : «لى گۇڭمىنىنى ئەمەلدارلىققا ئۇزىتىش» ، «شىتيەن توپلىمى» ، 9 ـ جىلد .

ھەرقايسى ۋازارەتتىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىلىم قىزغىنلىقى ھەسسىلەپ ئېشىپ قەدىمكى كىتابلارنى ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولماقتا» ① دەپ خاتىرىلىگەن. نۇرغۇن ئۇيغۇرلار پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇپ ئەمەلدار قىلغان. بېشبالىقلىق بايجاننىڭ ئانىسى شۇي شى: «مېنىڭ بىرلا ئوغلۇم بار، بىلىملىك ئادەم بولمىسا- بولمايدۇ»② دېگەن. ئۇيغۇر دۇئاداش جېنياڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ «تارىخنامىلەر ۋە دەستۇرلارنى پىششىق ئوقۇغان، نۇرغۇن كىتابلارنى كۆرگەن، ئىلىمدا تەڭداشسىز ئىدى»③. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ 16 قېتىم ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى ئېلىنىپ 1200 كىشى تەشرىپدارلىققا قوبۇل قىلىنغان④، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تەشرىپدارلار 24 نەپەر⑤، ئۇلار خەنزۇشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىپ، خەنزۇ مەدەنىيىتىنى تارقىتىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

## ئىككىنچى، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلاردىكى كۇڭزىچىلىق

بۇ يەردە بىز «خەنزۇلىشىش» بىلەن «كۇڭزىچىلىشىش» دېگەن ئىككى ئۇقۇمنى پەرقلەندۈرۈشىمىز لازىم. خەنزۇلىشىش خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشنى، كۇڭزىچىلىشىش

① گۇ سىلى: «يۈەن سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تاللانما. دەسلەپكى توپلامنىڭ داۋامى».
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 131 ـ جىلد «بايجاننىڭ تەرجىمىھالى».
③ خې لىن: «جىياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنياڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، 10 ـ جىلد، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەزكىرىسى»، «دۇئاداشنىڭ ساخاۋەتلىك ئىشلىرىدىن خاتىرىلەر».
④ ياۋ دالى: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەلدارلىق ئىمتىھان تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 6 ـ قىسىم، 1982 ـ يىل نەشرى.
⑤ شياۋ چىچىڭ: «يۈەن سۇلالىسىنىڭ جۇڭتوڭ تۇنجى يىلى تەشرىپدار بولغانلار خاتىرىسىگە ئىزاھات»، «شىنخۇا ئايلىق ژۇرنىلى» (قوشۇمچە) 13 ـ جىلد، گۇي شىپېڭ قاتارلىقلار: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى رەڭدار كۆزلۈكلەر ھەققىدە مۇھاكىمە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 ـ يىللىق 3 ـ سان.



كۇڭزىچىلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشنى كۆرسىتىدۇ. كۇڭزىچىلىق ئىدىيىسى خەنزۇلىشىش ئورگانىك گەۋدىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كۇڭزىچىلىشىش خەنزۇلىشىشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، لېكىن ئادەتتىكى مەنىدىكى خەنزۇلىشىش كۇڭزىچىلىقنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ. ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا، كۇڭزىچىلىق تەلىماتىنى ئۆگىنىش تېخىمۇ كۆپ ئىدىيىۋى ئۇسۇل، قىممەت قارىشى قاتارلىق ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆگىنىش بولۇپ، ئۇنى تەرجىمىگە تايىنىپ چۈشەنگىلى بولىدۇ، ئۇنى بىر ئادەمنىڭ خەنزۇ تىل سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە باغلىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەدەبىيات ـ سەنئەت بولۇپمۇ خەنزۇ ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش نىسبەتەن تەسرەك بولۇپ، خەنزۇلىشىشنىڭ نىسبەتەن يۇقىرى قاتلىمىدۇر.①

ھەممىگە ئايان، خەن ۋۇدى «باشقا ئېقىملارنى تەقىب قىلىپ، كۇڭزىچىلىققا سېغىنىش» نى ئوتتۇرىغا قويغاندىن بۇيان كۇڭزىچىلىق جۇڭگو فېئودالىزم جەمئىيىتى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ يادروسى بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىزچىل يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ سۈبيېكتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يۇقىرىسى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىدىن تارتىپ تۆۋىنى ئاۋام ـ پۇقرالار ئارىسىدىكى توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئادەتلىرىگىچە كۇڭزىچىلىق نەزەرىيىسىنىڭ چەكلىمىسىدە بولۇپ كەلدى. كۇڭزىچىلىقنىڭ بۇ خىل ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسى كۇڭزىچە ھۆكۈمرانلىق ئىدىيىسى كەمچىل ھەم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە دەرھاللا يۈز تۇرۇشقا

① شياۋ چىچىڭ: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى موڭغۇللاردىكى خەنزۇشۇناسلىق»، «خەلقئارالىق جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلىرى»، 1986 ـ يىل نەشرى».

تەشنا ئۇيغۇرلارنى باشقا تاللاش يولى بولمىغان ئەھۋالدا كۆڭزىچىلىكنىش يولىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلدى . خەنزۇلار رايونىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمىدى . ليەن شىشيەن «بارچە ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ، قەلىمى كۈچلۈك »[1] كىشى ئىدى . يۈەن شىزۇ بىر كۈنى ليەن ۋېنجېڭ (ليەن شىشيەن ) گە دۆلەت ئۇستازى بولۇشقا يارلىق چۈشۈرگەن ، ليەن شىشيەن يۈەن شىزۇغا : «قۇللىرى كۆڭزى تەلىماتىنى قوبۇل قىلغان» دېگەن ، يۈەن شىزۇ ئۇنىڭدىن «كۆڭزىنىڭ قانداق تەلىماتلىرى بار» دەپ سورىغاندا ، ئۇ : «پۇقرالار ئىتائەتمەن بولۇش ، پەرزەنتلەر ۋاپادار بولۇش كۆڭزى تەلىماتىنىڭ جەۋھىرىدۇر »[2] دېگەن . بۇنىڭدىن ليەن شىشەننىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئەلەم ماھارىتىدە كامالەتكە يېتىپلا قالماي ، دەستۇرلار ، تارىخنامىلەرنى پىششىق ئوقۇپ كۆڭزى تەلىماتىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ئۇ بېشبالىقتا ئولتۇراقلاشقان سىڭقۇسەلى تۇتۇڭنىڭ نەۋرىسى بولۇپ «كىچىكىدىنلا ئەقىللىق ، زېرەك ، تىرىشچان ، نۇرغۇن كىتابلارنى كۆرگەن ، كۆپ ئىلىم تەھسىل قىلغان كىشى ئىدى ، قۇبلاي خۇرسەن بولغان»[3] . ئارغۇن سالى بارچە ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن كىشى ئىدى .[4] جياڭشى دىۋان ۋازارىتىدە ئىشلىگەن قوچولۇق پۇداشىك (تەخەللۇسى جۇڭ ۋېن ) كۆڭزى تەلىماتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان بولۇپ ، «كېچىلىرى جىن چىراغىنىڭ يورۇقىدا كىتاب كۆرۈپ ئىلىم ئىگىلىگەن ، بولۇپمۇ

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 126 ـ جىلد ، «ليەن شىشيەننىڭ تەرجىمھالى» .
② ياۋ زۈيى : «نەنسۈن كەنتىدە يەر ئاغدۇرۇش خاتىرىسى» 2 ـ جىلد ، «كۆڭزى تەلىماتىنى قوبۇل قىلىش» .
③ لۇ ۋېنگۈي : «سىڭقۇسەلى تۇتۇڭنى ئۇزىتىش» ، «چياڭدۇڭ يازمىلىرى» ، 6 ـ جىلد . 40 ـ بەت .
④ جاۋ مىڭفۇ : «ئارغۇن سالىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «سۇڭشۆجەي ئەسەرلەر توپلىمى» ، 7 ـ جىلد .



كۆڭزى تەلىماتىغا ئائىت ماتېرىياللارنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن »[1] ، بېشبالىقلىق كىسمىر تالىپلىرىغا «كۆڭزىچىلىق دەستۇرلىرىنى پىششىق ئوقۇساڭلار ، قېرىنداشلارئىناق ئۆتسەڭلار ، ياقا يۇرتتىمۇ خاتىرجەم ياشىيالايسىلەر » دېگەن .[2] يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تەسىرى ۋە تەلىم بېرىشى بىلەن كۆڭزىچىلىقنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن . «قوچولۇق شىرى قارا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى...... كۆڭزىچىلىققا ئائىت كىتابلارنى ئوقۇغان . تيەنلىنىڭ 2 ـ يىلى تەشرىپدار بولغان»[3] . گۈەن خۇجۇنىڭ ئەجدادلىرىمۇ بېشبالىقلىق بولۇپ ئۇمۇ قەدىمكى ئەسەرلەرنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن ، كەمتەر كىشى بولغاچقا ، خاڭجۇ يولى (بۇگۈنكى جېجياڭدىكى خاڭجۇ ) ئاغلاقچى مەھكىمىسىدە دارۇغاچ بولغان[4] . يەنە بىر قىسىم ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار كۆڭزىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن پائال مەكتەپ ئېچىپ ، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرغان . لۇ مىڭشەن (تۆمۈر تۇۋرۇك ) «ئەنفېڭدا مەكتەپ ئېچىپ ، شەخسەن ئۆزى شاگىرت قوبۇل قىلىپ ، دېھقانچىلىق ، تېرىقچىلىق ھەققىدە دەرس ئۆتكەن »[5] ، كېيىن جيۈەننىڭ تۇنجى يىلى (1335 ـ يىلى ) قوچولۇق يۈەن تۇڭ چاڭجۇ ناھىيىسى (ھازىر جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ جياڭسۇ شەھىرىگە قاراشلىق ) نىڭ دارۇغاچى بولغاندا ، ۋېيجۇ يولىدا كۆڭزىچىلىقتىن تەلىم بېرىش تەكلىپىنى بەرگەن . تۆرە لۇ دېيۈەن يوسۇن قەسىرى سېلىپ دەرس بەرگەن ، ھەم پۇقرالارنى

① جېڭ يۈەنيۇ : «جياڭشى دىۋان ۋازارىتىنىڭ كاتاۋۇلى قوچولۇق پۇداشىلىنىڭ قەبرە تېشى» (چياۋۋۇ توپلىمى ) ، 21 ـ جىلد .
② ۋۇ دىڭ : «چى بەگلىكلىنىڭ ساداقەتمەن تۆرىسىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «ۋۇ ۋېنجېڭ تۆرە ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 32 ـ جىلد .
③ يۇ جى : «دىيانەتلىك تۆرە شىرى قارانىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «داۋيۈەن ئۈزۈندىلىرى» ، 42 ـ جىلد ، 41 ـ بەت .
④ ۋېي سۇ : «خۇيجۇ يولىدىكى دوڭپى كىتابخانىسى خاتىرىسى» ، «ۋېي تەيپۇ ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 4 ـ جىلد .
⑤ يۇ جى : «جىڭجۇ يولىنىڭ دارۇغاچى لۇ مىڭشەن ئابىدىسى» ، «چياۋۋۇ توپلىمى» ، 11 ـ جىلد .

يەر ھەدىيە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، مۇدەررىسلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىغان①. باشقا ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىمۇ قەسىرلىرىگە ئوقۇمۇشلۇقلارنى يىغىپ ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان جايلاردا مەكتەپ سالغان. يۈەنجۇ قايا جىنشيەن ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى بولغاندا «يېڭى مەكتەپلەرنى سېلىپ پۇقرالارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن»②، سەنباۋجۇ رۇيئەن ئايمىقىنىڭ ئايماقدارى بولغان مەزگىللىرىدە مەكتەپ ئاچقانلارنىڭ باج - سېلىقىنى كەچۈرۈم قىلغان»③، ئۇيغۇر ئېسەن تويىن شيۈنىڭ ناھىيىسىدە دارۇغاچ بولغاندا، «مەكتەپلەرنى قۇرۇپ ئىلىمنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ تارىختىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئەلنى مەرىپەت بىلەن ئىدارە قىلىش» نى تەشەببۇس قىلغان.④ ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار كۇڭزىچىلىقنى ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەن بولۇپ، بۇ ئەھۋاللار يازما مەنبەلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلار بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەچكە مائارىپقا ئەھمىيەت بەرگەن. بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن نۇرغۇن ئۇيغۇرلار بارلىققا كەلگەن. ئورۇنچ تۆمۈر تەيدىڭ يىللىرىدا ۋەنچۈەننىڭ بېگى بولغان بولۇپ، بىلىملىك، ئەخلاقلىق كىشى ئىدى»⑤، قوچولۇق ئىبنى ھاشىر «جىيۈەننىڭ 4 - يىلى (1268 - يىلى) باۋچېڭ يولىنىڭ ئاغلاقچىسى بولغاندا مەكتەپ ئېچىپ شاگىرت تەربىيىلەپ،

① جېڭ يۈەنيۇ: «چاڭجۇ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى يۈەن تۇڭجۇنىڭ قىممەتلىك ئابىدىسى»، «چياۋۋۇ توپلىمى»، 11 - جىلد.
② يەن گاۋ: «جېڭدى يىللىرىدا تۈزۈلگەن خۇجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، 8 - جىلد، «شەخسلەر».
③ ليۇ زەي، جۇجۇ: «رۇيئەن ناھىيىسى تەزكىرىسى»، 4 - جىلد، «مەشھۇر ئەمەلدارلار».
④ جېڭ يۇ: «شيۈنىڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچ ئېسەن تويىن تۆرىنى سېغىنىش ئابىدىسى»، «شىشەن ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى»، 6 - جىلد.
⑤ جاڭ تىڭگۈي، فەن ئەنجى، جېڭ ۋېيگاڭ: «پىڭياڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، 20 - جىلد، «تۆھپىكارلار ئەمەلدارلار».



بىلىملىك كىشىلەرنى ۋەزىپىگە قويغان»①. لى شى قوچولۇق بولۇپ، «بىلىملىك، نەزەر دائىرىسى كەڭ كىشى ئىدى، ئاتىسىنىڭ ئىزىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كەمتەرلىك بىلەن بىلىم ئۆگەنگەن»②. بۇنداق ئۇيغۇرلار ئىنتايىن كۆپ، بىر - بىرلەپ تىلغا ئالمايمىز.

يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللار ئۇيغۇرلارنىڭ كۇڭزىچىلىق سەۋىيىسىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرىي تارماقلاردا مەكتەپلەرنى ئېچىپ، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئۈچۈن تۈركۈم - تۈركۈملەپ يارامىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ بەرگەن، ئۇلار تىرىك مەدەنىيەت ۋاسىتىچىسى بولۇش سۈپىتىدە ئۆزلىرىدە يېتىلدۈرگەن مەدەنىيەت ئىستىلى بىلەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىمۇ تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

## ئۈچىنچى، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلىشىشىنىڭ ئىپادىلىرى

ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلىشىشىنى مۇلاھىزە قىلىشتىن بۇرۇن، جەزمەن ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ئەزەلدىن

① خۇاڭ جەيجۇڭ، جاڭ جېننەن، دېڭ شيەنجى: «باۋچېڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، 9 - جىلد، «مەشھۇر ئەمەلدارلار».
② چېڭ جۇفۇ: «لىشىسى چېڭيۈەندە سىزغان رەسىملەردىن تاللانمىلار»، 15 - جىلد.

توختاپ قالمىغان. چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلۈكسىز رەۋىشتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ياشاپ، ماكانلىشىپ پەيدىنپەي خەنزۇلار ئارىسىغا سىڭىشىپ، خەنزۇلارغا يېڭى قان بەخش ئەتكەن، شۇنىڭدەك خەنزۇلارمۇ ئۆزلۈكسىز رەۋىشتە چېگرا رايونلارغا بېرىپ ياشاپ، ئولتۇراقلىشىپ قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن ئۆزلۈكسىز سىڭىشىپ، بۇ مىللەتلەرگىمۇ يېڭى قانلارنى قوشقان. دەل مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇ خىل زىچ ئالاقە ۋە يۇغۇرۇلۇش ئىلمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىچكى ئۇيۇشچانلىقىنى ئاشۇرغان»[1]، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلىشىشىمۇ بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇنداقتا، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلىشىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىنى تىلغا ئېلىش لازىم. ئۇيغۇرلار غەربىي شىمالدىن جەنۇبقا كۆچۈپ ئىچكىرىدە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئىدېئولوگىيىسى ۋە تۇرمۇش شەكلى خەنزۇلار رايونىدىكى ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنىڭ زەربىسى ۋە تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۇلار ئەسلىدىكى تۇرمۇش شەكلى بويىچە خەنزۇلار رايونىدا ئۇزاق مەزگىل پۇت دەسسەپ تۇرالمايتتى. يېڭى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلگەندە جەزمەن يېڭى تاللاش ئېلىپ بېرىش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار خەنزۇ مەدەنىيىتى چەمبىرىكىگە كىرگەندىن كېيىن، پەيدىنپەي خەنزۇلار بىلەن نىكاھلاندى. بېشبالىقلىق بايجاننىڭ

① چېن دېجى قاتارلىقلار «مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرەيلى»، «خەلق گېزىتى» (چەت ئەل نەشرى)، 1992 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى.



ئانىسى «شۇ جەمەتىدىن»[1]، تولى قايانىڭ ئانىسى «خۇ جەمەتىدىن»[2]، ليەن شىشيەنىنىڭ ئانىسى شىمو جەمەتىدىن بولغان قىتان ئىدى، ئۇنىڭ خوتۇنى ۋەنيەن جەمەتىدىن بولغان جۇرجېت ئىدى؛ ئالتە كۈيئوغلىنىڭ ئۈچى موڭغۇل، ئۈچى خەنزۇ ئىدى. ئۈچ خەنزۇ كۈيئوغلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «مۇئاۋىن ۋەزىر ليۇ ۋېي، سىلاۋچىبەگ لى گۇڭ، ئۇزغان نويون خې دېۋېن ئىدى»[3]. ئارغۇن سالىنىڭ مومىسى جاڭ جەمەتىدىن، ئانىسى لى جەمەتىدىن، خوتۇنى گو جەمەتىدىن بولغان خەنزۇ ئىدى[4]. ئېلقايانىڭ تۆت خوتۇنى بولۇپ، چوڭ خوتۇنى تېلىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى خەنزۇ ئىدى، بەش قىزى، ئىككى قىز نەۋرىسى بولۇپ، بىرى موڭغۇلغا ياتلىق بولدى، يەنە بىرى چى فامىلىلىك خەنزۇغا ياتلىق بولدى»[5]. «مىڭسەرىسىنىڭ بىر نەچچە قىزى بولۇپ چوڭىنى ئۇيغۇرغا، كىچىكىنى خاڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئاغىلاقچىسى ليۇ جاۋچېڭغا ياتلىق قىلغان»[6]. ئۇيغۇر «ئاراساڭنىڭ خوتۇنى جاڭ جەمەتىدىن بولغان خەنزۇ ئىدى[7]». بېشبالىقلىق گۈەن يۈنشى «شى شىنىنى خوتۇنلۇققا ئالغان بولۇپ، ئۇ بېيجىڭدىكى نامدار جەمەتتىن بولغان جياڭلىڭ ئاغىلاقچىسى شى تيەننىڭ قىزى ئىدى، ئۇ قىز نەۋرىسىدىن بىرىنى خۆيچىڭ يولىنىڭ ئاغىلاقچىسى دۇن چيەنگە ياتلىق قىلغان[8]. يەنە

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 131 ـ جىلد، «بايجاننىڭ تەرجىمىھالى».
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 137 ـ جىلد، «تولى قايانىڭ تەرجىمىھالى»؛ سۇ تيەنجۆ: «خانلىق مۇئەككىلى ليەن ۋېنجېڭ تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى»، 65 ـ جىلد.
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 125 ـ جىلد، «بۇلۇقايانىڭ تەرجىمىھالى»؛ سۇ تيەنجۆ: «خانلىق مۇئەككىلى ليەن ۋېنجېڭ تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى»، 65 ـ جىلد.
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 130 ـ جىلد، «ئارغۇن سالىنىڭ تەرجىمىھالى».
⑤ سۇ تيەنجۆ: «خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىدىكى سول قول ۋەزىر ئېلقايانىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى»، 59 ـ جىلد.
⑥ چېڭ جۈفۇ: «ۋۇدۇ پاراسەتلىك، چېچەن بېگى شۇدې ئابىدىسى»، «شۆلۈ توپلىمى»، 9 ـ جىلد.
⑦ چېڭ جۈفۇ: «مەرىپەتلىك چېن بېگى ئاراساڭنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «شۆلۈ توپلىمى»، 9 ـ جىلد.
⑧ ئوۋياڭ شۈەن: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دانىشمەن ئۆلىمالار كاماتخانىسىنىڭ ئۆلىماسى، كېڭەشبېگى، يارلىقچى، دۆلەت تارىخىنى تۈزگۈچى گۈەن يۈنشىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «گۈيجەي توپلىمى»، 9 ـ جىلد.

بىر «زىڭ شۇ ئىسىملىك خەنزۇ ئىككى خوتۇن ئالغان بولۇپ ، بۇرۇنقى خوتۇنى لى جەمەتىدىن ، ھازىرقى خوتۇنى ئۇيغۇر ئىدى . ئۇنىڭ ئالتە ئوغۇل ، بىر قىزى بولۇپ ھەممىسى مۇشۇ خوتۇنىدىن تۇغۇلغان »[1] . يۇقىرىقى ماتېرىياللار ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلار ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن نىكاھلىنىش ھادىسىسى ئىنتايىن ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . ئەگەر بىر خەنزۇ كىشى ئۇيغۇردىن ئۆيلەنگەن بولسا ئۇ چوقۇم خوتۇنىنىڭ ئائىلىسى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى بىلەن تەبىئىي رەۋىشتە باردى ـ كەلدى قىلاتتى . شۇڭا بىز مىللەتلەر ئارا نىكاھلىنىش ھادىسىسى مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىسىگە پائال تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ دېيەلەيمىز . ئۇنىڭدىن باشقا بەزى ئۇيغۇرلار خەنزۇ قان سىستېمىسىغا كىرمىگەن بولسىمۇ ، ئەمما خەنزۇلار رايونىدا ئولتۇراقلاشقانلىقتىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە خەنزۇلىشىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان . ئۇلار خەنزۇلارنىڭ قىممەت قارىشىنى ھۆرمەتلەپ ، بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ ، ئەمەلدار بولۇشىغا يول ئاچقان . قوچۇلۇق شيې جېدۇ جياڭشىدىكى ۋاقتىدا ئاكا ـ ئۇكا بەشەيلەننىڭ تەڭلا تەشرىپدار بولغانلىقى بۇنىڭ تىپىك دەلىلىدۇر .

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ـ كېيىنكى مەزگىلىدىن كېيىن خەنزۇلار رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە خەنزۇچە ئىسىم قويغان ، خەنزۇ يېزىقىنى ئىشلەتكەن ئۇيغۇرلار بارغانسېرى كۆپەيگەن . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەن شى : «يېقىنقى مەزگىللەردە جۇڭگوغا ماكانلاشقان ئۇيغۇرلار ياكى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى خەنزۇچە تەرجىمە قىلىپ ئاتىغان ياكى ئۆز ئىسمىنىڭ ئورنىغا خەنزۇچە ئىسىملارنى ئىشلەتكەن ۋە ياكى خەنزۇچە ئىسىم قويۇۋالغان »

① «يۈەن سۇلالىسى دۆرىدىكى كېڭەشبېگى ، چاڭجۇ يولىدىكى يىشىڭ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ، لۇ گۇكچۇەننىڭ تەرجىمىھالى » ، «ۋۇشيا قەبرىستانلىقىدىكى ۋەسىيەتنامە » ، 9 ـ جىلد .
② ئەن شى : «تەپتىشبەگ خىلىل بەگكە بېغىشلاپ » ، «ئەنمويەن توپلىمى » ، 4 ـ جىلد .



دېگەن[2] . مەسىلەن ، ئۇيغۇر گۈەن يۈنشى (كۈن سەۋىنچ قايا ) نىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى گۈەن جېگې (كۈنجۈك ) بولغاچقا ئۇنىڭ فامىلىسى گۈەن ، ئىسمى يۈنشى ، تەخەللۇسى سۈەنجەي ــ (ئاچچىق ـ چۈچۈك ) ئىدى ؛ ئۇيغۇر سەيدۇللانىڭ فامىلىسى سا ( 萨 ) ئىسمى «دۇللا » ، تەخەللۇسى تيەنشى ، لەقىمى جىجەي ئىدى . مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە كۆپلىگەن موڭغۇللار ۋە رەڭدار كۆزلۈكلەر فامىلىسىنى خەنزۇچە فامىلىگە ئۆزگەرتىپ ، خەنزۇلار بىلەن پەرقى قالمىغان[1] .

## ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە ئىسىم قويۇش جەدۋىلى

| ئىسمى | مىللەت ياكى رايون تەۋەلىكى | تەخەللۇسى | ماتېرىيال مەنبەسى |
|---|---|---|---|
| لېەن شىشيەن | ئۇيغۇر | شەنپۇ | «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەمەلدارلار ھەققىدە قىسقىچە بايان » 7 ـ جىلد «خانلىق مۇئەككىلى لېەن ۋېنجىڭ تۆرە » |
| ئېسەن قايا | قوچۇلۇق | يېيۈن | لۇڭچېڭدىكى يۈجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى » 10 ـ جىلد «مەشھۇر ئەمەلدارلار » |
| گۈەن يۈنشى | بېشبالىقلىق | فۇسېن | جېجياڭ يىللىرىدىكى خاتىرىلەر » 2 ـ جىلد «سۈەنجەي مۇزىكا مەھكىمىسى » «ۋەنلى يىللىرىدا تۈزۈلگەن خاڭجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى » 60 ـ جىلد «مەشھۇر ئەمەلدارلار » |
| | | سۈەنجەي | |
| بازىلا | ئۇيغۇر | سىچى | «جېجياڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن كۈنشەن ۋىلايىتى تەزكىرىسى » 2 ـ جىلد «مەشھۇر ئەمەلدارلار » |
| ئىدجۇ | ئۇيغۇر | بېنزېن | «جېڭدې يىللىرىدا تۈزۈلگەن سۇڭجياڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى » 23 ـ جىلد «تۆھپىكار ئەمەلدارلار » |
| بوجانۇ | ئۇيغۇر | جىڭيۇ | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش |
| ۋېنجۇنۇ | بېشبالىقلىق | جۇڭبېن | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش |
| گاۋيۈ | ئۇيغۇر | يەنگاۋ | «ۋەنلى يىللىرىدا تۈزۈلگەن جياشىڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى » 22 ـ جىلد «سۈرگۈن قىلىنغانلار » |

① «مىڭ تەيزۇنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى » ، 109 ـ جىلد .

| | | | |
|---|---|---|---|
| سەنباۋجۇ | ئۇيغۇر | تىڭگۈي | «خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن ۋېنجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 8 ـ جىلد مەشھۇر ئەمەلدارلار |
| يۈەنجۇ قايا | قوچۇلۇق | بويۈەن | «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن يۈەنجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 8 ـ جىلد «شەخسلەر» |
| شى جياباۋ | بېشبالىقلىق گۈيىنى | گۈيىنى | «جيەڭدې يىللىرىدا تۈزۈلگەن چيۈڭتەي ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 34 ـ جىلد «سۈرگۈن قىلىنغانلار» |
| دالەن | ئۇيغۇر | تيەنجاڭ | «جىشۈن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنجياڭ تەزكىرىسى» 17 ـ جىلد «ئەسىرلەر» |
| لۇ تيېجۇ | ئۇيغۇر | سىڭشەن | «قايتىدىن تۈزۈلگەن تەيياڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 3 ـ جىلد «مەنسەپ ئۆتۈۋاتقان ئەمەلدارلار تەزكىرىسى» |
| (تۆمۈر تۈرۈك) | چيېخجەي | «داۋيۈەن ئۈزۈندىلىرى» 43 ـ جىلد | «جىڭجۇ يولىنىڭ دارۇغاچى لۇ سىڭشەننىڭ تۆھپە ئابىدىسى» |
| يۇ داشىل | قوچۇلۇق | جۇڭ ۋېن | «چياۋۇۋ توپلىمى» 12 ـ جىلد «جياڭشى ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىنىڭ ئوڭ ـ سول قول كاتاۋۇلى قوچۇلۇق يۇداشىل تۆرىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» |
| نالىن بۇقا | بېشبالىقلىق | ۋېن ساڭ | «جىجىڭ توپلىمى» 40 ـ جىلد «جىڭجيۇڭ كۇتۇپخانىسىدىكى خاتىرىلەر» |
| تاڭ رىنزۇ | ئۇيغۇر | شۇ چىڭ | «گۈيتيەن يازمىلىرى» 11 ـ جىلد «ئۆلىما تاڭ رىنزۇنىڭ قايغۇ نەزمىلىرى» |
| بايجۇ | قوچۇلۇق | بەيگۇ | «يىسەبەيجەي كۇتۇپخانىسىدىكى يازمىلار توپلىمى» قەدىمى سۆزلەر ھەققىدە باياننىڭ داۋامى |
| شيې جىدۇ | قوچۇلۇق | شىنەن | «باۋتيې كۇتۇپخانىسىدىكى تاش پۈتۈكلەر ئىلاۋىسى» دىكى «جۇرۇڭ ناھىيىسىدە كۆكىرىچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خاتىرىسى» |
| شەنباۋ | ئۇيغۇر | چىڭجى | «يۇڭلى قامۇسى» 2342 ـ جىلد «ۋۇجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» «تۆھپىكار ئەمەلدارلار» |
| ئۇلاتقايا | قوچۇلۇق | دىخۇڭ | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش |
| ئانەن قايا | بېشبالىقلىق | جىڭيۈەن | «جېجياڭ جياڭشى تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى» 18 ـ جىلد |



| | | | |
|---|---|---|---|
| مىڭمۇ قايا | قوچۇلۇق | ياڭجېڭ | «ۋۇشىڭ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» 15 ـ جىلد «شىگۇاڭ شىپىڭدىكى ئابىدە» |
| قۇل قۇدا | بېشبالىقلىق | دىجى | «ۋۇ شىڭ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» 15 ـ جىلد «چاڭشىڭدا قايتىدىن مەكتەپ ئېچىش ئابىدىسى» |
| زوداناشىل | قوچۇلۇق | تىڭشيەن | «تەيجى ئايمىقىدىكى تاش پۈتۈكلەر خاتىرىسى» 12 ـ جىلد «تەيجۇ يولىدا تيەنجى ئىبادەتخانىسىنى قايتا ياساشقا ئاتاپ تىكلەنگەن ئابىدە» |
| تىلى تىمۇر | قوچۇلۇق | ۋېنبىن | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش |
| ئۇلۇس | قوچۇلۇق | چيەنجەي | «كۇساڭ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» 10 ـ جىلد «تۇڭجى توسمىسىنى قايتىدىن رېمونت قىلىش ئابىدىسى» |
| سىجىرقايا | ئۇيغۇر | خەنزۇچە ئىسمى ليەن شۈن | «جياڭسۇ ئومۇمىي تەزكىرىسى ماتېرىياللىرى» 19 ـ جىلد «سۇڭجياڭدىكى باۋيۈن ئىبادەتخانىسى خاتىرىسى» |
| ئىلىنجىن | ئۇيغۇر | يىجەي | [مىڭ سۇلالىسى دەۋرى] «ليۇۋۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» 10 ـ جىلد «مەشھۇر ئەمەلدارلار» |
| شيې ۋېنجى | قوچۇلۇق | مىڭجىن | [چىڭ سۇلالىسى دەۋرى] «گۇاڭدې ئايمىقى تەزكىرىسى» 7 ـ جىلد «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى» |
| ليەن خۇيشيەن قايا | ئۇيغۇر | گۇڭلياڭ | يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 145 ـ جىلد «ليەن خۇيشەن قايانىڭ تەرجىمىھالى» |
| شيې ليېيجى | قوچۇلۇق | شىدې | «ۋەنلى يىللىرىدا قايتىدىن تۈزۈلگەن نەنچاڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 18 ـ جىلد «شەخسلەر» |
| شيې يۈلى | قوچۇلۇق | شيۇ | «مىرزا نازارىتى تەزكىرىسى» 10 ـ جىلد «نامى ئاتالغانلار» |
| شيې چاڭشۇ | قوچۇلۇق | تيەنمىن | «كورىيە تارىخى» 112 ـ جىلد «شيې سۈننىڭ تەرجىمىھالى» |
| يۇلۇ تىمۇر | قوچۇلۇق | گوبىڭ | [مىڭ سۇلالىسى دەۋرى] «شياڭگاڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 36 ـ جىلد «تۆھپىكار ئەمەلدارلار» |

گەرچە بىز خەنزۇلار رايونىدا قوللىنىلغان ئىسىم ـ فامىلە، تەخەللۇس، لەقەمگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنىڭ

يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالمىساقمۇ، ئەمما خەنزۇچە ئىسىم - فامىلە قوللانغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرىدە تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا ھېچ بولمىغاندا ئىدىيىۋى تونۇش ۋە ھېسسىيات جەھەتتە خەنزۇ مەدەنىيىتىگە مايىللاشقانلىقى ھەم ئۇنى شان — شەرەپ بىلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. بىزگە ئايان، يۈەن سۇلالىسى دەۋرى ئىرقىي كەمسىتىش تۈپ ئۆلچەم قىلىنغان كۆپ مەنبەلىك جەمئىيەت، نوپۇسى ئاز سانلىقنى ئىگىلەيدىغان موڭغۇللار، رەڭدار كۆزلەكلەر كەڭ خەنزۇلار، جەنۇبلۇقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇيغۇرلار خەنزۇلار ۋە جەنۇبلۇقلارغا سېلىشتۇرغاندا ئورۇن - مەرتىۋە جەھەتتە روشەن ئۈستۈن تۇراتتى. لېكىن ئۇلار نېمىشقا خەنزۇلارنى دوراپ خەنزۇچە ئىسىم، خەنزۇچە تەخەللۇس قوللانغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. مىللەتشۇناسلىق نەزەرىيىسى بويىچە تەھلىل قىلغاندا، ئەگەر ئىككى مىللەتتە ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ئوخشاش بولمىسا چوقۇم ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى بەلگىلەيدىغان بىر مۇھىم ئوبيېكتىپ شەرت ئۇلارنىڭ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئۇچرىشىش بار - يوقلۇقى بولىدۇ. ئەگەر ئۇچرىشىش بولمىسا، تىل، مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرق بۇ خىل ئايرىلىپ تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ھەتتا خىلمۇ خىل ئۇقۇشماسلىقلار ۋە توقۇنۇشلار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. مۇبادا بۇ ئىككى مىللەت ئەزالىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولسا، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا كەڭ ئۇچرىشىش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش پۇرسىتى تۇغۇلىدۇ. مىللەتلەرنىڭ نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىدىكى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى مۇناسىۋەتنى نامايان قىلىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار خەنزۇلار رايونىدىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، يېڭى



ئولتۇراقلاشقان جايىدىكى مەۋجۇتلۇق ئېھتىياجى، تەرەققىيات سەۋەبىدىن ئىجتىمائىي ئالاقىدە «ئېچىۋېتىشچانلىق» قا مايىل بولغان. خەنزۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۇيغۇر كۆچمەنلەر ئاز سانلىق بولغاچقا، خەنزۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش خەنزۇلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىش ياكى ھەقەمسايىلىق قىلىش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى پائالىيەت دائىرىسىدە ياشىغاندىكىدىن بەكرەك ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولدى. گەرچە موڭغۇللار رەڭدار كۆزلۈكلەرگە ئەھمىيەت بەرسىمۇ، ئەمما ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار خەنزۇلار رايونىدا ھەقىقىي پۇت دەسسەپ تۇرۇشى ھەم خەنزۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، ئىچكىرىگە كۆچكەن بۇ ئۇيغۇرلار خەنزۇلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنماقچى بولىدىكەن، خەنزۇلار بىلەن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشى زۆرۈر ئىدى، بۇ ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ جەمئىيىتىگە كىرىشىدىكى بىر ئوبيېكتىپ تەلەپ ئىدى. شۇڭا، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭلىق ھالدا خەنزۇلىشىپ، خەنزۇچە ئىسىم فامىلە قوللانغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. خەنزۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىرەر ئۇيغۇرنىڭ خەنزۇچە ئىسىم قويۇشى ياكى خەنزۇلار رايونىدا قوللىنىلىدىغان «تەخەللۇس»، «لەقەم» قوللىنىشى ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتى توغرىسىدا مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندا، ئۇلار يەرلىك خەنزۇلار تەرىپىدىن ئاسان قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە «ئىسىم» ياكى «فامىلە» قوللىنىشى شەك - شۈبھىسىزكى، خەنزۇلار بىلەن تېخىمۇ يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلىشىشى يەنە تىلنىڭ ئايلىنىشىدىمۇ

ئىپادىلىنىدۇ. بىزگە مەلۇم، تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى، شۇنداقلا ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرۈشتىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئامىللارنىڭ بىرى. ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارغىلا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خەنزۇلار رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ، مەدەنىيەت يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىغان ئىچكىرىدىكى جايلاردا تۇرمۇش كەچۈرۈشتە خەنزۇ تىلىنى راۋان ئىشلەتمىگەندە خەنزۇلار بىلەن ئالاقە قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆز تىلىنى ئىشلىتىشتىن تېز توختاپ، خەنزۇ تىلىنى ئىشلىتىش تېخىمۇ مۇھىم ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئۆزگىرىش خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇزلۇكسىز ئۇچرىشىپ ئۆگىنىش داۋامىدا پەيدىنپەي ئىشقا ئاشاتتى.

يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇيغۇر يېزىقى ئەينى دەۋردە ئورتاق قوللىنىلىدىغان ھۆكۈمەت يېزىقى ئىدى. يۈەن شىزۇنىڭ جۇڭتۇڭ ئۇچىنچى يىلى (1262 - يىلى) «ئۆتەڭلەرگە ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مەكتۇپ، مۆھۈرلەر بېرىلگەن»، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىنى پىششىق بىلىدىغان نۇرغۇن ئۆلىمالار ئوردىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن. ليەن شىشيەننىڭ ئاتىسى بۇرۇلقايا كىچىكىدىنلا ئۇيغۇر تىلىغا پىششىق ئىدى، ئات مىنىشكە، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى، چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، قاغاننىڭ يېنىدا مۇھاپىزەتچى بولغان. ئۇ ئۇيغۇر يېزىقىغا ئىنتايىن پىششىق بولغاچقا تەبىئىي رەۋىشتە موڭغۇل يېزىقى بىلەن خاتىرىلەشنىمۇ ئىنتايىن تېزلا ئۆگىنىۋالغان. قاغاننىڭ چىنداۋۇللار تەشكىلىدە بېتىكچى بولغان بولۇشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. 1220 - يىلىدىن كېيىن، خەنزۇلار رايونىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن ئائىلىسىنى يەنجىڭ (بۈگۈنكى بېيجىڭ) غا كۆچۈرگەن. 1231 - يىلى يازدا بورۇلقايا «يەنىنەن (بېيجىڭنىڭ جەنۇبى) دىكى ھەرقايسى يوللارنىڭ تەپتىشبېگى» دېگەن شەرەپكە



ئېرىشكەن. ئەينى چاغدا يۈتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمى تېخى ئورنىتىلمىغان، «تەپتىشبېگى» دېگەن نام جۇڭلۇكنىڭ جەنۇبىغا ئەۋەتىلگەن قاغان بېتىكچىلىرىنىڭ ئەمەل نامىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدۇر[1] ئەمما، ئۇيغۇرلار ئىچكىرىگە كۆچۈپ ئىككى ئەۋلاد ئۆتكەندىن كېيىن پەيدىنپەي خەنزۇ مەدەنىيىتىگە مەپتۇن بولۇشقا باشلىدى، ليەن شىشيەننىڭ ئوغلى ليەن خۇيشەن قايا ئېپتىخارلانغان ھالدا: «ئاتام شىزۇ (قۇبلاي) نىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ‹ليەن مېڭزى› دېگەن نامغا ئېرىشكەن. بۈگۈنكى كۈندە ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ تەشرىپدار بولدۇم. ئەمدى ئەلگە تۆھپە قوشالايدىغان بولدۇم» [2] دېگەن. ليەن شىشيەن تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئون نەچچە ياشلارغىچە خەنزۇلار رايونىدا ياشىغان. ئۇنىڭ ئاتىسى بۇرۇلقايا كۆڭۈزچى ئۆلىمالارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كۆپلىگەن ھۆججەت - ماتېرىياللار شۇنى كۆرسەتتىكى، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار خەنزۇ تىلى ئارقىلىق ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىپلا قالماي، بەلكى خەنزۇ تىلىدا مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. ئەنفېڭ يولىنىڭ دارۇغاچى بولغان لۇ مىڭشەن «ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن، ئۆتكۈر پىكىرلىك زات بولۇپ، ‹تېرىقچىلىق، پىلىچىلىك ئاساسلىرى› نى يازغان»[3]. جىنشيەن ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى يۈەنجۇقايا «شېئىرىي ئىجادىيەتتە كامالەتكە يېتىپ تەشرىپدار بولغان بولۇپ، قەلىمى كۈچلۈك ئىدى»[4]، خەنزۇچە «جىنشيەن ناھىيىسىدىكى نامدارلار خاتىرىسى» نى يازغان. بۇ ئەسەرنىڭ تىلى راۋان، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى توغرا بولۇپ،

---

[1] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 125 - جىلد، «بۇرۇلقايانىڭ تەرجىمىھالى».
[2] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 145 - جىلد، «ليەن خۇيشەن قايانىڭ تەرجىمىھالى».
[3] يۇجى: «جىڭجۇ يولىنىڭ دارۇغاچى ليەن شىشيەننىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «داۋيۈەن ئۆزۈندىلىرى»، 43 - جىلد.
[4] جېڭدې يىللىرىدا تۈزۈلگەن يۈەنجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، 8 - جىلد، «شەخسلەر»، 58 - بەت.

ئۇنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ[1] . ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى يۇقىرى بولمىسا بۇنداق ئەسەر يېزىپ چىقالمايتتى . بۇ مەسىلىگە ۋاستىلىك ماتېرىياللارمۇ ئىسپات بولالايدۇ . يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شۈ يۈرېن تىلماچلىق ئەمىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا ئوردىغا پىكىر - تەكلىپ سۇنغان . چۈنكى «ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى نازارەتچىلەرنىڭ كۆپى خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلەتتى ، بىلمەيدىغانلار ئاندا - ساندا بار بولسىمۇ ، 22 ئۆلكىدە بىلىدىغانلار كۆپ ئىدى»[2] . شۇڭا ، «ئوردىنىڭ پىكرىنى موڭغۇللار ، رەڭلىك ئىرقتىكى كىشىلەر يەتكۈزەتتى»[3] ، ھەرقايسى مەھكىمىلەر ، ۋازارەتلەرگە موڭغۇللار ، رەڭدار كۆزلۈكلەر قويۇلغانىدى . ئەگەر ئۇلار خەت تونۇمىسا ۋەزىپە ئۆتىيەلمەيتتى[4] . يۇقىرىقى تەھلىللەردىن ئىچكىرىگە كۆچكەن نۇرغۇن ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ .

## تۆتىنچى ، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى

شياۋ چىچىڭ ئەپەندى ئەدەبىياتنىڭ خەنزۇلىشىشتا تۇتقان ئورنى مەسىلىسى توغرىسىدا توختالغاندا ، ئەدەبىيات - سەنئەت ، بولۇپمۇ خەنزۇ ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشنى خەنزۇلىشىشنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى قاتلىمى دەپ قاراشقا بولىدۇ دەپ

① خەن لەي ، جاڭ خۇاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن : «يېڭىدىن تۈزۈلگەن نەنچاڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، 6 - جىلد ، «ئەدەبىيات - سەنئەت تەزكىرىسى» .
② شۈ يۈرېن : «ئارتۇق ئاشلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرى» (جىجېڭ توپلىمى) ، 74 - جىلد .
③ ليۇ جى : «يوقۇنان مىڭدېنىڭ كېسەلدىن ساقىيىپ جياڭجېي ۋىلايىتىنىڭ ھۆدەيچىسى بولغانلىقىغا بېغىشلاپ» ، «سەممىي تۆرە ئەسەرلىرى» ، 5 - جىلد .
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 39 - جىلد ، «شۇنديى ھەققىدە خاتىرە» (2) » .
⑤ شياۋ چىچىڭ : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇللارنىڭ خەنزۇلىششى» ، «خەلقئارا جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلىرى توپلىمى» ، (تەيبېي ، مىنگونىڭ 74 - يىلى) .



كۆرسەتكەن[5] .

(1) ئەدەبىي پائالىيەتلەر :

ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلاردىن خەنزۇلار رايونىدا ئۇزاق ئولتۇراقلىشىپ ، خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگىلەپ خەنزۇچە كىتابلارنى كۆپلەپ ئوقۇپ ، ياخشى نەزمە يازالايدىغان بولغانلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى . يۈەنجۇ قايانىڭ «قەلىمى كۈچلۈك ئىدى»[1] . ئۆز قولى بىلەن «جىنشەن ناھىيىسىدىكى نامدارلار خاتىرىسى» نى يازغان بولۇپ ، بۇ ئەسەر كېيىن «يېڭىدىن تۈزۈلگەن نەنچاڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەت تەزكىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەن . قوچولۇق گۈەن زىسۇ «ئەدەبىيات جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن» كىشى ئىدى[2] . شيې جەمەتى ئەزالىرىنىڭ ئەدەبىي پائالىيەتلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك تارتىدۇ . گۇسلىنىڭ «يۈەن سۇلالىسى غەزەللىرىدىن تاللانما» غا شيې يۇنىڭ «شيۇ توپلىمى» كىرگۈزۈلگەن . «چيەنچىڭتاڭ كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلار كاتالوگى» دا : شيې جيدۇنىڭ ئوغلى شيې بەيلياۋ سۇننىڭ مەشھۇر شېئىرلار توپلىمى «يېڭى زىكىرنامە خاتىرىلىرى» ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن[3] دېيىلگەن . جىجېڭنىڭ 10 - يىلى (1350 - يىلى) شيې يۈلى رۇيشاڭيەنگە ساياھەتكە چىقىپ ، سىپىللارغا نەزەر تاشلاپ ، ئىلھامى قوزغىلىپ نەزمە توقۇپ قىيا تاشقا ئويغان . شيې يۈلى يەنە «مۇلەن گۈلى» ناملىق بىر كۇبلېت شېئىر يازغان ، بۇ شېئىرنىڭ تىلى ساپ ، مەنىسى چوڭقۇر بولۇپ مۇنەۋۋەر ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ . شيې يۈلى چۈەنجۇ يولىنىڭ دارۇغاچى بولغان ، خەنزۇ ئەدەبىياتى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى

① يەن سۇڭ : «جېڭدې يىللىرىدا تۈزۈلگەن يۈەنجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، 8 - جىلد ، «شەخسلەر تەزكىرىسى» .
② جۇڭ چۈڭۋېن : «لۇڭچىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن يۈجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، 13 - جىلد ، «ئەمەلدار» .
③ جېڭ لىنجى : «كورىيە تارىخى» ، 112 - جىلد ، «شيې سۇننىڭ تەرجىمىھالى» .

زور بولۇپ ، نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بىلەن ئۆزئارا نەزم تەقدىم قىلىشقان . شىي يۈلى خەنزۇچىغا پۇختا بولمىسمۇ ، شېئىرلىرىدا ھەقىقىي ھېسسىيات ئەكس ئېتىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا شىي يۈلى «باھاردا جىنسى ئىبادەتخانىسىنى سەيلە قىلغانلىرىم»① نى يازغان ، بۇ شېئىرنىڭ جۈملىلىرى پاساھەتلىك ، ئۇسلۇبى مەردانە بولۇپ ، ئېسىل ئەسەر بولۇشقا مۇناسىپ . شىي چاۋۋۇ شېئىرىيەت ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن پۈتۈنلەي دېگۈدەك خەنزۇلاشقان ئۇيغۇر بولۇپ ، ئۇ «دانىشمەنلەر» گە ھەم «ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەنلەرگە» چوقۇناتتى② . جىجېڭنىڭ 8 ـ يىلى (1348 ـ يىلى ) باش كېڭەش بېگى ، تەمىرات پىرقىسىنىڭ دېۋان بېگى قوچولۇق شىي جىدۇ يازغان «قايتىدىن تۈزۈلگەن كۇڭزى تەلىماتى خاتىرىلىرى» ③نىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا ، ناخشىلىرى يارقىن ، گۈزەل بولۇپ ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتىدىكى نادىر ئەسەر بولۇشقا مۇناسىپ . شىي چاڭشۇ «چاكىنا ئىلىملەرنى ئۇدۇل چۈشەندۈرۈش» نى تۈزگەن ، شىي چاڭشۇنىڭ ئىنىسى شىي مېيشۇ شېئىر يېزىشقا ماھىر ئىدى④ . گۇەن سۈنجەي كۆپ تەرەپلىمە ماھارەتكە ئىگە بولۇپ ، شېئىر ، ماقالە يېزىش ، خەتتاتلىق ، رەسساملىقتا كامالەتكە يەتكەنىدى ، يېڭى مۇزىكا مەھكىمىسى شېئىرلىرىنى ياخشى يازاتتى . شېئىرلىرىنىڭ تىلى ساپ ، ئۇسلۇبى مەردانە بولۇپ ، ئەينى دەۋردە ناھايىتى مەشھۇر ئىدى . سۈنجەي مەلۇم بىر ئەمەلدارلارنىڭ قەسرىگە بارغاندا دەل باھار پەسلى بولۇپ ، ئۇ مېھمان بولغاچ «چىڭجياڭدا ۋىدالىشىش» دېگەن نەزمىسىنى يازغان ، ھەمدە ھەربىر مىسرانىڭ بېشىدا

① فاڭ يەنۋېن : «تاش پۈتۈكلەرنىڭ كەمتۈك يازمىلىرىغا تولۇقلىما» ، 4 ـ جىلد ، «باھاردا جىنسى ئىبادەتخانىسىنى سەيلە قىلغانلىرىم» .
② ۋاڭ يۇڭ : «جىجۇدا قايتىدىن قۇرۇلغان ئىبادەتخانىنى خاتىرىلەپ تىكلەنگەن ئابىدە» ، مېتال ـ پۈتۈكلەرگە ئويۇلمىغان يازمىلار» .
③ ياڭ شيۈەن : «جۇرۇڭ تاش پۈتۈك خاتىرىسى» ، 6 ـ جىلد ، «قايتىدىن تۈزۈلگەن كۇڭزى تەلىماتى خاتىرىلىرى» .
④ «كورېيىلىكلەرنىڭ جەمەت نەسەبى» سېئۇل ، 1980 ـ يىل تۈزىتىلگەن نەشرى ، 604 ~ 605 ـ بەتلەر .



مېتال ، ياغاچ ، سۇ ، ئوت ، تۇپراق قاتارلىق سۆزلەرنى ، ھەربىر مىسرادا باھار سۆزىنى ئىشلەتكەن . تۆۋەندە ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەر جەدۋىلىنى كۆرۈپ باقايلى :

| ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەسى | ئەسەر نامى | ئادەم ئىسمى |
|---|---|---|
| «يۈەن سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تاللانما» | «شيۇ توپلىمى» | شىي يۈلى |
| «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ساقلىنىپ قالغان ئابىدىلەر مۇندەرىجىسى» 13 ـ جىلد «باجيۇڭشىدىكى يۈەن سۇلالىسى دەۋرى تاش پۈتۈكلىرىنىڭ ساقلانمىلىرى» | «شىي شيۈنىڭ مېڭيەن نەزمىلىرى» | |
| «تاش پۈتۈكلەرنىڭ كەمتۈك يازمىلىرىغا تولۇقلىما» 4 ـ جىلد | «باھاردا جىنسى ئىبادەتخانىسىنى سەيلە قىلغانلىرىم» | |
| «جۇرۇڭ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» 6 ـ جىلد «جياڭنىڭ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» 7 ـ جىلد | «قايتىدىن تۈزۈلگەن كۇڭزى تەلىماتى خاتىرىسى» | شىي جىدۇ |
| «تاش پۈتۈك خاتىرىلىرىگە ئىلاۋە» 20 ـ جىلد | «جۇ بوۋېننىڭ بەينيۈيەن نەزمىسى ھەم ئۇنىڭغا مۇقەددىمە» | شىي يىجۇ |
| «ئەنجۇي تاش پۈتۈكلىرى» 10 ـ جىلد | يۈەن شىشى نەزمىلىرىدە يوقتۇر بىرمۇ ئىستىقامەت ئىتىكابىنىڭ نامى | شىي ۋېنجى |
| «كورىيە تارىخى» 112 ـ جىلد «شىي سۈننىڭ تەرجىمىھالى» | «يېڭى زىكىرنامە خاتىرىلىرى» | شىي بەيلياۋسۈن |
| «تاش پۈتۈك خاتىرىلىرىگە ئىلاۋە» 20 ـ جىلد | «چاڭشاڭ ئايمىقىدىكى قايتىدىن قۇرۇلغان بىلىم يۇرتلىرى خاتىرىسى» | قۇل قۇدا |
| «چېڭخۇا يىللىرىدا تۈزۈلگەن جۇڭدۇ تەزكىرىسى» كېيىنكىسى قىسمى | «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلىرى» | لۇمىڭشەن |
| «داۋيۈەن ئۇزۇنلىرى» 43 ـ جىلد «جىڭجۇ يولىنىڭ دارۇغاچى لۇ مىڭشەننىڭ تۆھپە ئابىدىسى» | «چالغۇلار شەجەرىسى» 8 ـ جىلد | |

| | | |
|---|---|---|
| «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ساقلىنىپ قالغان ئابىدىلەر مۇندەرىجىسى» 31 ـ جىلد | «تېمۇر بۇقانىڭ گۆڭماۋ ئىبادەتخانىسىغا سالامغا كىرگەنلىكىگە ئاتالغان نەزمە» | تېمۇر بۇقا |
| «يۈەن سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تاللانما» نىڭ ئىككىنچى توپلىمىنىڭ ئىككىنچى قىسمىغا گۈەن يۈنشىنىڭ نەزمىلىرىدىن 27 كۇپلېت كىرگۈزۈلگەن | «ۋاپادارلىق دەستۇرىنى ئۇدۇل چۈشىنىش 1 ـ جىلد سۈەنجەي توپلىمى» | گۈەن يۈنشى |
| فەن سىرېن «سۇڭ يۈەن دەۋرلىرىدىكى 43 ئەدىبىنىڭ ئەسەرلىرى»مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى يىللىرى (1573 ـ 1620) دا بېسىلغان بولۇپ «تىياۋ خۇايەن» قاتارلىق شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن | «گۈەن سۈەنجەي نەزمىلەر توپلىمى» 2 ـ جىلد | |
| «يۇڭلې قامۇسى» 14384 ـ جىلد جى زيۈن، باشقا 2661 ـ جىلد | «جى خەيسۇ» «دۇڭتىڭ» | |
| «گۈەن يۈنشى قاتارلىقلارنىڭ يۈشىڭغا ھەدىيە قىلغان قىسقا نەزمىلىرى» «ئىككى كۆل ھەققىدە ئەبجەش پاراڭلار»، «شىمالىي تاغدىكى شۈئەندە قونۇش» | «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ساقلىنىپ قالغان ئابىدىلەر مۇندەرىجىسى» 9 ـ جىلد | |
| «جېجياڭ ــ جياڭسۇ تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى» 18 ـ جىلد | «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۈەن يۈنشى قاتارلىقلارنىڭ تۆگيۈەنگۈەندىكى شېئىرلار ئويمىسى» | |
| «جېجياڭ يىللىرىدىكى خاتىرىلەر» 1 ـ جىلد «سۈەنجەي مۇزىكا مەھكىمىسى» | «چىڭجياڭدا ۋىدالىشىش» | |
| يۈەن ۋۇزۇڭنىڭ جىدا تۇنجى يىلى (1308 ـ يىلى) ئەسلى باسما | «سۈەنجەي توپلىمى» | |
| «خەتتاتلىق ھەققىدە مۇھاكىمە» 8 ـ جىلد | لېنتىڭدىكى 12 خىل نۇسخا | شېڭ شىمىڭ |
| «رەسساملىق ھەققىدە مۇھاكىمە» ئۆزى تۈزگەن | «جىڭشى قامۇسى» (تۈزۈشكە قاتناشقان) | |
| تۆت تۈزگۈچىنىڭ بىرى، لياۋ سۇلالىسى تارىخى جەدىۋىلىگە قارالسۇن | «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» | لېن خۈشەن |
| ئالتە تۈزگۈچىنىڭ بىرى، جىن سۇلالىسى تارىخى جەدىۋىلىگە قارالسۇن | «جىن سۇلالىسى تارىخى» | سارابان |
| «يۇڭلې قامۇسى» 13993 ـ جىلد | «مەرىپەتلىك تۆت لېن دۇننىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» تابىن نەسەبنامىسى | لېن دۇن |



| | | |
|---|---|---|
| «يېڭىدىن تۈزۈلگەن نەنچاڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 26 ـ جىلد «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەزكىرىسى» | «جىنشەن ناھىيەسىدىكى نامدارلار خاتىرىسى» | يۈەنجۇ قايا |

## 2 . خەتتاتلىق ۋە رەسساملىق

ھۆسنخەت جۇڭگودىكى ئۆزگىچە سەنئەت شەكلى بولۇپ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنمەيدىغانلار ئۇنىڭدىكى سىرلارنى ھېس قىلالمايدۇ، شۇنىڭدەك خەتتاتلىق سەنئىتىدە كامالەتكە يېتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنگەن، خەنزۇچە خەتلەرنى يازالايدۇ، مۇئەييەن خەتتاتلىق سەنئىتى ساپاسىنى ھازىرلىغان. جىجېڭنىڭ كېيىن يىلى (1350 ـ يىلى) قوچولۇق شىي يۈلى قەدىمكى ئۇسلۇبتىكى «چۈەننەندىكى بۇددا ئىبلى» دېگەن ھۆسنخەتنى يازغان، خەتنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، ئۇستىخانلىق يېزىلغان①. جىجېڭنىڭ ئالتىنچى يىلى (1346 ـ يىلى) چاۋياڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى شىي لېيدۇ گۋاڭدۇڭنىڭ يانداش تەپتىشبېگى جۇ بوۋېن بىلەن بىللە بەينيۈيەن قىياسىنى سەيلە قىلغاندا نەزمە توقۇپ قىياغا ئويغان②. شىي جېدۇ جىجېڭنىڭ 10 ـ يىلى (1350 ـ يىلى) «شياۋ جىنشەن ئىبادەتخانىسى خاتىرە ئابىدىسى» نىڭ ماۋزۇسىنى يېزىپ بەرگەن③. شىي چاۋۋۇ «جىجۇدا قايىتا قۇرۇلغان ئىبادەتخانىنىڭ خاتىرە ئابىدىسى» نىڭ ماۋزۇسىنى

① «مىنجۇڭ تاش پۈتۈكلىرىدىن قىسقىچە بايان»، 12 ـ جىلد، «شىي يۈلىنىڭ رۇيشياڭيەندە يازغان نەزمىلىرى».

② چيەن داشىن: «جۇ ۋېنبونىڭ بەينيۈيەننى سەيلە قىلغاندا يازغان نەزمىسى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددىمىسى»، «تاش پۈتۈك خاتىرىلىرىگە ئىلاۋە»، 20 ـ جىلد.

③ ياڭ شيۇەن: «شياۋ جىنشەن ئىبادەتخانىسى خاتىرىسى»، «جۇرۇڭ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى»، 6 ـ جىلد.

يېزىپ بەرگەن[1] . جىشيەن ئۆلىماسى كېڭەشبەگ لىيەن شىگۇڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شىخۇ كۇتۇپخانىسىغا يەر قوشۇپ بېرىش ئابىدىسى» نىڭ ماۋزۇسىنى يېزىپ بەرگەن[2] . ئەخلاقمەن كېڭەشبەگ ، جياڭشى ، جېجياڭ قاتارلىق جايلارنىڭ ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى لىيەن مىجىر قايا (لىيەن شۇن ) «سۇڭجياڭدىكى باۋيۈن ئىبادەتخانىسى خاتىرە ئابىدىسى» نىڭ ماۋزۇسىنى يېزىپ بەرگەن[3] . جىيۈەننىڭ دىڭخەي يىلى (1287 - يىلى ) 9 - ئايدا «ۋاقىتلىق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خوجىدارى» «جېڭشىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى داچېڭدىيەن قەسرى خاتىرىسى» نى يازغان ، جياڭشى ئۆلكىسى خۇدۇڭ يولىنىڭ زىندان تەپتىشى لىيەن شۇن خېتىنى ھەم ماۋزۇسىنى يازغان»[4] . كېڭەش بېگى ، جياڭشى ، جېجياڭ پەرمان مەھكىمىسىنىڭ بېگى لىيەن خۇيشەن قايا «خاڭجۇ يولىدا قايتىدىن سېلىنغان ئىبادەتخانا ئابىدىسى» نىڭ ماۋزۇسىنى يازغان[5] . كېڭەشبەگ ، ۋېنجۇ يولىدىكى رۇيئەن ئايمىقىنىڭ ئايماقدارى قوشۇمچە ئەمەلدارى سەنباۋ جۇلۇ يۈەن ئىبادەتخانىسى» ( «ۋۇشىڭدىكى ئاسايىش تاپقۇزغۇچى لۇيۈەن ئىبادەتخانىسى خاتىرە ئابىدىسى» مۇ دېيىلىدۇ ) نىڭ خېتى ۋە ماۋزۇسىنى يازغان [6] .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ماتېرىياللاردىن كۆرۈۋېلىشقا

① «جېجۇدا قايتىدىن سېلىنغان ئىبادەتخانىنىڭ خاتىرە ئابىدىسى» ، «تاش پۈتۈكلەرگە ئويۇلغان قوليازمىلار» .
② رۇەن يۈەن : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىخۇ كۇتۇپخانىسىغا يەر قوشۇپ بېرىش ئابىدىسى» ، «جېجياڭ جياڭشى تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى» ، 15 - جىلد .
③ چيەن داشىن : «سۇڭجياڭدىكى باۋيۈن ئىبادەتخانىسى خاتىرە ئابىدىسى» ، «تاش پۈتۈك خاتىرىلىرىگە ئىلاۋە» ، 18 - جىلد .
④ «يۇڭلې قامۇسى» ، 6697 - جىلد ، گاۋنى تۈزگەن : «جېڭشىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى داچېڭدىيەن قەسرى خاتىرىسى» .
⑤ رۇەن يۈەن : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خاڭجۇ يولىغا قايتىدىن تىكلەنگەن ئىبادەتخانا ئابىدىسى» ، «جېجياڭ جياڭسۇ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» ، 18 - جىلد .
⑥ لۇ شىنيۈەن : «لۇيۈەن ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى» ، «ۋۇشىڭ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» ، 15 - جىلد .



بولىدۇكى ، ھەرقايسى ئابدىلەرنىڭ ماۋزۇسىنى ئۇيغۇر ئالىملىرى يازغان ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا لىيەن شىگۇڭ بۇرۇلقايانىڭ ئوغلى ، لىيەن شىشيەننىڭ ئىنىسى ، لىيەن شۇن لىيەن شىشيەننىڭ ئوغلى . بۇ ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچىگە پىششىق بولۇپلا قالماستىن ، خەنزۇچە خەتنىمۇ چىرايلىق يازىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . بۇلارغا ئوخشاش ئۇيغۇرلار ئىنتايىن كۆپ .

شېڭ شىمىڭ ، ئۇنىڭ ئەجدادلىرى كۇسەنلىك ئۇيغۇر[1] . كېيىن كۆچۈپ كېلىپ يۈجاڭ (ھازىرقى جياڭشىدىكى نەنچاڭ ) دا ئولتۇراقلاشقان ، زاپاس قۇرۇقچى بولغان[2] «كۇيجاڭ كۇتۇپخانىسىدا تارىخنامىلەرنى پۈتكەن»[3] ، «جېڭشى قامۇسى» نى تۈزۈشكە قاتناشقان ، ھەمدە ئۆزىنى «سەنئەت ، ئەدەبىياتتا تەڭ يېتىشكەن ئەدىب»[4] دەپ ئاتىغان . ھۆسنخەت يېزىشقا ماھىر ئىدى .[5]

سەۋىنچ قايا (يەنە بىر ئىسمى گۇەن يۈنشى ) ئۇيغۇر[6] ، تەخەللۇسى سۈەنجەي ، يەنە لۇخۇا تەرىقەتچىسى دېگەن تەخەللۇسىمۇ بار ، ئېلىقايانىڭ نەۋرىسى ، جياڭشىنىڭ خانلىق مۇئەككىلى كۇنجۇكنىڭ ئوغلى . ساۋشۇ خەت شەكلىدە ھۆسنخەت يېزىشقا

① چېن گاۋخۇا : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخىدىن ئوچېرىكلار» ، «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 - يىل نەشرى ؛ چېن گاۋخۇا : «جۇڭگو تارىخ لۇغىتى» (لياۋ ، شيا ، جىن ، يۈەن سۇلالىلىرى تارىخى ) غا يازغان «شېڭ شىمىڭ» توغرىسىدىكى بايانلار ، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى ، 1986 - يىل نەشرى ، 426 - بەت .
② «خېتتاتلىق ھەققىدە مۇھاكىمە» نىڭ كىرىش سۆزى ؛ «سۇۋېي» - «قورۇقچى» ، «چىنداۋۇل» نى كۆرسىتىدۇ ، موڭغۇل تىلىدا kesik دېيىلىدۇ ، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دا keshik دەپ يېزىلغان ، تۈرك تىلىدا kezik دېيىلىدۇ ، ئومۇمەن چىنداۋۇللار قاتارىدا نامى ئاتالغانلار بيۇروكرات ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە ئىنىلىرىدىن ئىبارەت . چىنداۋۇلنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا ياۋدالىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ۋە شياۋچىچىڭنىڭ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى توغرىسىدا يېڭى ئىزدىنىش» تىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلاردىن پايدىلىنىڭ .
③ «مارجان تورى» خاتىرىلىرى ، 12 - جىلد «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دانىشمەن - ئۆلىمالارنىڭ يوسۇنلىرى» .
④ «رەسساملىق ھەققىدە مۇھاكىمە» گە ئۆزى يازغان كىرىش سۆز .
⑤ تاۋ زۇڭيى : «تارىخنامىلەردىن مۇھىم بايانلار» .
⑥ تاۋ زۇڭيى : «تارىخنامىلەردىن مۇھىم بايانلار» دا ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسىنىڭ «بېشبالىقلىق ئىكەنلىكىنى خاتىرىلىگەن .

ماھىر [1] ، دادې يىللىرىدىكى دىڭۋېي يىلى (1307 ـ يىلى ) «تاش پۈتۈكلەرنى دەلىللەش « 金石审 » دېگەن خەتنى ئويغان . بۇ ئويما «خەت ئىنتايىن نەپىس ، كۆركەم» [2] بولۇپ ، مۇنەۋۋەر ئەسەر دەپ ئاتالغان [3] .

بايان بۇقا تېكىن ، تەخەللۇسى ساڭيەن ، ئۇيغۇر ، جىجېڭنىڭ 16 ـ يىلى (1356 ـ يىلى ) چۇجۇ يولىنىڭ دارۇغاچى بولغان . [4] كېيىن جياڭدۇڭنىڭ نايىپ تەپتىش بېگى ، جېدۇڭنىڭ ھۆدەيچىسى بولغان . ساۋشۇ خەت شەكلىدە ھۆسنخەت يېزىشقا ماھىر [5] ، خەتتاتلىق ماھارىتىدە تاغىسى شيەن يۈشۈنى بېسىپ چۈشىدۇ [6] .

گاۋ يۆ ، تەخەللۇسى يەنگاۋ ، ئۇيغۇر ، قوچولۇقلارنىڭ ئەۋلادى . دادىسى شيۈەن جياڭنەن ۋاقىتلىق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى تەپتىشى بولغان .

داۋتۇڭ ، قوچولۇق [7] ، تەخەللۇسى شيەن ، «يازغان ھۆسنخەتلىرى كىشىنى جەلپ قىلىدۇ» [8] ، «ئىككىلا قولىدا ھۆسنخەت يازالايدۇ» [9] .

باۋ گې ، ئۇيغۇر ، «چوڭ خەت يېزىشنى ياخشى كۆرىدۇ ،

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 143 ـ جىلد ، «شياۋ يۈنشى قايانىڭ تەرجىمھالى» .
② «شياۋ يۈنشى قايانىڭ خۇايەن قىياسىغا يازغان بېغىشلىمىلىرى» ، «خۇنەن تەزكىرىسى» ، 286 ـ جىلد .
③ «شياۋ يۈنشى قايانىڭ خۇايەن قىياسىغا يازغان بېغىشلىمىلىرى» ، «خۇنەن ئومۇمىي تەزكىرىسى» ، 286 ـ جىلد
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 195 ـ جىلد ، «ساداقەتمەنلەر تەرجىمھالى» .
⑤ تاۋ زۇڭيى : «تارىخنامىلەردىن مۇھىم بايانلار» .
⑥ يې شېڭ : «شۇيدۇڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى» ، 27 ـ جىلد ، «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1980 ـ يىل نەشرى .
⑦ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 144 ـ جىلد ، «داۋتۇڭنىڭ تەرجىمھالى» ۋە «پىڭجياڭ يولىنىڭ سابىق ئاتلاقچىسى داۋتۇڭ تۆرىنى سېغىنىش ئابىدىسى» ، «چياۋۋۇ توپلىمى» 11 ـ جىلدلاردا «ئۇنىڭ ئەجدادلىرى قوچولۇق» دېيىلگەن ، «مۇھىم بايانلار» دا ئۇ «موڭغۇل» دېيىلگەن ، بۇ خاتا بولۇپ قالغان .
⑧ لۇ شيۇڭ : «سۇجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، 26 ـ جىلد ، «مەشھۇر ئەمەلدارلار»
⑨ تاۋ زۇڭيى : «تارىخنامىلەردىن مۇھىم بايانلار» .



قەدىمكىلەرنىڭ قەلىمىدىن ئۈرنەك ئالغان» [1] .

ۋېنيىناشىل ۋە سارابان ئىككىلىسى ئۇيغۇر ، ۋېنيىناشىل «كەيشۇ خەت شەكلىدە ھۆسنخەت يېزىشقا ماھىر» [2] .

يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار خەتتاتلىقتا كامالەتكە يەتكەن بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى رەسساملىقتىمۇ كامالەتكە يەتكەن . بايان بۇقا تېكىن ئەجدىھا رەسىمىنى سىزىشقا ئۇستا ئىدى» . «رەسساملىق ھەققىدە مۇھاكىمە» گە ئاساسلانغاندا ، ئۇنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىدىن «تۇمان ئارىسىدا نەرە تارتىۋاتقان ئەجدىھا رەسىمى» ، «ئولتۇرغان ئەجدىھا رەسىمى» ، «تاغقا چىققان چىشى ئەجدىھا رەسىمى» ، «ئويۇنچى ئەجدىھا رەسىمى» قاتارلىقلار بار .

بيەنلۇ ، تەخەللۇسى جىيۇ ، لەقىمى لۇشېڭ ، بېشبالىقلىق ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن رەسسام . تۇغۇلغان ، ئۆلگەن ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق . بيەنلۇ گۈل ـ گىياھ ، بامبۇك سىزىشقا ماھىر بولۇپ ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ «يۆتكەلگەن ئاھالىلەرگە ئاقىۋل تىلەش رەسىمى» [3] تېپىلدى . بىلىشىمىزچە بۇ ئۇنىڭ ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر ئەسىرى ئىكەن . ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلاردىن دىڭ يېفۇ تاغ ـ دەريا شەخسلەرنى سىزىشقا ماھىر بولۇپ ، مايۈەن ، شياگۇيدىن رەسىم سىزىشنى ئۆگەنگەن .

يۇقىرىدا بىز ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدا تەھلىل يۈرگۈزدۇق ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى كۆڭزىچىلار ، بەزىلىرى ئەدىبلەر ياكى

① فەن لەي : «ۋەنلى يىللىرىدا يېڭىدىن تۈزۈلگەن نەنچاڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، 15 ـ جىلد ، «مەشھۇر ئەمەلدارلار» .
② تاۋ زۇڭيى : «تارىخنامىلەردىن مۇھىم بايانلار» .
③ شيا ۋېنيەن : «نادىر رەسىملەردىن ئۆرنەكلەر» ؛ گۇ سىلى : «يۈەن سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تاللانما . بيەنلۇنىڭ تەرجىمھالى» ؛ «ھەرقايسى ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايونلاردا يىغىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى توغرىسىدا» ، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1978 ـ يىللىق 6 ـ سانىغا بېسىلغان .

خەتتاتلار ، ئۇلار خەنزۇ مەدەنىيىتىنى تارقىتىش ۋە جەۋلان قىلىش ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى . ئاشۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، قۇبلايخان دەۋرىدىلا كۆڭزىچىلاشقان ئۇيغۇرلار كۆپ ئىدى ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ، ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە ، بولۇپمۇ شۇندى زامانىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلىشىش دەرىجىسى كۈچەيدى ۋە خەنزۇلاشقانلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئاشتى ، بۇ يۈەن شۇندىنىڭ خەنزۇلىشىشنى تەشەببۇس قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىدۇ .

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پادىشاھلار ئىچىدە ، خېلى يۇقىرى خەنزۇ مەدەنىيىتى سەۋىيىسىنى ھەقىقىي تۇردە ھازىرلىغانلاردىن ۋېنزۇڭ ، شۇندى ئىككىسىلا بار . ئۇلار خەنزۇلار رايونىدا تۇغۇلۇپلا قالماستىن ، بەلكى جەنۇبىي جۇڭگودا ئۇزاق مەزگىل تۇرمۇش كەچۈرگەن . ئىككىيلەن شېئىر ، خەتتاتلىق جەھەتتە خېلى ئىقتىدارلىق ئىدى[1] . ۋېنزۇڭ خاننىڭ خەنزۇلىشىشى گەۋدىلىك[2] بولۇپ ، شېئىر ، ھۆسنخەت يېزىشتىن باشقا يەنە رەسىم سىزغان ، «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش بىلەن ئالدىراش بولسىمۇ ، تۇرلۇك نۇسخىلاردا ئۆلچەملىك ھۆسنخەت يېزىشنى ئۆگەنگەن ، كەسپ ئەھلىلىرىگە يەتمىسىمۇ يامان ئەمەس يازاتتى»[3] . شۇندى خەنزۇچە كىتابلارنى ئازراق ئوقۇغان ، دائىم كۆڭزىچى ئۆلىمالارنىڭ شېئىرىي كىتاب توغرىسىدىكى

① شياۋېنيەن : «نادىر رەسىملەردىن ئۆرنەكلەر» ، 5 ـ جىلد ، جىڭپۇدىكى مەخپىي كىتابلار .
② گۇسلى : «يۈەن سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تاللانما» غا ۋېنزۇڭ ، شۇندىلارنىڭ بىر كۇبلېتتىن شېئىرى كىرگۈزۈلگەن . ئۇنىڭدىن باشقا چېن يەن : «يۈەن سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تەرمىلەر» نىڭ 1 ـ جىلدىغا شۇندىنىڭ يەنە ئىككى كۇبلېت شېئىرىنى كىرگۈزگەن ، لېكىن شۇندىنىڭ ئەسلىي شېئىرى ياكى ئەمەسلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىدى .
③ تاۋ زۇڭيى : «تارىخنامىلەردىن مۇھىم بايانلار» (ۋۇجىنلىق تاۋ زۇڭيى باسقان نۇسخا) ، 7 ـ جىلدىدا ۋېنزۇڭ ھۆسنخەت يېزىشتا «ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھۆسنخەت يېزىش سەۋىيىسىگە يەتكەن» ، شۇندى چوڭ خەتنى «ئۇستىخانلىق ، چىپىسلاشتۇرۇپ يازاتتى ، خەتتاتلارنىڭ سەۋىيىسىگە يېتەي دېگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن .



شەرھلىرىنى ئاڭلايتتى[1] . ھۆكۈمرانلارنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىگە ھېرىسمەنلىكى ، ئۇيغۇرلار موڭغۇللار ۋە باشقا رەڭدار كۆزلۈكلەرگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇندى خان زامانىسىدا ، لياۋ ، جىن ، سۇڭ سۇلالىلىرى تارىخى تۈزۈلگەن ، جيالۇخې دەرياسى راۋانلاشتۇرۇلغان ، خۇاڭخې دەرياسى ئەسلىي ئېقىنىغا ئاقتۇرۇلغان . كۆك تېمۇر رەھبەرلىكىدىكى ھەربىي كۈچ دۆلەتنىڭ ئابرويىنى كۆتۈرۈپ ، دېڭىز ترانسپورتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ مىسلىسىز گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن . مۇشۇنداق سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلاردا خەنزۇلىشىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ ، زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان . ئىلىم ئەھلى ۋە سەنئەتكارلار كۆپلەپ بارلىققا كەلدى . ئۇلار ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئىجاد قىلغان مەدەنىيەت ئەنئەنىۋى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ غايەت زور ئېقىمىغا قوشۇلۇپ ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەزىنىسىنى بېيىتتى .

① شىنتيەن شىيلاڭ : «يۈەن ۋېنزۇڭنىڭ نەزم ئۇسلۇبى» ، «دوكتور خانېداتورۇنىڭ ئۆمرىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈزۈلگەن شەرقىي ئوكيان تارىخ ئىلمىي ماقالىلىرى مەجمۇئەسى» ، 1950 ـ يىل نەشرى .

# بەشىنچى باب، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قارا دىۋان ۋازارىتى ۋە ھەرقايسى ۋاقىتلىق ۋازارەتلەردىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلار

ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. مەزكۇر بابتا ئاساسلىقى يۈەن سۇلالىسىنىڭ قارا دىۋان ۋازارىتى ۋە ھەرقايسى ۋاقىتلىق ۋازارەتلىرىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رولىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

## §1. موڭغۇل دۆلىتى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلار

موڭغۇل دۆلىتى مەزگىلى (1206 ـ 1260 ـ يىللار) دە ئۇيغۇرلار بېشبالىق، قارا قوچو، جام بالىق، يېڭى بالىق ۋە سۇلمى قاتارلىق بەش شەھەرنى مەركەز قىلىپ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. 1209 ـ يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇتى موڭغۇللارغا بەيئەت قىلغان، چىڭگىزخان ئۇرۇق بويىچە ئاسراندى ئوغۇل قوبۇل قىلىدىغان كونا قائىدە بويىچە ئۇنى «بەشىنچى ئوغۇل» قاتارىدا كۆرۈپ، قىزى ئىل ئالتۇن مەلىكىنى خوتۇنلۇققا بەرگەن، «خان تېكىنلەر بىلەن قېرىنداش بولۇپ ئۆتۈشكە



بۇيرۇپ، ئۇنىڭ ئېلىنى باشقا ئەللەردىن يۇقىرى كۆرگەن»[1].

شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇنلىغان قابىلىيەتلىك ئۇيغۇرلار موڭغۇل ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان.

موڭغۇللار دۆلەت قۇرغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلار كۆپ قېتىم موڭغۇللارغا ئەگىشىپ بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. يورۇن تېمۇر «تەيزۇغا ئەگىشىپ جازا يۇرۇشىگە چىقىپ، كۆپ قېتىم جەڭدە تۆھپە كۆرسەتكەن»[2]، لىيەن شىشيەنىنىڭ ئاتىسى بۇرۇلقايا تەشەببۇسكارلىق بىلەن چىڭگىزخانغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، قاغاننىڭ قېشىدا قېلىپ نۆكەر بولغان، «تەيزۇ غەربكە يۇرۇش قىلغاندا، بۇرۇلقايا بىللە ماڭغان. ھېرىپ ـ چارچاشتىن زارلىمىغان، قاغان ئۇنى ماختاپ ئات، قوي ۋە چېدىرلارنى ئىنئام قىلغان، يەنە قاغاننىڭ قىزى شىمۇشى بىلەن تويلاشقان.»[3] تۇگان قايا ھېسامىدىننىڭ ئاتىسى بولۇپ، ئۇ «ئەلەمدە كامالەتكە يەتكەچكە تەيزۇ، تەيزۇڭلارغا ئەگىشىپ ئالتۇن خانلىقى ۋە تاڭغۇتلارنى تىنجىتىپ تۆھپە كۆرسەتكەن.»[4] شەيباننىڭ ئاتىسى جۆربى ئۈچى «تەيزۇنىڭ شىمالغا يۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ لەشكەر باشلاپ كېلىپ ئەل بولغان، مۇسۇلمانلار دۆلىتىنى بويسۇندۇرۇشتا كۆپ تۆھپە كۆرسەتكەن.»[5] بۇنىڭدىن موڭغۇل دۆلىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىللە تەرەپ ــ تەرەپكە ھەربىي يۇرۇش قىلىپ، زور تۆھپىلەرنى ياراتقانلىقىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر

---

[1] جاۋ مېڭفۇ: «ئارغۇن سالىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «سۇڭشۆجەي ئەسەرلەر توپلىمى»، 7 ـ جىلد، «بەشىنچى ئوغۇل» مەسىلىسى توغرىسىدا ئابې تاكېئونىڭ: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، «سۇڭ سۈيىڭ قاتارلىقلار خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 29 ~ 31 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

[2] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 124 ـ جىلد، «يورۇن تېمۇرنىڭ تەرجىمىھالى».

[3] يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 125 ـ جىلد، «بۇرۇلقايانىڭ تەرجىمىھالى».

[4] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 133 ـ جىلد، «ھېسامىدىننىڭ تەرجىمىھالى».

[5] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 134 ـ جىلد، «شەيباننىڭ تەرجىمىھالى».

ۋاقىتتا ئۇلار يەنە موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ يۇرگۈزگەن ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق قىلمىشلىرىغا چوڭقۇر ئىچىنىدىغانلىقىنى بىلدۇرگەن ۋە ئۇلارغا نەسىھەت قىلغان. ئۇيغۇر تابىن تەيزۇخان بىلەن بىللە يۇرۇشكە چىققاندا «دۆلەتنىڭ ئاساسى ئاۋام، ئاۋامنى ئۆلتۈرسەڭ دۆلەتكە نېمە پايدىسى»[1] دەپ سەممىيلىك بىلەن نەسىھەت قىلىپ، سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئارىسىدىكى قالايمىقان ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەرنى قاتتىق توسۇپ، ئىنئامغا ئېرىشكەن.

يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار موڭغۇل قاغانىنىڭ يېنىدا ئۇستاز ۋە تەدبىركار ۋەزىر بولغان. قارا يىغاچ بۇيرۇق «دانا، ئۆتكۈر بولغانلىقى ئۈچۈن، چاقىرتىلىپ خانزادىلەرنىڭ ئۇستازلىقىغا تەيىنلەنگەن»[2]، تاتاتۇڭا «زېرەك، ئاق كۆڭۈل شۇنداقلا ئۇيغۇر يېزىقىغا پۇختا ئىدى»[3]. ئۇنىڭغا خانزادە ۋە تۆرىلەرگە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن موڭغۇل تىلىنى خاتىرىلەشنى ئۆگىتىش پەرمانى چۈشۈرۈلگەن. سانجىسنىڭ ئاتىسى توخىس «دەسلەپتە تەيزۇنىڭ ئىنىسى ئوچىننىڭ بىتىكچىسى، خان ئۇستازى بولغان.»[4] چىڭگىزخان يەنە ئۇيغۇر «يورۇن تېمۇرنى خان ئىنىسى ئوچىننىڭ ئۇستازلىقىغا تەيىنلىگەن، ئۇ خانزادىلەرگە ۋاپادار بولۇشقا، ئىناق ئۆتۈشكە، رەھىمدىل بولۇش خۇسۇسىدا تەلىم بەرگەن، پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولغان».[5] يۇقىرىقى ماتېرىياللار چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنى ئۇستازلىققا تەيىنلىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار نامدا قاغان جەمەتىنىڭ بىتىكچىسى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت

① يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 124 ـ جىلد، «تابىننىڭ تەرجىمىھالى»؛ ليەن دۈن: «تابىن نەسەبنامىسى»، «يۇڭلې قامۇسى»، 13993 ـ جىلد.
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 124 ـ جىلد، «قارايىغاچ بۇيرۇقنىڭ تەرجىمىھالى».
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 124 ـ جىلد، «تاتاتۇڭا تەرجىمىھالى».
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 134 ـ جىلد، سانجىسنىڭ تەرجىمىھالى».
⑤ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 124 ـ جىلد، «يورۇن تېمۇرنىڭ تەرجىمىھالى».



تارقىتىش رولىنى ئوينىغان. چىڭگىزخان نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنى ئوردىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىگەن، تەيزۇ ئۇيغۇرلاردىن بۇرۇلقايا، يۇلتۇز ئىنال ۋە بايخاننىڭ ئاتىسى قۇدۇ قاتارلىقلارنى «نۆكەر» (چىنداۋۇلنى كۆرسىتىدۇ) لىككە تەيىنلىگەن.[1] ئۇيغۇرلار نۆكەر بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى تۆۋەن بولمايدۇ، چىڭگىزخاننىڭ ئالتۇن ئۇرۇقىدىكىلەر ئۇيغۇرلار رايونىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلاردىن يۇلتۇز ئىنال، جۆربى ئوچىلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىربالىق (بۈگۈنكى شىنجاڭ مورى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى پوچېڭزى)، كورلا شەھىرىنىڭ دارۇغاچىلىقىغا تەيىنلىگەن.[2] موڭغۇل دۆلىتى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

بىرىنچىدىن، ئۇلار ئاۋۋال ئەل بولغان بولۇپ، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. ئۇيغۇر تورۇقايانىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى قوخا باساچۇق تەدبىرلىك، بىلىملىك كىشى بولۇپ، تەيزۇ (چىڭگىزخان) غەربكە يۇرۇش قىلغاندا ئىدىقۇتنى ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىشقا نەسىھەت قىلغان، خان ئۇنىڭ بىلىملىك كىشى ئىكەنلىكىدىن خۇرسەن بولۇپ، مەنسەپكە تەيىنلىمەكچى بولغان، لېكىن ئۇ ئۆزرە سوراپ قوبۇل قىلمىغان[3].

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى نىسبەتەن يۇقىرى بولغاچقا، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان. «تەيزۇ زامانىسىدا، دۆلەت يېزىقى بولمىغاچقا،

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 125 ـ جىلد، «بۇرۇلقايانىڭ تەرجىمىھالى»؛ 124 ـ جىلد، «قارا يىغاچ بۇيرۇقنىڭ تەرجىمىھالى»؛ 131 ـ جىلد، «بايجاننىڭ تەرجىمىھالى».
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 124 ـ جىلد، «قارايىغاچ بۇيرۇقنىڭ تەرجىمىھالى»؛ 134 ـ جىلد، «شەيباننىڭ تەرجىمىھالى»، بىر بالىق، كورلىنىڭ شەھىرى نامىلىرى توغرىسىدا ليۇ يىڭشېڭنىڭ: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت يەر نامىلىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخى ئۆزگىرىشى» گە قاراڭ، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان.
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 137 ـ جىلد، «تورۇقايانىڭ تەرجىمىھالى».

يارلىقلار ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، مۇراسىم، ھەربىي كېڭەشلەردە ئۇيغۇر يېزىقى ئىشلىتىلگەن»[①]. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇر يېزىقىغا پىششىق ئۇيغۇرلارغا چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىلگەن. مىڭسەرس «15 يېشىدا ئۇيغۇر يېزىقىنى پۇختا ئىگىلىگەن. تەيزۇخان ئاڭلاپ، ھوزۇرىغا چاقىرىپ رۇيزۇڭ (تولى) نى تەربىيىلەشكە بۇيرۇپ، ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ، جۇاڭشىڭ خانىشقا ئوخشاش تەمىنات بەرگەن».[②]

ئۇچىنچىدىن، جازا يۈرۈشلىرىدە تۆھپە ياراتقان ئۇيغۇرلار ئوخشاشلا مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلغان. شياۋ يۈنشى توخرىن ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى تەيزۇخان بىلەن بىللە مۇسۇلمانلار دۆلىتىگە جازا يۈرۈشى قىلغان، كېيىن تۆھپىسىگە ئاساسەن «پادىشاھ رۇيزۇڭنىڭ قەسرىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغان، جۇاڭشىڭ خانىش ئۇنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرگەن، زالىم ھەكەملىككە تەيىنلىگەن»[③]. ئۇيغۇر تاڭ گۇجى تاڭ رېنزۇنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بولۇپ، 17 يېشىدا تەيزۇغا خىزمەت قىلغان. كېيىن جۇاڭشىڭ خانىش ئۇنى يارغۇچىلىققا ئۆستۈرگەن.[④]

بۇنىڭدىن موڭغۇللار دۆلەت قۇرغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل قوشۇنلىرىغا ئەگىشىپ ھەربىي يۈرۈش قىلىپ نۇرغۇن جەڭلەردە تۆھپە يارىتالىغانلىقىنى، مەدەنىيەت ساپاسى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىدىن خېلىلا يۇقىرى بولغاچقا، نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل دۆلىتى ھاكىمىيىتىگە جەلپ قىلىنىپ مەنسەپلەرگە قويۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. ئۇيغۇرلار

① چېڭ جۇفۇ: «ۋۇ دۇ سادادەتمەن بېگىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «شۆلۇ توپلىمى»، 7 - جىلد.
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 124 - جىلد، «مىڭسەرىسنىڭ تەرجىمىھالى».
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 134 - جىلد، «شياۋ يۈنشى توخرىننىڭ تەرجىمىھالى»؛ خۇاڭ جىن: «لياۋياڭ قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى ئىنانجىن تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى»، 24 - جىلد
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 134 - جىلد، «تاڭ رېنزۇنىڭ تەرجىمىھالى».



دائىم ھەرقايسى رايونلاردا دارۇغاچىلىق ۋە يارغۇچىلىقنى ئۈستىگە ئالغان. دارۇغاچ تۈركىي تىلىدىكى باسقاق (basqaq)قا باراۋەر بولۇپ، تۇرۇشلۇق جايدىكى يەرلىك، قوشۇن ۋە يامۇلنىڭ ئەڭ چوڭ نازارەتچى بېگى ھېسابلىنىدۇ. بۈيۈك موڭغۇل دۆلىتى مەزگىلىدىكى يارغۇچى (يەنى «زالىم ھەكەم» يەنى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا كېسىم چىقارغۇچى)[①] نىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئەدلىيە دائىرىسىدىلا چەكلەنمەيدۇ، يەنە مەمۇرىي ئىشلاردا «ئاخىرقى كېسىم چىقىرىدۇ»، نوپۇس، باج يىغىش، زىندان ۋە تەپتىش قاتارلىقلارغا ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردىن زالىم ھەكەملىكنى ئۈستىگە ئالغانلار تاڭ گۇجىلا ئەمەس، ئوگدايخان دەۋرىدە بۇرۇلقايا جىنىدىڭ ئايىمىقى (خېبېيدىكى جېڭدىڭ) نىڭ دارۇغاچى قوشۇمچە يەنجىڭنىڭ زالىم ھەكەملىكىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئېنىقكى تولىنىڭ خوتۇنى سۆرقۇقتانىغا ۋاكالىتەن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغان.

## 2 § . يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى قارا دىۋان ۋازارىتىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلار

يۈەن شىزۇ قۇبلاي يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرى سىياسىي جەھەتتە يەنىلا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. بىرىنچىدىن، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ئىلگىرى - كېيىن قۇبلاينىڭ قەسرىدە ئەمەلدار بولغان. مېڭسەرس، ھېسامىدىن، شەيبان قاتارلىقلار شىزۇنىڭ قەسرىدە خىزمەت قىلغان، ليەن شىشيەننىڭ ئاتىسى بۇرۇلقايا

① «پايتەخت ئەتراپىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 139 - جىلد، «تاش پۈتۈك تەزكىرىسى»، «بۇدداھ ئىبتىكاپىدا ئولتۇرۇپ دەرنى ۋەجەگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش».

كىچىكىدىن مەخسۇس ئۇيغۇرچە دۆلەت مەكتۇبى يېزىشقا ئۇستا ئىدى ، 1231 ـ يىلى يازدا ، بۇرۇلقايا «يەننەن (بېيجىڭنىڭ جەنۇبى ) دىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ تەپتىش بېگى » لىككە ئۆستۈرۈلگەن . «تەپتىش بېگى » قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا ئەۋەتىلگەن قاغان بېتىكچىلىرىنىڭ ئەمەل نامىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدۇر . گەرچە ئۇ مەزگىللەردىكى خەنزۇچە ئەمەل ناملىرىنىڭ تەرجىمىسى ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ ، بىراق بۇرۇلقايا ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خەنزۇچە ئەمەل ناملىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ، ھەتتا «كەمىنە قەدىمدىن بۇيان ئەمەل ـ مەنسەپنىڭ جەمەتكە مىراس قالدىغانلىقىنى ئاڭلايتتىم ، ئەجدادلىرىم ئەلمىساقتىن بۇيان ‹دىيانەتلىك › دەپ نام ـ شۆھرەت قازانغان » دېگەن . ليەن شىشيەن مۇشۇنداق بىر خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان شۇنداقلا شىمالىي جۇڭگودىكى مەركىزىي شەھەردە ئۇزاق مەزگىل ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ ، موڭغۇل ۋە رەڭدار كۆزلۈك ئەمەلدارلارنى خەنزۇلار جەمئىيىتى بىلەن باغلاشتا ئالاھىدە پايدىلىق ئارقا كۆرۈنۈش شەرت ـ شارائىتىنى ھازىرلىغان . ليەن شىشيەن دەستۇر ـ كالاملارنى كۆپ ئوقۇغاچقا ، «ليەن مېڭزى » دەپ نام ئالغان . مىلادىيە 1249 ـ يىلى ، بۇرۇلقايا شىمالغا پادىشاھ ھوزۇرىغا سالامغا بارغاندا ليەن شىشيەننىمۇ بىللە ئېلىپ بارغان بولۇپ ، ئۇ قۇبلاينىڭ نۆكەرلىرى قاتارىغا كىرىپ ، «مەھكىمىدىكى قەدىناس ۋەزىر »[1] بولۇپ قالغان .

ئىككىنچىدىن ، قۇبلاي ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچى بىلەن تەختكە چىقىپ يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغانىدى . 1259 ـ يىلى ، ليەن

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى » ، 126 ـ جىلد ، «ليەن شىشيەننىڭ تەرجىمىھالى » ، سۇ تيەنجۆ : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ۋەزىرلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى » ، 7 ـ جىلد ، «ۋازارەت مۇئەككىلى ليەن ۋېنجېڭ تۆرە » دىن ئېلىنغان جەمەت شەجەرىسى .



شىشيەن قۇبلايغا ئەگىشىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ گۇاڭدۇڭغىچە بارغان ، مۆڭگۇخاننىڭ خېجۇ (مەركىزى بۇگۇنكى سىچۇەننىڭ خېچۇەندە ) دا قازا قىلغانلىق شۇم خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە ، ئۇ «بىرىنچى بولۇپ يول كۆرسىتىپ » ، قۇبلايغا «تېزدىن ئاستانىگە قايتىپ تەختنى قولغا ئېلىپ جاھاننى تىنچلاندۇرۇش » تەكلىپىنى بەرگەن . مىڭسەرس قۇبلايغا : «ساقلاپ تۇرماي تەيزۇ (چىڭگىزخان ) نىڭ نەۋرىسىلىك نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ ، تېزدىن پادىشاھلىق تەختىگە چىققانلىقىنى جاكارلاشنى »[1] ئېيتقان . ئۇنىڭدىن باشقا تاچار باشچىلىقىدىكى شەرقىي يولدىكى ھەرقايسى بەگزادىلەرمۇ ليەن شىشيەننىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاپ قۇبلاي تەرەپتە تۇرغان .

ليەن شىشيەننىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا ، ئالتۇن ئۇرۇقتىكى جەنۇبقا ھەربىي يۈرۈشى قىلغان ھەرقايسى خانزادىلەر ئىچىدە ، پەقەت قۇبلايلا ئالدى بىلەن چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتكەن بولۇپ ، بۇ خۇددى تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنىڭ سىمۋولىدەك قىلاتتى . ئۇ تاچارغا «چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش » نىڭ ئېنىقكى ئۇنىڭ «تەڭرى ئىرادىسىدىن ۋاقىپلانغانلىقى » نىڭ بىشارىتى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان . ئارقىدىنلا تاچارغا : «پاسىبانىمىز تۆھپە — پەزىلەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ ، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ، ئاۋامنىڭ رايىغا ئېرىشىشتە قەدىمكىلەردىن ئېشىپ چۈشىدۇ ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ئۇنى بۈيۈك قاغانلىققا كۆتۈرۈشنى قارار قىلىپ بولدۇق . كەيپىڭگە يېتىپ بارساقلا ، ئۇنى قاغانلىققا كۆتۈرىمىز ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭدىن ئاۋۋال چىقىشىغا يول قويمايلى » دېگەن . «تاچار ليەن شىشيەننىڭ نەسىھىتى بىلەن ، بۇ ئىشتا باش بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ، دەسلەپتە نەسىھەت

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى » ، 124 ـ جىلد ، «مىڭسەرسىنىڭ تەرجىمىھالى » .

قىلغاندا ، بەگزادە ، تېكىنلەر بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن ، قۇبلاي ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ، بىر كىشىنى تاچارغا دالالەتنامە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغان ، شۇندىلا كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلى تىنچىغان »[1] . تاچار بۇ مۇھىم نەسىھەتنامىنى لىيەن شىشيەننىڭ پىكرى بىلەن يېزىپ چىقىلغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان .

ھەرقايسى تۆرىلەر نەسىھەت قىلغاندا ، قۇبلاي «كەمتەرلىك قىلىپ رەت قىلغان »دا ، يەنىلا لىيەن شىشيەن «تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ ، ئاۋامنىڭ رايىغا بېقىپ (قۇبلايغا ) نەسىھەت قىلىپ » ، ئۇنىڭ بالدۇرراق قارار چىقىرىپ ، تەخت تالىشىشتا تەشەببۇسكار ئورۇننى ئىگىلىشىگە كۈچ چىقاردى . كېيىن گۇەنلۇڭدىن ئىبارەت مۇھىم جاينىڭ كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىشتا ، يەنىلا لىيەن شىشيەن چېۋەرلىك بىلەن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ ، گۇەنلۇڭ رايونىدىكى ئارىغ بۇقا گۇرۇھىنىڭ كۈچىنى بىت - چىت قىلىپ ، قۇبلاينىڭ ئارقا سېپىنى مۇستەھكەملىدى .

يۇقىرىدىكى تەھلىللەردىن ، قۇبلاينىڭ يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇشنى ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز ، شۇڭلاشقا ئۇلار ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەن .

جۇڭتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1260 - يىلى ) قۇبلاي قارا دىۋان ۋازارىتىنى تەسىس قىلدى . شۇنىڭدىن باشلاپ ، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار قارا دىۋان ۋازارىتىدە ۋەزىپە ئۆتىدى ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە :

---

[1] ياۋ سۈي : «خۇ گۇاڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى لىيەن شىشيەننىڭ تۆھپە ئابىدىسى » ، «مۇئەن توپلىمى » ، 13 - جىلد .



## يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قارا دىۋاندىكى ئۇيغۇر ۋەزىرلەر جەدۋىلى

### 1 . يۈەن شىزۇ دەۋرى (1260 ~ 1294 - يىللار )

| پايدىلانغان ماتېرىيال | ۋاقتى | ۋەزىپىسى | ئىسمى |
|---|---|---|---|
| جۇڭتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى | ئوڭ قول ۋەزىر | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 112 - جىلد ، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى» | لىيەن شىشيەن |
| دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جۇڭتۇڭنىڭ 2 - يىلىدىن ، جىيۈەننىڭ 3 - يىلىغىچە | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش | |
| سول قول ۋەزىر | جىيۈەننىڭ 4 - يىلىدىن 8 - يىلىغىچە | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش | |
| يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش<br>يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش | جىيۈەننىڭ 24 - يىلىدىن جىيۈەننىڭ 25 - يىلىغىچە<br>جىيۈەننىڭ 25 - يىلىدىن جىيۈەننىڭ 28 - يىلىغىچە | ئوڭ قول ۋەزىر<br>دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | ئارغۇن سالى |

### 2 . يۈەن چېڭزۇڭ دەۋرى (1295 ~ 1307 - يىللار )

| پايدىلانغان ماتېرىيال | ۋاقتى | ۋەزىپىسى | ئىسمى |
|---|---|---|---|
| «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 112 - جىلد ، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى» | يۈەنجېننىڭ تۇنجى يىلىدىن دادېنىڭ 3 - يىلىغىچە | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | لاچىن |
| يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش | دادېنىڭ 4 - يىلىدىن 7 - يىلىغىچە | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | ئارغۇن سالى |

### 3 . يۈەن ۋۇزۇڭ دەۋرى (1308 ~ 1311 - يىللار )

| پايدىلانغان ماتېرىيال | ۋاقتى | ۋەزىپىسى | ئىسمى |
|---|---|---|---|

| | | | |
|---|---|---|---|
| «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 112 ـ جىلد، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى» | جىدانىڭ تۇنجى يىلىدىن 4 ـ يىلىغىچە | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | چاناي |
| يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش | جىدانىڭ 4 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | ئۇلجاي |

## 4 . يۈەن رېنزۇڭ دەۋرى (1312 ~ 1320 ـ يىللار)

| پايدىلانغان ماتېرىيال | ۋاقتى | ۋەزىپىسى | ئىسمى |
|---|---|---|---|
| «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 112 ـ جىلد، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى» | يەنيۇنىڭ 7 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | ليەن مجىر قايا |

## 5 . يۈەن يىڭزۇڭ دەۋرى (1321 ~ 1323 ـ يىللار)

| پايدىلانغان ماتېرىيال | ۋاقتى | ۋەزىپىسى | ئىسمى |
|---|---|---|---|
| «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 112 ـ جىلد، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى» | تەيدىڭنىڭ 3 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن تەيدىڭنىڭ 4 ـ يىلىغىچە | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | ليەن مجىرقايا |

## 6 . تەيدىڭ خان دەۋرى (1324 ~ 1327 ـ يىللار)

| پايدىلانغان ماتېرىيال | ۋاقتى | ۋەزىپىسى | ئىسمى |
|---|---|---|---|
| «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 134 ـ جىلد، شياۋ يۈنشى توخرىنىڭ تەرجىمىھالى، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 112 ـ جىلد، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى» | تەيدىڭنىڭ 3 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن تەيدىڭنىڭ 4 ـ يىلىغىچە | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | چاناي |



## 7 . يۈەن ۋېنزۇڭ دەۋرى (1328 ~ 1331 ـ يىللار)

| پايدىلانغان ماتېرىيال | ۋاقتى | ۋەزىپىسى | ئىسمى |
|---|---|---|---|
| «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 112 ـ جىلد، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى» | تيەنلىنىڭ 2 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە | سول قول ۋەزىر | تېمۇر بۇقا |

## 8 . شۈندى خان دەۋرى (1333 ~ 1368 ـ يىللار)

| پايدىلانغان ماتېرىيال | ۋاقتى | ۋەزىپىسى | ئىسمى |
|---|---|---|---|
| «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 113 ـ جىلد، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى» | يۈەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلىدىن يۈەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | ئېلقايا |
| يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش | جىيۈەننىڭ 2 ـ يىلىدىن ـ ؟ | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | تېمۇر بۇقا |
| «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 124 ـ جىلد، «قارايىغاچ بۇيرۇقنىڭ تەرجىمىھالى» | جىيۈەننىڭ 6 ـ يىلى | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | سارابان |
| «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 144 ـ جىلد، «داۋتۇتۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» | جىجېڭنىڭ 7 ـ يىلى 3 ـ ئاي | مۇئاۋىن ۋەزىر | داۋتۇتۇڭ |
| «تەيجۇ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى 112 ـ جىلد | جىجېڭنىڭ 12 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جىجياڭ ـ جياڭشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەن | مۇئاۋىن ۋەزىر | تال تېمۇر |
| «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 113 ـ جىلد، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى (2)»، «شياۋ يۈنشى توخرىنىڭ تەرجىمىھالى» | جىجېڭنىڭ 9 ـ يىلى | مۇئاۋىن ۋەزىر | چامادۇ |
| يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 44 ـ جىلد، «شۈندى ھەققىدە خاتىرە (7)» | جىجېڭنىڭ 15 ـ يىلىدىن 17 ـ يىلىغىچە | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 113 ـ جىلد ، «شۈندى ھەققىدە خاتىرە (10)» | جىجېڭنىڭ 27 ـ يىلى | سول قول ۋەزىر | تېلى تېمۇر |
| «شىنىڭ بېگى شىندۇ تۇرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «لۇڭشى تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» 5 ـ جىلد | جىجېڭنىڭ 15 ـ يىلىدىن 16 ـ يىلىغىچە | ئوڭ قول ۋەزىر | ئونان |
| «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 113 ـ جىلد ، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى (2)» | جىجېڭنىڭ 17 ـ يىلىدىن 22 ـ يىلىغىچە | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | |
| «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 141 ـ جىلد ، «چاغان تېمۇرنىڭ تەرجىمىھالى» | جىجېڭنىڭ 21 ـ يىلى | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | چاغان تېمۇر |
| «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 113 ـ جىلد ، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى (2)» ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 141 ـ جىلد ، «چاغان تېمۇرنىڭ تەرجىمىھالى» | جىجېڭنىڭ 22 ـ يىلىدىن 25 ـ يىلىغىچە | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | |
| يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش | جىجېڭنىڭ 25 ـ يىلىدىن 27 ـ يىلىغىچە | سول قول ۋەزىر | كۆك تېمۇر |

يۇقىرىدىكى جەدۋەلدىن ئېلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 15 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ يۈەن سۇلالىسى قارا دىۋان ۋازارىتىدە ۋەزىپە ئۆتىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز . بۇنىڭ ئىچىدە يۈەن شىزۇ دەۋرىدە ئالتە ئادەم قېتىم ؛ يۈەن چېڭزۇڭ دەۋرىدە ئىككى ئادەم قېتىم ؛ يۈەن ۋۇزۇڭ دەۋرىدە بىر ئادەم ؛ يۈەن رېنزۇڭ دەۋرىدە بىر ئادەم ؛ يۈەن يىڭزۇڭ دەۋرىدە بىر ئادەم قېتىم ؛ تەيدىڭ خان دەۋرىدە بىر ئادەم ، يۈەن ۋېنزۇڭ دەۋرىدە بىر ئادەم ؛ شۈندى خان دەۋرىدە 13 ئادەم قېتىم ۋەزىپە ئۆتىگەن . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 4 ئادەم قارا دىۋاننىڭ سول قول ۋەزىرى (رەسمىي 1 ـ دەرىجە)



بولغان ؛ 17 ئادەم قېتىم قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى (1 ـ دەرىجە) بولغان ؛ 7 ئادەم قېتىم سول ، ئوڭ قول ۋەزىر (رەسمىي 2 ـ دەرىجە) بولغان ؛ ئۈچ ئادەم قېتىم مۇئاۋىن ۋەزىر (2 ـ دەرىجە) بولغان . 15 نەپەر ئۇيغۇر ۋەزىر ئىچىدە ، تېلى تېمۇر بىلەن تېمۇر بۇقانىڭ مىللەت تەۋەلىكى مەسىلىسىنى بىر ئاز چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ .

تېلى تېمۇر بىلەن تېمۇر بۇقانىڭ ھەر ئىككىلىسى قارا دىۋاننىڭ سول قول ۋەزىرى بولغان بولۇپ ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى . شۈندى ھەققىدە خاتىرە»گە ئاساسلانغاندا ، جىجېڭنىڭ 12 ـ يىلى (1352 ـ يىلى) تېلى تېمۇر قارا دىۋاننىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى بولۇپ ، 15 ـ يىلى قارا دىۋاننىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككەللىكىگە تەيىنلەنگەن ، 16 ـ يىلى خانلىق بىلىم يۇرتىغا يۆتكىلىپ ، 17 ـ يىلى باش تەپتىش بېگى بولغان ، 27 ـ يىلى ئەمىرلەشكەرلىكتىن قارا دىۋاننىڭ سول قول ۋەزىرى بولغان . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى . باش ۋەزىر يىلنامىسى»غا قارىغاندا ، جىجېڭنىڭ 27 ـ يىلى (1367 ـ يىلى) تېلى تېمۇر قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرلىكىگە بەلگىلەنگەن . بىراق ئۇنىڭ مىللەت تەۋەلىكى كىشىلەرگە مەلۇم ئەمەس ، تەيۈەنلىك ئالىم ۋاڭ دېيى تۈزگەن «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر ماتېرىياللاردىن نەقىللەر» دە تېلى تېمۇرنىڭ مىللەت تەۋەلىكىگە ھېچقانداق ئىزاھات بەرمىگەن . مۇئەللىپ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان جۇ بوچى يازغان «تەيجۇ يولىدا قايتىدىن قۇرۇلغان تيەنجى ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى»دىن تېلى تېمۇرنىڭ مىللەت تەۋەلىكىگە ئالاقىدار بىر بۆلۈك مۇھىم خاتىرىلەرنى بايقاپ ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىزنى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى . بۇ ئابىدىدە مۇنداق دېيىلگەن : «جىجېڭنىڭ 13 ـ يىلى (1353 ـ يىلى) 4 ـ

ئايدا ، جياڭنەن ۋاقىتلىق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشبېگى ، قارا دىۋاننىڭ سول قول ۋەزىرى مەھكىمىگە چاقىرتىلدى........ تەپتىش بەگ زوداناشىل ، تەخەللۇسى تىڭ شيەن ، مەملىكەت ئىچى — سىرتىغا مەشھۇر ، ئىلگىرى ۋېنجۇنىڭ باسقاق بېگى بولۇپ ، شەھەرنى قوغداشتا تۆھپە ياراتقان . سول قول ۋەزىرنىڭ ئىسمى تېلى تۆمۈر ، تەخەللۇسى ۋېن بىن ، ئىلگىرى قارا دىۋاندا مەنسەپ تۇتقان ، دانىشمەن قابىل دېگەن نامى ئېلىپ شۆھرەت قازانغان ، بۇ ئىككىلا تۆرە مۇھىم ۋەزىرلەردىندۇر ، ھەر ئىككىلىسى قوچۇدىكى نامدار جەمەتتىن » .[1] بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تېلى تېمۇرنىڭ قوچلۇق ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايمىز . بىراق چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئابىدىدىكى خاتىرىلەردىكى قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى ئەمەلىيەتتە جېجياڭ ـ جياڭسۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرىنى كۆرسىتىدۇ . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى . شۇندى ھەققىدە خاتىرە» دە خاتىرىلىنىشىچە ، «جىجېڭنىڭ 12 ـ يىلى (1352 ـ يىلى ) 11 ـ ئاينىڭ كۈيۋېي كۈنى ، جېجياڭ ـ جياڭسۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى تېلى تېمۇر باش بۇغلۇقنى ئۇستىگە ئېلىپ ئەتراپتىكى ئەللەرگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇلدى » ؛ جىجېڭنىڭ 13 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يەنە «تىلى تېمۇر بىلەن جياڭنەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ تەپتىش بېگى زوداناشىل پەرمانغا بىنائەن ئەتراپتىكى ئەللەرنى زىيارەت قىلىشقا بۇيرۇلدى . » بۇنىڭدىن «تەيجۇ يولىدا قايتىدىن قۇرۇلغان تيەنجى ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى» بىلەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا قەيت قىلىنغان تېلى تېمۇرنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى دەلىللەشكە بولىدۇ .

---

[1] «تەيجۇ يولىدا قايتىدىن قۇرۇلغان تيەنجى ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى» ، «تەيجۇ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» ، 72 ـ جىلد .



«خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن ۋېنجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى » نىڭ 8 — جىلدىدا «زوداناشىل قوچلۇق» دېيىلگەن . مۇشۇنىڭغا ئاساسەن تېلى تېمۇر بىلەن زوداناشىلنى قوچلۇق دەپ تەھلىل قىلساق ، ئوي ـ پىكرىمىز بىر يەردىن چىقىدۇ . بۇ «تەيجۇ يولىدا قايتىدىن قۇرۇلغان تيەنجى ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى» تەمىنلىگەن تېلى تېمۇر بىلەن زوداناشىلنىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

تېمۇر بۇقا يۈەن ۋېنزۇڭ دەۋرىدە قارا دىۋاننىڭ سول قول ۋەزىرى بولغان بولۇپ ، ئۇنىڭ مىللىتى ئۇيغۇر ، تارىخنامىلەردە : «تيەنلىنىڭ 2 ـ يىلى (1329 ـ يىلى ) قوچو خانى تېمۇر بۇقا قارا دىۋاننىڭ سول قول ۋەزىرى بولغان »[1] دەپ خاتىرىلەنگەن . يەنە : «يۈەن ۋېنزۇڭ تېمۇر بۇقانىڭ ئاستانىگە كېلىشى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن ، تيەنلىنىڭ تۇنجى يىلى ، «ئۈچ مەھكىمە ۋەزىرى ، ئالىي دۆلەت ئەركانى ، ھەربىي ئىشلار بىكىتچىسى ، زوراغاللىق مەھكىمىسىنىڭ بەگلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن . كېيىنكى يىلى 2 — ئايدا ، قارا دىۋاننىڭ سول قول ۋەزىرلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن »[2] دەپ خاتىرىلەنگەن . بۇنىڭغا قارىغاندا ، تېمۇر بۇقانىڭ قوچلۇق ئىكەنلىكى ئېنىق . بۇ ھەقتە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ليۇ يۆشېن «شىچۇاڭ دورغىسىنى ئاستانىگە ئۇزىتىشقا بېغىشلاپ »دە مۇنداق خاتىرىلىگەن : «تيەنلى يىللىرىدا ، ........ سول قول ۋەزىر قوچلۇق ، ئوتتۇرا ئىقلىم (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ) نىڭ دانىشمەن كاتىپلىرىدەك ئىستېداتقا ئىگە »[3] بۇ سول قول ۋەزىر ئەينى ۋاقىتتا تېمۇر بۇقا ئىدى .

---

[1] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 33 ـ جىلد ، «ۋېنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە (2 ) » .
[2] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 122 ـ جىلد ، «بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى » ؛ يۈجى : «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «داۋيۈەن ئۈزۈندىلىرى» ، 24 ـ جىلد .
[3] ليۇ يۆشېن : «شېنجەي ئەسەرلەر توپلىمى» ، 2 ـ جىلد .

تېمۇر بۇقا نۇرىن تېكىننىڭ ئوغلى .

«قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسلانغاندا ، ئۇنىڭ باباچە مەلىكىدىن تۇغۇلغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ . يۈەن ۋېنزۇڭ تەختتىكى مەزگىللەردە ، تېمۇر بۇقا ئۇنىڭ ئاكتىپ ھىمايىچىلىرىدىن بىرى ئىدى ، ۋېنزۇڭ خان ئۇنىڭ ئۇلۇغ قول ۋەزىر بولۇشى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن . يۈەن ۋېنزۇڭ تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى ، يەنى تەيدىڭ يىللىرىدا ، تېمۇر بۇقا يارلىقىغا بىنائەن ئىنائەتمەن بەگ كۆنجۈك بۇقا ، شۈەنجىڭ بېگى مايىنۇ ، جىڭئەن بېگى جانكو بۇقالار ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىياڭيائېنى قوغدىغان ، ئۇزاق ئۆتمەي خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىللىكىگە يۆتكەلگەن . تيەنلىنىڭ 2 - يىلى قارا دىۋاننىڭ سول قول ۋەزىرلىكىگە ئۆستۈرۈلۈپ ، قوچو خانى مەرتىۋىسى ئۇنىڭ ئىنىسى سەڭگىگە بېرىلگەن . كېيىن جىيۈەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ، شەن بېگى چىچىتۇ قاتارلىقلار بىلەن بىللە باش ۋەزىر بويانىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان .②

ئالدىنقى جەدۋەلدە مىسال كەلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر ۋەزىرلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئىقتىدارى ئۇلارنىڭ ئائىلە ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . تۆۋەندە بىر نەچچە ئادەمنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەيلى .

ئارغۇن سالىنىڭ بوۋىسى ئاتاي سالى بۇددىست ئىدى . ئاتىسى قىتاي سالى «سۇترا ، نىزاملاردىن خەۋەردار ئىدى» ، جىيۈەننىڭ 12 - يىلى (1275 - يىلى) «باش نوم - تەپسىر مەھكىمىسىگە كىرىپ ، ئادالەتپەرۋەر كېڭەشبەگ ، باش چاۋۇش بەگلىككە

① سۇڭ ليەن : «مەرھۇم خۇەيىيۈەن سانغۇن قوچو ياساۋۇلخانىسىنىڭ يانداش بۇيۇرغىسى قاشان تۆرىنىڭ قەبرە خاتىرىسى» ، «سۇڭ ۋېنشيەن تۆرە ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 15- جىلد .
② تاۋ زۇڭيى : «نەنسۇندە يەر ئاغدۇرۇش خاتىرىسى» ، 8 - جىلد ؛ ليۇ جى : «جياڭخۇەينىڭ سابىق باش تۇز توشۇش بېگى زۇڭگۇڭنىڭ تۆھپە خاتىرىسى» ، «ساداقەتمەن تۆرە ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 6 - جىلد .



ئۆستۈرۈلگەن» . ئارغۇن سالىنىڭ ئۆزى «كىچىكىدىن ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇپ ، دۆلەت ئۇستازى باسپادىن تەلىم ئالغان ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تىلىنى پىششىق بىلەتتى ، يۈەن شىزۇ ئۇنىڭ تالانتىدىن خەۋەر تېپىپ ، جۇڭگو ئىلىملىرىنى سورىغان ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇبلاينىڭ دەستۇر ، تارىخ ، تۈرلۈك ئېقىملار ۋە مۇزەككەر ، مۇئەننەس ، كالىندارچىلىق ، ئىلمىي نۇجۇم ، كىمياگەرلىكتىن سورىغان سوئاللىرىغا قايىل قىلارلىق جاۋاب بەرگەن» .① شۇڭلاشقا ، جىيۈەننىڭ 23 - يىلى ۋە دادېنىڭ 3 - يىلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قارا دىۋاننىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككەللىكىگە ئۆستۈرۈلگەن . ئىنتايىن قىزىقارلىقى شۇكى ، ئارغۇن سالىنىڭ بوۋىسىنىڭ خوتۇنى جاڭ فامىلىلىك ئىدى ، ئاتىسى لى فامىلىلىك خەنزۇ ئايالنى خوتۇنلۇققا ئالغانىدى ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ خوتۇنى گاۋ فامىلىلىك ئىدى② ، بۇ ئۈچ فامىلىدىن ئۇلارنىڭ خەنزۇ ئىكەنلىكىنى ھەم ئۇنىڭ خەنزۇلىشىش دەرىجىسىنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇرلۇقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

لاچىن قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان . بوۋىسى شياۋ يۈنشى توخرىن چىڭگىزخاننىڭ ۋاقتىدا مۇسۇلمان ئەللىرىگە ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا رۇيزۇڭنىڭ قەسرىدە خىزمەت قىلغان . بۇ ئاتا - بالىلار قۇبلاينىڭ باۋۇرچىسى ، بۇركۇتخانىنىڭ نويانى بولغان قاراجاننى بويسۇندۇرۇشتا تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن ، لۇڭشىڭ ۋىلايىتىنىڭ دورغاچىلىقىغا تەيىنلەنگەن . لاچىننىڭ ئوغلى چاناي قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەن .③ بىر

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 130 - جىلد ، «ئارغۇن سالىنىڭ تەرجىمىھالى» .
② جاۋ مېڭفۇ : «ئارغۇن سالىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «سۇڭشۆجەي ئەسەرلەر توپلىمى» ، 7 - جىلد .
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 134 - جىلد ، «شياۋ يۈنشى توخرىننىڭ تەرجىمىھالى» ؛ خۇاڭ جىن : «لياۋياڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتى قاتارلىق جايلارنىڭ سول قول ۋەزىرى ئىنانجىن تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «جىن خۇاخۇاڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 24 - جىلد .

ئائىلىدىكى ئۈچ ئەۋلاد قارا دىۋان ۋازارىتىدە ئۇدا مۇھىم ۋەزىپە ئۆتىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ.

سارابان قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان، بوۋىسى ئادامىش تېمۇر يۈەن شىزۇ قۇبلاي تەرىپىدىن نۆكەرلىككە قوبۇل قىلىنىپ، بېتىكچى بولغان، ئاتىسى تېمۇر كۆپ كىتاب ئوقۇغان، بىلىملىك كىشى بولۇپ، ئۇدا ئالتۇن جەررىلىك كۇرە مۇئەككىلى، دانىشمەن ئۆلىمالار كامالەتخانىسىنىڭ ئۆلىماسى بولغان، «يىگىرمىڭ زامانىسىدا قەدىمكى ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئەجدادلىرىنىڭ ۋە قەدىمدە ئۆتكەن دانىشمەنلەرنىڭ ھېكمەتلىرى، ئۆرنەك قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ـ ئىزلىرىدىن ۋەز ئېيتقان، تۇرلۇك دەستۇرلارنى تەرجىمە قىلغان، قەدىمكى ھەقىقىي ئەھۋاللارنى خاتىرىلىگەن، نويۇنلار، كوراگانلار، قارام ئەللەردىن ئوردىغا سالامغا كەلگەنلەرنى بىر تۇتاش باشقۇرغان».①

ئولان بېشبالىقلىق داڭلىق جەمەتتىن. شىندۇنىڭ 2 ـ ئوغلى، قارا دىۋاننىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى، دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان.

ليەن مىجىرقايا (يەنى ليەن شۈن) ليەن شىشيەننىڭ ئوغلى، قارا دىۋاننىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان.

يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، قارا دىۋان ۋازارىتىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن ئۇيغۇر ۋەزىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسىتىپ، كېيىن ئىچكىرىگە كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇلار كۆپ كىتاب ئوقۇغان، بىلىملىك، خەنزۇ مەدەنىيىتى نىسبەتەن يۇقىرى

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 124 ـ جىلد، «قارا يىغاچ بۇيرۇقنىڭ تەرجىمىھالى».



كىشىلەر ئىدى. بۇ خىل ئالاھىدە ئائىلە ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ياخشى مەدەنىيەت ساپاسى ئۇلارنى موڭغۇللار، رەڭدار كۆزلۈكلەر ۋە خەنزۇلار جەمئىيىتى بىلەن ئۇچراشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناشتا ئالاھىدە ئەۋزەللىككە ئىگە قىلغان، شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆستۈرۈلۈپ مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن.

## §3. يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىلىق قارا دىۋان ۋازارىتىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلار

ھەر قايسى جايلاردىكى ۋاقتىلىق قارا دىۋان ۋازارىتىدىمۇ ئۇيغۇرلار ۋازارەت ۋەزىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. ھازىر «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن تەرتىپكە ئاساسلىنىپ، ھەرقايسى ۋازارەتلەردىكى ئۇيغۇر ۋەزىرلەرنى تۆۋەندىكىدەك جەدۋەللەشتۈرۈپ تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنىمىز.

### 1. لىڭبېي ۋاقتىلىق ۋازارىتىدىكى ئۇيغۇر ۋەزىرلەر جەدۋىلى

دادېنىڭ 11 ـ يىلى (1307 ـ يىلى) قارا قۇرۇم ۋاقتىلىق ۋازارىتى تەسىس قىلىنىپ، قاراقۇرۇم ۋازارەت مەركىزى بولغان. خۇاڭچىڭنىڭ تۇنجى يىلى (1312 ـ يىلى) لىڭبېي ۋاقتىلىق ۋازارىتىگە ئۆزگەرتىلگەن، قارا قۇرۇمنىڭ نامى خېنىڭغا ئۆزگەرتىلىپ، يەنىلا ۋازارەت مەركىزى بولغان.

| ئىسمى | مەنسىپى | دەۋرى | ئاساسلانغان ماتېرىيال |
|---|---|---|---|

| | | | |
|---|---|---|---|
| باش ۋەزىر | باش ۋەزىر | لاۋجاڭ | «يۈەن سۇلالىسى ۋاقىتلىق ۋازارەت باش ۋەزىرى دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى يىلنامىسى» |

## 2- لياۋياڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىدىكى ئۇيغۇر ۋەزىرلەر جەدۋىلى

جىيۈەننىڭ 24 ـ يىلى (مىلادىيە 1287 ـ يىلى ) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، دائىرىسى بۈگۈنكى لياۋنىڭ، جىلىن ۋە خېيلۇڭجياڭنىڭ شىمالى، ئۇسسۇرى دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى .

| ئىسمى | مەنسپى | دەۋرى | ئاساسلانغان ماتېريال |
|---|---|---|---|
| ئىنانجىن | سول قول ۋەزىر | تەيدىڭ يىللىرى | «لياۋياڭ قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى ئىنانجىننىڭ تۆھپە ئابىدىسى» «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» 24 ـ جىلد |
| دارما | مۇئاۋىن ۋەزىر | يۈەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 144- جىلد، «دارمانىڭ تەرجىمىهالى» |
| دىلىۋېپ | مۇئاۋىن ۋەزىر | | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 124- جىلد، «تابىنىنىڭ تەرجىمىهالى» |



## 3 . خېنەن جياڭبېي ۋاقىتلىق ۋازارىتىدىكى ئۇيغۇر ۋەزىرلەر جەدۋىلى

جىيۈەننىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 1268 ـ يىلى ) ، خېنەن ۋاقىتلىق ۋازارىتى قۇرۇلۇپ ، 28 ـ يىلىغا كەلگەندە خېنەن جياڭبېي ۋاقىتلىق ۋازارىتى تەسىس قىلىنىپ ، ۋازارەت بيەنلياڭ (بۈگۈنكى خېنەندىكى كەيفېڭ ) بولغان . دائىرىسى بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى ھەم خۇبېي ، ئەنخۇي ، جياڭسۇ قاتارلىق ئۈچ ئۆلكىنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى .

| ئىسمى | مەنسپى | دەۋرى | ئاساسلانغان ماتېريال |
|---|---|---|---|
| ئاتاي تويىن | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى نەسەب جەدۋىلى» |
| دارما | ئوڭ قول ۋەزىر | جىجېڭنىڭ 6 ـ يىلى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 144- جىلد «دارمانىڭ تەرجىمىهالى» |
| ئىلقايا | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىجى يىللىرىنىڭ باشلىرى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 137- جىلد، «ئىلقايانىڭ تەرجىمىهالى» «يۈەن سۇلالىسى ۋاقىتلىق ۋازارەت باش ۋەزىرى ، دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى نەسەبنامىسى» |
| يۆجۇ | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىشۈننىڭ 3 ـ يىلى | «ئارغۇن سالىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «سۇڭشۆجەي ئەسەرلەر توپلىمى» 7 ـ جىلد |
| ليەن خۇيشەن قايا | ئوڭ قول ۋەزىر | جىجېڭنىڭ 4 ـ يىلى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 145- جىلد «ليەن خۇيشەن قايانىڭ تەرجىمىهالى» |

| | | | |
|---|---|---|---|
| چاغان تېمۇر | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىجىېڭنىڭ 19 - يىلى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 145 - جىلد، «لىيەن خۇيشەن قايانىڭ تەرجىمىھالى» «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 141- جىلد، «چاغان تېمۇرنىڭ تەرجىمىھالى |

4 . شەنشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىدىكى ئۇيغۇر ۋەزىرلەر جەدۋىلى

جۇڭتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1260 - يىلى ) چىنشۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتى (شەنشى - سىچۈەن ۋاقىتلىق ۋازارىتى ، شەنشۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتى دەپمۇ ئاتالغان ) تەسىس قىلىنىپ ، كىنجاب (بۈگۈنكى شەنشىدىكى شىئەن ) ۋازارەت مەركىزى بولغان . ئۇنىڭدىن كېيىن ۋازارەت مەركىزى ئىككى قېتىم شىڭيۈەن (بۈگۈنكى شەنشىدىكى خەنجۇڭ )گە يۆتكەلگەن ؛ جىيۈەننىڭ 18 - يىلى (1281 - يىلى ) سىچۈەن ۋاقىتلىق ۋازارىتى تەسىس قىلىنىپ ، شەنشى ۋاقىتلىق ۋازارىتى دەپ ئاتىلىدىغان بولغان . دائىرىسى بۈگۈنكى شەنشى ۋە گەنسۇ ، ئىچكى موڭغۇلنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

| ئىسمى | مەنسپى | دەۋرى | ئاساسلانغان ماتېرىيال |
|---|---|---|---|
| ئابىشقا | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | ؟ | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى 124 - جىلد «تاتاتۇڭانىڭ تەرجىمىھالى» |
| يۆلى | سول قول ۋەزىر | ؟ | «جىشۇن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جىنجياڭ تەزكىرىسى» 19 - جىلد |
| ئىلقايا | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىجى يىللىرىنىڭ باشلىرى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 137- جىلد، «ئىلقايانىڭ تەرجىمىھالى» |



| | | | |
|---|---|---|---|
| ھېسامىدىن | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىيۈەننىڭ 31 - يىلى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 133- جىلد «ھېسامىدىنىنىڭ تەرجىمىھالى» |
| ئاتاي بۇقا | ئوڭ قول ۋەزىر | ؟ | «شىنىڭ بېگى شىندۇنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» «لۇڭشى تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» نىڭ 5 - جىلدى |
| قاشان | مۇئاۋىن ۋەزىر | جىجىېڭنىڭ تۇنجى يىلى | «دېڭىز يولى ترانسپورت نويان مەھكىمىسىنىڭ دارۇغاچى قاشان تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» «چياۋۋۇ توپلىمى» 115 - جىلد |
| چاغان تېمۇر | سول قول ۋەزىر ئوڭ قول ۋەزىر | جىجىېڭنىڭ 17 - يىلى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 141- جىلد، «چاغان تېمۇرنىڭ تەرجىمىھالى |
| چاغان تېمۇر | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىجىېڭنىڭ 18 - يىلى | يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش |

5 . سىچۈەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىدىكى ئۇيغۇر ۋەزىرلەر جەدۋىلى

جىيۈەننىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 1271 - يىلى ) شەنشى - سىچۈەن ۋاقىتلىق ۋازارىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، چېڭدۇدا سىچۈەن ۋاقىتلىق ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان ، شۇنىڭدىن كېيىن بىر مەزگىل يەنە شەنشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىگە قوشۇۋېتىلگەن . جىيۈەننىڭ 23 - يىلى (مىلادىيە 1286 - يىلى ) يەنە ئىككى ۋازارەتكە بۆلۈنۈپ ، 27 - يىلى چېڭدۇ قايتىدىن ۋازارەت مەركىزى بولغان . دائىرىسى بۈگۈنكى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ كۆپ

قىسمى ھەم خۇنەن، شەنشىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

| ئىسمى | مەنسىپى | دەۋرى | ئاساسلانغان ماتېرىيال |
|---|---|---|---|
| چاياسۇن | سول قول ۋەزىر | ؟ | «ۋۇدۇ پاراسەتلىك چېچەن بېگى شۇدې ئابىدىسى»، «شۆلۇ توپلىمى» 6 ـ جىلد |
| ئۆگرۇنج قايا | مۇئاۋىن ۋەزىر | جىيۇەننىڭ 20 ـ يىلى | «يۇەن سۇلالىسى تارىخى» 135ـ جىلد «ئۆگرۇنج قايانىڭ تەرجىمىھالى» |
| قاشان | مۇئاۋىن ۋەزىر | جىجېڭنىڭ تۇنجى يىلى | «دېڭىز يولى ترانسپورت نويان مەھكىمىسىنىڭ دارۇغاچى قاشان تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «چياۋۋۇ توپلىمى 11 ـ جىلد» |

## 6. گەنسۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتىدىكى ئۇيغۇر ۋەزىرلەر جەدۋىلى

جۇڭتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى (1261 ـ يىلى) قۇرۇلۇپ، جىيۇەننىڭ 3 ـ يىلى (1266 ـ يىلى) ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 8 ـ يىلى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن؛ 10 ـ يىلى يەنە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 18 ـ يىلى قايتا قۇرۇلغان. كېيىنكى يىلى گەنجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇدىكى جاڭيې) دا ۋاقىتلىق ۋازارەت تەسىس قىلىنىپ، گەنجۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتى دەپ ئاتالغان، 22 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 23 ـ يىلى تاڭغۇتلارنىڭ جۇڭشىڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ مەركىزى گەنجۇغا كۆچۈرۈلۈپ، گەنسۇ



ۋاقىتلىق ۋازارىتى دەپ ئاتالغان. دائىرىسى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى، نىڭشيا ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

| ئىسمى | مەنسىپى | دەۋرى | ئاساسلانغان ماتېرىيال |
|---|---|---|---|
| قاسان | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | يۈەنجېننىڭ تۇنجى يىلى | «قاساننىڭ تۆھپە ئابىدىسى» «چاڭشەندىكى جىنشى تەزكىرىسى» 21 ـ جىلد |
| جانسى | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | ؟ | «يۇەن سۇلالىسىنىڭ گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككەللىرى»، «چاڭشەندىكى جىنشى تەزكىرىسى» 21 ـ جىلد |
| ئاتاي بۇقا | مۇئاۋىن ۋەزىر | ؟ | شىنىڭ بېگى شىندۇ تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «لۇڭشى تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» 5 ـ جىلد |
| ئاسان | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | ؟ | «يۇەن سۇلالىسى تارىخى» 134ـ جىلد «شياۋيۈنشى توخرىننىڭ تەرجىمىھالى» |

## 7. يۈننەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىدىكى ئۇيغۇر ۋەزىرلەر جەدۋىلى

جىيۇەننىڭ 10 ـ يىلى (مىلادىيە 1273 ـ يىلى) تەسىس قىلىنىپ، جۇڭچىڭ (بۈگۈنكى يۈننەندىكى كۇنمىڭ) ۋازارەت مەركىزى بولغان. دائىرىسى پۈتكۈل يۈننەن ئۆلكىسى، سىچۈەن،

گۇاڭشىلارنىڭ بىر قىسىم رايونلىرى ۋە تايلاند، بىرمىلارنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بىر قىسىم جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

| ئىسمى | ۋەزىپىسى | دەۋرى | ئاساسلىنىلغان ماتېرىيال |
|---|---|---|---|
| ئۆلجاي | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | يەنيۇنىڭ 4 - يىلى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى نەسەب جەدۋىلى» |
| ھىسامىدىن | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىيۈەننىڭ 31 - يىلى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 133- جىلد «ھىسامىدىننىڭ تەرجىمھالى» |
| سانسان | ئوڭ قول ۋەزىر | ؟ | «ئوڭ قول ۋەزىر، بېشبالىقلىق سانسان تۆرىنىڭ جياڭمىن دىيارىغا دالالەتكە بارغانلىقىغا بېغىشلاپ»، «داۋيۈەن ئۆزۈندىلىرى» 2 - جىلد |
| ئولان | مۇئاۋىن ۋەزىر | | «شىنىڭ بېگى شىندۇ تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «لۇڭشى تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» 5 - جىلد |

## 8. جياڭسۇ - جېجياڭ ۋاقتىلىق ۋازارىتىدىكى ئۇيغۇر ۋەزىرلەر جەدۋىلى

جىيۈەننىڭ 13 - يىلى (1276 - يىلى) جياڭخۇەي ۋاقتىلىق ۋازارىتى ياڭجۇدا تەسىس قىلىنغان، يەنە خۇەيدۇڭ ۋاقتىلىق ۋازارىتى، ياڭجۇ ۋاقتىلىق ۋازارىتى دەپمۇ ئاتالغان. 21 - يىلى (1284 - يىلى) ۋازارەت مەركىزى خاڭجۇغا يۆتكىلىپ جياڭسۇ - جېجياڭ ۋاقتىلىق ۋازارىتى دەپ ئاتالغان. 23 - يىلى ۋازارەت



مەركىزى يەنە ياڭجۇغا يۆتكەلگەن. 26 - يىلى ۋازارەت مەركىزى خاڭجۇغا يۆتكەلگەن. 28 - يىلى جياڭسۇ - جېجياڭ ۋاقتىلىق ۋازارىتىگە ئۆزگەرتىلگەن. دادېنىڭ 3 - يىلى (1299 - يىلى) جياڭسۇ - فۇجيەن ۋاقتىلىق ۋازارىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى جېجياڭ ۋاقتىلىق ۋازارىتىگە تەۋە بولغان. دائىرىسى بۈگۈنكى جياڭسۇنىڭ جەنۇبى، جېجياڭ، فۇجيەن ئىككى ئۆلكىنى ۋە جياڭشىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

| ئىسمى | ۋەزىپىسى | دەۋرى | ئاساسلانغان ماتېرىيال |
|---|---|---|---|
| ئىلقايا | سول قول ۋەزىر | يۈەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 137- جىلد «ئىلقايانىڭ تەرجىمھالى» |
| | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىجى يىللىرىنىڭ باشلىرى | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| باۋگې | مۇئاۋىن ۋەزىر | جىجېڭنىڭ 12 - يىلى | «يۈنەن دېڭىز يولى ئورۇنباسار تەپتىشبېگى باۋگېنىڭ ئابىدىسى»، «مىنجۇڭ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» 13 - جىلد «قايتىدىن تۈزۈلگەن خاڭجۇ يولى تەزكىرىسىدىن خاتىرىلەر»، «ساداقەتمەن تۆرە ئەسەرلىرى توپلىمى» |
| داۋتۇڭ | مۇئاۋىن ۋەزىر ئوڭ قول ۋەزىر دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىجېڭنىڭ تۇنجى يىلىدىن كېيىن | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 144- جىلد «داۋتۇڭنىڭ تەرجىمھالى»، «بۇرۇنقى پىڭجياڭ يولىدىكى داۋتۇڭنى سېغىنىش ئابىدىسى»، «چياۋۋۇ توپلىمى» 11 - جىلد |

| | | | |
|---|---|---|---|
| كۇنجۇك | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى ـ | ؟ | «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن دانىشمەن ئۆلىمالار كامالەتخانىسىنىڭ ئۆلىماسى، كېڭەشبەگ، يارلىقچى، دۆلەت تارىخىنى تۈزگۈچى كۇنجۇك تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «گۇيجەي توپلىمى» 9 ـ جىلد |
| شيې جىدۇ | مۇئاۋىن ۋەزىر | يەنيۇنىڭ 2 ـ يىلى | «قارا بۇقىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «جىن خۋاخۋاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» 25 ـ جىلد |
| تىلى تېمۇر | سول قول ۋەزىر | جىجېڭنىڭ 12 ـ يىلى | تەيجۇ يولىدا قايتىدىن قۇرۇلغان تيەنجى ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى»، «تەيجۇ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» 25 ـ جىلد |
| بايان بۇقا تېكىن | باش ۋەزىر | ؟ | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 195ـ جىلد «ساداقەتمەنلەرنىڭ تەرجىمىھالى (3)» |
| لىيەن مىجىر قايا | ئوڭ قول ۋەزىر | ؟ | «سۇڭجياڭدىكى باۋيۈن ئىبادەتخانىسى خاتىرىسى»، «جياڭسۇ ئومۇمىي تەزكىرىسىدىن پارچىلار» 19 ـ جىلد |



## 9. جياڭشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىدىكى ئۇيغۇر ۋەزىرلەر جەدۋىلى

جىيۈەننىڭ 14 ـ يىلى (1277 ـ يىلى) تەسىس قىلىنىپ، لۇڭشىڭ (بۇگۈنكى جياڭشىدىكى نەنچاڭ) ۋىلايەت مەركىزى بولغان، يەنە لۇڭشىڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتى دەپمۇ ئاتالغان. 15 ـ يىلى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان فۇجيەن ۋاقىتلىق ۋازارىتى (ۋازارەت مەركىزى چۈەنجۇ) غا قوشۇۋېتىلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن جياڭشى، فۇجيەن ئىككى ۋازارەت بىرنەچچە قېتىم قوشۇۋېتىلگەن. دادېنىڭ 3 ـ يىلى (1299 ـ يىلى) فۇجيەن، جياڭسۇ ـ جېجياڭغا قوشۇۋېتىلگەن، جياڭشى ئايرىم بىر ۋازارەت بولغان، دائىرىسى بۇگۈنكى جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

| ئىسمى | ۋەزىپىسى | دەۋرى | ئاساسلانغان ماتېرىيال |
|---|---|---|---|
| پۇيان بۇقا | سول قول ۋەزىر | ؟ | «خۋاڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن لىياڭ ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى» 4 ـ جىلد |
| مەيجۇ | دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىجېڭنىڭ 7 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ۋەزىپە ئۆتىگەن | «جياڭشى ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى ئوڭ ـ سول مەھكىمىسىنىڭ كاتاۋۇلى قوچىلۇق پۇداشىل تۆرىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى»، «چياۋۋۇ توپلىمى» 12 ـ جىلد |
| قۇدۇ بۇقا | ئوڭ قول ۋەزىر | جىجېڭنىڭ 20 ـ يىلى | «ئوڭ قول ۋەزىر قۇدۇ بۇقىنى ئاستانىگە ئۇزىتىشقابېغىشلاپ»، «ۋەنجەي توپلىمى» 6 ـ جىلد |

| | | | |
|---|---|---|---|
| يۆلى | سول قول ۋەزىر | ؟ | «جىشۈن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جىنجياڭ تەزكىرىسى» 19 ـ جىلد |
| شىي جىدۇ | ئوڭ قول ۋەزىر | ؟ | «كورىيە تارىخى» 112 ـ جىلد «شىي سۈننىڭ تەرجىمىھالى» |
| چولپان سالى | مۇئاۋىن ۋەزىر | جىجىڭنىڭ 16 ـ يىلى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 195ـ جىلد «ساداقەتمەنلەر تەرجىمىھالى3» ، «يىڭدىن تۈزۈلگەن نەنچاڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 15ـ جىلد «مەشھۇر ئەمەلدارلار» |
| يۈجۇ | دۇۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىشۈننىڭ 2 ـ يىلى | «ئارغۇن سالىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «سۇڭشۇجەي ئەسەرلەر توپلىمى» 7 ـ جىلد |
| لىيەن خۇيشەن قايا | ئوڭ قول ۋەزىر | جىجىنىڭ تۈنجى يىلى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 145ـ جىلد «لىيەن خۇيشەن قايانىڭ تەرجىمىھالى» |
| داۋتۇڭ | دۇۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىجىڭنىڭ 11 ـ يىلى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 144ـ جىلد «داۋتۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» |



| | | | |
|---|---|---|---|
| ھىسامىدىن | دۇۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىيۈەن يىللىرى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 133ـ جىلد «ھىسامىدىننىڭ تەرجىمىھالى» «يىڭدىن تۈزۈلگەن نەنچاڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 15ـ جىلد «مەشھۇر ئەمەلدارلار» |
| كۈنجۇك | دۇۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | يەنيۇ ، جىجى يىللىرى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 128ـ جىلد «ئىلقايانىڭ تەرجىمىھالى» |
| شىرى قارا | دۇۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىدا يىللىرىنىڭ باشلىرى | «دىيانەتلىك تۆرە شىرى قارانىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «داۋيۈەن ئۈزۈندىلىرى» 42 ـ جىلد |
| لىيەندۈن | مۇئاۋىن ۋەزىر | جىجىنىڭ 3 ـ يىلى | «دۇشۇ قىياسىدىكى خاتىرىلەر» ، «شىنجەي ئەسەرلەر توپلىمى» 6 ـ جىلد |

## 10 . خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىدىكى ئۇيغۇر ۋەزىرلەر جەدۋىلى

جىيۈەننىڭ 11 ـ يىلى (مىلادىيە 1274 ـ يىلى) ، دەسلەپتە ئىجۇ (ھازىرقى خۇبېيدىكى ۋۇچاڭ) دا شىڭخۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان . 14 ـ يىلى ۋازارەت مەركىزي تەنجۇ (ھازىرقى خۇنەندىكى چاڭشا) غا يۆتكىلىپ ، تەنجۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتى ياكى خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتى دەپ ئاتالغان . دائىرىسى بۈگۈنكى خۇنەن ، گۈيجۇ ، گۇاڭشى ئۈچ ئۆلكىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە

خۇبىينىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

| ئىسمى | ۋەزىپىسى | دەۋرى | ئاساسلانغان ماتېرىيال |
|---|---|---|---|
| ئىلقايا (阿里海牙) | سول قول ۋەزىر | جىيۈەننىڭ 23 ـ يىلى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 128ـ جىلد «ئىلقايانىڭ تەرجىمىھالى» |
| ئىلقايا (阿里海牙) | دىــــۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىجى يىللىرىنىڭ باشلىرى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 137ـ جىلد «ئىلقايانىڭ تەرجىمىھالى» |
| قىپچاقتاي | دىــــۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىجى يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى | «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» ، «داۋيۈەنشۈناسلىق قەدىمكى خاتىرىلىرى» 24ـ جىلد |
| دورجى تېكىن | دىــــۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | يەنيۇنىڭ 7 ـ يىلى | «يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىلىق ۋازارەت ۋەزىرلىرى ۋە دىۋان ۋازارەت مۇئەككىللىرىنىڭ يىلنامىسى» |
| خۇش قايا | سول قول ۋەزىر | ؟ | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 128ـ جىلد «ئىلقايانىڭ تەرجىمىھالى» ؛ «خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتى سول قول ۋەزىرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى» 59ـ جىلد |
| شىرى قارا | دىــــۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | يەنيۇنىڭ 3 ـ يىلى | «دىيانەتلىك تۆرەشىرى قارانىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «داۋيۈەن ئۆزۈندىلىرى» 42 ـ جىلد |
| تېمۇر بۇقا | دىــــۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | تەيدىڭ يىللىرى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 122ـ جىلد «بارچۇقئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى» |
| سۇسۇ | ئوڭ قول ۋەزىر | جىجىنىڭ 3 ـ يىلى | «چى بەگلىكىنىڭ ساداقەتمەن تۆرىسىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «ۋۇ ۋېنجۇڭ تۆرىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» 32 ـ جىلد |
| لىيەن خۇيشەن قايا | ئوڭ قول ۋەزىر | جىجېڭنىڭ 4 ـ يىلى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 145ـ جىلد «لىيەن خۇيشەن قايانىڭ تەرجىمىھالى» |
| خېشىڭ | مۇئاۋىن ۋەزىر | ؟ | «خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى» 59ـ جىلد |



ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۇقىرىقى جەدۋەللەرگە ئۇيغۇر ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى كىرگۈزۈلمىدى . بىرىنچىدىن ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا جەدۋەل يوق ؛ ئىككىنچىدىن ، مۇئەللىپ ئاساسلانغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن كىشلەرنىڭ

ئەسەرلىرى ۋە يۈەن ، مىڭ سۇلالىلىرىنىڭ يەرلىك تەزكىرە ـ ماتېرىياللىرىنىڭ بەزىلىرىدە ھەتتا نەسەبنامە ئىزاھاتلىرىمۇ يوق ، نەسەبنامە ئىزاھاتلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ، بىر كىشى نۇرغۇن ئەمەللەرنى ئۆستىگە ئالغان بولغاچقا ، ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتىنى ئېنىقلاش ئىنتايىن تەس . شۇڭلاشقا ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلاردىن ۋاقىتلىق ۋازارەتتە ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر بۇ جەدۋەلدە خاتىرىلەنگەنلەردىن خېلىلا كۆپ . شۇنداق بولسىمۇ ، جەدۋەلدىن يەنىلا ئۇيغۇر ۋەزىرلەرنىڭ ھەرقايسى دەۋر ۋە رايونلاردىكى تارقىلىش ئەھۋالىنى كۆرۈۋالالايمىز .

جەدۋەلنى ستاتىستىكا قىلىشتىن مەلۇمكى ، ۋاقىتلىق ۋازارەت ۋەزىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ئۇيغۇرلار جەمئىي (42 ئادەم ) 61 ئادەم قېتىم بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن دەۋرى ئېنىق خاتىرىلەنگەنلىرى 30 ئادەم قېتىم ؛ بۇلار ئايرىم ھالدا : شىزۇ دەۋرىدە 5 ئادەم قېتىم ، چېڭزۇڭ دەۋرىدە 1 ئادەم قېتىم ، ۋۇزۇڭ دەۋرىدە 1 ئادەم قېتىم ، رېنزۇڭ دەۋرىدە 5 ئادەم قېتىم ، يىڭزۇڭ دەۋرىدە 8 ئادەم قېتىم ، تەيدىڭ خان دەۋرىدە 2 ئادەم قېتىم ، ۋېنزۇڭ دەۋرىدە 2 ئادەم قېتىم ، شۇندى دەۋرىدە 18 ئادەم قېتىم ۋەزىپە ئۆتىگەن . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دەۋرى ئېنىق بولمىغانلىرىدىن ، لياۋياڭدا بىر ئادەم ، خېنەندە 1 ئادەم ، شەنشىدە 3 ئادەم ، سىچۇەندە بىر ئادەم ، گەنسۇدا 3 ئادەم ، يۈننەندە 2 ئادەم ، جېجياڭدا 3 ئادەم ، جياڭشىدا 3 ئادەم ، خۇگۇاڭدا 2 ئادەم بار .



# ئالتىنچى باب ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ھەققىدە تەتقىقات

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىچكىرىگە كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن ، يۈەن سۇلالىسىدىن ئىبارەت كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە مۇھىم رول ئوينىدى . بۇ بابتا ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ ، بۇ بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سىياسىي تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنى ، ئوينىغان رولى ۋە كۆرسەتكەن تەسىرىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تىرىشىمىز .

## § 1 . ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ھەققىدە مۇھاكىمە

ئىچكىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلاردىن قانچىلىكىنىڭ ئەمەلدار بولغانلىقى ، بۇلارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قانداق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغانلىقى ، ئۇلارنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشىنىڭ قانداقلىقى ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنىڭ ساپاسى توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل يۈرگۈزۈشتىكى زۆرۈر شەرتتۇر . بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، بۇ پاراگرافتا ئىچكىرىگە كۆچكەن 6 ـ دەرىجىدىن يۇقىرى ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل يۈرگۈزىمىز . مۇلاھىزە مەزمۇنلىرى

ئىسمى ، تەخەللۇسى ، يۇرتى ، ئائىلە كېلىپ چىقىشى شۇنداقلا ئۆتكەن 6 ـ دەرىجىدىن يۇقىرى ئەمەلدارنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . كېيىنكى پاراگرافتا تەھلىل قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ ئۆتكەن ئەمەللىرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك تەرتىپىگە ئاساسەن ، ئەمەلى ئوخشاشلارنى ۋەزىپە ئۆتكەن ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە پەرقلەندۇردۇق .

1 . لىيەن شىشيەن ، تەخەللۇسى شەنپۇ ، لەقىمى يېيۈن ، ئۇيغۇر . ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ، ئاتىسى بۇرۇلقايا جېنىدىڭ يولى (خېبېيدىكى جېڭدىڭ) نىڭ دارۇغاچى بولغان . ئۇ شىموشىدىن تۇغۇلغان ، 19 يېشىدا يۈەن شىزۇ (قۇبلاي) ئوردىسىدا خاس نۆكەر بولغان . كۈيچيۇ يىلى (مىلادىيە 1253 — يىلى) كىنجاپ (ھازىرقى شەنشىدىكى شىئەن) نىڭ جارچى سىلاۋچىسى بولغان ، جۇڭتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 1260 ـ يىلى) قارا دىۋاننىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ، 4 ـ يىلى (مىلادىيە 1263 ـ يىلى) قارا دىۋاننىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان . جىيۈەننىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 1280 ـ يىلى) 50 يېشىدا ۋاپات بولۇپ ، مەرىپەتلىك ، ئادىل دەپ نام بېرىلگەن .①

2 . ئارىق قايا (Ariq Qaya) ، ئۇيغۇر ، ئاتىسى ئاسانقاچ دېھقانچىلىق قىلغان . ئارىق قايا بالىلىق چاغلىرىدىلا زېرەك بولۇپ ، ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئوقۇشقا ھېرىسمەن بولغاچقا ، بەگ مەھكىمىسىدە نۆكەر (چىنداۋۇل) بولغان . جىيۈەننىڭ 7 ـ يىلى (1270 ـ يىلى) دىۋان ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى ، 11 ـ يىلى (1274 ـ يىلى) دىۋان ۋازارىتىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ، كېيىن

① سۇ تيەنجۆ : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى داڭلىق ۋەزىرلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى» ، 7 ـ جىلد ، «دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى ليەن ۋېنجېڭ تۆرە» ؛ تاۋزۇڭيى : «نەنسۇندە يەر ئاغدۇرۇش خاتىرىسى» ، 2 ـ جىلد ، «ئەمىلىنى فامىلە قىلىش» ؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 126 ـ جىلد ، «ليەن شىشيەننىڭ تەرجىمھالى» ؛ «بۈيۈك مىڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كېلىش تەزكىرىسى» ، 61 ـ جىلد ، «دېئەن مەھكىمىسى . مەشھۇر ئەمەلدارلار» .



دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان . جىيۈەننىڭ 15 ـ يىلى (1278 — يىلى) خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى بولۇپ ، ۋەزىپىگە ئولتۇرماي تۇرۇپلا 60 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن . كېيىن چۇ بەگلىكى تۆرىسى دېگەن ئۇتۇغات نامى بېرىلگەن ، جىجېڭنىڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 1348 ـ يىلى) جياڭلىڭ بېگى نامى بېرىلگەن① .

3 . ئارغۇن سالى ، ئۇيغۇر ، بوۋىسى ئاتاي سالى ، ئاتىسى قۇت سالى . ئۇ يۈزۇڭ زامانىسىدا ئوردىغا كىرىپ نۆكەر بولغان ، كېيىن شىزۇ ، چېڭزۇڭ دەۋرلىرىدە قارا دىۋاننىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان . دادېنىڭ 11 ـ يىلى (1307 ـ يىلى) كۆزدە خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ) دا 63 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن .②

4 . سارابان ، ئۇيغۇر ، ئاتىسى ئارون تېمۇر ئالتۇن جەررىلىك كۆرە بېگى ، دانىشمەن ـ ئۆلىمالار كامالەتخانىسىنىڭ ئۆلىماسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتكەن . سارابان قارا دىۋاننىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان .③

5 . لاچىن (لىچىنمۇ دېيىلىدۇ) ، ئۇيغۇر ، بادانىنىڭ ئوغلى ، شىزۇ زامانىسىدا ئالتۇن جەررىلىك كۆرە بېگى بولغان ، جىيۈەننىڭ 29 ـ يىلى (1292 ـ يىلى) قارا دىۋاننىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان .④

6 . يۆگۈ بۇقا ، بوۋىسى بېشبالىق (ھازىرقى شىنجاڭدىكى

① سۇ تيەنجۆ : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى داڭلىق ۋەزىرلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى» ، 2 ـ جىلد ، «ۋەزىر ، چۇ بەگلىكىنىڭ ۋۇدىڭ تۆرىسى» ؛ ياۋ سۈي : «خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «يۈەن مەكتۇپلىرى» ، 59 ـ جىلد .

② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 130 ـ جىلد ، «ئارغۇن سالىنىڭ تەرجىمھالى» ؛ ئوۋياڭ شۈەن : «ئارغۇن سالىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «سۇڭشۆجەي ئەسەرلەر توپلىمى» ، 7 ـ جىلد .

③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 124 ـ جىلد ، «قارا يىغاچ بۇيرۇقنىڭ تەرجىمھالى» .

④ خۇاڭ جىن : «لياۋياڭ قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى ئىنانچىن تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 24 ـ جىلد ؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 112 ـ جىلد ، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى» .

جىمسارنىڭ شىمالى ) لىق ئۇيغۇر . مىڭسەرسىنىڭ ئوغلى ، ئانىسى موڭغۇللارنىڭ قوڭغۇرات قەبىلىسىدىن . دادىنىڭ 3 - يىلى (1299 - يىلى ) شىغاۋۇل پىرقىسى تەرىپىدىن قارا دىۋاننىڭ سول قول ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەن ، 7 - يىلى (1303 - يىلى ) ئەمەلىدىن ئېلىپ تاشلانغان ، 10 - يىلى (1306 - يىلى ) قايتىدىن قارا دىۋاننىڭ سول قول ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەن .①

7 . لىيەن شۈن ، يەنە بىر ئىسمى لىيەن مىجىر قايا ، ئۇيغۇر ، لىيەن شىشيەننىڭ ئوغلى . جيۈەن يىللىرىدىكى دىڭخەي يىلى (1287 - يىلى ) كېڭەش بېگى ۋە جياڭشى ئۆلكىسى خۇدۇڭ ۋىلايىتىنىڭ زىندان تەپتىش بېگى بولغان ، كېيىن جياڭشى ، جېجياڭ قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ ئوڭ - سول قول ۋەزىرى بولغان ، رېنزۇڭ ، يىڭزۇڭ دەۋرلىرىدە قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان .②

8 . تىمۇر بۇقا ، ئۇيغۇر ، قوچو خانى نۇرىن تېكىننىڭ ئوغلى ، مەلىكە باباچەدىن تۇغۇلغان . تيەنلىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 1328 - يىلى ) كەيفۇنىڭ ئۇچ مەھكىمە يانداش كېڭەش بېگى بولغان ، ئەل ھىماتچىسى بولۇپ زوراغالىق مەھكىمىسىدە مەنسەپ تۇتقان ، ئۇزاق ئۆتمەي خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىگە دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولۇپ يۆتكەلگەن . تيەنلىنىڭ 2 - يىلى (1329 — يىلى ) قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى بولغان . كېيىن جيۈەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ، يەن بېگى

---

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 112 - جىلد ، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى» ؛ چېڭ جۇفۇ : «ۋۇدۇ پاراسەتلىك چيچەن بېگى شۇدى ئابىدىسى» ، «شۆلۇ توپلىمى» 6 - جىلد ؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 21 - جىلد ، «چېڭزۇڭ ھەققىدە خاتىرە (4 )» .

② «يۇڭلې قامۇسى» ، 6697 - جىلد ، گاۋنىڭ : «جىڭشىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى داچېڭدىيەن خاتىرىسى» ؛ سۇ تيەنجۆ : «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى» 65 - جىلد ، «دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى لىيەن ۋېنجېڭ تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «سۇڭجياڭدىكى باۋيۈن ئىبادەتخانىسى خاتىرىسى» ، «جياڭسۇ ئومۇمىي تەزكىرىسىدىن پارچىلار» ، 19 - جىلد ؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 112 - جىلد ، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى» .



چىچەنتۇ قاتارلىقلار بىللە باش ۋەزىر بۇياننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان .①

9 . چاناي ، ئۇيغۇر ، لاچىننىڭ ئوغلى ، چېڭزۇڭ خان زامانىسىدا ئالتۇن جۇلالىق ئىناۋەتلىك تۆرە ، شەنشى ۋاقىتلىق مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىش بېگى بولغان ، ۋۇزۇڭ ، تەيدىڭ خان دەۋرلىرىدە قارا دىۋاننىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان② .

10 . تېلى تۆمۈر ، تەخەللۇسى ۋېنبىن ، قوچولۇق ، نەنتەينىڭ تەپتىش بېگى ، جياڭسۇ - جېجياڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى بولغان ، جىجېڭنىڭ 15 - يىلى (1365 — يىلى ) قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان ، كېيىن باش تەپتىش بەگلىكىگە ۋە قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرلىكىگە يۆتكەلگەن .③

11 . ئېلقايا ، ئۇيغۇر ، دانىشمەنلەر مەھكىمىسىنىڭ باش مۇشاۋىرى تولىنىڭ ئوغلى . ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ۋۇزۇڭ ، رېنزۇڭ زامانلىرىدا ئوردا نۆكىرى بولغان ، جىجى يىللىرىنىڭ باشلىرىدا جېجياڭ ، جياڭشى ، خۇگۇاڭ ، گۇاڭشى ، خېنەن ، شەنشى ۋاقىتلىق ۋازارەتلىرىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان ، دانىشمەن ئۆلىمالار ، كامالەتخانىسىنىڭ مۇشاۋىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ، كېيىن

---

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 33 - جىلد ، «ۋېنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە (2 )» ؛ ليۇ شېنيۆ : «شىچۇاڭ دورغىسىنى ئاستانىگە ئۇزىتىشقا بېغىشلاپ» ، «شېنجەي ئەسەرلەر توپلىمى» ، 2 - جىلد ؛ يۇجى : «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۇ تېشى» ، «داۋيۈەن ئۇزۇندىلىرى» ، 24 - جىلد ؛ «جياڭخۇەينىڭ سابىق باش تۇز توشۇش دورغابى زۇڭگۇڭنىڭ تۆھپىلىرىدىن خاتىرە» ، «ساداقەتمەن تۆرە ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 6 - جىلد ؛ تاۋزۇڭيى : «نەنسۇندە يەر ئاغدۇرۇش خاتىرىسى» ، 8 - جىلد ؛ «مىنجياڭ خاتىرىلىرى» .

② خۇاڭ جىن : «لياۋياڭ قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى ئىنانجىن تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 24 - جىلد ؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 112 - جىلد ، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى» .

③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 44 - جىلد ، «شۈندى ھەققىدە خاتىرە (7 )» ؛ 44 - جىلد «شۈندى ھەققىدە خاتىرە (10 )» ؛ «تەيجۇ يولىدا قايتىدىن قۇرۇلغان تيەنجى ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى» ، «تەيجۇ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» ، 72 - جىلد ؛ گۇڭ شىتەي : «تەپتىش بەگ خۇا جۇنبي ھەققىدە پاراڭلار» ، «ۋەنجەي توپلىمى» ، 8 - جىلد .

تۆھپىسىگە ئاساسەن ، شەنشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ باش تەپتىش بەگلىكىگە ۋە قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككەللىكىگە يۆتكەلگەن . ①

12 . چامادۇ ، ئۇيغۇر ، چانايىنىڭ ئوغلى ، شۇندى خان دەۋرىدە قارا دىۋاننىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى بولغان .②

13 . ئولجاي ، ئۇيغۇر ، ھېسامىدىنىنىڭ ئوغلى . جىدانىڭ 4 — يىلى (1311 — يىلى ) قارا دىۋاننىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان ، ئوردا ھۆدەيچى مەھكىمىسى ۋە زوراغاللىق مەھكىمىسىدە ئەمەلدار بولغان ، يەنيۇنىڭ 4 ـ يىلى (1317 ـ يىلى ) يۈننەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىدە دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان .③

14 . ئولان ، بېشبالىقلىق ، شىندۇنىڭ ئوغلى . ئۇ خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ ) نىڭ دارۇغاچى ، قارا دىۋاننىڭ سول قول كاتاۋۇلى ، مەنسەپ ـ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى ، يۈننەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى ، پەرمان مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى بېگى ، قارا دىۋاننىڭ سول قول ۋەزىرى ، دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان .④

15 . چاقان تېمۇر (chaqan—temür ) ، تەخەللۇسى تىڭرۇي ، خەنزۇچە فامىلىسى لى ، يەنە بىر ئىسمى لى چاقان بولۇپ ، ئەجدادلىرى بېشبالىقتىن . بوۋىسى نايمانتاي ، ئاتىسى ئارۇۋنلار خېنەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ ، جيۇگجۇنىڭ شېنچيۇ (بۈگۈنكى ئەنخۇيدىكى لىڭچۈەنىنىڭ غەربىي شىمالى ) لۇق بولۇپ قالغان . جىجېڭنىڭ 12 ـ يىلى (1352 ـ يىلى ) چاقان تېمۇر

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 137 ـ جىلد ، «ئېلقايانىڭ تەرجىمىھالى» .
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 134 ـ جىلد ، «شياۋ يۈنشى توخرىنىڭ تەرجىمىھالى» ؛ چيەن داشىن : «يۈەن سۇلالىسى تارىخىدىكى نەسەب جەدۋىلى» ؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 113 ـ جىلد ، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى (2 )» .
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 133 ـ جىلد ، «ھېسامىدىنىنىڭ تەرجىمىھالى» ؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 112 ـ جىلد ، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى» .
④ «شىنىڭ بېگى شىندۇ تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «لۇڭيۇ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» ، 5ـ جىلد ؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 113 ـ جىلد ، «باش ۋەزىرلەر يىلنامىسى (2 )» .



ئىتائەتمەن كېڭەشبەگ ۋە رۇنيڭ ۋىلايىتى (خېنەندىكى رۇنىڭ ) نىڭ دارۇغاچىلىقىغا تەيىنلەنگەن ، 16 ـ يىلى (1356 ـ يىلى ) قارا دىۋان لەشكىرىي پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى ۋە كېڭەشبېگىلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن . كېيىن شەنشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرلىكىگە ۋە قارا دىۋاننىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككەللىكىگە تەيىنلەنگەن . جىجېڭنىڭ 22 ـ يىلى (1362 — يىلى ) سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ ، دەسلەپتە ساداقەتمەن بەگ خالىس باتۇر دەپ نام بېرىلگەن . كېيىن چيۇگچۈەن بېگى ۋە نەپ يەتكۈزگۈچى ساداقەتمەن تۆرە دەپ نام بېرىلىپ ، شېنچيۇ ناھىيىسى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن .①

16 . شيې جېدۇ ، تەخەللۇسى شىنەن ، ئۇيغۇر ، لۇڭشىڭ (بۈگۈنكى جياڭشىدىكى نەنچاڭ ) دا ئولتۇراقلاشقان . ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ، ئاتىسى شيې ۋېنجى جىئەننىڭ دارۇغاچى بولغان . يەنيۇنىڭ 2 ـ يىلى (1315 ـ يىلى ) تەشرىپدار بولغان . خەينەننىڭ تەپتىش بەگلىكىگە تەيىنلەنگەن . جىجېڭنىڭ 7 ـ يىلى (1347 ـ يىلى ) تەمىرات پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى قوشۇمچە زوراغا بېگى بولغان . 9 ـ يىلى (1349 ـ يىلى ) جياڭسۇ ـ جېجياڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى بولغان . 10 ـ يىلى (1350 ـ يىلى ) مەنسەپ ـ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى بولغان . 12 ـ يىلى (1352 ـ يىلى ) خۇەينەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى بولغان .②

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 141 ـ جىلد ، «چاخان تېمۇرنىڭ تەرجىمىھالى» ؛ ۋاڭ فېڭ : «ۋۇشى توپلىمى» ، 5 ـ جىلد ، «7 ـ ئايدا خېنەننىڭ ۋازارەت مۇئەككىلىنى سوراقلا تارتىش»
② نەي شيەن : ««شيې شىنەننى تۈتى قۇشى بىلەن خەينەنگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىش» ، «جىنتەي توپلىمى» ، 1 ـ جىلد ؛ ئوۋياڭشۈەن : «قوچولۇق شيې جەمەتىدىكىلەرنىڭ شەجەرىسى» ، «گۈيجەي ئەسەرلەر توپلىمى» ، 11 ـ جىلد ؛ سۇ تيەنيۆ : «يېقىندىن تۈزۈلگەن شۈجۈ يولى خاتىرىلىرى» ، «زىشى يازمىلىرى» 2 ـ جىلد ؛ خۇاڭيۇ : «قارا بۇقىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 25 ـ جىلد ؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 97 ـ جىلد ، «ئوزۇق ـ تۈلۈك مال ـ مۈلۈك تەزكىرىسى (5 )» 43 ـ جىلد ، «شۇندى ھەققىدە خاتىرە» ؛ كۇڭ چى : «جىجېڭ يىللىرىدىكى خاتىرىلەر» ، 3 ـ جىلد ، «قوچولۇق شيې جې» ، شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل نەشرى ، 116 ~ 117 ـ بەتلەر .

17 . دارما ، قوچولۇق ، بالاغەتكە يەتكەندە ئوردا نۆكىرى بولغان . يەنىۋ يىللىرىدا باش مۇپەتتىش بولۇپ ، جىجى يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە جىنىڭ يولىنىڭ ئاغلاقچىسى بولغان . تەيدىڭنىڭ تۇنجى يىلى (1324 - يىلى ) فۇجيەنىنىڭ تەپتىش بەگلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن ؛ كېيىن زىندان پىرقىسىنىڭ دىۋان بەگلىكىگە يۆتكەلگەن . لياۋياڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرلىكىنى ، شەندۇڭنىڭ تەپتىش بەگلىكىنى ، خېنەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرلىكىنى ۋە دانىشمەن - ئۆلىمالار كامالەتخانىسىنىڭ ئۆلىمالىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن . جىجېڭنىڭ 7 - يىلى (1347 - يىلى ) شەنشى ۋاقىتلىق مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى تەپتىشى بولغان . ①

18 . داۋتۇڭ ، تەخەللۇسى شى يەن ، قوچولۇق . ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئوردا ئەمەلدارى بولۇپ ، قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ زاكاتچىسى ، مۇپەتتىش بېگى ، شىنجۇ يولى (بۇگۇنكى جياڭشىدىكى شاڭداۋ ) ۋە پىڭجياڭ يولى (بۇگۇنكى جياڭسۇدىكى سۇجۇ ) نىڭ باش بۇغى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان . ئۇزاق ئۆتمەي يەنە جېجياڭ - جياڭسۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بولغان ، كېيىن يەنە مۇشۇ ۋازارەتنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككەللىكىگە ئۆسكەن . جىجېڭنىڭ 11 - يىلى (1351 - يىلى ) جياڭشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان ، 18 - يىلى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ، ساداقەتمەن دەپ نام بېرىلگەن .②

① ليۇيەن ، جۇتەي : «ۋەنلى يىللىرىدا تۈزۈلگەن يەنجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، 37 - جىلد ، «قائىدە — رەسمىيەت بەگلىرى» ؛ لۇيۆ : «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن شەندۇڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ، 26 - جىلد ، «مەشھۇر ئەمەلدارلار» ؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 144 - جىلد ، «دارمانىڭ تەرجىمىھالى» .

② جېڭ يۈەنيۇ : «چاڭجۇ ناھىيىسىدىكى كۆڭزىچىلىق خاتىرىلىرى» ، «چياۋۋۇ توپلىمى» ، 9 - جىلد ؛ «پىڭجياڭ يولىنىڭ سابىق ئاغلاقچىسى داۋتۇڭ تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «چياۋۋۇ توپلىمى» ، 11 - جىلد ؛ خۇزۇڭشيەن : «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېجياڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ، 33 - جىلد ، «ئەمەلدارلار سەركەردىلەر تەزكىرىسى» ؛ فەن لەي : «ۋەنلى يىللىرىدا يېڭىدىن تۈزۈلگەن نەنچاڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، 15 - جىلد ، «مەشھۇر ئەمەلدارلار» ؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 144 - جىلد ، داۋتۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» .



19 . ليەن خۇيشەن قايا ، تەخەللۇسى گۇڭلياڭ ، ئۇيغۇر ، ئەمەلدار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ، ئاتىسى ئارغۇن قايا گۇاڭدې يولىنىڭ دارۇغاچى بولغان . جىجىنىڭ تۇنجى يىلى (1321 — يىلى ) تەشرىپدارلىققا ئۆتۈپ ، باش نەقلىيات بېگى بولغان . جىجېڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 1343 - يىلى )كېڭەش ئەلچىسى بولغان . كېيىن «پەزىلەتلىك - مەرىپەتلىك ساراي خوجىسى» ، خېنەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ، جياڭشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ، جياڭشىنىڭ تەپتىش بېگى ، جېجياڭ - جياڭسۇ زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ يانداش بېگى ، فۇجيەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ، ۋاقىتلىق پەرمان مەھكىمىسىنىڭ بېگى ، دارىلئۇلۇم ئۆلىماسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان . ① .

20 . قۇدۇ بۇقا ، تەخەللۇسى بويىڭ ، قوچولۇق ، جىجېڭ يىللىرىدىكى گېڭزى يىلى (1360 - يىلى )زۇڭجېڭنىڭ ھەكەملىكىدىن ئۆسۈپ ، جياڭشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بولغان . ②

21 . ئىنانجىن ، ئۇيغۇر ، چانايىنىڭ ئوغلى . 20 يېشىدا پادىشاھ يىغزۇڭ ھۇزۇرىدا مىرزا بولغان ، كېيىن خېدۇڭ ، سەنشىلەرنىڭ تەپتىشبېگى ، شەندۇڭدىكى دۇڭشى ئايمىقىنىڭ ھۆدەيچىسى ، لياۋياڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى بولغان ، جىجېڭنىڭ 7 - يىلى (1347 - يىلى ) قىش 10 - ئايدا 52 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن .③

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 145 - جىلد ، «ليەن خۇيشەن قايانىڭ تەرجىمىھالى» ؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 125 - جىلد ، «بۇرۇلقايانىڭ تەرجىمىھالى» .

② گۇڭ شىتەي : «ئوڭ قول ۋەزىر قۇدۇ بۇقىنى ئاستانىگە ئۇزىتىشقا بېغىشلاپ» ، «ۋەنجەي توپلىمى» ، 6 - جىلد ؛ «تۇڭ دۇشىنىڭ شىمالغا قايتقانلىقىغا بېغىشلاپ» ، «ۋەنجەي توپلىمى» ، 6 - جىلد .

③ خۇاڭ جىن : «لياۋياڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتى قاتارلىق جايلارنىڭ سول قول ۋەزىرى ئىنانجىن تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «جىن خۇاڭخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 24 - جىلد .

22 . يۆجۇ ، تەخەللۇسى جىسو ، يەنە بىر تەخەللۇسى چيەنشەن ، ئۇيغۇر ، ئارغۇن سالىنىڭ ئوغلى . ئۇ 18 يېشىدىن باشلاپ باش ۋەزىر داشمانىنىڭ ھۇزۇرىدا نۆكەر بولغان . خۇاڭچىڭنىڭ تۇنجى يىلى (1312 - يىلى ) ئىشكئاغا ۋە خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ ھۇدەيچىلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن . كېيىن ساخاۋەتچى بەگ ۋە مىۋراسىم مەھكىمىسىنىڭ بېگىلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن . تەيدىڭنىڭ 4 - يىلى (1327 - يىلى ) شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى ، جياڭشى ۋاقىتلىق ۋازارىتى قاتارلىق جايلارنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى بولغان . جىشۇننىڭ 4 - يىلى (1333 - يىلى ) 53 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن . ①

23 . شىيې يۈلى ، تەخەللۇسى شىيۇ ، لەقىمى جىشەن تەرىقەتچىسى ، ئۇيغۇر ، شىيې جىدۇنىڭ ئاكىسى . يەنيۇنىڭ 5 - يىلى (1318 - يىلى ) تەشرىپدار بولغان . جىجىڭنىڭ 9 - يىلى (1319 — يىلى ) چۈەنجۇ ئايمىقىنىڭ دارۇغاچى بولغان .②

24 . بايجان ، ئەجدادلىرى بېشبالىقلىق ، قۇدۇنىڭ ئوغلى . نۆكەرلىكتىن كېلىپ چىققان ، جېجياڭ - جياڭسۇ ۋازارىتىنىڭ سوراقچىسى بولغان ، كېيىن داۋاملىق دۆلەت مالىيە مەھكىمىسىنىڭ بېگى بولغان . دادېنىڭ تۇنجى يىلى (1297 - يىلى ) شەرقىي جېجياڭنىڭ مۇئاۋىن تەپتىشبېگىلىكىگە يۆتكىلىپ ، كېيىن تەمىرات (ھۇنەر - كەسىپ ) پىرقىسىنىڭ يانداش بېگى بولغان ، ئۇزاق ئۆتمەي تەمىرات پىرقىسىنىڭ دىۋان

---

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 130 - جىلد ، «ئارغۇن سالىنىڭ تەرجىمىھالى» قوشۇمچە «يۆجۇنىڭ تەرجىمىھالى» ؛ ئوۋياڭ شۈەن : «ئارغۇن سالى تۆھپە ئابىدىسى» ، «سۇڭشۆجەي ئەسەرلەر توپلىمى» ، 7 - جىلد .

②ئوۋياڭ شۈەن : «قوچولۇق شىيې جەمەتىدىكىلەرنىڭ شەجەرىسى» ، «گۈيجەي توپلىمى» ، 11 - جىلد ؛ ۋاڭ شىديەن : «مىرزا نازارىتى تەزكىرىسى» ، 10 - جىلد ، «نامدارلار» ؛ «فۇجيەن تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى» 13 - جىلد ، «شىيې يۈلىنىڭ رۇيشياڭيەندە يازغان نەزمىلىرى» ، شىيې يۈلى قاتارلىقلارنىڭ جيۇشەن تېغىدا يازغان بېغىشلىمىلىرى .



بېگىلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن . يەنيۇنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 1315 - يىلى ) ئائىلىسىدە ۋاپات بولغان ، دىيانەتلىك دەپ نام بېرىلگەن .①

25 . (دەرۋىش )② ، ئۇيغۇر ، ئاتىسى تابىن خېجيەن يولى ۋە پىڭلۈەن يولىنىڭ دارۇغاچى بولغان . ئۇ كېڭەشبەگ ، خېجيەن ئايمىقىنىڭ باش بۇغى بولغان .③

26 . سەنباۋجۇ ، تەخەللۇسى يەنگۈي ، رەڭدار كۆزلۈكلەرنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرلاردىن . جىجىنىڭ تۇنجى يىلى (1321 - يىلى ) تەشرىپدار بولۇپ ، ۋېنجۇ ئايمىقىنىڭ دارۇغاچى بولغان . كېيىن خەزىنەنىڭ تەپتىش بېگى ، جېدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ھۇدەيچى باش ئەمىرلەشكىرى ، جياڭشىنىڭ تەپتىش بېگى ، خۇبېينىڭ تەپتىش بېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان . ④

27 . باۋگېي ، ئۇيغۇر ، جىجىڭ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ، مىنخەي ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ يانداش تەپتىش بېگى بولغان . 9 - يىلى (1349 - يىلى ) فۇجيەندىكى مىنخەي ۋىلايىتى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ يانداش تەپتىش بېگى بولغاندىن سىرت يەنە خاڭجۇ ئايمىقى (جېجياڭدىكى خاڭجۇ ) نىڭ ئاغلاقچىسى بولغان .⑤

---

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 131 - جىلد ، «بايجاننىڭ تەرجىمىھالى» ؛ خۇزۇڭشيەن : «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېجياڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ، 33 - جىلد ، «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى» ؛ «شياۋشيەن ناھىيىلىك دارىلئۇلۇم قايتىدىن سالدۇرغان داچېڭ قەسىرى ھەققىدە خاتىرە» ، «تاش پۈتۈك يازمىلىرىغا ئىلاۋە» ، 18 - جىلد .

②دەرۋىش پارس تىلىدىكى derwish نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ ، مەنىسى «تىلەمچى» دېگەنلىكتۇر ، ئۇ ئىسلام دىنىدىكى قەلەندەر دەرۋىشلەرنى كۆرسىتىدۇ .

③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 124 - جىلد ، «تابىننىڭ تەرجىمىھالى» ؛ «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن پىڭجۇ ئايمىقىنىڭ دارۇغاچى ۋاقىتلىق ۋازارەت تۈمەنبېشى ، چېڭدىيەن ترانسپورت بېگى ، خەلىپەت بەگ ، كەيفۇنىڭ ئۈچ مەھكىمە كېڭەشبېگى ، دۆلەتكە ھىماتچى ئەلنى ئىدارە قىلغۇچى تۆرە ساداقەتمەن ھەزرەت تابىننىڭ نەسەبنامىسى» .

④ۋاڭ زەن : «خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن ۋېنجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، 8 - جىلد ، «مەشھۇر ئەمەلدارلار» ؛ يۇ جى : «كاتاۋۇل سەنباۋجۇنى شۇجۇنىڭ بۇيۇرغالىقىغا ئۇزىتىشقا بېغىشلاپ» ، «ساداقەتمەنلەرنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 10 - جىلد .

⑤خۇزۇڭشيەن : «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېجياڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ، 33 - جىلد ، «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى» ؛ «ئىتائەتمەن تۆرە باۋگېينى سېغىنىش ئابىدىسى» ، «فۇجيەن تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى» ، 12 - جىلد .

28 . ھېسامىدىن ، ئۇيغۇر ، ئاتىسى تۇجيەن قايا تەيزۇ ۋە تەيزۇڭ زامانىسىدا جۇرجىتلار ۋە تاڭغۇتلارنى يوقىتىشتا تۆھپە ياراتقان . ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا شىزۇنىڭ خىزمىتىدە بولغان ، كېيىن تىبەتكە ھۆدەيچى ، يۈنەن ۋاقىتلىق ۋازارىتى ۋە جياڭشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان .①

29 . پۇداشىل ، تەخەللۇسى يۈەنلى ، ئۇيغۇر ، يۆجۇ (بۈگۈنكى خۇنەندىكى يۆياڭ ) دا ئولتۇراقلىشىپ قالغان . ئادەتتىكى پۇقرا ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان . يۈەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1333 - يىلى ) تەشرىپدار بولۇپ ، ۋاقىتلىق ۋازارەتنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى بولغان .②

30 . ئاتاي تويىن ، قوچولۇق پۇداشىلنىڭ چوڭ دادىسى ، خېنەن ، خېبېي قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان . ③

31 . توتومۇر ، تەخەللۇسى شۈشۈەن ، ئۇيغۇر ، تەشرىپدار بولغان . جىجېڭنىڭ 17 - يىلى (1357 - يىلى ) كۈزدە ، نوپۇس پىرقىسىنىڭ ياندىشى بەگلىكىدىن پېڭيۈەن ئايمىقى (شەنشىدىكى شىئەن ) نىڭ باش بۇغى بولغان ④ .

32 . پۇيان ، تەخەللۇسى جۈن چىڭ ، ئۇيغۇر ، خېبېي ، خېنەن ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش بېگى ، فېڭيۈەن يولىنىڭ باش بۇغى بولۇپ ، كېيىن كېڭەشچى مۇشاۋىر ، خۇەيشى ، جياڭبېي ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 133 - جىلد ، «ھېسامىدىننىڭ تەرجىمىھالى» .
② شياۋ چىچىڭ : «يۈەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلىدا تەشرىپدار بولغانلار خاتىرىسىگە سىلىشتۇرما ئىزاھ» (1 - قىسىم ) ، تەيۋەن «يېمەك - ئىچمەك ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ قوشۇمچە سانى ، 13 - جىلد ، 1 - ، 2 - قوشما سان ؛ شۆگاڭ : «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن خۇگۇاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ، 6 - جىلد ، «شىڭجۇ مەھكىمىسى سەرگەردانلار» .
③ چېيەن داشىن : «يۈەن سۇلالىسى تارىخى نەسەب جەدۋىلى» ؛ جېڭ يۈەنيۇ : «جياڭشى ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ ئوڭ قول كاتاۋۇلى قوچولۇق پۇداشىل تۆرىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» ، «چياۋۇۋ توپلىمى» ، 12 - جىلد .
④ تۆمۈر : «شىجېڭتاڭدىكى ئويىملار» ؛ ۋۇشۇشەن : «شەنشى تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى» ، 26 - جىلد .



بېگلىكىگە يۆتكەلگەن ، جىيۈەن يىللىرىدىكى دىڭچيۇ يىلى (1337 - يىلى ) ئالەمدىن ئۆتكەن .①

33 . بەيدۇ ، ئۇيغۇر ، شۈنچىڭ (بۈگۈنكى سىچۈەندىكى نەنچۇڭ ) دا ئولتۇراقلىشىپ قالغان . ئېسىلزادىلەردىن كېلىپ چىققان . تەشرىپدار بولۇپ ، سىچۈەننىڭ باش نەقلىيات بېگى بولغان .② .

34 . لىيەن شىجيەن ، يەنە بىر ئىسمى جۇڭدۇ قايا ، تەخەللۇسى دافۇ ، ئۇيغۇر ، تاغىسى بۇرۇلقايا 1214 - يىلى موڭغۇل خان ئوردىسىدا نۆكەر بولغان ، جېندىڭ ئايمىقىنىڭ دارۇغاچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن . 20 يېشىدا قېرىندىشى لىيەن شىشيەن بىلەن بىللە يۈەن شىزۇنىڭ خىزمىتىدە بولغان . جىيۈەن يىللىرىنىڭ باشلىرىدا باش كېڭەشبەگ ، لەشكىري پىرقىنىڭ دىۋان بېگى بولغان .③ .

35 . تېكەچۇق ، قوچولۇق ، كېڭەشبەگ ، ۋۇجۇ ئايمىقى (جېجاڭدىكى جىنخۇا ) نىڭ دارۇغاچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن . دادې يىللىرىدىكى يىخەي يىلى (1299 - يىلى ) ۋاپات بولۇپ ، ئاددىي - سادىدا ، كەمتەر دەپ نام بېرىلگەن .④

36 . قارا بۇقا ، قوچولۇق ، يورۇن تېمۇرنىڭ ئوغلى . نىڭخەي ئايمىقىنىڭ دارۇغاچى بولغان . گۇاڭدۇڭغا باش تۇزچىلىق نەقلىيات بېگى ، قوشۇمچە قارام شەھەرلەر جوجۇق بېگى بولغان ، كېيىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلگەن ، ساداقەتمەن دەپ نام

① شۇ يۇرېن : «پۇيان تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «جىجېڭ توپلىمى» ، 61 - جىلد .
② «بۇيۇك مىڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كېلىش تەزكىرىسى» ، 68 - جىلد ، «شۈنچىڭ ۋىلايىتى» ؛ «يارلىق چۈشۈرۈپ سۈيۈرغال بېرىلگەنلەر ئابىدىسىدىكى خاتىرىلەر» ؛ شۇتەي : «جېڭدې يىللىرىدا تۈزۈلگەن فېڭجۇ تەزكىرىسى» ، 4 - جىلد ، «دارىلئۇلۇملار تەزكىرىسى» .
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 126 - جىلد ، «لىيەن شىشيەننىڭ تەرجىمىھالى» .
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 135 - جىلد ، «تېكەچۇقنىڭ تەرجىمىھالى» .
⑤ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 193 - جىلد ، «ساداقەتمەنلەرنىڭ تەرجىمىھالى (1 )» ؛ شۇ يۇرېن : «قارا بۇقا تۆرىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» ، «جىجېڭ توپلىمى» 54 - جىلد ، لى گۇاڭشۈەن : «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن نىڭخەي ئايمىقى تەزكىرىسى» ، 2 - جىلد ، «باسقاق بەگلەر (5 ) » .

بېرىلگەن .⑤

37 . بازلا ، تەخەللۇسى سېچى ، ئۇيغۇر ، جىيۇەن يىللىرىدىكى بىڭزى يىلى (1336 - يىلى) كۈنشەن ئايمىقى (جياڭسۇدىكى تەيساڭ) نىڭ دارۇغاچىلىقىغا تەيىنلەنگەن ، جىجېڭنىڭ 3 - يىلى (1343 - يىلى) نەنتەيىنىڭ تەپتىشبېگى بولغان .①

38 . بەيجۇ ، تەخەللۇسى تەيگۇ ، قوچۇلۇق ، تەيدىڭ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا مىرزا نازارىتىنىڭ ۋەزىرى بولغان ، جىيۇەن يىللىرىدىكى دىڭچۇ يىلى (1337 - يىلى) مۇپەتتىش بېگى بولغان ، جىيۇەننىڭ 6 - يىلى (1340 - يىلى) شەنەننىڭ مۇئاۋىن تەپتىش بېگى ۋە خېدۇڭنىڭ نەقلىيات بەگلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن .②

39 . زورداناشىل ، تەخەللۇسى يەنشيەن ، قوچۇلۇق ، جىجېڭنىڭ 10 - يىلى (1350 - يىلى) جىجياڭ - جياڭشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان .③

40 . تېمۇر بۇقا ، ئۇيغۇر ، مىڭسەرسىنىڭ ئوغلى ، ئانىسى ئۇيغۇر ، تېمۇر بۇقا دارىلئۇلۇم ئۆلىمالىقىنى ئۈستىگە ئالغان④ .

42 . تولى قايا ، ئۇيغۇر ، لۇڭپىڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى ، مۇپەتتىش بېگى بولغان ، كېيىن شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ دىۋان

①ياڭ خۇي : «جىجېڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن كۈنشەن ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، 2 - جىلد ، «مەشھۇر ئەمەلدارلار» ؛ «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن تەيساڭ ئايمىقى تەزكىرىسى» ، 8 - جىلد ، «ئۇۋالچىلىق» .

②سۇڭ جيۇڭ : «يەنشى توپلىمى» 5 - جىلد ، «تەيگۇ نەزمىلىرىگە مۇقەددىمە» ؛ 13 - جىلد ، «تەيگۇ ھەققىدە پارچىلار» ؛ چېن جى : «يىبەيجەي يازمىلىرى» تاشقى توپلام .

③ياڭ ۋېيجېن : «دۇڭ ۋېيزى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 2 - جىلد ، «گاۋدۇشىنى ئۇزىتىشقا بېغىشلاپ» ؛ ۋاڭ زەن : «خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن ۋېنجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، 8 - جىلد ، «مەشھۇر ۋەزىرلەر» ؛ جۇبوچى : «تەيجۇ ئايمىقىدىكى قايتىدىن تۈزۈلگەن تيەنبېي ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى» ، «تەيجۇ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» ، 72 - جىلد .

④ چېڭ جۇفۇ : «شۆلۆ توپلىمى» ، 6 - جىلد ، «ۋۇدۇ پاراسەتلىك ، چېچەن بېگى شۇدې ئابىدىسى» .



بېگى ، خۇيجى ئۆلكىسىنىڭ ھۆكۈمچىسى بولغان . جىجىنىڭ 3 - يىلى (1323 - يىلى) خۇەيدۇڭنىڭ ھۆدەيچىلىكىگە يۆتكىلىپ ، شۇ يىلى 7 - ئايدا گۇاڭلىڭدا 67 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن① .

43 . ئاش تېمۇر ، ئۇيغۇر ، مىڭسەرسىنىڭ ئوغلى ، ئانىسى موڭغۇللارنىڭ قوڭغۇرات قەبىلىسىدىن ، دارىلئۇلۇم ئۆلىماسى بولغان . جىدانىڭ 2 - يىلى (1309 - يىلى) 61 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتۈپ ، ۋۇدۇ تۆرىسى دەپ ئوتۇغات نامى ، ساداقەتمەن سەممىي دەپ نام بېرىلگەن .②

44 . تاڭ رېنزۇ ، تەخەللۇسى چۇلياۋ ، ئۇيغۇر . ئاتىسى تاڭجى يۈزۈڭ خانغا بىتىكچى بولغان . تاڭ رېنزۇ ھۆنەر - كەسىپ پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى بولغان ، دادېنىڭ 5 - يىلى (1301 - يىلى) دارىلئۇلۇم ئۆلىماسى بولغان ، 53 يېشىدا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپ ، مەرىپەتلىك ، دىيانەتلىك دەپ نام بېرىلگەن .③

45 . گۇەنلۇ ، تەخەللۇسى يۇەن بىڭ ، ئەجدادلىرى بېشبالىقلىق . خاڭجۇ ئايمىقى باش بۇغ مەھكىمىسىنىڭ دارۇغاچى بولغان .④

46 . شەنباۋ ، تەخەللۇسى چىڭجى ، ئۇيغۇر ، سوگۇرچىلىقتىن كېلىپ چىققان ، ۋۇجۇ ۋىلايىتىنىڭ دادخاھى ، كېجۇنىڭ ئايماقدارى بولۇپ ، جىجېڭنىڭ 14 - يىلى (1354 -

① «يۇەن سۇلالىسى تارىخى» ، 137 - جىلد ، «تولى قايانىڭ تەرجىمىھالى» .

②چېڭ جۇفۇ : «شۆلۆ توپلىمى» 6 - جىلد ، «ۋۇدۇ پاراسەتلىك ، چېچەن بېگى شۇدې ئابىدىسى» .

③ «يۇەن سۇلالىسى تارىخى» ، 134 - جىلد ، «تاڭ رېنزۇنىڭ تەرجىمىھالى» ؛ جاڭ ياڭخاۋ : «تاڭ رېنزۇغا ئوقۇلغان تەزىيە نۇتقى» ، «گۇيتيەن ئۇزۇندىلىرى» ، 11 - جىلد .

④ۋېي سۇ : «خۇيجۇ ئايمىقىدىكى دۇڭپۇ كۇتۇپخانىسى خاتىرىلىرى» ، «ۋېي تەيپۇ ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 4 - جىلد .

يىلى ) شۇ ئايماقتا ۋالىي مەنسىپىدە ئالەمدىن ئۆتكەن .[1]

47 . تارماشىر ، ئۇيغۇر ، ئاتىسى قۇلۇنجا ھۇدەيچى بولغان . تارماشىر چىڭگىزۇڭ خانغا خاس نۆكەر بولغان . جىدانىڭ تۇنجى يىلى (1308 – يىلى ) خېبېي ئۆلكىسىنىڭ تەپتىش بېگى بولۇپ ، كېيىن زىندان پىرقىسىنىڭ دىۋان بەگلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن . جىجىنىڭ تۇنجى يىلى (1321 – يىلى ) شەرقىي جېجياڭ ۋىلايىتىنىڭ ھۇدەيچى باش ئەمىرلەشكىرى بولۇپ ، ياڭجۇدا ئالەمدىن ئۆتكەن .[2]

48 . قاسان ، ئۇيغۇر ، ئەمەلدار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان . ئاتىسى شاۋيۈنشى توخرىن جېندىڭ مەھكىمىسىگە دارۇغاچ بولغان . تاغىسى قارا قاسۇن ، ئەخلاقمەن كېڭەشبەگ قارا دىۋاننىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ، ۋاقتىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى بولغان . قاسان گەنسۇ قاتارلىق جايلارنىڭ ۋاقتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان .[3]

49 . شىرى قارا ، قوچولۇق ، جىيۈەن يىللىرىدىكى يىچۇ يىلى (1265 – يىلى ) ئەنتۇڭنىڭ باش ۋەزىرى ، زاپاس نۆكىرى بولغان . جىيۈەننىڭ 23 – يىلى (1286 – يىلى ) جيەندې ئايمىقىنىڭ دارۇغاچى بولۇپ ، كېيىن پىڭلياڭ ۋە خاڭجۇ ئايماقلىرىغا دارۇغاچ بولغان . جىيۈەننىڭ 30 – يىلى (1293– يىلى ) ئىشكىئاغا ، خېنەن ، جياڭشى قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ ياندىش خوجىدارى بولغان . يۈەنجېننىڭ 2 – يىلى (1296 – يىلى ) جياڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ

① «يۈگلې قامۇسى» ، 2342 – جىلد ، «ۋۇجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى . تۆھپىكار ئەمەلدارلار» .

② «شەرقىي جېجياڭ ۋىلايىتىنىڭ ھۇدەيچىسى تارماشىرنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» ، «تاش پۈتۈك خاتىرىلىرىگە ئىلاۋە» 19 – جىلد .

③ شېن تاۋ : «چاڭشەندىكى جېنشى تەزكىرىسى» 18 – جىلد ، «ليەنچىڭ ناھىيىسىدىكى قايتىدىن سېلىنغان شەنجۈڭ ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى» 20 – جىلد ، «جېندىڭ ئايمىقىنىڭ جياچېدىكى شۈەنشېن ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى» 21 – جىلد ، «قاساننىڭ تۆھپە ئابىدىسى» .



ھۇدەيچىلىكىگە يۆتكەلگەن . داخېنىڭ 9 – يىلى (مىلادىيە 1305– يىلى ) ساخاۋەتچى بەگ ، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى بولغان ، يەنيۇنىڭ 3 – يىلى (1316 – يىلى ) خۇنەن ، گۇاڭشى قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككەللىكىگە يۆتكەلگەن ، 6 – يىلى (1319 – يىلى ) 71 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتۈپ ، چىن بەگلىكى تۆرىسى ، ھەمدەمچى ئەمىنكار دەپ ئۇتۇغات نامى بېرىلگەن .[1]

50 . ئىدقۇل ، تەخەللۇسى شىڭلىن ، ئەجدادلىرى ئۇيغۇر بولۇپ ، يەن (بېيجىڭ ، خانبالىق ) گە كۆچۈپ كەلگەن . تەمىرات پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى ، موڭغۇللارغا تارىخ تەرجىمانى بولغان ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلەتتى ، ۋەنجۇ ، شۇجۇ ، جېنجۇ ئۈچ ئايماقنىڭ دارۇغاچى بولغان ، جياڭلىڭنىڭ ياندىش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن . يەنيۇنىڭ 7 – يىلى (1320 – يىلى ) يەنپىڭ ئايمىقىنىڭ دارۇغاچىلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ ، شۇ يىلى 5 – ئاينىڭ 10 – كۈنى تەخمىنەن 67 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن[2]

51 . ئېسەن تويىن ، تەخەللۇسى جۇڭلى ، ئۇيغۇر ، ئەجدادلىرى بيەنلياڭ (خېنەندىكى كەيفېڭ ) دا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ، ئۇ شيۈنىڭ ناھىيىسىگە دارۇغاچ بولغان ، جىيۈەن يىللىرىدىكى بىڭزى يىلى (1336 – يىلى ) ئالەمدىن ئۆتكەن .[3]

52 . سېڭنۇ ، ئۇيغۇر ، داچېڭدۇنىڭ ئوغلى . ۋۇچېڭ ناھىيىسى (بۈگۈنكى جېجياڭدىكى جياشىڭ ۋىلايىتى ) گە دارۇغاچ

①چيەن داشىن : «يۈەن سۇلالىسى تارىخى نەسەب جەدۋىلى» 15 – جىلد ؛ يۈجى : «داۋيۈەن ئۈزۈندىلىرى» ، 42 – جىلد ، «ئەمىنكار تۆرە شىرى قارانىڭ تۆھپە ئابىدىسى» .

②ليۇ شۈن : «ياندىش كېڭەشبەگ يەنپىڭ يولىنىڭ دالالەتچىسى شىڭلىن تۆرىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» ، «شۈيىيۈن كەنتىدە يوقىلىپ كەتكەن پارچىلار» ، 14 – جىلد .

③جېڭ يۈ : «شيۈنىڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى ئېسەن تۆرىنى سېغىنىش ئابىدىسى» ، «شىشەن توپلىمى» ، 6 – جىلد .

بولغان .①

53 . ليەنئانانباخا ، يەنە بىر ئىسمى ليەن فۇ ، تەخەللۇسى جىڭيۈەن ، بېشبالىقلىق ، ئەمەلدار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان . بوۋىسى شىشۇ قارا دىۋاننىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بولغان . ئاتىسى قۇدۇباخا دىيانەتلىك ھەزرەت بولۇپ ، ئەجدادىدىن پاك ئۆتكەن . ليەنئانانباخا 20 - يېشىدا نۆكەرلىككە قوبۇل قىلىنغان . جىجېڭنىڭ 9 - يىلى (1349 - يىلى ) لىۋۇ ئايمىقى (جېجياڭدىكى جىنخۇا ) نىڭ فۇجياڭ ناھىيىسىگە دارۇغاچ بولغان .②

54 . ئىلىنجىن ، تەخەللۇسى جۇڭخۇڭ ، ئۇيغۇر ، جىجېڭنىڭ 9 - يىلى (1349 - يىلى ) كۇڭزىچى ئۆلىمالىقتىن يىۋۇ ناھىيىسى (بۇگۈنكى جېجياڭدىكى جىنخۇا ۋىلايىتى ) نىڭ دارۇغاچلىقىغا تەيىنلىنىپ ، 14 - يىلى (1354 - يىلى ) ئالەمدىن ئۆتكەن .③

55 . يۈەنتۇڭ ، قوچولۇق ، جىيۈەننىڭ تۇنجى يىلى (1335 — يىلى ) چاڭجۇ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچلىقىغا تەيىنلەنگەن .④

56 . خېلۇ ، ئۇيغۇر ، دادېنىڭ 6 - يىلى (مىلادىيە 1302 - يىلى ) قىش 11 - ئايدا چېنجۇنىڭ دارۇغاچلىقىدىن سۇجۇنىڭ دارۇغاچلىقىغا يۆتكەلگەن .⑤

① (مىڭ سۇلالىسى ) ليۇ شىنچۇن : «ۋۇچېڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» 5 - جىلد ، «ئەمەلدارلار» ؛ چېڭ جۇفۇ : «چي گوشيەننىڭ قەبرە ئابىدىسى» ، «شۆلۇ توپلىمى» 8 - جىلد .
②خۇجۇ : «ليەن بېگىمنىڭ ۋەسىيەتلىك تەرجىمىھالى» ، «چۇنبەيجەي يازمىلىرى» 16 - جىلد ؛ رۇەن يۈەن : «جېجياڭ ، جياڭسۇ تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى» 18 - جىلد . «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە پۇياڭدىكى بەش دانىشمەنگە ئوقۇلغان مەدھىيە» 18 - جىلد تۆرە ليۇگۈڭنى كۈتۈش» .
③ (مىڭ سۇلالىسى ) جۇشىيىڭ ، شيۇڭ رېنلىن : «يىۋۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» 10 - جىلد ، «شەخسلەر تەرجىمىھالى . مەشھۇر ئەمەلدارلار» ؛ خۇجۇ : «دارۇغاچ كۇڭزىچى ئۆلىما ئىلىنجىن تۆرىنى سېغىنىش ئابىدىسى» ، «چۇنبەيبەي يازمىلىرى» ، 19 - جىلد .
④جېڭ يۈەنيۇ : «چاڭجۇ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى يۈەن تۇڭنى سېغىنىش ئابىدىسى» ، «چياۋۋۇ توپلىمى» 11 - جىلد .
⑤ «خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن جىلى ئۆلكىسى فېڭياڭ ۋىلايىتىنىڭ سۇجۇ ئايمىقى تەزكىرىسى» 2 - قىسىم ، «سۇجۇ نازارەتچى بېگى خېلۇغا ئېتىبار بېرىش خاتىرىسى» .



57 . داخېنۇ ، تەخەللۇسى بىن لياۋ ، قوچولۇق ، جىيۈەننىڭ 3 - يىلى (1337 - يىلى ) سۇجۇنىڭ دارۇغاچلىقىغا تەيىنلەنگەن .①

58 . بۇرھان قۇل ، ئەجدادلىرى ئۇيغۇر بولۇپ ، كېيىن جېندىڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان . جىيۈەن يىللىرىدىكى بىڭما يىلى (1286 - يىلى ) نىڭچۇ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچلىقىغا تەيىنلىنىپ ، ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ ، پۇقرالارغا ياخشىلىق قىلغان .②

59 . شيې چاۋۋۇ ، تەخەللۇسى شىزې ، قوچولۇق شيې جېدۇنىڭ ئىنىسى . جىجىنىڭ تۇنجى يىلى (1321 - يىلى ) تەشرىپدار بولغان . جىجۇ (شەندۇڭدىكى جىنىڭ ) نىڭ يانداش ۋالىيسى ، جىجياڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى ، شۇنجۇنىڭ يانداش ۋالىيسى بولغان .③

60 . ناقاي ، قوچولۇق ، جىجېڭنىڭ 5 - يىلى (1345 - يىلى ) ۋۇجياڭ ئايمىقىنىڭ دارۇغاچلىقىغا تەيىنلەنگەن .④

61 . باليا ، قوچولۇق ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە كەيخۇا ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى بولغان ، قاراقچىلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ ، بۆكتۈرمىگە ئۇچراپ قازا قىلغاندا ، پۇقرالار مۇنداق نەزمە توقۇپ ماتەم بىلدۈرگەن :

①«خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن جىلى ئۆلكىسى فېڭياڭ ۋىلايىتىنىڭ سۇجۇ ئايمىقى تەزكىرىسى» 2 - جىلد ، «سۇجۇ نازارەتچى بېگى داخېنۇنىڭ ۋەسىيەتنامە ئابىدىسى» .
② «جېڭدې يىللىرىدا تۈزۈلگەن جاۋجۇ تەزكىرىسى» 3 - جىلد «نىڭچۇ ناھىيىسىدىكى مەشھۇر ئەمەلدارلار» .
③ۋاڭ چاڭ : «تاش پۈتۈك يازمىلىرىدىكى چۈشۈپ قالغان يازمىلار» ، 2 - جىلد ؛ ۋاڭ يىجېن : «جىجۇدا قايتىدىن سېلىنغان زۇنجى راۋنقى خاتىرىسى» ؛ ئوۋياڭ شۈەن : «قوچولۇق شيې جەمەتىدىكىلەرنىڭ شەجەرىسى» ، «گۈيجەي توپلىمى» 11 - جىلد . شۇيۇرېن : «قارا بۇقىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» ، «جىجېڭ توپلىمى» 54 - جىلد ؛ خۇاڭ جىن : «قارا بۇقا تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» 25 - جىلد .
④ۋاڭ ئاۋ : «جىڭدې يىللىرىدا تۈزۈلگەن گۇسۇ تەزكىرىسى» 41 - جىلد ، «تۆھپىكار ئەمەلدارلار 5» .

بىزلەرنى ھەسرەتتە قويۇپ ئەزىمەت ،
كەتتىڭغۇ ، قالقان ـ يارىغى قالدى .
ۋادەرىخ قالغىنى ياشلىق پىغاندۇر ،
ھەسرەتنىڭ دەرياسى ئەگىزگە تولدى .

ۋۇجۇدلار ئېزىلدى ، قەلبلەر يارا ،
دىللار مىراندا پارە ، ھەسرىتا .
جاسارەت جاھاندىن يوقالدى ئەمدى ،
ۋاقتىمۇ توختىدى قالدى بۇ دۇنيا .

قۇللىرىڭ تۇزىدى بولۇتتەك گويا ،
قاپلىدى جاھاننى قاپقارا تۇمان .①
بىلمىسىز جاڭجۇنىڭ تۆرە بەگلىرى ،
ماڭالماس سىنىڭسىز ئەمدى ھېچ تامان .

62 . لۇ مىڭشەن (تۆمۈر تۇرۇك ) ، تەخەللۇسى مىڭشەن ، لەقىمى چېڭجەي ، ئۇيغۇر . بوۋىسى كارۇناداس خانزادىلەرگە ئۇستاز بولۇپ ، شىزۇ ، چېڭزۇڭ ، ۋۇزۇڭ ، رېنزۇڭ تۆت خان زامانىسىدا ئۇلۇغ ئەمىرزېمىن بولغان . تۆمۈر تۇرۇك ئىشكئاغا ، جىڭجو ئايمىقىنىڭ دارۇغاچى بولغان . يەنيۇنىڭ 2 ـ يىلى (1315 ـ يىلى ) ئەنفېڭ ناھىيىسى (بۇگۈنكى ئەنخۇيىنىڭ چۇشيەن ناھىيىسى ) نىڭ دارۇغاچىلىقىغا تەيىنلىنىپ ، «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلىرى» نى تۈزۈپ ئالەمدىن

①شېن جيې : «خۇڭجى يىللىرىدىكى تۈزۈلگەن جۇجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، 8 ـ جىلد ، «تۆھپىكار ئەمەلدارلار» .
②ليۇيىڭ : «چېڭخۇا يىللىرىدا تۈزۈلگەن جۇڭدۇ (ئوتتۇرا ئاستانە ) تەزكىرىسى» 6 ـ جىلد ، «مەشھۇر ئەمەلدارلار» ؛ «يېڭىدىن تۈزۈلگەن تەيپىڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 3 ـ جىلد ، «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى» ؛ يۇجى : «جىڭجو ئايمىقىنىڭ دارۇغاچى تۆرە تۆمۈر تۇرۇكنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، « داۋيۈەن ئۈزۈندىلىرى» ، 43 ـ جىلد .



ئۆتكەن .②

63 . قاشان ، قوچولۇق ، جىيۇەننىڭ تۇنجى يىلى (1335 ـ يىلى ) جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ تەپتىشبەگلىكىدىن شاۋيۇن نويان مەھكىمىسىنىڭ دارۇغاچىلىقىغا تەيىنلەنگەن . جىجېڭنىڭ تۇنجى يىلى (1341 ـ يىلى ) خانبالىق (بۇگۈنكى بېيجىڭ ) باش بۇغ مەھكىمىسىنىڭ دارۇغاچىلىقىغا يۆتكەلگەن . سىچۇەن ، شەنشى ئىككى ۋازارەتنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى بولغان .①

64 . تېمۇر قايا ، قوچولۇق بولۇپ ، نەنخەي ناھىيىسىگە چېرىكچى ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تىلماچ بېگى بولغان ، جىجېڭنىڭ 21 ـ يىلى (1361 ـ يىلى ) ۋۇجۇغا ياندىش بەگ بولۇپ ، ئەمەل تۇتۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن .②

65 . ئېسەن قايا ، لەقىمى يېيۇن ، قوچولۇق ، چۇ بېگى ھەزرىتى ئېلقايانىڭ ئەۋرىسى ، ئايماق نازارەتچىسى بولغان ، جېجېڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىچكى ئىشلار نائىب بېگى بولغان .③

66 . دۇئاداش ، ئۇيغۇر ، جېنياڭ ناھىيىسى (بۇگۈنكى خېنەن تەۋەسىدە ) نىڭ دارۇغاچى بولغان .④

67 . ئىجانىيالى ، قوچولۇق ، تېكەچۇقنىڭ ئوغلى ، خۇجۇ ئايمىقى (جېجياڭدىكى ۋۇشىڭ ) نىڭ دارۇغاچى بولغان .⑤

68 . ئابىشقا ، ئۇيغۇر ، تاتاتۇڭانىڭ نەۋرىسى ، تۇمەننىڭ

①جېڭ يۈەنيۇ : «دېڭىز يولى ترانسپورت نويان مەھكىمىسىنىڭ دارۇغاچى قاشان تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «چياۋۋۇ توپلىمى» 11 ـ جىلد .
② «يۇڭلې قامۇسى» 2342 ـ جىلد ، «ۋۇجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى . تۆھپىكار ئەمەلدارلار»
③ليۇجى : «خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن يەجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 10 ـ جىلد ، «زىبلى ناھىيىسى . مەشھۇر ئەمەلدارلار تەزكىرىسى» .
④خې لىن : «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنياڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، 3 ـ جىلد . «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى» .
⑤ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 35 ـ جىلد ، «تېكەچۇقنىڭ تەرجىمىھالى» .

ئوغلى ، شەنشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان .①

69 . بەكتىن ، يەنە بىر ئىسمى بەكتېمۇر ، ئۇيغۇر ، مىڭسەرىسىنىڭ نەۋرىسى ، ئاش تېمۇرنىڭ ئوغلى ، توتونىدىن تۇغۇلغان ، لۇجۇ ئايمىقى (ئەنخۇيدىكى خېفېي ) نىڭ دارۇغاچى بولغان .②

70 . بورۇ تېمۇر ، تەخەللۇسى گوبىڭ ، قوچولۇق ، جياڭدۇڭنىڭ ياندىش تەپتىش بېگى ، شياڭياڭ ئايمىقىنىڭ دارۇغاچى بولغان ، جىجېڭنىڭ 12 - يىلى (مىلادىيە 1352 - يىلى ) قاراقچىلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا قولغا چۈشۈپ قېلىپ ، تىز پۈكمىگەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلگەن .③

71 . شيې جىجيەن ، قوچولۇق شيې جېدۇڭنىڭ قېرىندىشى ، تەيدىڭنىڭ تۇنجى يىلى (1324 - يىلى ) جيازى ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدا تەشرىپدار بولغان ، سۇسۇڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى ، شىنچاڭ ۋىلايىتىنىڭ ياندىش ۋالىيسى ، چېڭخې ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى بولغان .④

72 . گۇەن دىلىيۇ ، ئىسمى نامەلۇم ، تەخەللۇسى دىلىيۇ . بېشبالىقلىق ، تەيدىڭنىڭ 4 - يىلى (1327 - يىلى ) ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ تەشرىپدار بولغان . جىجېڭ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەنچاڭ ئايمىقىنىڭ ياندىش ئايماقدارى (3 -

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 124 - جىلد ، «تاتاتۇڭانىڭ تەرجىمىھالى» .
② چېڭ جۇفۇ : «ۋۇدۇ ساداقەتمەن بېگىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «شۆلۇ توپلىمى» 7 - جىلد .
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 195 - جىلد ، «ساداقەتمەنلەرنىڭ تەرجىمىھالى (3 )» ؛ لىيۇ زولىن : «يۇنياڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، 17 - جىلد ، «تۆھپىكار ۋەزىرلەر» ؛ ۋۇداۋئېر : «شياڭياڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، 36 - جىلد ، «تۆھپىكار ۋەزىرلەر» .
④ ئوۋياڭ شۈەن : «قوچولۇق شيې جەمەتىدىكىلەرنىڭ شەجەرىسى» ، «گۇيجەي ئەسەرلەر توپلىمى» ، 12 - جىلد ؛ شۇ يۈرېن : «قارا بۇقىنىڭ قەبرە ئابىدىسى» ، «جىجېڭ توپلىمى» ، 54 - جىلد ؛ خۇاڭ جىن : «قارا بۇقىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 25 - جىلد .



دەرىجىلىك ئەمەل ) بولغان .①

73 . يۈەنجۇ قايا ، تەخەللۇسى بويۈەن ، قوچولۇق ، فېنيىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان . جىجېڭ يىللىرىدا تەشرىپدار بولۇپ ، جىنجيەن ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى بولغان ، پاك - دىيانەتلىك ، قابىلىيەتلىك ئىدى .②

74 . پۇداشىل ، تەخەللۇسى جۇڭۋېن ، ئۇيغۇر ، ئاتىسى مەيجۇ جياڭشى ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى قاتارلىق جايلارنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان . پۇداشىل جىشۈننىڭ تۇنجى يىلى (1330 - يىلى ) شىتەينىڭ تەپتىش بېگى بولغان . يۈەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1333 - يىلى ) نەنتەينىڭ تەپتىش بېگى بولغان ھەمدە شىتەينىڭ مىرزىلىقىغا يۆتكىلىپ ، جېدۇڭنىڭ ئورۇنباسار تەپتىش بېگلىكىگە ئۆسكەن . جىجېڭنىڭ 4 - يىلى (1344 - يىلى ) جياڭشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ كاتاۋۇللىقىدىن ئېلىپ تاشلانغان ، 7 - يىلى (1347 - يىلى ) قىش 2 - ئايدا 44 يېشىدا ۋاپات بولغان .③

75 . ئۇلان قايا ، تەخەللۇسى دېخۇڭ ، قوچولۇق ، گۇاڭشى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئامبىلى بولغان .④

76 . يانلى تېمۇر ، ئۇيغۇر ، جىجىننىڭ 3 - يىلى (1323 - يىلى )پىڭلياڭ ۋىلايىتىنىڭ دادخاھلىقىدىن شىشياڭ

① ياڭ ۋېيجېن : «گۇەنباۋنى لىشەن ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا ئۇزىتىش» ، «دۇڭ ۋېيزى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 2 - جىلد ؛ ياڭ ۋېيجېن : «ۋېي شېڭدىنى ئۇزىتىشقا بېغىشلاپ» ، «دۇڭ ۋېيزى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 2 - جىلد .
② يەن سۇڭ : «جېڭدې يىللىرىدا تۈزۈلگەن ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، 8 - جىلد ، «شەخسلەر تەرجىمىھالى» ، بۇ «تەزكىرە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا : يۈەنجۇ قايا جىجېڭ يىللىرىدىكى جياشېن يىلى تەشرىپدار بولغان» دەپ خاتا ئېلىنغان ، جىجېڭ يىللىرىدىكى جياشېن جىجېڭنىڭ 4 - يىلى بولۇپ ، ئىمتىھان ئېلىنىدىغان يىل ئەمەس .
③ جېڭ يۈەنيۇ : «جياڭشى ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ ئوڭ - سول كاتاۋۇلى قوچولۇق پوداشىل تۆرىنىڭ قەبرە ئابىدىسى» ، «چياۋۋۇ توپلىمى» 12 - جىلد ؛ «مېيسوغا دەپنە قىلىنغان مەرھۇم پۇداشىل تۆرىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» ، «كوساڭ تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى» ، 12 - جىلد .
④ «يوڭلې قامۇسى» ، 2342 - جىلد ، «ۋۇجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، «مەشھۇر ئەمەلدارلار»

ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى بولغان ، تەيدىڭ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا شىڭيۈەن ئايمىقى (شەنشىدىكى خەنجۇڭ ) نىڭ ئامبىلى بولغان① .

77 . نارىن بۇقا ، تەخەللۇسى ۋېنسەن ، لەقىمى جيۇڭ جەي ، قوچولۇق ، تەيدىڭنىڭ 4 - يىلى (1327 - يىلى ) تەشرىپدار بولۇپ ، جياڭجياڭ ئايمىقىنىڭ دادخاھى ، شۈتەي ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى ، جياڭسۇ - جېجياڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ باش تۇتۇقى ، جياڭشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ يانداش كاتاۋۇلى ، سىچۈەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ سوراقچىسى بولغان ② .

78 . شيې شەنجۇ ، تەخەللۇسى شىۋېن ، قوچولۇق ئېسىلزادە ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ، شيې جېدۇنىڭ ئىنىسى ، تەيدىڭنىڭ 4 — يىلى (1327— يىلى ) تەشرىپدار بولۇپ ، شياڭتەن ئايمىقىنىڭ يانداش ئامبىلى ، دانىشمەن ئۆلىمالار كامالەتخانىسىنىڭ تۈزگۈچىسى ، خۇەيئەن ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى (6 — دەرىجىلىك ) ، گۇڭچاڭ قاتارلىق جايلاردىكى باش ئەمىرلەشكەر مەھكىمىلىرىنىڭ باش كاتىپى بولغان .③

79 . يانجۇ بۇقا ، تەخەللۇسى يەنجېن ، ئۇيغۇر ،يۈەنجۇ ئايمىقى ئاغلاقچى مەھكىمىسىنىڭ دارۇغاچى بولغان . دادېنىڭ 10- يىلى (1306 - يىلى ) ياراشتۇرغۇچى نەنئەن ئايمىقى ئاغلاقچى مەھكىمىسىنىڭ دارۇغاچىلىقىدىن ئېلىپ تاشلانغان ، كېيىن ئىشكئاغا ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ھۆدەيچى باش

①پۇ داۋيۈەن : «سابىق كۇڭزىچى لاڭشى يېزىسىنىڭ دورغىسى يانلى تېمۇرنى سېغىنىش ئابىدىسى» ، «بىكارچىلىقتا يازغان قوليازمىلار» ، 16 - جىلد .

②شۇ يۇرېن : «ناۋېنسەن نەزمىلىرى» ، «جېجيڭ توپلىمى» ، 71 - جىلد ؛ سۇ تيەنجۆ : «شۈتەي ناھىيىسىدىكى چۇڭشېن كۇتۇپخانىسى خاتىرىسى» ، «زىشى يازمىلىرى» 2- جىلد ؛ جاڭ يىنىڭ : «پروفېسسور چيەن دېيۈەننى شۇ تەيگە ئۇزىتىشقا بېغىشلاپ» ، «سۈيىيڭ توپلىمى» ، 3 - جىلد ؛ جۇ تىڭجېن : «جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ غەيرىي رەسمىي ئامبىلى ناۋېنسەننى سىچۈەننىڭ سوراقچىلىقىغا ئۇزىتىش» ، «شىچۇ توپلىمى» ، 4 - جىلد

③سەيدۇللا : «جىغېيڭ چوققىسىدا شيې شەنجۇ بىلەن خوشلىشىش ۋە ئۇنىڭغا ئاتالغان ھەزىل» ؛ ئوۋياڭ شۈەن : «قوچولۇق شيې جەمەتىدىكىلەرنىڭ شەجەرىسى» ، «گۇيجەي توپلىمى» ، 11 - جىلد ، شۇ يۇرېن : «قارا بۇقىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» ، «جېجيڭ توپلىمى» ، 54 - جىلد .



ئەمىرلەشكەرلىكىگە تەيىنلەنگەن ، يەنيۇنىڭ تۇنجى يىلى (1314- يىلى ) 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن .①

80 . شيې ليېجۇ ، تەخەللۇسى شىدې ، قوچولۇق . شيې جېدۇنىڭ ئىنىسى . جىشۇننىڭ تۇنجى يىلى (1330 - يىلى ) تەشرىپدار بولۇپ ، خېنەن ۋىلايىتىنىڭ باش كاتىپى ، خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ، چاۋياڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى (6 - دەرىجىلىك ) بولغان .②

81 . شيې شىسى ، يەنە بىر ئىسمى شيې سى ، قوچولۇق ، جىجېڭنىڭ 23 - يىلى (1363 - يىلى ) ياز 6 - ئاينىڭ 25- كۈنى پىڭجياڭ يولى كۇنشەن ئايمىقىنىڭ دارۇغاچىلىقىغا تەيىنلەنگەن ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە دىڭجۇنىڭ ئايماقدارى بولغان ، خۇڭۋۇنىڭ 2 - يىلى (1369 - يىلى ) تەمتەكچى كاتاۋۇل مەنسىپى بىلەن پەرمانغا بىنائەن كورىيىگە ئەلچىلىككە چىققان ، ساراي ئامبىلى ، نوپۇس پىرقىسىنىڭ كاتاۋۇلى بولغان .③

82 . دادا بۇقا ، قوچولۇق ، ئۇيغۇر . جېندىڭ ئايمىقىنىڭ دارۇغاچى بولغان .④

83 . سۇسۇ ، بېشبالىقلىق ، ئاتىسى كىشمىر ئالتۇن

①لۇ ۋېنگۇي : «گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ھۆدەيچى باش ئەمىرلەشكىرىنىڭ قەبرە ئابىدىسى» ، چياڭدۇڭ يازمىلىرى» ، 12 - جىلد .

②لىڭ دىجى : «تۈمەن جەمەت نەسەبنامىسى» ، 118 - جىلد ؛ ئوۋياڭ شۈەن : «قوچولۇق شيې جەمەتىدىكىلەرنىڭ شەجەرىسى» ، «گۇيجەي توپلىمى» ، 11 - جىلد ؛ شۇ يۇرېن : «قارا بۇقىنىڭ قەبرە ئابىدىسى» ، «جېجيڭ توپلىمى» ، 54 - جىلد ؛ خۇاڭ جىن : «قارا بۇقا تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «جىن خۇاڭخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 25 - جىلد .

③ ۋاڭ ئاۋ : «جېڭدې يىللىرىدا تۈزۈلگەن گۇسۇ تەزكىرىسى» ، 41 - جىلد ، «تۆھپىكار ئەمەلدارلار» ؛ «بۈيۈك مىڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كېلىش تەزكىرىسى» ، 8 - جىلد ، «سۇجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، «مەشھۇر ئەمەلدارلار» ؛ چېن جى : «كۇنشەن ئايمىقىدا قايتىدىن سېلىنغان سەنخۇاڭ ئىبادەتخانىسى خاتىرە ئابىدىسى» ، «جياڭسۇ تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى» ، 24 - جىلد ؛ «جېڭدې يىللىرىدا تۈزۈلگەن گۇسۇ تەزكىرىسى» ، 41 - جىلد «تۆھپىكار ئەمەلدارلار» دا شيې سى خېشىلىق دەپ خاتىرىلەنگەن ، بۇ خاتا . شيې سى ۋە ئۇنىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى مۇشۇ كىتابنىڭ 3 - پاراگرافىدىن تەپسىلىي كۆرۈۋېلىڭ .

④ليۇ مىنجۇڭ : «مەھكىمە بېگى مەرتىۋىسى بېرىلگەن قابۇن بۇقا جاۋشيەننىڭ ئابىدىسى» ، «جۇڭئەن توپلىمى» .4 - جىلد .

جەررىلىك تۆرە ، پەرمان مەھكىمىسى بېگى بولۇپ ، يەنچىڭ مەھكىمىسىنىڭ رەسمىي 2 - دەرىجىلىك ئەمەلدارلىققا ئۆستۈرۈلگەن . سۇسۇ دىيانەتلىك ھەزرەت ، خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى قاتارلىق جايلارنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بولغان .[1]

84 . لىيەن خېڭ ، ئۇيغۇر ، لىيەن شىشيەننىڭ ئوغلى . دىيانەتلىك ھەزرەت ، ياردەمچى تەپتىش بېگى بولغان .[2]

85 . ماينۇ ، ئۇيغۇر ، مىڭسەرىنىڭ ئوغلى ، قوڭغىراتتىن تۇغۇلغان ، دانىشمەن ئۆلىمالار كامالەتخانىسى ئۆلىماسىنىڭ پەرمانبەردارى بولغان .[3]

86 . ئارغۇن قايا ، ئۇيغۇر ، لىيەن شىشيەننىڭ ئاكىسى ، لىيەن خۇيشەن قايانىڭ ئاتىسى ، گۇاڭدې يولىنىڭ دارۇغاچى بولغان .[4]

87 . بوبوش ، ئۇيغۇر ، چانايىنىڭ ئوغلى ، ئىنانجىننىڭ ئاكىسى ، خېدۇڭ ، سەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ ھۇدەيچىسى بولغان .[5]

88 . ئولوسمى ، ئۇيغۇر ، ئەمەلدار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان . بوۋىسى جۆلبىئوجى چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىپ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا تۆھپە يارىتىپ ، كۇنلۇ شەھىرى (بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى كورلا ) نىڭ دارۇغاچى بولغان ؛ ئاتىسى شەيبان تەيزۇڭنىڭ ئوغلى قاشىغا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگەتكەن ، كېيىن

① ۋۇدېڭ : «چى بەگلىكىنىڭ مەرىپەتلىك ، ساداقەتمەن تۆرىسىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «ۋۇۋېنجېڭ تۆرە ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 32 - جىلد .
② سۇ تيەنجۆ : «دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى لىيەن ۋېنجېڭ تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى» ، 65 - جىلد .
③ چېڭ جۇفۇ : «ۋۇدۇ پاراسەتلىك چېچەن بېگى شۇدې ئابىدىسى» ، «شۆلۇ توپلىمى» ، 6 - جىلد .
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 145 - جىلد ، «لىيەن خۇيشەن قايانىڭ تەرجىمىھالى» .
⑤ خۇاڭ جىن : «ئىنانجىن تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 24 - جىلد .



شىزۇ (قۇبلاي ) نىڭ ھۇزۇرىدا بىتىكچى بولغان ، جۇڭتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1260 - يىلى ) شىزۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، جېندىڭ يولىنىڭ دارۇغاچى ، نوپۇس پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى ، زۇڭجېڭ مەھكىمىسىنىڭ دارۇغاچى ، قارا دىۋاننىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بولغان . ئولوسمى ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ ، جىيۈەننىڭ 23 - يىلى (1286 - يىلى ) جېدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ھۇدەيچىلىكىگە تەيىنلەنگەن .[1] .

89 . ئۆگرۈنچ قايا ، ئۇيغۇر ، شىزۇ زامانىسىدا مەنسەپ تۇتۇپ ، كېڭەشبەگ ، ئىتائەتمەن كېڭەشبەگ ، ئىشىكئاغا ، سىچۈەن ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى قاتارلىق جايلارنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى بولغان . دادېنىڭ 8 - يىلى (1304 - يىلى ) ۋاپات بولغان .[2]

90 . مەنسۇر قايا ، تەخەللۇسى ياڭجېڭ ، قوچولۇق ، جۇرۇڭ ناھىيىسى (بۈگۈنكى جياڭسۇ تەۋەسىدە ) نىڭ دارۇغاچى بولغان .[3] .

91 . ئولوس ، تەخەللۇسى چيەنجەي ، قوچولۇق ، جىشۇن يىللىرىدىكى شىنمۇ يىلى (مىلادىيە 1331 - يىلى ) كوساڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى بولغان .[4]

92 . ئاشتورىن ، ئۇيغۇر ، جىيۈەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جياشيەن ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچىلىقىغا تەيىنلەنگەن ، كېيىن خېنەننىڭ ياندىش ئامبىلى بولغان .[5]

93 . ئىجانيالى ، قوچولۇق ، تېكەچۇقنىڭ ئوغلى ، ئاتىسى

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 134 - جىلد ، «شەيباننىڭ تەرجىمىھالى» .
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 135 - جىلد ، «ئۆگرۈنچ قايانىڭ تەرجىمىھالى» .
③ «ۋۇشىڭ تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» ، 15 - جىلد ، «قايتىدىن سېلىنغان چىڭگۇاڭ راۋىقى خاتىرىسى» .
④ «قايتىدىن سېلىنغان تۇڭجى تۇسمىسى ئابىدىسى» ، «كۇساڭ تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى» ، 10 - جىلد .
⑤ (مىڭ سۇلالىسى ) نامەلۇم ئاپتور : «ۋېيخۇي ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، 6 - جىلد ، «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى . مەشھۇر ئەمەلدارلار» .

كېڭەشبەگ ، ۋۇجۇ يولىنىڭ دارۇغاچى بولغان . ئىجانيالى جيۇەننىڭ 15 ـ يىلى (1278 ـ يىلى ) قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ ھۇدەيچىلىكىدىن خۇجۇ يولىنىڭ دارۇغاچىلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن .①

94 . سەيدۇل ، ئۇيغۇر ، ئىنانجىنىنىڭ ئوغلى ، ئىشكئاغا ، جېندىڭ يولى ئاغلاقچى مەھكىمىسىنىڭ دارۇغاچى بولغان .②

95 . قوبى-قايا ، بېشبالىقلىق ، ئېلقايانىڭ ئوغلى بولۇپ ، تېلىدىن تۇغۇلغان ، ساخاۋەتچى ھەزرەت ، خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى بولغان .③

96 . ساياسۇن ، ئۇيغۇر ، مىڭسەرىنىڭ نەۋرىسى ، توينىنىڭ ئوغلى ، سىچۇەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى بولغان .④

97 . شىبنباۋ ، ئۇيغۇر ، پۇيانىڭ ئوغلى . ۋۇئېردىن تۇغۇلغان ، تەپتىش بېگى ، جېدۇڭ خەيىۇ ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ياندىش تەپتىش بېگى بولغان .⑤

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان 6 ـ دەرىجىدىن يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان ئۇيغۇر ئەمەلدارلار جەمئىي 97 نەپەر ، ئەلۋەتتە بۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئەمەس . ھازىر ساقلىنىۋاتقان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەسەرلەر توپلىمى ، تاش ـ پۇتۇكلەر ۋە يەرلىك تەزكىرىلەردە چېلىقىدىغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرى كىشىلىرىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەنزۇلار ۋە جەنۇبلۇقلارنىڭ قولىدىن چىققان بولۇپ ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى

---

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 135 ـ جىلد ، «تېكەچۇقىنىڭ تەرجىمىھالى» .
② خۇاڭ جىن : «لياۋياڭ ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى قاتارلىق جايلارنىڭ سول قول ۋەزىرى ئىنانجىن تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 24 ـ جىلد .
③ سۇتيەنجۆ : «خۇگۇاڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتى سول قول ۋەزىرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى» ، 59 ـ جىلد .
④ چېڭ جۇفۇ : «ۋۇدۇ پاراسەتلىك ، چېچەن بېگى شۇدې ئابىدىسى» ، «شۆلۇ توپلىمى» ، 6 ـ جىلد .
⑤ شۇ يۈرېن : «پۇيان تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «جىجېڭ توپلىمى» 61 ـ جىلد .



چىقىشالماسلىق ۋە مەدەنىيەت رەسىم ـ قائىدىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن پەرق ساقلانغانىدى ، شۇ سەۋەبتىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋەسىقىلەردە رەڭدار كۆزلۈكلەر ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر تېخىمۇ پارچە ـ پۇرات ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، موڭغۇللار ، رەڭدار كۆزلۈكلەر ئىچىدە ئىسىمداشلىرى ناھايىتى كۆپ ، «تۇرغان يېرىگە» قاراپ ئېنىق ئايرىش تېخىمۇ تەس بولۇپ ، بۇ ئەھۋاللار تەكشۈرۈشىمىزنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى . ئەمەلىيەتتە ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ سانى يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزدىن ناھايىتى كۆپ بولۇشى كېرەك . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىشقا كەلسەك ، مۇئەللىپ تۆۋەندىكى پاراگرافتا مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ ، بۇ يەردە بايان قىلىش ئوبيېكتلىرىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ، دائىرىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ستاتالىرى قىسقىچە چۈشەندۈرۈلىدۇ .

بىرىنچىدىن ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن ئاتالغان ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا «ۋېيۋۇ 畏兀 » ، لىيۇ چىنىڭ «شىمالغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە «ۋېيگۇ 瑰古 » دەپ ئېلىنغان . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى باشقا ۋەسىقىلەردە بولسا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا « 伟吾而 » ، « 卫兀儿 » ، « 伟兀儿 » دەپ تەرجىمە قىلىنغان . ئۇيغۇرلار ( 畏兀儿人 ) قەدىمكى ئۇيغۇرلار ( 回鹘 ) نىڭ ئەۋلادلىرى ، ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادىدۇر ، بىراق ئۇ يەنە ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇر مىللىتى ئۇقۇمى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ ، موڭغۇللار ئىستېلاسىدىن ئىلگىرى ، ئۇلار ئەزەلدىن بېشبالىق (بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ گۇچۇڭ ناھىيىسى جىمسارنىڭ شىمالىدىكى پوچېڭزى )

، قارا قوچو (بۇگۇنكى شىنجاڭدىكى تۇرپان ) ، جامبالىق ياكى يەنە بىر ئاتىلىشى چاڭ بالىق (بۇگۇنكى شىنجاڭدىكى سانجى ) ، يېڭى بالىق (بۇگۇنكى شىنجاڭنىڭ ماناس تەۋەسىدە) ۋە سۇلمى (بۇگۇنكى شىنجاڭدىكى قارا شەھەر ) قاتارلىق بەش شەھەرنى مەركەز قىلىپ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان . ئومۇمەن مىللەت تەۋەلىكى ياكى يۇرتى «قوچولۇق» ، «بېشبالىقلىق 北庭人 » ، «ئۇيغۇر» دېيىلگەنلەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئۇيغۇر دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ ، دەپ قارايمىز . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قومۇل (يەنى Qamil نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ، بۇگۇنكى شىنجاڭدىكى قومۇل ) لۇقلار ، كاشغەر (Qasqar ، بۇگۇنكى شىنجاڭدىكى قەشقەر ) لىكلەر ، كۇسەن (بۇگۇنكى شىنجاڭدىكى كۇچار ) لىكلەر ، ئۇدۇن (يەنە بىر ئاتىلىشى خوتەن Qotan نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ، بۇگۇنكى شىنجاڭدىكى خوتەن ) لۇقلار ئۇيغۇر ( 畏兀儿 ) غا تەۋە بولمىغان ئايرىم سىستېما بولغاچقا ، بۇ يەردە بايان قىلمايمىز . يەنە يۈەن سۇلالىسى كىشىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە دائىم قەيت قىلىنىدىغان «خۇيخې (قەدىمكى ئۇيغۇر )» «خۇيخۇي (مۇسۇلمانلار )» نى كۆرسىتىدىغان بولۇپ ، مەرھۇم ۋاڭ يۈن : «خۇيخېلار ، خۇيگۇلار بۇگۇنكى ئۇيغۇر ( 畏兀儿 ) لاردۇر»① دەپ ئالاھىدە كۆرسەتكەن . ئومۇمەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار دەپ ئېنىق بېرىلگەنلىرى كىرگۈزۈلمىدى . مىللەت تەۋەلىكى بويىچە قەدىمكى ئۇيغۇرلار ( 回鹘 ) دىن بولغان ئەمەلدارلار دېگۈچىلەرگە قارىتا ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە بىرلەشتۇرگەن ئاساستا پەرقىنى كۆرسىتىپ بېرىمىز . مەسىلەن ، شىرى قارا

① ۋاڭ يۈن : «چيۇجيەن توپلىمى» ، 95 ـ جىلد ، خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى «خۇيخۇي ( 回回 ) پارسچىدىكى musulman بىلەن ئوخشاش بولۇپ ، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دا ، ( 回回 ) خېتىنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى خەنزۇچە يېزىلىشى «سارتاغۇل» .



بىلەن ئىدقۇل ئىككىيلەننىڭ پۇجدادى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ( 回鹘 ) بولسىمۇ ، بىراق قوچودىكى مىللەتلەرگە ئوخشاش بولغاندىن كېيىن ، ئۇيغۇر ( 畏兀儿 ) دەپ قارىلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئىچكىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان كېيىنكى ئۇيغۇرلار ( 畏兀儿人 ) دا نىكاھ جەھەتتە ھەرخىل مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتىش يۈزلىنىشى زاھىر بولدى . مىللەتلەر ئارا نىكاھلىنىش ئۇلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى پەرقلەندۇرۇشكە قىيىنچىلىق تۇغدۇردى . ئومۇمەن ئەر ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا مىللەت ئاياللىرىدىن تۇغۇلغانلارنى ئۇيغۇرلار دەپ قارىدۇق . مەسىلەن ، ئۇيغۇر مىگسەرس بىلەن چاتۇلۇندىن تۇغۇلغان ئاش تېمۇرنى ئۇيغۇر دەپ بېكىتتۇق . ئارغۇن سالىنىڭ ئانىسى لى جەمەتىدىن بولۇپ ، فامىلىسىدىن ئۇنىڭ خەنزۇ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ ، بىراق بىز ئارغۇن سالىنى ئوخشاشلا ئۇيغۇر دەپ قارىدۇق .

ئىككىنچىدىن ، بايان قىلىنىش ئوبيېكتىنىڭ ئەمەلدارلىق دەرىجىسى 6 ـ دەرىجىدىن يۇقىرى بولغانلىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلاردۇر . چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى ، ئەمەلدارلىق دەرىجىسى 6 ـ دەرىجىدىن يۇقىرىلار ، ئەمەلىيەتتە يەنىلا 6 ـ دەرىجىدىن يۇقىرى ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ئەمەلدارلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ ، تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ، بىر خىلى 6 ـ دەرىجىدىن يۇقىرى ئەمەلدار بولسىمۇ ، بىراق ئەمەلىي ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى 6 ـ دەرىجىگە يەتمەيدىغانلار ، يەنە بىر خىلى 6 ـ دەرىجىدىن يۇقىرى ئەمەلدارلىق تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىۋاتقانلار بولسىمۇ ، بىراق ۋەزىپىگە قويۇلمىغانلار .

ئۈچىنچىسى ، يۇقىرىدىكى بايانلاردىكى ماتېرىياللارنى تاللاش بىر قول تۇتىدىغان ئىشتۇر . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر

ئەمەلدارلار توغرىسىدىكى خاتىرىلەر يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ساقلانغان ماتېرىياللاردا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مىڭ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى ماتېرىياللاردىمۇ ئۇچرايدۇ، بولۇپمۇ يەرلىك تەزكىرىلەردە نىسبەتەن كۆپ. مۇنداقچە ئېيتساق، يۈەن سۇلالىسى دەۋرى ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەر نىسبەتەن توغرا بولۇپ ئىشىنىشكە بولىدۇ. بىراق ئانچە - مۇنچە خاتالىقلارمۇ مەۋجۇت، بولۇپمۇ دائىم ھەق - ناھەق ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەچكە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى خاتىرىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىنتايىن مۇشكۇل. شۇڭلاشقا، مۇئەللىپ يۇقىرىدىكى باياندىكى ماتېرىياللارنى تاللاشتا ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈپ پرىنسىپقا ئەمەل قىلدى.

بىرىنچى، ئاساسىي جەھەتتىن يۈەن سۇلالىسى ۋە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ماتېرىياللار ئىشلىتىلدى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ماتېرىياللار ئاساسەن ئىشلىتىلمىدى. ئىشلىتىلگەنلىرى بولسا ئاساسلىقى قوشۇمچە ئىسپات قىلىندى.

ئىككىنچى، ئېنىق قارشى ئىسپاتلار بار ھەم ئىشەنچلىك ئەمەس خاتىرىلەر ئېلىنمىدى. مەسىلەن، قارا دىۋاننىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى جىڭقاي توغرىسىدا ئىران تارىخچىسى جۇۋەينى «تارىخى جاھانكۇشاي» دېگەن ئەسىرىدە، قاغان (ئوگداي) نىڭ ئۇيغۇرلاردىن بولغان كۆرگۈزنىڭ ئەقىل - پاراستى، ئۆتكۈرلۈكى، ئىقتىدارى ۋە قابىلىيىتىگە قارىتا نەچچە ھەسسە ئىشەنچىسى ئاشقانلىقىنى تەسۋىرلەپ كېلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەمىر جىڭقاي يەنى كۆرگۈز ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، قاغاننىڭ ئوردىسىغا بېرىپلا ئۆزىنى ھىمايە قىلىدىغانلارنى ئىزدىدى، شۇڭا قاغان كۆرگۈزگە مېھرىبانلىق كۆرسەتكەندە



قولاشقا ئېرىشتى». مەزكۇر كىتابنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان بوئيل يۇقىرىدا دېيىلگەن گەپلەرگە مۇنداق بىر ئىزاھنى قوشقان: «قارىغاندا جىڭقاي ئۇيغۇر».① بۇ خاتىرىلەر جىڭقاينىڭ مىللەت تەۋەلىكىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلىغاندەك قىلىدۇ. 14 - ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە يېزىلغان پارسچە تارىخىي ئەسەر «جامىئۇل تەۋارىخ» تا جىڭقاينىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «قاغاننىڭ بىر ئۇيغۇر ۋەزىرى بار بولۇپ ئىسمى جىڭقاي، بىر كۈنى ئۇ چاغاتايدىن: «قايسى ياخشىراق؟ سېنىڭ ۋەزىرىڭمۇ ياكى مېنىڭكىمۇ؟» دەپ سورىغاندا، چاغاتاي: «ئەلۋەتتە جىڭقاي ياخشىراق» دېگەن.② شۇنداق بولسىمۇ، بىراق خەنزۇچە مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. جىڭقاينىڭ تەرجىمىھالى» ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان شۇ يۇرېن يازغان «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئوڭ قول ۋەزىر كېرەي تۆرىسىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» دە جىڭقاي كېرەي قەبىلىسىدىن دېيىلگەن، مۇشۇلارنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇ ماتېرىيالنى ئېلىشقا بولمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئېنىق گۇمانلىق نۇقتىلار يوق شۇنداقلا زىددىيەتلىك ماتېرىياللار بايقالمىغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئېلىندى. بىراق مەنسىپى 6 - دەرىجىدىن تۆۋەنلەر ئىلاجىسىز تاشلاپ قويۇلدى. «جېڭدې يىللىرىدا تۈزۈلگەن سۇڭجياڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 22 - جىلد «باسقاۋۇللار رويخېتى» دا خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇرلاردىن تۇتۇبۇقا، قارا بۇقا، دارما، تۇڭ تۇڭ، ئىدىچۇ، بەيجانۇ، ۋېنشۇنۇ قاتارلىقلار بار. ئۇلار جىجېڭنىڭ تۇنجى يىلى

①جۇۋەينى يازغان: بوئيل ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان: «تارىخى جاھانكۇشاي»، 2 - توم، 1958 - يىل نەشرى، 492 - بەت.
②راشىددىن: «جامىئۇل تەۋارىخ» رۇسچە نۇسخىسى، 2 - توم، 101 - بەت.

(1341 ـ يىلى )ـدىن جىجېڭنىڭ 12 ـ يىلى (1352 ـ يىلى ) غىچە بولغان ئارىلىقتا ئايرىم ـ ئايرىم سوڭجياڭ دىيارى (ھازىرقى شاڭخەي تەۋەسى ) دا ئەمەل تۇتقان . بىراق ئۇلارنىڭ قانداق مەنسەپ تۇتقانلىقى ئېنىق بولمىغاچقا ، ماتېرىيالى ئېلىنمىدى .

تۆتىنچى ، بەزى شەخسلەرنىڭ ئۇيغۇرلۇق سالاھىيىتى ئۇستىگە ئالغان مەنسىپىدە كۆرۈلۈپلا قالماي ، بىر قىسىم يەرلىك تەزكىرە ياكى تاش پۈتۈكلەردىمۇ ئۇچرايدۇ ، ئەمما نۆۋەتتە بىز تېخى باشقىچە كۆز قاراشتىكىلەرنى بايقىمىغان بولغاچقا ، ئومۇمەن مۇشۇ خىلدىكى خاتىرىلەرنى ئالدۇق . مەسىلەن ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان چېن داكې ، خۇڭ زۇ قاتارلىقلار ئۆزگەرتىپ يازغان «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن گۇاڭدۇڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 30 ـ جىلد «شياۋجۇ ۋىلايىتى . مەشھۇر ئەمەلدارلار » دىكى بېشبالىقلىق جىچاڭ ؛ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان جۇ شيىڭ يازغان «يىۋۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» 9 ـ جىلد «ۋەزىپىدىكى ئەمەلدارلار تەزكىرىسى» دىكى ئۇيغۇرلاردىن بولغان ئىدكۇتېمۇر ، مىڭسۇس بۇقا ، ئايان بۇقا ؛ لىۋ جيې قاتارلىقلار يازغان «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن نەنئەن ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 3 ـ جىلد «ئەمەلدارلار جەدۋىلى» دە خاتىرىلەنگەن چونلۇمىش ، رۇەن يۈەن رەتلىگەن «جېجياڭ ، جياڭسۇ تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى» 16 ـ جىلد «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جياشىڭ يولىدا قايتىدىن قۇرۇلغان ئاغلاقچى مەھكىمىسى ئابىدىسى» دىكى بېشبالىقلىق پەخرىدىن قاتارلىقلار مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ .



# § 2 . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ھەققىدە مۇھاكىمە

ھازىر بىز ئالدى بىلەن ئېنىقلانغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى 97 نەپەر ئۇيغۇر ئەمەلدارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ باقايلى . ئاددىي ۋە ئېنىق بولۇش ئۈچۈن ، ئاساسلىق ۋەزىپىدىكىلەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك جەدۋەللەشتۈرۈلدى :

| ئەمەل نامى | قارا دىۋان ۋەزىرلىرى | زوراغاللىق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ، باندانش زوراغال بېگى | باش مەھكىمە ياكى ۋاقىتلىق مەھكىمىلەرنىڭ ياردەمچى تەپتىشى ، تەپتىشبېگى | ئالتە پىرقىنىڭ دىۋان بەگلىرى | ۋاقىتلىق ۋازارەتنىڭ ۋەزىرلىرى | ھۆددىچى | تەپتىش بېگى | يوللارنىڭ ئاغلاقچىسى ياكى دارۇغاچىلىرى | ۋىلايەت ئايماق ، ناھىيىلەرنىڭ دارۇغاچىلىرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئادەم سانى | 15 | 3 | 12 | 11 | 29 | 8 | 7 | 33 | 21 |

بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى ، جەدۋەللەردىكى ئادەم سانى مۇشۇ خىل تۈردىكى ئەمەللەرنى ئۇستىگە ئالغان كىشىلەرنىڭ سانىنى كۆرسىتىدۇ . ئوخشاش بىر ئادەم جەدۋەلدىكى ئەمەللەرنىڭ ئىككى تۈردىن ئارتۇقىنى ئۇستىگە ئالغان بولۇپ ، ئادەم سانى بويىچە ئىستاتېستىكىلىغاندا

ئايرىم ھېسابلاپ كىرگۈزۈش كېرەك . مەسىلەن ، «قارا دىۋان ۋەزىرلىرى» تۈرىدىكى 15 ئادەم ، «باش مەھكىمە ياكى ۋاقىتلىق مەھكىمىلەرنىڭ ياردەمچى تەپتىشى ، تەپتىشبېگى» تۈرىدىكى 12 ئادەم ، «ۋاقىتلىق ۋازارەت ۋەزىرلىرى» تۈرىدىكى 29 ئادەم ، «يوللارنىڭ ئاغلاقچىسى ياكى دارۇغاچىلىرى» تۈرىدىكى 33 ئادەمنىڭ ھەممىسى ئولارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

جەدۋەلدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە مەركەزدىن يەرلىككىچە بولغان ئاساسلىق ھوقۇقلۇق ئورگانلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلار يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن بولۇپ ، سانىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى . ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقىتىدىن قارىغاندا ئاساسلىقى شىزۇ ۋە شۇندىدىن ئىبارەت ئىككى خان دەۋرىگە مەركەزلەشكەن . مەشھۇر ئۇيغۇر ئەمەلدارلاردىن لىيەن شىشيەن ، ئېلقايا ، ئولان ، ئارغۇن سالى ، لاچىن قاتارلىقلار يۈەن شىزۇ قۇبلايغا سادىق ئىدى . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئۇيغۇرلار موڭغۇل خانلىرىغا ياردەملىشىپ ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى مۇھىم كۈچ بولغان . ئۇنداقتا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن يۇقىرى دەرىجىلىك مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان؟ دېگەن مەسىلىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ .

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرى مىللەتلەرنىڭ دەرىجىسى خېلىلا قاتتىق ئايرىلغان بىر دەۋردۇر . ئومۇملۇقتىن قارىغاندا ، موڭغۇللار ۋە رەڭدار كۆزلۈكلەر ئوردىنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنى كونترول قىلغان بولۇپ ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلار قوشۇنىنىڭ ئۇلى نۆكەرلىكتىن كېلىپ چىققان «ئۇلى چىك» ئەۋلادلار دېيىشكە بولىدۇ . ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ كۆپچىلىكى نۆكەرلەردىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، قارا دىۋان ۋەزىرلىرى ئىچىدىكى لىيەن شىشيەننى بىر ئەۋلاد داڭدار ۋەزىر دېيىشكە بولىدۇ . ئۇ جۇڭتۇڭ يىللىرى



ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قارا دىۋاننىڭ ئوڭ قول ۋەزىرلىكىنى ، دىۋان ۋازارەت مۇئەككەللىكىنى ، ئوغلى لىيەن مىجىر قايا قارا دىۋان مۇئەككەللىكىنى ئۈستىگە ئالغان . موڭغۇل خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھاكىمىيەتنىڭ تىزگىنىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇشى ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ياخشى مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە بولغانلىقىدىنلا ئەمەس ، بەلكى ئاتىسى بۇرۇلقايانىڭ «18 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ پاسىبانغا بەيئەت قىلىپ ، نۆكەر بولۇشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقى»[1] دەك ئائىلە ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان باشقا ئۇيغۇر ئەمەلدارلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس . قارا دىۋاننىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى سارابانىڭ ئاتىسى ئادمىش تېمۇر يۈەن شىزۇ تەرىپىدىن بىتىكچىلىككە[2] تەيىنلەنگەن . ئۆگۈ بۇقا مىڭسەرىسنىڭ ئوغلى بولۇپ ، دادىسىنىڭ 3 - يىلى (1299 - يىلى ) شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ دىۋان بەگلىكىدىن قارا دىۋاننىڭ سول قول ۋەزىرلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن .[3] پەقەت مۇشۇ بىر ئائىلىدىكىلەردىن 3 - دەرىجىدىن يۇقىرى ئەمەل تۇتقانلار توققۇز كىشىگە يەتكەن ، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى مىڭسەرىس «شۈەنزۇڭ خان ئۆلگەندىن كېيىن ، سۇيۇرغال زېمىنىدىن يوشۇرۇنچە قايتىپ كېلىپ ، شىزۇ (قۇبلاي) غا پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇشقا نەسىھەت قىلىپ ، خانغا سادىق بولۇپ ، مۇشكۇل ئىشنى ئاسانلاشتۇرغان» .[4]

تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ نۆكەرلىكتىن ۋە موڭغۇل خانلىرىنىڭ يېنىدا ئۇستاز بولۇشقا رۇخسەت قىلىنغان كىشىلەردىن كېلىپ چىققانلىقىنى

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 125 - جىلد ، «بۇرۇلقايانىڭ تەرجىمىھالى» .
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 124 - جىلد ، «قارا يىغاچ بۇيرۇقنىڭ تەرجىمىھالى» .
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 120 - جىلد ، «چىڭغىزنىڭ ھەققىدە خاتىرە (3)» ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 142 - جىلد ، «ۋەزىرلەر يىلنامىسى» ؛ چېڭ جۇفۇ : «شۆلۈ توپلىمى» 7 - جىلد ، «ۋۇدۇ پاراسەتلىك ، ئەخلاقمەن بېگى شۇدېنىڭ ئابىدىسى» .
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 124 - جىلد ، «مىڭسەرىسنىڭ تەرجىمىھالى» .

بىلىنىۋالغىلى بولىدۇ .

بۇنىڭدىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ نۆكەر تۈزۈمىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشىش يولى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، نۆكەرلىكنى ئۇستىگە ئالغانلارنىڭ كۆپ قىسمى موڭغۇللار ، «ياساۋۇللار ئۇزاقتىن بۇيان ئەۋلادلىرى ئۈچۈن تۆھپە ياراتقان »[1] دېگەن گەپلەر چىققان . يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى ۋە پۈتكۈل خان جەمەتى ئەزالىرى باشتىن - ئاخىر ئۆزىنىڭ بالا - چاقىلىرىنى موڭغۇل ئالتۇن ئۇرۇقىنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ نۆكىرى بولۇشقا ئەۋەتىشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ قارايتتى ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار نامزاتى بولغىلى بولاتتى . ئۇيغۇرلارنىڭ نۆكەرلىككە تەيىنلىنىشى ھەممىدىن بۇرۇن بەيئەت قىلغانلىقى ، غەربكە يۈرۈش قىلىشتا تۆھپىسى بولغانلىقى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۇقىرى مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە بولغانلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك . يەنە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئىككى خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتىچىلىك رول ئوينىغان .

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەلدارلار قوشۇنى نۆكەرلەردىن كېلىپ چىققان «ئۇلى چىڭ» ئەۋلادلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ ، ھەر دەرىجىلىك مەھكىمىلەردە «ئۇزاقتىن بۇيان ئۇلار موڭغۇللارنى ئەزىزلەپ ، خەنزۇلار ۋە جەنۇبلۇقلارنى ئاسىيلار »[2] دەپ قاراپ كەلگەن . شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان . ئەينى ۋاقىتتىكى فېئودال زىيالىيلارنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا «ساپالىق بولۇش» ئۈچۈن بىلىم بولمىسا بولمايدۇ . تاۋزۇڭيى : «ھازىر موڭغۇللار ، رەڭدار كۆزلۈكلەردىن ئەمەل تۇتۇۋاتقانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىلىمدىن

[1] جۇدېرۇن : جۇ چياڭ جۇڭشيەننى ئاستانىگە ئۇزىتىشقا بېغىشلاپ » ، «سۇنفۇجەي ئەسەرلىرى توپلىمى » ، 4 - جىلد .
[2] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى » ، 85 - جىلد ، «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى » .



بىخەۋەر كىشىلەر ، پېيل چىشى ياكى مۆھۈرنى تۇتۇپ ئولتۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ[1] » دېگەن . جىيۈەننىڭ 15 - يىلى (1278 - يىلى ) جياڭخۇەي ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ «بىرسىمۇ قەلەم تۇتالمايتتى »[2] . يۇقىرىدىكى ماتېرىياللار خەنزۇ تارىخچىلىرىنىڭ قولىدىن چىققان بولۇپ ، بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلدار تاللاش تۈزۈمىدىن نارازى بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسە ، يەنە بىر تەرەپتىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەلدارلار قوشۇنىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . بۇنى نەزەردە تۇتقاندا ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ خەنزۇ ئەمەلدارلارغا يۆلىنىۋېلىش خاھىشى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى . خۇددى «كۇندە كۆرگەنلىرىمدىن خاتىرە »دە دېيىلگەندەك : «ئەلنىڭ ئىشلىرىنى بىرياقلىق قىلىشتا موڭغۇللار ، رەڭدار كۆزلۈكلەر سىياسىي ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى ، خەنزۇلار ھەمدەملىششى كېرەك ئىدى » . شۇنداق قىلىپ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇللار ۋە رەڭدار كۆزلۈكلەر ھوقۇقنى ئىگىلەپ ، خەنزۇ ئەمەلدارلار مەسلىھەتچىلىك قىلىش ۋەزىيىتى ئومۇمىيۈزلۈك شەكىللەنگەندى .

مىلادىيە 1271 - يىلى قۇبلاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن ، خەنزۇلارنىڭ قانۇنىنى قوللاندى ھەمدە قاغان ئوردىسىنى خەنزۇلار زېمىنىغا كۆچۈردى . بۇ سىياسىي ھاكىمىيەت ئورنىدا تۇرۇۋاتقان يايلاق چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوشۇلۇپ بىرلىششكە قاراپ ماڭغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن يۈەن شىزۇ قۇبلاي كۆپلىگەن كۇڭزىچى ۋەزىرلەرنى ئىشلەتكەن ،

[1] تاۋ زۇڭيى : «نەنسۇندە يەر ئاغدۇرۇش خاتىرىسى » ، 2 - جىلد ، «مۆھۈردارلار رويىختى » .
[2] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى » ، 173 - جىلد ، «سۇي بىننىڭ تەرجىمىھالى » .

خەنزۇ ئەمەلدارلارنى ئەتىۋارلىغان . جۇڭتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1260 ـ يىلى ) 5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئون يولنىڭ جارچى سىلاۋچىسى ئىچىدە ئىككى نەپەر مۇسۇلمان ( 回回人 ) ۋە خەنزۇلىشىپ كەتكەن جۇرجىتلار ، ئۇيغۇرلاردىن بىر نەپەردىن بولغاندىن باشقا ، قالغان 80 پىرسەنتىنىڭ ھەممىسى خەنزۇلار ئىدى . 7 ـ ئايدا يەنجىڭدا تەسىس قىلىنغان قارا دىۋان ۋازارىتىدە ۋەزىر مامادىن باشقا قالغان ئۈچ نەپەر ئاساسلىق ۋەزىر خەنزۇ ، يۇز نەچچە يانداش ئامبال ئىچىدە 90 پىرسەنتى خەنزۇ ئىدى .①

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئەينى چاغدىكى مىللەت چەكلىمىسى ئىنتايىن روشەن بولۇپ ، رەڭدار كۆزلۈكلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى ئىچىدىكى ئىگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرى ئەمەس ئىدى .

جۇڭتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى (1262 ـ يىلى )لى دەن توپىلىڭى يۈز بەرگەندىن كېيىن قۇبلاي خەنزۇ ئەمەلدارلاردىن ئازراق تەشۋىشلەندى ھەمدە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، خەنزۇ تۆرىلىرىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقلىرىنى بىكار قىلدى . بىراق قۇبلاينىڭ خەنزۇلار قانۇنىنى يولغا قويۇش سىياسىتىدە قىلچىلىكمۇ ئۆزگىرىش بولمىدى . خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ كۆپ قىسمىنى داۋاملىق ئىشلەتتى . ئەلۋەتتە ئادەم ئىشلىتىش سىياسىتىدە ئۈچ تۈرلۈك روشەن ئۆزگىرىش بولدى . بىرىنچى ، چىنكىم (قۇبلاينىڭ چوڭ ئوغلى ) ۋە باشقا بىر قىسىم موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئەمەلىي سىياسىي ئىشلارغا قاتناشتى . ئىككىنچى ، رەڭدار كۆزلۈكلەر ئىشلىتىلىشكە باشلىدى . ئۈچىنچى ، خەنزۇلارنى «قارا قويۇق ئىشلىتىش② » پوزىتسىيىسى ئۆزگىرىپ ، ئەڭ يېقىن خەنزۇ ئەمەلدارلارغا ئىشىنىشكە مايىل بولدى .

دەل مۇشۇنداق سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش ئارقىسىدا ، رەڭدار

①ۋاڭ يۈن : «چيۇجيەن ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 80 ـ جىلد ، «ئۆلىمالار ھەققىدە خاتىرە» .
②سۇ تيەنجۆ : «تۆت خەلىپەتنىڭ رەسىملىرىدىن خاتىرە» ، «زىشى يازمىلىرى» ، 2 ـ جىلد .



كۆزلۈكلەر موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى بولۇپ قالدى . ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى موڭغۇل تىلى ۋە باشقا كۆپ خىل تىللارنى ئىگىلىگەن بولۇپ ، ئالاقە ۋە مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ماھىر بولغاچقا ، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى .

ئۇيغۇرلار رەڭدار كۆزلۈكلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى بىر تارمىقى ، بۇ نۇقتىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى ئارقىلىق مەنسەپكە كىرگەنلىك ئەھۋالىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ . 61 نەپەر رەڭدار كۆزلۈك تەشرىپدار ئىچىدە ، ئۇيغۇرلار 19 نەپەر ، مۇسۇلمانلار ( 回回人 ) يەتتە نەپەر ، تاڭغۇتلار (غەربىي شىيالىقلار ) توققۇز نەپەر ، يۇڭگۇ ( 雍古 ) لار ئۈچ نەپەر ، قارلۇقلار ئۈچ نەپەر ، ئۇدۇنلۇقلار بىر نەپەر ، قاڭقىللار بىر نەپەر ، باشقىلار 18 نەپەر ئىدى .① يېقىندا يولداش گۇي شىپىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى 3 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەشرىپدارلار توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ باردى . تەتقىقات ئارقىلىق 30 نەپەر ئوڭ قانات (موڭغۇللار ، رەڭدار كۆزلۈكلەر ) تەشرىپدار ئىچىدە رەڭدار كۆزلۈكلەر 15 نەپەر ، موڭغۇللار 10 نەپەر ، قالغانلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكى ئىسپاتلاندى . 15 نەپەر رەڭدار كۆزلۈكلەر ئىچىدە ، ئۇيغۇرلار يەتتە نەپەر بولۇپ ، رەڭدار كۆزلۈك ئەمەلدارلارنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن② .

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تەشرىپدارلارنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى مەنسەپ تۇتۇش يولىغا بىر قەدەر چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن . ليەن خۇيشەن قايانىڭ 1 ـ دەرىجىلىك ئەمەل

①گۇي شىپىڭ قاتارلىقلار : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى رەڭدار كۆزلۈك تەشرىپدارلار توغرىسىدا تەتقىقات» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1994 ـ يىل 4 ـ سانىغا بېسىلغان .
②گۇي شىپىڭ : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەشرىپدارلىقتا ئۆتكەن ئەمەلدارلار توغرىسىدا تەتقىقات» ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ، 6 ـ سان ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى ، 1996 ـ يىل نەشرى .

ھېسابلىنىدىغان دانىشمەن ـ ئۆلىماللار كامالەتخانىسىنىڭ ئۆلىماسى بولۇشى [1] ئۇنىڭ شۆھرەت قازانغان جەمەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ئۇنىڭ بوۋىسى بۇرۇلقايا يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى داڭلىق ۋەزىر بولۇپ ، تەيزۇ ۋە شىزۇ دەۋرىدە شۇندىي قاتارلىق يوللاردا ئىزچىل ھۆددىچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ، ئاتىسى ئارغۇن قايا گۇاڭدىي يولىنىڭ دارۇغاچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن . تاغىسى لىيەن شىشيەن بىر ئەۋلاد مۇھىم ۋەزىر بولغان .[2] بۇنىڭدىن قارىغاندا لىيەن خۈيشەن قايا تەشرىپدارلىقتىن كېلىپ چىقمىغان بولسىمۇ ، ئائىلىسىنىڭ نام ـ ئابرويىغا تايىنىپلا مەنسەپكە ئېرىشەلىگەن . ئۇيغۇرلاردىن بولغان شىي يۈلى ، شىي جېدۇ ئاكا ـ ئۇكىلار قوچودىكى داڭلىق جەمەتتىن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ جەمەت ئاقساقىلى بىلگە چىڭگىزخان زامانىسىدا موڭغۇللارغا بەيئەت قىلغاچقا ، قېرىنداشلىرى ۋە جيەنلىرىنى موڭغۇللار ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن . يورۇن تېمۇر يۈەن تەيزۇڭ دەۋرىدە باش زالىم ھەكەملىكنى ئۈستىگە ئالغان ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىي ۋېنجى جيەن يولىنىڭ دارۇغاچى (3 ـ دەرىجىلىك ) بولغان ، بەش ئوغلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تەشرىپدارلىققا ئۆتكەن ، شىي جىجيەن ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ ، قېرىنداشلىرى ئىچىدە تۆتىنچى بولۇپ ئۆتكەن . يەنە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىنىڭ ئالدىنقى تۆت قېتىملىقىدا شىي جەمەتىدىكىلەردىن تەشرىپدارلىققا ئۆتكەنلەر بار . شىي جىجيەن ئالتىنچى قېتىم (جىشۇن يىللىرىدىكى گېڭۋۇ يىلى ) ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ ، مۇلازىملىق مەرتىۋىسى (7 ـ دەرىجە ) گە ئېرىشىپ ، چىڭخې ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى بولغان ، كېيىن مىرزا بەگلىككە تەيىنلىنىپ سۇسۇڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى (6ـ

[1] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 145 ـ جىلد ، «لىيەن خۈيشەن قايانىڭ تەرجىمىھالى» .
[2] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 125 ـ جىلد ، «بۇرۇلقايانىڭ تەرجىمىھالى» ، 145 ـ جىلد : «لىيەن خۈيشەن قايانىڭ تەرجىمىھالى» .



دەرىجە )بولغان [1] . بۇنىڭدىن ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنچە تېز سىياسىي ساھەگە كىرىپ ئەمەلدارلاردىن بولۇشى ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىككى خىل مەدەنىيەت ئارىسىدا ۋاستىچىلىك رول ئوينىغانلىقىدەك ئالاھىدە سالاھىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ھەتتا پۈتكۈل جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغان موڭغۇللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇلار ياللۇغ چۇسايغا ئوخشاش ، موڭغۇللارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى ۋە خەنزۇلارنىڭ تېرىم مەدەنىيىتىنى بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشىنىدىغان بىر تۈركۈم مەدەنىيەت ۋاستىچىلىرىگە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى . ئىچكىرىگە كۆچكەن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ئەمەلىيەتتە مۇشۇنداق ئادەملەردىن ئىدى ، ھازىر بار بولغان ماتېرىياللاردىن مەلۇمكى ، بەزى ئۇيغۇرلار خەنزۇچىدا كامالەتكە يەتكەن بولۇپ ، تىلماچلىقنى ئۈستىگە ئالغان . دانىشمەن ئۆلىمالار كامالەتخانىسىنىڭ تىلماچى شىي تيې قوچولۇق شىي جەمەتىدىن بولۇپ ، خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلىدىغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇملۇق ئىدى . ئىدقۇل ئۇيغۇر بولۇپ ، قارا دىۋاننىڭ موڭغۇلچە تىلماچلىقىغا تەيىنلەنگەن . ئۇ «كۆڭزى تەلىماتىغا پىششىق بولۇپ ، قائىدە ـ يوسۇنلۇق ، ئۇقۇمۇشلۇق كىشى ئىدى ، بۇددىزم توغرىسىدا ناھايىتى ئەتراپلىق مۇتالىئە قىلاتتى ، چوڭ خەتلەرنى يېزىشقا ماھىر ئىدى» .[2] روشەنكى ، ئۇ خەنزۇ تىلىغا پۇختا ئىدى . قوچولۇق تېمۇر قايا تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تىلماچلىقىنى

[1] ئوۋياڭ شۈەن : «قوچولۇق شىي جەمەتىدىكىلەرنىڭ شەجەرىسى» ، «گۇيجەي توپلىمى» 11 ـ جىلد .
[2] ليۇشۈن : «شۈيسۈن كەنتىدە يوقلىسىپ كەتكەن قولىيازمىلار» ، 8 ـ جىلد ، يەنپىڭ يولىنىڭ جاكارچى بېگى شىڭلىن تۆرىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» .

ئۈستىگە ئالغان ئىدى.[1] «تىلماچ» لىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئۇيغۇرلار ئىچىدە، موڭغۇل تىلىغا پىششىق قەلەمدارلار تولا ئەمەس ئىدى. ئىدقۇل قۇبلاي دەۋرىدە قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ موڭغۇلچە تىلماچىلىقى (يەنى موڭغۇلچە بىتىكچى) غا تەيىنلەنگەن. تاڭ رىنزۇ نامدار ئېسىلزادە ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بوۋىسى ۋە دادىسى ئىككى ئەۋلاد ئوردىنىڭ خىزمىتىدە بولغان، تاڭ رىنزۇ قۇبلاينىڭ بۇيرۇقى بىلەن موڭغۇل تىل - ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغان، قارا دىۋاندا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 12 يىلدىن ئارتۇقراق موڭغۇلچە بىتىكچى بولۇپ، 3 - دەرىجىلىك خەلپەتلىكتىن ئۆلىمالىققا بىۋاستە ئۆستۈرۈلگەن[2]. ئۇيغۇرلار موڭغۇلچە كىتابلارنى پىششىق ئوقۇغاچقا، موڭغۇل خان ئوردىسىدا خان ئۇستازلىقى ۋە بىتىكچىلىكنى ئۈستىگە ئالغانلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. سانجىسىنىڭ دادىسى توخس «دەسلەپتە تەيزۇنىڭ ئىنىسىنىڭ بىتىكچىسى بولۇپ، كېيىنچە خان ئۇستازى بولغان[3]». ئۇيغۇرلاردىن بولغان تېكەچۇق تەيزۇغا ئەگىشىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ ياۋ بىلەن جەڭ قىلىپ تۆھپە يارىتىپ، سىخۇەن ياساۋۇلخانىسىنىڭ بىتىكچىلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن»[4]. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىتىكچىلەر[5] نىڭ ھەممىسى موڭغۇل يېزىقىنى پىششىق بىلەتتى. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى» ئېلان قىلىنغان جىيۈەننىڭ 8 - يىلى (1271 - يىلى) دىكى مۇقەددەس پەرماندا ئېنىق قىلىپ: «ئوردىغا كىرىدىغان بىتىكچىلەر چوقۇم يۇز كۈن ئىچىدە موڭغۇل يېزىقىنى پىششىق

① «يۈكلې قامۇسى»، 2342 - جىلد، «ۋۇجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى تۆھپىكار ئەمەلدارلار».

② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 134 - جىلد، «تاڭ رىنزۇنىڭ تەرجىمىھالى».
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 134 - جىلد، «سانجىنىڭ تەرجىمىھالى».
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 135 - جىلد، «تېكەچۇقنىڭ تەرجىمىھالى».
⑤ بىتىكچى موڭغۇلچە bichikchi دېيىلىدۇ، مەنىسى پۈتۈكچى دېگەنلىك. تۈركچە bitikchi دېيىلىدۇ.



ئۆگىنىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئانا تىلىنى ئىگىلەش بىتىكچىلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەقەللىي شەرت بولۇپ قالغان. شۇڭا موڭغۇل يېزىقىنى ئۆگىنىش ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى باشقا مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ «مەنسەپكە كىرىش يولى» بولۇپ قالغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يۇقىرى قاتلام موڭغۇللار ئارىسىدا ئانا تىلىنى ئىشلىتىپ ئالاقە ئېلىپ بېرىش گەپ كەتمەيدىغان ئىش ئىدى. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يۇقىرى قاتلام موڭغۇللار بىلەن بىۋاستە سۆزلىشەلەيدىغان بولۇش موڭغۇل تىلىنى پىششىق بىلىشتە كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەھرەم نۆكەرلەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇل ھۆكۈمرانلار قاتلىمىدىكىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە قويۇق ئالاقىسى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ ساندىكىلىرى موڭغۇلچە سۆزلەشنى بىلىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى پادىشاھ بىلەن نۆكەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدىمۇ تىلماچقا ئېھتىياجلىق بولۇش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش بولمايتتى. بولمىسا ئۇلار قانداقمۇ چېدىردا بىمالال پائالىيەت قىلالايدۇ.

ئۇيغۇرلاردىن موڭغۇل تىلىنى پىششىق بىلىدىغانلار بۇلارلا ئەمەس ئىدى. بۇنى ئىككى مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرەيلى. ۋېنشۈۋۇ ئۇيغۇرلاردىن بولغان ئېسەننىڭ ئاتىسى بولۇپ، ئۇ دۆلەت ئۇستازى باسپاغا ياردەملىشىپ موڭغۇل يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭى يېزىقنى ئىجاد قىلغان ھەمدە خەلپەتلىكتىن ئۆلىمالىققا بىۋاستە كۆتۈرۈلگەن. ئېسەن ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، 20 ياش ۋاقتىدا خانزادىلەر ئۇستازلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن ھەمدە «قەدىمكى ئەۋلىيالارنىڭ ئىشلىرى شۇنداقلا دەۋرلەردىن بۇيانقى بەگ — ۋەزىرلەرنىڭ ياخشىلىق -

رەزىللىكلىرى ، مۇۋەپپەقىيەت ـ مەغلۇبىيەتلىرىنى تەكشۈرۈپ دۆلەت تىلى (موڭغۇل تىلى) غا تەرجىمە قىلىپ ، شاگىرتلارغا يەتكۈزۈپ ، ھۆكۈمدارلارغا سادىق بولۇش ، ھەربىر ئادەم ئۆزىنى بېغىشلاش ، تۆھپە قوشۇش ، يادىكەشلىك قىلماسلىق ۋە قۇرۇق گەپ ساتماسلىق ھەققىدە تەلىم بەرگەن . . . كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ ، باشقىلارغا يەتكۈزگەن . دۆلەت تىلىنى (موڭغۇل تىلى) ئۆگەنگۈچىلەر ئۇنى كۆپچىلىكنىڭ ئۇستازى دەپ ھۆرمەتلىگەن » .① يەنە بىر ئۇيغۇر كىشى داچېڭدۇ زامانداشلىرى تەرىپىدىن «باخشى »② دەپ ھۆرمەتلەنگەن . «ئەجدادلىرى ۋە ئائىلىسىدىكىلەردىن ئېشىپ چۈشىدىغان بولۇپ ، بىلىمى ناھايىتى مول ئىدى . قەيەردىن سورىسا شۇ يەردىن جاۋاب بېرەتتى ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك كلاسسىك ئەسەرلەرنى يادلىيالايتتى . »③ بۇ ماتېرىياللار بىر تەرەپتىن داچېڭدۇنىڭ كەڭ ۋە مول بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ موڭغۇل تىلىغا پىششىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ . قۇبلاي گەرچە ئۇيغۇرچە خەت يازالىسىمۇ ، ئۇيغۇر تىلىدا راۋان ئاڭلىيالىشى ناتايىن ئىدى . ئېلىمدە كامالەتكە يەتكەن داچېڭدۇنىڭ ئالدىدا ئۇ جەزمەن ئانا تىلىدا سۆزلەيتتى ، ناۋادا داچېڭدۇ موڭغۇل تىلىنى بىلمىگەن بولسا ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەيتتى ھەمدە خان نەۋرىسى ئاناندانىڭ ئۇستازلىقىغا تەكلىپ قىلىنمايتتى .

بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلىشىش ، كۆڭزىچىلىشىش ئەھۋالىغا قارىتا چۈشەنچە بېرىشىمىز زۆرۈر . چۆللۈكنىڭ

① سۇ تيەنجۆ : «زىشى يازمىلىرى » 15 ـ جىلد ، «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كېڭەشبەگ خانلىق بىلىم يۇرتى دانىشمەن ، ئۆلىمالار كامالەتخانىسىنىڭ ئۆلىماسى مەرتىۋىسىنى بەرگەن فەنياڭ ۋىلايىتىنىڭ باسقاۋۇلى مەرھۇم ئېسەننىڭ تۆھپە ئابىدىسى » .

② «باخشى » بۇ سۆز موڭغۇلچە baghsi دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، خەنزۇچە تەرجىمىسى «دوكتور » ، مەنىسى «ئۇستاز » دېگەنلىك بولىدۇ . پارس تىلىدا Ustad دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ ، مەنىسى «ئۇستاز » ، «ئوقۇتقۇچى » دېگەنلىكتۇر .

③ «چېڭ جۇفۇ : «چىن بەگلىكىنىڭ مەرىپەتلىك بېگىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى » ، «شۆلۇ توپلىمى »



شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا ، چارۋىچىلىق رايونلىرى بىلەن خەنزۇلار رايونىنىڭ ئالاقىسى قويۇق بولغاچقا ، ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدە ۋاستىچىلىكنى ئۈستىگە ئېلىشىغا ئاساس سېلىنغان . خەنزۇلار رايونىغا كىرىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن ، ئۇلار مۇشۇ يەردىكى ئۇزاق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە خەنزۇ ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن ئۇزاق مەزگىل يېقىن ئالاقە قىلغان ۋە ھەمكارلاشقان .

لىيەن شىشيەن كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى ، «كۇڭزىچى ئۆلىما شۇخېڭ ، ياۋ شۇشۆ قاتارلىقلار بىلەن ساۋاقداش ئىدى » .① تارىخىي كىتابلارنى پىششىق ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن زامانداشلىرى ئۇنىڭغا «لىيەن مېڭزى » دەپ نام بەرگەن . قوچۇلۇق قارا بۇقا گۆدەك ۋاقتىدىن باشلاپ كۇڭزى تەلىماتىنى ئۆگەنگەن ، بالىلىق ۋاقتىدا دادىسى زالىم ھەكەم بولۇپ ، باۋدىڭنى باشقۇرغاچقا ، ئۇنىڭ ھالىدىن ئانىسى ئاۋدۇنلىن خەۋەر ئېلىپ يىدۇ (ھازىرقى شەندۇڭ) دا تۇرۇپ قالغان . بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇشۇناسلىقنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ كۈنسېرى كۈچەيگەنلىكىنى يۇزەكى بولسىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ئىككى خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك رولىنى ئوينايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلىدۇ ، موڭغۇل ـ يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى خانلار خەنزۇچە يارلىق پۈتەلمىگەچكە ، سۆزىنى يەتكۈزىدىغان ئادەمگە ئېھتىياجلىق ئىدى . يۈەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىدىن رېنزۇڭ خان خەنزۇتىلى ۋە يېزىقىنى بىرىنچى بولۇپ بىر قەدەر پىششىق ئىگىلىگەن . قۇبلاي «خەت تونۇمىغانلار قارا قورساق » دېگەن بولسىمۇ ، ئۆزى خەنزۇ يېزىقىنى

①سۇ تيەنجۆ : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ۋەزىرلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى » ، 7 ـ جىلد ، «ۋازارەت مۇئەككىلى لىيەن ۋېنجېڭ تۆرە » .

ئوقۇيالمايتتى ، لېكىن كىتابتا يېزىلغان ئۇيغۇر يېزىقىنى ئوقۇيالايتتى .[1] قۇبلاي بىلەن شۇخېڭ پاراڭلاشقان ۋاقىتتا تىلماچقا تايىناتتى . «لۇجەي ۋەسىيەتنامىلىرى» 13 ـ جىلد «يىللىق ئىمتىھان توغرىسىدا قىسقىچە بايان» دا «موللام ھەر قېتىم پىكىر بايان قىلغاندا ياكى قوبۇلغا بارغاندا قاغان (قۇبلايىنى دېمەكچى ) پەزىلەتلىك تىلماچنى چاقىرتىپ كېلىپ ئاندىن كېيىن كۆرۈشەتتى» دېيىلگەن . شۇڭلاشقا خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلمىسە خان جەمەتىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى تەرجىمە قىلىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان دەستۇر ، تارىخنامىلەرنى موڭغۇل بەگلىرى ، ئەمەلدارلىرىغا تونۇشتۇرالمايتتى . ئۇيغۇرلاردىن بولغان داڭلىق شەخس ئاراساڭ 9 يېشىدىن باشلاپ ئۇستازلىرىدىن ئىلىم ئۆگەنگەن بولۇپ ، كۆپ خىل يېزىقنى پىششىق بىلەتتى . يۈەن شىزۇ تەختكە چىققاندا ئاراساڭ ئۇنىڭغا «بايلىق توغرىسىدا پەندى ـ نەسىھەتلار »نىڭ 11 ـ جىلدىنى تەقدىم قىلدى يەنە «خانغا نوم ـ دەستۇر ئارقىلىق نەسىھەت قىلىپ ، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان مالىمانچىلىقلارنىڭ سەۋەبىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ‹نەسىرنامە . ئۇۋال قىلماسلىق توغرىسىدا › ، ‹جېنگۇەن يىللىرىدىكى مۇھىم تەبىرلەر › ، ‹ئۆرنەكلەر › نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلىپ ، ھەربىرسىدىن بىر پارچىدىن تەقدىم قىلدى .»[2] قارىغاندا ، ئاراساڭ خەنزۇ ، موڭغۇل ، ئۇيغۇر تىللىرىنى پىششىق بىلىدىكەن ، بولمىسا تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇيالمايتتى . ئۇنىڭدىن باشقا ، شىزۇ خان يەنە ئۇيغۇرلاردىن بولغان كارۇنداس (karunadaz )نى «ئەنەتكەك ، تىبەت نوم ـ دەستۇرلىرىنى

① «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تىل ـ يېزىق مەسىلىلىرى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر » ، بۇ ماقالە چېن دېجىنىڭ ئېلان قىلىنمىغان ئەسىرى .
② چېڭ جۇفۇ : «چىن بەگلىكىنىڭ مەرىپەتلىك بېگىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «شۆلۇ توپلىمى» ، 9 ـ جىلد



ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇپ ، بۇ كىتابلارنى خان يارلىقى بىلەن ھەرقايسى تۆرە ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالارغا تارتۇق قىلدى .»[1] بۇ موڭغۇل ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنى تونۇيدىغان ، ئوقۇيالايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ خېلى چوڭقۇر خەنزۇ مەدەنىيىتى ساپاسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . مۇشۇنداق بولغاندىلا موڭغۇل ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش ئارزۇسىغا تېخىمۇ ياخشى ماسلاشقىلى بولاتتى . ئىككىنچىدىن ، بەزى ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئۇزاق مەزگىل موڭغۇللارنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدا ياشىغان ھەم موڭغۇللىشىش دەرىجىسى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىدى ، شۇڭا ئۇلار موڭغۇللارنىڭ يايلاق مەدەنىيىتىنى نىسبەتەن كۆپ چۈشىنەتتى . بۇ ئىككى جەھەتتىكى ئامىل سەۋەبىدىن ئۇلار ئىككى خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا تارقىتىش ۋە ئالاقە باغلاش رولىنى ئوينىغان .

ئۈچىنچىدىن ، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ نىكاھ ۋە ئەمەل تۇتۇش يولىدا مەلۇم مۇناسىۋەت بار بولۇپ ، يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا قۇدىلىشىش ئىشلىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرغان ؛ ئۇيغۇر ئاراساڭ جاڭ جەمەتىدىن ئۆيلەنگەن ، قىزىنى شىزۇ دەۋرىدىكى قارا دىۋان سول قول ۋەزىرى ياللۇغ جۇنىڭ ئوغلى ، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ياندىش ئايغاقچىسى ياللۇغ شىتۇ ئەمرىگە ئالغان .[2] خې شىڭ (يەنە بىر ئىسمى خې بويەن ) ، قارا دىۋاننىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ، دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى خې رېنجيىنىڭ ئوغلى بولۇپ ، ئۇ جىدانىڭ 3 ـ يىلى (1310 ـ يىلى ) سول قول ۋەزىرلىككە ئۆستۈرۈلۈپ

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 134 ـ جىلد ، «كارۇناداسنىڭ تەرجىمىھالى» .
② چېڭ جۇفۇ : «چىن بەگلىكىنىڭ مەرىپەتلىك بېگىنىڭ ئابىدىسى» ، «شۆلۇ توپلىمى» ، 9 ـ جىلد .

چوڭ قىزىنى رېنزۇڭ خان دەۋرىدىكى دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى ئېلقايا[1] غا ياتلىق قىلغان. مىڭسەرىس ئۇيغۇرلارنىڭ كاتتا جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، شىزۇ خان دەۋرىدە دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى ۋاڭ ۋېنۋاڭ ئۇنى ۋەزىرلىككە كۆرسەتكەندە قەتئىي باش تارتقان. ئوغلى ئۆگۈ بۇقا دادىسىنىڭ 3 - يىلى (1299 - يىلى) شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ دىۋان بەگلىكىدىن قارا دىۋانىنىڭ سول قول ۋەزىرلىكىگە كۆتۈرۈلگەن؛ قىزى قارا دىۋانىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى لىيەن شىشيەنگە ياتلىق قىلىنغان.[2]

بۇ ماتېرىياللاردىن بايقىۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنىڭ نىكاھلىنىشى كۆپىنچە مەلۇم خىل سىياسىي مۇددىئاغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ پېشىگە ئېسىلىشىپ، بىر - بىرىنى قەدىرلىشىپ، ئائىلە شەنى ۋە ئېسىلزادە ئائىلىسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى كېيىنكى ئەمەل تۇتۇش ئىشلىرى ئۈچۈن شوتا قىلغان.

## § 3. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە سىياسىي ئەمەلىيىتى

جۇڭگونىڭ قەدىمكى فېئوداللىق جەمئىيىتىدە،

[1] يۇ جى: «داۋيۈەن ئۇزۇندىلىرى»، 18 - جىلد، «خې چېڭشياڭنىڭ قەبرە ئابىدىسى» دە دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى ئابۇ قايا خاتىرىلەنگەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 112 - جىلد، «ۋەزىرلەر يىلنامىسى (1)» دە ئابۇ قايا دېگەن كىشىنىڭ ئىسمى ئۇچرىمايدۇ. پەقەت رېنزۇڭ خان دەۋرىدە ئېلقايا دەيدىغان دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بار. ئېھتىمال ئاھاڭ تەرجىمىسىدىكى خاتالىق بولۇپ، بۇ ئادەم ئېلقايا بولۇشى كېرەك.

[2] چېڭ جۇفۇ: «شۆلۇ توپلىمى» 6 - جىلد، «ۋۇدۇ پاراسەتلىك، چېچەن بېگى شۇدېنىڭ ئابىدىسى» دە: «چوڭ (قىزى)» دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى لىيەن شىشيەنگە ياتلىق قىلىنغان، دەپ خاتىرىلەنگەن. سۇ تيەنجۆ: «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى»، 65 - جىلد، «دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى لىيەن ۋېنجېڭنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» دە «لىيەن شىشيەن ئۇيغۇر مىڭسەرسىنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالدى»، دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ لىيەن شىشيەن مىڭسەرسىنىڭ كۈيئوغلى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ. كېيىن لىيەن شىشيەن ۋەنيەن قەبىلىسىنىڭ سەردارى جوڭشەن ۋالىيسى قايسانىنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالغان.



ئەمەلدارلارنىڭ سىياسىي ساپاسى سىياسىي پەزىلەت، سىياسىي قابىلىيەت، خىزمەت پوزىتسىيىسى، ئىش بېجىرىش پرىنسىپى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللارنى كۆرسىتىدۇ، ئەمەلىيەتتە سىياسىي پائالىيەتتە فېئوداللىق سىياسىي قائىدىنى، ئەدەپ - ئەخلاق مىزانى، قانۇن - نىزام ئىگىلەش ۋە قوللىنىشتىن ئىبارەت. فېئوداللىق سىياسىي قائىدە، ئەدەپ - ئەخلاق دائىرىسى ۋە قانۇن - مىزان ئادەتتە كۇڭزى تەلىماتىنى ئاساسىي پروگرامما قىلغان، كۇڭزى تەلىماتى جۇڭگو فېئوداللىق مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى بولۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ يۇقىرىلارنى باشقۇرۇشتا رىئايە قىلىدىغان ۋە ھىمايە قىلىدىغان زورۇر ئۆلچەم. شۇنىڭ ئۈچۈن، فېئودال ئەمەلدارلارنىڭ سىياسىي ساپاسى ئۇلار ھازىرلىغان مەدەنىيەت ساپاسىنى ئاساس قىلغان بولۇشى كېرەك.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى كۆپىنچە نۆكەرلىك تۈزۈمى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن، بۇ خىل تۈزۈم يايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، كۆچمەن چارۋىدارلارنىڭ «چىنداۋۇل» لىرىدىن كېلىپ چىققان. قۇبلاي خەنزۇلار زېمىنىغا كىرىپ بۈيۈك بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن، گەرچە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن نۆكەرلىك تۈزۈمىنىڭ ئەسلىدىكى كۆپ خىل رولى ئاۋۋالقىدەكلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى فېئودال ئەمەلدارلار يۇقىرى مەنسەپكە چىقىشتىكى مۇھىم يول بولۇپ قالغان. شۇنداق بولغاچقا، يۈەن سۇلالىسى بيۇروكرات ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن بولۇشتەك ناچار خاھىش ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەلدارلارنى ئىشلەتكەندە، ھاكىمىيەت يۇرگۈزگۈچى چوڭ ۋەزىرلەر ھەتتا ئادەتتىكى كىچىك ئەمەلدارلار ئايماقلاردىكى خەت تونۇيدىغان ۋە كىتاب

ئوقۇيالايدىغان كىشىلەرنى يىغىپ ، كۈننى ـ كۈنگە ئۇلاپ ماقالە يازدۇرۇپ ئۆتتۇۋالاتتى .»① مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى مۇقەررەر هالدا سىياسىي ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ، پۈتكۈل ئەمەلدارلار قوشۇنىنىڭ سىياسىي ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى سەۋەب مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەمەلدارلارنى تاللاشتا مەدەنىيەت ساپاسىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئۆلچەمنىڭ كەم بولۇشى ئىدى . «ئەهلى ئىلىملەر تەييارتاپلىشىپ كەتتى ، ئۇلار بىلىم ئۆگەنمەيدۇ ، بۇ خىل ناچار خاهىش ناهايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتتى» .② يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇللار ۋە رەڭدار كۆزلۈكلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەن بولۇشىدەك ئومۇمىي يۈزلىنىش ئاستىدا ، ئىچكىرىگە كۆچكەن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار كۆڭزى تەلىماتىغا چوقۇنۇشقا باشلىغان ھەمدە «كۆڭزى ئەقىدىسى بىلەن جاهاننى ئىدارە قىلىش»تەك سىياسىي ئىرادىگە كەلگەن بولۇپ ، بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ئىدى . يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار نۆكەرلىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىققا ئۆتۈشتەك ئەۋزەل يولدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاز كەچكەن . بۇرۇلقايانىڭ نەۋرىسى لىيەن خۇيشەن قايا مۇشۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر . ئۇ مۇنداق دېگەن : «ۋەزىر بولۇش ئۈچۈن نۆكەر بولۇش كېرەك . بوۋام (لىيەن شىشيەننى دېمەكچى ) شىزۇ زامانىسىدا لىيەن مېڭزى دەپ نام ئالغان ، بۈگۈنكى كۈندە ئەمەلدار بولۇش ئۈچۈن ئىجتىهات بىلەن كىتاب ئوقۇپ تەشرىپدار بولۇش كېرەك» . شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەدرىسكە كىرىپ ، جىيۈەننىڭ تۇنجى يىلى تەشرىپدارلىققا

①يۇچۇ : «ياڭ جۇنشيەن خەلق قوشاقلىرى توپلىمى» ، «چىڭ ياڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 4 ـ جىلد .
②شۈيۈرېن : «فېڭ جاۋمۇنى ئۇزىتىشقا بېغىشلاپ» ، «جىجېڭ توپلىمى» 23 ـ جىلد .
③«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 145 ـ جىلد ، «لىيەن خۇيشەن قايانىڭ تەرجىمىهالى» .



ئۆتكەن .③ بۇ خىل بىلىمگە ئىنتىلىش ئىستىلى ئۇيغۇرلار ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان ، جياڭشى ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ ئوڭ ـــ سول كاتاۋۇللىرى ئىچىدىكى قوچولۇق پۇداشىل (تەخەللۇسى جۇڭ ۋېن ) كۆڭزىچىلىق ئىلمىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان . «ئۇ كېچىلىرى جىن چىراغىنىڭ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇغاندا ، كىشىلەر هەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن : ‹نامرات تۇرۇپ خۇشاللىق بىلەن ئىلىم تەهسىل قىلىشىڭىزنىڭ ۋەجى نېمىكىن ؟ دەپ سورىغاندا ئۇ : مەنىۋى ئوزۇق كىشىگە پايدىلىقتۇر ، كىتاب ئوقۇمىسا بىلىملىك بولغىلى بولمايدۇ ، مۇشۇنداق تۇرۇپ ئۆگەنمەي ، كېيىن پۇشايمان قىلغاننىڭ نېمىسى › دەپ جاۋاب بەردى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلىم تەهسىل قىلىپ تەشرىپدارلىققا ئۆتتى» .① بېشبالىقلىق كىشىمىر دائىم ئوغۇللىرىغا مۇنداق تەربىيە قىلاتتى : «قېرىنداشلار ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇپ ، مەڭگۈ ئايرىلماڭلار ، كۆڭزىچىلىق دەستۇرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئوقۇش بايلىق توپلىغاندىن مىڭ ئەۋزەلدۇر» .②

بىر قەدەر ياخشى مەدەنىيەت ساپاسى ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنىڭ سىياسىي ساپاسىنى بەلگىلەيدۇ . لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ، نۆۋەتتىكى تارىخشۇناسلىق ساهەسىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ سىياسىي ئەمەلىيىتىگە بېرىلگەن ئومۇمىي باها يېتەرسىز . ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى ، دەرۋەقە بەزى ئوردا ئەمەلدارلىرى قانۇنسىزلىق قىلىپ ، يامان تەسىر پەيدا قىلغان . مەسىلەن ، ئۇيغۇرلاردىن ئېلقايا خۇنەنگە جازا يۈرۈشى قىلىش ئۇرۇشىدا ، ئەل بولغان 3800 تۇتۇننى شەخسىي قۇلى قىلىپ ئۆزى ئەمەلدارلارنى بەلگىلەپ ، باج ـ سېلىق يىغقان .

①جېڭ يۈەنيو : «جياڭشى ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ ئوڭ ، سول كاتاۋۇللىرى ئىچىدىكى قوچولۇق پۇداشىل تۆرىنىڭ قەبرە ئابىدىسى» ، «ۋۇ ۋېنجېڭ تۆرىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» ، «چياۋۋۇ توپلىمى» 12 ـ جىلد .
②ۋۇ دېڭ : «چى بەگلىكىنىڭ ساداقەتمەن تۆرىسىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «ۋۇ ۋېنجېڭ تۆرىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» 32 ـ جىلد .

جىيۇەننىڭ 17 - يىلى (1280 - يىلى ) جەنۇبىي مەھكىمە باش تەپتىش بېگى ۋېي جىيەنخې ، ئېلقايا ۋەخۇ گۇاڭ ۋاقتىلىق ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى قۇتلۇق تېمۇر قاتارلىقلار ئەسىر ئالىغان 32 مىڭدىن كۆپرەك ئاھالىنى قويۇپ بېرىپ ئازاد قىلىۋەتكەن .[1] بىراق بۇ قانداقلا بولمىسۇن ئايرىم كىشىلەرنىڭ قىلىقى بولۇپ ، ھەرگىزمۇ بارلىق ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنى مەككار ، پارىخور دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ .

ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشلەر يەرلىكتە ئەمەلدارلىقنى ئۇستىگە ئالغان بولۇپ ، يەرلىكنى باشقۇرۇشتىكى سىياسىي ئەمەلىيەتنى ئۇلارنىڭ سىياسىي ئەمەلىيىتىنىڭ ئاساسلىق تەرىپى دېيىشكە بولىدۇ . بۇ نۇقتىدا مۇئەللىپ كېيىنكى پاراگرافتا مەخسۇس تېما بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ . مۇئەللىپنىڭ مۇھاكىمىسىنىڭ نەتىجىسى شۇكى ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلار يەرلىكنى باشقۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ يەرلىكتىكى سىياسىي تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ ، ياخشى ئەمەلدارلىق نامى بار ئىدى .

يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەپتىش سىستېمىسى (مەركىزىي تەپتىش مەھكىمىسى ، يەرلىك ۋاقىتلىق تەپتىش مەھكىمىسى ، ھەر قايسى ئۆلكىلەردىكى تەپتىش مەھكىمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ئىنتىزام - ئىستىل مەھكىمىسى بولۇپ ، تەپتىش ئەمەلدارلىرى قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلالتى ، مەسئۇلىيىتى ئېغىر ئىدى . ئىچكىرىگە كۆچكەن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ھەرقايسى تەپتىش ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن بولۇپ ، بۇنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن . جەدۋەلدىن كۆرۈڭ .

[1] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 128 - جىلد ، «ۋەزىر ۋېي جىيەنخېنىڭ تەرجىمىھالى» .



| ئىسىم - فامىلىسى | كېلىپ چىقىشى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | تارىخي ماتېرىياللارنىڭ كېلىش مەنبەسى |
| --- | --- | --- | --- | --- |
| شىي جىدۇ | بوۋىسى قارا بۇقا نۆكەر بولغان | گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ تەپتىشبېگى | نامەلۇم | «گۇيجەي توپلىمى» 11 - جىلد «قوچولۇق شىي جەمەتىدىكىلەرنىڭ شەجەرىسى» |
| ئېلقايا | نۆكەر | تەپتىشبېگى | جىيۇەننىڭ 3 - يىلى | «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى» 59 - جىلد ئۇگۇاڭ «ۋاقىتلىق ۋازارىتى سول قول ۋەزىرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» . |
| ليەن خېڭ | ئەمەلدار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان | ياردەمچى تەپتىشبېگى | نامەلۇم | «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى» 65 - جىلد «دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى ليەن ۋېنجېڭ تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ليەن دۇن | ليەن شىشيەننىڭ ئوغلى | غەربىي سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ تەپتىشبېگى | نامەلۇم | يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش |
| تانا | نامەلۇم | مۇپەتتىشبېگى | نامەلۇم | «شىتيەن توپلىمى» 13ـ جىلد «ئالىي ئەمىر زېمىن نامى بېرىلگەن، سۇ بەگلىكى ساداقەتمەن بېگى تانانىڭ تۆھپە ئابىدىسى» |
| تېمۇر بۇقا | جىدا يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دادىسى نۆكەر بولغان | باش تەپتىشبېگى | تيەنلىنىڭ 2 ـ يىلى | «داۋ يۈەن ئۇزۇندىلىرى» 24ـ جىلد «قوچۇ خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» |
| ماينو | ۋەزىر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان | مۇپەتتىشبېگى | نامەلۇم | «داۋ يۈەن ئۇزۇندىلىرى» 16 ـ جىلد «باش تىرگىن مەھكىمىسىدىكى ئىككى دارۇغاچ قوچوخانىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» |
| ئۆگرۈنچ قايا | نامەلۇم | لۇڭشى ـ خېشى ئۆلكىلىرىنىڭ جازا كۆزىتىش بېگى | جىيۈەننىڭ 12 ـ يىلى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 135 ـ جىلد، «ئۆگرۈنچ قايانىڭ تەرجىمىھالى» |



| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تولى قايا | نامەلۇم | مۇپەتتىش بەگلىكتىن يەنەن ئۆلكىسىنىڭ تەپتىشبېگلىكىگە ئۆسكەن | نامەلۇم | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 137 ـ جىلد «تولى قايانىڭ تەرجىمىھالى» |
| ئېلقايا | دانىشمەن چوڭ ئۆلىما تولىنىڭ ئوغلى | شەنشى ۋازارىتىنىڭ باش مۇپەتتىش بېگى | نامەلۇم | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 137 ـ جىلد «ئېلقايانىڭ تەرجىمىھالى |
| | | خۇبېي ـ شەنشى ئىككى ئۆلكىنىڭ تەپتىشبېگلىكىگە مۇپەتتىش بەگلىككە ئۆستۈرۈلگەن | دادېنىڭ 11 ـ يىلى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 144 ـ جىلد «دارمانىڭ تەرجىمىھالى» |
| دارما | بالاغەتكە يەتكەندە نۆكەر بولغان | يەنەن ئۆلكىسىنىڭ ياندىش تەپتىشبېگى | جىجىنىڭ 2 ـ يىلى | «ۋەنلى يىللىرا تۈزۈلگەن يەنجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 37 ـ جىلد «قائىدە ـ رەسمىيەت بەگلىرى»، |
| | | فۇجيەن تەپتىشبېگى خۇەيدۇڭ تەپتىشبېگى | تەيدىڭنىڭ تۈنجى يىلى تيەنلىنىڭ ئۈچىنچى يىلى | «جىياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن شەندۇڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 26 ـ جىلد، «مەشھۇر ئەمەلدارلار (2)» |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ليەن خۇيشەن قايا | نۆكەرلىكتىن كېلىپ چىققان | مۇپەتتىش بەگلىكىدىن خۇەيدۇڭ ۋە جياڭشىلارنىڭ تەپتىش بېگىلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن | نامەلۇم | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 145 ـ جىلد، «ليەن خۇيشەن قايانىڭ تەرجىمىھالى» |
| چولپان سالى | نامەلۇم | مۇپەتتىش بەگلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن | نامەلۇم | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 195 ـ جىلد، «ساداقەتمەنلەر تەرجىمىھالى (3) چولپان سالىنىڭ تەرجىمىھالى» |
| بۇرۇلقايا | نۆكەرلىكتىن كېلىپ چىققان | يەننەندىكى ھەرقايسى ئايماقلارنىڭ تەپتىشبېگى بولغان | جيۇەننىڭ 28 ـ يىلى | «شۆلۆ توپلىمى» 6 ـ جىلد «ۋۇدۇ پاراسەتلىك چېچەن بېگى شۇدېنىڭ ئابىدىسى» |
| چاناي | ئاتىسى لاچىن قارا دىۋاننىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان | شەنشى ۋازارىتىنىڭ باش مۇپەتتىشبېگى | چېكرۇڭ دەۋرى | «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» 24 ـ جىلد «لياۋياڭ قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ ئوڭ ـ سول قول ۋەزىرى ئىنانجىن تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» |



| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئىنانجىن | چانايىنىڭ ئوغلى ئەمەلدار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان | خېبدۇڭ ـ شەنشى ئۆلكىسىنىڭ تەپتىشبېگى | نامەلۇم | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش |
| رۇرۇ | ئىنانجىننىڭ ئىنىسى | جياڭدۇڭ ـ جيەنكاڭ ئۆلكىسىنىڭ تەپتىشبېگى | نامەلۇم | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش |
| شىيې يۇلى | نۆكەرلىكتىن كېلىپ چىققان | فۇجيەن — مىنخەي ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ يانداش ئامبىلى | نامەلۇم ئەمەس | «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» 25 ـ جىلد «قارا بۇقا تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» |
| خىبخى | ئىيسەنىنىڭ ئوغلى | شەنشى، جياڭنەن ئىككى ئۆلكىنىڭ مەھكىمە تەپتىشبېگى، جياڭدۇڭ، خۇنەن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ يانداش ئامبىلى | نامەلۇم | «زىنشى يازمىلىرى» 15ـ جىلد «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كېڭەشبېگى خانلىق بىلىم يۇرتىنىڭ ئۆلىماسى فەنياڭ ۋالىيسى ئۇيغۇر تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تارماشىر | چىڭگىزخان ھوزۇرىدا نۆكەر بولغان | خىبېي ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ياندىش ئامبىلى | جىدانىڭ تۈنجى يىلى | «جىيەنيەنتاڭ تاش پۈتۈكلىرىگە ئىلاۋە» 6 ـ جىلد، «جىيدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ھۆدەيچىسى تارماشىرنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» |
| ئۇلان | نامەلۇم | مۇپەتتىشبېگى، خۇنەن، جىيشى، جياڭدۇڭ ئۈچ ئۆلكىنىڭ ياندىش تەپتىشبېگى، تەپتىشبېگى مەھكىمىسىنىڭ ياساۋۇل تەپتىشبېگى | نامەلۇم | «لۇڭشى تاش پۈتۈكلىرى خاتىرىسى» 5 ـ جىلد، «شىنىڭ بېگى شىندۇ تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» |
| بانجۇ | قاسانىنىڭ ئوغلى | خىيدۇڭ ــ شەنشى ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ياندىش ئامبىلى | نامەلۇم | «چاڭشەندىكى جىنشى تەزكىرىسى» 21 ـ جىلد «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى رۇڭلۇ تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» |



| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| سويار قادمىش | تابىننىڭ ئوغلى يىگزۇڭ خانىنىڭ ھەرىمىدە نۆكەر بولغان | باش مۇپەتتىشبېگى | يىگزۇڭ دەۋرى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 124 ـ جىلد «تابىننىڭ تەرجىمىھالى» |
| بايجان | ئاتىسى قۇدۇ نۆكەرلىكتىن كېلىپ چىققان | جىدۇڭنىڭ ياندىش تەپتىشبېگى | دادېنىڭ تۈنجى يىلى | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 131 ـ جىلد «بايجاننىڭ تەرجىمىھالى»، «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن جىجياڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 33 ـ جىلد «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى» |
| تابىن | چىڭگىزۇڭ دەۋرىدە نۆكەر بولغان | خېبشى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ياندىش ئامباللىقىدىن باش مۇپەتتىش بېگىلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن، خۇەيشىنىڭ ياندىش تەپتىشبېگىلىكىگە يۆتكەلگەن | نامەلۇم | «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 124 ـ جىلد «تابىننىڭ تەرجىمىھالى» |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| دەرۋىش | تابىننىڭ ئوغلى - | تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ياندىكى تەپتىشبېگى | نامەلۇم | «تابىن جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى» «لىيەن ۋېنجېڭ تۈرىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن، بۇ «يۈئەنلىي قامۇسى» 1393 - جىلدتىن ئېلىنغان |
| پۇيان | قوچودىكى داڭلىق جەمەتتىن كېلىپ چىققان | خۇەيشى - جياڭبېي ئۆلكىلىرىنىڭ تەپتىشبېگى | نامەلۇم | «جىجيڭ توپلىمى» 61 - جىلد «پۇيان تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» |
| دەيفۇ | ئاتا قايانىڭ ئوغلى، نۆكەرلىكتىن كېلىپ چىققان | نەنتەي تەپتىشبېگى | نامەلۇم | «جىجيڭ توپلىمى» 49 - جىلد «جاۋ بەگلىكى تۆرىسى ئاتا قايانىڭ تۆھپە ئابىدىسى» |

يۇقىرىقى جەدۋەلدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بىر ئادەم باش تەپتىشبېگى (1 - دەرىجىدە)، بىر ئادەم ياردەمچى تەپتىشبېگى (رەسمىي 2 - دەرىجە)، ئىككى ئادەم تەپتىش ۋازارىتىنىڭ تەپتىشبېگى (رەسمىي 3 - دەرىجە)، 11 ئادەم مۇپەتتىش بېگى (رەسمىي 7 - دەرىجە)، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئايرىم - ئايرىم هالدا يەرلىك تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئەمەلدارلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە كۆپ ساندىكى



ئۇيغۇرلارنى مۇپەتتىش بېگى ۋە يەرلىك تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەپ ئىشلىتىش «تاتارلار، مۇسۇلمانلار، ئۇيغۇرلار، خەنزۇلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر كىشىنى مەھكىمە كېڭىشىگە قاتناشتۇرۇش»، [①] تەك ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۇسۇلىغا ماس كېلىدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن موڭغۇللار ۋە رەڭدار كۆزلۈكلەر مۇپەتتىش ئىشلىرىغا بىۋاستە قاتنىشىپ، موڭغۇل ۋە رەڭدار كۆزلۈك ئەمەلدارلارنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىپ، خەنزۇ تەپتىش ئەمەلدارلىرىنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىپ، موڭغۇل ۋە رەڭدار كۆزلۈك ۋەزىرلەرنىڭ ئىقتىدارسىز ۋە ئاجىز بولۇپ قېلىشىدەك نۇقسانلارنى تۈزەتتى. تەپتىش مەھكىمىسىدە باشتىن - ئاخىر موڭغۇللار، رەڭدار كۆزلۈكلەر ۋە خەنزۇلار ئورتاق ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ كونكرېت بەلگىلىمىسى مۇنداق: «بىر تەپتىش مەھكىمىسىدە سەككىز ئەمەلدار بولىدۇ. سەككىز ئادەم ئىچىدە تۆتىگە خەنزۇلار كىرىدۇ. باشقا تۆتى، موڭغۇللار، خىششىقلار، ئۇيغۇرلار، مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ ئىشلارغا ئورتاق مەسئۇل بولىدۇ». [②]

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەپتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ باش تەپتىش بېگى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى پادىشاھلارنىڭ يېقىن - يورۇقلىرىدىن بولغان، ئۇلار «پادىشاھنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى» ئىدى، شۇڭلاشقا بۇ ئورۇن ھەمىشە جامائەت پىكرى ۋە ئوڭ - سول ئوردا كېڭىشىنى كونترول قىلىدىغان كۈرەش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالاتتى. نامشۇناسلارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئالدى - كەينىدە باش مۇپەتتىشلىك ئورنىغا

① «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى» 8 - جىلد، «مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسى»، 2 - جىلد، «رەڭدار كۆزلۈكلەر. خەنزۇلار بىلەن ھەمكارلىشىش».
② «قانۇن مەھكىمىسىنىڭ ئومۇمىي خاتىرىسى»، «تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ رەڭدار كۆزلۈكلەر ۋە خەنزۇلارنى ئىشلىتىش» قىسمى.

ئولتۇرغانلارنىڭ سانى 70 نەچچە كىشىگە يەتكەن .[1] بۇ مەنسەپنى كۆپىنچە موڭغۇللار ۋە رەڭدار كۆزلۈكلەرنىڭ بالا - چاقىلىرى ئۇستىگە ئالاتتى . تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ، ئۇيغۇرلاردىن 20 نەچچە ئادەم تەپتىش سىستېمىسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قوچولۇق تېمۇر بۇقانىڭ ئاتىسى جىدا يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نۆكەر بولغان . تيەنلىنىڭ 2 - يىلى (1329 - يىلى ) 2 - ئايدا ، بۇرۇنقى تۆھپىسىگە ئاساسەن قارا دىۋاننىڭ سول قول ۋەزىرلىكىگە ئۆستۈرۈلۈپ ، 10 - ئايدا باش مۇپەتتىش بېگى بولغان ،[2] ليەن خىڭ قارا دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى ليەن شىشيەننىڭ ۋەنيەن قەبىلىسىدىن بولغان ئاغچىسىدىن تۇغۇلغان تۆتىنچى ئوغلى بولۇپ ، بىر مەزگىل ياردەمچى تەپتىشبېگى بولغان .[3] چاناي قارا دىۋاننىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى لاچىننىڭ ئوغلى بولۇپ ، چىڭزۇڭ دەۋرىدە شەنشى ۋازارىتىنىڭ باش تەپتىش بەگلىكىگە تەيىنلىنىپ ، تەيدىڭ يىللىرىدا قارا دىۋاننىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان .[4] بۇ ماتېرىياللاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەپتىش ئاپپاراتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى ئېسىلزادىلەردىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، ئارقا تېرىكى كۈچلۈك ئىدى . ئىستىل - ئىنتىزام باشقۇرۇش مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئىنتىزام ۋە قانۇننى تۈزىتىشكە قويۇلغان . يامانلاردىن قورقماي ، مەغلۇپ بولۇش بىلەن ھېسابلاشماي ، دادىللىق بىلەن ئىشلەپ ، نىسبەتەن ياخشى بولغان سىياسىي ساپا

① خاۋ شيۇن : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇپەتتىشلىك تۈزۈم توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ، 3 - سان ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1986 - يىل نەشرى .
② يۇ جى : «داۋيۈەن ئۇزۇندىلىرى» ، 24 - جىلد ، «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» .
③ سۇ تيەنجۆ : «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى» ، 65 - جىلد ، «دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى ليەن ۋېنجېڭ تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» .
④ خۇاڭ جىن : «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 24 - جىلد ، «لياۋياڭ ۋاقتىلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى ئىنانجىن تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» .



ھازىرلىغان . بۇ يەردە ئۇلارنىڭ زوراۋانلارنى ئەدەپلەپ ، قانۇنغا خىلاپ ئىشلارغا زەربە بەرگەن نۇرغۇنلىغان ئىشلىرىدىن ئازراق مىسال كەلتۈرەيلى .

يۈەن رېنزۇڭ دەۋرىدە ، ۋەزىر تېمۇشىر خانىشنى ئارقا تېرەك قىلىپ ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھوقۇقىغا تايىنىپ پارىخورلۇق قىلىپ ، كۈندىن - كۈنگە ۋەھشىيلەشتى ، مۇپەتتىشبېگى دارما «دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئۇنى قانۇن بويىچە جازالىدى . قوچولۇق ۋەزىر قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ نەنچېڭدىن خوتۇن ئالدى ، دارما ئۇنىڭ جىنايىتىنى سۈرۈشتۈردى ، ۋەزىر دەپ قورقۇپ قالماي قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلدى ، ئۇنىڭ دىيانىتى پۈتۈن ئەلنى زىلزىلىگە سالدى » .[1] رېنزۇڭ زامانىسىدا «جېجياڭدىكى پۇقرالار قايمۇقۇپ» ئۇزاقتىن بېرى تېرىلماي تاشلىنىپ قالغان يەرلىرىنى ئەمىر زېمىن ليۇناۋغا سېتىپ بەردى ، ليۇناۋ پەرمانبەردار بارىكىسقا پارا بېرىپ ئىبادەتخانىلارنى سېتىۋالدى . راھىبلارغا پايدا يەتكۈزۈمەن دەپ ، خەزىنىدىن 650 مىڭ تىزىق پۇلنى ئۇلارغا تارقىتىپ بەردى ، يەرنى ئۇزاققىچە باشقىلارغا تېرىتقۇزدى ، تېمۇشىر ئاتا - بالا ۋە تېبشى قاتارلىقلار يۇقىرى - تۆۋەننى ئالداپ ، پايدىنى بۆلۈشۈپ ، نەچچە تۈمەن كۈمۈشتىن خىيانەت قىلدى » .[2] شۇ ۋاقىتتا بۇ ئىشنى پاش قىلغان مۇپەتتىش بېگى گۈەن يىنباۋ ۋە سويارقادمىش (ئۇيغۇر مىللىتىدىن ) تېمۇشىرنىڭ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن قىلغان زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان . چولپان سالى مۇپەتتىشبېگىنلىكىنى ئۆتىگەندە : «خەلپەت بەگ ۋاڭ جيانۇ ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىپ بولمىغۇر ئىشلارنى قىلدى ، مەھكىمىدىكىلەر ئەرز قىلىشقا پېتىنالمىدى ، (چولپان

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 144 - جىلد ، «دارمانىڭ تەرجىمىھالى» .
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 136 - جىلد ، «بايجۇنىڭ تەرجىمىھالى» ، 124 - جىلد ، «سويارقادمىشنىڭ تەرجىمىھالى» .

سالى ) باش بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋاڭ جيانۇنىڭ 10 تۈرلۈك جىنايىتىنى يۇزىگە سېلىپ، ئۇنى ھەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىدى» .① ئۇيغۇرلاردىن بولغان تولى قايا يەنىمۇ ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ياندىشى ئامبىلى بولۇپ، «ۋەزىپە ئۆتىگەن 6 يىلدا 140 نەچچە نەپەر ناپاك ئەمەلدارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى» .② دادىبىنىڭ تۇنجى يىلى (1297 - يىلى ) بېشبالىقلىق بايجان «جىدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ياندىشى تەپتىشلىكىگە يۆتكىلىپ، بۇيرۇققا قاتتىق ئەمەل قىلىپ زومىگەرلەرنى باش ئەگدۈرگەن . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە پارىخور ئەمەلدارلارنى ۋە ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنتاۋلىق قىلغانلارنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىغان .③ خىبخې ئۇيغۇرلاردىن بولغان ئېشەنىڭ ئوغلى بولۇپ، جياڭشى، جياڭنەن ئىككى ئۆلكىلىك مەھكىمىنىڭ تەپتىشبېگى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە نۇرغۇنلىغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىمتىيازىنى بىكار قىلدى . »④

ئەمەلدارلارنىڭ پاك ياكى ناپاكلىقى، فېئودال ئەمەلدارلارنىڭ سىياسىي ساپاسىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىپادىسى قانداق ئىدى؟ يۇزۇڭ چىنكىم بېشبالىقلىق كىشىمىرغا نىسبەتەن مۇنداق دېگەن : «قوچولۇقلار ۋە ئۇيغۇرلار ( 回纥 ) نىڭ ھەممىسى پارىخور بولسىمۇ، ۋېيرۇ ( 惟汝 ) كىشىمىرنى دېمەكچى ) ئاسانلىقچە

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 195 - جىلد ، «ساداقەتمەنلەر (3 ) . چولپان سالىنىڭ تەرجىمىھالى» .
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 137 - جىلد ، «تولى قايانىڭ تەرجىمىھالى» .
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 131 - جىلد ، «بايجاننىڭ تەرجىمىھالى» .
④سۇ تيەنجۆ : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىنگەشبېگى، خانلىق بىلىم يۇرتى دانىشمەن ئۆلىمالار كامالەتخانىسىنىڭ ئۆلىماسى مەرتىۋىسىنى بەرگەن فەنياڭ ۋالىسى ئۇيغۇر تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «زىشى يازمىلىرى» .



ئۆزىنى بۇلغىمايتتى . »① بۇ گەپ بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي ئەمەس، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەلدارلار ئىچىدە، بەزى مەككار ئادەملەر بولسىمۇ، بىراق ئاز ساندا بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلار پاك دىيانەتلىك ئىدى . بۇ خىل ماتېرىياللارنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ يەردە ئىسپات ئۈچۈن بىر قانچە مىسال ئالايلى .

يۇقىرى مەرتىۋىلىك ھوقۇقدار ليەن شىشيەن جىيۈەنىنىڭ 7 - يىلى (1270 - يىلى ) ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ ئۆزىنى پەزىلەت جەھەتتە تەربىيىلەپ، ئەخلاق توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان . «پادىشاھ دائىم ليەن شىشيەنىنىڭ ئۆيىدە نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سورىغاندا، ئەتراپتىكىلەر كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقان . پادىشاھ مۇنداق دېگەن : ‹ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇشنى مەن بۇيرۇغان، ئوقۇغاننى ئەمەلىيەتتە ئىشلەتمىسە، كۆپ ئوقۇپ نېمە قىلىدۇ› . ئەھمەت غەيۋەت قىلىپ ‹ئۇ كۈندە خوتۇنى بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىپ يۈرۈيدۇ› ، دېگەندە پادىشاھ : ‹ليەن شىشيەن نامرات تۇرسا، قانداقمۇ كەيپ - ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرەلىسۇن؟ › دېگەن② ليەن شىشيەنىنىڭ پاكلىقى خان ئوردىسىغا مەلۇملۇق ئىدى . پىڭجياڭ يولى (ھازىرقى جياڭسۇدىكى سۇجۇ ) نىڭ سابىق باش بۇغى داۋتوڭ قوچودىكى تۆرىلەردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ : «بۇرۇن نۇرغۇن ئەمەلدارلار ئۆتكەن بولۇپ، ئىش بېجىرىشتە كەسكىن بولمىغاچقا، ئاۋام - پۇقرا كەمبەغەللىشىپ، تېرىيدىغانغا يەر، ئولتۇرىدىغان ئۆي يوق ئىدى . پىڭجياڭ كۆئېنلۇن دىيارى، شۇەنفۇلاردىنمۇ ياخشى يەر، يېرى مۇنبەت، ئەمما كەمىنە

①ۋۇ دېڭ : «چې بەگلىكىنىڭ ساداقەتمەن تۆرىسىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «ۋۇ ۋېنجېڭ تۆرىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 32 - جىلد .
②سۇ تيەنجۆ : «دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى ليەن ۋېنجېڭ تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «بۈيۈك سۇلالە يازمىلىرى» 65 - جىلد .

هېچنېمىگە كۆز ـ قىرىمنى سالمايمەن »[①] دېگەن . يەنە كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە ياخشى ئەمەلدارلىق ئەخلاقى بىلەن پۇقرالارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى . تەشرىپدارلىقتىن كېلىپ چىققان سەنباۋجۇ رۇيئەن (ھازىرقى جېجياڭدىكى ۋېنجۇ ) دە ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە ، «ئەسلىي زاتىدىن پاك »ـدېگەن نامى بار ئىدى .[②] ئۇيغۇرلاردىن بولغان باۋگې جىجېڭ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ، مىنخەي ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ياندىش تەپتىش بېگى بولغان ۋاقىتتا «ئەمەلدار پاك بولسا سۇر ـ ھەيۋىسى بولىدۇ » دېگەن .[③] ئۇيغۇرلاردىن ليەنئانانباخا (يەنە بىر ئىسمى ليەن تۇ ، تەخەللۇسى جىڭ يۈەن ) 20 ياش ۋاقتىدا نۆكەر بولۇپ ، كېيىن پۇجياڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى بولغان . «ئۇ ناھىيىنى ئىدارە قىلغان ئۈچ يىلدا پاك بولۇپ ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ ، باشتىن ـ ئاخىر بىردەك بولغان .»[④] جىنياڭ ناھىيىسى (ھازىرقى خېنەن دائىرىسىدە ) نىڭ دارۇغاچى دوئاداش ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، ئۇرمىش چالنىڭ ئوغلى ، دۆلەت ئەركانى بۇرھان قۇلنىڭ نەۋرىسى ئىدى . ئۇ ئەمەلدار بولغاندىن كېيىن «ئادىللىق ۋە پاكلىق بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ ، ئەلنى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئىدارە قىلغان ، سىياسەتنىڭ خەلققە پايدىلىق تەرەپلىرىنى ئىجرا قىلىپ ، خەلققە زىيانلىق تەرەپلىرىنى ئىسلاھ قىلغان . ئۈچ يىل ئىچىدە ئالتە ئىشقا تەييارلانغان بولسىمۇ ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتماي ھېچنېمە ئالمىغان ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىپ ، ئۇزۇنغىچە پاك

① جېڭ يۈەنيۇ : «پىڭجياڭ يولىنىڭ سابىق ئاغلاقچىسى داۋتۇڭ تۆرىنى سېغىنىش ئابىدىسى » ، «چياۋۋۇ توپلىمى » ، 11 ـ جىلد .
② (مىڭ سۇلالىسى ) ليۇ جى قاتارلىقلار : «رۇيئەن ناھىيىسى تەزكىرىسى » ، 4 ـ جىلد ، «مەشھۇر ئەمەلدارلار » .
③خۇاڭ جۇڭشىياۋ : «خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن بامىن تەزكىرىسى » ، 36 ـ جىلد ، «ئەمەلدارلار . مەشھۇر ئەمەلدارلار » .
④خۇجۇ : «قەدىردان ليەنئانانباخا بېگىمنىڭ تەرجىمىھالى » ، «چۈنبەيجەي يازمىلىرى » ، 16 ـ جىلد .



ئۆتۈپ ، ئاق كۆڭۈل دەپ نام ئالغان . »[①] يۇقىرىقى ماتېرىياللاردا ئىپادىلەنگەندەك ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەلدارلار چېرىكلىشىپ كېتىشتەك ئەھۋال ئاستىدا ، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك ئۆتكەنلىكىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ .

## 4 § . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ يەرلىكنى ئىدارە قىلىشى ھەققىدە بايان

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنىدىن ۋاقىتلىق ۋازارەت ھۆدەيچى مەھكىمىسى ، يول ، ۋىلايەت ، ئايماق ، ناھىيە ، پۇتۇكچى مەھكىمىسى قاتارلىقلار بار . ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن ، بەزىلىرى ئۆمۈر بويى يەرلىك ئەمەلدار بولغان . شۇڭا ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنىڭ يەرلىكتىكى سىياسىي ئۇتۇقلىرىنى تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلىش ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ سىياسىي پائالىيىتىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم پاكىت ھېسابلىنىدۇ . ئۇلار ئۇزاق مەزگىل خەنزۇلار زېمىنىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن ، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان ھەمدە كۆڭزى تەلىماتى ئارقىلىق خەنزۇلار زېمىنىنى ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنگەن . ئۇيغۇرلاردىن ئاراساڭ «خانغا نوم ـ دەستۇرلار ئارقىلىق نەسىھەت قىلىپ ، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان مالىمانچىلىقلارنىڭ سەۋەبىنى كۆرسىتىپ

①خې لىن : «جىاجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنياڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى » ، 10 ـ جىلد ، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەزكىرىسى » .

بېرىش ئۈچۈن ، ‹نەسىرنامە . ئۇۋالچىلىق › ، ‹جېنگوەن يىللىرىدىكى مۇھىم تەدبىرلەر› ، ‹ئۆرنەكلەر › نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلىپ ، ھەربىرىدىن بىر پارچىدىن تەقدىم قىلدى » .[1] ئارغۇن سالى بولسا خەنزۇلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى ئۇيغۇر ئەمەلدار بولۇپ ، شىزۇخانىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن . «يۈەن شىزۇ جاھاننى ئىدارە قىلىشتا كۇڭزى تەلىماتىدىن پايدىلىنىش زۆرۈر دەپ قاراپ ، جياڭنەندىكى پېشقەدەم ۋەزىرلەر ، ھەتتا پىنھان ياشاۋاتقان تەرىقەت ئىلمىگە كامىل كىشىلەرنى يىغىشقا تەييارلىق قىلغان .»[2] شۇنىڭ بىلەن دانىشمەنلەر مەھكىمىسىگە دانىشمەنلەرنى يىغىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن ، شۇ ۋاقىتتا جاھاندىكى داڭلىق دانىشمەنلەر ئىشلىتىلگەن . قارابۇقا سەمىمىي ـ سادىق بولغاچقا ، شىزۇخانىڭ نۆكەرلىكىگە تونۇشتۇرۇلغان . ئۇ «دۆلەت تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ، تارىختىكى دانىشمەنلەرنىڭ نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىش ، ئەمەل تۈزۈمىنى تەرتىپكە سېلىش ، ئاۋام ـ پۇقرانىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ، مەرتىۋىلىك جەمەتلەرگە ئېتىبار بېرىش ، يېڭى پۇقرالارغا تايىنىشتەك دانا سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى ، شىنزۇ قوبۇل قىلدى » .[3] بۇنىڭدىن ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ كۇڭزىچىلارنىڭ سىياسىي تەلىماتىنىڭ يادروسى بولغان رەھىمدىللىك بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش ئىدىيىسى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . رەھىمدىل سىياسەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى (ناچار قىلمىشلارنى ) تەربىيە بېرىپ تۈزىتىش ،

---

[1] چېڭ جۈفۇ : «شۆلۇ توپلىمى» ، 9 ـ جىلد . «چىن بەگلىكىنىڭ مەرىپەتلىك تۆرىسىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» .

[2] جاۋ مېڭفۇ : «سۇڭشۆجەي ئەسەرلەر توپلىمى» ، 7 ـ جىلد ، «ئارغۇن سالىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» .

[3] خۇاڭ جىن : «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 25 ـ جىلد ، «قارا بۇقىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» .



دېھقانچىلىققا ئەھمىيەت بېرىش ؛ ھاشارنى يەڭگىللىتىش ، جىنايى جازانى ئازايتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . رەھىمدىل سىياسەت يۈرگۈزۈشنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى پۇقرالارنى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئارقىلىق ، فېئوداللىق ھاكىمىيەتنىڭ ئۇزاققىچە تىنچ داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش . بۇ بىر يۈرۈش رەھىمدىل سىياسىي تەلىمات مۇئەييەن چەكلىمىلىككە ئىگە ، بىراق ئەينى چاغدىكى چىرىكلىشىش ئەۋج ئېلىپ كەتكەن يۈەن سۇلالىسى سىياسىي ۋەزىيىتىدە ، فېئودالىق سىياسىينى پاكلاشتۇرۇشنىڭ ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇش ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشتە مۇئەييەن ئىجابىي ئەھمىيىتى بار ئىدى . ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ كۇڭزىچىلارنىڭ رەھىمدىللىك تەلىماتى بىلەن يەرلىكنى باشقۇرۇشتا ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ ، ئوخشىمىغان تەسىرلەرنى قالدۇرغان .

ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ يەرلىكنى باشقۇرۇشتىكى نەتىجىسى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇپ ، بۇلار تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ :

بىرىنچى ، ھاشارنى ئازايتىپ ، كۈچى يەتكەن دائىرىدە تۆۋەن قاتلامدىكى خەلققە بولغان ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يېنىكلەتكەن .

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ، ھاشار ـ سېلىق ناھايىتى كۆپ ئىدى . شىمالدا نوپۇس ـ يەر بېجى ، كۈمۈش ۋە يىپەك بۇيۇملارنى يىغىش ، جەنۇبتا ياز ۋە كۈزدە ئىككى قېتىم باج ئېلىنىشتىن سىرت ، يەنە باشقا ھەرخىل باج ـ سېلىقلار بار ئىدى ، يېڭى باج تۈرلىرى تۇز بېجى ، چاي بېجى ، شاراب ـ ئاچچىقسۇ بېجى ، سودا بېجىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . ئوششۇقچە ئالۋاڭلاردىن ئالتۇن ،

كۈمۈش ، مىس ، تۆمۈر قاتارلىقلار بار ئىدى . مۇشۇنداق ئالۋاڭلارنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، پۇقرالارنىڭ يۈكىمۇ كۆتۈرەلىگۈسىز دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن . مۇشۇ خىل ۋەھشىيانە ئېكسپىلاتاتسىيىنى يەرلىكنى باشقۇرۇۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان رايونلاردا ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە قانۇن تەسىس قىلىپ بىكار قىلغان . ئۇيغۇرلاردىن بولغان تابىننىڭ نەۋرىسى ئاتاي 1257 - يىلى پىڭلۇەن ئايمىقىنىڭ دارۇغاچىلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندە ، «دەسلەپتە كۈمۈش ، تۇز ، هاراق قاتارلىق باج تۈرلىرىنى سەككىزدىن بىرگە چۈشۈرۈپ ، خەلقنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتكەن .»[1] يۇجياڭدا : «هاشار — سېلىقنىڭ تەكشى ئەمەسلىكى مەككارلىققا سەۋەب بولۇپ ، كەمبەغەللەر كەمبەغەللىشىپ ، بايلار بېيىپ كەتكەن… » جۇڭتۇڭ ۋە جىيۇەن يىللىرىدا بېشبالىقلىق گۇەنباۋ لىنئەن ناھىيىسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەندە ، «ئاپەت بولغان بولسىمۇ ، ئالۋان - ياساق كېمەيتىلمىگەچكە ، پۇقرالارغا ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىغان» ، گۇەنباۋ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئالۋان - ياساقنى كېمەيتكەن .[2]

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن ، يېرىگە قاراپ هاشارنى بۆلۈپ بېرىش جىياڭنەندىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغاچقا ، ياخشى سىياسەت يۈرگۈزۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان تەدبىر دەپ قارالغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، يەرلىكنىڭ يەرنى ئاساس قىلىشى مەركىزىي هۆكۈمەتنىڭ پەرمانى بولماستىن ، بەلكى يەرلىكتىكى مۇپەتتىش ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ئىشى ئىدى . قانداقلا بولمىسۇن مۇشۇ خىل تەدبىرنى يۈرگۈزگەنلىكى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 124 - جىلد ، «تابىننىڭ تەرجىمىهالى» .
②ياڭ ۋېيجېن : «گۇەنباۋنى لىنئەن ناهىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا ئۇزىتىشقا بېغىشلاپ» ، «دۇڭ ۋېيزى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 11 - جىلد .



قەدەر پاك دەپ قارالغان كىشىلەردۇر . ئەينى دەۋردىكى كىشىلەر ئېيتقاندەك : «يېرىگە قاراپ باج - سېلىق بېكىتىش ئەڭ ياخشى تەدبىر»[1] ئىدى . ئۇلار بۇنى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پەسەيتىشتىكى ئەڭ ياخشى تەدبىر دەپ قارىغان . بىراق شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، يۇتكۇل جەمئىيەتتىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن ۋەزىيەت ئاستىدا ، ئايرىم جايلاردا بۇ خىل ياخشىلاش تەدبىرىنى يولغا قويۇشنىڭ ئانچە چوڭ ئۈنۈمى بولمىغان .

ئىككىنچى ، تېرىقچىلىق ۋە پىلىچىلىكنى چىڭ تۇتۇپ ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇپ ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرغان .

ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشمۇ يۈەن سۇلالىسى فېئوال ئەمەلدارلىرىنىڭ مۇهىم ۋەزىپىسى ئىدى . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەمەلدارلار مۇشۇنىڭغا كۆپرەك ئەهمىيەت بېرىپ ، دېهقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللانغان . تۆمۈر تۇرۇك بەكلا خەنزۇلىشىپ كەتكەن بىر يەرلىك ئۇيغۇر ئەمەلدار بولۇپ ، ئىلگىرى - كېيىن جىڭجۇ (هازىرقى خۇنەندىكى جىڭشيەن ناهىيىسى ) ۋە ئەنفېڭ (هازىرقى ئەنخۇيدىكى شۇشيەن ناهىيىسى ) ئىككى كىچىك يولنىڭ دارۇغاچى بولغان ، ئۇ ئەنفېڭدا ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىللەردە يۇرتداشلارغا تېرىقچىلىق قىلىشنى ئۆزى بىۋاستە نەسىهەت قىلىپلا قالماي «تېرىقچىلىق - پىلىچىلىك قامۇسى» نى يېزىپ چىققان .[2] يۇجياڭ ناهىيىسىنىڭ دارۇغاچى لىيەنئانانباخا «هەر يىلى شەهەر سىرتىغا چىقىپ دېهقانلار بىلەن بىللە كۆچەت تىكىۋاتقىلى

①ۋېي سۇ : «تاڭ شيۈنىڭ بىلەن يېزىشقان مەكتۇپلار» ، ۋېي تەيپۇ ئەسەرلىرى توپلىمىنىڭ داۋامى» ، 8 - جىلد .
②ۋۇجى : «جىڭجۇ يولىنىڭ دارۇغاچى لۇ مىڭشەننىڭ تۆهپە ئابىدىسى» ، 43 - جىلد .

3 - يىل بولغان.»① جىشۈن يىللىرىنىڭ باشلىرىدا خۇيجۇ ۋىلايىتىنىڭ دارۇغاچى بېشبالىقلىق سونانبىلى «خەلققە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشتە بوران - چاپقۇن ۋە يامغۇرلارغا قارىماي دېھقانلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ئىبادەتخانىلارنىڭ ۋەخپە يەرلىرىنى قايتىپ كەلگەن سەرگەردانلارغا بۆلۈپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولغان.»②

سۇ ئىنشائاتى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەمەلدارلار بۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. جىجېڭنىڭ 5 - يىلى (1345 - يىلى) ۋۇجياڭ ئايمىقىنىڭ دارۇغاچى قوچولۇق ناقاي «شتاڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارغان.»③ «جىشۈن يىللىرىدىكى شىنۋېي يىلى (1331- يىلى) باھاردا، قوچولۇق ئولۇس تۇڭجى توسمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.»④.

ئۈچىنچى، چوڭ ھوقۇقدارلاردىن قورقماي، زوراۋانلار ۋە باشقا رەزىل كۈچلەرنى قاتتىق جازالاپ، يەرلىكنىڭ ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ئىنتايىن چىرىكلىشىپ كەتكەن بولۇپ، يەرلىك زوراۋانلار مەھكىمىلەرنى كونترول قىلىۋېلىپ، پۇقرالارغا خالىغانچە زۇلۇم سالغان. ھەتتا يەرلىكتىكى قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان مەككار، رەزىل كۈچلەر يۇقىرىدىكى ھوقۇقدارلارغا تايىنىپ نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلغان. ئادەتتىكى يەرلىك ئەمەلدارلار ئۇلارنىڭ

---

①خۇجۇ: «چۇنبەيجەي يازمىلىرى»، 13 - جىلد، «لىيەنئانانباخا بېگىمنىڭ تەرجىمىھالى».

②خۇڭ زۇ قاتارلىقلار: «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن گۇاڭدۇڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 38 - جىلد، «مەشھۇر ئەمەلدار شەخسلەر».

③ ۋاڭ ئاۋ: «جېڭدې يىللىرىدا تۈزۈلگەن گۇسۇ تەزكىرىسى»، 10 - جىلد، «تۆھپىكار ئەمەلدارلار».

④لى يۇسۇن: «قايتىدىن ياسالغان تۇڭجى توسمىسى ئابىدىسى»، «كۇساڭ تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى»، 10 - جىلد.



ۋەھشىيلىكىدىن قورقۇپ، چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ئۇنداق ئەمەس ئىدى، ئۇلار ئۆزىنىڭ پايدا - مەنپەئەتى بىلەن ھېسابلاشماي، يامانلارنى يوقىتىپ، زوراۋان كۈچلەرنى جازالىغان. ئۇيغۇر تەشرىپدار سەنباۋجۇ رۇيئەن ئايمىقىنىڭ ئايماقدارى بولغان مەزگىللەردە، «زالىملارنى جازالاپ، ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلىغان».① ئېسەن تويىن ئۇيغۇر بولۇپ، شيۇنىڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى بولغان مەزگىللەردە ئەمەلدارلارنى باشقۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. «شيۇنىڭ يېڭى ناھىيە بولۇپ، يېرى كەڭ ئادىمى ئاز بولغانلىقتىن دەۋا - دەستۇر ئىشلىرى قالايمىقان ئىدى... گۇڭجى يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، ئېسەن تويىن ئوردىنىڭ ئارزۇسى بويىچە قانۇن - پەرمانلارنى ئېلان قىلىپ، ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى قاتتىق باشقۇرغان.»② شۇنىڭدىن باشلاپ شۇ جايدىكى پۇقرالارنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

تۆتىنچى، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئاچارچىلىقتا قالغانلارغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىپ، ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئىپادىلىگەن.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەتلەر توختىماي يۈز بېرىپ، پۇقرالار قىيىنچىلىقتا قالغان، يەرلىكتە ئەمەلدارلىقنى ئۈستىگە ئالغان ئۇيغۇر ئەمەلدارلار خەلقچىللىق ئىدىيىسىگە ئىگە بولۇپ، خەلق ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، خەلق كۆڭۈل بۆلگەنگە كۆڭۈل بۆلگەن. يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، بىر قىسىم لەشكەرلەر خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ يەرلەرنى ئىگىلىۋالغان.

---

①تاڭ رىشاۋ: «ۋېنجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، 9 - جىلد، «ئىدارە قىلىش تەزكىرىسى».

②جېڭ يۇ: «شيۇنىڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى ئېسەن تويىن تۆرىنى سېغىنىش ئابىدىسى»، «شىشەن توپلىمى»، 6 - جىلد.

ئۇيغۇرلاردىن بولغان تابىن بۇنى قاتتىق توسۇپ ، مۇنداق دېگەن : «دۆلــەتنىڭ ئاساسى خەلق ، ئادەم ئۆلتۈرىۋەرگەننىڭ دۆلەتكە نېمە پايدىسى بار ؟ »[1] جىيۈەننىڭ 29 - يىلى (1292 - يىلى ) بايجان چىڭيۈەن ئايمىقىنىڭ ياردەمچى ئايماق بېگىلىكىگە تەيىنلەنگەندە ، هــەمــمــە يەرنى ئاھۇ - زار ۋە ئاچارچىلىق قاپلىغانىدى ، بۇنى كــۆرگــەن بــايــجان : «ئاچ قالغان خەلقنى قۇتقۇزۇش ، ئاتا - ئــانــىــمــىــزنــى قۇتقۇزغانغا ئوخشاش ئەمەسمۇ» دېگەن ، ھەمدە «شەخسەن ئۆزى ۋاقىتلىق ۋازارەتكە پەرمان چۈشۈرۈپ ، 40 مىڭ دادەن ئــاشــلــىق تارقاتقان ، شۇنىڭ بىلەن پۇقرالار مۇشۇنىڭغا تايىنىپ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان » .[2] يەنيۇنــىڭ 4 - يــىــلــى (1317 - يىلى ) دەرۋىش خېجيەن ئايمىقىنىڭ باش بۇغى بولغان مەزگىللەردە ، تەمىناتىنى سەرپ قىلىپ ۋە مەھكىمە خەزىنىسىدىن خــىــراجــەت ئاجرىتىپ ، نەچچە ئون تۈمەن ئادەمنى قۇتقۇزۇپ قــالــغــان . »[3] دادېــنىــڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 1304 - يىلى ) ئاچارچىلىق بولغاندا ، «ھەزرىتىم (ئۇيغۇر تارماشىرنى دېمەكچى ) قــايــتــا ــــ قــايــتــا ئاشلىق تارقىتىپ ، خەلقنى ئاچارچىلىقتىن قۇتقۇزغان . »[4] پۇيان يىڭيۈەن ئايمىقى (شەنشىدىكى شىئەن ) نــىــڭ باش بــۇغــى بــولــغــان مەزگىلدە ئاچارچىلىق بولغاندا ، «شــوۋىگۇرۇچ ئىچىپ ، ئېسىل تائاملارنى يېمىگەن ، قەسىرىگە قايتماي ، ئۆي - ماكانسىزلار بىلەن بىللە تۇرغان ، ئىلگىرى - كېيىن نۇرغۇن كىشىلەرنى قۇتقۇزغان » .[5] جىيۈەننىڭ 10 - يىلى (1273 - يىلى ) ئاتاي (ئۇيغۇر تابىنىنىڭ نەۋرىسى ) پىڭلۇەن يولىنىڭ دارۇغاچى بولغان مەزگىللەردە ، «يىل بويى ئاشلىقتىن

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 134 - جىلد ، «تابىنىنىڭ تەرجىمىھالى» .
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 131 - جىلد ، «بايجاننىڭ تەرجىمىھالى» .
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 124 - جىلد ، «تابىنىنىڭ تەرجىمىھالى» .
④ۋېي سۇ : «يــۈەن ســۇلالىسى دەۋرىدىكى ساخاۋەتچى ھەزرەت فۇجيەن ھۆدەيچىسى باش ئەمىرلەشكەر گۇسۇلۇق لۇ تۆرىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» ، «ۋېي تەيپۇ ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 5 - جىلد .
⑤ شۇ يۈرېن : «پۇيان تۆرىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «جىجېڭ توپلىمى» ، 61 - جىلد .



هــوســۇل ئــېــلــىنماي ، خەلق ئاچ قالغان ، ھەزرىتىم (ئاتاينى دېــمــەكچى ) ۋە باشقا ئەمەلدارلار مەسلىھەتلىشىپ مەھكىمىدىن ئــاشــلــىق تارقىتىپ ، خەلقنى قۇتقۇزغان ۋە ‹ئوردىغا ئېيتماي ئۆزىمىز ھەل قىلايلى › دېگەن . ئەمەلدارلار مۇشۇنداق قىلغاچقا ، پۇقرالار ئامان قالغان . ناۋادا بىرەر كەمبەغەل يۇرتداشلار ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا ، ئۇن ۋە گۇرۇچ بەرگەن ؛ ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلالمىغانلارنى گۆەنسەي ۋە كېپەنلىك بېرىپ دەپنە قىلغان . »[1]

ئــىــنــانــجىن لياۋياڭ ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى قاتارلىق جــايــلارنىڭ سول قول ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەن مەزگىللەردە ، «تەدبىر قوللىنىپ ئاچارچىلىقنى پەسەيتكەن ، بازار باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ ، سودىنى تەرتىپكە سېلىپ ، گۇرۇچ باھاسىنى مۇقــىــمــلاشــتۇرغاچقا ، كىشىلەر ئاچارچىلىقتا قالمىغان . »[2] مــۇشــۇنــىــڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان قۇتقۇزۇش ھەرىكەتلىرى ئىچىدە ، ئۇيغۇر ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالارنىڭ ئۇچرىشىشى كۆپ بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ بۇ خەلقچىل تەدبىرلىرىگە تۆۋەن قاتلامدىكى خەلق چىن دىلىدىن قايىل بولغان .

بــەشــىنچى ، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولۇپ ، ناھەق دېلولارنى ئاقلىغان .

جــۇڭــگــونــىــڭ قــەدىــمــكــى جەمئىيىتىدە ، ئەدلىيە بىلەن مەمۇرىيەت ئايرىلمىغان بولغاچقا ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەرلىك ئەمەلدارلار كۆپىنچە ئەدلىيىلىك سوتلاش ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئــۈســتــىــگە ئالغان . ھەر دەرىجىلىك يامۇللارنىڭ جازا ھۆكۈم قــىــلــىــدىــغان ئەمەلدارلىرى پارىخور بولغاچقا ، ناھەق دېلولار نــاھــايىتى كۆپ ئىدى . جازا ھۆكۈم قىلىشتا نەپسانىيەتچىلىك قــىــلىش - قىلماسلىق ، ئادىمگەرچىلىك قىلىش - قىلماسلىق

① «تابىن جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى» ، «يۇڭلې قامۇسى» ، 13993 - جىلد .
②خۇاڭ جىن : «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 24 - جىلد» .

يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ سىياسىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان يەنە بىر مۇھىم ئۆلچەم ئىدى. ئۇيغۇرلاردىن بولغان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىپادىسىنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ. ئۇيغۇرلاردىن بولغان بازلا جىيۇەن يىللىرىدىكى بىڭزى يىلى (1276 ـ يىلى) ئايماق نازارەتچىسى بولغان ۋاقتىتا «ئىش بېجىرىشتە كەسكىن بولۇپ، تەپسىلىي ئېنىقلاپ ھۆكۈم قىلىپ، خەلقنى رازى قىلغان، گۇمانىي تۈگىتىپ ناھەقچىلىقنى كۆپرەك ئاقلىغان.»[①] تۈز نەقلىيات مەھكىمىسىنىڭ فەن فامىلىلىك ياندااشبېگى مەككارلىق قىلىپ، ئايماق ـ ناھىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سوۋغاتلىق تۈز ۋەزىپىسىنى تېزراق ئادا قىلىش ئۈچۈن، خەلققە زورلۇق — زومبۇلۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. لەنشى ئايمىقىدىكى يېيى، ۋاڭ شىسىلارنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرالغۇ جايىنى فەن فامىلىلىك تارتىۋالغان. بىراق تۆھمەتكە ئۇچراپ 10 يىل زىنداندا ياتقان. ئىش ۋازارەتكە يەتكەندىن كېيىن، ۋازارەتتىكىلەر سورىماي، بىسىپ قويغان. بايجان (ئۇيغۇر) ئەمەل تۇتقاندا، ناھەقچىلىقنى سوراپ، فەن فامىلىلىكنى زىندانغا تاشلىدى، لېكىن ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان يەتتە كىشى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنىدى، يې يى، ۋاڭشىسىلار زىنداندىن ئازاد قىلىنغان، ھەممە كىشى بايجاننى ماختىغان».[②] ئۇيغۇر تولى قايا مۇپەتتىشبېگى بولغاندا، «جياڭشىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى ئۆزىنىڭ ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇزۇنغىچە بىر تەرەپ قىلىنمىغانىدى، تولى قايا ئۇنىڭ جىنايىتىدىن خەۋەر تېپىپ، يەنئەن ئايمىقىنىڭ ياندااش تەپتىشبېگىگە ئىش ھەر قانچە چوڭ بولسىمۇ، سۈرۈشتە قىلىشنى

①ياڭ خۇي: «جىجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن كۇنشەن ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، 2 ـ جىلد، «مەشھۇر ئەمەلدارلار».
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 131 ـ جىلد، «بايجاننىڭ تەرجىمىھالى».



بۇيرىغان. ۋەزىپە ئۆتىگەن ئالتە يىل جەريانىدا، 140 تىن ئارتۇق جىنايەتچى ئەمەلدارنى بىر تەرەپ قىلغان»[①]. قوچولۇق شىرى قارا دانا، كەسكىن ئادەم بولغاچقا، چېرىكچى مۇپەتتىش بېگىلىكىگە بىۋاسىتە ئۆستۈرۈلگەن. ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ «جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاپ، ئاسايىشلىق مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.»[②]

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلار بىر قەدەر ياخشى سىياسىي ساپاغا ئىگە بولۇپ، بارغانلا يېرىدە خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. بىراق مىسال ئارقىلىق ئىسپاتلاش شەكلىدە بايان قىلىشتا ئومۇمىيلىقتىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ سادىر بولىدۇ، مەسىلىنى ھەقىقىي چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. فېئوداللىق دەۋردە يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ياخشى ـ ناچارلىقىنىڭ ئۆلچىمى، ئەمەلدارلارنىڭ ئەمەلدارلىق ئەخلاقى ۋە قوللاشقا ئېرىشكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ناۋادا بىر يەرلىك ئەمەلدار ھاكىمىيەت جەھەتتە پاك بولۇپ، پۇقرالارغا بالىلىرىدەك قارىسا، سىياسىي نەتىجىسى ياخشى بولسا، شۇ جايدا ياخشى ئەمەلدارلىق تەسىرىنى قالدۇرۇپ، شۇ جايدىكى يەرلىك تەزكىرىلەردە نامدار ۋەزىرلەر قاتارىدا خاتىرىلەنگەن. مۇئەللىپنىڭ تولۇقسىز ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، يەرلىك تەزكىرىلەردىكى مەشھۇر ئەمەلدارلار خاتىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلاردىن 44 ئادەم بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىدەك جەدۋەللەشتۈرۈلدى:

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 137 ـ جىلد، «تولى قايانىڭ تەرجىمىھالى».
②يۈجى: «دىيانەتلىكتۆرەشىرى قارانىڭ تۆھپەئابىدىسى»، «داۋيۈەن ئۈزۈندىلىرى»، 42 ـ جىلد.

## تەزكىرىلەردىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلار جەدۋىلى

| ئىسىم ــ فامىلىسى | مىللەت تەۋەلىكى ياكى يۇرتى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەسى |
|---|---|---|---|---|
| يۈەنتۇڭ | قوچولۇق | چاڭجۇ ناھىيىسىنىڭ داروغاچى | جىيۇەننىڭ تۈنجى يىلى | «چاڭجۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» 1 ـ جىلد |
| ليەن شىشيەن | ئۇيغۇر | جىڭنەننىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىيۈەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى | «بۇيۇك مىڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كېلىش تەزكىرىسى» 61 ـ جىلد |
| ئاش تورىن | شىمالى ئۇيغۇر قوۋملىرىدىن | جىياشىيەن ناھىيىسىنىڭ داروغاچى | جىيۈەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى | «ۋەنلى يىللىرىدا تۈزۈلگەن ۋېيخۇي ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 6 ـ جىلد |
| ئىبنى ھاشىر | قوچولۇق | باۋچىڭ ئايمىقىنىڭ ئاغلاقچىسى | جىيۇەننىڭ 4 ـ يىلى | «شاۋياڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» 9 ـ جىلد |
| دوربۇتاي | بېشبالىقلىق | ۋۇياڭ ناھىيىسىنىڭ داروغاچى | جىيۈەن يىللىرى | «ۋەنلى يىللىرىدا تۈزۈلگەن نەنياڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 15 ـ جىلد |
| بۇرھان قول | ئۇيغۇر | نىڭجىن ناھىيىسىنىڭ داروغاچى | جىيۈەن يىللىرى | «جىياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن جىيندىڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 4 ـ جىلد |
| بازلا | ئۇيغۇر | كۇنشيەن ئايمىقىنىڭ ئايماقدارى | جىيۇەننىڭ بىگىزى يىلى | «جىجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن كۇنشەن ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 2 ـ جىلد |
| ليەن شىيۈەن | ئۇيغۇر | ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى | جىيۇەننىڭ 15 ـ يىلى | «جىجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن جىنلىڭ يېڭى تەزكىرىسى» 30 ـ جىلد |
| ھېسامىدىن | ئۇيغۇر | جىياڭشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | جىيۈەن يىللىرى | «ۋەنلى يىللىرىدا يېڭىدىن تۈزۈلگەن نەنچاڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 15 ـ جىلد |
| سانجىس | قەدىمكى ئۇيغۇر | شەندۇڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى | شىزۇ دەۋرى | «جىياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن شەندۇڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 25 ـ جىلد |
| ئىلقايا | ئۇيغۇر | فەنلودىيەننىڭ ھۆددىچىسى | جىيۈەن يىللىرى | «جىياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن گۇيجۇ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 9 ـ جىلد |
| قولۇسمى | ئۇيغۇر | شىنچاڭ ناھىيىسىنىڭ داروغاچى | جىيۇەننىڭ 24 ـ يىلى | «ۋەنلى يىللىرىدا تۈزۈلگەن شىنچاڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» 9 ـ جىلد |
| خېلۇ | ئۇيغۇر | چىنجۇنىڭ داروغاچىلىقىدىن ساداقەتمەن چېرىكچىلىككە ئۆستۈرۈلگەن | دادېنىڭ 6 ـ يىلى | «جىياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن سۇجۇ تەزكىرىسى» ، 3 ـ جىلد |
| ئىنا | ئۇيغۇر | ياساۋۇل تەپتىشبېگى | ۋۇزۇڭ دەۋرى | «خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن بامىن تەزكىرىسى» 37 ـ جىلد |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| لىيەن شىجى | ئۇيغۇر | جىنلىڭ ئايمىقىنىڭ ھۆددىچىسى | يۈەنجىيىنىڭ 2 ـ يىلى | «جىجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن جىنلىڭ يېڭى تەزكىرىسى» 30 ـ جىلد |
| بۇرۇنچ تىمۇر | ئۇيغۇر | پىڭياڭ ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئىشلىرى بېگى | تەيدىڭ يىللىرى | «كاڭشى يىللىرىدا تۈزۈلگەن پىڭياڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 20ـ جىلد |
| دارما | قوچۇلۇق | فۇجيەننىڭ تەپتىشبېگى | تەيدىڭنىڭ تۈنجى يىلى | «خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن بامىن ئومۇمىي تەزكىرىسى» 36 ـ جىلد |
| قاسانتۇ | ئۇيغۇر | چىمىن ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى | جىشۈننىڭ 3ـ يىلى | «خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن ۋېيجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 4 ـ جىلد |
| سۇنانبا | بېشبالىقلىق | خۇيجۇ ۋىلايىتىنىڭ دارۇغاچى | جىشۈن يىللىرىنىڭ باشلىرى | «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن گۇاڭدۇڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 30 ـ جىلد |
| بارىقايا | ئۇيغۇر | خېجۇڭ ۋىلايىتىنىڭ دارۇغاچى | تيەنلى يىللىرى | «كاڭشى يىللىرىدا تۈزۈلگەن پىڭياڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 20ـ جىلد |
| زوداشىل | قوچۇلۇق | نامەلۇم | جىجېڭنىڭ 10ـ يىلى | «خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن ۋېنجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 8 ـ جىلد |



| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| لېي خۇيشەن قايا | ئۇيغۇر | فۇجيەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى | جىجېڭنىڭ تۈنجى يىلى | «خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن بامىن ئومۇمىي تەزكىرىسى» 36ـ جىلد |
| سەنباۋجۇ | قوچۇلۇق | رۇيشەن ئايمىقىنىڭ دارۇغاچى | نامەلۇم | «خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن ۋېنجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 8 ـ جىلد |
| بالىيا | قوچۇلۇق | نامەلۇم | نامەلۇم | «خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن چۇجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 8 ـ جىلد |
| تۆمۈر تۇرۇك | ئۇيغۇر | چىڭجياڭ يولىنىڭ ھۆددىچىسى | يەنيۇنىڭ 2 ـ يىلى | «قايتىدىن تۈزۈلگەن تېيىڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 3 ـ جىلد، «چىڭخۇا يىللىرىدا تۈزۈلگەن جۇڭدۇ تەزكىرىسى» 6 ـ جىلد |
| داۋتۇڭ | قوچۇلۇق | پىڭجياڭ ئايمىقىنىڭ ھۆددىچىسى | كېيىنكى جىيۈەننىڭ 2ـ يىلى | «جىڭدى يىللىرىدا تۈزۈلگەن گۇسۇ تەزكىرىسى»، 40 ـ جىلد |
| ناقاي | قوچۇلۇق | ۋۇجياڭ ئايمىقىنىڭ دارۇغاچى | جىجېڭنىڭ 5ـ يىلى | «جىڭدى يىللىرىدا تۈزۈلگەن گۇسۇ تەزكىرىسى»، 41 ـ جىلد |
| شىپ سى | قوچۇلۇق | كۇنشەن ئايمىقىنىڭ يانداش ئايماقدارى | جىجېڭنىڭ 23 ـ يىلى | «جىڭدى يىللىرىدا تۈزۈلگەن گۇسۇ تەزكىرىسى»، 41 ـ جىلد |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| يۈەنجۇ قايا | قوچولۇق | جەنجيەن ناھىيىسىنىڭ داروغاچى | جەنجيەڭ يىللىرى | «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن يۈەنجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 8 ـ جىلد |
| گۈەن يۈنشى | ئۇيغۇر | دانىشمەن ئۆلىمالار كامالەتخانىسىنىڭ تامغاچ بېگى | نامەلۇم | «بۈيۈك مىڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كېلىش تەزكىرىسى» 38 ـ جىلد، «جەنجياڭ پەرمەنبەردار. مەھكىمىسى. مەشھۇر ئەمەلدارلار» |
| باۋگې | ئۇيغۇر | كاڭجۇ ئايمىقىنىڭ ھۆددىچىسى | جىجېڭنىڭ 9 ـ يىلى | «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېجياڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 33 ـ جىلد |
| دۇئاداش | ئۇيغۇر | جىنياڭ ناھىيىسىنىڭ داروغاچى | نامەلۇم | «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن جىنياڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» 3 ـ جىلد |
| شەنباۋ | ئۇيغۇر | ۋۇجۇ ۋىلايىتىنىڭ يانداش ئايماقدارى | جىجېڭنىڭ 14 ـ يىلى | «ۋۇجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى مەشھۇر ئەمەلدارلار»، «يۇڭلې قامۇسى» 2342 ـ جىلد |
| تېمۇر قايا | قوچولۇق | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش | جىجېڭنىڭ 21 ـ يىلى | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش |
| كۇسانى | ئۇيغۇر | سۇجۇنىڭ داروغاچى | جىجېڭنىڭ 2 ـ يىلى | «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن سۇجۇ تەزكىرىسى» 3 ـ جىلد |



| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىپ يۈلى | ئۇيغۇر | چۈەنجۇ ئايمىقىنىڭ داروغاچى | يەنيۇنىڭ 5 ـ يىلى | «خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن باسىن ئومۇمىي تەزكىرىسى» 37 ـ جىلد |
| ئىنانجىن | ئۇيغۇر | يىۋۇ ناھىيىسىنىڭ داروغاچى | جىجېڭنىڭ 3 ـ يىلى | «يىۋۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» 10 ـ جىلد |
| چولپان سالى | قوچولۇق | جياڭشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى | جىجېڭنىڭ 16 ـ يىلى | «ۋەنلى يىللىرىدا يېڭىدىن تۈزۈلگەن نەنچاڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 15 ـ جىلد |
| ئېلى بۇقا | ئۇيغۇر | زاۋچياڭ ناھىيىسىنىڭ داروغاچى | نامەلۇم | «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن جۇجۇ تەزكىرىسى» 11 ـ جىلد |
| دىڭ دىڭ | ئۇيغۇر | شەنياڭ ناھىيىسىنىڭ داروغاچى | جىجيىڭ يىللىرى | «ۋەنلى يىللىرىدا تۈزۈلگەن شاۋشىڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 37 ـ جىلد |
| دادۇرۇ | بېشبالىقلىق | نىڭجىن ناھىيىسىنىڭ داروغاچى | جىجيىڭ يىللىرى | ««جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن جىندىڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 4 ـ جىلد |
| بولداش | بېشبالىقلىق | نىيشياڭ ناھىيىسىنىڭ داروغاچى | ۋېنزۇڭ دەۋرى | «چېڭخۇا يىللىرىدا تۈزۈلگەن نىيشياڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» 5 ـ جىلد |
| بايانجار | بېشبالىقلىق | ۋۇياڭ ناھىيىسىنىڭ داروغاچى | جىجيىڭ يىللىرى | «ۋەنلى يىللىرىدا تۈزۈلگەن نەنياڭ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» 15 ـ جىلد |

بۇنچە كۆپ ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ يەرلىك تەزكىرىلەردە مەشھۇر ئەمەلدار سۈپىتىدە خاتىرىلىنىشى، ئۇلارنىڭ يەرلىكنى باشقۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقانلىقىنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتىدۇر. يۇقىرىدىكى 44 ئادەم ئىچىدە يەرلىك خەلق 30 دىن ئارتۇق ئادەم ئۈچۈن ئابىدە، تۆھپە ـ پەزىلەت ئابىدىسى، ۋەسىيەت ئابىدىسى، سېغىنىش ئابىدىسى، تۆھپە ئابىدىسى تىكلىگەن ۋە ئىبادەتخانا قۇرغان، گەرچە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شەرىپىگە تۆھپە — پەزىلەت ئابىدىسى تۇرغۇزۇلغانلار «شەھەرلەردىكى ئۆلىمالاردەك تەمىناتقا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق مال ـ دۇنيا بىلەن ئۆلچىگۈسىز مەدھىيىگە ئېرىشكەن».[1] ئۇيغۇرلارنىڭ ئابىدە تىكلەش ۋە ئىبادەتخانا سالدۇرۇشقا ئوخشاش ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشەلىشى خەنزۇ خەلق ئاممىسىنىڭ چىن قەلبىدىن ئىززەتلىشىگە ۋە ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. قوچولۇق داخېنۇ جىيۈەنىنىڭ 3 ـ يىلى (1337 ـ يىلى) سۇجۇ ئايمىقىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن، دەسلەپتىلا كىچىك پېئىللىق بىلەن كىبىرىنى كۆرسەتمەي، بىر قانچە ئايدىلا پۇقرالارنى ئەمىن قىلىپ، پۈتكۈل ئاممىنىڭ مايىللىقىغا نائىل بولغان. ۋەزىپىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنى ئۇنۇتمىغان، لىيۇ ۋېنچاڭ، دىڭ يۇ قاتارلىق نەچچە 10 ئادەم ئاشكارا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۇلۇغ كۆڭزىچى ئۆلىما خۇاڭ دېشيەننى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋەسىيەت ئابىدىسى تىكلىگەن.[2] دادېنىڭ 6 ـ يىلى (1302 ـ يىلى) ساداقەتمەن چېرىكچى ئۆستۈرۈشتىن چېنجۇ ئايمىقىنىڭ سابىق دارۇغاچى، قوشۇمچە ھەرقايسى يول قوشۇنلار بۇغى ئۇلۇ دېھقانلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، خېلۇ (ئۇيغۇر) نى سۇجۇغا يۆتكىگەن، ئۇ ۋەزىپە

①جۇ دېرۇن: «تۆھپە ـ پەزىلەت ئابىدىسى»، «سۇنفۇجەي ئەسەرلەر توپلىمى»، 10 ـ جىلد.
② «خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن جىلىغا قاراشلىق فېڭياڭ ۋىلايىتىنىڭ سۇجۇ تەزكىرىسى»، 2 ـ جىلد، «سۇجۇنىڭ نازارەتچى ۋالىيسى خېلو تۆرىگە ئېتىبار بېرىش خاتىرىسى».



ئۆتىگەن مەزگىللەردە، «زىندانغا بېرىپ گۇناھكارلارنى ۋەھشىيلىكنى تاشلاپ، ئاق كۆڭۈل بولۇشقا ئۈندىگەن، كىشىلەرگە ئەمەلدارلار خۇددى باھار شامىلى قار ـ مۇزلارنى ئېرىتكەندەك مۇئامىلە قىلغان. قامچىغا تايانماي ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىپ يىراق ـ يېقىنغا داڭقى پۇر كەتكەن بولۇپ، تۆت يىلدىن كېيىن كېتىدىغان چاغدا، ئاۋام خۇددى يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭ شەرىپىگە تۆھپە ـ پەزىلەت ئابىدىسى تىكلىگەن.»[1] قوچولۇق سانجىس ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا ئادىل بولغاچقا، يەرلىك كىشىلەر ئۇنىڭ «پەزىلىتىنى مەدھىيىلەپ تاشقا ئويغان».[2] زوداشىل «شەھەرنى قوغداشتا تۆھپە كۆرسەتكەن، ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى قايىل قىلغان، ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، قېرى ـ ياش ھەممىسىنىڭ ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، چوڭ يول بويىغا ئىبادەتخانا سالدۇرغان».[3] يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئەمەلدارلار مەنسەپكە ئولتۇرغان ھەربىر جايدا مەدھىيىلىنىپ، پاك ـ دىيانەتلىك دەپ تەرىپلەنگەن. بېشبالىقلىق لىيەنئانانباخا (لىيەن پۇ دەپمۇ ئاتالغان) نۆكەرلىكتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كېيىن پۇجياڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى بولغان. ئۇ پاك ـ دۇرۇس بولۇپ، «خەلقنىڭ دەۋا ـ دەستۇرلىرى بولسىلا، ئەھۋالنى تەپسىلىي بىلىپ، ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چۈشىنىپ، خاتالىقنى تۈزىتىپ، جىنايى جازا قوللانمىغاچقا، ئەمەلدارلار پۇقرالارنى بوزەك قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، پۇقرالار ئەمەلدارلارنى ئالداشقا جۈرئەت قىلالمىغان. . . . . ئۇنىڭ كېتىدىغانلىقىنى

① «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن سۇجۇ تەزكىرىسى» 3 ـ جىلد، «مەشھۇر ئەمەلدارلار»، «خۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن جىلىغا قاراشلىق فېڭياڭ ۋىلايىتىنىڭ سۇجۇ تەزكىرىسى»، 2 ـ جىلد، «سۇجۇنىڭ نازارەتچى ۋالىيسى خېلو تۆرىگە ئېتىبار بېرىش خاتىرىسى».
② «دۇسشىيۇ قاتارلىقلار: «چىڭجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، 13 ـ جىلد، «تۆھپىكار ئەمەلدارلار».
③ۋاڭ زەن: «جۇڭجى يىللىرىدا تۈزۈلگەن ۋېنجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، 8 ـ جىلد، «مەشھۇر ئەمەلدارلار».

ئاڭلىغان پۇقرالار نىجادچىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتخانا سېلىپ، ھەيكىلىنى تىكلىگەن ۋە تۆھپىسىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەسلىكى ئۈچۈن ئابىدە تىكلىگەن.»[1]

كۆڭزىچى خۇجۇ ئۆزى يازغان «قەدىردان لىيەنئانانباخا بېگىمنىڭ تەرجىمىھالى» دا ئۇنىڭ تۆھپىسىنى خاتىرىلىگەن. يەنىڭ ئايمىقىنىڭ دارۇغاچى ئۇيغۇر ئىدقۇل ئالەمدىن ئۆتكەندە، «ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ھېچقانچە مال - دۇنيا، ھەتتا ساقلىغان بۇيۇملىرىمۇ قالمىغان بولۇپ، پەقەت ئۆزى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈپ ئىشلىتىدىغانلىرىلا بار ئىدى، بۇ كىشى راستىنلا ئىشەنچلىك بولۇپ، خىيانەتچى ئەمەس ئىدى.»[2] بۇ ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى يۇقىرىقىدەك پاك - دىيانەتلىكلىكى خەنزۇلار رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشمەي قالمايدۇ. جېنياڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى دوئاداش بىر ئادەتتىكى ئۇيغۇر يەرلىك ئەمەلدار، ئۇ پاك، ئاق كۆڭۈل بولغاچقا، «بارغانلا يېرىدە ئەمەلدار ياكى ئاقسۆڭەكلەرگە يان باسماي، قىيىنچىلىق بولسىمۇ باش ئەگمەي، باشقىلارغا پايدىلىقلا بولسا يول قويۇپ، تەپتىشلەر ۋە باشقىلاردا داغدۇغىلىق تەسىر پەيدا قىلغاچقا، ھەممىسى ئۇنىڭ پەزىلىتىگە قايىل بولغان، ئۇ ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى ئۆزىنىڭ ئوغلىدەك ياخشى كۆرگەن، ئاۋامنى ئاتا - ئانىسىدەك ھۆرمەتلىگەن».[3] ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، جېنياڭ (ھازىرقى خېنەننىڭ جىڭياڭ) لىقلارنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا ھەقىقەتەن كۆزى قىيماي، شۇئان ئۇنىڭ ئۈچۈن ئابىدە تىكلىگەن، كۆڭزىچى ۋېي

---

①خۇ جۇ: «چۇنبەيجەي يازمىلىرى»، 18 - جىلد، «قەدىردان لىيەنئانانباخا بېگىمنىڭ تەرجىمىھالى».

②لىيۇ شۇن: «كېڭەشبېگى يەنىڭ يولىنىڭ دالالەتچىسى شىلىن تۆرىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى»، 14 - جىلد.

③خې لىن: «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنياڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، 3 - جىلد، «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى»، 10 - جىلد، «ئەدەبىيات - سەنئەت تەزكىرىسى».



گۈيرۇڭ «دوئاداشنىڭ ساخاۋەتلىرىدىن خاتىرە» ناملىق بىر ئەسىرىدە، ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلىگەن. جىجېڭنىڭ 9 - يىلى (مىلادىيە 1349 - يىلى) 7 - ئايدا، ئۇيغۇر ئىنانجىن يىۋۇ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى بولغان مەزگىلدە، ھوقۇق يۈرگۈزۈشتە پاك بولۇپ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغان. ئۇ ئەمەل تۇتۇپ ئالتە يىل بولغاندا «كىشىلەر ئۇنىڭدىن چوڭ ئەمەلدار قانداق بولۇشى كېرەك؟ دەپ سورىغاندا، ھال كۈنىگە شۈكرى - قانائەت قىلىشى كېرەك، دېگەن. كىچىك ئەمەلدارلارچۇ؟ دەپ سورىغاندا، قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىشى، نامراتلار ۋە بايلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى، ئەلنى ئامان قىلىشى، پۇقرانىڭ دەردىنى تىڭشىشى، پۇقرالارنى ئاتا - ئانىسىدەك كۆرۈشى كېرەك، شۇندىلا تەڭرىنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، دېگەن».[1] جىجېڭنىڭ 14 - يىلى (1354 - يىلى) ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يىۋۇ ناھىيىسىدىكى ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن سېغىنىش ئابىدىسى تىكلىگەن. جىيۈەننىڭ 2 - يىلى (1265 - يىلى) شيۇنىڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى ئېسەن تويىن ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ ماڭىدىغان چاغدا، «كىشىلەر ئېسىلىپمۇ ئېلىپ قالالماي، مويسىپىتلار شەھەر سىرتىغا چىقىپ پەرياد چېكىپ، بالىلار يىغلاپ كەتكەن» ئىدى. ئۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، «ئۇنىڭ ئەمەلدارلىقى خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن تۇرسا، كەتسە خەلق قانداقمۇ ئويلانمىسۇن».[2] ئۇيغۇر باۋگې فۇجيەن مىنخەي ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ياندىش تەپتىشلىكىنى ئۈستىگە ئالغان مەزگىلدە، «مەيلى چوڭ ئەمەلدار بولسۇن ياكى كىچىك ئەمەلدار بولسۇن، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى تەۋرەنمەي

---

①خۇجۇ: «چۇنبەيجەي يازمىلىرى»، 19 - جىلد، «دارۇغاچ كۆڭزىچى ئۆلىما ئىنانجىننى سېغىنىش ئابىدىسى».

②جېڭ يۇ: «شيۇنىڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى ئېسەن تويىن تۆرىنى سېغىنىش ئابىدىسى»، «شىشەن توپلىمى»، 6 - جىلد.

يۇرگۈزگەن، ئىشلەمچى بولسۇن، سودىگەر بولسۇن، سېتىقچى بولسۇن ئۇلارنى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرگەن، ئۇ كېتىۋىدى، چوڭ ئەمەلدارمۇ، كىچىك ئەمەلدارمۇ، ئىشلەمچىمۇ، سودىگەرمۇ، سېتىقچىمۇ ئۇنى سېغىنغان». ①

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىرالايمىز.

ئىچكىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر ئەمەلدارلاردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ ئەمەلدار بولۇشى توسالغۇسىز بولغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ «كېلىپ چىقىش ئاساسى ياخشى» بولغانلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، ئەمما تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ئۇلار خەنزۇ مەدەنىيىتىدە نىسبەتەن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىچكىرىگە كۆچكەن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار موڭغۇل قاغانلىرىنىڭ نۆكەرلىرى بولغاچقا، موڭغۇل ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەرقايسى تەرەپلىرى بىلەن زىچ ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ موڭغۇللىشىش دەرىجىسى نىسبەتەن چوڭقۇر. بۇ ئىككى جەھەتتىكى ئامىل بولغاچقا، ئۇلار ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشىدا ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان.

يۈەن سۇلالىسى بيۇروكرات ئاپپاراتىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەن بولۇشتەك ئومۇمىي يۈزلىنىش ئاستىدا، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ياخشى مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۆزلۈكىدىن تەربىيىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىدا ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقىپ،

① فۇجيەن تەزكىرە ئىدارىسى: «فۇجيەن تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى»، 12 - جىلد، «ئىتائەتمەن تۆرە باۋ گېنى سېغىنىش ئابىدىسى.»



بۇرچىنى ئادا قىلىپ كەلگەن. ئۇلار جازا ئۆلچەشتە ھوشيار بولغاچقا، بارغانلا جايدا ئاۋامنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقان. نۇرغۇنلىغان ئامىللار ئىچىدە، پاك بولۇش، تىرىشچان بولۇش، خەلقنى ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرۈش ناھايىتى مۇھىم. ئۇلارنىڭ فېئوداللىق ئەخلاقنى پىششىق بىلىشى كۆڭزىچىلىق ئىلمىنى تەتقىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ.

# يەتتىنچى باب، ئۇيغۇرلارنىڭ شىپ جەمەتى ھەققىدە تەتقىقات

قوچولۇق شىپ جەمەتى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرى رايونلارغا كىرىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ جەمەتى، بۇ جەمەت ئەزالىرىنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى سىياسىي ساھەدىكى پائالىيەتلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك خىزمەت ھېسابلىنىدۇ.

## §1 . يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى قوچولۇق شىپ جەمەتى

شىپ جەمەتى ئەسلىدە تۈركىي تىللىق قوۋملار ئىچىدىكى ئىسىلزادىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ باش ۋەزىرى بولۇپ كەلگەن . . . . .ئۇيغۇر خانلىقى، قەدىمكى ئىدىقۇت رايونىدا ياشىغان، جۇڭشياڭدىن بۇرۇن، سېلىنگا دەرياسى بويىدا ئولتۇراقلاشقان، شۇڭلاشقا ئەسلىنى ئۇنتۇلماسلىق ئۈچۈن ‹شىپ› نى فامىلە قىلغان.»[①] ئارۇن تېمۇر ۋاقتىدىلا، شىپ جەمەتىدىكىلەر ئىچكىرىدىكى خەنزۇلار رايونىغا كۆچكەن ھەم يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي

① خۇاڭ جىن: «ۋېي ئايمىقىلىق خانىم ئۇيغۇرنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى»، 39 ـ جىلد.



ساھەسىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان. شىپ چاڭشۇ ئورۇنباسار ئەمىر لەشكەر بولغان، كېڭەشبېگى، جىئەن يولىنىڭ دارۇغاچى مەنسىپىنى ئۆتەۋېتىپ ئالەمدىن ئۆتكەن[①]. شىپ چاڭشۇنىڭ بوۋىسى، شىپ سىنىڭ ئاتىسى شىپ جېدۇ يەنيۇنىڭ 2 ـ يىلى (1315 ــ يىلى) يىماۋ تەشرىپدارلار ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، لۇڭشىڭ (ھازىرقى جياڭشىدىكى نەنچاڭ) دا ئولتۇراقلاشقان. كېيىن لىيڭا (ھازىر جياڭسۇغا قاراشلىق) دا ئولتۇۋاقلاشقان. ھۈنەر ــ كەسىپ مەھكىمىسىنىڭ دىۋان بېگى، زوراغالىلىق مەھكىمىسى بېگى، جېجياڭ ـ جياڭسۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى، مەنسەپ ـ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن. يۈەن شۈندىنىڭ جىجېڭ 12 ـ يىلى (1352 ــ يىلى) خۇەينەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى بولغان[②]. شىپ چاڭشۇنىڭ ئاتىسى شىپ بەيلياۋسۈن تەپتىشبېگىنىڭ قول ئاستىدا سۇگۇرچى بولغان، جىجېڭ بەشىنچى يىلى (1345 ـ يىلى) تەشرىپدارلىققا ئۆتكەن، دانىشمەن ـ ئۆلىمالار كامالەتخانىسىدا پۈتۈكچى بولۇشقا مۇناسىپ بولسىمۇ، پەرمان مەھكىمىسىنىڭ زالىم ھەكەمى بولغان، (كېيىن) دۈەنبېنتاڭ سارىيىنىڭ باش بىتىكچىلىككە تاللانغان بولسىمۇ، دەنجۈنى قوغداشقا بارغان[③]، كېيىن ئاتىسى قازا قىلغاچقا، دانىڭغا كېلىپ ماكانلاشقان. قىزىل ياغلىقلىقلار قوشۇنى شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، شەرقىي شىمالغا ھۇجۇم قىلىپ، دانىڭغا قىستاپ

① ئوۋياڭ شۈەن: «قوچولۇق شىپ جەمەتىنىڭ شەجەرىسى»، «گۇيجەي توپلىمى»، 11 ـ جىلد؛ خۇاڭ جىن: «قارا بۇقىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى»، 25 ـ جىلد.
② سۇ تيەنجۆ: «يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان شۈيجۇ يولى خاتىرىسى»، «زىشى يازمىلىرى»، 2 ـ جىلد؛ خۇاڭ جىن: «قارا بۇقىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى»، «جىن خۇاخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى»، 25 ـ جىلد، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 97 ـ جىلد، «ئوزۇق ـ تۈلۈك، مال ـ مۈلۈك تەزكىرىسى (5)»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 42 ـ جىلد، «شۈندى ھەققىدە خاتىرە (5)».
③ ليۇ ئەن: «ۋەنلى يىللىرىدا تۈزۈلگەن يۈنجۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، 35 ـ جىلد، «دەرىجىلىك ئەمەلدارلار جەدۋىلى».

كەلگەندە ، شيې بەيلياۋسۇن ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇشتىن قېچىپ ، ئائىلىسىنى ئېلىپ كورىيىگە بېرىپ ماكانلىشىپ قالغان[①] . ئەينى ۋاقىتتا كورىيىدە گۇڭمىن خان ۋاڭ جۇەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقانىدى ، ۋاڭ جۇەن يۈەن سۇلالىسىدە تورغاقلىقتا تۇرغان بولۇپ ، دۇەنبېنتاڭ سارىيىدا يۈەن شۇندىنىڭ ۋەلىئەھدى ئەيۇشىلى دارانىڭ خىزمىتىنى قىلغان ، شۇ چاغدا شيې بەيلياۋسۇن دۇەنبېنتاڭ سارىيىدا باش پۇتۇكچى ۋەزىپىسىنى ئۆستىگە ئالغان بولۇپ ، ۋاڭ جۇەن بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار ئىدى . شۇڭلاشقا شيې بەيلياۋسۇن كورىيىدە ماكانلىشىپ قالغاندىن كېيىن ، ۋاڭ جۇەن ئۇنىڭغا كاتتا ئىلتىپات كۆرسىتىپ يەر ، تۇرالغۇ ھەدىيە قىلغان . ئۇنىڭغا «قوچو تۆرىسى» مەرتىۋىسىنى بەرگەن ، كېيىن يەنە ئۇنىڭغا «فۇيۈەن بېگى» مەرتىۋىسىنى بەرگەن . گۇڭمىن خاننىڭ 9 - يىلى (1399 - يىلى) شيې بەيلياۋسۇن ئالەمدىن ئۆتكەن ، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ، جەمەتى ئاۋۋالقىدەكلا ۋاڭ جۇەننىڭ غەمخورلۇقىغا نائىل بولغان .

قوچولۇق شيې جەمەتىدىكىلەر يۇقىرى خەنزۇ مەدەنىيىتى ساپاسىغا ئىگە بولۇپ ، «ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ، ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن بىرىنچى بولۇپ ئۆتۈپ»[②] ئۆز دەۋرىدە داڭق چىقارغان . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن كۇڭ چى «جېجېڭ يىللىرىدىكى خاتىرىلەر» دە : «قوچولۇق شيې جىدۇ جەنۇبتا ياشىغاندا جەمەتى بويىچە كۇڭزىچىلىقتا ئىخلاس قىلغان ، جياڭشىغا ماكانلاشقاندا ، بەش ئاكا - ئىنى تەڭلا تەشرىپدارلىققا ئۆتۈپ ، زور شۆھرەت قازانغان»[③] دەپ خاتىرىلەنگەن ، يۈەن سۇلالىسى

① خۇاڭ جىن : «قارا بۇقىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» ، «جىن خۇخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 25 - جىلد ؛ جېڭ لىنجى : «كورىيە تارىخى» ، 112 - جىلد ، «شيې سۈننىڭ تەرجىمىھالى» .
② شيې يىڭفاڭ : «ۋالىي شيې چاڭشۇنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى قۇتلۇقلاپ» ، «گۇيچاۋ يازمىلىرى» ، 16 - جىلد .
③ كۇڭ چى : «جېجېڭ يىللىرىدىكى خاتىرىلەر» ، 3 - جىلد ، «قوچولۇق شيې جىدۇ» .



دەۋرىدىكى قوچولۇق شيې جەمەتىدىكىلەردىن نامى چىققانلاردىن ئېنىقلانغىنى 47 كىشى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 9 كىشى تەشرىپدار بولغان ، بۇ ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 18 % نى ئىگىلەيدۇ ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى مۇشۇنىڭدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

يۇقىرىقى بايانلاردىن قوچولۇق شيې جەمەتىدىكىلەرنىڭ يۈەن سۇلالىسى تارىخىدا خەنزۇلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا ئورتاق ئىشتىراك قىلغان بولۇپلا قالماي ، بەلكى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر قوبۇل قىلغان بىر تارمىقى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ ، قوچولۇق شيې جەمەتىدىكىلەرنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت سەھنىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان دېيىشكە بولىدۇ .

يۈەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ، شيې چاڭشۇ ، شيې سىلار قوچولۇق شيې جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي سەھنىدە داۋاملىق مۇھىم رول ئوينىغان ، بۇ مۇشۇ جەمەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى .

## § 2 . شيې چاڭشۇنىڭ كورىيىگە بېرىپ ماكانلىشىشى ۋە ئۇنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە يەتتە قېتىم ئەلچىلىككە كېلىشى

شيې چاڭشۇ ، تەخەللۇسى تيەن مىڭ ، يۈەن شۇندىنىڭ جېجېڭ تۇنجى يىلى (1341 - يىلى) تۇغۇلغان ، جېجېڭ 18 - يىلى (1358 - يىلى) ئاتىسى شيې بەيلياۋسۇن بىلەن بىللە كورىيىگە كىرىپ ماكانلىشىپ ، چىڭشۇن ۋىلايىتىنىڭ

سەدىقچىسى بولغان. ئىككى يىلدىن كېيىن ئاتىسى قازا قىلغاچقا، قاتتىق ھەسرەت چەككەن، كورىيە خانى (ئۇنىڭغا) قايغۇرماي كورىيىنىڭ ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا ئالاھىدە پەرمان چۈشۈرگەن. ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، جىنىياڭنىڭ باسقاق ئامباللىقىغا تەيىنلەنگەن. (كېيىن) مەنسىپى ئۆسۈپ دېھقانچىلىق، ئىبادەتخانا ئىشلىرى سوراقچىسى بولغان. كورىيە خانى شىنيۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەر (1375 — 1388 — يىللار) دە ياندىشى زوراغا بېگى بولغان، يارغۇچى شىغاۋۇل، مەمۇرىي ئىشلار دىۋانىنىڭ ئەدىبى ۋە ۋەزىر بولغان. شىنيۇنىڭ 14 - يىلى (1388 - يىلى) كورىيىنىڭ ئالىي سەركەردىسى لى چېڭگۈي ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغاپ شىنيۇنى تەختتىن ئوغلى شىنچاڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇرلىغان، ئۇزاق ئۆتمەي شىنچاڭنى تەختتىن چۈشۈرۈپ ۋاڭ ياۋنى تەختكە چىقارغان، شىي چاڭشۇ ۋەزىرلىك سالاھىيىتى بىلەن بۇ قېتىمقى ئىشتا كېلىشتۈرگۈچى بولغان، شۇنىڭ بىلەن مەشھۇر «جۇڭشىڭ يىللىرىدىكى توققۇز تۆھپىكار ۋەزىر» نىڭ بىرى بولۇپ قالغان، گۇڭراڭ خانىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش يارلىقىدىكى قەيتكە ئاساسلانغاندا «ئۇنىڭ تۆھپىسى تەيزۇ (كورىيە دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچى ۋاڭجيەننى كۆرسىتىدۇ - نەقىلچىدىن) دۆلەت قۇرغاندىن كېيىنكى تۆھپىكار ۋەزىرلەردىن تۆۋەن تۇرمايدىكەن.» گۇڭراڭ خان «توققۇز تۆھپىكار ۋەزىر» گە كاتتا ئىلتىپات كۆرسەتكەن. شىي چاڭشۇغا ئاۋۋال «ساداقەتمەن تۆرە» مەرتىۋىسى بېرىلگەن، كېيىن يەنە «مالىمانچىلىقنى تىنجىتقۇچى تۆھپىكار ۋەزىر» نامى ھەدىيە قىلىنغان. گۇڭراڭ خانىنىڭ ئىككىنچى يىلى (1390 - يىلى) شىي چاڭشۇ يارەمچى ئىشكئاغا (ۋەزىر) لىككە ئۆستۈرۈلگەن، تۆتىنچى يىلى ئۈچ مەھكىمە دادخاھى (ۋەزىر) بولغان. ئۇزاق ئۆتمەي، كورىيىدىكى



يۇقىرى قاتلامنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىگە چېتىلىپ قېلىپ، ئەمەلدارلار ئەرز قىلغاچقا، مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇپ چەت - يىراق جايغا سۈرگۈن قىلىنغان. لى چېڭگۈي ۋاڭ جەمەتىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ چاۋشيەن لى جەمەتى خاندانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، شىي چاڭشۇ قايتىدىن ئىشقا قويۇلغان، لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ تەيزۇ 3 - يىلى (1394 - يىلى) تىلماچلار يۇرتىنىڭ بېگلىكىگە تەيىنلەنگەن، كېيىن ئۈچ مەھكىمە دادخاھلىق مەنسىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، كېيىن شىغاۋۇل بولغان، يەنشيەن ۋىلايىتىنىڭ تۆرىسى مەرتىۋىسى بېرىلگەن، لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ دىڭزۇڭ تۇنجى يىلى (1399- يىلى) 10- ئايدا 59 يېشىدا قازا قىلغان[①]. بۇنىڭدىن شىي چاڭشۇنىڭ كورىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان چاۋشيەن تارىخىدىكى بىر مۇھىم سىياسىي پائالىيەتچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ شەخسىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئۆزگىچە سەرگۈزەشتىلىرى ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ ۋە مۇئەييەن تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. تۆۋەندە ئۇنىڭ كورىيە ۋە لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرلىك سالاھىيىتى بىلەن مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە كېلىش پائالىيەتلىرىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرىمىز.

چاۋشيەن تارىخ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، شىي چاڭشۇ «ئۆزىنى دۆلەتكە بېغىشلاپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسىگە سەككىز قېتىم ئەلچىلىككە كەلگەن.»[②] بۇ سەككىز

① جېڭ لىنجى: «كورىيە تارىخى»، 112 - جىلد، «شىي سۇننىڭ تەرجىمىھالى قوشۇمچە شىي چاڭشۇنىڭ تەرجىمىھالى»، «كورىيە تارىخى»، 136 ~ 137 - جىلد، «شىنيۇنىڭ تەرجىمىھالى»، «كورىيە تارىخى»، 45 ~ 46 - جىلد، «گۇڭراڭ خان نەسەبنامىسى»؛ ۋۇ خەنجى: «چاۋشيەن لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ ئوردا خاتىرىسىدىكى جۇڭگوغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار»، بىرىنچى قىسىم 1 - جىلد، «تەيزۇ كاڭشيەن خانغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، «دىڭزۇڭ گۇڭجىڭ خانغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى».

② ۋۇ خەنجى: «چاۋشيەن لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ ئوردا خاتىرىسىدىكى جۇڭگوغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار»، بىرىنچى قىسىم 1 - جىلد، «تەيزۇڭ گۇڭدىڭ خانغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى».

قېتىملىق ئەلچىلىكنىڭ يەتتە قېتىملىقى توغرىسىدا جۇڭگو - چاۋشيەن تارىخ ماتېرىياللىرىدا كونكرېت خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان، تۆۋەندە بۇنى ئايرىم - ئايرىم هالدا بايان قىلىمىز:

1. گۇڭمىن خاننىڭ 19 - يىلى (خۇڭۋۇ 3 - يىلى، 1370 - يىلى) 9 - ئايدا، «كورېيە خاندانلىقى ۋەزىر شيې چاڭشۇنى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلىپ، پادىشاھنىڭ مەۋلۇتىنى قۇتلۇقلىغان»[①].

2. كورېيە خاندانلىقى شىنيۇنىڭ 13 - يىلى (خۇڭۋۇنىڭ 20 - يىلى، 1387 - يىلى) 2 - ئايدا، «ياردەمچى زوراغا بېگى شيې چاڭشۇ ئاستانىگە ئەۋەتىلگەن»؛ 5 - ئايدا، «شيې چاڭشۇ ئاستانىدىن قايتقان»[②]. بۇ قېتىمقى ئەلچىلىك يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لياۋياڭ قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم ئەسكەر ۋە پۇقرالار ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كورېيىگە قېچىپ كەتكەن، مىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشنى قارار قىلغان. كورېيە هۆكۈمىتى مۇشۇ خۇسۇستا شيې چاڭشۇنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسىگە بېرىپ «ئۆزرە خاھلىق ئېيتىش»قا ئەۋەتىپ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىن قاچقۇنلارنى سۈرۈشتۈرۈش قارارىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، مىڭ سۇلالىسى يۈەن سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، كىيىم - كېچەك تۈزۈمىنى ئۆزگەرتكەن، كورېيە مىڭ سۇلالىسىنىڭ كىيىم - كېچەك تۈزۈمىنى ئۆرنەك قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، «ئىككى قېتىم مەكتۇپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئىجازەتكە ئېرىشەلمىگەن»، شۇڭلاشقا شيې چاڭشۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئەلچىلىككە بېرىشتا، كورېيىنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ

① «مىڭ تەيزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 14 - جىلد، ئىلاۋە: «بۇ قېتىمقى ئەلچىلىككە چىقىش «كورېيە تارىخى» دا خاتىرىلەنمىگەن.
② «كورېيە تارىخى»، 136 - جىلد، «شىنيۇنىڭ تەرجىمىھالى (4)».



كىيىم - كېچەك تۈزۈمىنى ئۆرنەك قىلىشقا رۇخسەت قىلىشنى داۋاملىق تەلەپ قىلىش ۋەزىپىسىمۇ بار ئىدى. شيې چاڭشۇ بۇ قېتىمقى ئەلچىلىككە بېرىشتا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسى يىڭتيەن (هازىرقى جياڭسۇدىكى نەنجىڭ) گە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مىڭ تەيزۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. مىڭ تەيزۇ شيې چاڭشۇغا كورېيە بىلەن تىنچ بىللە ئۆتۈپ، يەڭگىللىك بىلەن چېگرا پاراكەندىچىلىكى پەيدا قىلماسلىق ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن هەم ئۇنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ كىيىم - كېچىكىنى ئۆرنەك قىلىش تەلىپىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭغا بىر يۈرۈش ئېسىل كىيىم هەدىيە قىلغان.

3. كورېيە خاندانلىقى شىنيۇنىڭ 13 - يىلى (خۇڭۋۇنىڭ 20 - يىلى، 1387 - يىلى) كەبىسە 6 - ئايدا، «يارغۇچى شىغاۋۇل شيې چاڭشۇ ئاستانە (بېيجىڭ) گە پادىشاھنىڭ مەۋلۇتىنى قۇتلۇقلاشقا ئەۋەتىلگەن»[①]. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دا خاتىرىلىنىشىچە، شيې چاڭشۇ شۇ يىلى 9 - ئايدا ئاستانىگە يېتىپ كېلىپ، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئالتۇن، كۈمۈش غىزا قاچىلىرى ۋە دارايى قاتارلىق بۇيۇملارنى تەقدىم قىلغان، مىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى ئۇنىڭغا زەر يىپەك، گۈللۈك كىمخاب، كىيىم - كېچەك ۋە پۇل - پۇچەكلەرنى ئىنئام قىلغان»[②]. كېيىنكى يىلى 2 - ئايدا، شيې چاڭشۇ كورېيە پايتەختىگە قايتىپ كەلگەن[③].

4. كورېيە خاندانلىقى شىنيۇنىڭ 14 - يىلى (خۇڭۋۇنىڭ 21 - يىلى، 1388 - يىلى)، ياردەمچى ئىشىكئاغا يۈرۈنلىي مەمۇرىي ئىشلار دىۋانىنىڭ ئەدىبى شيې چاڭشۇنى بېيجىڭغا

① «كورېيە تارىخى»، 136 - جىلد، «شىنيۇنىڭ تەرجىمىھالى (4)».
② «مىڭ تەيزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 185 - جىلد، خۇڭۋۇنىڭ 20 - يىلى 9 - ئاينىڭ يىۋېي كۈنى بولغان ئىش.
③ «كورېيە تارىخى»، 136 - جىلد، «شىنيۇنىڭ تەرجىمىھالى (4)».

بىرىپ ، شىنيۇنىڭ تەختىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ ، شىنچاڭغا مەرتىۋە بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا ، قوشۇمچە سۈيىباۋ شىڭنىڭ لياۋدۇڭغا ھۇجۇم قىلىش گۇناھىنى مەلۇم قىلىشقا ئەۋەتىلگەن . «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە ، شيې چاڭشۇ قاتارلىقلار شۇ يىلى 10 - ئايدا ئاستانىگە يېتىپ كەلگەن . شىنيۇ تەختتىكى مەزگىللەردە ، ھاماقەت ، يولسىز بولغاچقا ئەمەلىي ھوقۇقنى ئالىي سەركەردە لى چېڭگۈي ئىگىلىگەن . شۇ يىلى 5 - ئايدا ، شىنيۇ بىلەن ئالىي سەركەردە سۈيىباۋ شىڭ جۇڭگوغا تەۋە لياۋدۇڭنىڭ چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلغان ، لى چېڭگۈي نەسىھەت قىلىپ توسۇغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىغاچقا ، ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغاپ ، شىنيۇنى تەختنى شىنچاڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلغان ، ئارقىدىنلا شيې چاڭشۇ قاتارلىقلارنى بۇ ئەھۋاللارنى مىڭ سۇلالىسىگە مەلۇم قىلىپ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ نام جەھەتتە بولسىمۇ ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتكەن .

5 . كورېيە پادىشاھى گۇڭراڭ خاننىڭ 3 - يىلى (مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى خۇڭۋۇنىڭ 24 - يىلى ، 1391 - يىلى ) 9 — ئاينىڭ «بىڭۋۇ كۈنى شاھزادە بىگرۇنى پايتەختكە مىڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى تەبرىكلەشكە ئەۋەتكەن ، شىغاۋۇل شېن دېفۇ ، ساراي بېگى شيې چاڭشۇ ، زوراغاللىق مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ئەلچىسى مىڭ كەيگۈلار بىللە بارغان » ،① شۇ يىلى 12 - ئايدا ، كورېيە شاھزادىسى مىڭ سۇلالىسى پايتەختىگە يېتىپ كەلگەن . «مىڭ تەيزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 214 - جىلدىدا خۇڭۋۇنىڭ 24 - يىلى 12 - ئايدا بولغان ئىش مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «كورېيە خانى ۋاڭ ياۋ چوڭ ئوغلى بىگرۇ ، ساراي بېگى شيې چاڭشۇ قاتارلىق

① «كورېيە تارىخى» ، 46 - جىلد ، «گۇاڭراڭ خاننىڭ نەسەبنامىسى (2 )» .



كىشىلەرنى نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن پادىشاھ ئالىيلىرى بىگرۇ قاتارلىقلارغا كىمخاپ ، تاۋار - دۇردۇن كىيىملەرنى ئىنئام قىلدى . » ئىككىنچى يىلى ، 3 - ئايدا كورېيە ئەلچىلەر ئۆمىكى كورېيىگە قايتىپ كەلگەن .①

6 . كورېيە پادىشاھى تەيزۇنىڭ 5 - يىلى (مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى خۇڭۋۇنىڭ 29 - يىلى ، مىلادىيە 1396 - يىلى ) 11- ئاينىڭ «دىڭجۇ كۈنى ئۈچ مەھكىمە بېگى شيې چاڭشۇ (ئەسلىي ئىزاھتا ئۇيغۇر دېيىلگەن ) ، زوراغاللىق مەھكىمىسىنىڭ ئورۇنباسار ئەلچىسى شىن يۇشيەن قاتارلىقلار مىڭ سۇلالىسى پايتەختىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە ئەۋەتىلدى . مەكتۇپتا : ھەمراھ بولۇپ بىرگە بارغان ۋەزىر خېلون قاتارلىق كىشىلەر پايتەختتىن كەلگەندىن كېيىن ، پادىشاھىنىڭ پەرمانى بويىچە ئىش كۆرسۈن : (مەن قۇدىلىشىمەن ········ مەن سىز بىلەن قۇدىلىشىمەن . قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سەمىمىي بولسۇن ، چاتاق تېرىمىسۇن ، ئالىيلىرىدىن ) قائىدە - مۇراسىم پىرقىسىنىڭ سۆزىگە قوشۇلىمەن ، پادىشاھىنىڭ پەرمانى بويىچە ئىش كۆرۈلسۇن : (ئەلچىلىككە كەلگەن ليۇ جۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بىلىمى چولتا ، ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇۋېتىلسۇن ، ئالىيلىرىدىن . ) پېقىرلىرى ئالىيلىرىنىڭ شەپقىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا تەبرىكلەنسۇن ! ھەمراھ بولۇپ ماڭغان ۋەزىر شيې چاڭشۇ قاتارلىق كىشىلەرنى نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن پايتەختكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە ئەۋەتتىم »② . يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىيالدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ،

① «كورېيە تارىخى» ، 46 - جىلد ، «گۇڭراڭ خاننىڭ نەسەبنامىسى (2 )» .
② ۋۇخەنجى : «چاۋشيەن لى جەمەتى خانىدانلىقى ئوردا خاتىرىلىرىدىكى جۇڭگوغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار » ، 1 - قىسىم 1 - جىلد ، «تەيزۇ كاڭشيەن خانغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» .

ئاتالمىش «مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش» ، بىرىنچىدىن جۇ يۈەنجاڭنىڭ كورىيە خانى جەمەتى بىلەن قۇدىلىشىش تەكلىپىنى بەرگەنلىكىگە رەھمەت بىلدۈرۈش ؛ ئىككىنچىدىن مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ تۇتۇپ قېلىنغان كورىيە ئەلچىسى لىيۇ جۇ قاتارلىقلارنى قويۇپ بەرگەنلىكىگە رەھمەت بىلدۈرۈش ئىدى. «مىڭ سۇلالىسى ئوردا خاتىرىلىرى» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا ، شيې چاڭشۇ قاتارلىقلار ئىككىنچى يىلى 2 - ئايدا مىڭ سۇلالىسى پايتەختىگە يېتىپ كېلىپ مىڭ تەيزۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن . مىڭ تەيزۇ شيې چاڭشۇ بىلەن سۆھبەتلەشكەندە لى چېڭگۈينىڭ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بولغان سەممىيەتسىزلىكىنى تىلغا ئالغان ، بۇ ۋاقىتتا شيې چاڭشۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى ئاقلاپ : «كەمىنىلىرى كورىيىگە بارغىلى بۇ يىل 40 يىل بولدى ، گۇڭمىن خاننى تىلغا ئالمايلا قويايلى . ئارىلىقتا ئىككى ، ئۈچ پادىشاھ ئۆتتى ، كەمىنىلىرى ئۇلارنىڭ سەممىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمايمەن ، بۈگۈنكى كۈندە پادىشاھىمىز چىن كۆڭلى بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتىدۇ ، ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا پېتىنالمايمەن ، دەيدۇ» . شۇ يىلى 4 - ئايدا ، شيې چاڭشۇ قاتارلىق كىشىلەر «پايتەختتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، قائىدە - مۇراسىم پىرقىسىغا بۇ ئىشنى مەلۇم قىلدى ، خاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن قۇدىلىشىش ئىشى بىكار قىلىندى .»[①] «مىڭ تەيزۇغا ئائىت ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 250 - جىلدىدىمۇ شيې چاڭشۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئەلچىلىككە بېرىشى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغان بولسىمۇ ، لېكىن لىيۇ جۇ قاتارلىقلارنى قويۇپ بېرىش ئىشىلا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ، جۇ يۈەنجاڭنىڭ كورىيە خان جەمەتى بىلەن قۇدىلىشىش تەكلىپىنى

① ۋۇخەنچى : «چاۋشيەن لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرىدىكى جۇڭگوغا دائىر بىر تارىخي ماتېرىياللار» ، بىرىنچى قىسىم 1 - جىلد ، «تەيزۇ كاڭشيەن خانغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» .



بەرگەنلىك ئىشى قىلچىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان ، ئېھتىمال كېيىن ئۆتكەن سالنامىچىلەرنىڭ ئورتودوكسال سۇلالە ئىدىيىسى كۈچلۈك بولغاچقا ئۇلار مىڭ تەيزۇنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن كورىيە خان جەمەتى بىلەن قۇدىلىششىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى سۇلالىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگەنلىك دەپ قاراپ بۇ ئىشنى يوشۇرۇپ مىڭ تەيزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرىگە كىرگۈزمىگەن بولسا كېرەك .

7 . لى جەمەتى خاندانلىقى تەيزۇنىڭ 7 - يىلى (مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇنىڭ 31 - يىلى ، مىلادىيە 1398 - يىلى ) 9 - ئايدا ، «ئۈچ مەھكىمە دادخاھى شيې چاڭشۇ ، شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ پۈتۈكچىسى جىن يىشياڭ قاتارلىقلار مىڭ سۇلالىسى پايتەختىگە ئەۋەتىلدى»[①] . شيې چاڭشۇ بۇ قېتىم پەرمانغا بىنائەن ئەلچىلىككە بېرىشتا ، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بېرىپ كورىيە پادىشاھى لى دەن (يەنى لى چېڭگۈي ) نىڭ تەختنى شاھزادە لى فاڭگۇغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ ، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىن ئىجازەت سورىغان . شيې چاڭشۇ يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن دەرھال يولغا چىقمىغان ، شۇ يىلى 10 - ئايغا كەلگەندىلا ئاندىن سەپەرگە ئاتلانغان ، ئەمما كورىيە - جۇڭگو چېگرىسىغا كەلگەندە ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىنى ساقلاۋاتقان ئەمىرى يەنە «ئۈچ يىلدا بىر قېتىم تەكلىپ قىلىنىدىغان قەرەل توشمىدى دېگەننى باھانە قىلىپ چېگرىدىن كىرگىلى قويمىغان»[②] . ئىككىنچى يىلى (لى جەمەتى خاندانلىقى دىڭزۇڭنىڭ تۇنجى يىلى ، مىلادىيە 1399 - يىلى ) بىرىنچى ئايدا ، بۇتخانىنى تاۋاپ قىلغۇچى سالاھىيىتى بىلەن ئاندىن مىڭ

① ۋۇخەنچى : «چاشيەن لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ ئوردا خفتىرىلىرىدىكى جۇڭگوغا دائىر تارىخي ماتېرىياللار» ، بىرىنچى قىسىم 1 - جىلد ، «تەيزۇ كاڭشيەن خانغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»

② ۋۇ خەنجى : «چاۋشيەن لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرىدىكى جۇڭگوغا ئائىت تارىخي ماتېرىياللار» 1 - قىسىم 1 - جىلد ، «تەيزۇ كاڭشيەن خانغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى .

سۇلالىسىگە كىرەلىگەن . شۇ يىلى 6 ـ ئايدا مىڭ سۇلالىسى پايتەختىدىن كورېيىگە قايتقان .

شىي چاڭشۇنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان 7 قېتىملىق ئەلچىلىك پائالىيىتىدىن باشقا ، يەنە مىڭ سۇلالىسىگە قىلغان ئىككى قېتىملىق ئەلچىلىك پائالىيىتى ئەمەلگە ئاشمىغان . گۇڭمىن خاننىڭ 22 ـ يىلى (خۇڭۋۇنىڭ 6 ـ يىلى ، مىلادىيە 1373 ـ يىلى ) ، كورېيە ھۆكۈمىتى «زوراغاللىق مەھكىمىسىنىڭ بېگى چېيەنيۇنى ھەمراھ قىلىپ ، دېھقانچىلىق مەھكىمىسىنىڭ بېگى شىي چاڭشۇنى شاھزادىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەشكە ئەۋەتتى . ……… خۇڭۋۇنىڭ 7 ـ يىلى ئۇلار دېڭىزدا قاراقچىلارغا ئۇچراپ ، ئارقىغا يېنىپ كەتتى »[1] شىنچاڭنىڭ تۇنجى يىلى (خۇڭۋۇنىڭ 22 ـ يىلى ، مىلادىيە 1389 ـ يىلى ) 9 ـ ئايدا ، شىنچاڭ خان شەخسەن ئۆزى مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بېرىشنى قارار قىلدى . شىي چاڭشۇنى ھەمراھ بولۇپ بارغۇچى ئەمەلدار قىلىپ تاللىدى ، كېيىن مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن بۇ نىيىتىدىن ياندى »[2] .

كورېيە تەرەپ نېمە سەۋەبتىن شىي چاڭشۇنى كۆپ قېتىم ئەلچى قىلىپ مىڭ ئوردىسىغا ئەۋەتتى ، بۇ ئېنىقكى بۇ كىشىنىڭ كېلىپ چىقىشى ، سالاھىيىتى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . شىي چاڭشۇ كورېيە ۋە لى جەمەتى خاندانلىقى سىياسىي سەھنىسىدىكى مۇھىم بىر دىپلوماتىيە پائالىيەتچىسى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇ كورېيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگولۇق ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان شەخس . ئۇ قوچولۇق شىي جەمەتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ ، خېلى يۇقىرى خەنزۇ مەدەنىيىتى سەۋىيىسىگە ئىگە ئىدى ، ئۇ كورېيىنىڭ

[1] «كورېيە تارىخى» 44 ـ جىلد ، «گۇڭمىن خاننىڭ نەسەبنامىسى» .
[2] «كورېيە تارىخى» ، 137 ـ جىلد ، «شىنيۇنىڭ تەرجىمىھالى (5 ) » .



تەشرىپدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپلا قالماي ، بەلكى لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى تېخى كورېيىدىكى خەنزۇ تىلى ۋە موڭغۇل تىلى تەرجىمانلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئورگىنى — خانلىق تەرجىمە يۇرتىنىڭ تىدىياۋ (مۇدىر ) لىقىنى ئۈستىگە ئالغان . مۇشۇ سەۋەبتىن ، ئۇ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچىلىككە بارىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق نامزات بولۇپ قالغان .

شىي چاڭشۇنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە كېلىش پائالىيىتى جۇڭگو ـ چاۋشيەن (كورېيە ) ئالاقە تارىخىدا مەدھىيىلەشكە ئەرزىگۈدەك بىر بەت قالدۇردى ، ئۇنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ .

ئالدى بىلەن ، شىي چاڭشۇ مىڭ سۇلالىسىگە 7 قېتىم ئەلچىلىككە كېلىپ ، بەزى ئۇقۇشماسلىقلارنى تۈگەتتى ، ھەمدە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنى كۈچەيتتى . مەسىلەن ، خۇڭۋۇنىڭ 30 ـ يىلى (مىلادىيە 1397 ـ يىلى ) 4ـ ئايدا ، جۇ يۈەنجاڭ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچىلىككە كەلگەن شىي چاڭشۇنى قوبۇل قىلغاندا ، لى چېڭگۈينىڭ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بولغان سەمىمىيەتسىزلىكىنى تىلغا ئالدۇ ، بۇ چاغدا شىي چاڭشۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى ئاقلاپ : «كەمىنىلىرى كورېيىگە بارغىلى بۇ يىل 40 يىل بولدى ، گۇڭمىن خاننى تىلغا ئالمايلا قويايلى . ئارىلىقتا ئىككى ، ئۈچ پادىشاھ ئۆتتى ، كەمىنىلىرى ئۇلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە سەمىمىي ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمايمەن . بۈگۈنكى كۈندە پادىشاھىمىز چىن كۆڭلى بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتىدۇ ، مەن ئۇنىڭغا بىھۆرمەتلىك قىلىشقا يېتىنالمايمەن » دېگەن[1] . ئۇنىڭ بۇ سۆزى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ ،

[1] ۋۇ خەنجى : «كورېيە لى جەمەتى خاندانلىقىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرىدىكى جۇڭگوغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار » 1 ـ قىسىم 1 ـ جىلد ، «تەيزۇ كاڭشيەن خانغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى » ؛

ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان. ئىككىنچىسى، شىي چاڭشۇنىڭ مىڭ سۇلالىسىغا ئەلچىلىككە بېرىشى، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن جۇڭگو - كورېيە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن. شىي چاڭشۇ ئەلچىلىككە بارغاندا، تارتۇق قىلىش نامى بىلەن ئۆز دۆلىتىنىڭ ھەرخىل نەرسىلىرىدىن ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئالتۇن - كۈمۈش، قاچا - قۇچىلار ۋە رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى تارتۇق قىلغان. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ كورېيە ئەلچىلىرىگە «كىمخاب توقۇلمىلىق گۈللۈك شايى، كىيىم - كېچەك ۋە پۇل» ئىنئام قىلغان. گەرچە بۇ خىل «تارتۇق قىلىش» ۋە «ئىنئام بېرىش» تاۋار خاراكتېرىنى ئالغان سودا مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغدىكى دىپلوماتىيە ئىشلىرىدىكى بىر خىل قائىدە - يوسۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو - كورېيە ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئالاقىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان.

## § 3 . شىي سى ۋە ئۇنىڭ كورېيىگە ئىككى قېتىم ئەلچىلىككە بېرىشى

شىي جەمەتىدىن چىققان يەنە بىر مۇھىم شەخس شىي سى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە كورېيىگە ئىككى قېتىم بارغان بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو - كورېيە ئالاقىسى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان.

شىي سى مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن مۇھىم شەخس، گەرچە «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا ئۇنىڭغا تەرجىمىھال تۇرغۇزۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن «مىڭ سۇلالىسى ئوردا خاتىرىلىرى» دە شىي سىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا خاتىرە



قالدۇرۇلغان. جياۋ خۇڭ تۈزگەن «خانلىقىنىڭ تارتۇق بېرىش - ئىنئام ئېلىش خاتىرىسى» نىڭ 24 - جىلدىغىمۇ «مەنسەپ — تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى شىي سىنىڭ تەرجىمىھالى» كىرگۈزۈلگەن، لېي لى تۈزگەن «خانلىقتىكى ئەركان بەگلەر خاتىرىسى» نىڭ 23 - ، 31 - جىلدلىرىدىمۇ شىي سىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى بار. «مىڭ تەيزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 132 - جىلدىدا، خۇڭۋۇنىڭ 13 - يىلى 6- ئاينىڭ جياشېن كۈنى يۈز بەرگەن مۇنۇ ئىش خاتىرىلەنگەن: «شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى شىي سىغا مەنسەپ ئىنئام قىلىندى. شىي سى لىياڭلىق. خۇڭۋۇنىڭ تۇنجى يىلى، لەشكىرىي پىرقىنىڭ غەيرىي رەسمىي ئامبىلى مەنسىپى بېرىلدى، كېيىن تەمتەك بېگىلىككە ئۆستۈرۈلدى، ئاندىن يانداش قىلىچبەگلىككە تەيىنلەندى. 4 - يىلى، تەيىەن ئايمىقىدا مەنسەپكە تەيىنلەندى. 6 - يىلى، خېجيەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. نوپۇس پىرقىسىنىڭ كاتاۋۇلى بولدى، دىۋان بېگىلىكىگە ئۆستۈرۈلدى. سەنشىنىڭ سول مۇئاۋىن ۋەزىرى بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن، قايتۇرۇپ كېلىنىپ مەنسەپ- تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگىلىكىگە تەيىنلەندى، كېيىن شىغاۋۇل پىرقىسىغا يۆتكەلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مەنسەپ تۇتتى». «خانلىقىنىڭ تارتۇق بېرىش - ئىنئام ئېلىش خاتىرىسى» ۋە «خانلىقتىكى ئەركان بەگلەر خاتىرىسى» دىكى شىي سى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بىلەن «مىڭ سۇلالىسى ئوردا خاتىرىلىرى» دىكى بايانلار ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يۇقىرىقى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىي سىنىڭ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا كىرگەندىن كېيىنكى مەنسەپ تۇتۇش ئەھۋالى بىر قەدەر ئايدىڭلاشقان بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالى توغرىسىدا يۇقىرىقى ماتېرىياللاردا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بىز

شيې سىنىڭ فامىلىسى ۋە ئۇنىڭ يۇرتىنىڭ لىياڭ ئىكەنلىكىگە ئاساسەن ، ئۇنىڭ شيې جەمەتىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىگە هۆكۈم قىلالايمىز . بىزنىڭ بۇ هۆكۈمىمىزنى تارىخ ماتېرىياللىرىمۇ ئىسپاتلايدۇ . كورېيىنىڭ تارىخ كىتابى «كورېيە تارىخى» دا : «سى (شيې سى — نەقىل ئالغۇچىدىن ) شۈن (شيې بەيلياۋسۈن— نەقىل ئالغۇچىدىن ) نىڭ ئىنىسى» دېيىلگەن[①] . ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ، شيې سى شيې بەيلياۋسۈننىڭ ئىنىسى . «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن لىياڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىمۇ : «شيې سى شيې جېدۇنىڭ ئوغلى ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا دادىسى بىلەن بىللە جيادىڭ ئايىقىمىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان»[②] دەپ خاتىرىلەنگەن . بۇ خاتىرىلەر «كورېيە تارىخى» دىكى خاتىرىلەرنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئىسپاتلايدۇ . لېكىن خۇاڭ جىننىڭ «ۋېيجۈن ۋىلايىتىدىكى ۋېيۋۇ خانىمنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» دە ، شيې جېدۇنىڭ 10 ئوغلى بولۇپ ، «چوڭ ئوغلى شيې بەيلياۋسۈن ، •••••• ئۇنىڭدىن كىچىكى شيې دېچى •••••• ئۇنىڭدىن كىچىكى شيې جىسى ، ئۇنىڭدىن كىچىكى شيې بىڭ ، ئۇنىڭدىن كىچىكى شيې لەي ، •••••• قالغانلىرى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن»[③] دېيىلگەن . بۇ يەردە شيې جېدۇنىڭ 10 ئوغلىنىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن ، ئۆلۈپ كەتكەنلىرىنى هېسابقا ئالمىغاندا ، قالغان يەتتە ئوغۇل ئىچىدە «شيې سى» دېگەن ئىسىم ئۇچرىمايدۇ ، بۇ «كورېيە تارىخى» بىلەن «جيا جىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن لىياڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىكى شيې سى شيې جېدۇنىڭ ئوغلى ، شيې بەيلياۋسۈننىڭ ئىنىسى دېگەن

① «كورېيە تارىخى» ، 41 - جىلد ، «گۇڭمىن خانىنىڭ نەسەبنامىسى (4)» .
②لى جىڭفېڭ قاتارلىقلار : «جياجىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن لىياڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، 11 - جىلد ، «شەخسلەر تەرجىمىھالى» ، «يىجى» .
③خۇاڭ جىن : «جىن خۇخۇاڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 39 - جىلد .



خاتىرىلەرگە ماس كەلمەيدۇ . «كورېيە تارىخى» هۆكۈمەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن كورېيىنىڭ رەسمىي تارىخى بولۇپ ، مىلادىيە 1451 - يىلى (يەنى كورېيە خانى ۋېنزۇڭنىڭ تۇنجى يىلى ، مىڭ سۇلالىسى جىڭتەينىڭ 2 - يىلى ) كىتاب قىلىپ تۈزۈلگەن ، ناھايىتى ئىشەنچلىك . ئۇنىڭدا شيې سى شيې بەيلياۋسۈننىڭ ئىنىسى دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، بۇ جۇڭگونىڭ يەرلىك تەزكىرىسى بولغان «جيا جىڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن لىياڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە ئىسپاتلىنىدۇ ، شۇڭا بۇنىڭدا مەسىلە يوق . خۇاڭ جىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب بولۇپ ، ئۇ خاتىرىلىگەن ئەينى چاغدىكى ئىشلارمۇ ئىشەنچلىك . ئۇنداقتا ، خۇاڭ جىننىڭ شيې جېدۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەققىدىكى بايانىدا «شيې سى» دېگەن ئىسىم نېمىشقا ئۇچرىمايدۇ ؟ بۇيەردە مۇنداق بىر ئېھتىماللىق بار ، ئۇ بولسىمۇ شيې بەيلياۋسۈننىڭ ئالتە ئىنىسىنىڭ بىرسى كېيىن ئىسمىنى «شيې سى» غا ئۆزگەرتىۋالغان بولۇشى مۇمكىن ، ئۇنداقتا ئىسمىنى ئۆزگەرتكىنى زادى كىمدۇ ؟ مۇناسىۋەتلىك تارىخ ماتېرىياللىرىدا ئۇنىڭ شيې جىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ . ۋاڭ ئاۋنىڭ «جېڭدې يىللىرىدا تۈزۈلگەن گۇسۇ تەزكىرىسى» 41 - جىلدا : «شيې سى قوچولۇق ، جىجېڭنىڭ 23 - يىلى (1363- يىلى ) كۈنشەن ئايمىقىنىڭ ئايماقدارى بولغان» ، بۇ كۈنشەن ئايمىقىنىڭ ئايماقدارى ئەمەلىيەتتە شيې سى دەل ئۆزى شۇ ، ئالدىنقىلار بىلمەي ، ھەمىشە ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن .[①] «جياڭسۇ تاش پۈتۈكلىرى تەزكىرىسى» 24 - جىلدتا «كۈنشەن ئايمىقىدا قايتىدىن سېلىنغان خۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى خاتىرىسى» بار ، بۇ

① «جېڭدى يىللىرى تۈزۈلگەن گۇسۇ تەزكىرىسى» ، 41 - جىلد ، «ئەمەلدارلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى» دا ، «شيې سى قوچولۇق» دېيىلگەن ، ھەم «شيې شىسى» «خېشلىق» دېيىلگەن ؛ ساڭ لىخې باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى» (سودا باسمىخانىسى ، 1922 — يىل نەشرى ، 895 — بەت ) دىمۇ ، شيې شىسى باشقا - باشقا ئىككى ئادەم دەپ كۆرسىتىلگەن .

خاتىرىنىڭ ئاخىرىدا «جېجىڭنىڭ 23 ـ يىلى ياز 6 ـ ئايدا كۈنشەن ئايمىقىنىڭ ئايماقدارى قوشۇمچە ئەمەلدار شيې سىغا ......... تاش تىكلەندى» دەپ يېزىلغان. بۇنى يۇقىرىدىكى «جېڭدى يىللىرىدا تۈزۈلگەن گۈسۇ تەزكىرىسى» گە سېلىشتۇرۇپ قارىساق، «شيې سى» بىلەن «شيې سى» نىڭ مىللەت تەۋەلىكى، فامىلىسى، ۋەزىپىسى، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋاقتى ئوخشاش بولۇپ، ئىككىسىنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شيې سى جېجىڭنىڭ 23 ـ يىلى كۈنشەننىڭ ئايماقدارلىقىغا، كېيىن يەنە جيادىڭنىڭ ئايماقدارلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى سەۋەبلىك، چېن جى ئۇنىڭغا ئاتاپ مۇنداق نەزمە تۈزگەن: «شيې جەمەتىنىڭ بەگزادىسى ئاق تۈلكە، بولدىلەر ئىككى نۆۋەت جياڭخەيگە ئايماقدار.»[1] بۇ، شيې سىنىڭ شيې شىسى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك شيې جېدۇنىڭ ئوغلى، شيې بەيلياۋسۇنىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، شۇڭا بىز شۇنداق ئېيتالايمىزكى، شيې سى شيې جىسىنىڭ باشقىچە يېزىلىشى، يەنى شيې سى شيې جىسىنىڭ ئۆزى شۇ. شيې سى مىڭ سۇلالىسى ئەڭ دەسلەپ كورېيىگە ئەۋەتكەن ئەلچى. خوڭۋۇنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 1368 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا، «تەمتەك بېگى شيې سى مۆھۈر بېسىلغان مەكتۇبنى كورېيە پادىشاھى ۋاڭ جۈەنگە بېرىپ مۇنداق دېدى: ‹بۇ يىل 1 ـ ئايدا، ئاۋام ـ پۇقرالارنىڭ باشپاناھى پادىشاھىمىز تەختتە ئولتۇردى. خانلىق نامىنى بۈيۈك مىڭ، سەلتەنەت نامىنى خوڭۋۇ دەپ بېكىتتى. ............... بۇنى جاھاندىكى پۈتۈن خالايىققا بىلدۈرمىسەك بولمايدۇ، بۇنى بىلمەيدىغانلار كۆپ»[2]. بۇ قېتىمقى ئەلچىلىك «كورېيە تارىخى» دىمۇ تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، گۇڭمىن خاننىڭ 18 ـ يىلى

①چېن جى: «يىبەيجەي ئەسەرلىرىنىڭ تولۇقلىمىسى».
② «مىڭ تەيزۇغا ئائىت ئوردا خاتىرىلىرى»، 37 ـ جىلد، خوڭۋۇنىڭ تۇنجى يىلى 12 ـ ئاينىڭ رېنچېن كۈنىدىكى خاتىرە.



(1369 ـــ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ «رېنچېن كۈنى بۈيۈك مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەمتەك بېگى شيې سىنى مۆھۈر بېسىلغان مەكتۇپ ۋە 40 توپ شايى بىلەن ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھىمىز 100 ئەمەلدارنى باشلاپ چىقىپ چۆگرېن قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن مەكتۇپتا: ‹بۈيۈك مىڭ پادىشاھىدىن كورېيە خانىغا مەكتۇپ ......... › دېيىلگەن، (شيې) سى بۇلتۇر 11 ـ ئايدا جىنلىڭدىن يولغا چىققان بولسىمۇ، دېڭىز سەپىرى بەك مۇشكۈل بولغاچقا، ئەمدىلىكتە يېتىپ كەلدى» دېيىلگەن. شۇ كىتابتا يەنە 5 ـ ئاينىڭ: «يىۋېي كۈنى، خان شيې سىغا ئېگەر ـ جابدۇقلۇق ئات، كىيىم ـ كېچەك ئىنئام قىلىۋېدى، ئۇنى ئالمىدى. شۇ ۋەزىر ئادەمگىياھ، دورا ـ دەرمەك ئىنئام قىلىۋېدى، ئۇنىمۇ ئالمىدى، پادىشاھ قەلەمكەش ۋەزىرنى ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزمە توقۇشقا بۇيرىدى»[1] دەپ خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن جۇڭگو ـ كورېيە تارىخ ماتېرىياللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىساق، بىز شيې سىنىڭ بۇ قېتىمقى ئەلچىلىككە بېرىش پائالىيىتى ھەققىدە بىر قەدەر تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. شيې سى خوڭۋۇنىڭ تۇنجى يىلى (1368 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا جىنلىڭ (ھازىرقى نەنجىڭ) دىن يولغا چىقىپ، دېڭىز يولى بىلەن كورېيىگە ماڭغان، «دېڭىز يولى خەتەرلىك» بولغاچقا، ئىككىنچى يىلى 4 ـ ئايغا كەلگەندىلا، ئاندىن كورېيە پايتەختىگە يېتىپ بارالىغان. شيې سى بۇ قېتىم ئەلچىلىككە بارغاندا، جۇ يۈەنجاڭنىڭ كورېيە پادىشاھىغا يوللىغان مەكتۇبى ۋە سوۋغا بۇيۇمىنى بىللە ئالغاچ بارغان، ئۇ كورېيىگە بارغاندىن كېيىن، كورېيە ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. 5 ـ ئايدا، شيې سى كورېيىدىن جۇڭگوغا قايتقان، كورېيە پادىشاھى قەلەمكەش ۋەزىرنى ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزمە

① «كورېيە تارىخى»، 41 ـ جىلد، «گۇڭمىن خاننىڭ نەسەبنامىسى (4)».

توقۇشقا بۇيرۇغان . شىي سىنىڭ بۇ قېتىم كورىيىگە ئەلچىلىككە بېرىشتىكى مەقسىتى نامدا كورىيىگە، جۇ يۈەنجاڭنىڭ تەختتە ئولتۇرۇپ سەلتەنەت نامىنى بېكىتكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە مىڭ سۇلالىسى بىلەن كورىيە ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىدى . شىي سىنىڭ ئەلچىلىككە بېرىشتىكى مەقسىتى تولۇق ئىشقا ئاشقان، ئۇ جۇڭگوغا قايتىپ كېلىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە، كورىيە «شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى خۇڭ شاڭزەي، قوۋۇق ياساۋۇلخانىسىنىڭ ھىماتچى سانغۇنى لى شياشىڭلارنى جىنلىڭغا ئەۋەتىپ، جۇ يۈەنجاڭنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى تەبرىكلەش بىلەن بىللە، ئۇنىڭغا «مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن»① شۇنىڭدىن باشلاپ، مىڭ سۇلالىسى بىلەن كورىيە ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت رەسمىي ئورنىتىلغان .

خۇڭۋۇنىڭ 2 - يىلى (1369 - يىلى) 8 - ئايدا، شىي سى كورىيىدىن جۇڭگوغا قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنى كورىيىگە يەنە بىر قېتىم ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن② . «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئەلچىلىككە بېرىشى مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «پادىشاھ تەمتەك بېگى شىي سىلەينى يارلىق ۋە ئالتۇن مۆھۈر بېسىلغان مەكتۇپ بىلەن (ۋاڭ) جۇەنگە ‹كورىيە خانى› دەپ ئوتۇغات نامى بېرىشكە ئەۋەتتى، كالپىندار ۋە تاۋار، گۈللۈك شايى ئىنئام قىلدى»③ . «كورىيە تارىخى» نىڭ 41 - جىلدى «گوڭمىن خانىنىڭ نەسەبنامىسى» دە 19 - يىلى (1370 - يىل) 5 - ئاينىڭ جىيايىن كۈنى «پادىشاھ ئالىي تەمتەك بېگى شىي سىلەينى

① «كورىيە تارىخى»، 41 - جىلد، «گوڭمىن خانىنىڭ نەسەبنامىسى (4)».
② «مىڭ تەيزۇغا ئائىت ئوردا خاتىرىلىرى»، 44 - جىلد.
③ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 320 - جىلد، «چەت ئەل تەزكىرىسى . كورىيە تەزكىرىسى .»



خانىمىزغا ئوتۇغات نامى بېرىشكە ئەۋەتىپتۇ، پادىشاھىمىز 100 ئەمەلدارنى باشلاپ چىقىپ قارشى ئالدى . مەكتۇپتا : ‹......... (شىي) سىلەينى مۆھۈر بېسىلغان مەكتۇپ بىلەن سىزگە كورىيە خانى دېگەن ئوتۇغات نامى بېرىشكە ئەۋەتتىم ........›، دېيىلگەن ........ ھەمدە خانىشقا زەر تاۋار، رەڭلىك تاۋار، مەشۇت، تور ۋە يىپنىڭ ھەرقايسىسىدىن 4 توپ سوۋغا قىلدى، خانىش بۇلارنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالدى . باش ۋەزىر شىن تۇن، شىغاۋۇل لى چۇنفۇ، لى رېنرېنلارغا رەڭلىك تاۋاردىن 4 توپ، شايىدىن تۆت توپ، يىپتىن تۆت توپ سوۋغا قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن . شىي سىنىڭ بۇ قېتىمقى ئەلچىلىككە چىقىشى خۇڭۋۇنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 1369 - يىلى) 8 - ئايدا باشلانغان بولۇپ، ئىككىنچى يىلى 5 - ئايدا كورىيە پايتەختىگە يېتىپ بارغان . پۈتكۈل سەپەر 9 ئاي داۋاملاشقان بولۇپ، ۋاقىتنىڭ بۇنچە ئۇزۇن بولۇشىدىكى سەۋەب ئېنىق ئەمەس . شىي سىنىڭ بۇ قېتىم ئەلچىلىككە چىقىشتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ۋاكالىتەن ۋاڭ جۇەنگە كورىيە خانى دېگەن ئوتۇغات نامىنى بېرىش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مىڭ سۇلالىسى نامدا ۋاڭ جۇەننىڭ كورىيە دۆلىتىدىكى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق مىڭ سۇلالىسى بىلەن كورىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ئىدى .

شىي سىنىڭ 2 - قېتىم ئەلچىلىككە چىقىشى توغرىسىدىكى «مىڭ سۇلالىسى ئوردا خاتىرىلىرى» بىلەن «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى مەلۇماتتا ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى مەنسىپى «تەمتەك بېگى» ياكى «مۆھۈردار» دەپ ئېلىنغان، ئەمما «كورىيە تارىخى» دا بولسا «ئالىي تەمتەك بېگى» دەپ خاتىرىلەنگەن . بۇ خىل زىددىيەتلىك قاراشنى باشقا ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ . لېي لى تۈزگەن «خانلىقتىكى ئەركان

بەگلەر خاتىرسى» دە : «(خۇڭۇۋنىڭ ) 2 ـ يىلى ، كورىيە پادىشاھى ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىدى ، شىيې سىلەي ئۇنىڭغا ئوتتۇغات نامى بېرىش ئۇچۇن ئەۋەتىلدى ، ئۇنىڭ مەنسىپى تەمتەك بېگىلىكىگە ئۆستۈرۈلدى»① دەپ خاتىرىلەنگەن ؛ نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «مەنسەپ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى شىيې سىنىڭ تەرجىمىھالى» دىمۇ : «كورىيە خانى ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىدى ، شىيې سىلەي ئۇنىڭغا ئوتتۇغات نامى بېرىش ئۇچۇن ئەۋەتىلدى ، ئۇنىڭ مەنسىپى (ئالىي تەمتەك ) بېگىلىككە ئۆستۈرۈلدى»② دەپ خاتىرىلەنگەن . يۇقىرىدا ئېيتىلغان ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن شىيې سىنىڭ بۇ قېتىم كورىيىگە ئەلچىلىككە بارغان چاغدىكى مەنسىپى «كورىيە تارىخى» دىكى خاتىرىگە ماس كېلىدۇ . بۇ ، شىيې سىنىڭ شۇ چاغدىكى مەنسىپىنىڭ «ئالىي تەمتەك بېگى» ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ، «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» ۋە «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى خاتىرىلەر توغرا ئەمەس .

مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ شىيې سىنى كورىيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىشكە تاللىشىدىكى سەۋەب ، ئۇنىڭ قوچۇلۇق شىيې جەمەتىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئاكىسى شىيې بەيلياۋسۇنىڭ كورىيە خانى گوڭمىن بىلەن بۇرۇندىنلا دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى ، ئۇنىڭ ئۇكىسى شىيې چاڭشۇن كورىيىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بولغاچقا ، ئۇنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندە ، كورىيە خانى ، ۋەزىرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قۇلايلىق بولاتتى . شىيې سىنىڭ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە كورىيىگە ئىككى قېتىم

① «خانلىقتىكى ئەركان بەگلەر خاتىرسى» ، 23 ـ جىلد ، «شىيې سىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى» .

② جياۋ خوڭ : «خانلىقنىڭ تارتۇق ئېلىش ۋە ئىنئام ئېلىش خاتىرسى» ، 24 ـ جىلد .



ئەلچىلىككە چىقىشى جۇڭگو ـ كورىيە ئالاقە تارىخىدا ئوخشاشلا مەدھىيىلىگىدەك بىر بەت قالدۇردى . ئۇ مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن كورىيىگە خېلى بۇرۇن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنىڭ بىرى ، ئۇنىڭ ئەلچىلىككە چىقىشى جۇڭگو ـ كورىيە مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشكە مۇھىم تۆھپە قوشتى .

يۇقىرىدىكى تەھلىللەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەردىن شىيې چاڭشۇ بىلەن شىيې سىنىڭ بىرى كورىيە ئەلچىسى سۈپىتىدە مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە كەلگەن بولسا ، يەنە بىرى مىڭ سۇلالىسى ئەلچىسى سۈپىتىدە كورىيىگە ئەلچىلىككە بارغان ، ئۇلارنىڭ دىپلوماتىيە پائالىيىتى مىڭ سۇلالىسى بىلەن كورىيىنىڭ تىنچ ، دوستانە مۇناسىۋىتىنى يېڭىچە تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈپ ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرغان ، ئۇلارنىڭ تۆھپىسى كېيىنكىلەر تەرىپىدىن تەرىپلىنىپ كەلگەن .

قوشۇمچە (1)

# يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ئۈزۈمى ۋە ئۈزۈم ھارىقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ھەمدە ئۇنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقىلىشى توغرىسىدا بايان

يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ ئۈزۈمى ۋە ئۈزۈم ھارىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار رايونى ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئالقىشقا ئېرىشكەن. بۇ ھەقتە، يۇەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن داڭلىق سىياسىئون يوللىغ چۇسەي تۆۋەندىكىدەك مىسرالارنى قالدۇرغان:

ئېچىلغان چېچەكلەر ھەريان،
دىماغنى غىدىقلار بور ھىدى ھامان.

ئۇنداقتا، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جاي، ئۈزۈم ئۆستۈرۈلۈش كۆلىمى ۋە ئۈزۈم ھارىقىنىڭ ئېچىتىلىش ئەھۋالى زادى قانداق ئىدى؟ ئەينى چاغدىكى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە ئۈزۈمدىن ھاراق ئېچىتىشى راۋاجلىنىپ قايسى دەرىجىگە يەتكەن؟ بۇ ئىنتايىن قىزىقارلىق تېما بولسىمۇ، لېكىن ماتېرىياللارنىڭ پارچە- پۇرات بولۇشى سەۋەبىدىن تا ھازىرغىچە سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنمىدى. بۇ پاراگرافتا خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرى



ۋە يۇەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنى تولۇق توپلاش ئاساسىدا، يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

## 1. يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ئۈزۈمنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ۋە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلار

« 葡萄 » سۆزى ئوتتۇرا قەدىمكى پارسچە bātα (ئۈزۈم ھارىقى) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ ئالىلىقاچان ئىلگىرى ئۆتكەن دانالار تەرىپىدىن ئىسپاتلىنىپ بولغان.[1] ھازىر ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا «خەنزۇ تىلىدا ئىشلىتىۋاتقان « 葡萄 » (ئۈزۈم) سۆزى پارس تىلىدىكى bātα (ئۈزۈم شەربىتى ياكى ھارىقى) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى»[2] دېگەن كۆز قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. خەنزۇچە كىتابلاردا ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم ھارىقى ھەققىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرە سىما چيەننىڭ «تارىخى خاتىرىلەر» دە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا: «(پەرغانە) دىيارىدا ئۈزۈمدىن ھاراق ئىشلەيدىكەن، بايلار 10 مىڭ كۈپلەپ شاراب ساقلايدىكەن. نەچچە ئون يىلغىچىمۇ بۇزۇلۇپ قالمايدىكەن»[3]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، غەربىي

---

[1] يانىۇشى خامايلاپۇسكى تۈزگەن، گاۋ مىڭكەي خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان: « «ئۈزۈم» سۆزىنى مىسال قىلىپ تۇرۇپ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى چەتتىن سۆز قوبۇل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە» . «بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1957 ـ يىللىق 1 ـ سان، 71 ـ 81 ـ بەتلەر.

[2] ي يىلياڭ: «يىپەك يولىنىڭ مول ـ ھوسۇللۇق مېۋىسى ـ جۇڭگو ـ ئىران مەدەنىيەت ئالاقىسى» ، جۇ يىلياڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو ـ چەت ئەل مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى» غا بېسىلغان، خېنەن خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى، 253 ـ بەت؛ جۇ جېنلې ئەپەندى بىلەن يۇ رۇجى ئەپەندىمۇ « 葡萄 » سۆزى ئىران تىلىدىكى BOPAWA سۆزىدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ. «دىئالېكت ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى» نىڭ 5 ـ بابىغا قاراڭ، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

[3] «تارىخىي خاتىرىلەر» ، 123 ـ جىلد، «پەرغانە تەزكىرىسى» .

يۇرتتا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ھەمدە ئۈزۈمدىن ھاراق ئىشلەشكە باشلىغان : ئەمما غەربىي يۇرتتىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردە ھاراق ھەققىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرىنىڭ تارىخىنى ۋېي ، جىن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىگىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ . ھازىر شىنجاڭدىن تېپىلغان مىلادىيە 3 ـ ، 4 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق -كارۇشتى يېزىقىدىكى 272 ـ نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكتە : «بۇلتۇرقى سۇكا ھارىقى ۋە بۇ يىلقى ھاراق يىغىۋېلىندى ھەمدە بىرگە تۆكۈلدى . باج ـ سېلىق مەھكىمىسى باج ئەمەلدارى بارغۇتنى رۇنىڭ قېشىدىن Kuvana,tsamshina ۋە Koyima mdhina دىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئاشلىقنى يىغىشقا ئەۋەتتى ، ھەمدە شەھەردىكى بارلىق مەھكىمىلەردە ساقلىدى »② دەپ خاتىرىلەنگەن . 283 ـ نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكتىمۇ : «سۇكا ھارىقىنى پۇختا ساقلاش كېرەك »③ دېيىلگەن . گەرچە ھازىر بىز سۇكا (suka ) ھارىقىنىڭ ئۈزۈم ھارىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يېتەرلىك ماتېرىيالغا ئىگە بولمىساقمۇ ، لېكىن ھاراقنىڭ غەربىي يۇرتتا مەۋجۇت بولغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتتىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ . ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى شىنجاڭدا جىن ، تاڭ دەۋرلىرىگە ئائىت قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئۈزۈمنى ھەمدەپنە بۇيۇمى قاتارىدا ئىشلەتكەنلىكىنى بايقىدى . بۇ ئۈزۈمنىڭ جىن ، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە ئىنتايىن ئەتىۋارلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن تارىخ كىتابلىرىدا غەربىي

①مايۇڭ : «شىنجاڭدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ يىل دەۋرى مەسىلىسى — قوشۇمچە كروران خارابىلىقى ۋە ۋېي ، جىن دەۋرلىرىدىكى پىشامشان ئايمىقى» ، «غەربىي يۇرت تارىخ — جۇغراپىيىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مەجمۇئەسى» گە بېسىلغان ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1990 ـ يىل نەشرى ، 89 ـ 109 ـ بەتلەر .

② لىن مېيسۇڭ : «قۇم دېڭىزىدىكى قەدىمكى يازمىلار — جۇڭگودىن تېپىلغان كاروشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى ، 1988 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى ، 82 ـ 84 ـ بەتلەر .

③ۋاڭ بىڭخۇا : «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئارخېئولوگىيىسى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» ، «يېزا ئىگىلىك ئارخېئولوگىيىسى» ، 1983 ـ يىللىق 1 ـ سان .



يۇرتتا ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئۈزۈلمەي خاتىرىلەنگەن . قاراقوچو (ھازىرقى تۇرپان ) مۇھىم ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى ئىدى . بۇ يەرنىڭ كۈننىڭ يورۇتۇش ۋاقتى ئۇزۇن ، ئىسسىقلىق مىقدارى مول بولۇپ ، ئۆزگىچە ھاۋا كېلىماتى قاتارلىق ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتى ئۈزۈم ئۆستۈرۈشكە تولىمۇ ماس كېلىدۇ . لى جىچاڭ ئۆزىنىڭ «ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە زىيارىتى» دە : «چۇغاي تېغى (تەڭرىتاغ ) دىن 300 چاقىرىم يىراقلىقتا قوچو دېگەن جاي بار . بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن ئىسسىق ، ئۈزۈم كۆپ چىقىدۇ »① دەپ خاتىرىلىگەن . مەزكۇر كىتاب ئاپتورنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئائىت مۇھىم ئەسەر بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى بايانلار ئىنتايىن ئىشەنچلىك . ھالبۇكى ئېلان قىلىنغان يۇەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت نەچچە ئون پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ۋەسىقىنىڭ نەچچە ئونىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە ئۈزۈمزارلىقنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى ئۇچۇرلار تىلغا ئېلىنىدۇ . مەسىلەن : قارا قوچودا taysang (تايساڭ ) دېگەن ئۈزۈمزارلىق بار② . قارا قوچو رايونىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش كۆلىمىنى يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇرلار ئۆز قولى بىلەن پۈتكەن ئۈزۈمزارلىقنى ئېلىش ـ سېتىش ، گۆرۈگە قويۇش مەزمۇنىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە توختاملاردىن ئاز ـ تولا بىلەلەيمىز .

ۋەسىقىدە : «ئۈزمىش توغرىل ئىسىملىك بىر بورلۇق (ئۈزۈمزارلىق ) خوجايىنى بىر ياستۇق بەش ساتىر كۈمۈشكە ئېھتىياجلىق بولغاچقا ، ئۆزىنىڭ بورلۇقىنى باسا توغرىلغا سېتىپ

① «ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە زىيارىتى» ، جاڭ شىڭلياڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن ، جۇ جيېچىن سېلىشتۇرغان «جۇڭگو غەرب قاتنىشىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى» ، 5 ـ قىسىم ، 96 ـ 97 ـ بەتلەر .

②لى جىڭۋېي : «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1996 ـ يىل نەشرى ، 105 ـ 107 ـ بەتلەر .

بەردى . بورلۇقنىڭ تۆت ئەتراپى : شەرق تەرىپى باسا توغرىلنىڭ بورلۇقى بىلەن ، جەنۇب تەرىپى چوڭ يول بىلەن ، شىمال تەرىپى بۇلات بۇقا (Bulatbuqa ) نىڭ ئېرىقى بىلەن ؛ غەرب تەرىپى كۇتاچۇندىكى ساڭرام (چېتى ) نىڭ بورلۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ »① دەپ خاتىرىلەنگەن . بۇنىڭغا ئاساسەن ، ئۈزۈمىش توغرىلنىڭ بورلۇقىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرى باشقىلارنىڭ بورلۇقى بىلەن تۇتىشىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ ، بۇ بىر تەرەپتىن ئەينى چاغدىلا ئۈزۈم ئۆستۈرۈشنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى ئىپادىلەپ بەرسە ، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىكتە ئۆستۈرۈلگەن ئۈزۈمنىڭ كۆلىمىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

ئۈزۈمنى ھەم ھۆل مېۋە ۋە قۇرۇق مېۋە سۈپىتىدە ئىستېمال قىلغىلى ، ھەم ئۇنىڭدىن ھاراق ئىشلىگىلى بولىدۇ ، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۈزۈم ھارىقى Bor (بور ) دەپ ئاتالغان . ئۈزۈم ھارىقىنىڭ ئىشلىنىش ئۇسۇلىغا كەلسەك ، يۇەن دەۋرىدە ئۆتكەن شيۇڭ مېڭشياڭ ئۆزىنىڭ «شىجىن تەزكىرىسى» نىڭ «ماددىي مەھسۇلاتلار» قىسمىدا تەپسىلىي خاتىرىلىگەن : «ئۈزۈم ھارىقى قوچودىن ئىبارەت نامرات چەت جايدىن چىقىدۇ . ھاراق ئىشلەشكە تولۇق ئۈزۈم تاللىۋېلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن ھاراق ئېچىتىشتا ، 3 ـ 5 پارچە خىش ۋە تاشتىن پاكىز ئىدىش ياسىلىدۇ ، ئاندىن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسى كولىنىپ بۇ ئىدىش ئورىغا ئاستا قويۇلىدۇ ، ھەم ئەتراپى تەكشىلىنىدۇ ، بۇ ئىدىش نەچچە كۈپ ھاراق پاتقۇدەك قىلىپ ياسىلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ئىدىشقا تولۇق ئۈزۈم تۆكۈلۈپ يېپىتىلىدۇ ، بىر ئادەم ئىدىشقا كىرىپ ئۈزۈمنى پېتىقداپ تەكشىلەيدۇ ، ئاندىن ئۈستىدىن ياغاچ بىلەن باسىدۇ ، ئاندىن ئۈستىگە قوي تېرىسى ھەمدە كىگىز ـ

① رادلوۋ : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 109 ـ ۋەسىقە ، 205 ـ بەت ؛ يۇەن دىڭ : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەردىن تاللانما (7 ـ 1 ) » ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1987 ـ يىل 2 ـ سان .



پالازلارنى قىلىپ ياپىدۇ ، ھېچقانداق ئېچىتقۇ ئىشلىتىلمەيدۇ . بېسىپ بولغاندىن كېيىن قاپقاق ئېتىۋېتىلىدۇ ، 10 ـ 15 كۈندىن كېيىن قاپقاق يوچۇقىدىن قاراپ تەكشۈرۈلىدۇ . ئاندىن ئۆيگە كىرىپ ، ئۈستىگە يېپىلغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىدۇ ، بۇ چاغدا ھاراق ئىدىشقا لىق تولغان بولىدۇ . بۇ چاغدا ھاراقنىڭ ئۈستىدىكى سۈزۈلگەن قىسمى باشقا ئىدىشقا قاچىلىنىدۇ ، بۇ بىرىنچى دەرىجىلىك ھاراق ھېسابلىنىدۇ . ئاندىن يەنە پۇت بىلەن ئۈزۈم پېتىقلىنىدۇ ، ئاندىن ئۈستىگە بىر نەرسە يېپىلىپ ، قاپقاق ھەم ئېتىۋېتىلىدۇ . يەنە نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، سۈزۈلگەن قىسمى ئېلىۋېلىنىدۇ . مۇشۇنداق ئۈچ قېتىم تەكرار ئېچىتقاندىن كېيىن ، 1 ـ دەرىجىلىك ھاراقلار تەييار بولىدۇ . »① بۇ تارىخ ماتېرىيالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، بىز غەربىي يۇرتتىكى قوچودا ئۈزۈم ھارىقىنىڭ ئۈزۈمدىن تەبىئىي ئېچىتىدىغانلىقىنى ، ھېچقانداق ئېچىتقۇ قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز . بۇ خىل ھاراق ئىشلەش ئۇسۇلى غەربىي يۇرتتا پەيدا بولغان بولۇپ ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىلا ، ئاندىن بارلـ بارا چاڭئەنگە تارقالغان .②

غەربىي يۇرتتا ئۈزۈم ھارىقى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر نەچچە جايدا ئىشلەپچىقىرىلاتتى :

قارا قوچو ، بۇ يەردە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىلاتتى . راشىددىنىنىڭ «جامىئۇت تەۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدە : «قارا قوچو ئۇيغۇرلارنىڭ شەھىرى ، ئۇ يەردىن ئېسىل ئۈزۈم ھارىقى چىقىدۇ »③ دەپ خاتىرىلەنگەن . يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن قوسقوي : «تۇبۇت ، پېڭياڭ ، تەييۇەن ھاراقلىرى قارا قوچودا

①بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى نەشرگە تەييارلىغان «شىجىن تەزكىرىسى» ، بېيجىڭ قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى ، 1983 ـ يىل نەشرى ، 239 ـ بەت .
②جاڭ پىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاڭئەننىڭ ھاراقچىلىقى» ، «جۇڭگو تارىخى تەتقىقاتى» ، 1993 ـ يىل 3 ـ سان .
③ راشىددىن : «جامىئۇل تەۋارىخ» ، رۇسچە تەرجىمىسى ، 2 ـ قىسمى ، 185 ـ بەت .

ئىشلەپچىقىرىلغان هاراقتا يەتمەيدۇ »[1] دەپ تەسۋىرلىگەن .

تۇبۇت ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئۈزۈم هارىقى تىبەتلەر رايونىغا تارقىلىپ بولغانىدى . رىباجىن (815 ـ 836 ) ئىسىملىك بىر تىبەت ئۈزۈم هارىقىنى كۆپ ئىچىۋېلىپ ئوردىدا مەست بولۇپ يېتىپ قالغاندا ، ئاسىي ۋەزىر داناجىن قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن .[2] يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ، تۇبۇتلەر ئۈزۈم هارىقىنى تېخىمۇ ئارزۇلايدىغان بولغان . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 34 ـ جىلد «ۋېنزۇڭ هەققىدە خاتىرە (3 )» دە : «تۇبۇت ، قارا قوچو ئۈزۈم هارىقى تەقدىم قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر جاڭ شۈەن : «بىر هارۋا بارىدۇ سايىۋەن بىلەن ، خانغا بور يەتكۈزمەك ئىستىكى جەزمەن »[3] دەپ نەزمە تۈزگەن . ئويلاپ باقايلى ، ئەگەر ئۆز يېرىدە ئۈزۈم هارىقى ئىشلەپچىقىرىلمىسا ، نېمىنى پادىشاهقا تارتۇق قىلىدۇ .

ماۋەرائۇننەهر رايونى ئۈزۈم هارىقىنىڭ ماكانى ئىدى . يوللىغ چۇسەي «جەنرەن ئىستىقامەتچىسى ئەسەرلىرى توپلىمى» دا ماۋەرائۇننەهر رايونىنىڭ ئۈزۈمى ۋە ئۈزۈم هارىقىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان . بۇ يەردە بىز ئۇنىڭ مىلادىيە 1222 ـ يىلى يازغان «غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ هاراق ئىچىش ئۇسۇلى هەققىدە كۇتۇپخانا تېمىغا يازغان نەزم» دېگەن شېئىرىنى نەقىل كەلتۈرسەكلا بۇنى بىلەلەيمىز . شېئىردا : «غەربتىن كېلەر تۈمەن چاقىرىم يول يۇرۇپ ئېشەكلىك كىشىلەر ، كۆپكۆك ئېچىتىلغان مەيلەرنى ئېلىپ قايتىشار ئۇلار . سىما راڭجۇي يەڭلىرىنى تۇرۇپ

①قوسقوي : «تائام تەييارلاش دەستۇرى» ، 3 ـ جىلد ، تۆت يۇرۇش مەجمۇئەنىڭ كېيىنكى قىسمى .

② «دانىشمەنلەرنىڭ بەزمە ـ باراۋەنلىرى ، شىزاڭ خانلىرىنىڭ نەسەبنامىلىرىدىن ئۆرنەكلەر» ،

③جاڭ شۈەن : «بىكار تەلەپ بوۋاينىڭ توپلىمى» ، 2 ـ جىلد ، «خان مەپىسىدىكى كۈي» .



مەي قاچىلانغان ئىدىشنى قوچلاپ ، خوتۇنى ۋېنجۈن يېڭىنى تۇرۇپ مەينى قازاندا قايناتار . هاراقنى سېتىۋالاي دېسە قىممەت بولغاچقا ، ئۆزى هاراق ئىچىتماي نېمە ئامال . ئۆتمۈشتىكى باتۇر ئەزىمەت ، ئەمدىلىكتە كەچۈرمەكتە دەرۋىشلەرچە تۇرمۇش »[1] دېيىلگەن . شېئىردا ئاددىي چۈشىنىشلىك ساپ تىل ئارقىلىق سىما راڭجۇي بىلەن خوتۇنى ۋېنجۈننىڭ هاراق ئېچىتقان چاغدىكى هەرىكىتىنىڭ چاققانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ هاراق ئېچىتىشقا ئۇستىلىقىنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىش ئارقىلىق ، كىشىگە يېڭىچە تۇيغۇ بېرىدۇ .

## 2 . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت ئۈزۈم هارىقىنىڭ رولى ۋە ئۇنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرگۈزۈلۈشى

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ئۈزۈم هارىقىنىڭ ئاساسلىق تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ئالاهىدىلىكى بار : بىرىنچىسى ، قەدىناس دوستلارنى كۇتۇۋېلىشتا ئىشلىتىلگەن ؛ ئىككىنچىسى ، تارتۇق بۇيۇمى سۈپىتىدە خان جەمەتى ۋە ئوردىغا تەقدىم قىلىنغان ؛ ئۈچىنچىسى ، ئۆز رايونىنىڭ مۇهىم باج كىرىمى ۋە تاۋار بۇيۇمى بولغان . تۆۋەندە ، بىز بۇ ئوخشىمىغان ئۈچ نۇقتىدىن مۇهاكىمە يۇرگۈزىمىز .

بىرىنچىدىن ، غەربىي يۇرتتا ئىشلەپچىقىرىلغان ئۈزۈمنىڭ قەنت مىقدارى يۇقىرى ، ئىنتايىن تەملىك بولغاچقا ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئىنتايىن قارشى ئېلىنغان . مىلادىيە 1221 ـ يىلى ، ئەۋلىيا چيۇ چۇجى شاگىرتلىرى بىلەن

①يوللىغ چۇسەي : «جەنرەن ئىستىقامەتچىسى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 5 ـ جىلد ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشر قىلغان ، سېلىشتۇرما نۇسخا 107 ـ بەت .

بىللە «چوغاي تېغى (تەڭرىتاغ) غا كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىگىچە چىقىپ قارشى ئالغان، ئاقساقىلى ئۈزۈم ھارىقى، داڭلىق مېۋە - چىۋە، نان»① قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالغان. بېشبالىق (بۈگۈنكى جىمسار) قا كەلگەندە، «شەھەرنىڭ غەربىدىكى ئۈزۈمزارلىقتىكى بالىخانىدا تۇرغان. شۇ چاغدا ئۇيغۇر خانى ئۈزۈم ھارىقى بىلەن مېھمان قىلغان»؛ چانبالىق (بۈگۈنكى سانجى) قا كەلگەندە، ئۇيغۇر خانى پۇقرالار ۋە ئۇيغۇر راھىبلىرىنى باشلاپ ئۇنى كۈتىۋالغىلى چىققان. ئۆيگە كىرگەندە، تۆرگە باشلىغان، خاننىڭ خانىشى ئۇنىڭغا ئۈزۈم شارابى تۇتقان»② . لى جىچاڭ قاتارلىقلار بارغانلا يېرىدە ئىنتايىن ھۆرمەتلەنگەن، پۇقرالارنىڭ ھەممىسى ئۈزۈم ھارىقى ھەدىيە قىلغان. ئۈزۈم شارابى غەربىي يۇرتتىكى كۈچلۈك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىممەتلىك بۇيۇم بولۇش سۈپىتى بىلەن چېگرانى قوغدايدىغان موڭغۇل ۋە خەنزۇ ئەمەلدارلىرى ۋە لەشكەرلەرنىڭ ئىنتايىن ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەچكە، ئۇلار ئۈزۈم ھارىقىنى مەدھىيىلەيدىغان خېلى كۆپ شېئىرلارنى يازغان. قاراڭ: تۇمەن چاقىرىم غەربكە يۈرۈش قىلىپ چىقتۇق قاشقۇۋۇقتىن، نەزمە پۈتتۇق سېغىنىپ ئۈزۈم شارابىنى.»③ يەنە: «سىرلانغان قەدەھلەردە ئۈزۈم شارابى، كەھرىۋا لوڭقىدا زەيتۇن گۈلى. تۇمەن چاقىرىم يىراقلىقتىن كېلىپ بۇ ھۇزۇرغا

① «ئەۋلىيا چىيۇ چۇجىنىڭ غەربكە زىيارىتى»، جاڭ شىڭلياڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، جۇجيېچىن سېلىشتۇرغان «جۇڭگو - غەرب قاتنىشىغا ئائىت تارىخ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 - قىسىم، 96 - 97 - بەتلەر.
② «ئەۋلىيا چىيۇ چۇجىنىڭ غەربكە زىيارىتى»، جاڭ شىڭلياڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، جۇجيېچىن سېلىشتۇرغان «جۇڭگو - غەرب قاتنىشىغا ئائىت تارىخ ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 5 - قىسىم، 96 - 97 - بەتلەر.
③يوللىغ چۇساي: «رېنۋۇنىڭ تۇنجى كۇنىدە يېزىلغان ئىككى نەزمە» 2، «جەنرەن ئىستىقامەتچىسى ئەسەرلىرى توپلىمى»، 5 - جىلد، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشر قىلغان سېلىشتۇرما نۇسخا، 106 - بەت.



ئېرىشتىم، دۇنيانىڭ چېتىدە قېرىساممۇ ھېچ ئارمىنىم يوق.»① بۇ شېئىردا ئۇلارنىڭ ئۈزۈم شارابىغا بولغان ئىشتىياقى ۋە گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئىككىنچىسى، ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم شارابى ئۆز يېرىدە ۋە خەنزۇلار يۇرتىدا يەنە تاۋار مال سۈپىتىدە سېتىلغان ۋە باج كىرىم مەنبەسى بولۇپ قالغان. يۇەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللار خېلى كۆپ. قادىرنىڭ مۇرتۇق ساڭرامىغا يەر ۋە ئۈزۈملۈك ئىنئام قىلغانلىقى ھەققىدىكى ۋەسىقىدە: «ساڭرامنىڭ ئۈزۈمزارلىقىدىن ئۈزۈم شارابى بېجى ۋە ئۈزۈم بېجى ئېلىنمايدۇ.»② «ئەلى تۆمۈر تولىنىڭ ئۈزۈمزارلىقىنى ئىجارىگە ئالغاندىن كېيىن، سەمىمىيلىك بىلەن (ئۇنىڭغا) 60 tāmbin (تامبىن) ھاراقىنىڭ ئىجارە پۇلىنى قايتۇرىدۇ»③ دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە، ئۈزۈم شارابىدىن ئىجارە بېجى ئېلىش يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە باشلانغان ئەمەس. مىلادىيە 9 - 11 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەدىمكى ئۇيغۇرچە مانى دىنى ئىبادەتخانىسىغا ئائىت ۋەسىقىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن.

«23. جەنۇب - شىمال (شەھەردىكى ئاھالىلەر)

24. يەر، ئۈزۈم شارابى، ئىجارە ھەققى (؟) نىڭ 62 رەختنى چوڭ رەختكە ئالماشتۇرۇلدى

25. (راھىب) قا كىيىم ........تېكىپ بەردى.

88. ئۇنىڭغا يەرلەرنى تۈزلەتكۈزدى.

①يوللىغ چۇسەي: «غەربىي يۇرتتىكى بۇخارادا ئەمىر لەشكەر پۇچاغا بېغىشلاپ»، «جەنرەن ئىستىقامەتچىسى ئەسەرلىرى توپلىمى»، 6 - جىلد، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشر قىلغان سېلىشتۇرما نۇسخا، 135 - 136 - بەتلەر.
②رادلوۋ: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 88 - ۋەسىقە.
③رادلوۋ: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، 6 - ۋەسىقە.

98 . ئۇزۇم شارابىنىڭ ئىجارە ھەققى بولسۇن .»①

ئەگەر ئۇزۇم شارابىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇپ ساتسا ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئوخشاشلا ئۇزۇم شارابىدىن باج ئالغان . بۇ ھەقتە «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى» 22 - جىلد «نوپۇس پىرقىسى شاراب بېجى» قىسمىدا ئېنىق قىلىپ «ئۇزۇم شارابىدىن 30 دىن بىر ئۈلۈش باج ئېلىنىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن . جىيۈەننىڭ 16 - يىلى (1279 - يىلى) ھەر مىڭ جىڭ ئۇزۇم شارابى 100 سەر پۇلغا سېتىلغان بولۇپ ، 6 سەر باج ئېلىنغان ، باج نىسبىتى 6% بولغان . يۈەن سۇلالىسىنىڭ زور مىقداردا ئۇزۇم بېجى ۋە ئۇزۇم شارابى بېجى ئېلىشىنى ئەينى چاغدىكى ئوردا ئەھلىلىرى ۋە خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھاراققا بولغان ئېھتىياجىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ . ئەينى چاغدا ئوردىدا زىياپەت ئۆتكۈزۈلسە ياكى نەزىر - چىراغ بېرىلسە كۆپىنچە ئۇزۇم شارابى كەلتۈرۈلەتتى . ليۇگۈەن ئۇزۇم شارابى ھەققىدە : «چوغلۇق ۋە داڭلىق گۈللەر ئەتراپقا قوييۇلغان ، ئۇزۇم شارابى ھىدى دىماقنى يارار . ئولتۇرۇشتا ئەمەلدارلار مەست بولۇشۇپ ، شەبنەم كەبى يالتىرار يۈزلىرى قىزىل بولۇپ»② دېگەن ئىدى . ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار يۇرتىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى ، 11 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن ھىندىستانلىق سەيياھ گەردىزىنىڭ بايانىچە : قوچو ئۇيغۇرلىرى خاقانىنىڭ «1000 نەپەر ئەر مۇلازىمى ۋە 400 نەپەر ئايال مۇلازىمى بار ، ئۇلار يىلمۇ يىل كۈندە ئۈچ قېتىم خاقانغا ھەمراھ بولۇپ تاماق يەيدۇ ، ھەرقانداق غىزاغا شاراب كەلتۈرۈلىدۇ ،

①گېڭ شىمىن : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە مانى ئىبادەتخانىسى ۋەسىقىسىنىڭ دەسلەپكى يەشمىسى» ، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1978 - يىللىق 4 - سانىغا بېسىلغان ، 497 - 515 - بەتلەر .

②ليۇ گۈەن : «ليۇدەيجى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 5 - جىلد ، «گۈەن شىلانىڭ ئوردا زىياپىتىدىن قايتىشى» ، 4 مەجمۇئە نۇسخىسى .



ئۇلار ئۇزۇمدىن ئېچىتىپ ئىشلەنگەن شارابنى ئىچىدۇ»① دەپ يازغان . يەنە بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىدىمۇ : «ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ خاقانغا تاپشۇرغان نەرسىلىرى ئىچىدە يېمەكلىك ۋە شاراب بار» ② دەپ قەيت قىلىنغان . ئۇزۇم شارابىنىڭ ئەينى چاغدا كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا شۇنچە مۇھىم ئورۇندا تۇرۇشى ، ھۆكۈمدارلارنىڭ يۇكسەك ئېتىبارىنى قوزغىماي قالمىغان . شۇ سەۋەبتىن ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىغا مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتىپ شاراپقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بېجىرگۈزگەن . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا مۇنداق پۈتۈلگەن : شۇندى خان دەۋرىدە «تۇبۇتلەرنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى ، 200 نەچچە قېتىم بۇلاڭچىلىق يۈز بەردى ، قارا - قوچونى بېسىۋېلىپ ، پادىشاھقا ئەۋەتىلگەن ئۇزۇم شارابىنى بۇلىدى ، ئەلچىنى ئۆلتۈردى» ③ . بۇ يەردە ئېيتىلغان ئەلچى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدىغان ئۇزۇم شارابى بېجى ئالىدىغان i (ئەلچى) ، yalawaC (يالۋاچ) بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ئۇزۇم بىلەن شاراب ئوخشاشلا يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ئەمەلدارلار تەرىپىدىن تالان - تاراج قىلىنغان . مالوف ئېلان قىلغان بىر پارچە ۋەسىقىدە مۇنداق سۆز بار : «چۇنكى بەگكە تاپشۇرۇلىدىغان بىر خۇمرا شارابنى تېخى ئەكەلمىدى .» ④ يەنە بىر ۋەسىقىدىمۇ : «كېترىدىن كەلگەن ئەمەلدارلارغا : تۇشغۇ تەمىنلىگەن شاراب (tš ɣvuqa üntürKüg bor) دا كازات بولۇشى كېرەك» ⑤ دەپ خاتىرىلەنگەن . بۇ ۋەسىقىلەردىن شۇنى

①بارتولد : «1893 - 1894 - يىللاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى» ، 1987 - يىل نەشرى ، 115 - بەت .

②رادلوۋ : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 17 - ۋەسىقە .

③«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 41 - جىلد ، «شۇندى ھەققىدە خاتىرە (4)» .

④مالوف : «قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈ تاش ۋەسىقىلىرى» ، («IIaMqThnkN HpeBHeTHopkckoŭHncbMeHHDcTN») ، 204 - 207 - بەتلەر .

⑤رادلوۋ : «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، 71 - ۋەسىقە .

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر رايونىدىكى ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم شارابى ھەقىقەتەن يەر ئىجارىسى ۋە باج كىرىمى سۈپىتىدە ئېلىنغان.

ئىككىنچىسى، غەربىي يۇرتتا ئىشلەنگەن ئۈزۈم ھارىقى تەملىك، ساپ بولغاچقا، راشىددىننىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدە: «تاڭغىتلارنىڭ غەربىي قوچو زېمىنىدۇر، قارا قوچو ئۇيغۇرلارنىڭ شەھىرى بولۇپ، ئېسىل شاراب ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇ يەر قاغاننىڭ زېمىنى بىلەن قايدۇنىڭ سۇيۇرغال يېرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۇيغۇرلار ھەر ئىككى تەرەپ بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ، شۇنداقلا ھەر ئىككى تەرەپكە تارتۇق تاپشۇرىدۇ»[1] دەپ خاتىرىلەنگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلاردىن «تىبەت، قارا قوچو، يارغول قاتارلىق جايلارنىڭ ئۈزۈم ھارىقى ئەڭ ياخشى ئىدى»[2]. شۇڭا، قارا قوچو قاتارلىق جايلارنىڭ ئۈزۈم ھارىقى يۈەن سۇلالىسى خان جەمەتى ۋە ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە كۆپ مىقداردا تارتۇق قىلىنغان بولۇپ، تارىخ كىتابلىرىدا بۇ ھەقتە كۆپلەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان.

تەيدىڭنىڭ تۇنجى يىلى (1324 - يىلى) 2 - ئايدا، قوچو ئىدىقۇتى تېمۇر بۇقا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۈزۈم شارابى تارتۇق قىلدى.»[3]

جىشۈننىڭ تۇنجى يىلى (1330) - يىلى «تىبەت، قارا قوچو ئۈزۈم شارابى تارتۇق قىلدى»[4].

يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا،

① راشىددىن: «جامىئۇل تەۋارىخ»، رۇسچە تەرجىمىسى، 2 - تومى، 185 - بەت.
② قوسقوي: «تائام تەييارلاش دەستۇرى»، 3 - جىلد، تۆت قىسىملىق مەجمۇئەنىڭ داۋامى. «田地» سۆزى «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دە «塔力叶尔» (تار يەر) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. تۈركىي تىلدا «地» yir، «يارغول» (يەنى تۇرپان) yar دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ يەردە ئېيتىلغان 田地酒، يارغول رايونىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ھاراقنى كۆرسىتىدۇ.
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 29 - جىلد، «تەيدىڭ ھەققىدە خاتىرە (1)».
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 34 - جىلد، «ۋېنزوڭ ھەققىدە خاتىرە».



ئۈزۈم شارابى تارتۇق قىلغۇچىلاردىن قارا قوچودىن باشقا، يەنە تۇبۇتلەرمۇ بار ئىدى.

ئۈزۈم شارابى توختىماستىن توشۇلۇپ تۇرغاچقا، توشۇش ھەققى ئېشىپ كەتكەن، بۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ يۈكسەك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان. تارىخ كىتابلىرىدا: «خالبەندە، ئىسەن بۇقا قاتارلىق ئەلچىلەر ئۈزۈم شارابى ئەكەلدى، كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەچكە، توشۇش ھەققى ئېشىپ كەتتى. تارتۇق قىلىنغان ھاراقلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار تەسىس قىلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھاراقلارنى قانداق توشۇش ھەققىدە قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى بىلەن كېڭىشىپ ئىش بېجىرىدىغان بولدى.»[1] شۇڭا، جىدانىڭ 4 - يىلى (1311 - يىلى) پەرمان مەھكىمىسى: «قارا قوچونىڭ ئۈزۈم شارابى بۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۆتەڭلەر ئارقىلىق توشۇلۇۋاتىدۇ. ھەربىي ئۆتەڭلەر ئارقىلىق ئۇلاپ توشۇلغانلىقتىن، قاتناش راۋان بولمىدى، شۇڭا تۆگە ئارقىلىق توشۇلسۇن، يەنە قوچو، تۇبۇت قاتارلىق جايلاردىكى ئەمەلدار ۋە پۇقرالار ئۈزۈم شارابى تارتۇق قىلسا، ئۆزلىرى توشۇغاچقا بەك كۈچ كېتىدىكەن، شۇڭا ئات بىلەن توشۇلسۇن»[2]. كېيىن ئۈزۈم شارابى توشۇلماقچى بولسا، تۆگە بىلەن خەنزۇلار ئۆتەڭگە يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان بولدى، مۇشۇنداق ئۇلاپ يەتكۈزۈش ئارقىلىق خان بالىق (بۈگۈنكى بېيجىڭ) قا يەتكۈزۈلىدىغان بولدى.[3] غەربىي يۇرت ئۈزۈم ھارىقىنىڭ ئىچكىرىگە كىرگۈزۈلۈشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار يۇرتىدىكى خەلقنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ھاراق ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئىچكىرى

① «بۈيۈك جىڭشى قامۇسى ئۆتەڭلەر»، «يوڭلې قامۇسى» نىڭ 19421 - جىلدىغا قاراڭ.
② «جېڭشىيەن يىللىرىدىكى مۇھىم بايانلار. ئۆتەڭ»، «يوڭلې قامۇسى» نىڭ 19425 - جىلدىغا قاراڭ.
③ «بۈيۈك جىڭشى قامۇسى. ئۆتەڭلەر» «يوڭلې قامۇسى» 19421 - جىلدقا قاراڭ.

ئۆلكىلەرگە تارقاتتى .

## 3 . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇلار يۇرتىدا ئۈزۈمنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ۋە ئۈزۈم ھارىقىنىڭ ئىشلىنىشى

ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم ھارىقى قاچان ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقالغان ؟ بىر خىل كۆز قاراشتىكىلەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۈزۈم ئۆستۈرۈلۈشكە باشلىغان ، ئالاھازەل شەرقىي خەن سۇلالىسى ياكى ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرلىرىگە كەلگەندە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولغان ، دەپ قارايدۇ . ئۇلار ۋېي پادىشاھلىقى پادىشاھى ۋېيدىنىڭ فۇجيەنگە يازغان مەكتۇبىدىكى «جۇڭگودا ئېسىل مېۋىلەر ئىنتايىن كۆپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈزۈمدىن ھاراق...... ئېچىتىلىدۇ ، ھاراق ئېچىتىشتا ئېچىتقۇ قوشۇلىدۇ ، بۇنداق ھاراقنى ئىچسە ئادەم ئاسان مەست بولغىنى بىلەن ئاسان يېشىلىپ كېتىدۇ »① دېگەن مەلۇماتنى ئاساسلىق پاكىت قىلىدۇ . لېكىن جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئۈزۈم ھارىقى ئېچىتىش ئۇسۇلىدا ئېچىتقۇ قوشۇپ ئېچىتىش ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلىنىپ كەلگەن ، ئادەتتە ئۈزۈم سۈيى بىلەن ئېچىتقۇ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ، ئاندىن لومى گۈرۈچى قوشۇلۇپ ئېچىتىلىدۇ ، ھەرگىزمۇ ئۈزۈمنىڭ تەبىئىي ھالدا ئېچىشىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەنمەيدۇ . دەل مۇشۇ سەۋەبنى كۆزدە تۇتۇپ ، تېخىمۇ كۆپ تەتقىقاتچىلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىلا ئۈزۈم ھارىقى

① «جىننامە . لۇي گۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ؛ يەنە «ئوت - چۆپلەرنىڭ مەنىسى» ، 18 - جىلد ، «ئۈزۈم شارابى» دا لى بەينىڭ : « 湖人岁献葡萄酒 »دېگەن شېئىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن ؛ B.Laufer: « Iranica - sino» PP. 220 - 245 ؛ «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇسى» ، 845 - جىلد ، ۋېي ۋېيدى «ۋەزىرلەرگە يارلىق» تا «ئۈزۈمدىن ھاراق ئېچىتىلسۇن ، ئادەمنىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتتى ، قانغىچە بىر ئىچەيلى» دېگەن .



ئېچىتىش تېخنىكىسى ئاندىن زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشكەن . ئەينى چاغدا غەربىي يۇرتلۇق نۇرغۇن غوز (ئۇيغۇر) لار چاڭئەنگە كېلىپ دۇكان ئاچقان ، غەربىي يۇرتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى ئېلىپ كەلگەن ، دەپ قارايدۇ .

شىياڭدا ئەپەندى «غەربىي شەھەر ۋە چاڭئەن شەھىرىنىڭ شەرقىدىن چۈجياڭغىچە بولغان جايلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ مەيخانىلىرى بار ئىدى »① دەپ كۆرسىتىدۇ . «كىتابلار جەۋھىرى» دىمۇ «قوچونى جەڭ قىلىپ ئالغاندىن كېيىن ، سوقۇچاق ئۈزۈمنى چاھار باغ (خانلىق بېغى) دا ئۆستۈردى ھەمدە ھاراق ئېچىتىش ئۇسۇلىنى بىلىۋالدى . پادىشاھ ئۆزى ھاراق ئېچىتىش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى ، شۇنىڭ بىلەن سەككىز خىل رەڭلىك ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى ، تەمى ئاچچىق ، رەڭگى قىزغۇچ ئىدى . ھاراق ۋەزىرلەرگە ئىنئام قىلىندى ، پايتەختتىكى ئەھلى شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئىچەلەيدىغان بولدى » ② دېيىلگەن . تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە ئۈزۈم ھارىقى ھەققىدە خېلى كۆپ شېئىر يېزىلغان . بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر بولغانلىرىدىن «ياپيېشىل بامبۇك ياپرىقى ، قىپقىزىل ئۈزۈملەر » (ۋاڭ جى : «مەيخانىدىن ئۆتكەندە» ) ؛ «قارىسام يىراقتىن كۆپكۆك خەنجياڭ دەرياسىغا ، خىيالىمدا ئوخشىتىمەن ئەمدىلا تەييار بولغان ئېسىل ئۈزۈم شارابىغا» ؛ «ئاھ ! بۇ خەنجياڭ سۈيىنى ئايلاندۇرغىلى بولغان بولسىدى باھار شارابىغا . ھاراق ئېچىتقاندا ئېيتىلىدىغان شاراب كۈيىدىن تاغدەك قەدەھ ياسىغىلى بولار (لى بەي : «شىياڭياڭ ناخشىسى » ) ؛ «ئېسىل ئۈزۈم شارابى تولدۇرۇلدى قەدەھلەرگە ، باربىتنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرى ئىشتەينى ئاچار قانغۇدەك ئىچىشكە » (ۋاڭ خەن : «لياڭجۇ ھەققىدە

① شياڭ دا : «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ، ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى ، 1957 - يىل نەشرى ، 50 - بەت .»

② «كىتابلار جەۋھىرى» ، 970 - جىلد ، ئوردىغا تارتۇق يوللاش (3) .

نەزم» ) . گەرچە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۈزۈم تېرىلغان ھەمدە تەبىئىي ئېچىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ھەممە يەردە ئومۇملاشمىغان ھەم تەرەققىي قىلمىغان . بولمىسا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخ ماتېرىياللىرىدا نېمىشقا «خېدۇڭدىكى چيەنخې ئۈزۈمى» دېگەن بىر جايلا تىلغا ئېلىنىدۇ ، باشقا جايلار تىلغا ئېلىنمايدۇ ؟

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىلا ئاندىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە ئۈزۈمدىن ھاراق چىقىرىش تېخنىكىسى يېتەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلالىغان . [①] مىڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن يې زىچى «ئۈزۈم ھارىقى ۋە ھاراق (araq ) ئېچىتىش يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلانغان» [②] دەپ خاتىرە قالدۇرغان . ئەمما ياپونىيە ئالىمى جۇڭشەن شىزى بۇ خىل كۆز قاراشنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ، گەرچە خانلىق ئىبادەتخانىسىدىكى نەزىر - چىراغ ئىشلىرىدا ئۈزۈم ھارىقى ئىشلىتىلگەن ، ئوردىدا مەخسۇس ‹ئۈزۈم گەمىسى› ياسالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئەينى چاغدىكى ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەيدىغان ئورۇندىن نەنجىڭ ۋە تەييۈەن ئىككىلا جاي بار ئىدى .» [③] .

ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس ، ئەينى چاغدا غەربىي يۇرتتا ئۈزۈم كۆپلەپ ئۆستۈرۈلگەن ۋە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىلغاندىن باشقا ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ خېلى كۆپ جايلىرىدىمۇ ئۈزۈم

①سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار تۈزگەن : «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» ، 7 - قىسىم ، خەلق نەشرىياتى نەشرى ، 355 - بەت .

②يې زىچى : «ئوت - چۆپ ۋە دەل - دەرەخلەر» ، 3 - جىلد (كېيىنكى قىسمى ) ، «ئارىلاشتۇرۇپ ياساش» ، 68 - بەت ؛ خۋاڭ شىچيەن : «ھاراق ۋە جۇڭگودا ئاق ھاراقنىڭ پەيدا بولۇشى» ، «مەدەنىيەت ۋە تارىخ» ژۇرنىلىغا بېسىلغان ، 30 - سان ؛ خې گاۋچى ئەپەندى «شاھرۇخنىڭ جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتىش خاتىرىسى» دېگەن كىتابىنىڭ 107 - بېتىدىكى ② ئىزاھتا ، ھاراق پارس تىلىدا بىر خىل مېۋە ھارىقىنى كۆرسىتىدۇ ، دەيدۇ .

③جۇڭشەن شىزى باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن ، شۆي جيەنشىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان : «جۇڭگو يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى» ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى ، 1992 - يىل 5 - ئاي نەشرى ، 143 - بەت .



ئۆستۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭدىن ھاراق ئىشلەنگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ دائىرىسى تەييۈەن بىلەن نەنجىڭدىن كۆپ چوڭ ئىدى .

تۆۋەندە بىرنەچچە مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ، چۈشەندۈرىمىز .

بىرىنچى ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۈزۈم ئۆستۈرۈش كۆلىمى ۋە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەش رايونى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيگەن . بۇ نۇقتىنى بىز 1252 - يىلى ئەنيى ناھىيىسى (ھازىرقى سەنشىنىڭ يۈنچېڭ دېگەن يېرى ) دىكى چاڭ چۈن ئىبادەتخانىسى تويىن مۇئەككىلى خاتىرە تېشىدىكى خاتىرىلەردىن ئاز تولا بىلىۋالالايمىز . «جيېجۇ ئايمىقى ئەنيى ناھىيىسى چاڭچۈن ئىبادەتخانىسىدىكى جىرۇڭ ، ماجىچۈەن رېنيەن يىلى (1422 - يىلى ) 70 مو ئۈزۈمزارلىقنى پادىشاھقا تارتۇق قىلدى ، بۇ ئۈزۈمزارلىق چاھار باغ قىلىندى . بۇنىڭ ئۈچۈن ، ئىبادەتخانىغا ئۈزۈمزارلىققا ياخشى قاراش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلدى ، كېيىن يەنە ئىبادەتخانىدىكى لى جيۇ قاتارلىق كىشىلەرنى ئۈزۈمزارلىققا ياخشى قاراش ، ئۈزۈم تاللىرىنى باراڭغا چىقىرىش ، ئۈزۈمزارلىقنى قۇرۇتۇۋەتمەسلىك خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈرۈلدى . ئەگەر ئۈزۈمزارلىققا ياخشى قارىمىسا ، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق تەس ئىدى ؛ ئۈزۈم پىشقاندا ، قۇرۇتۇلۇپ ، جىڭلىغاندىن كېيىن پېڭياڭ مەھكىمىسىگە يەتكۈزۈلۈپ تۇردى ، قۇرۇق ئۈزۈملەرنى چاڭچۈن ئىبادەتخانىسى يەتكۈزۈپ بېرىپ ، تەقدىم قىلىشقا تەييارلاپ قويىاتتى » .[①] بۇ تېكىست لى جىچاڭنىڭ ئەنيىدىكى چاڭچۈن ئىبادەتخانىسىغا يېزىپ بەرگەن خاتىرە تېشى سۆزى بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئەنيىلىك كىشىلەرنىڭ 70 مو ئۈزۈمزارلىقنى تارتۇق قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن ، بۇ ئۈزۈم

①سەي مېيبياۋ : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئابىدىلەر توپلىمى» ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنى تۈزگەن ، پەن نەشرىياتى ، 1955 - يىل نەشرى ، 17 - بەت .

ئۆستۈرۈش كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جېنجياڭ يولىدىمۇ ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەن.[①] خانبالىقتىكى چاھار باغ (خانلىق باغچا) دىمۇ «ئۈزۈملەر باراڭلاردا سانجاق - سانجاق ئىدى»[②]. ھازىرقى جياڭسۇنىڭ سۇجۇ ئەتراپلىرىدىكى خۇسۇسىي باغلاردىمۇ ئۈزۈم كۆپ ئۆستۈرۈلگەن بولغاچقا، يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن چېڭ تىڭگۈي دېگەن شائىر «قاشقۇۋۇقتىن غەربكە ماڭسا قوچو بالىقىا بارغىلى بولىدۇ، ماي ئايلىرىدا ئۈزۈملەر سانجاق- سانجاق بولۇپ كېتىدۇ. ھازىر جياڭنەندىكى ئۆتەڭلەردىمۇ دانلىق پارقىراپ تۇرىدىغان ئۈزۈملەر ئۆستۈرۈلىدىغان بولدى»[③] دەپ قوشاق توقۇغان. ئوۋياڭ شۈەنمۇ «پەرغانە كىشىلىرى ئاتلىق ئەكىلەتتى ئوتتۇغات ئۈچۈن دانە - دانە ئۈزۈملەرنى، ھازىر جياڭنەننىڭ جەنۇبىدىمۇ ئۈزۈم ئۆستۈرۈلىدىغان بولدى، ئۈزۈم تاللىرى يۆگىمەچلىنىپ كېتەر ئۈزۈن - ئۈزۈن بولۇپ»[④] دەپ نەزمە توقۇغان. يەنە خېلى كۆپ جايلاردا ئۈزۈمدىن ھاراق ئىشلەپچىقىرىلغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا پېڭياڭ، تەييۈەن ئەتراپلىرىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەنلىكى، ئۇنىڭدىن ھاراق ئىشلىنىپ، ئوردىغا تارتۇق قىلىپ ئەۋەتىلگەن[⑤] لىكىنى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، شياۋجۇ (بۇ يەر ئېنىق ئەمەس) ئايمىقىدىمۇ ئۈزۈم ھارىقى

①يۇشلۇ: «جىشۇن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنجياڭ تەزكىرىسى»، 4 - جىلد، «يەرلىك مەھسۇلاتلار».
②ئوۋياڭ شۈەن: «گۇيجەي توپلىمى»، 3 - جىلد «ئۈزۈم ھەققىدە ئىككى مىسرا شېئىر (2)»؛ چېن گاۋخۇا: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خانبالىقنىڭ ھارىقى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 - يىل 4 - سان.
③گۇسلى: «يۈەن سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تاللانما»، 2 - قىسمى؛ چېڭ تىڭگۈي: «جۇجۇشۈەن توپلىمى»، «قوچو خانلىرى سىزغان ئۈزۈملەرنى شيۇڭ جيۇگاۋنىڭ ساقلىشى».
④ئوۋياڭ شۈەن: «گۇيجەي توپلىمى»، 3 - جىلد، «ئۈزۈم ھەققىدە ئىككى مىسرا شېئىر (2)».
⑤قوسقوي: «تائام تەييارلاش دەستۇرى»، 3 - جىلد، «گۈرۈچ، تېرىق بۇيۇملار».



ئىشلەپچىقىرىلغان[①]؛ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن سەيدۇللا دېگەن ئۇيغۇر كىشى ياڭجۇنىڭ ئۈزۈم ھارىقىنى ئاغىزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ، مۇنداق نەزمە تۈزگەن: «ياڭجۇنىڭ مەيلىرى دۇنياغا داڭلىق، كىچىك ئوقۇردا دومىلايدۇ ئۈزۈم دانىلىرى، ئالتۇن تەخسىلەرگە تىزسا قاش تېشىدەك پارقىرار، كۈمۈشتەك پارقىراپ لەيلەر سۇ يۈزىدە.»[②] يەنە ئىچكى موڭغۇلنىڭ شۈەننىڭ (ئورنى ھازىرقى كۆكخوت شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ) دە «8 - ئايدا كۆز شامىلى ھۇشقىتار، ھەممە ئائىلىلەر ئۈزۈمدىن ھاراق ئىشلىشەر»[③] دېگەندەك مەنزىرە بارلىققا كەلگەنىدى.

ئىككىنچىسى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرىي ئۆلكىلەردە ئۈزۈم ئۆستۈرىدىغان كەسپىي ئائىلىلەر مەيدانغا كەلگەنىدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 5 - جىلد «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (2)» دە، «جۇڭتۇڭنىڭ 4 - يىلى (1263 - يىلى) 12 - ئايدا، ئۈزۈمچىلىك ئائىلىلىرىگە ئوخشاش باج تاپشۇرۇشى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلدى.» بۇ، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۈزۈمگە بولغان ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، نائىلاج بىر قىسىم ئائىلىلەرنىڭ مەخسۇس ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشقا قويۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچىسى، قوسقوي ئۆزىنىڭ «تائام تەييارلاش دەستۇرى» نىڭ 3 - جىلد «مېۋە تۈرلىرى» دە 39 خىل قوغۇن - تاۋۇز ۋە مېۋە - چېۋىنى بىر - بىرلەپ كۆرسەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە

①بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى شەن بېنزۇ تۈزگەن: «شىجىن تەزكىرىسىنىڭ يوقاپ كەتكەن قىسمى»، «يىللار خاتىرىسى» دە: «شياۋجۇنىڭ ئۈزۈم ھارىقى، قىمىز.» دېگەن خاتىرىلەر بار. بېيجىڭ قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، 214 - بەت.
②سەيدۇللا: «يەنمىن توپلىمى»، 7 - جىلد، «مۇسەللەس ھىدىدىن بېلىقلار مەست بولغاندا توقۇغان مۇسەللەس كۈيى».
③يۈەن جياۋ: «چىڭرۇڭ دەرۋىش توپلىمى»، 5 - جىلد.

«ئۈزۈم» بار ، شيۇك مېڭشياڭ «شجىن تەزكىرىسى» نىڭ «مېۋە ـ چېۋە تۈرلىرى» دە «ئۈزۈم» نى بىرىنچى ئورۇنغا تىزغان . بۇ ، بۇنىڭدىن ئۈزۈمنىڭ ئەينى چاغدا خېلى مۇھىم بىر مېۋە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ، بولمىسا شۇ چاغدىكى كىشىلەر بۇنچىۋالا ئەتىۋارلىمىغان بولاتتى . شىمالدىكى خەنزۇلار يۇرتىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىغا كەلسەك ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن سى نۇڭسى دېگەن كىشى تۈزگەن «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلىرى» دە تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىغان ، ئەمدى خاتىرىلەرگە قاراپ باقايلى :

«10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈزۈم يىلتىزىدىن بىر چامدام يىراقلىقتا ئورەك كولىنىدۇ ، ئاندىن ئۈزۈم تاللىرى يىغىۋېلىنىپ ، ئورەككە كۆمۈلىدۇ . ئۈزۈم تاللىرى پاخال بىلەن كۆمۈلسە ياخشى بولىدۇ ، پاخال بولمىسا ئاشۇنداقلا كۆمسىمۇ بولىدۇ ، لېكىن تۇپراق نەم بولسا بولمايدۇ ، بولمىسا ئۈزۈم تاللىرى ئۇششۇپ كېتىدۇ . 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈزۈم تاللىرى ئورەكتىن چىقىرىلىپ ، باراڭغا ئارتىلىدۇ . ئۈزۈم تاللىرى سوغۇققا چىدامسىز بولغاچقا ، يەرگە كۆممىسە ئۆلۈپ قالىدۇ (ئۇششۇپ كېتىدۇ) . ئەگەر ئۈزۈمنىڭ تېلى تومراق بولسا ، يىلتىزىدىن يىراقراق يەرگە ئورەك كولىنىدۇ ، بولمىسا ئۈزۈمنىڭ تېلى سۇنۇپ كېتىدۇ ، ئورەك پاخال ۋە توپا بىلەن كۆمۈلىدۇ .» [1] ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇلار ئۈزۈم ئۆستۈرۈپلا قالماي ، يەنە ئۈزۈم بىلەن چىلاننى چېتىشتۇرغان . «ئاڭلىغانلىرىم ھەققىدە خاتىرە» دە «ئۈزۈمنى چىلان دەرىخىنىڭ يېنىغا تىكسە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ ، ئەتىيازدا چىلان دەرىخىدىن تۆشۈك ئېچىلىدۇ ، ئاندىن ئۈزۈم شېخى شۇ تۆشۈكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ، ئۈزۈم شېخى يوغىناپ تۆشۈك ئېتىلگەندە ،

[1] سى نۇڭسى «دېھقانچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلىرى» 5 ـ جىلد ، «شاپتۇلنىڭ يېنىدىكى ئۈزۈم» .



ئۈزۈمنىڭ يىلتىزى كېسىۋېتىلىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن ئۈزۈم تاللىرى چىلان يىلتىزىغا تايىنىپ ئۆسىدۇ ، چۈشكەن ئۈزۈم چىلانغا ئوخشاش بولىدۇ ، شىمالدا ئۈزۈمنى مۇشۇنداق ئۆستۈرىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن .

شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى ، شىمالدىكى خەنزۇلار يۇرتىدا ئۈزۈم يېيىش ئۈچۈن ئۆستۈرۈلۈپلا قالماي ، بەلكى كۆپ ھاللاردا كۆرۈپ تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئۆستۈرۈلگەن . شۇڭا ئەينى چاغدىكى بەزى قەلەمكەش سىپايى كىشىلەرمۇ ئۈزۈم ئۆستۈرگەن ، يۈجى بۇنىڭ بىر مىسالى . ئۇ نەزمە تۈزۈپ مۇنداق دېگەن : «شياۋ تۆرە ئۈزۈم تېلىنى بۇ يەرگە كىرگۈزگەن ، ئۈچ كۈن سۇغارمىسا ئۈزۈم تېلى قۇرۇپ قالىدۇ . غەربىي يۇرتتىن كىرگۈزۈلگەن بۇ ئېسىل نەرسىنى ياخشى پەرۋىش قىلىش ئۈچۈن ، ئۇنى ھويلاڭغا تىكىپ ئۆز قولۇڭ بىلەن سۇغارمىساڭ بولمايدۇ .» [1] مەزكۇر نەزمىدە يۈەن سۇلالىسىدە ياشىغان بىر ئەۋلاد ئەدىبلەرنىڭ ئازادە ، تىپتىنچ تۇرمۇشقا ئىنتىلىشتەك روھىي ھالىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

يۇقىرىدا بىز مىسال كەلتۈرۈپلا چۈشەندۈردۇق . ئەمەلىيەتتە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جەنۇب ۋە شىمالنىڭ ھەممە يېرىدە ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ئەھۋالى خېلى ئومۇملاشقان ، ھەتتا خېلى كۆپ جايلاردا تېخى ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىلغان . نىسپىي ھالدا ئېيتقاندا ، جەنۇب تەرەپلەردە ئۈزۈم ئاساسلىقى ھويلا ـ ئارام ئىچىگە تىكىلگەن بولۇپ ، تېرىلغۇ يەرلەرگە چوڭ كۆلەمدە تىكىلىدىغان ئەھۋال ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن ؛ ئۈزۈم ئۆستۈرۈشنىڭ مەقسىتى ئاساسلىقى سەيلە ـ ساياھەت قىلىش ۋە سالقىنداش ئۈچۈن بولۇپ ، ھاراق ئىشلەش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى . شىمالدىكى بەزى رايونلاردا بۇنىڭغا ئوخشىمايتتى ، مەسىلەن : پېكىياڭ ، شۈەننىڭ ئەتراپلىرىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش دېھقانچىلىق

[1] يۈجى : «داۋيۈەنشۈناسلىق قەدىمىي خاتىرىلىرى» ، 2 ـ جىلد .

ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىگە ئايلىنىپ بولغان بولۇپ، ئۇزۇم ھارىقى ئىشلەشكە خام ئەشيا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن كۆلەملەشتۈرۈپ ئۈزۈم ئۆستۈرۈلەتتى. بۇ غەربىي يۇرت رايونىدىكى ئەھۋال بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتەتتى.

## 4 . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇلار يۇرتىنىڭ ھەممە يېرىدە ئۈزۈم ئۆستۈرۈلۈش ۋە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىلىشىنىڭ سەۋەبى

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا بىر قەدەر كەڭ كۆلەمدە ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەن ھەم ئۈزۈم ھارىقى ئېچىتىلغان. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ:

(1) يۈەن سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك بىرلىككە كېلىشى مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى بىر قەدەر ئۇزۇن داۋاملاشقان تەرەققىچىلىك ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن. گەرچە ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم ھارىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن چاغاتاي نەسەبىدىكى پادىشاھلار غەربىي شىمال بىلەن تەيۈەندىن ئىبارەت ئىككى جايدىكى سۇيۇرغال يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلغان بولغاچقا، ئۇلار ئۈزۈمنى غەربىي شىمالدىن سەنشىگە ئاپىرىپ تىكىپ، تەيۈەن، پىڭياڭلارنى قۇرۇق ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىدىغان داڭلىق جايغا ئايلاندۇرغان.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش، ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەشمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خېلى كۆپ ئۇيغۇرلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ



ئولتۇراقلىشىپ [1]، جياڭنەن (چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار) دە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇپ قالغان، ئۇلار ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئېلىپ بېرىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە ھاراق ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ يۈكسىلىشىگە تۆرتكە بولغان.

(2) موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە تۈركۈملىگەن موڭغۇل ۋە خەنزۇ سەركەردە - لەشكەرلىرىنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلگەن ئۈزۈمنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشىگە سەۋەب بولغان، ئۇلار غەربىي يۇرت ئۈزۈم ھارىقىغا ئەسىر بولۇپ قالغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىئون يوللىغ چۇساي غەربىي يۇرتنىڭ ئۈزۈم شارابى ھەققىدە توختالغاندا، ھەمىشە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىغان: «شەرقىي غۇزلارنىڭ نىلۇپەر گۈلىدىن بەھىرلەنىسىڭىز، مەن غەربىي يۇرتتىن كىرگۈزۈلگەن ئۈزۈمنى يەپ ھۇزۇرلىنىمەن» [2]. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «تەيزۇڭ قابىلىيەتلىك بولغاچقا پۇقرالار باياشات ياشىماقتا، ئۈزۈملۈكنىڭ مەنزىرىسى سۈجۇ - خاڭجۇلاردىن قېلىشمايدۇ. ئۈزۈم پىشقاندا جياڭنەننىڭ مەرۋايىتىدەك يالتىرايدۇ. لوكۋا ۋە بىنەپشە رەڭ زەيتۇن گۈللىرى قاردەك ئېچىلىپ دىماغقا ئۇرۇلىدۇ. غەربىي يۇرتنىڭ سازىدا ئاھاڭ رىتىمى بولمىسىمۇ، ئۇيغۇر خېنىمىنىڭ ناخشا ئېيتقان ئاۋازى دېرىزىدىن ئاڭلىنار. كىشىلىك تۇرمۇش بۇنداق خۇشال - خۇرام ئۆتمەس، يەنە ھەر ۋاقىت يۇرتنى

---

[1] شاڭ يەنبىن: «‹جىشۇن يىللىرىدىكى جېنجياڭ تەزكىرىسى›، دىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جېنجياڭ يولىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارغا نەزەر»، «قەشقەر پىداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 — يىل 4 - سان؛ گۇي شىپىڭ، شاڭ يەنبىن: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ تەشرىپدار بولۇشى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 - يىل 4 - سان.

[2] يوللىغ چۇسەي: «جەنرەن ئىستىقامەتچىسى ئەسەرلىرى توپلىمى»، 6 - جىلد، «شىيۇيۇ ئويۇنى»، جوڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 129 - بەت.

سىغىنىشنىڭ نىمە ھاجىتى بار .»① بۇنىڭدىن قارىغاندا ، ياقا يۇرتتا تۇرۇۋاتقان سەركەردە ـ لەشكەرلەر غەربىي يۇرتنىڭ ئۈزۈم ھارىقىنى زوق ـ شوق بىلەن ماختاشقان ، ھەتتا «مەس بولۇپ قالغاندا كۆز شامىلى ئۇلارنىڭ قالپىقىنى ئۇچۇرتۇپ چۈشۈرۈۋەتكەن »② . بۇ ئەلۋەتتە ياللۇغ چۇسەي بىر ئادەمنىڭ تەسىراتى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى غەربكە يۈرۈش قىلغان سەركەردە ــ لەشكەرلەرنىڭ ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم شارابىنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ تەبىئىي ھالدا ئاشكارىلىنىشىدۇر . موڭغۇل خان جەمەتى ۋە سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ ئۈزۈم ھارىقىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈشى ھۆكۈمران يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ، زور كۆلەمدە ئۈزۈم ئۆستۈرۈشكە مەجبۇر بولغان ، ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقارغان ياكى ئۈزۈمنى قۇرۇتۇپ قۇرۇق ئۈزۈم ئىشلىگەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۈزۈمدىن يەنە «شەربەت »③ ، «توڭ ئۈزۈم شارابى »④ ، مېۋە ھارىقى ۋە ھاراق سىركىسى⑤ ئىشلىگەن .

(3) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ

①يوللىغ چۇسەي : «جەنرەن دەرۋىشنىڭ توپلىمى» ، 6 ـ جىلد ، «ئويۇن توغرىسىدا ئىككى كۇبلېت نەزمە» 2 ، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى ، 137 ـ بەت .

②يوللىغ چۇسەي : «جەنرەن ئىستىقامەتچىسى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 6 ـ جىلد ، «لىۋ رۇنجىنىڭ قالپاق تىكلەنگەنلىكىگە ئاتالغان نەزم» ، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى ، 113 ـ بەت .

③يۈشىلۇ : «جىشۇن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جىنجياڭ تەزكىرىسى» ، 6 ـ جىلد ، «باج تاپشۇرۇش» دا ، «شەربەت ، 40 بوتۇلكا . مۇشۇ يولنىڭ ئورۇنباسار دارۇغاچى ماشۆنى جىسىبىي ئۈزۈم ، بېھى ، يۇنۇس قاتارلىق نەرسىلەرنى قايىنىتىپ ياسىغان بىر خىل ئىچىملىك ، ئات ، كېمىلەر بىلەن ئوردىغا يەتكۈزۈلگەن» دېيىلىدۇ ، 253 ـ بەت .

④يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە نامەلۇم ئاپتور يازغان : «ئۆيدە ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئىشلار توپلىمى» ، 6 ـ قىسىم ، «توڭ ئۈزۈم شارابى» دا : «توڭ ئۈزۈمنى ئىزىپ ، ئۇنى سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈپ تىرىپىنى ئايرىيمىز . ئاندىن سۈس ئوتتا قايىنىتىمىز ، قويۇلغاندا ئۇنى پاكىز قاچىغا ئۇسۇپ ساقلايمىز . قايناتقاندا تۆمۈر ۋە مىس قاچا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . پىشقان ئۈزۈمنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ ، ئۇنىڭدىن پەقەت ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەشكىلا بولىدۇ . قويۇلغاندا ھەسەل ، پېتروسېلىن تۇزغىقى قاتارلىق نەرسىلەردىن ئازراقتىن سېلىنىدۇ» دېيىلگەن .

⑤ئا . ۋ گابائىن : «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» ، تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك تەزكىرە تۈزۈش ئىشخانىسى باستۇرغان نۇسخا ، 42 ـ بەت .



بىرلىككە كېلىشى سېۋەيدىن ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەلچىلىرى ، سودا كارۋانلىرى ، دىن تارقاتقۇچىلار تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتاشقان ئۆتەڭ يوللىرى بىلەن بىمالال سەپەر قىلالىغان . بۇ تۇپەيلى ، «يىپەك يولى» ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك راۋانلاشقان . بۇ ، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە ھاراق ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن قۇلايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن . چىڭگىزخان دەۋرىدىلا ، ئۇرۇش جەريانىدا ئاشلىق توشۇش ۋە قوشۇننىڭ ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتقا تۇتىشىدىغان ئۆتەڭ يوللىرى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆستەڭ ئەسلىھەلىرى مەيدانغا كەلگەن .①

يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۆتەڭ تۈزۈمى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشكەن ، كۆلىمى تېخىمۇ كېڭەيگەن ، غەربىي شىمالدا قىرغىزلار رايونى (ھازىرقى يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى ) دىن ئويرات (يەنى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دا خاتىرىلەنگەن ئويرات قەبىلىسى ) رايونىغىچە ، قارا قۇرۇمدىن چاغاتاينىڭ سۈيۈرغال يەرلىرىگىچە ھەممە جايدا ئۆتەڭ يوللىرى ياسالغان② .

يەنيۇ يىلى (1314 ـ يىلى ) پۈتۈلگەن بىر ۋەسىقىدە : گەنسۇدىكى نالىيەن ئۆتىڭى «موڭغۇل ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى ، مەخسۇس ھەربىي ئىشلارغىلا ئىشلىتىلەتتى .» شۇڭا بۇ ئۆتەڭدىن مەيدىسىگە ئالتۇن ھەللىك خەت يېزىلغان يۇملاق تاختاي ئېسىۋالغان ، ھەربىي مەخپىيەتلىكنى مەلۇم قىلغىلى ماڭغان مۇھىم ئەلچىلەرلا ئۆتەلەيتتى ، قالغان ئەلچىلەر

①جۇۋەينى : «تارىخى جاھانكۇشاي» ، خەنزۇچە تەرجىمىسى ، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى ، 1981 ـ يىل نەشرى ، 34 ـ بەت .

②چېن دېجى : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لىڭبېي ۋاقىتلىق ۋازارىتىدىكى يوللىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە» ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمال مىللەتلىرى تارىخىغا دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى» ، 1 ـ قىسىم (1977 ـ يىل ) ، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» ، 279 ـ پاراگراف .

مەلۇماتنامىلەرنى ئۇلۇس غەربىي يولى ۋە خەنزۇ ئۆتكى ئارقىلىق يەتكۈزەتتى . ئۇزۇم هارىقى توشۇغاندىمۇ ، ئالدىنقى يىللاردىكى بەلگىلىمە بويىچە ، تۆگە بىلەن خەنزۇلار ئۆتكىگە يەتكۈزۈلەتتى ، ئاندىن ئۇلاپ توشۇش شەكلىدە چوڭ خانبالىققا يەتكۈزۈلەتتى[1] دېيىلگەن . بۇنىڭدىن ، ئۇزۇم هارىقىنىڭ توشۇلۇش لىنىيىسى دەل غەربىي يۇرتقا بارىدىغان «يىپەك يولى» ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . پارس تارىخچىسى راشىددىننىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدە «خانبالىق (بېيجىڭ) تىكى قىشلىق ئوردىدىن كەيپىڭ مەھكىمىسىگە بارىدىغان ئۈچ يول بار . بۇنىڭ ئىچىدىكى 2 ـ يول ساڭگەن دەرياسىنى بويلاپ جۇجۇدىن ئۆتىدۇ ، ئۇ يەردىن ئۇزۇم ۋە باشقا مېۋە ـ چېۋە كۆپ چىقىدۇ . بۇ بوستانلىقتا يېقىن جايدا سايمال شەھىرى بار ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى سەمەرقەنتلىكلەردۇر» دەپ خاتىرىلەنگەن . ئۇلارنىڭ يەرلىكنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان ئۇزۇمنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاپىرىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى . چۈنكى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگو ـ غەرب قاتناش لىنىيىسى راۋانلاشقانلىقى ئۈچۈنلا ، «پەرغانىنىڭ ئېسىل مەھسۇلاتى (ئۇزۇمنى دېمەكچى) نى ئۆز قولى بىلەن پەرۋىش قىلىش»[2] ئىمكانىيىتى يارىتىلغان .

تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى ، يۇقىرىدىكى ئۈچ جەھەتتىكى سەۋەب تۈپەيلىدىن ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇزۇم ئېچىتىش ئاندىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك تەرەققىي قىلغان .

---

① «بۈيۈك جىڭشى قامۇسى . قىزىل ئۆتەڭ» ، «يۇڭلې قامۇسى» نىڭ 19425 ـ جىلدىغا قاراڭ .

②يۈجى : «داۋيۈەنشۇناسلىق قەدىمي خاتىرىلىرى» ، 2 ـ جىلد ، «قوچو ئايمىقىدىكى شىياۋ تۆرىنىڭ ئۇزۇم سوغا قىلىشى» .



# خاتىمە

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ، خەن ، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا غەربىي يۇرت رايونىدا ئۇزۇم ئۆستۈرۈلۈشكە ۋە ئۇزۇم هارىقى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىغان . ئۇزۇم ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايون ئاساسلىقى ماۋەرائۇننەهر ، قارا قوچو ۋە تۇبۇت رايونلىرى ئىدى . موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا ئۇزۇم ئۆستۈرۈلۈش كۆلىمى كۆزگە كۆرۈنەرلىك كېڭەيگەن . ئۇزۇم ۋە ئۇزۇم هارىقى خان جەمەتىدىكىلەرگە تارتۇق قىلىنىدىغان ۋە ئەزىز دوستلارنى مېهمان قىلىدىغان مۇهىم ئەتىۋارلىق مەھسۇلات بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى مەزكۇر رايوننىڭ مۇهىم باج كىرىمى ۋە تاۋار بۇيۇمى بولۇپ قالغان .

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ئۇزۇم ئۆستۈرۈش ۋە ئۇزۇم هارىقى ئىشلەش تېخنىكىسى ئىگىلىنىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن هەممە يەرگە ئومۇملاشمىغان . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىلا ، مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقان بۆلۈنمە ۋەزىيەتنىڭ ئاخىرلىشىشى ، دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى ، بولۇپمۇ جۇڭگو ـ غەرب قاتناش يولىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا راۋانلىشىشى بىلەن ، كۆپلىگەن غەربىي يۇرتلۇقلار ، بولۇپمۇ ئۇزۇم ئۆستۈرۈش ۋە ئۇزۇم هارىقى ئېچىتىشقا ماهىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئولتۇراقلىشىپ ، ئۇزۇم ئۆستۈرۈش ۋە ئۇزۇم هارىقى ئىشلەش تېخنىكىسىنى تارقىتىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلغان . شۇ سەۋەبتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى تەييۈەن ، پىڭياڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئۇزۇم ئۆستۈرۈش ئەسلىدىكى كۆلەم ئاساسىدا يەنىمۇ

ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭىيىپلا قالماستىن ، بەلكى ئەسلىدە ئۈزۈم ئۆستۈرۈلمەيدىغان جىياڭنەن (چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار ) رايونىدىمۇ «سانجاق ـ سانجاق ئۈزۈملەر باراڭلاردا پارقىرايدۇ » دېگەندەك مەنزىرە بارلىققا كەلگەن . ھەتتا ياڭجۇ ، شياۋجۇ ، شۈەننىڭ قاتارلىق جايلاردىمۇ ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىغان بولۇپ ، بۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي شىمالدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىنى ئۇزاق مۇددەت ئالماشتۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ .

(بۇ ماقالە «يېزا ئىگىلىك ئارخېئولوگىيىسى» نىڭ 1996 ـ يىل 3 ــ سانىغا بېسىلغان ، مەزكۇر كىتابقا ئازراق ئۆزگەرتىلىپ كىرگۈزۈلدى . )



قوشۇمچە (2)

# «جىشۈن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنجياڭ تەزكىرىسى» دىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جېنجياڭ يولىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارغا نەزەر

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى» ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئەسەرلەر توپلاملىرى ، قوليازمىلار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى ئۇيغۇرچە ماتېرىياللارغىلا تايىنىشتىن باشقا ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىنكى يەرلىك تەزكىرىلەرمۇ مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال مەنبەلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . «جىشۈن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنجياڭ تەزكىرىسى» كۆپلىگەن يەرلىك تەزكىرىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرى ، مەزكۇر تەزكىرىنى جېنجياڭلىق يۈشىلۇ يۈەن ۋېنزۇڭنىڭ جىشۈن تۆتىنچى يىلى (1333 ـ يىلى ) تۈزگەن . مەزكۇر كىتابنىڭ بېشىدا ۋىلايەت ـ ناھىيە جەدۋىلى ، ئەمەل ـ مەنسەپ جەدۋىلى بېرىلگەن ، ئاندىن جۇغراپىيە ، ئۆرپ ـ ئادەت ، نوپۇس ، يەر ـ زېمىن ، تېرىلغۇ يەر ، باج ـ سېلىق ، تاغ ـ دەريا ، ئىبادەتخانا ، بۇتخانا ، دارىلئۇلۇم ( 道观 ) ، قاتارلىق 27 تۈرگە ئايرىپ يازغان ، تەزكىرىنىڭ مەزمۇنى مول ، ماتېرىياللىرى ھەقىقىي بولۇپ ، ئەينى دەۋردىكى يەر تەقسىملەش ، باج ـ سېلىق يىغىش ، يەر ـ زېمىن ھەدىيە

قىلىش ئەھۋاللىرى خاتىرىلىنىپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى نۇرغۇنلىغان رەڭدار كۆزلۈكلەرنىڭ جېنجياڭ يولىدىكى پائالىيەت ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن . شۇڭلاشقا ، ئۇزاقتىن بۇيان ، جۇڭگو ، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان . مەزكۇر ماقالىدە ئاساسلىق بۇ يەرلىك تەزكىرىدە ساقلىنىپ قالغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ جېنجياڭ يولىدىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۇتقان ئورنى توغرىسىدا توختىلىمىز .

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋەسىقىلەردە ، ئۇيغۇرلار يەنە «ۋېيۋۇ ( 畏吾 ) » ، «ۋېيگۇ ( 瑰古 ) » ، «ۋېيۋۇئېر ( 伟吾尔 ) » ، ۋېيۋۇئېر ( 卫兀尔 ) ، ۋېيۋۇئېر ( 伟兀儿 ) دەپمۇ يېزىلغان . ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار ئەمەلىيەتتە ھازىرقى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى رايونلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن كۆچۈپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇلار ماكانلاشقان جاي «بەش شەھەر» نى مەركەز قىلغانىدى ، بەش شەھەر بېشبالىق ، قارا قوچو ، جامبالىق ، يېڭىبالىق ، سۇلمىنى كۆرسىتىدۇ . موڭغۇل ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ، ئۇيغۇر خەلقى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن گەنسۇ ، شەنشى قاتارلىق جايلارغا زور تۈركۈملەپ كۆچۈپ كەلگەن . نەنياڭ ، شياڭياڭ ، ۋۇمېڭ قاتارلىق جايلارغا ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ۋە پۇقرالار كۆچۈپ كەلگەن ياكى تېرىقچىلىق قىلغان ، تارىخنامىلەردە بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ خاتىرىلەنگەن .

جىيۈەننىڭ 12 - يىلى (1275 - يىلى ) بېشبالىقتىكى ھۈنەرۋەنلەر ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن پىتىراپ كەتتى ، ئاستانىگە كۆچۈرۈپ كېلىنىپ ، زەر - كىمخاب جۇجۇقى تەسىس



قىلىنىپ لىڭشيۇ ، ناشى قاتارلىق كىمخابلارنى توقۇشقا سېلىندى» («يۈڭلې قامۇسى» ، 1978 - جىلد ، «جۇجۇقلار رويخېتى» ) .

جىيۈەننىڭ 17 - يىلى (1280 - يىلى ) 2 - ئايدا ، «خېشى تەۋەسىدە ماكانلاشقان ئۇيغۇرلارغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلدى» («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 11 — جىلد ، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە (8 ) » ) . «تۇتۇق مەھكىمىسى ، ئىككىنچى دەرىجىلىك مەھكىمە ، جيۇجۇ شەھىرى ۋە خەنزۇلار زېمىنىدا ماكانلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى سورايدۇ» («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 89 - جىلد ، «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى (5 ) » ) .

دادېنىڭ بەشىنچى يىلى (1301 - يىلى ) «[10 - ئايدا ] ، نەنياڭ ۋىلايىتىدە ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرلەر يېڭىدىن نوپۇسقا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارغا بېرىلدى ، تېرىپ ھوسۇل ئالالمىغاچقا ، يەنە ئۈچ ئايلىق ئاشلىق بېرىلدى» («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 20 - جىلد ، «چېڭزۇڭ ھەققىدە خاتىرە (3 ) » ) .

جىدانىڭ تۇنجى يىلى (1308 - يىلى ) ، [12 - ئايدا] ، يۈننەندىكى ئۇيغۇرلاردىن 1000 كىشى جىڭشياڭدا ماكانلاشتى . («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 22 - جىلد ، «ۋۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە (1 ) » ) .

يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان ماتېرىياللار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار خەنزۇلار زېمىنىدا ماكانلاشقان ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دادېنىڭ سەككىزىنچى يىلى (1304 - يىلى ) «ھەرقايسى يوللاردىكى ئۇيغۇرلار ، قومۇللۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەرز - شىكايەت ئىشلىرىنى تۇتۇق مەھكىمىسى باشقۇرىدۇ ، باشقا پۇقرالار بىلەن بولغان ئەرز - شىكايەت ئىشلىرىدا مەھكىمىلەرنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنىدۇ» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن («يۈەن

سۇلالىسى تارىخى» ، 21 ـ جىلد ، «چېڭزۇڭ ھەققىدە خاتىرە (4)») . بەزى ئۇيغۇر قول ــ سانائەتچىلەرمۇ ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدە زور تۈركۈملەپ ئىچكىرىگە كۆچكەن . يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن تارىخىي ماتېرىيال بۇنى دەلىللەيدۇ .

ئالدى بىلەن ، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى توغرىسىدا توختىلىمىز . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جېنجياڭ ـ جېجياڭ ـ جياڭسۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ بىر يولى بولۇپ ، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە «پۇتۇكچى مەھكىمىسى» (يولنىڭ مەركىزى ، شەھەردىكى پۇقرالارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى . ئەمەلدارلار تەزكىرىسى (7)» گە قاراڭ ) ئۈچ ناھىيە (دەنتۇ ، دەنياڭ ، جىنتەن ) تەسىس قىلىنغان . ئەينى چاغدا نوپۇس «يەرلىك» ۋە «مۇھاجىر» دېگەن ئىككى تۈر بويىچە ستاتىستىكا قىلىناتتى ، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا رەڭدار كۆزلۈكلەر ، موڭغۇللار ، مۇسۇلمانلار ھەممە شىمالدىكى خەنزۇلار «مۇھاجىر» لارغا كىرەتتى . «جىشۈن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنجياڭ تەزكىرىسى» 3 ـ جىلد «نوپۇس» تىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا : ئۇيغۇرلار 14 تۈتۈن (پۇتۇكچى مەھكىمىسىدە 12 تۈتۈن ، دەنياڭ ناھىيىسىدە 2 تۈتۈن ) ، 93 ئائىلە (پۇتۇكچى مەھكىمىسىدە 81 ، دەنياڭ ناھىيىسىدە 12 ) بولۇپ ، قۇرامىغا يەتكەنلەر 107 نەپەر ئىكەن . مەزكۇر كىتابنىڭ تەھرىرىنىڭ قارىشىچە ، قۇرامىغا يەتكەنلەر دېيىلگەن 躯 بولسا «يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل» دە قۇرامىغا يەتكەنلەر 丁 دېيىلگەن . قەدىمكىلەر 躯 نىمۇ شۇ مەنىدە ئىشلەتكەن . 躯 بىلەن 驱 نىڭ مەنىسى ئوخشاش ، بۇ ئىككى خەت يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئورتاق ئىشلىتىلگەن («جىشۈن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنجياڭ تەزكىرىسى» ، جياڭسۇ قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى ، 1990 ـ يىل نەشر قىلغان تەھرىر نۇسخىسى ، 102 ـ 103 ـ بەتلەر ) . 驱 بىلەن 驱口 نىڭ مەنىسى



ئوخشاش بولۇپ ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇللارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى (تاۋ زۇڭيى : «نەنسۇندە يەر ئاغدۇرۇش خاتىرىسى» ، 17 ـ جىلد ، «قۇللار» ) .

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانلار ئۇيغۇر ، تاڭغۇت ، نايمان ، ئونغۇت ، مۇسۇلمان ، قاڭلى ، قىپچاق ، ئاسۇ ، قارلۇق ، ئارخۇن قاتارلىق غەربىي يۇرت مىللەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ رەڭدار كۆزلۈكلەر دەپ ئاتىغان . «نەنسۇندە يەر ئاغدۇرۇش خاتىرىسى» دە 31 خىل رەڭدار كۆزلۈكلەر مىسال كەلتۈرۈلگەن ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئورنى ۋە تەمىناتى خەنزۇلار ۋە جەنۇبلۇقلاردىن يۇقىرى ، موڭغۇللاردىن تۆۋەن ئىدى . بۇ نۇقتا «جىشۈن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنجياڭ تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جېنجياڭ يولىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى بايانلارنىڭ يۈزىگە بىر داغ چۈشۈرۈپ قويغان .

يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، يول ، ۋىلايەت ، ئايماق ، ناھىيە ۋە پۇتۇكچى مەھكىمىسى قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر دارۇغاچ (موڭغۇلچە daruqači نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ) تەسىس قىلغان . بۇ سۆز تۈرك تىلىدىكى باسقاق (basqaq ) قا تەڭداش كېلىدۇ . يۈەن سۇلالىسى شىزۇڭنىڭ 26 ـ يىلى (1298 ـ يىلى ) 1 ـ ئايدا جېنجياڭ ۋىلايىتى باش مەھكىمىسى جېنجياڭ يولى باش بۆلۈم مەھكىمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن باشلاپ جىشۈن 4 ـ يىلى (1333 ـ يىلى ) غىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 15 ئادەم دارۇغاچ بولغان ، بۇنىڭ ئىچىدە توققۇز نەپەر ئۇيغۇر بار .

| ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئەسلى | مىللىتى | ئىسمى |
|---|---|---|---|
| جىيۈەننىڭ 26 ـ يىلى (1289 ـ يىل) 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن جىيۈەننىڭ 28 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگىچە | ئالىي كېڭەش بېگى | ئۇيغۇر | تېكە چۇق |
| جىيۈەننىڭ 28 ـ يىلى (1291ـ يىلى) 12 ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن يۈەنجېن تۇنجى يىلى (1295 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە | جارۇپ سانغۇن | ئۇيغۇر | سادىمىش |
| يۈەنجېن تۇنجى يىلى (1295) يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن دادېنىڭ تۇنجى يىلى (1297 ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىگىچە | كېڭەشبېگى | ئۇيغۇر | ئولجان سالى |
| دادې 7 ـ يىلى (1303 ـ يىلى) 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن دادې 10 ـ يىلى (1306 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە | ئالىي كېڭەش بېگى | ئۇيغۇر | گور |
| دادې 10 ـ يىلى (1306 ـ يىلى) 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن دادې 11 ـ يىلى (1307 ـ يىلى) 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە | ياردەمچى كېڭەش بېگى | ئۇيغۇر | لىيەن دۇرمىش قايا |
| يەنيۇ 6 ـ يىلى (1319 ـ يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن جىجى 2 ـ يىلى (1322 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە | كېڭەش بېگى | ئۇيغۇر | دۇرجى |
| جىجى 2 ـ يىلى (1322 ـ يىلى)6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن تەيدىڭ 2 ـ يىلى (1325 ـ يىل) 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە | ئەلەمدار، ئەخلاقمەن سانغۇن | ئۇيغۇر | ئۇلۇش قايا |



| | | | |
|---|---|---|---|
| تيەنلى تۇنجى يىلى (1328 ـ يىلى7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن جىشۈن 2 ـ يىلى (1331 ـ يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى | كېڭەش بېگى | ئۇيغۇر | سىنلى داش |
| جىشۈن 2 ـ يىلى(1331 ـ يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە | كېڭەشبەگ، سالنامىچى كاتاۋۇل، ئىبادەتخانا باشقۇرغۇچى ۋەزىر | ئۇيغۇر | گور |

ئۇيغۇرلار دارۇغاچ ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندىن باشقا يەنە يۇقىراۋى ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ھۆدەيچى، ھەرقايسى يول باش بوغى ھەم ئەملەكدار قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى يولدىكىلەر يەنە ھەرقايسى قوشۇنلارغا ئاۋلۇ بولغان. جىيۈەننىڭ 28 ـ يىلى (1291 ـ يىلى) دىن جىشۈننىڭ 4 ـ يىلى (1333 ـ يىلى) غىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جىجياڭ يولىنىڭ ھۆدەيچىسى بولغانلار 16 نەپەر، ئۇلارنىڭ 10 نەپىرى خەنزۇ، قالغان 6 نەپىرى رەڭدار كۆزلۈكلەر بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر نەپىرى ئۇيغۇر.

| ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئەسلى | مىللىتى | ئىسمى |
|---|---|---|---|
| دادې ئىككىنچى يىلى (1298 ـ يىلى)12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن دادې بەشىنچى يىلى (1301 ـ يىل) 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگىچە | ئىتائەتمەن نەپتىشبەگ | ئۇيغۇر | لىيەن داشى قايا |

ھـۆدەيـچـدـن تۆۋەن ئەمەلدارلار ياندىش ۋالىي (تولۇق ئـاتـىـلـىشى «ۋىلايەت ئىشلىرى ياردەمچىسى» ) دەپ ئاتالغان ، جىيۇەننىڭ 13 ـ يىلىدىن جىشۇن ئۇچىنچى يىلى (1332 ـ يىلى ) غىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 18 ئادەم ياندىش ۋالىي بولغان ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر نەپىرى ئۇيغۇر ، يەنى شىجىدىكى سالى (ئۇيغۇر ) ، يەنيۇ ئۇچىنچى يىلى (1316 ـ يىلى ) 7 ـ ئايدىن يەنيۇ 6 ـ يىلى (1319 ـ يىلى ) 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن . جېنجياڭ ۋىلايىتى ھۆدەيچى مەھكىمىسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلارمۇ بار بولۇپ ، شەيبان (جيۇەننىڭ 22 ـ يىلى يەنى 1285 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن ) بۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى .

جېنجياڭ يولىغا بىۋاستە قاراشلىق پۇتۇكچى مەھكىمىسى ۋە ئۇچ ناھىيە (دەنتۇ ، دەنياڭ ، جىنتەن ) دىمۇ نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار مەنسەپ تۇتقان بولۇپ ، بۇ توغرىلىق پاكىتلارنى «جىشۇن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنجياڭ تەزكىرىسى» نىڭ 16 ـ جىلدىغا ئاساسلىنىپ تۆۋەندىكى نەقىل كەلتۈرىمىز .

جىيۇەننىڭ 13 ـ يىلى (1276 ـ يىلى ) دىن جىشۇننىڭ ئىككىنچى يىلى (1331 ـ يىلى ) غىچە پۇتۇكچى مەھكىمىسىدە جەمئىي 17 ئادەم دارۇغاچ ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى ئۇيغۇر بار ، ئۇلار :

| ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئەسلى | سىللىتى | ئىسمى |
|---|---|---|---|
| جىيۇەننىڭ 20 ـ يىلى (1283 ـ يىلى ) 11 ـ ئايغىچە | ديانەتلىك نائىب چېرىكچى | ئۇيغۇر | شىندۇ |
| يەنيۇنىڭ 3 ـ يىلى (1316 ) 5 ـ ئايغىچە | ياندىش ئامبال | ئۇيغۇر | ئۇلۇشبۇقا |



جىيۇەننىڭ 12 ـ يىلى (1275 ـ يىلى ) دىن جىشۇننىڭ ئۇچىنچى يىلى (1332 ـ يىلى ) غىچە دەنتۇ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى بولغانلار جەمئىي 20 ئادەم ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەشى ئۇيغۇر بولۇپ ، ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 25% نى ئىگىلەيدۇ .

| ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئەسلى | سىللىتى | ئىسمى |
|---|---|---|---|
| جيۇەننىڭ 25 ـ يىلى (1288 ـ يىلى ) 2 ـ ئايغىچە | دائىمىي ئىشلار كاتاۋۇلى | ئۇيغۇر | تېمۇر قايا |
| جيۇەننىڭ 31 ـ يىلى (1294 ـ يىلى ) 4 ـ ئايغىچە | شىرمەت چېرىكچى | ئۇيغۇر | تۇچەن تېمۇر |
| دادې 2 ـ يىلى 1298 ـ يىلى ) 10 ـ ئايغىچە | مىرزىبەگ | بېشبالىقلىق | سولئادمىش |
| خۇاڭچىڭ 2 ـ يىلى (1313 ـ يىلى ) 11 ـ ئايغىچە | دائىمىي ئىشلار كاتاۋۇلى | ئۇيغۇر | تولۇم تېمۇر |
| يەنيۇ 5 ـ يىلى (1318 ـ يىلى ) 12 ـ ئايغىچە | مىرزىبەك | ئۇيغۇر | ئىدبۇقا |

ئـوخـشـاش بىر مەزگىلدە دەنياڭ ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى بـولـغـانلار 17 ئادەم بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇچى ئۇيغۇر . مەنسەپتە ئولتۇرغانلار سانىدىن قارىغاندا مۇسۇلمانلار بىلەن موڭغۇللاردىنلا كېيىن تۇرىدۇ ، ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 17% نى ئىگىلەيدۇ .

| ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئەسلى | مىللىتى | ئىسمى |
|---|---|---|---|
| دادېي تۈنجى يىلىغىچە (1297 ـ يىلى) | سادىق، باتۇر چېرىكچى | ئۇيغۇر | ئۆگرۈنچ |
| دادېي 5 ـ يىلىغىچە (1301 ـ يىلى) | شىرمەت چېرىكچى | ئۇيغۇر | شىندۇ |
| جىشۈن 2 ـ يىلىغىچە (1331 ـ يىلى) | دائىمى ئىشلار كاتاۋۇلى | ئۇيغۇر | شونابارس |

جىنتەن ناھىيىسىدە دارۇغاچ ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلەر جەمئىي 20 ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئۇيغۇر بار.

| ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئەسلى | مىللىتى | ئىسمى |
|---|---|---|---|
| خۇاڭچىڭ 2 ـ يىلى (1313 ـ يىلى) 4 ـ ئايغىچە | دائىمىي ئىشلار كاتاۋۇلى | ئۇيغۇر | ئارسلان |

پۈتۈكچى مەھكىمىسىنىڭ تۆۋىنىدە تەسىس قىلىنغان كىسىمچىلەر (مەمۇرىي باشلىقنىڭ بىر قىسىم مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەملىشىدۇ، پۇقراۋى ئىشلار توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ قارار چىقىرىشقا قاتنىشىدۇ، بەزىلىرى قوشۇمچە ئوغرى — قاراقچىلارنى تۇتۇشقا مەسئۇل بولىدۇ) ئىچىدىمۇ ئۇيغۇرلار بار، ئۇلاردىن ياۋاش ئىبنۇ جىدانىڭ ئۈچىنچى يىلى (1310 — يىلى) 7 ـ ئايغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن. تۇگان قايا



جىجىنىڭ تۈنجى (1321 ـ يىلى) 7 ـ ئايغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن.

باشقا ناھىيە دەرىجىلىك ئەمەلدارلىق ياموۇللىرىدىمۇ نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار بار. مەسىلەن: جىنتەن ناھىيىسىنىڭ دەپتەردارى (2 — دەرىجىلىك ياردەمچى ئامبال) جوشبۇقا يۈەنجېننىڭ ئىككىنچى يىلى (1296 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان. كۆڭزىچى ئۆلىما دالاننىڭ تەخەللۇسى تيەن جاڭ بولۇپ، جىجىنىڭ ئۈچىنچى يىلى (1323 ـ يىلى) يېزىلىق ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ تەشرىپدار بولغان ھەم مەرتىۋىسى ئۆسكەن («جىشۈن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنجياڭ تەزكىرىسى» 17 ـ جىلد، «ئەمىر ـ ئۆلىمالار»). ئۇنىڭدىن باشقا، جايلارنى قوغدايدىغان سەركەردىلەرمۇ بار. مەسىلەن: تاقايچۇق تەدبىرلىك شىرمەت سانغۇن بولۇپ، دادېينىڭ ئىككىنچى يىلى (1298 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا ۋەزىپىدە ئولتۇرغان. ئۈچىنچى يىلى (1299 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن، ئوغلى شۈەنسىڭ ئاتىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يەنيۇنىڭ ئالتىنچى يىلى (1319 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان.

يۈەن شىزۇنىڭ جىيۈەن 29 ـ يىلى (1292 ـ يىلى) ئەرز ـ شىكايەت مەھكىمىسى تەسىس قىلغان، ئۇيغۇرلاردىن تاقاي يۈەنجېننىڭ ئىككىنچى يىلى (1296 ـ يىلى) ئەرز ـ شىكايەت بېگى بولغان.

يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار باشقا يەرلەردە مەنسەپ تۇتقان بولسىمۇ، جېنجياڭنى ئۆز ئۆيىدەك بىلگەن. «جىشۈن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنجياڭ تەزكىرىسى» 19 ـ جىلد «ئىستېداتلىق ئەمەلدار بولۇپ يول تېپىش. كۆچمەنلەر» دە جېنجياڭدا ماكانلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئايرىم ـ ئايرىم خاتىرىلەنگەن. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ تەرجىمىھالى، كۆچۈش

ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز .

مۇبارەك ، ئۇيغۇر ، جېنجياڭدا ماكانلاشقان . جياڭدۇڭ ، جېدۇڭ تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ نائىپ تەپتىشبېگى بولغان ، كېيىن ئالىي كېڭەش بېگى ، پېڭجياڭ يولى ھۆدەيچى مەھكىمىسىنىڭ دارۇغاچى بولغان .

ئورخۇن يارى ، ئۇيغۇر ، يۈەنجېن يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھۆدەيچى مەھكىمىسىدە دارۇغاچ بولغاچقا ، ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ كەلگەن . كېڭەش بېگى ، رۇيجۇ يولى ھۆدەيچى مەھكىمىسىدە دارۇغاچ بولغان .

تۇگان يارى ، ئۇيغۇر ، ئورخۇن يارىنىڭ ئوغلى . ئاتىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، قوچو ، چاڭشاڭ ئايماقلىرىنىڭ دارۇغاچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن .

ھاباردۇ ، ئۇيغۇر ، جېنجياڭدا ماكانلاشقان ، پەرمانبەردار ، باتۇر سانغۇن ، خەنياڭ ۋىلايىتىنىڭ دارۇغاچى بولغان .

يۆرى ، ئۇيغۇر ، جېنجياڭدا ماكانلاشقان . مەركىزىي كېڭەش بېگى مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشبېگى بولغان . شەنشى ، جياڭشى ۋاقىتلىق ۋازارەتلىرىنىڭ سول قول ۋەزىرى ، جېدۇڭ خەيبۇ ئۆلكىلىرىنىڭ تەپتىشبېگى بولغان .

ئامارا ، ئۇيغۇر ، يۆرىنىڭ ئوغلى ، باۋۇرچىلىقتىن ئىستائەتمەن كېڭەشبەگ ، قوچو يولى ھۆدەيچى مەھكىمىسىنىڭ ياندىش بېگى بولغان .

ئاشتېمۇر ، ئۇيغۇر ، جېنجياڭدا ماكانلاشقان . جياڭلىڭ يولى ، راۋچۇ يولى ھۆدەيچى مەھكىمىسىدە دارۇغاچ بولغان ، دىيانەتلىك كېڭەشبەگ ، خۇەيمىڭ يولى قاتارلىق يوللارنىڭ دارۇغاچىلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن .

ئارسلان ئېنۇ ، ئۇيغۇر ، ئاتىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئەمەلدار بولغان . خۇاڭچىڭ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا



جىنتەن ناھىيىسىنىڭ دارۇغاچى بولغان ، شۇ سەۋەبتىن ئائىلىسىنى مۇشۇ جايغا كۆچۈرگەن . بۇ ناھىيىدە 4000 نەچچە شىق ئاشلىق تېرىيدىغان يەر قاقاسلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، پۇقرالار ھوسۇل ئالالمىغان ، ئۇ پۇقرالارنىڭ سېلىقىنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا مەلۇمات سۇنغان . كېيىن ئوردا كېڭەشبېگى ، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ ھۆدەيچىسى بولغان ، ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىنىڭ ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرغان ، ئۆزىنى دەنجەي دەپ ئاتىغان .

بالاق ، ئۇيغۇر ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ياندىش بېگى ، رەسمىي ئوردا كېڭەشبېگى ، خۇبېي ، خۇنەن ئۆلكىلىرىدىكى تەلىم بەرگۈچىلەر ھۆدەيچى مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى بېگى بولغان .

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى جېنجياڭدا ياكى جېنجياڭ يولىغا قاراشلىق ناھىيىلەردە ماكانلاشقان . ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ يەردە ياشاپ كەلگەن . ھەتتا كۆپلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرى ئاتىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغان . ئالايلۇق ، تۇگان قايا ، ئامارا قاتارلىقلار .

يۇقىرىدا بىز «جىشۈن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنجياڭ تەزكىرىسى» دە مىللەت تەۋەلىكى كۆرسىتىلگەن ھەم جېنجياڭ يولى تەۋەسىدە مەنسەپ تۇتقان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈش پائالىيىتىنى بايان قىلدۇق ، ئۇلار 30 ئادەم بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 9 نەپىرى جېنجياڭ يولىنىڭ دارۇغاچى بولغان ، 1 نەپىرى ھۆدەيچى بولغان ، بىر نەپىرى ياندىش ۋالىي بولغان ، بىر نەپىرى ياردەمچى ئايماق بېگى بولغان ، ئىككى نەپىرى جېنجياڭ يولى پۇتۇكچى مەھكىمىسىدە دارۇغاچ بولغان ، بەش نەپىرى دەنتۇ ناھىيىسىدە دارۇغاچ بولغان ، ئۈچ نەپىرى دەنياڭ ناھىيىسىدە دارۇغاچ بولغان ، بىر نەپىرى جىنتەن ناھىيىسىدە دارۇغاچ بولغان ، ئىككى نەپىرى كېسىمچى بولغان ،

بىر نەپىرى جىنتەن ناھىيىسىدە دىۋان مىرزىسى بولغان، بىر نەپىرى كۆكزىچى ئۆلىما بولغان، ئىككى نەپىرى پۈجۈدىكى يىشاڭ مىڭبېشى قاراۋۇلخانىسىنىڭ دارۇغاچى بولغان، بىر نەپىرى پەرمان مەھكىمىسىنىڭ بېگى بولغان. ئۆلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش دائىرىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاساسلىقى جېنجياڭ يولىغا قاراشلىق ھەرقايسى يامۇل ۋە ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن. يەرلىك ئەمەلدار ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئۇيغۇرلار ئۇزۇن بولغاندا 3 يىل، قىسقا بولغاندا بىر يىل ۋەزىپە ئۆتىگەن بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار خەنزۇلار رايونىدا ياشىغان ھەم يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلاردا ۋەزىپە ئۆتىگەن، ئەگەر ئۆلارنىڭ مۇئەييەن خەنزۇچە ئاساسى بولمىسا، ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى تەسكە توختايتتى. دەل شۇنداق بولغاچقا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چېن يۈەن ئەپەندى «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىدە بۇ ھەقتە ئىنتايىن تەپسىلىي توختالغان. «جىشۈن يىللىرىدا تۈزۈلگەن جېنجياڭ تەزكىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە خەنزۇلىشىش دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى كىشىلەرمۇ بار، دالان شۇلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇ جىنتەن ناھىيىسىدە كۆكزىچى ئۆلىما بولغان، جىجىنىڭ ئۈچىنچى يىلى (1323 ـ يىلى) يېزىلىق ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ تەشرىپدار بولغان، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى قوللانغاندىن باشقا، «تيەن جاڭ» دېگەن تەخەللۇسىنىمۇ قوللانغان، «تەخەللۇس» ئادەتتە خەنزۇ ئەدىبلەر ۋە ئۆلىمالار قوللىنىلىدىغان نام. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ «تەخەللۇس» قوللىنىشى، بىر تەرەپتىن ئۆلارنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىگە بولغان ئىشتىياقىنى ئىپادىلىسە،



يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ خەنزۇلىشىش دەرىجىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ خەنزۇلار رايونىدا ئۇزاق مۇددەت ياشىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

(مەزكۇر ماقالە ئەسلىدە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1994 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان).

قوشۇمچە (3)

# چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى توغرىسىدا - دەسلەپكى ئىزدىنىش

ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يۈەنخې، ۋېيخې، ۋۇخۇ، ۋۇخې دەپ ئاتالغان. سۇي ياڭدىنىڭ دايې تۇنجى يىلى (605 - يىلى) «خۇيخې» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. تاڭ رېنزۇڭنىڭ جېنيۈەن 4 - يىلى (788 - يىلى) خۇيخۇغا ئۆزگەرتىلگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە (畏兀儿، 伟吾、 外五) دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقى ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئاتىلىشى Uyghur خېتىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ھەرخىل ئاھاڭ تەرجىمىسىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

ئۇيغۇرلار قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىلادىيە 5 - ئەسىرلەردىلا باشقا چوڭ - كىچىك قەبىلە ۋە مىللەتلەر بىلەن بىپايان شىمالىي چۆللۈك ئېگىزلىكىدە ياشىغان. ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جۇرجان، تۈرك قوۋملىرىغا بېقىنغان. مىلادىيە 646 - يىلى تومىد ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ دۆلەت قۇرغان①، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئەسلىدىكى سېلىنگا دەرياسى، تۇغلا دەرياسى ۋادىسىدىن باشقا يەنە

① ئەنئەنىۋى قاراشتا ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىيە 744 - يىلى قۇرۇلغان يەنى 744 - يىلى كۆل بىلگە (گۇربالا، قۇتلۇق بويلا) دۆلەت قۇرغان ياكى ئۇيغۇر خانلىقى 100 يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ قارىلىدۇ، بۇ خىل قاراشتىكى ئالىملاردىن ئاساسلىقى فېڭ جياشېڭ، چېڭ سولو، گېڭ شىمىن، ۋېي لياڭتاۋ، ئابې تاكېئو، ماركراس، تىخونوف قاتارلىقلار بار. بۇ يەردە چېن ۋېيتىڭنىڭ «چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان دەۋرى مەسىلىسى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدىكى قاراشقا ئاساسلاندۇق، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يۈەن سۇلالىسى تارىخى كافېدارىسى تۈزگەن: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەتقىقات مەجمۇئەسى» 12 - ، 13 - سانلىرى، 75 - 77 - بەتلەرگە قارالسۇن.



ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ شىمالىي چۆللۈك ئۇيغۇرلىرى ئۈچ دەريا ئارىلىقىدا پۇت دەسسەپ تۇرغان، ناھايىتى قۇدرەت تېپىپ شىمالىي دېڭىزنىڭ جەنۇبى، ئالتۇنتاغنىڭ شەرقى، شىرۋىلارنىڭ غەربىدىكى بىپايان زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى شىمالىي چۆللۈك ئېگىزلىكىدىكى ئەسلىدىكى قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ۋە بىرىكىش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتكەن. ئۇلارنىڭ غەربكە يۆتكىلىشى (كۆچۈشى) تاڭ، سۇڭ دەۋرىدىكى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالى، غەربىي شىمالى شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جايلىشىشى ۋە كۆچۈش پائالىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن ھەم ئۇنى بەلگىلىگەن. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى دەۋردىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى سىياسىي تۈزۈلمىسى مەسىلىسى ھازىرغا قەدەر كىشىلەرنىڭ يېتەرلىك دىققىتىنى قوزغىمىدى. شۇڭلاشقا، شىمالىي چۆللۈك ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە ئالاقىدار تارىخ پاكىتلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېپىش، بۇ تېمىغا سىستېمىلىق نەزەر ئاغدۇرۇش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قىسىمدا ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقاتى ئاساسىدا، كۆرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ شەكىللىنىشى شۇنداقلا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر دەسلەپكى قەدەمدە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

## 1. ئەمەلدارلىق سىستېمىسى

شىمالىي چۆللۈك ئۇيغۇرلىرى 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يازما ماتېرىياللىرىدا توققۇز

ئوغۇزلار (Toghuzghuz ) دەپ ئاتالغان[1] . بۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەت يىپەكى باش كۆتۈرگەن مىزگىللەردە «مۇقىم ئولتۇراقلاشماي ، سۇ ، ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ ياشىغان»[2] . مىلادىيە 646 ـ يىلى تومىد «ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ تۈركلەرنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىگە تەقلىد قىلىپ ئەمەل ـ مەنسەپ تەسىس قىلغان» . [3] شۇنىڭدىن باشلاپ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرۇپ ، تۈزۈم ئورناتقان .

قاغان (Qaghan ) مەملىكىتىمىز تارىخىدا شىمال ۋە غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ھاكىمىيەتلىرىنىڭ سەردارلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلەتكەن نام . «ۋېينامە . جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن ، «قاغان ، ۋېي سۇلالىسىدە پادىشاھ دېيىلىدۇ» .[4] «سۇڭنامە ، تۇيغۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە شەرقىي سىيانپىي تىلىدىكى «دىجې قاغان» ۋە «قاغان» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاتالغۇ ساقلانغان . يۇقىرىقىلاردىن Qaghan دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئەسلىدە شەرقىي غۇزلار ئەۋلادلىرىنىڭ تىلىدىكى سۆز بولۇپ ھۇنلاردىكى «تەڭرىقۇت» قا تەڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز . شەرقىي غۇزلارنىڭ ئەۋلادى جۇرجانلار خانىنى قاغان دەپ ئاتىغان . تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار دەۋرىدىن بۇيان ، بۇ سۆز ھازىرقى زامان موڭغۇل تىلى ۋە تۈركىي

① خۇا تاۋ : «ئىسلام مەنبەلىرىدىكى توققۇز غۇزلار» ، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» نىڭ 1991 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان ؛ خۇا تاۋنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى : «تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلاملىشىش مۇساپىسى (1 ـ قىسىم )» ، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ، 1986 ـ يىل ، شاپىگراف نۇسخا .

② «يېڭى تاڭنامە . ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» .

③ «كونا تاڭنامە . ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» ، 5169 ـ بەت ، «يېڭى تاڭنامە . ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» ، 6113 ـ بەت .

④ «ۋېينامە . جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشر قىلغان سىلىشتۇرما نۇسخا ، 229 ـ بەت .



تىللاردىمۇ ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە[1] . تۈركلەردە «قاغان» نىڭ چوڭ ـ كىچىك پەرقى بار بولۇپ ، ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارنى «قاغان» دەپ ئاتىغان ، يەنە «چوڭ قاغان» «قاغان» دەپمۇ ئاتىغان . ئاكا ـ ئىنىلىرىغا «كىچىك قاغان»[2] دەپ ئۇنۇۋان نامى بەرگەن . چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇنجى قاغانى تومىد بولۇپ ، ئۇ شىمالىي چۆللۈكتىكى چېچىلىپ كەتكەن ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئالىي سەردارى بولغان . شۇنىڭدىن كېيىن «قاغان» دېگەن بۇ ئاتاقنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ھاكىمىيەت قۇرغۇچىلارمۇ قوللىنىپ كەلگەن . بىراق قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى «ئىدىقۇت» ( «yduqut » ) دەپ ئاتالغان . ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ، ئىدىقۇت دېگەن بۇ سۆز «قۇت خان» ، «مۇقەددەس پادىشاھ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن[3] . خەن رۇلىن ئەپەندى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇنداق كۆرسەتكەن : يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرى سەردارىنىڭ «ئىدىقۇت» دېگەن نامى باسمىل (Basmil ) لاردىن كىرگەن ئەمەس ، تۈركلەردە ئەسلىدىنلا بار نام[4] . سەھىپىمىز چەكلىك بولغاچقا ، بۇ مەسىلە توغرىسىدا باشقا بابتا مەخسۇس تەپسىلىي مۇھاكىمە

① يى لىنجىن : «جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى» نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يۈەن سۇلالىسى تارىخى كافېدراسى تۈزگەن ، خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشر قىلغان : «يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى» ، 400 — 401 ـ بەتلەرگە قارالسۇن .

② خەن رۇلىن : «تۈركلەرنىڭ ئەمەلناملىرىغا ئېنىقلىما» ، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يۈەن سۇلالىسى تارىخى كافېدراسى تۈزگەن جياڭسۇ قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشر قىلغان : «خەن رۇلىن ئەسەرلىرى توپلىمى» نىڭ 511 ـ بېتىگە كىرگۈزۈلگەن

③ خەن رۇلىن باش مۇھەررىرلىك قىلغان ، چېن دېجى قاتارلىقلار تۈزگەن : «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 1 ـ قىسىم ، خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى ، 130 ـ بەت ؛ جۇۋەينى : «تارىخى جاھانكۇشاي» ، خې گاۋجى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، 1 ـ قىسىم ، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى ، 1981 ـ يىل نەشرى ، 49 ـ 50 ـ بەتلەر .

④ خەن رۇلىن : «تۈركلەرنىڭ ئەمەل ناملىرىغا ئېنىقلىما» ، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يۈەن سۇلالىسى تارىخى كافېدراسى تۈزگەن جياڭسۇ قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشر قىلغان : «خەن رۇلىن ئەسەرلىرى توپلىمى» نىڭ 511 ـ بېتىگە كىرگۈزۈلگەن

⑤ جۇ ۋېن : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىقۇت دېگەن ئەمەل نامىغا ئېنىقلىما» ، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ، 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان

يۇرگۈزمىز[5] . قارا خانىيلار خانلىقىنىڭ سەردارىمۇ قاغان دەپ ئاتالغان[1] . شىمالىي چۆللۈك ئۇيغۇرلىرى خانلىق قۇرۇشتىن بۇرۇن قەبىلە ئاقساقاللىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، «ئېركىن » ، «ئېلتەبىر » ، «قۇتلۇق ئېلتەبىر » دەپ ئاتالغان [2] . ئىگىلىگەن ماتېرىياللار ناھايىتى پارچە ـ پۇرات بولغاچقا ، «ئېر-كىن » ، «ئېلتەبىر » ۋە «قاغان » دېگەن ئەمەل نامىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلاشقا ئەسلا بولمايدۇ . بىراق بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ، «ئېلتەبىر » ، «ئېركىن » ئاتالغۇلىرى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئورتاق قوللانغان ئەمەل نامىدۇر .

ئۇيغۇر خانلىقى ئەمەلدارلىق تۈزۈمىدە ئاساسلىق تۈركلەرنىڭ كونا تۈزۈمىنى قوللانغان . ھوقۇق دائىرىسى مۇنداق : قاغان خانلىقىنىڭ ئالىي باشلىقى ، ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ؛ خاتۇن ، قاغاننىڭ خوتۇنى : تېكىن ( Tegin) ، شاھزادە ، قاغاننىڭ ئوغۇللىرى ، قېرىنداشلىرى ؛ شاد (shad ) ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئەسكەرلىرىگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىدىغان ئالىي سەركەردە ، يابغۇ ، نائىب خان ، باش ھەربىي ۋالىي ؛ چۇر ، قەبىلە باشلىقى ؛ ئاپا ، ئالىي قوشۇن تۇتۇقى ؛ ئالپ ئېلتەبىر ، قەبىلە ئاقساقىلى ؛ تۇدۇن ، باشقا قەبىلىلەرگە ئەۋەتىلگەن نازارەتچى ، باجگىر ؛ ئېركىن ، قەبىلە ئاقساقىلى ؛ مۇشاۋىر ، دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ؛ تارقان ، قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىدىغان ھەربىي ئەمەلدار ؛ بەگ ، ۋاڭ ،

① ۋېي لياڭتاۋ : «قارا خانىيلار خانلىقىنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ نامى ھەققىدە » ، «تارىخ تەتقىقاتى » ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان ، «قاراخانىيلار خانلىقىنى ئۇيغۇرلار قۇرغان دېگەن قاراشقا تولۇقلىما تەھلىل » ، «تارىخ تەتقىقاتى » ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان «قارا خانىيلار تارىخىدىن ئومۇمىي بايان » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 75 ـ بەت
② ليۇ يىتاڭ : «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات » (تەيبېي ) 99 ـ 101 ـ بەتلەر ، خەن رۇلىن «تۈركلەرنىڭ ئەمەل نامىلىرىغا ئېنىقلىما » ، «خەن رۇلىن ئەسەرلىرى توپلىمى » غا كىرگۈزۈلگەن ، ساگوجى تورۇ : «كونا تاڭنامە . ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسەگە تەقرىز » ، يۈي داجۈن خەنزۇچە تەرجىمىسى «موڭغۇل تارىخى تەتقىقاتىغا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى » يېڭىدىن تۈزۈلگەن 34 ـ قىسىم (ئومۇمىي 59 ـ قىسىم ) 1984 ـ يىل نەشرى ، 31 ـ بەتكە قارالسۇن .



گۆك ئاقسۆڭەكلەر ؛ بۇيرۇق ، خان جەمەتىنىڭ تامغاچىسى .[1] «كونا تاڭنامە .ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە » ، «يېڭى تاڭنامە . ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە » ، «كونا تاڭنامە . جاڭ جۇڭۋۇنىڭ تەرجىمىھالى » لەرنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ، يۇقىرىدىكى تۈركلەرنىڭ ئەمەل نامىلىرىنىڭ «مۇشاۋىر » ( 阎洪达 ) دىن باشقىلىرىنىڭ شىمالىي چۆللۈك ئۇيغۇرلىرىدا ئىشلىتىلگەنلىكىنى بايقىدۇق . يەنە بىر جەھەتتىن ، ئۇيغۇرلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن قوشنا بولغاچقا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تۈزۈملىرىنىڭ تەسىرىگىمۇ چوڭقۇر ئۇچرىغان ، شۇڭلاشقا ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىرقانچە ئەمەللىرىنى قوللانغان . تاڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن كىشىلەر تارىخنامىلەردە : «ئۇيغۇرلار ئالتە تاشقى بۇيرۇق ، ئۈچ ئىچكى بۇيرۇق ھەم تۇتۇق ، سەركەردە ، ئەمىر لەشكەر قاتارلىق ئەمەللەر تەسىس قىلغان »[2] دەپ خاتىرىلەنگەن . چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ، تۈركلەرنىڭ كونا تۈزۈمنى قوللىنىلغاندىن باشقا ، يەنە تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئەمەل نامىلىرىمۇ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ ، ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىمۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ .

ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى خېلى بۇرۇنلا تۇرپاندىن ئۇزۇنلۇقى 270 سانتىمېتىر كېلىدىغان ، 125قۇر خەت بار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر ۋەسىقىنى تاپقان ، مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ 11 يېرىگە خەنزۇچە خەت بار چاسا مۆھۈر بېسىلغان . خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى » دە بۇ ۋەسىقىنىڭ تولۇق فوتو نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان . ناھايىتى ئەھمىيەتلىكى شۇكى ، چاسا مۆھۈردە 4 قۇر خەنزۇچە خەت بار ،

① خەن رۇلىن : «تۈركلەرنىڭ ئەمەل نامىلىرىغا ئېنىقلىما » ، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يۈەن سۇلالىسى تارىخى كافېدراسى تۈزگەن ، جياڭسۇ قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشر قىلغان : «خەن رۇلىن ئەسەرلىرى توپلىمى » 511 ـ بېتىگە كىرگۈزۈلگەن .
② «يېڭى تاڭنامە . ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە » ، 6112 ـ 6113 ـ بەتلەر .

گېيڭ شىمىن ئەپەندى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ تونۇپ ئوقۇشى ئاساسىدا بۇ خەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلاپ چىقمۇ ئېلگىرىلىگەن ھالدا يەشكەن : بەخت ـ سائادەتلىك ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىشىك ئاغىسى ، ئېل ئۆگەسى قاتارلىق ۋەزىرلەرنىڭ مۇبارەك مۆھۈرلىرى .[1]

ياپونىيىلىك ئالىم ئابې تاكېئو «ئېل ئۆگەسى» نى چۈشەندۈرۈپ : بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەل نامى ، كىشى ئىسمى ئەمەس ، «دۆلەتنىڭ شان ـ شەرىپى ، ۋەزىر دېگەن مەنىدە»[2] دەپ قارىغان . مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىر دېگەن تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئەمەل نامىنى قوللانغانلىقىنىڭ[3] دەلىلىدۇر .

## 2 . ئىچكى تۈزۈلۈشى

شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىچكى تۈزۈلۈش مەسىلىسى توغرىسىدا ئىگىلىگەن ماتېرىياللار ئىنتايىن پارچە ـ پۇرات بولۇپ ، نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە ھالقىلارنى ئەسلا يورۇتالمايدۇ . لېكىن رەتلەش ئارقىلىق شىمالىي چۆللۈك ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى تۈزۈلۈشىنىڭ شەكىللىنىشى ، ئۆزگىرىشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . «يېڭى تاڭنامە . ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىزنى بىر قىسىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىدى . «يۈەنخېلار ۋۇخۇ ، ۋۇخې دەپمۇ ئاتالغان… دەسلەپتە سەردارى يوق ئىدى ، سۇ ، ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى ، ئات

---

① گېيڭ شىمىن : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىسى ۋەسىقىسىنىڭ يۈزەكى يەشمىسى» ، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1978 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلغان .
② ئابې تاكېئو : «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ، سۇڭ سۇيىڭ قاتارلىقلار خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1986 ـ يىل نەشرى ، 122 ـ ، 181 ـ بەتلەر .
③ ۋاڭ گوۋېي : «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۇ تېشىغا ئىلاۋە» ، شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار كىتابخانىسى نەشر قىلغان «ۋاڭ گوۋېي يادنامىلىرى» نىڭ 3 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن .



مىنىشكە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى» . بۇ يەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تارىخىي ئەھۋالى ، لېكىن موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى ياكى زورىيىشىغا ئەگىشىپ ، ھەرقايسى مىللەتلەر شۇنداقلا قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە ئىختىلاپتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ . ئۇرۇشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان بىر تەرەپنىڭ پۈتكۈل قەبىلىسى ياكى بىر قىسمىنىڭ يوقىلىشى ياكى قىسمەن دائىرىدە كۆچۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن سىرت ، يەنە مەغلۇپ بولغان قوۋمنىڭ غالىب قەبىلە بىلەن تارقاق بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . شۇنىڭدەك كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى يەنە تالان — تاراج قىلىش ھەم بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىدۇ . دەل مۇشۇنداق بولغاچقا ، تارىخىي كىتابلاردا «ئۇيغۇرلار ياۋۇز ، ۋەھشىي ، ئات مىنىش ، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ، ئاچكۆز ، نەپسانىيەتچى ، بۇلاڭچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ»[1] دەپ خاتىرىلەنگەن . ئۇيغۇرلارنىڭ تالان ـ تاراج قىلىش ئوبيېكتى يات قوۋملار ۋە قەبىلە ئەزالىرىنى ئۆزىنىڭ پۇقرالىرى قىلىۋېلىشتىن باشقا يەنە ، يەر ـ زېمىنلارنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى . بۇ خىل ئەھۋال شىمالىي چۆللۈكتىكى باشقا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىمۇ ئوخشاشلا ئومۇملاشقان . ھۇن دۆلىتىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى باتۇر (مودۇن) تەڭرىقۇت شەرقىي غۇزلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىغا چىداپ «ھۇنلارنىڭ ئېسىل ئېتى» دەپ قارىلىدىغان تۇلپار ئاتنى ، تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسىنىمۇ ئۇلارغا بېرىدۇ ، لېكىن يەر دۆلەتنىڭ

---

① «كونا تاڭنامە» ، 195 ـ جىلد ، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» .

ئاساسى بولغاچقا ، تاشلاندۇق يەر بولسمۇ بەرمەيدۇ . [1] شۇڭا كۆچمەن مىللەتلەرنى يەر ـ زېمىنغا قەتئىي ئېتىبار بەرمەيدۇ ، دېيىش تۇپتىن خاتا . [2] جېنگۇەن يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ، تومىد «سىرتاردۇشلارنىڭ تودمى قاغاننى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ ، قەبىلىلىرىنى قوشۇۋېلىپ يەرلىرىنى ئىگىلىۋالغان» . [3] «جېنگۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى (629 ـ يىلى) بۇسات ئالەمدىن ئۆتكەن ، قۇتلۇق ئېلتەبىر تومىد باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە سىرتادۇشلارغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان ، ھەم ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ ، جەنۇبقا يۆتكىلىپ خېلەنشەن تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، چېگرىسىنى دەرياغا تۇتاشتۇرغان» . [4] يۇقىرىقى ئىككى بۆلەك تارىخىي ماتېرىيال ئۇيغۇرلارنىڭ يەر ئىگىلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ . بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يەر ـ زېمىنلارنى قوشۇۋېلىش پائالىيەتلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، ئۇيغۇرلار بىر چېچىلاڭغۇ ھەربىي بىرلەشمە گەۋدە دەپ قارايمىز . ئۇيغۇرلار گەرچە باشقا تېلى قەبىلىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلسىمۇ ، بىراق بۇ قەبىلىلەر ئەسلىدىكى مۇستەقىللىقىنى يوقاتمىغان ، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ يادرو جەمەتى بىلەن ئومۇملاشقان ھەم يىراق بولغان قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن . ھۇنلار ، تۈرك ، موڭغۇل قاتارلىق شىمالىي چۆللۈكتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس . [5]

[1] «تارىخىي خاتىرىلەر» ، 110 ـ جىلد ، «ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» .
[2] ياۋ دالىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى : «موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچى دۆلىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى توغرىسىدا تەتقىقات ـ موڭغۇل يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ بىرى» ، تەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ، 1986 ـ يىل شاپىگراف باسما ، 57 ـ بەت .
[3] «كونا تاڭنامە» ، 195 ـ جىلد ، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» .
[4] «يېڭى تاڭنامە» ، 217 ـ جىلد ، «ئۇيغۇرلارھەققىدە قىسسە» .
[5] يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان ياۋ دالىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنىڭ 54 ـ 59 ـ بەتلىرىگە قاراڭ ؛ «سەدىچىنىنىڭ شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيلىشىش مۇساپىسى (1)» ، تەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشر قىلغان «قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ باشلىنىشى ۋە تەدرىجىي تەرەققىياتى» نىڭ 226 ـ بېتىگە كىرگۈزۈلگەن .



بۇ يەردە ، بىز قىتانلارنى مىسال قىلىپ يۇقىرىقى مەسىلە توغرىسىدا قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز . «يېڭى تاڭنامە . قىتانلار ھەققىدە قىسسە» دە «پادىشاھىمىز قىتانلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا بېقىنغانلىقىدىن نارازى بولۇپ ، ئۇلارغا قايتا ئوتۇغات بەرمىدى» [1] دېيىلگەن . بۇ تارىخىي ماتېرىيال قىتانلارنىڭ بىر مەزگىل ئۇيغۇرلارغا بېقىنغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . «كىتابلار جەۋھىرى» دە يۈەنخېنىڭ سەككىزىنچى يىلى (813 ـ يىلى) قىتانلارنىڭ «تارقانى» ئوردىغا كەلدى . يۈەنخېنىڭ 9 ـ يىلى مېلو دەپ ئاتىلىدىغان سەردارى ئوردىغا كەلدى [2] دەپ خاتىرىلەنگەن . قىتانلارنىڭ ئۇرۇق ئاقساقاللىرىنىڭ بۇ ئىككى خىل ئاتىلىشى ، ئېنىقكى تۈرك تىلىدىن بىۋاستە كەلگەن ئەمەس ، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدىكى Tarkan ۋە Buiruq دېگەن سۆزلەردىن كەلگەن . [3] لى دېيۇي يۇجۇغا تىكلىگەن تۆھپە ئابىدىسىدە «ئىلگىرى تاتابىلار ۋە قىتانلارنىڭ ئېلىنى ئۇيغۇرلار نازارەتچى بەگ ئەۋەتىپ نازارەت قىلغان ، بۇ ئەللەرگە كەلگەن ئەلچىلەرنى خەنزۇلارنىڭ ئايغاقچىسى دەپ ئەيىبلىگەن» [4] دېيىلگەن . «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 246 ـ جىلدىدا :

[1] «يېڭى تاڭنامە» ، 219 ـ جىلد ، «قىتانلار ھەققىدە قىسسە» ؛ يى لىيەنجېن : «جۇڭگونىڭ شىمالدىكى مىللەتلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى» ، تەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يۈەن سۇلالىسى تارىخىي كافېدراسى تۈزگەن : «يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن ، خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى ، 359 ـ بەت .
[2] «كىتابلار جەۋھىرى» 96 ـ جىلدتا ، يۈەنخېنىڭ سەككىزىنچى يىلى 12 ـ ئاينىڭ رېنچېن كۈنى پادىشاھ ئالىيلىرى لىندى ئوردىسىدا قىتانلار ئەۋەتكەن تارقان ، كېيىنكى قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارغا تاۋار ـ دۇردۇنلارنى ئىنئام قىلغان» ، دەپ خاتىرىلەنگەن . «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 97 ـ جىلدىدا : «يۈەنخېنىڭ توققۇزىنچى يىلى 11 ـ ئايدا قىتانلارنىڭ سەردارى مېلو گۈلبېي ئوردىغا كەلگەن .» دەپ خاتىرىلەنگەن .
[3] تارقان ، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى . ئەمەلدارلىق تەزكىرىسى» دە «شىرى تارقان» دېيىلگەن ؛ خوڭ جۈن : «يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا دائىر تەرجىمە ئەسەرلەرگە تولۇقلىما» نىڭ 27 ـ جىلدىدا : «تارقان نامى ، ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەردە ئورتاق قوللىنىلغان» دېيىلگەن . مېلو «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دا مېلى دېيىلگەن . «كىتابلار جەۋھىرى» ۋە «كونا بەش دەۋر تارىخى» دە مېلى مېلاۋ دېيىلگەن . يۇقىرىقى ئىككى نام توغرىسىدا سېن جۇڭمىيەن : «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» . ئىككىنچى قىسىم ، تۈرك كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى ، بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى ۋە بۇ مەڭگۈ تاشلارغا بېرىلگەن ئىزاھات ؛ خەن رۇلىن : «(تۈركچە كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى)» گە تەرجىمە شەرھى» ۋە «تۈركچە ‹بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى ، گە تەرجىمە شەرھى» ؛ مالوۋ : «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» ، 374 ـ ، 427 ـ بەتلەرگە قاراڭ .
[4] «خۇيچاڭ يىللىرىدىكى يارلىقلار توپلىمى» ، 2 ـ جىلد ، «يۇجۇ تۆھپە ئابىدىسى» .

«ئىلگىرى تاتابىلار ، قىتانلار ئۇيغۇرلارغا بېقىنغان ، ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ ئىلىدە نازارەتچى بەگ تۇرغۇزۇپ ، ئۇلارنىڭ ئۇلپان ، باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشىنى نازارەت قىلغان» دەپ خاتىرىلەنگەن . سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ مىڭچىڭ يازغان «بۇرۇنقى خۇيلۇ خاتىرىلىرى» نىڭ 4 ـ جىلدى ۋە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى . قوچو ـ تەزكىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە «قىتانلار ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مال ـ چارۋا باققان ، تاتارلار [1] ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن چارۋا باققان» دېگەن خاتىرىلەر بار . بۇنىڭدىن ، قىتانلار ئۇيغۇرلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ، لېكىن بۇ قىتانلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئۇيغۇرلارغا پۈتۈنلەي بېقىنغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ ؟ ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس . گەرچە قىتانلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىمناملىرىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ ، بىراق قىتانلارنىڭ ئۇرۇق قەبىلىلىرى تەشكىلىدە زور ئۆزگىرىش بولمىغان . [2] مىلادىيە 840 ـ يىلى ئۇيغۇر قوۋملىرى پىتىراپ كەتكەن ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قىتانلار ئۇيغۇرلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ ، ئىچكىرىگە بېقىنىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتۇغات نامىنى قوبۇل قىلغان . يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەت نىسبەتەن ئاجىز بولغاچقا قىتانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغانلىقى ئايان بولىدۇ . خۇددى ئېنگىلس ئېيتقاندەك : «ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى شۇكى ، ئوخشاش بىر ئۇرۇق ياكى قەبىلىنىڭ ئەزالىرى تۇرۇۋاتقان رايوندا ئورتاق تۇرمۇش

[1] تۇركلەر 8 ـ ئەسىردە شىمالىي چۆللۈكنىڭ كىندىكىگە كۆچۈپ كەلگەن شىرۋى قەبىلىلىرى ۋە موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان شەرقتىكى قوشنىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ «تاتارلار» دەپ ئاتىغان . بۇ ئىسىم تاتار (Tatar ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن .
[2] سەي مېيبياۋ : «قىتانلارنىڭ قەبىلە تەشكىلى ۋە قىتان دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى» ، «تارىخ تەتقىقاتى» نىڭ كىرگۈزۈلگەن ، 1964 ـ يىللىق 5 ـ 6 ـ سانلىرى 178 ـ 179 ـ بەتلەر .



كەچۈرگەن بولۇشى كېرەك» [1] . شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ھەرقايسى قەبىلە ۋە ئۇرۇقلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرگەچكە ، بۇ خانلىقمۇ شىمالىي چۆللۈك ئېگىزلىكىدىكى باشقا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر قۇرغان ئىمپېرىيىلەرگە ئوخشاش بىر چېچىلاڭغۇ ، سىياسىي ـ ھەربىي بىرلەشمە گەۋدىدىن ئىبارەت ، خالاس .

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ، قاغاننىڭ شىمالىي چۆللۈكتىكى بارلىق قوۋملارغا بولغان يۈكسەك ھۆكۈمرانلىق ئىدىيىسى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەرگەن . ئۇيغۇرلارنىڭ «تەڭرى قاغانى» بولغان ، گوردوننىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا بۇ خىل قاغان ھۆكۈمران ئىدىيىسى چارۋىچى خەلقلەرنىڭ «سىياسىي ھەمدەملىكىنىڭ مەنبەسى» [2] . ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى يازغان «ئوغۇزنامە» مۇ بىزنى ئىنتايىن مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى . ئوغۇز خاقان بەگلەرگە ۋە ئەل ـ جامائەتكە يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېدى : «مەن سىلەرگە بولدۇم قاغان ، ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان ، تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان ، كۆك بۆرە بولسۇن ھەم ئۇران» . ئاندىن كېيىن ئوغۇزخان تەرەپ ـ تەرەپكە يارلىق چىقاردى ، مەكتۇپ پۈتۈپ ئەلچىلەر ئەۋەتتى ، مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەن : «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانىمەن ، مەن جاھاننىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك . مەن سىلەرنىڭ ماڭا بويسۇنۇشۇڭلارنى سورايمەن !...» [3] پېللىئوت ۋە گېڭ شىمىن قاتارلىق جۇڭگو ، چەت ئەل ئالىملىرى بۇ داستاننى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ،

[1] ئېنگلس : «ئائىلە ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ، خەلق نەشرىياتى ، 1954 ـ يىل نەشرى . 161 ـ بەت .
[2] گوردون : «چىڭگىزخان خاندانلىقىدىن بۇرۇنقى ياۋرو ـ ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى ئىككى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتنىڭ قاغان ھۆكۈمران ئىدىيىسى ۋە سىياسىي ھەمدەملىكىنىڭ مەنبەسى» ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋرو ئاسىيادىكى قۇرۇقلۇقى تەتقىقاتىغا دائىر يازما ماتېرىياللار» ، 2 ـ توم ، 1982 ـ يىل نەشرى .
[3] گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان : «ئوغۇزنامە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1980 ـ يىل نەشرى ، 19 ـ بەت .

ئەسلىي ئەسەرنىڭ مىلادىيە 13 ـ 14 ـ ئەسىرلەردە يەنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغانلىقىنى دەلىللىدى.[1] لېكىن بۇ ئەسەر بىزنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم پايدىلىنىش مەتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ماتېرىياللار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى قاغاننىڭ قولىدا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. تۆۋەندە بىز چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى سىياسىي تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈپ چىقىمىز. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخ ماتېرىياللىرىدا ئۇيغۇر خانلىقى «ئىچكى توققۇز قەبىلە» ، «تاشقى توققۇز قەبىلە» دىن ئىبارەت ئىككى قاتلاملىق قۇرۇلمىدىن تەركىب تاپقان دەپ قارىلىدۇ. «ئىچكى توققۇز قەبىلە» تار مەنىدىكى ئۇيغۇر قوۋمىنى يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزىي قەبىلە گۇرۇھىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلار ياغلاقار، قوتارغار، دېرىما، بايىرسىق، ئابدال، قاسار، قوغۇرسۇ، ياماقار، ئاياۋىر قاتارلىق توققۇز قەبىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «تاشقى توققۇز قەبىلە» تار مەنىدىكى ئۇيغۇر قوۋمىدىن باشقا يەنە بارغۇت، تۇڭرا، ئىزگىل، بايئېرقۇ، ھۇن، ئاتېئىز، چۇبە، بولشار قاتارلىق سەككىز قەبىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر كېيىن بويسۇندۇرغان باسمىل، قارلۇق قەبىلىلىرىنى قوشقاندا، «ئون بىر قەبىلە» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.[2] مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار ئىچكى توققۇز قەبىلە ئىچىدىكى تۆرلەمۇر، قارسار قەبىلىلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە تېلى قەبىلىلىرىنىڭ ئەزالىرى

① FPelictsirlaleganda dlughuzkhaneneciturecuigchre قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئوغۇزنامىنىڭ يەشمىسى، 247 ـ 358 xxbvllpp.vol1930.Tongpao گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان: «ئوغۇزنامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 12 ـ بەت.

② «كونا تاڭنامە»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».



ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ستايول خالىستوي بايقىغان مەشھۇر خوتەن ھۆججەتلىرىدە ئىچكى توققۇز قەبىلە ئىچىدىكى ياغلاقار قەبىلىسى تاشقى توققۇز قەبىلە ئىچىدىكى بارغۇت، ئىزگىل، چۇبە قاتارلىقلار تەڭ تىزىلغان بولۇپ، ئىچكى، تاشقى پەرقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.[1] بۇنىڭغا ئاساسەن ئىچكى توققۇز قەبىلە ئەمەلىيەتتە ئالدىنقى مەزگىلدىكى ئۇيغۇر قاغانى چىققان ياغلاقار قەبىلىسى تەرىپىدىن بۇرۇنراق بويسۇندۇرۇلغان بىر قىسىم نىسپىي مۇستەقىل قەبىلە ياكى قەبىلە تارمىقىدىن ئىبارەت دەپ قارايمىز. ياغلاقار قەبىلىسى ئۆزىگە بۇرۇنلا ئەل بولغان بۇ قەبىلىلەر بىلەن بىرلەشمە گەۋدە شەكىللەندۈرگەن ھەم بۇ كۈچتىن پايدىلىنىپ، تاشقى توققۇز قەبىلىنى بويسۇندۇرغان. كېيىنكى، ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ قەبىلىدىن چىققان.[2] ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى قالدۇرغان «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» («مويۇنچۇر ئىككىنچى مەڭگۇ تېشى» ياكى «تارىيات مەڭگۇ تېشى» مۇ دېيىلىدۇ) دىكى خاتىرىلەر بىلەن خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى دەلىللەيدىغاندەك قىلىدۇ.

«تېرخىن مەڭگۇ تېشى»[3] دا مۇنداق دېيىلگەن.

…ياغلاقار قاغان … بۇمىن قاغان (بۇ) ئۈچ قاغان 200 يىل قاغانلىق تەختتە ئولتۇردى. … مېنىڭ ئەجدادلىرىم تەختتە 80 يىل ئولتۇرغان، ئۆتۈكەن ئېلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەللەر ئورخۇن دەرياسىدا مېنىڭ قاغانىم 2 ـ قېتىم تەختكە چىقتى…

بۇ مەڭگۇ تاش مىلادىيە 753 ـ يىلى تىكلەنگەن بولۇپ،

① 片山章雄: «توققۇز ئوغۇز ۋە توققۇز ئۇرۇق مەسىلىسى»، «تارىخشۇناسلىق ژۇرنىلى» نىڭ 1982 ـ يىللىق 12 ـ سانى.

② «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە (بىرىنچى قىسمى) ۋە «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»، 98 ـ جىلد.

③ كىلياشتورنىي: «تېرخىن مەڭگۇ تېشى»، «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» نىڭ 1980 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان، خەنزۇچىسىنى «مىللەتلەر تەرجىمە مەجمۇئەسى» نىڭ 1981 ـ يىللىق 5 ـ سانىدىن كۆرۈڭ.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى مويۇنچۇرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ئوقۇلغان مەدھىيە ۋە ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنىڭ بايانىدىن ئىبارەت. قاغان نامىنىڭ ئالدىغا ياغلاقار نامىنى قوللىنىشتىن ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. تۇرپاندىن تېپىلغان ھازىر شەرقىي بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان بىر پارچە مانى دىنى مۇناجاتنامىسى بار، ئۇنىڭ تېكىستى ئۇيغۇرلارنىڭ دىيانەتلىك قاغانى (821 ـ 808) ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە يېزىلغان، ئۇنىڭدا قاغان جەمەتىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە نۇرغۇنلىغان مانى دىنى مۇرتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى بارلىقى تىلغا ئېلىنغان ھەمدە «قوچودىكى ياغلاقار ئىنال (yaghlaqar inal)»[①] دەپ كۆرستىلگەن، ياغلاقار ئۇيغۇر خان جەمەتىنىڭ فامىلىسى، بىز ھازىرچە بۇ ئادەمنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلىيالمىساقمۇ، لېكىن بىر نۇقتا ئېنىقكى، مانى دىنىنى مەدھىيىلەش مۇناجاتنامىسى يېزىلغاندا ئىدىقۇتتا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر يەنىلا ياغلاقار فامىلىسىنى قوللانغان.

ياپونىيىلىك تۈركولوگ يامادا نوبۇئو تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، كۆل بىلگە قاغان ئۇيغۇر، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزىي قەبىلىسى ياغلاقار (yaghlaqar) ئۇرۇقىدىن دەپ قارايدۇ[②]. ئېلىمىز ئالىمى ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى «‹توققۇز ئۇيغۇر قاغان

① ئەسلىدە F.W.K.Muüller «بىر پارچە مانى دىنىدىكى مۇناجاتنامىنىڭ نۇسخىسى» گە كىرگۈزۈلگەن، بۇ ماقالە «پرۇسسىيە خان جەمەتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن، تىل تارىخ تۈرى بىرلىن، 1913 ـ يىل نەشرى؛ بۇ يەردە موريياسۇتاكائو: «ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەر ئوتتۇرىسىدىكى 789 ـ 792 ـ يىللاردىكى بېشبالىق توقۇنۇشى» دىن نەقىل ئېلىندى، گېڭ شىڭ تەرجىمە قىلغان «دۇنخۇاڭ تەرجىمە مەجمۇئەسى» نىڭ 1 ـ سانىغا كىرگۈزۈلگەن.

② يامادا نوبۇئو: «توققۇز ئۇيغۇر قاغانىنىڭ نەسەبنامىسى». «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» 33 ـ قىسىم، 4 ـ نومۇر، 1957 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى، ۋاڭ ئېنچىڭ خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا، «مىللەتلەر تارىخى تەرجىمە ئەسەرلىرى توپلىمى» نىڭ 1978 ـ يىللىق نەشرىگە كىرگۈزۈلگەن.



مەڭگۈ تېشى ، گە ئىلاۋە»[①] ناملىق ماقالىسىدە ، «ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى باش ۋەزىرلەردىن چىققان ، ئالايلۇق : تونباغا تارقان ، قۇتلۇق خاقان» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن . بۇنىڭدىن قارىغاندا ، ئۇيغۇر جەمەتى ياغلاقار قەبىلىسىنى يادرو قىلغان .

## 3 . سۈيۇرغاللىق تۈزۈم

شىمالىي چۆللۈك رايونىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىكى سۈيۇرغاللىق تۈزۈم مەسىلىسىگە كەلسەك ، ياۋ دالى موڭغۇللارنىڭ كۆچمەن چارۋىچى دۆلىتىنىڭ سۈيۇرغاللىق تۈزۈمىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ سۈيۇرغاللىق تۈزۈمىگە نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك يېتەكچىلىك ئەھمىيىتى بار ئۆزگىچە كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان : «ئالتاي رايونىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار جەمئىيىتىدە ، سۈيۇرغاللىق تۈزۈم باشتىن ـ ئاخىر ئائىلە مال ـ مۈلۈكى تۈزۈمى ئىدىيىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ھەم تەڭ مەۋجۇت بولغان»[②] . فاڭ جاۋيىڭ ئامېرىكا بېركلېي شەرقشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئالتاي تىلىدىكى مىللەتلەردىكى ئائىلە مال ـ مۈلۈكىنى ئايرىشنىڭ ئومۇملاشقان شەكلىنى ئىنتايىن چوڭقۇر شەرھلىگەن . ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن : ئوغۇللار قۇرامىغا يېتىپ ئۆيلەنگەندە ، ئۆينىڭ بىر

① «گۇەنتاڭ توپلىمى» ، 20 ـ توم ، «ۋاڭ گوۋېي يادنامىلىرى» غا كىرگۈزۈلگەن ، 3 ـ قىسىم ، شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار كىتابخانىسى .

② ياۋدالىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى : «موڭغۇللارنىڭ كۆچمەن چارۋىچى دۆلىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى — موڭغۇل يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تۈزۈم تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىڭ بىرى» ، 1986 ـ يىل نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ، شاپىگراف باسمىسى ، 187 ـ بەت . «موڭغۇل ئىگىزلىكىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار دۆلىتىنىڭ سۈيۇرغاللىق تۈزۈمى ھەققىدە خاتىرە» (بىرىنچى قىسىم) ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمال مىللەتلىرى تارىخىغا تەتقىقات مەجمۇئەسى» نىڭ 10 ـ قىسىمىغا كىرگۈزۈلگەن .

ئۇلۇش مال ـ مۈلۈكنى ئېلىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىدۇ . ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى ئاساسلىق مال ، چارۋا بولغانلىقتىن ، مال ـ مۈلۈكنى ئايرىش بىر قەدەر ئاددىي بولغان ، بۇ جەرياندا كەنجى ئوغۇل ئاتىسىنىڭ بىردىنبىر مىراسخورى بولغان ، يەنى كەنجى ئوغۇل ئاتىسىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرغان[1] . ـفاڭ جاۋيىڭ بۇ يەردە «دەسلەپكى مەزگىلدىكى مانجۇلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا توختالغان ، شۇنىڭدەك مانجۇلارنىڭ ئىگىلىكى نوقۇل كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بولمىسىمۇ ، ئېنىقكى بۇ خىل ئائىلە مال ـ مۈلكىنى ئايرىش تۈزۈمى كۆچمەن چارۋىچى موڭغۇللار ۋە ئالتاي تىللىق كۆچمەن خەلقلەردە ساقلانغان .

ئەمدى بىز شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇشۇ خىل ئائىلە مال ـ مۈلكى ئىدىيىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا قايتىدىن تەپسىلىي نەزەر سالايلى .

بىرىنچىدىن ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىدا قاغان تەختكە ئولتۇرۇشتا ، پاترىئارخاللىق تۈزۈم يولغا قويۇلغان . «يېڭى تاڭنامە . ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىن مونۇلارنى بىلىمىز : سۈكۈن «ئاقساقاللىققا كۆتۈرۈلگەن» ئىدى ، سۈكۈن ۋاپات بولدى ، ئۇنىڭ قوۋملىرى ئۇنىڭ ئوغلى بۇساتنى قاغانلىققا كۆتۈردى . بايان ۋاپات بولۇپ ، ئوغلى بىسۇغۇردۇ قاغان قىلىپ تىكلەندى . بىسۇغۇردۇ ۋاپات بولۇپ ، ئوغلى دۇكېچ قاغان بولدى ، دۇكېچ ۋاپات بولۇپ ، ئوغلى ئۇگىنېر قاغان بولدى ، كېيىن ئۇگىنېر ۋاپات بولۇپ ، ئوغلى دۇتىن قاغان بولدى . كېيىن

① شۇرمان : «13 ـ ئەسىردىكى موڭغۇللارنىڭ باج ـ سېلىق تۈزۈمى» ، «خارۋارد ئاسىيا تەتقىقاتى» غا كىرگۈزۈلگەن ، 19 ـ توم ، 1956 ـ يىل نەشرى ، ياۋدالى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، «جۇڭگو يۈەن سۇلالىسى تارىخى تەتقىقاتى ئۇچۇرلىرى» نىڭ كىرگۈزۈلگەن . 1984 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا .



كۆل بىلگە قاغان بولدى[1] ؛ كۆل بىلگە ۋاپات بولۇپ ، ئوغلى مويۇنچۇر قاغان بولدى[2] . يۇقىرىقى ئۇيغۇر سەردارلىرىنىڭ تەختنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتىسىنىڭ تەختىگە ئوغلى ۋارىسلىق قىلغان ، روشەنكى بۇ ئاقساقال پاترىئارخاللىق تۈزۈمىنىڭ بىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ سۇيۇرغاللىقنىڭ ئىزنالىرى مەۋجۇت . «يېڭى تاڭنامە . ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «قاغان لى چىڭسەيگە يانجۇ مەرتىۋىسىنى بەردى»[3] . تومىد ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغاندىن كېيىن ، دۆلەتنىڭ زېمىنىنى يەنرەن ۋىلايىتى ، بۆكۈ قەبىلىسىنىڭ زېمىنىنى جىنۋېي ۋىلايىتى ، بايىرقۇلارنىڭ زېمىنىنى يۇلىن ۋىلايىتى ، تۇڭرالار زېمىنىنى چيۇلىن ۋىلايىتى ، ئىزگىللار زېمىنىنى لۇشەن ۋىلايىتى ، غۇنلار زېمىنىنى گاۋلەن ئايمىقى ، ھازارلار زېمىنىنى گاۋجۆ ئايمىقى ، ئاتئىزلار زېمىنىنى تيەنجى ئايمىقى ، چۆبەلەر زېمىنىنى يۈشى ئايمىقى ، دىجېلار زېمىنىنى جىلۇ ئايمىقى ، ئابۇسلار زېمىنى گۈيلىن ئايمىقى ، بايشلار زېمىنىنى جېنيەن ئايمىقى قىلىپ ئايرىدى» . «تىنچ جاھاننامە» 199 ـ جىلد ، ئۇيغۇرلار تارمىقىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن : «توققۇز قەبىلىنىڭ ھەر بىرىدە بىر تۇتۇق بەگ تۇرغۇزۇلىدۇ ، (تۇتۇق بەگلىككە) شۇ قەبىلىدىكى ئابرۇيلۇق كىشى سايلىنىدۇ .»[4] يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان تارىخىي ماتېرىياللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئۇيغۇر قاغانى

① ۋاڭ گوۋېينىڭ دەلىلى : كۆل بويلا بىلگە كۆل قاغاندۇر ، ئۇ تومىدنىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى ، تيەنباۋ 3 ـ يىلى قۇتلۇق بىلگە كۆل سۈيىنگىل قاغان نامىنى بەرگەن ، «ۋاڭ گوۋېي يادنامىلىرى» نىڭ 3 ـ قىسمىغا قاراڭ .
② ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى توغرىسىدا فېڭ جياشېڭ ، موگۇاڭۋېن قاتارلىقلار تۈزگەن : «ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» ، 26 ـ 28 ـ بەتلەرگە قاراڭ .
③ «يېڭى تاڭنامە» ، 217 ـ جىلد ، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» ، 6115 ـ بەت .
④ سېن جۇڭمىيەن : «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» ، ئىككىنچى قىسىم ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1958 ـ يىل نەشرى ، 714 ـ بەت .

بويسۇندۇرغان رايونلاردا ئەسلىدىكى قەبىلە ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇش شەكلىنى قوللانغان ھەم بەزى ئوتۇغاتلارنى بەرگەن. ناۋادا يۇقىرىقى ماتېرىياللار ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سۈيۇرغال بېرىش ئەھۋالىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا يېتەرسىز بولسا، «ئوغۇزنامە» بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىزنى يېڭى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. «ئوغۇز خاقان ئوغۇللىرىغا يۇرتنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، ئۇ ئېيتتىكى، ...... تەڭرى ئالدىدا مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم، ئەمدى يۇرتنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرىمەن».① بۇ خاتىرە ئۇيغۇر خانلىقى قاغانىنىڭ زېمىننى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەنلىكىدەك تارىخىي پاكىتنى ئېچىپ بېرىدۇ. لېكىن تارىخىي ماتېرىياللار چەكلىك بولغاچقا، بىز يەنىلا «كەنجى ئوغۇل مال - مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش» نىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىشكە ئامالسىزمىز. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىزنى كەنجى ئوغۇل قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىغا ئائىت ئۇچۇرلار بىلەنلا تەمىنلىدى. جېنجۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى (786 — يىل) «قاغان كىچىك خوتۇنى يې مەلىكە تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى... قاغاننىڭ ئىنىسى ئۆزىنى قاغان قىلىپ تىكلىدى. ئىگەن قايىسى تۇبۇتلەرگە ھۇجۇم قىلدى، ئۇنىڭ ۋەزىرى خانلىقتىكىلەرگە باش بولۇپ قاغاننىڭ ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ قاغاننىڭ كەنجى ئوغلى ئالچۇرنى قاغان قىلىپ تىكلىدى»②. ئۇيغۇرلارنىڭ «ئەمەل ناملىرى تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش» بولغانىكەن، ئۇنداقتا ئۇلار ئىجتىمائىي تۈزۈم جەھەتتىمۇ تۈركلەرنىڭ تەسىرىگە ئازدۇر - كۆپتۇر ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە بىز تۈركلەرگە ئائىت دەلىللەرنى كۆرۈپ باقايلى. تۈرك

① «ئوغۇزنامە»، گېڭ شىمىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، 28 - بەت.
② «يېڭى تاڭنامە»، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، 6125 - بەت.



خانلىقى غەرب ۋە شەرق دەپ ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەرنىڭ چۇلۇق قاغانى «ئىككى كىچىك قاغان تىكلەپ باشقا قوۋملارنى ئايرىپ باشقۇردى، بىرسى شاش دۆلىتىنىڭ شىمالىدا تۇرۇپ ئۇيغۇرلار دۆلىتىنى ئىدارە قىلدى. بىرسى كۇسەننىڭ شىمالىدىكى يېڭىسار دېگەن جايدا تۇردى».①

شەرقىي تۈرك خانلىقى قويغان ھەرخىل نامدىكى كىچىك خاقانلار تېخىمۇ كۆپ. كىچىك خاقان مەرتىۋىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئەينى ۋاقىتتىكى چوڭ خاقاننىڭ تەختىگە ئاغا - ئىنىلىرى ۋارىسلىق قىلغىنىغا ئوخشاش، شۇڭلاشقا، بۇ «تۇغقانلىق ئاتالبالىقتىن ئارتۇق بولمايدۇ» دېگەن ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنى چىقىش قىلىپ، سابىق قاغاننىڭ «كىچىك خوتۇنلىرىدىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرى»غا مەلۇم خىل ئېتىبار بەرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مۇقان قاغاننىڭ ئوغلى تاراس ئەينى ۋاقىتتىكى چوڭ خاقان ئىشباراغا «سىز ۋە مەن ئىككىمىز خاقاننىڭ ئوغلى، ئاتىمىزنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، سىز چەكسىز ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدىڭىز، مېنىڭ تەختىم يوق بولدى، قانداق قىلغۇلۇق» دېگەن، ئىشبارا ئۇنىڭغا ئاپا قاغان مەرتىۋىسىنى بەرگەن، بىز تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن كىشىلەر يازغان تارىخنامىلەردە ئۇيغۇرلاردىمۇ مۇشۇنىڭدەك ئەھۋاللار بارلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى ئۇچراتمىدۇق. لېكىن قاغاننىڭ ئوغلىغا يابغۇ دەپ نام بەرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى ھېلىمۇ ساقلانغان. تۈركچە «تەڭرىدىن بولمىش ئېل ئەتمىش مەشھۇر بىلگە خاقان ئابىدىسى» نىڭ شەرقىي يۈزىنىڭ يەتتىنچى قۇرىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«مەن ئىككى ئوغلۇمغا يابغۇ (yabghu) ۋە شاد (shad) دېگەن نامنى

① «سۈينامە»، 48 - جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

بەردىم . مەن ئۇلارغا تاردۇش شاد ۋە تولشادنىڭ خەلقىنى بەردىم» .[1]

خەن رۇلىن ئەپەندى دەلىللەش ئارقىلىق ئۇيغۇرلاردىكى يابغۇ بىر قوۋمدىكى قەبىلە ئاقساقىلى ، باشقا قەبىلىنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىدىغان سەركەردە دەپ قارايدۇ[2] . بۇنىڭدىن ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى ئەمەلدارلىققا تەيىنلەيدىغان تۈزۈم بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . يۇقىرىقى تەھلىللەر ئارقىلىق ، كۆچمەن - چارۋىچى خەلقلەردىكى ئائىلە مال- مۈلكىنى تەقسىملەش ۋە كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتلەرنىڭ قوۋملىرىغا بۆلۈپ ھۆكۈمرانلىق قىلىش شەكلى ئۇيغۇر خانلىقىدا يۈرگۈزۈلگەن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ھەقلىقمىز . 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربكە سۈرۈلۈپ پامىرغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار قۇرغان قارا خانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ بۇ خىل سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن . بارتولد «قارا خانىيلار دۆلىتىدە ، بارلىق كۆچمەن چارۋىچى ئىمپېرىيىلەرگە ئوخشاش ئائىلە مۈلۈكچىلىك كۆز قارىشى (The conception of Partrimonial property ) خۇسۇسىي قانۇندىن دۆلەت قانۇنى ساھەسىگە كىرگەن . دۆلەت قاغانىنىڭ بارلىق جەمەتىنىڭ مۈلۈكى دەپ قارىلىپ نۇرغۇنلىغان چوڭ سۇيۇرغال يەرلەرگە بۆلۈنگەن ، چوڭ سۇيۇرغال يەرلەرمۇ نۇرغۇنلىغان كىچىك سۇيۇرغال يەرلەرگە بۆلۈنگەن »[3] دەپ كۆرسەتكەن . ۋېي لياڭتاۋ ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىدىمۇ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ قارا خانىيلار سۇلالىسىنىڭ

① ۋاڭ جىڭرۇ : «تۈرك يېزىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىدىن بولمىش ئىل ئەتمىش مەشھۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنىڭ يەشمىسى» ، ئەسلىدە 1938 - يىل 12 - ئايدا «فۇرېن ئىلمىي ژۇرنىلى» 7 - توم 1 - 2 - بىرلەشمە سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان كېيىن لىن گەن «تۈركلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» ئىككىنچى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن . جۇڭگو كىتاب ئىدارىسى 1987 - يىل نەشرى .

② خەن رۇلىن : «تۈركلەرنىڭ ئەمەلناملىرىغا ئىنىقلىما» ، «چيۇڭلۇ توپلىمى يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە غەربىي شىمال مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى» غا كىرگۈزۈلگەن . شاڭخەي خەلق نەشرىياتى ، 1982 - يىل نەشرى ، 315 - بەت .

③ بارتولد «موڭغۇللار ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» ، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى ، 268 - بەت .



مۇھىم ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىنىڭ بىرسى[1] ئىكەنلىكى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن .

فاڭ جاۋيىڭ شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىكى «كەنجى ئوغۇل مال — مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش» ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كەنجى ئوغۇل مال - مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلغاندىن تاشقىرى ، ئۇنىڭ ئاكىلىرىنىڭمۇ ئۆز ئۈلۈشىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن ، بۇ ئوردوس شىۋىلىرىدە بىردەك «ئېمچۇ (emchu )» ياكى «ئېمچۇ قۇبى (emchu qubi )» دېيىلىدۇ ، بۇ «ئاتا - ئانىسى ھايات چېغىدا ئوغلى ياكى پەرزەنتلىرىگە بەرگەن ئائىلە مۈلكى (مال- چارۋا )» دېگەنلىك بولىدۇ[2] . ياۋ دالى ئەپەندى «مىڭ تۈتۈن ، يۈز تۈتۈندىن تەشكىللەنگەن چارۋىچى خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىلگەن يايلاق ۋە چارۋىلاردىن تارتىپ ھەممىنى قۇبى بولىدۇ»[3] دەپ قارايدۇ . شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «قۇبى تۈزۈمى» مەۋجۇت بولغانمۇ يوق ، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەر مۇجمەل بولغاچقا ، دەلىللەش تەسكە توختايدۇ . تۆۋەندە كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ يۈزەكى تەھلىل يۈرگۈزىمىز . «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزخان ئېلىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەن ۋە ئۇلارغا «ئەي ، ئوغۇللىرىم ، مەن كۆپ ياشىدىم . كۆپ ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈردۈم ، بۈگۈن ئەمدى يۇرتنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرىمەن»[4] دېيىلگەن . بۇ

① ۋېي لياڭتاۋ : «قارا خانىيلار تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1986 - يىل نەشرى ، 167 - 168 - بەتلەر .

② تيەن جىبو : «ئوردوس تىلى لۇغىتى» ، بېيجىڭ ، 1942 - يىل نەشرى ، 533 - بەت . موڭغۇللار «قۇبى» نى qubi دەپ ئاتايدۇ . بۇ «ئۈلۈش» دېگەن مەنىدە .

③ ياۋدالىنىڭ دوكتورلۇق دېسسېرتاتسىيىسى «موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچى دۆلىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى — موڭغۇل يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تۈزۈم تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ بىرى» ، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شاپىگراف باسمىسى ، 1986 - يىل نەشرى ، 64 - بەت .

④ «ئوغۇزنامە» ، گېڭ شىمىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل نەشرى ، 22 - بەت .

ھېچبولمىغاندا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئوغلىغا زېمىن پۈتۈپ بېرىش ئەھۋالىنى مەۋجۇت بولغانلىقىدەك بىر تارىخىي پاكىتنى چۈشەندۈرىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، خاقاننىڭ قول ئاستىدىكى سادىق ۋەزىرلەر باھادىر سانغۇنلارغىمۇ كۆپلەپ ئىنئام بېرىلىدۇ . يۇقىرىقى نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىيالدا يەنە «لەشكەرلەر ئارىسىدا ئىسمى ئۇلۇس ئوردا بەگ» دېگەن بىر ياخشى بەگ بار ئىدى . ئۇ قابىلىيەتلىك ۋە ئەقىللىق ئادەم ئىدى ... خاقان ئۇنىڭغا «ھەي ، سەن مۇشۇ يەرگە بولغىن بەگ ، قىپچاق ساڭا ئات بولسۇن ، دېدى» دېيىلگەن . بۇنىڭدىن قارىغاندا ، ئائىلە مال — مۈلۈكى ۋە يەرلەرنى تەقسىملەش پرىنسىپى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ساھەسىگە ئاللىقاچان كىرگەن . گەرچە ۋەسىقىلەر ۋە تارىخىي ماتېرىياللاردا شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ «قۇبى» تۈزۈمىنى يۇرگۈزگەنلىكى توغرىسىدىكى بىۋاسىتە خاتىرىلەر يوق بولسىمۇ ، لېكىن ئەڭ ئەھمىيەتلىكى شۇكى ، شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىن تېپىلغان 13 ـ ، 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئۈچ قانۇن — تۈزۈم ۋەسىقىسىدە ئىنجۇ توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ .

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈرگۈزۈلگەن «ئىنجۇ» نىڭ مەنىسىنى تەتقىق قىلغان . كىبروۋ دوكتورلۇق دېسسېرتاتسىيىسى «13 ـ ، 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادى تۈزۈمى» دە «ئىنجۇ» بىرخىل چوڭ يەر مۈلۈكچىلىك شەكلى ، ئۇ قاغان جەمەتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولسىمۇ بولىدۇ ، فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ۋە تېرىقچىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولسىمۇ بولىدۇ» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن . تىخونوف ئۇيغۇرلاردىكى «ئىنجۇ» چوڭ فېئوداللىق يەرلەرنىمۇ ، كىچىك



فېئودالىق يەرلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ . شۇڭلاشقا ئۇ ئادەتتىكى مەنىدىكى فېئودال يەر مۈلۈكچىلىكتىن دېرەك بېرىدۇ . مۇشۇنداقلا ئېنىقلىما بەرگەندىلا ئاندىن فېئودالىق تۈزۈم بولغان «ئىنجۇ» ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇننىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ تولۇق ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ[1] دەپ قارىغان . ئۇنداقتا «ئىنجۇ» نىڭ مەنىسى نېمە ؟ «جامىئۇل تەۋارىخ» تىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى باراق خان ئىلخانىيلار خانلىقىدىن بارتكىس يايلىقىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا ، ئاباغا مۇنداق دېگەن : «بۇ يەر ئاتام ماڭا بۆلۈپ بەرگەن مىراس (ئۇلۇش ) ، بىزنىڭ ‹ئىنجۇ › »[2] بۇنىڭدىن قارىغاندا ، «ئىنجۇ» ئىلخانىيلار جەمەتىنىڭ ئەزالىرى ئېرىشكەن ئاشۇ بىر قىسىم ئۇلۇش ، تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا ، ئۇ ئەجدادلىرىدىن ئالىدىغان مەلۇم خىل مىراس ، mayarath . بۇ بىزگە ئوخشاش بىر مەزگىلدىكى موڭغۇل تىلىدىكى «قۇبى» دېگەن سۆزنى ئەسلىتىدۇ . ياۋ دالى ئەپەندى ئېتمولوگىيە نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ گېرمانىيىلىك ئالىم دېفېر ۋە ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقاتى ئاساسىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىكى «ئىنجۇ» دېگەن سۆزنى ئەتراپلىق ، تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن «غەربىي يۇرت يازما ماتېرىياللىرىدىكى ئىنجۇ» سۆزى تۈرك تىلىدىكى inchu سۆزىدىن كەلگەن ، موڭغۇل تىلىدىكى inje بىلەن مۇناسىۋەتسىز ، «ئىنجۇ» پارس تىلىغا تۈرك تىلىدىن كىرگەن سۆز بولسىمۇ ، لېكىن بۇ سۆز موڭغۇللارنىڭ ئىستىلاسىغا ئەگىشىپ پارس تىلىغا كىرگەن .

[1] تىخونوف : «10 ـ 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى» ، موسكۋا ـ لېنىنگىراد ، 1966 ـ يىل نەشرى ، 128 ـ 135 ـ بەتلەر .

[2] K . ئىلياس باسقان : «جامىئۇل تەۋارىخ . ئاباخادىن كېمانچىغىچە بولغان ئىلخانىيلارنىڭ تەرجىمىھالى» ، پارسچە نۇسخا 15 ـ بەتكە قارالسۇن ؛ يۈي داجۈن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان «جامىئۇل تەۋارىخ» ، 3 ـ توم ، شاڭۋۇ نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى ، 113 ـ بەت ، «بۇ رايون پەيغەمبىرىمىز ئاتامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ماڭا بېرىلگەن ، بىزنىڭ سۇيۇرغال زېمىنىمىز» دەپ خاتىرىلەنگەن .

شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار رايونىدىكى «ئىنجۇ» بىلەن ئىلخانىيلار خانلىقى تېررىتورىيىسى، ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى «ئىنجۇ» نىڭ ئانچە چوڭ پەرقى يوق دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئوخشاش بىرخىل موڭغۇلچە تۈزۈم ياكى ئاڭ فورماتسىيە تەركىبىنىڭ ئوخشاش بولمىغان بويسۇندۇرۇلغان رايونلاردا تارقىلىش جەريانىدا يۈز بەرگەن ھەرخىل ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.① يۇقىرىقى تەھلىللەردىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى «ئىنجۇ» بىلەن موڭغۇللارنىڭ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «قوبى» نىڭ ئوخشاش مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنداق بولغىنىكەن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردىكى «ئىنجۇ» موڭغۇللاردىكى «قۇبى» نىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولامدۇ ـ يوق؟ بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلىش زۆرۈر. تىخونوف موڭغۇللارنىڭ ئىستېلاسى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتمىدى دەپ كېسىپ ھۆكۈم قىلغان بولسىمۇ، بۇ ھۆكۈمنى چىقىرىشتا يەڭگىللىك قىلغان، لېكىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىنجۇ» تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي مەنبەسى بار. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى ئۇيغۇرلارغا تەۋە 11 تېلى قەبىلىسىنىڭ «ھازىر ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا زېمىنى بار»② دېگەن خاتىرە بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

① ياۋدالى: «موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ۋەسىقىلىرىدىكى ‹ئىنجۇ› مەسىلىسى»، «نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1981 ـ يىللىق 2 ـ سان؛ ياۋدالىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى: «موڭغۇللارنىڭ كۆچمەن ـ چارۋىچى دۆلىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى — موڭغۇللارنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تۈزۈم تارىخىي توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنىڭ بىرى»، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 1986 ـ يىل شاپىگراف باسمىسى 64 ـ 68 ـ بەتلەر؛ جۇ لياڭشياۋ: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇيۇرغاللىق تۈزۈم توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماقالىلەر»، ئىككىنچى قىسىم، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1983 ـ يىل نەشرى 53 ـ 59 ـ بەتلەر.»

② «يېڭى تاڭنامە»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، 6112 ـ بەت.



ھەممىگە مەلۇمكى، موڭغۇل دېگەن نام تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە مەلۇم بولغان. «موڭغۇل 蒙元» دېگەن نام بىلەن تارىخنامىلەردە تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەن. «كونا تاڭنامە. شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە» گە «قانۇنلار قامۇسى» دىكى مەزمۇنلار كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، تېخىمۇ كۆپ يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلغان. بۇ مەزمۇنلاردا «موڭغۇل شىرۋىلىرى» تىلغا ئېلىنغان. «ھازىرقى شىرۋىلاردىن ئەڭ دەسلەپتە ئۇيغۇرلار بىلەن چېگرىداش بولغىنى ئوسۇق قەبىلىسىدۇر». شۇڭلاشقا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ماتېرىياللارمۇ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن موڭغۇللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. مىلادىيە 840 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ قوۋملىرى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، موڭغۇل رايونىدىكى ئىككى چوڭ قەبىلە كېرەيلەر يەنى «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دىكى بېيزۇبو① ئۇيغۇر خان ئوردىسىنىڭ قەدىم جايىنىڭ ئەتراپىدىكى كەڭ كەتكەن چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى ئىگىلىدى. تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە كىرىدىغان نايمانلار②، خاككاسلار جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان ۋاقىتنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئېرتىش دەرياسىدىن قاراقۇرۇمغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئىگىلىدى. شۇڭلاشقا 9ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە موڭغۇللار ئوخشىمىغان دەرىجىدە

① فېڭ چېڭجۈن: «لياۋ، جىن دەۋرلىرىدىكى شىمالدىكى قوۋملار ھەققىدە»، «غەربىي يۇرت، جەنۇبىي دېڭىز تارىخ ـ جۇغراپىيىسىگە دائىر دەلىلەش ماقالىلىرى توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1957 ـ يىل نەشرى، 190 ـ 192 ـ بەتلەر؛ چېن دېجى: «لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي شىمال يولى جازا يۈرۈش مەھكىمىسى»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمال مىللەتلىرى تارىخىغا دائىر تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 2 ـ قىسمى، «13 ـ ئەسىردىكى كېرەي خانلىقى ھەققىدە»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، 3 ـ قىسىم، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1986 ـ يىل نەشرىگە قارالسۇن.

② جىسۇن چىڭئېر (ياپونىيىلىك): «نايمان توغرىسىدا يۈزەكى تەھلىل»، «دوكتور خېشيەننىڭ ئۆمرىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈزۈلگەن شەرقشۇناسلىققا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» گە كىرگۈزۈلگەن، 154 ـ بەت.

تۈركلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى . موڭغۇل تىلىدىكى چارۋىچىلىققا ئائىت سۆزلەر ئىچىدە تۈرك تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئىنتايىن كۆپ① ، موڭغۇل تىلىدىكى khonIn (قوي) دەل تۈرك تىلىدىكى khony دېگەن سۆزدىن كەلگەن② . يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلار توغرىسىدىكى تەھلىللەردىن قارىغاندا ، موڭغۇل قەبىلىلىرى دۆلەت قۇرۇشتىن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلار ، تۈركلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان . شۇڭلاشقا ماتېرىياللار ناھايىتى كەمچىل بولغان ئەھۋالدا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىدىكى «ئىنجۇ» نىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى شەكلى توغرىسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىش ھەقىقەتەن قىيىن . لېكىن بىز بۇ يەردە مۇنداق بىر دادىل قىياسنى ئوتتۇرىغا قويالايمىز : چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە ھەرقايسى قوۋملاردا يولغا قويۇلغان «ئۈلۈشلۈك يەر» دەل «ئىنجۇ» نىڭ دەسلەپكى شەكلىدۇر .

## 4 . ئىجتىمائىي فورماتسىيە

چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي فورماتسىيە مەسىلىسى ھەققىدە نۆۋەتتە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە ئاساسلىق ئىككى خىل كۆز قاراش بار . دۆلىتىمىزنىڭ مەرھۇم ئۇيغۇر تارىخى مۇتەخەسسىسى چېڭ سولو ئەپەندى «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ مىللەتلەر قىسمىدىكى

① نومىنخانوف : «تۈرك تىلى ۋە موڭغۇل تىلىدىكى چارۋىچىلىققا ئائىت سۆزلەر» ، «شەرقشۇناسلىق ئىلمىي بۆلۈمى ماقالىلەر توپلىمى» ، ئالمۇتا ، 1959 - يىل نەشرى ، 87 - 116 - بەتلەر .

② يى ليەنجېن : «جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى» ، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يۈەن سۇلالىسى تارىخى كافېدراسى تۈزگەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» ، خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل نەشرى ، 418 - بەت .



«ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنى مۇنداق ئىزاھلىغان : «ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچى فېئودالىق خانلىقى (744 - 840) 100 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان . تاڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان»① . كېيىن ئۇ يەنە «ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركلەر ۋە تاردۇشلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن مىلادىيە 646 - يىلى كۆچمەن چارۋىچى فېئودالىق ھاكىمىيىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرغان»② دەپ يازغان . بۇ خىل كۆز قاراشنى قوللايدىغانلاردىن يەنە تېخونوف③ قاتارلىق ئالىملار بار . بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر جەمئىيىتى قۇللۇق تۈزۈمدىكى جەمئىيەت دېگەن قاراشنى قوللايدۇ④ . يۇقىرىقى ئىككى خىل قاراشنىڭ قايسىسى توغرا ، بىز بۇ يەردە قارىغۇلارچە باھا بېرەلمەيمىز . چۈنكى يايلاق رايونىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تىپىدىكى ئىجتىمائىي فورماتسىيە بىلەن دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى فورماتسىيىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلى ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ . ياۋرو - ئاسىيا يايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان مەشھۇر ئىنسانشۇناس ل . كلايد كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ۋە سىياسىي تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتى مەسىلىسى توغرىسىدا توختالغاندا مۇنداق يازغان : «پاترىئارخاللىق تۈزۈمدىن شەكىللەنگەن بىرلىك يايلاق

① «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى» مىللەتلەر تومىغا قاراڭ ، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى ، 180 - بەت .

② چېڭ سولو : «ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا ماكانلىشىش ھەققىدە مۇھاكىمە» ، «غەربىي يۇرت تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ I - قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى ، 1 - 13 - بەتلەر .

③ ئالدىنقى نەقىلدىكى تېخونوفنىڭ كىتابىغا قارالسۇن ، چېڭ زېڭلو خەنزۇچە تەرجىمىسى «6 ~ 9 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار» ، «غەربىي يۇرت تارىخ ماتېرىياللىرى» غا كىرگۈزۈلگەن ؛ جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەر تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى «جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەر تارىخى» ، 5 - باب 7 - پاراگراف ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى ، 1987 - يىل نەشرى ، 195 - بەت .

④ لىن گەن : «قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخىدىكى بىر قانچە مەسىلە ھەققىدە» ؛ خې يىڭجۇڭ : «7 - 10 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ھەققىدە» ، بۇ ئىككى ماقالە «تۈرك تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ ئىككىنچى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1987 - يىل نەشرى .

مىللەتلىرىنىڭ جەمئىيەت ۋە سىياسىي ئاپپاراتلىرىنىڭ بارلىق بىرلىكلىرى ئىچىدىكى زوّروْر باشلىنىش نوْقتىسى . شوْڭلاشقا بوْ چوقوْم موْشوْنداق بولوْشى كېرەك ، چوْنكى ئوْلارنىڭ موْشوْ خىل مەۋھوْم شەكىل ئارقىلىق كېڭەيتىلىدىغان ئاتلىق توْغقانچىلىق موْناسىۋىتى بولغاندىلا ، ئاندىن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى شوْنىڭدەك تېخىمو كەڭ دائىرىدىكى سىياسىي گوْروْھىنى بەرپا قىلالايدوْ » .[1]

چوّللوْكنىڭ شىمالىدىكى ئوْيغوْر خانلىقى مەزگىلىدىكى ئوْيغوْرلار يەنىلا كوّچمەن چارۋىچىلىق باسقوْچىدا توْراتتى ، شوْڭلاشقا ئوْلار يەنىلا بويسوْندوْروْش ، تالان ـ تاراج قىلىش ، كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا خوْشتار ئىدى ، لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن ئوْلار تاڭ سوْلالىسىغا بېقىنىپ خەنزوْلارنىڭ توْزوْمىنى ئەلا بىلگەچكە ، تاڭ سوْلالىسىنىڭ فېئوداللىق ئىدىيىسى ۋە خەنزوْ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقوْر ئوْچرىغان . شوْڭلاشقا بىز ئوْلارنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرىنى قوْللوْق توْزوْم ياكى فېئوداللىق توْزوْم دەپ ئېيتالمايمىز . چوّللوْكنىڭ شىمالىدىكى ئوْيغوْر خانلىقىنى خەنزوْلار ۋە شىمالىي چوّللوْك ئېگىزلىكىدىكى كوّچمەن قوۋملارنىڭ كوّپ قاتلاملىق ، بىرىكمە شەكىلدىكى مەدەنىيىتى موْجەسسەملەنگەن سىياسىي گەۋدە دەپ قاراش كېرەك . توّۋەندە بىز ئەينى ۋاقىتتىكى ئوْيغوْر جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەۋجوْت بولوْپ توْرغان ، بالا بېقىۋېلىش ، باج ـ سېلىق تاپشوْروْش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە يوْزەكى تەھلىل يوْرگوْزوْپ ، شىمالىي چوّللوْك ئوْيغوْرلىرىنىڭ جەمئىيەت توْزوْلمىسىنىڭ ئوموْمىي ئەھۋالىنى ئېچىپ بېرىمىز .

[1] ياۋدالىنىڭ دوكتورلوْق دىسسېرتاتسىيىسى : «موڭغوْل كوّچمەن چارۋىچى دوّلىتىنىڭ سىياسىي توْزوْمى — موڭغوْل ـ يوْەن سوْلالىسىنىڭ سىياسىي توْزوْم تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ بىرى » ، نەنجىڭ ئوْنىۋېرسىتېتى 1986 ـ يىل نەشرى ، 13 ـ بەت .



## 1 . بالا بېقىۋېلىش مەسىلىسى

بالا بېقىۋېلىش توْزوْمى شىمالدىكى ۋە غەربىي يوْرتتىكى مىللەتلەر ئارىسىدا بوْروْنلا ناھايىتى راۋاجلانغان[1] . يوْەن سوْلالىسى دەۋرىدە ئوْيغوْر جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بالا بېقىۋېلىش ئادىتى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان . ئەسلىدىكى رەت نوموْرى (URD.NO.3 ) بولغان قەدىمكى ئوْيغوْرچە ۋەسىقىدە[2] «ئىنىم antso نى توْغقىنىم toynaq silawan ti غا 20 سەر كوْموْش نەرخىدە بېقىۋېلىشقا بەردىم»[3] دەپ خاتىرىلەنگەن . بوْنىڭدىن يوْەن سوْلالىسى دەۋرىدە ئوْيغوْرلارنىڭ بالا بېقىۋېلىش ئىشلىرى دائىم ئوروْق ـ توْغقانلار ئارىسىدا بولىدىغانلىقىنى ، سوْت ھەققى (sut äwinCi ) نىڭ بېقىۋېلىش ھەققى ئىكەنلىكىنى تولوْق كوّروْۋالالايمىز . يەنە بىر جەھەتتىكى ماتېرىياللارمۇ ، ئوْيغوْرلارنىڭ بېقىۋالغان بالىلىرىنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ۋە پەرزەنتلىك ئورنى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدوْ . ئالدى بىلەن قەدىمكى ئوْيغوْر يېزىقىدىكى بىنتوْڭنىڭ (bIntung ) ئوّزىنى سېتىش توختامىدىكى موْناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنى كوّروْپ باقايلى :

مەن شىۋساي تايشى (Siwsai taisi ) يىغىلغان پوْلوْمغا بىر ئادەم سېتىۋالماقچى ئىدىم . شوْڭلاشقا توققوْز ياستوْق چاۋ (پوْل ) غا (ئىدىقوْت ) شەھىرىدىكى ئاتى توْتوْڭدىن بىنتوْڭ ئىسىملىك

[1] لىن مېيسوْن : «قوْم دېڭىزىدا يېزىلغان قەدىمكى قولىيازمىلار » (جوْڭگودىن تېپىلغان كاروْشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى ) ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى ، 1988 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى .

[2] С. Е малов : « уи гусрские рукописные покументы акспиии с. фопbпеноуряа » . Ленинrап,1932r.аписки Института врстоковепения АНСССРюСТР 129—149

[3] ياماداً نوبوْئو : «قەدىمكى ئوْيغوْر يېزىقىدىكى قوْل ئېلىپ سېتىش ۋە بالا بېقىۋېلىش مەزموْنىدىكى ھوّججەت » ، «ئوساكا ئوْنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات بوّلوْمى خاتىرىلىرى » ، 16 ـ قىسىم ، 1972 ـ يىل ، 164 — 267 ـ بەتلەر .

ساۋاتلىق 40 ياشلىق قىتان ئەرنى سېتىۋالدىم . ئۇ مەن شىۋساي تايشى ۋە ئايالىمنىڭ چوڭ ئوغلى (uluq oqul) قاتارىدا ئائىلە ئىشلىرىغا قارىشىدۇ . بىز ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ شىن جىڭ ۋە سىن ئىبىن باشچىلىقىدىكى پەرزەنتلىرىم بىلەن بىرلىكتە ئائىلەمدىن بار مەسلىھەت خەۋەر ئالىدۇ . ئەگەر ئۇ مېنىڭ باللىرىم بىلەن كېلىشەلمىسە ، (ئۇنداقتا ) ئۇنى (بىنتۇڭنى ) مېنىڭ ئائىلەمدىكى ھېچبىرىگە سېتىشقا بولمايدۇ . ئۇنىڭغا ئەركىنلىك بېرىلسۇن .[1] »

بۇ بىر بۆلەك ۋەسىقىنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇمكى بېقىۋالغۇچى شىۋساي تايشىنىڭ نەزىرىدە بىنتۇڭ ئاسراندى ئوغۇل ھەم چوڭ ئوغۇل ، ئۇ شىۋساي تايشىنىڭ ئۆز باللىرى شىن جىڭ ، شىن ئىبىنلارغا ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ ، ئەگەر ئۇ شىۋساي تايشىنىڭ باللىرى بىلەن كېلىشەلمىسە ئۇنىڭغا ئەركىنلىك بېرىش كېرەك . بەلكىم بۇ توختامدا كىشىنىڭ كۆزىنى بويايدىغان ساختا سۆزلەر ئىشلىتىلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ، لېكىن ئۇنى (بىنتۇڭنى ) ئاددىي ھالدا «قۇل» دەپ قارىيالمايمىز .

يۇقىرىدا بىز يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بالا بېقىۋېلىش تۈزۈمىنى مۇھاكىمە قىلدۇق . چۈنكى يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردىكى بالا بېقىۋېلىش تۈزۈمى دەل چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلاردا ئەسلىدە بار تۈزۈم ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان .

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىساق مۇنداق خاتىرىلەرنى ئۇچرىتىمىز : «كېيىنكى يىلى (مىلادىيە 787 — يىلى ) ، ياغلاقار لىڭ ئوردىغا ئەۋەتىلدى ، لىڭ تاڭ

① گېبىڭ شىمىن : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىككى پارچە توختامنىڭ يەشمىسى» ، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1978 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان ، 46 ـ 47 ـ بەتلەر .



سۇلالىسىلىق كىشى بولۇپ فامىلىسى لۇ ، قاغان بېقىۋالغان ، شۇڭلاشقا قاغانىنىڭ فامىلىسىنى قوللانغان . پادىشاھ ئۇنى ئىشقا قويۇپ ، نۇرغۇن ئىنام بەردى ، مۇپەتتىش دىۋانبېگىنىڭ ئوڭ قول ياردەمچىلىككە تەيىنلىدى »[1] . بۇ بىر بۆلەك تارىخىي ماتېرىيالدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر خانلىقىدا ھەقىقەتەنمۇ يات مىللەت كىشىلىرىدىن بالا بېقىۋېلىش ئادىتى بولغانلىقى ، ھەم ئۇلارغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز . ئەگەر ياغلاقار لىڭ قۇل بولسا ، ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئەمەل ، مەرتىۋە بەرگىلى بولسۇن ؟ شۇڭلاشقا بىز قەدىمكى دەۋردە ئۇيغۇرلار بېقىۋالغان باللار قۇل دېگەن قاراشتىن شۇبھىلىنىمىز ھەم داۋاملىق تارىخ ماتېرىياللارنى تېپىپ چىقىپ ئۆز كۆز قارىشىمىزنى ئىسپاتلايمىز .

## 2 . باج ـ سېلىق مەسىلىسى

چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، شىمالىي چۆللۈك ئېگىزلىكىدىكى نۇرغۇنلىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرگە ئىگىدارچىلىق ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى كونترول قىلغان ۋە ئىگىلىگەن . بۇ خىل ھامىيلىق ھوقۇق ئەسلىدىكى ئۇرۇق تەشكىلىنى ئايرىش بىرلىكى قىلغان ھەم ئەسلىدىكى قەبىلە تەشكىلى ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان . شۇنىڭ بىلەن يۇقىرى دەرىجىدىكى رەھبەرلىك ھوقۇقى بىلەن تۆۋەن دەرىجىدىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ پەرقى كېلىپ چىققان ، قاغانلىق ھۆكۈمرانلىقىدىكى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا يەنىلا ئۆز

① «يېڭى تاڭنامە» ، 217 ـ جىلد ، «ئۇيغۇر ھەققىدە قىسسە» ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى سېلىشتۇرۇپ نەشر قىلغان نۇسخا ، 6116 ـ 6115 ـ بەتلەر .

ئۇرۇقىغا بولغان بىر خىل قانداشلىق قارىشى ساقلانغان[1] . ئۇيغۇر خانلىقى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تەڭشەپ ھەرقايسى قەبىلىلەرگە «تۇتۇق» قويغان ، بۇ تۇتۇقلار سىياسىي جەھەتتە ھەرقايسى قەبىلىلەرگە رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپلا قالماي ، باج يىغىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان . ئۇيغۇرلار قارام قەبىلىلەرگە «نازارەتچى» لەرنى قويغان ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى قارام قەبىلىنىڭ ھۆكۈمرانىدىن دەل ۋاقتىدا ئولپان بېجى ئېلىش ئىدى . بۇ ھەقتە ، تارىخىي ماتېرىياللاردا «ئىلگىرى ، تاتابىلار ، قىتانلار ئۇيغۇرلارغا بەيئەت قىلدى ، ئۇلارغا ‹نازارەتچى› قويۇلۇپ ، ئولپان سېلىق تاپشۇرۇشى نازارەت قىلىندى»[2] دېگەن خاتىرىلەر بار . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئۇيغۇرلار قارام قەبىلىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا ئاساسلىقى باج - سېلىق يىغىش ئۇسۇلىنى قوللانغان . ئۇلارمۇ بىر بىرلىككە كەلگەن قوۋم بولۇش سۈپىتى بىلەن تاڭ سۇلالىسىغا بېقىنغان، ھەم «باج - سېلىق سۈپىتىدە بۇلغۇن تېرىسى تاپشۇرغان» .

## 5 . خاتىمە

يۇقىرىقى تەھلىلەر ئارقىلىق بىز چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈۋالالايمىز .

① «لى ۋېنشاۋ ئەسەرلىرى توپلىمى» 17 - جىلد ، «ئۇيغۇرلارغا ئائىت مەلۇماتلار» دىكى خۇيچاڭ 4 - يىلى (844 - يىلى ) لى دېيۇينىڭ : «يېقىندا ئۇيغۇرلاردىن خەۋەر كەلدى ، ئۇيغۇر پۇقرالىرى ساراسىمگە چۈشۈپتۇ ، قاغانى ئەندىشىگە بېقىنىشنى خالايدىكەن ، ئۇنىڭ قەبىلە - قوۋملىرى ھالسىزدىن كەتتۇق ، جەنۇبقا بېرىپ تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنايلى دېيىشىپتۇ» دېگەن مەلۇماتى بۇنىڭ دەلىلىدۇر .

② «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 246 - جىلد .



(1) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى «ئىچكى توققۇز قەبىلە» ۋە «تاشقى توققۇز قەبىلە» دىن ئىبارەت ئىككى قاتلاملىق قۇرۇلمىدىن تەركىب تاپقان . ئىچكى توققۇز قەبىلە ئۇيغۇرلارنىڭ يادرولۇق قەبىلىلەر گۇرۇھىدۇر .

(2) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەمەل - مەنسەپلىرىگە كەلسەك ، ئاساسلىقى تۈركلەر ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئەمەل ناملىرىنى قوللانغان .

(3) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى «سۈيۈرغال يەر» (ئۈلۈشلۈك يەر ) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى «سۈيۈرغال يەر» (ئۈلۈشلۈك يەر ) ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى «ئىنجۇ» نىڭ دەسلەپكى شەكلىدۇر .

(4 )شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا ئائىلە مال - مۈلكىنى تەقسىملەش تۈزۈمى بارلىققا كەلگەن . ئائىلە مال - مۈلكى ۋە ھوقۇقىنىڭ تەقسىملىنىشىگە ئەگىشىپ ، بالا بېقىۋېلىش تۈزۈمى ، باشقا جايلاردىن باج - سېلىق يىغىش چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەسىگە ئارقا - ئارقىدىن كىرگەن . لېكىن بىز بۇ ۋاقىتتىكى بېقىۋېلىنغان بالىلارنى ھەرگىزمۇ ئاددىي ھالدا قۇل دەپ قارىساق بولمايدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئائىلە مۈلكىنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسلىق رولىنى ئۆتىگەن .

چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلانغاندا بىز ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە ئەنئەنىۋى «قۇللۇق تۈزۈم» ياكى «فېئوداللىق تۈزۈم» دەپ نام بېرەلمەيمىز . ئەگەر چوقۇم بىر ئېنىقلىما بېرىپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە بىز : چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى خەنزۇلار ۋە شىمالىي چۆللۈك

ئېگىزلىكىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قوۋملار يوغۇرۇلغان كۆپ قاتلاملىق بىرىكمە شەكىلدىكى سىياسىي تۈزۈلمە، دەپ چۈشەندۈرىمىز، بۇ دەل مەزكۇر ماقالىدا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان يادرولۇق مەسىلىدۇر.

(مەزكۇر ماقالە «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان، بۇ كىتابقا تۈزىتىپ كىرگۈزۈلدى)



قوشۇمچە (4)

## يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر-لارنىڭ ئىدىقۇت دېگەن ئەمەل نامىغا ئېنىقلىما

1940 - يىلى خەن رۇلىن ئەپەندى «تۈركلەرنىڭ ئەمەل ناملىرىغا ئېنىقلىما» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەردارىنىڭ ‹ئىدىقۇت› دېگەن نامى ھەرگىزمۇ باسمىللاردىن كىرگەن ئەمەس. تۈركلەردە ئەزەلدىن بار نام» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. ھازىر 50 يىل ئۆتۈپ كەتتى. بەزى تەتقىقاتلار مۇشۇ مەسىلىگە چېتىلىسىمۇ، لېكىن كىشىنى رازى قىلغۇدەك جاۋاب بېرىلمىدى. ئۇنداقتا «ئىدىقۇت» دېگەن ئەمەل نامىنىڭ مەنبەسى نېمە؟ بۇ بىر ئىنتايىن قىزىقارلىق مەسىلە. ماتېرىياللار پارچە - پۇرات بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان تەپسىلاتلارنى ئېنىقلاشقا يېتەرلىك ئەمەس، لېكىن بۇلارنى تەپسىلىي تەھلىل قىلساق يەنە بەزىبىر يىپ ئۇچىغا ئېرىشىمىز.

بۇ ماقالىدە ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقات ئاساسىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خانى ئىدىقۇت خانىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدۇ.

### 1. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئېلى خانىنىڭ ئىدىقۇت دېگەن ئەمەل نامى

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 122 - جىلد «بارچۇق ئارت

تېكىننىڭ تەرجىمىھالى» دا «بارچۇق ئارت تېكىن ئىدىقۇت (Iduq—qut ، yduqut) دەپ تەرجىمە قىلىنىشقىمۇ بولىدۇ) . ئىدىقۇت، قوچو ئېلى خانىنىڭ نامى»[1] دەپ خاتىرىلەنگەن . خەن رۇلىن ئەپەندى باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دىمۇ «قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خانى ئىدىقۇت دېيىلىدۇ»[2] دېيىلگەن، جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاهانكۇشاي» دېگەن ئەسىرىدىمۇ ئوخشاشلا «ئۇيغۇرلار، تۈركلەر ئۆزلىرىنىڭ سەردارلىرىنى ‹ئىدىقۇت› دەپ ئاتايدۇ، بەخت ـ سائادەتلىك خان دېگەن مەنىدە»[3] دەپ خاتىرىلەنگەن . «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» 238 ـ جىلدىدا «ئىدىقۇت»، «ئىدىقۇت 兀惕 亦都» دېيىلگەن . پارس تارىخچىسى راشىددىن «جامىئۇل تەۋارىخ . قوۋملار تەزكىرىسى» دە چىڭگىزخان دەۋرىدىكى ئىدىقۇتنىڭ بارچۇق[4] ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان . لېكىن ئۇيغۇرلار ئۆزى يازغان «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دا توققۇز يەردە «ئىدىقۇت» دېگەن ئەمەل نامى[5] تىلغا ئېلىنغان . خەنزۇچە تارىخنامىلاردىمۇ بۇ نام پات ـ پات ئۇچرايدۇ . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى . قارايىغاچ بۇيرۇقنىڭ تەرجىمىھالى» دا «قارايىغاچ بۇيرۇق ئۇيغۇردۇر . ئۇ سەزگۈر، ئەقىللىق، قولىدىن ئىش كېلىدۇ، خان ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، ئۇنى سۇلمى

[1] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشر قىلغان سىلىشتۇرما نۇسخا، 299 ـ بەت .
[2] خەن رۇلىن، چېن دېجى، چيۇ شۇسېن، دېڭ گوفەن، شيې يىكۇي قاتارلىقلار تۈزگەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» بىرىنچى قىسىم، خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى، 130 ـ بەت .
[3] جۇۋەينى : «تارىخى جاهانكۇشاي»، بىرىنچى قىسىم، خې گاۋجى خەنزۇچە تەرجىمىسى، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى، 49 ـ بەت .
[4] راشىددىن «جامىئۇل تەۋارىخ»، 1 ـ توم، 1 ـ قىسىم، يۈي داجۈن، جۇ جيەنچى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى، 49 ـ بەت .
[5] قاهار بارات، ليۇ يىڭشېڭ «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشىدىكى قەدىمقى ئۇيغۇرچە خەتلەر توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات» دېگەن ماقالىسىدە مەڭگۈ تاش تېكىستىنىڭ 8-، 29-، 127-، 141-، 182-، 198-، 224-، 237-، 240- قۇرلىرىدا «ئىدىقۇت» دېگەن نام ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن . «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەتقىقات مەجمۇئەسى»، ئومۇمىي 8 ـ قىسىم؛ يەنە گېڭ شىمىننىڭ «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1980 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن .



ئېلىنىڭ زالىمىي ھەكەمىلىكىگە تەيىنلەندى»[1] دېيىلگەن . جىيۈەننىڭ 22 ـ يىلى (مىلادىيە 1285 ـ يىل) دۇۋا ئۇيغۇرلار زېمىنىغا ھۇجۇم قىلدى . ئىدىقۇت قوچقار تېكىن جەڭدە ئۆلدى . ئوغلى نۇرىن تېكىن «مەلۇمات يوللاپ ياردەمگە ئەسكەر تەلەپ قىلدى»، يۈەن رېنزۇڭ نۇرىن تېكىنگە ئىدىقۇت خانى دەپ نام بېرىپ «قوچوغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانىنى قايتا قۇرۇپ بەردى .»[2] يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن بارچۇق ئارت تېكىن، ئۆگرۈنچ تېكىن، مامۇراق تېكىن، قوچىغار تېكىن، تېمۇر بۇقا، نورىن تېكىن قاتارلىقلارنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىقۇتى بولغانلىقىنى[3] كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ئىدىقۇت نامىنى ھەقىقەتەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر سەردارلىرى قوللانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . ئۇيغۇر يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ سەردارى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق يەر ۋە پۇقرالارغا قارىتا مۇئەييەن مۇستەقىل (ئاپتونومىيە) ھوقۇقى بار ئىدى[4]، ئۇ توققۇز ۋەزىر، تۇتۇقبەگ، ئەدلىيە بېگى ۋە يەرلىكنىڭ مەمۇرى ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ . يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ غەربى لياۋ سۇلالىسى ۋە يۈەن سۇلالىسى خاقانىنىڭ بېقىندى ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن چوقۇم باج تاپشۇرۇش، ھەربىي يۈرۈشكە چىقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ . 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوچوغا ئەۋەتكەن خەلپەت بەگ شاۋ كېم

[1] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 124 ـ جىلد، «قارىيىغاچ بۇيرۇقنىڭ تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى بەشر قىلغان سىلىشتۇرما نۇسخا، 3046 ـ 3047 ـ بەتلەر .
[2] يۈي جى : «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»، «داۋيۈەنشۈناسلىق قەدىمىي خاتىرىلىرى»، 24 ـ جىلد .
[3] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 121 ـ جىلد، «بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى»، «دايۈەنشۈناسلىق قەدىمىي خاتىرىلىرى»، 24 ـ جىلد، «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»؛ چېن گاۋخۇا «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ۋەقەلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە»، «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمىنىڭ داۋامى» غا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىل نەشرى، 274 ـ 279 ـ بەتلەر .
[4] ئابى تاكېئو «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 1 ـ باب 2 ـ پاراگراف «بەشىنچى خانلىقنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى» .

«ئـۆز هوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغان» ، ئىدىقۇت ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرىنى كۆزگە ئىلمىغان ، شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار قاتتىق غەزەپلەنگەن ، 1211 ـ يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن قوۋملىرىنى باشلاپ چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان[1] . موڭغۇل ئىمپېرىيىسى مەركىزى هاكىمىيىتىنىڭ ـ بىر ئورگانىڭ بۆلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلار تەبىئىي هالدا «سىرتتىن يۈرگۈزۈلىدىغان» هۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلغان ، بۇنىڭدىن ئىدىقۇتنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يەرلىك هاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي سەردارى ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرۈۋالالايمىز .

## 2 . ئۇيغۇرلار ۋە شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ سەردارلىرى ئىدىقۇت دەپ ئاتالمىغان

ئۇيغۇرلار ۋە شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ سەردارلىرى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتالماستىن ، «قاغان» دەپ ئاتالغان . «قاغان» دۆلىتىمىز تارىخىدىكى شىمال ۋە غەربىي شىمالدىكى هەرقايسى مىللەتلەر هاكىمىيەتلىرىنىڭ سەردارلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلەتكەن هۆرمەت نام . «ۋېينامە . جۇرجانلار هەققىدە قىسسە» دە «قاغان ، ۋېي دۆلىتى تىلىدا پادىشاھ دېيىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن . «سۇڭنامە . تۇيغۇنلار هەققىدە قىسسە» دە «دىجى قاغان» ۋە «ئاگان» دىن ئىبارەت ئىككى

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 124 ـ جىلد «يورۇن تېمۇرنىڭ تەرجىمىهالى» دا ئالتىنچى يىلى (1211 ـ يىلى) ئۇيغۇرلار ئېلىنىڭ خانى ئىدىقۇت ئوردىغا سالامغا كەلدى» دېيىلگەن . جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشر قىلغان سېلىشتۇرما نۇسخا ، 15 ـ بەت ؛ ۋاڭ گوۋېي : «چىڭگىزخان زەپەرنامىسى» نىڭ ئىزاهلىق نۇسخىسى ؛ راشىددىن : «جامىئۇل تەۋارىخ» ، 1 ـ توم 2 ـ قىسىم 2 ـ بۆلۈم «چىڭگىزخان يىلنامىسى» بابى ، «ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇش ۋە چىڭگىزخاننىڭ ئىدىقۇتنى تارتۇقلىشى» دېگەن پاراگرافقا قارالسۇن .



شەرقىي سىيانپى تىلىدىكى سۆز ساقلانغان . بۇنىڭدىن مەلۇمكى khaghon تۇڭگۇسلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ تىلىدىكى سۆز ، هۇنلاردىكى تەڭرىقۇت بىلەن ئوخشاش ، تۇڭگۇسلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى جۇرجانلار پادىشاھىنى قاغان دەپ ئاتايدۇ ، تۈركلەر ، ئۇيغۇرلار دەۋرىدىن بۇيان بۇ سۆز يېقىنقى زامان موڭغۇل تىلى ۋە تۈركىي تىللاردا ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە . تۈرك قاغانلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك پەرقى بار ، ئالىي سەردار «قاغان» دېيىلىدۇ ، «چوڭ قاغان» مۇ دېيىلىدۇ[1] . سەي مېيبياۋ ئەپەندى : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە ئابىدىلەر توپلىمى» نىڭ ئىزاهاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن : قاغان دېگەن سۆز تۈرك تىلى ۋە موڭغۇل تىلىدا «پادىشاھ» دېيىلىدۇ[2] . چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن تومىد تۇنجى بولۇپ قاغان دەپ ئاتالغان .[3] شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر سەردارلىرىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن قاغان دەپ ئاتالغانلار تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلىنىپ كەلگەن ، ئالايلۇق باتۇر نۇسرەت قۇچقان قاغان ، ئاي تەڭرىدە بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان ، قۇتلۇق بىلگە قاغان قاتارلىقلار[4] . مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ، ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ قوۋملىرى غەربكە كۆچكەن . شۇنىڭدىن كېيىن هاكىمىيەت قۇرغانلار يەنىلا «قاغان» دەپ ئاتالغان . «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 284 ـ جىلدىدا

① خەن رۇلىن ئەپەندى باش مۇهەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى ، 130 ـ بەت .
② سەي مېيبياۋ : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە ئابىدىلەر توپلىمى» ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنى تۈزگەن ، پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 1955 ـ يىل نەشرى ، 24 ـ بەت ، 2 ـ ئىزاهات .
③ «يېڭى تاڭنامە» 127 ـ جىلد ، «ئۇيغۇرلار هەققىدە قىسسە» ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشر قىلغان تىنىش بەلگىلىرى قويۇلغان نۇسخا ، 6112 ـ 6113 ـ بەتلەر .
④ «توققۇز ئۇيغۇر خاقان مەڭگۇ تېشىغا ئىلاۋە» ، «ۋاڭ گو ۋېي يادنامىلىرى» نىڭ 3 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن ، شاڭخەي قەدىمقى كىتابلار كىتابخانىسى ؛ پېللىئوت ، چاۋاننېس : «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى هەققىدە مۇهاكىمە» ، فىڭ چېڭجۈن : «غەربىي يۇرت جەنۇبىي دېڭىز تارىخ جۇغراپىيىسىنى دەلىلەشكە دائىر تەرجىمە مەجمۇئەسىنىڭ 8 ـ قىسمى» ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1958 ـ يىل نەشرى ، 85 ـ 36 ـ بەتلەر .

«(ئۇيغۇر) لارنىڭ باشقا قوۋملىرىدىن پانتېكىن ئاۋۋال ئەنشىدە تۇرۇپ، ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇڭلاشقا ئاتاقلىق تارىخشۇناس فەن ۋېنلەن ئەپەندى دەلىللەش ئارقىلىق ئۇ «پانتېكىن (笼特勒) دۇر»① دەپ كۆرسەتكەن. قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە يەركەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى «قاغان» دەپ ئاتالغان②. مىڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى تۇرپان ھۆكۈمرانى سۇلتان ئەخمەدمۇ «قاغان» دەپ ئاتالغان. خۇڭجىنىڭ 6 - يىلى (1493 - يىلى) شىغاۋۇل پىرقە دىۋان بېگى گېڭ يۇ قاتارلىقلار «تۇرپان سۇلتانى ئەخمەد… ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ، لەشكەر تارتىپ بېسىپ كىردى، سەل قاراشقا بولمايدۇ»③ دەپ مەكتۇپ سۇنغان. ۋېي لياڭتاۋ ئەپەندى دەلىللىگەندەك «15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 10 - 20 يىلىدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا يۆتكەلگەن، خانلىقنىڭ ھاكىمىيىتى ئەمەلىيەتتە سۇلتان ئەخمەدنىڭ قولىغا ئۆتكەن، ئۇنىڭ قاغان دەپ ئاتىلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق».④ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللاردىن ئۇيغۇرلار ۋە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن - چارۋىچى مىللەتلەر سەردارلىرىنىڭ «قاغان» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، «ئىدىقۇت» دەپ ئاتالمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

① «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخىدىن تەرمىلەر»، 3 - بۆلۈم 2 - قىسىم، 1965 - يىل نەشرى، 511 - 512 - بەتلەر.
② ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى، 35 - بەت؛ «يەركەن خانلىقىنىڭ تۈزۈلمىسى ۋە ئەمەلدارلىق تۈزۈمى»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىل 2 - سانىغا بېسىلغان.»
③ «مىڭ شىياۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 14 - جىلد.
④ ۋېي لياڭتاۋ: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى تۇرپان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى — قوشۇمچە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا بايان»، «تارىخ تەتقىقاتى» غا بېسىلغان، 1986 - يىللىق 6 - سان 152 - بەت.



## 3. ئالدىنقىلارنىڭ «ئىدىقۇت» نامى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى

«ئىدىقۇت» نامى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار مۇشۇ مەزگىلدە باشلانغان. چيەن داشىن ئىدىقۇت «يابغۇ دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىنىشى»① دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تۇچى «موغۇل تارىخىغا دائىر خاتىرىلەر. ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ ئىزاھاتىدا «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردا يابغۇ نامى بار ئىدى، بۇ نام كېيىن ئىدىقۇتقا ئۆزگەرگەن» دېگەن. ۋاڭ گوۋېي: «چىڭگىزخان زەپەرنامىسىگە سېلىشتۇرما ئىزاھ» تا ئىدىقۇت نامىغا كەلسەك، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى ئەللەردە يابغۇ بار ئىدى، ئىدىقۇت دېگەن بۇ نامۇ ئاشۇ سۆزدىن كەلگەن» دەيدۇ. خەن رۇلىن ئەپەندى تەپسىلىي دەلىللەش ئارقىلىق «ئىدىقۇت» نامى ھەرگىزمۇ باسمىللاردىن كىرگەن ئەمەس، بەلكى تۈركلەردە ئەزەلدىن بار نام② دەپ كۆرسەتكەن.

فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پېللىئوت (P.Pelliot) 1912 - يىلى «قوچو (高昌)، قوچو (和州)، قوچو (火州) قارا قوچو ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىنى③ ئېلان قىلغان. ئۇ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى «قوچو، تۇرپاننىڭ شەرقىگە 30

① «22 تارىخ ھەققىدە»، 94 - جىلد، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى 9».
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 130 - بەت.
③ p.pelliot: «kao — tchang, Qoco, Hou — thceou et Qara — Khodji — Journal Asiatique», Tome19. No, 1912, paris; فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان، «غەربىي يۇرت جەنۇبىي دېڭىز تارىخ جۇغراپىيىسىنى دەلىللەشكە دائىر تەرجىمە مەجمۇئەسىنىڭ 7 - قىسمى»، جۇڭگو كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1957 - يىل نەشرى، بۇ يەردە فېڭ چېڭجۈن ئەپەندىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ئىشلىتىلدى.

چاقىرىم كېلىدۇ » ، «شەرقتە بىر تاشلاندۇق شەھەر بار ، ئۇ قوچو ئېلىنىڭ ئاستانىسى » دېگەن خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ ، 14 ـ ئەسىردىكى قوچونىڭ ئاستانىسى يېقىن ئەتراپقا يەنى ھازىرقى قارا قوچوغا كۆچۈرۈلگەن ، بۇرۇنقى ئاستانىمۇ تاشلىنىپ قالمىغان ، ئۇنىڭ نامى قارا قوچو شەھىرى [ پېللىئوت yduqutshahri دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان ] دۇر » دەپ يەكۈن چىقارغان . شۇنىڭ بىلەن پېللىئوت يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «يۈەن سۇلالىسى تارىخى » دا «ئۇيغۇر خانىنىڭ نامى ئىدىقۇتتۇر » دېيىلگەن . بۇ «ئىدىقۇت » ، «yduqut » بىلەن ماس كېلىدۇ ، لېكىن ئىدىقۇت شەھىرى (yduqut — shahri ) ھازىر «ئىدىقۇت شەھىرى » دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ دەپ كۆرسەتكەن . پېللىئوتنىڭ قارىشىچە ، 15 — ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ① chahrokh ئەلچىسى تۇرپاندىن ئۆتكەن . تۇرپاننىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى يېڭى ئاستانە ھازىر قارا قوچو دەپ ئاتىلىدىغان جاي شۇ ، ھەرگىزمۇ كونا ئاستانە شەھىرى ئەمەس② . يەن ۋېنزۇ ئەپەندى 1962 ـ يىلى «تۇرپاندىكى قوچو قەدىمكى شەھىرى » ناملىق ماقالىسىدە : «مىڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى قوچو شەھىرىنىڭ دەۋرلەردىكى نامى ئوخشاش بولمىسىمۇ ھەممىسى قەدىمي قوچو ئىدىقۇت شەھىرى خارابىسىدە ، لېكىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىنكى قوچو ئىدىقۇت شەھرىدە ئەمەس بەلكى ئاستانىدە » ③دېگەن . يۇقىرىقى ئىككى ئالىمنىڭ كۆز قاراشلىرى ئاساسەن بىردەك يەنى مىڭ

① chahrock مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يازما ماتېرىياللىرىدىكى «شاھرۇخ » ، ئوتتۇرا ئاسىيا تېمۇر خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى (1405 ـ 1447 ـ يىللىرى ) تەختتە ئولتۇرغان ) ، پايتەختى ھىرات (Herat ) بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ غەربىدىكى ھىرات ئىدى .
② p.pelliot : »Journal — Kao — tchang, Qoco, Hou — thceou et Qara — Khodji Asiatique «; paris, 1912, No, Tome19 , فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان ، «غەربىي يۇرت جەنۇبىي دېڭىز تارىخ جۇغراپىيىسىنى دەلىللەشكە دائىر تەرجىمە مەجمۇئەسىنىڭ 7 — قىسمى » ، جۇڭگو كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1957 ـ يىل نەشرى ، بۇ يەردە فېڭ چېڭجۈن ئەپەندىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ئىشلىتىلدى .
③ بۇ ماقالە «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى » ژۇرنىلىنىڭ 1962 ـ يىللىق 8 ـ 7 ـ سانلىرىغا بېسىلغان «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى » غا كىرگۈزۈلگەن . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 ـ يىل نەشرى .



سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوچو بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ( yduqut — shahri ) دەپ ئاتايدىغان ئىدىقۇت قەدىمي شەھىرى ئەمەس ، بۇ جاينى يەن ۋېنزۇ ئەپەندى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار « Astana » دەپ ئاتايدىغان ئاستانە دەپ قارايدۇ . پېللىئوت بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار « QarQoCo » دەپ ئاتايدىغان ئاستانە دەپ قارايدۇ . ۋېي لياڭتاۋ ئەپەندى دەلىللەش ئارقىلىق مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن چېن چېڭ كۆرگەن قوچو دەل قەدىمي قوچو شەھىرىنىڭ غەربىي يېرىم بۆلىكى ، سابىق ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ ئوردىسى ۋە نۇرغۇنلىغان ئىبادەتخانىلار شەھەرنىڭ مۇشۇ غەربىي يېرىم بۆلىكىگە مەركەزلەشكەن ، شۇڭلاشقا ئۇ (چېن چېڭ ) قوچودا «ئىبادەتخانىلار ناھايىتى كۆپ » دەپ خاتىرىلىگەن ، «قوچو شەھىرىنىڭ پۈتۈنلەي تاشلىنىپ كېتىشى 15 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ 60 ـ يىللىرىدىكى ئىش » .① بۇ دەلىل ئىنتايىن توغرا . يەنى يۈەن ، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى قوچو دەل «yduqut — shahri » يەنى ئىدىقۇت شەھىرىدۇر ، شۇڭا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خانىنىڭ ئىدىقۇت 亦都护 دېگەن نامى ئىدىقۇتتىن كېلىپ چىققان دېيىشى ئاساسسىز ئەمەس . 雅图库 مەھمۇت قەشقەرى نىسبەتەن مول ماتېرىياللارنى ئىگىلىگەن . ئۇ «قوچو » بىر شەھەرنىڭ نامى دەپ قارىغان . بارتولد ئورخۇن ئابىدىلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىكى «قوچو » «QoCo » تۇرپاننىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى قاراقوچو خارابىسى ، ئىدىقۇت شەھىرى (yduqut — shahri ) يەنى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانى (yduqut ) نىڭ شەھىرى ، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى پايتەخت② دېگەن يەكۈننى چىقارغان . بارتولدنىڭ كۆز

① ۋېي لياڭتاۋ : «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوچوغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا » ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەتقىقات مەجمۇئەسى » 11 ـ قىسىم
② بارتولد يازغان ، لو جىيېڭ خەنزۇچە تەرجىمە قىلغان ؛ » ، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخىدىن 12 لېكسىيە » ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى ، 1984 ـ يىل نەشرى 95 ـ بەت

قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ .

ياپونىيىلىك ئالىم مورىياسۇ تاكائو چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار خانىنىڭ قاغان دەپ ، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانىنىڭ «جاھاننىڭ مۇقەددەس ھۆكۈمدارى» دېگەن مەنىدىكى ئىدىقۇت دەپ ئاتىلىدىغانلىقىغا ئاساسلىنىپ «تەڭرى» نى ، «ئىدىقۇت» نىڭ مەنە تەرجىمىسى [1]بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ . لېكىن ئۇ كۈچلۈك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىسپات كۆرستەلمىدى ، پەقەت ، چۈنكى «ئىدىقۇت» دېگەن نامنىڭ يەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئېلى خانىنىڭ نامى بولۇشى خېلى كېيىنكى ۋاقىتتىكى ئىش دەپلا قويدى .

گېرمانىيىلىك تۈركولوگ گابائىن تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ، قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خانلىرى «قاغان» ۋە «ئىلىكخان» ، (iligqan ) دېگەن ناملارنى ئىشلەتكەن . بۇنىڭدىن باشقا «ئىدىقۇت» دېگەن نامنىمۇ ئىشلەتكەن . بۇ سۆز yduqut دىن كەلگەن بولۇپ «بەخت» دېگەن مەنىدە دەپ قارايدۇ . مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا : « ‹ئىدىقۇت › نامى باسمىللارنىڭ سەردارىنىڭ نامى دېگەن ، بەلكىم تۇرپان رايونىدىكى باسمىللار سەردارىنىڭ نامىنى ئۇيغۇرلارغا تارقاتقان بولسا كېرەك »[2] دەيدۇ .

ۋاڭ زۇڭۋېي ئەپەندى يەنە ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسچىسى بۆكۈ قەبىلىسىدىكى بۆكۈتېكىننىڭ ئورنى باشقا ھاكىمىيەتلەردىن سەل تۆۋەن بولغاچقا ، ئەڭ ئالىي سەردارىنى

① مورىياسۇتاكائو : «باڭخاڭ ۋەسىقىلىرى» ، 45 ـ بەت ، «دۇنخۇاڭ ۋە غەربىي ئۇيغۇر ئېلى» 63 ـ بەت . لېكىن ئۇ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ناملىق ماقالىسىدە «tangri » نى «مۇقەددەس تەڭرى» دەپ تەرجىمە قىلغان . شەنكۇ رۇيفېڭ تۈزگەن : «دۇنخۇاڭدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» ، توكيو 1985 ـ يىل نەشرى ، 31 ـ 22 ـ بەتلەرگە قاراڭ .
② گابائىن يازغان ، گېڭ شىمىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان : «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980 ـ يىللىق 2 ـ سان . لېكوك : «قوچودىن تېپىلغان مانى دىنىغا ئائىت تۈركچە ۋەسىقە» ، ABAW 1922 ـ يىل 31 ـ 33 ـ بەتلەر .



«ئىدىقۇت» دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك[1] دەپ كۆرسەتكەن .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ، «ئىدىقۇت» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ .

① «ئىدىقۇت» يابغۇ دېگەن سۆزدىن كەلگەن . yabghu نىڭ ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىنىشى .

② «ئىدىقۇت» yduqut — ishahr (قوچو قەدىمىي شەھرى ) «yduqut » نىڭ ترانسكرىپسىيىسىدىن كەلگەن .

③ «ئىدىقۇت» باسمىللاردىن كىرگەن ئەمەس ، تۈركلەردە ئەزەلدىن بار نام .

④ «تەڭرى» ( tangri) «ئىدىقۇت» نىڭ مەنە تەرجىمىسىدۇر .

⑤ «ئىدىقۇت» باسمىل سەردارىنىڭ نامى ، تۇرپان رايونىدىكى باسمىللارنىڭ سەردارىنىڭ نامىنى قوچو ئۇيغۇرلىرىغا تارقاتقان .

## 4 . ئىدىقۇت دېگەن نامىنىڭ yduqut — shahri دىن كېلىپ چىققانلىقىنىڭ دەلىلى

يۇقىرىدا ، بىز ۋېي لياڭتاۋ ئەپەندىنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى «قوچو» يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ yduqut — shahri قوچو قەدىمىي شەھرىنىڭ غەربىي يېرىم بۆلىكىنى ئاتىشى ، يەنى سابىق ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ خان ئوردىسى مۇشۇ يەرگە جايلاشقان دېگەن يەكۈنىنى تولۇق

① ۋاڭ زۇڭۋېي : «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىقۇت جەمەتى ۋە ئۇلارنىڭ يۇڭچاڭغا كېلىپ ماكانلىشىشىنىڭ باش ـ ئاخىرى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان .

مۇئەييەنلەشتۇردۇق . پېللىئوت ، بارتولدلار «ئىدىقۇت» نامى yduqut — shahri بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ . بۇ نۇقتىدا بىز ماقالىنىڭ 3 ـ قىسمىدا تەھلىل يۈرگۈزگەنىدۇق ، بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز . شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردە كۆپىنچە يەر نامى ، تۇرغان جايلىرىنى ئەمەل نامى قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ .

چوجى قاسار Choji Qasor ، (1164 ـ ؟ ) بۇ چىڭگىزخاننىڭ بىر قورساق ئىنىسى ، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى چوجى ، قاسار ئۇنىڭ ئاتىقى . راشىددىن ۋە ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا ، قاسار (Qasar ) سۆزى ئەرەب تىلىدىكى sabu سۆزى ياكى پارس تىلىدىكى dad سۆزىگە تەڭداش كېلىدۇ ، يەنى تۆت پۇتلۇق گۆشخور ھايۋاننى كۆرسىتىدۇ . «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ 78 ـ پاراگرافىدا قاسار نوقاي ( «qasar noqai » ) دېگەن سۆز بار ، «نوقاي» موڭغۇل تىلىدا ئىتنى بىلدۈرىدۇ ، «قاسار» ئىتنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدۇ ، پۈتۈن سۆزنىڭ مەنىسى «يىرتقۇچ قاپلاندەك ئىت» بولىدۇ . بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا قاسار يىرتقۇچ ئىت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ خىل ۋەھشىي ئىت ئەسلىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مەشھۇر قاسار «Qasar » قەبىلىسى ياشايدىغان جايدىن چىقىدىغان بولسا كېرەك ، قەدىمكى موڭغۇللار ئۆزئارا نامىنى ئاتاشنى ياخشى كۆرىدۇ . لېكىن ئۆز ئىسمىگە سەل قارايدۇ . چوجىنىڭ قاسار دېگەن نام بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغانلىقى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر .[1] كېيىنكى موڭغۇل تارىخ ماتېرىياللىرىدا قاسار ئېجىن (ejin ، خوجا دېگەن مەنىدە ) قاسار نويان (noyan ، ئەمەلدار دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ ) دېگەن ئىسىملارمۇ ئۇچرايدۇ ، بۇ ئىسىملار موڭغۇلچە تارىخىي كىتاب «موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى» دىمۇ

[1] بۇ ماتېرىياللار ياۋدالى ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدە كۆرۈلىدۇ .



كۆرۈلىدۇ ، يەنە قابۇت قاسار ( «ئوقيانى دەل تەگكۈزىدىغان مەرگەن قاسار» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ ) دېگەن ئىسىملارمۇ بار .[1]

يۇقىرىقى ياندىن دەلىلەيدىغان ماتېرىياللار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردىكى ئىدىقۇت نامى yduqut — shahri دىن كەلگەن ، ئۇلار موڭغۇللارغا ئوخشاش ئۆزلىرى تۇرغان جاينىڭ نامىنى ئەمەل نامى قىلغان دەپ قاراشقا ئاساسىمىز بار ، تەبىئىيكى بۇنى چۈشەنمەك تەس ئەمەس .

ئىككىنچىدىن ، بىز باسمىل قەبىلىسىدىكى ئىدىقۇت نامى مەسىلىسىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى . بارتولد idi qut ياكى iduq qut ئۇيغۇرلار دەسلەپكى مەزگىللەردىكى باسمىللاردىن قوبۇل قىلغان نام[2] دەيدۇ . مەھمۇد قەشقەرى ، خەن رۇلىنلار بۇ قاراشنى قوللايدۇ . باسمىللارغا ئائىت ماتېرىياللار ئاساسلىق «قانۇنلار قامۇسى» نىڭ 200 ـ جىلدى ، «تىنچ جاھاننامە» نىڭ 199 ـ جىلدى ، «يېڭى تاڭنامە» نىڭ 217 ـ جىلدى ۋە پېللىئوت دۇنخۇاڭدىن تاپقان 1283 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقە «شىمالىي زېمىن پادىشاھلىرىنىڭ شەجەرىسى» گە مەركەزلەشكەن . بۇنىڭدىن باشقا «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 242 ـ بېتىدە «باسمىل» دېگەن سۆز بار .[3] مەرۋەزىنىڭ «ھايۋانلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى» دېگەن ئەسىرىنىڭ جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك بابىدىمۇ باسمىللارغا

[1] پېللىئوت خەن بوشى : «چىڭگىزخاننىڭ زەپەرنامىسىگە ئىزاھ» 174 ـ 173 ـ بەتلەرگە قاراڭ ، بېرزىن راشىددىننىڭ كىتابىغا ئاساسلىنىپ «قاسار» شىر دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ ، sabu شىرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىسىمۇ ، لېكىن بۇ شىرنىڭ ئىسمى ئەمەس . ئۇ ئادەتتىكى ئەھۋالدا بۆرە ، تۈلكە ، يىلپىزلارنى كۆرسىتىدۇ . qabutu (قابۇت ) qabu نىڭ سۈپەت شەكلى . مەنىسى «ئوقيا ئېتىشتا كامالەتكە يەتكەن» دېگەن ئالاھىدە مەنىگىمۇ ئىگە .

[2] جۇ ۋەينى يازغان خې گاۋچى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان «تارىخىي جاھانكۇشاي» بىرىنچى قىسىم 50 ـ بەت ① ئىزاھات .

[3] «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، Robert Danff ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخا ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1 ـ توم ، 1982 ـ يىل نەشرى ، ئىككىنچى توم ، 1984 ـ يىل نەشرى ، 3 ـ توم 1985 ـ يىل نەشرىگە قاراڭ .

ئائىت خاتىرىلەر بار.① خەنزۇچە يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تيەنباۋنىڭ 3 ـ يىلى (744 ـ يىلى) ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى كۆل بويلا قوشۇن باشلاپ ئاشنىناشقا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن، ئۇنىڭ قوۋملىرى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ئون بىر قەبىلىسىنىڭ بىرى قىبئار قەبىلىسى بولغان، باسمىللار ئەل بولۇپ ئۇيغۇر ئورگانىك گەۋدىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان. بۇ نۇقتىمۇ دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان غەربىي ئۇيغۇرلارغا ئائىت خەنزۇچە S6551 نومۇرلۇق نوم ۋەسىقىسىدە ئىسپاتلانغان. 11 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىدە خاتىرىلىنىشچە، باسمىللار ئىلگىرى يۇلتۇز دەرياسى جىلغىسى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسى ئارىلىقىدىكى جايلاردا ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، غەربىي ئۇيغۇرلار قارىمىقىدىكى قاراشەھەر چېگرا شەھىرىنىڭ مۇداپىئە نىشانى ئىدى.② بۇ بۇ خىل بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنىڭ غەربىي ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىمۇ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئېنىقلاشقا تېگىشلىك بىر يەنە مەسىلە شۇكى، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى، تۇرپان رايونىدا باسمىللار ئولتۇراقلاشقانمۇ يوق. گېرمانىيەلىك مەشھۇر تۈركولوگ گابائىننىڭ تەتقىقاتى بۇ نۇقتىنى ئاللىقاچان ئىسپاتلىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى ـ نەقىلچىدىن) باشقا بىر

① مىنورىسكىي: «شەرەف ئەل ـ زامان تاھىر مەرۋازى ـ جۇڭگو، تۈركلەر ۋە ھىندىستان توغرىسىدا»، 1 ـ 12 ـ بەتلەرگە قاراڭ.
② جاڭ گۇاڭدا، رۇڭ شىنجياڭ: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان غەربىي ئۇيغۇرلارغا ئائىت بىر پارچە خەنزۇچە ۋەسىقە ـ S6551 ـ نومۇرلۇق نوم ۋەسىقىسى ھەققىدىكى تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى»، «بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1989 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان، G; ural — Altaische Jahrbucher, 45(1973), pp. « Two Uygur Administrative orders» Clauson: 213 — 222.



قىسىم تۈركى قەبىلىلەر ـ باسمىل، تۈركەشلەرمۇ بۇ يەردە ماكانلاشقان»① . گابائىننىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ يەكۈنىمىزگە ئاساس سېلىپ بەردى. باسمىللارنىڭ ئىلگىرى تۇرپان رايونىدا ماكانلاشقانلىقىدەك بۇ نېگىزلىك تارىخىي پاكىت ئايان بولغانىكەن، ئۇنداقتا باسمىللارنىڭ سەردارىنىڭ نامىنى چۈشەنمەك تەس ئەمەس. تۈركچە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزىنىڭ 25 ـ قۇرىدا «سەلتەنىتىمىنىڭ 20 ـ يىلى، بىر ئۇرۇقتىن بولغان باسمىللارنى ۋە ئۇنىڭ idu qut نى بويسۇندۇردۇم» دېيىلگەن. idu qut باسمىللارنىڭ سەردارىنىڭ نامى، مۇقەددەس بەخت «مۇقەددەس» نوپۇز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ② ، خەنزۇچە ۋە مۇسۇلمانچە تارىخىي ماتېرىياللار بىزنى باسمىللارنىڭ ئىدىقۇت نامىنى ئىشلەتكەنلىكىگە ئائىت تېخىمۇ كۆپ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقى مەڭگۈ تاشتىكى خاتىرىلەر بۇنى يېتەرلىك ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پېللىئوتنىڭ تەتقىقاتى كۆپلىگەن يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى. چۈنكى باسمىللار تۇرپاندا ئولتۇراقلاشقان، قوچو قەدىمىي شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ سەردارى ئۆزلىرى ماكانلاشقان جاي (yduqut) نامىنى ئەمەل نامى قىلغان. مۇشۇنداق بولغاندا بىز «ئىدىقۇت» نامىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى مۇنداق

① گابائىن يازغان، گېڭ شىمىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى» «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980 ـ يىللىق 2 ـ سان، چاۋانىس: «غەربىي تۈركلەرگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار»، پېتىربۇرگ، 1903 ـ يىل نەشرى، 1904 ـ يىل، تۇڭباۋ: «غەربىي تۈركلەر توغرىسىدا تولۇقلىما مۇھاكىمە» نىڭ 305 ـ بېتىدە: باسمىللارنىڭ سەردارى ئاشىنا ئۇرۇقىدىن، 720 ـ يىلى بېشبالىقتا تۇرغان دېيىلگەن.
② خەن رۇلىن: «تۈركچە بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىغا تەرجىمە شەرھى» ئەسلىدە «يۈيگۇڭ» نىڭ 6 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن، كېيىن «خەن رۇلىن ئەسەرلىرى توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن، جياڭسۇ قەدىمقى كىتابلار نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى، 425 ـ بەت.

خۇلاسىلەيمىز (Iduq—qut) Yduqut—shahri>Yduqut .

يۇقىرىقى مۇھاكىمىلەر ئارقىلىق مۇنۇلاق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ : ئىدىقۇت نامى yduqut —shahri دىن كەلگەن ، بۇ نامنى ئىلگىرى - كېيىن بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان باسمىللار ۋە سۇلۇڭ ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەردارلىرى ئىشلەتكەن . ئۇلار شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرگە ئوخشاش يەر نامى ياكى قوۋملىرى ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ نامىنى ئەمەل نامى ياكى ئاتاق قىلغان . بۇ شىمالدىكى كۆچمەن - چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئورتاقلىقىدەك قىلىدۇ .

(مەزكۇر ماقالە «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 1 — سانىغا بېسىلغان ، بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەندە ئازراق ئۆزگەرتىلدى )



本书根据我社 1999 年 4 月汉文第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن 1999- يىل 4- ئايدا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە 1- نەشرى 1- باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

شاڭ يەنبىن

# يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات

| | | |
|---|---|---|
| تەرجىمە قىلغۇچىلار | : | ئابلەت نۇردۇن ئەبەي ئىمىن مۇھەممەدجان ھوشۇر |
| مەسئۇل مۇھەررىر | : | ساتتار سالام |
| مەسئۇل كوررېكتور | : | خەيرىگۈل ئىبراھىم |
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 010—64290862 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : | 2012- يىل 2- ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2012- يىل 2- ئايدا 1- قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 18.5 |
| سانى | : | 0001-3000 |
| باھاسى | : | 40.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-11623-2/K.2041 (维 86)



图书在版编目(CIP)数据

元代畏兀儿研究：维吾尔文/尚衍斌著；阿不来提·努尔屯等译. —北京：民族出版社，2011.7
ISBN 978-7-105-10623-2

Ⅰ.①元··· Ⅱ.①尚···②阿···Ⅲ.①维吾尔族—民族历史—中国—元代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①K.281.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 147000 号

翻　　译：阿不来提·努尔屯、艾拜·依明、买买提江·吾守尔
责任编辑：沙塔尔·沙拉木
责任校对：海丽古力·依不拉音
出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京市迪鑫印刷厂
版　　次：2012 年 2 月第 1 版　北京第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 1/32
印　　张：18.5
印　　数：0001-3000
定　　价：40.00 元

ISBN 978-7-105-11623-2/K.2041（维 86）